

پىرىمقۇل قادىروف (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)

# ئەكبەر

## (ھومايۇن ۋە ئەكبەر)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى





پىرىمقۇل قادىروف
(سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)

# ئەكبەر

## (ھومايۇن ۋە ئەكبەر)

تەرجىمە قىلغۇچى: تاھىر تالىپ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



# قىسقىچە مەزمۇنى

ئاپتور پىرىمقۇل قادىروف بۇ كىتابنى كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن « بابۇر » ( يۇلتۇزلۇق تۈنلەر ) رومانىنىڭ داۋامى سۈپىتىدە يېزىپ چىققان .

بۇ روماندا بابۇرنىڭ نەۋرىسى ، يەنى ھۇمايۇننىڭ ئوغلى ئەكبەرنىڭ پۈتۈن ھاياتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان . بولۇپمۇ ئۇنىڭ بوۋىسى ۋە دادىسى قۇرغان بۈيۈك ھىندىستان ئىمپېرىيىسىنى يەنىمۇ قۇدرەت تاپقۇزۇش ، ئىلىم ـ مەرىپەت نۇرىنى تېخىمۇ كەڭ جايلارغا چاچقۇزۇش يولىدىكى ئىزدىنىشلىرى ، بەرپا قىلغان تارىخىي يادىكارلىقلىرى ، دىن ۋە مىللەت ئايرىماستىن ھەممە خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ، تىنچ ـ خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئىگە قىلىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى جانلىق بايان قىلىنىپ ، كىتابخانلارنى ھاياجانغا سالىدۇ .

## مۇندەرىجە


پەنىپەت . دېھلى . تۇپاندا قالغان ياشلىق ........................ 1

ئەگرە . ھاكىمىيەت تالاش ـ تارتىشلىرى ........................ 30

دېھلى . مۇھەببەت ۋە نەپرەت ........................ 78

سېكرى . بالاگەردان ........................ 132

فەتھئاباد . گۇجارەت . ئىككى سۇيقەست ........................ 166

فەتھپۇر . بھرە . مەنىۋى زىلزىلە ........................ 209

لاھۇر . كابۇل . دوستتىن كۆپ دۈشمەن ........................ 271

فەتھپۇر . يەشكىلى بولمايدىغان تۈگۈنلەر ........................ 299

كەشمىر . لاھۇر . ئەگرە ۋە كېيىنكى قەدەملەر ........................ 342

خاتىمە ........................ 400

## پەنىپەت . دېھلى . تۇپاندا قالغان ياشلىق

دېھلىدىن ئۈچ يۈز مىل يىراقتا — پەنجاپنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى كالانۇردا يۈرگەن ئەكبەر ئاتىسىنىڭ ئۆلۈمى ھەققىدىكى خەۋەرنى بىر ھەپتە ئۆتكەندە ئاڭلىدى . مۇسىبەتلىك ۋەقەنىڭ تەپسىلاتلىرىنى چاپارمەن نەزەرقۇل سۆزلەپ بەرگەن چاغدا ، ئاشۇ پەشتاقنىڭ كۈل رەڭ تاشلىرى بېشىغا ئۇرۇلغاندەك بولۇپ ، ئۆزىنى يوقىتىپلا قويدى ، ھەتتا خېلى ئۇزۇنغىچە كۆزىگە ياش كەلمىدى .

بەيرەمخان ۋەزىر – ۋۇزرالارنى يىغىپ ، ئەكبەرنى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا تەختكە چىقىرىشنىڭ تەييارلىقىغا جىددىي تۇتۇش قىلدى . تەختمۇ ياغاچتىن ناھايىتى تېزلا چىرايلىق قىلىپ ياسالدى ۋە بېزەلدى . ۋەلىئەھد ئەكبەر شۇ ياغاچ تەخت ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرغاندا ، ئاتىسىنىڭ كۇتۇپخانىسىنىڭ شىپىڭىدا چىن قەلبىدىن ئېيتقان سۆزلىرى بىردىنلا ئېسىگە كەلدى . « يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشكىنىڭدە ، مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى ئەسلەپ قويغىن » دەپ قىلغان ۋەسىيىتى قۇلىقى تۈۋىدە قايتا جاراڭلىغاندەك بولدى - دە ، كۆزلىرىگە بىردىنلا ياش كەلدى.

ۋەزىر - ئەمەلدارلار ئەكبەرگە تەزىم بەجا كەلتۈردى ، تاجۇ تەختنى مۇبارەكلەۋاتقاندا ، ئۇنىڭ كۆزىگە ياش كەلگەنلىكى بەزىلەرنى ھەيران قالدۇردى . بەزى بەگلەر : « ھالى شۇنچىلىكمىدۇ » دېگەندەك قىلىپ بىر - بىرىگە ئىشارەتلەرنى قىلىشتى .

ئۇنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىپ تۇرغان بەيرەمخان شۇ كېچىسى ئەكبەر بىلەن يالغۇز پاراڭلاشتى :

— ئەمىرزادەم ، مەردانە تۇرىدىغان ئەڭ تەشۋىشلىك كۈنلەر باشلاندى . ئىلگىرى ھەزرىتىمدىن ھېيىقىپ ، دېھلىگە يېقىن يولىماي يۈرگەن ئادىلشاھ بىلەن ھېمۇ ھازىر ئەللىك مىڭ كىشلىك قوشۇن بى-

لەن دېھلىگە باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتىمىش .
— دېھلى ھاكىمى تۇردىبەگ بۇنىڭدىن خەۋەردارمىكىن ؟
— مەن ھازىرلا چاپارمەن نەزەرقۇلىغا بۇيرۇدۇم . ئۇ يول ھازىر-لىقى كۆرسۇن - دە ، تاڭ ئېتىشىغىلا دېھلىغا ماڭسۇن . مانا سىزنىڭ نا-مىڭىزدا تۇردىبەگكە يوللىنىدىغان پەرمان . پۈرەن قەلئەسىدە مۇداپىئە قۇرايلى ، دەرۋازىلىرى تاقالسۇن ، دېھلىنى ھەرگىز ئادىلشاھ بىلەن ھې-مۇغا تارتقۇزۇپ قويمىسۇن .
— بىز بۇيەردىن ياردەمگە بارىمىز ! — دېدى ئەكبەر ، — نېمىلا بولمىسۇن ، ئاتام ھەزرەتىنىڭ دېھلىدىكى قەبرىسى دۈشمەنىنىڭ ئايىغى ئاستىدا قالماسلىقى كېرەك .
— ياخشى گەپ بولدى ، بۇ سۆزلەرنى پەرمانغا يازدۇرايلى ، مانا بۇ جايغا مۆھۈر بېسىڭ .
ئەكبەرنىڭ مۆھرى بېسىلغان پەرماننى تاڭ سەھەردە يولغا چىق-قان چاپارمەنلەر ئېلىپ ماڭدى . ئارقىدىنلا بەيرەمخان كاللانۇردىكى قو-شۇننى توپلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى .
چاپارمەن بىر ھەپتە ماڭغان يولنى چوڭ قوشۇن ئون بەش كۈندە بېسىپ بولۇشى مۇمكىن ئىدى .
پەنىپەتكە يېتىپ كەلگەندە قارشى تەرەپتىن بىرنەچچە مىڭ كى-شىلىك چوڭ قوشۇن چىقىپ كەلدى . بەيرەمخان چارلىغۇچىلارنى ئەۋە-تىپ ، ئۇلارنىڭ دېھلىدىن كېلىۋاتقان تۇردىبەگنىڭ لەشكەرلىرى ئىكەن-لىكىنى بىلدى - دە ، ھاڭ - تاڭ بولۇپ يېنىدىكى ئەكبەرگە قارىدى .
— ئەجەبا ، پايتەختنى دۈشمەنىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ كەلگەنمىدۇ ؟
ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ، تۇردىبەگنىڭ ئالدىغا كەلدى . رەڭگى ئۆچكەن تۇردىبەگ ئەكبەرگە يېقىن كېلىپ ئاتتىن چۈشتى . ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى مۇلازىمغا بېرىپ ، ياش پادىشاھنىڭ ئالدىدا يۈكۈن-دى . كېيىن ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ يىغلاپ كەتتى .
— ئەمىرزادەم ، خۇدا سىزگە كۆپ كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن !

ھەزرىتىمدىن ئايرىلىپ قالدۇق ! ــ تۇردىبەگ پەقەت بىر مۇسىبەت ئۇ-
چۇنلا ئەمەس ، دېھلىنى دۈشمەن قولىغا تاپشۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىدىن
ئېچىنىپ ئۆزىنى تاشلاپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى ، ــ تايانغان تۈغدىنىمۇ
ئايرىلدۇق ، دېھلىمۇ قولدىن كەتتى !

ئاتىسىنى ئەسلەپ كۆزى ياشلانغان ئەكبەر كېيىنكى گەپتىن
خاپا بولۇپ سورىدى :

ــ پەرمان يېتىپ باردىمۇ ؟

ــ سىزنىڭ ئالىي پەرمانىڭىز يېتىپ بارغاندا ، بىز شەھەرنى
تاشلاپ چىقىۋاتاتتۇق ، بەگ - ئەمەلدارلار مەسلىھەتلىشىپ شۇنداق
قارارغا كېلىشتى . ئادىلشاھ بىلەن ھىمۇنىڭ ئەللىك مىڭ كىشىلىك
قوشۇنىغا بىز تەڭ كېلەلمەيدىكەنمىز . ئۇنىڭدىن كۆرە تېزرەك سىز-
نىڭ ھۇزۇرىڭىزغا كېلىپ ، ئاساسىي كۈچلەر بىلەن بىرلىشىشنى قارار
قىلدۇق .

ــ خاتا قارار قىلىپسىز ، جانابى تۇردىبەگ ! ــ دېدى بەيرەمخان
بىردىن قىزىشىپ ، ــ سىز ئەمىرزادەم ئەۋەتكەن پەرمان بويىچە دېھلى
قەلئەسىنىڭ ئىچىدە تۇرۇشىڭىز كېرەك ئىدى ! بىز بارغۇچە پايتەختنى
تارتقۇزۇپ قويماسلىقىڭىز لازىم ئىدى ! دېھلىنى قايتا ئالغۇچە ھەزرىتىم
قانچىلىك سەرسان - سەرگەردانلىقنى بېشىدىن كەچۈرگەن ؟ سىز ياش
پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرمىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن . . .

ئۇنىڭ ئاغزىدىن « جازالىنىشىڭىز كېرەك » دېگەن سۆزنىڭ چى-
قىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، تۇردىبەگ بەيرەمخاننىڭ گېپىنى
ئۈزۈپلا سۆزلەپ كەتتى :

ــ جانابى ھەزرەتلىرى ، مەن ئوتتۇز يىلدىن بېرى شۇ ئالىي
خانىدانغا سادىقلىق بىلەن ئىشلەپ كەلمەكتىمەن . سىپكرىدىكى جەڭدە
جاسارەت كۆرسەتكەنلىكىم ئۈچۈن ، بابۇر ھەزرەتلىرى ماڭا بۇ مۇرەسسە
خەنجىرنى ئىنئام قىلغان ! ــ تۇردىبەگ بېلىدىكى سېپى ۋە غىلىپى
قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن بېزەلگەن خەنجەرنى كۆرسەتتى - دە ،
بەيرەمخانغا سۆز قىلىش پۇرسىتى بەرمەي ، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزىنى

داۋام قىلدى، — مەن ھۇمايۇن ھەزرەتلىرى بىلەن گانگ دەرياسى بويلىرىدا، تار سەھراسىدا، قەزۋىنىدا بىللە يۈرۈپ نۇرغۇن قېتىم ئۆلۈمدىن ئامان قالغانمەن، نەچچە قېتىم ھەزرەتلىرىنىڭ ئىنايەتلىرىگە سازاۋەر بولغانمەن! — تۇردىبەگ ئەكبەرگە قارىدى، — ئەمىرزادەم، دادىڭىزنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشكەندە، باشقىلار يۈز ئۆرۈپ تاشلاپ كەتكەندە ھەممىشە يېنىدا مەن بار ئىدىم.

— بۇلارنى بىلىمەن! — دېدى ئەكبەر ۋە ئاچچىقلىنىپ سورىدى، — ئەمما، نېمە ئۈچۈن ئاتامنىڭ قەبرىسىنى دۈشمەننىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلاپ قويۇپ كەلدىڭىز؟

— ۋەزىيەت شۇنىڭغا مەجبۇر قىلدى! باشقا ئامال يوق ئىدى، ئەمىرزادەم! لېكىن، دېھلى يېنىدىكى تۇغلۇقئابادتا ھېمۇغا قارشى دادىل جەڭ قىلدۇق. بىز بەش مىڭ كىشى ئىدۇق. ھېمۇنىڭ ئەللىك مىڭ ئادىمى ۋە جەڭگىۋار پىللىرىغا تەڭ كېلەلمىدۇق. ئىككى مىڭ ئادەم چېقىم بولدى. قالغان ئۈچ مىڭ ئادەمنى ئامان ساقلاپ ھۇزۇرلىرىغا ئېلىپ كەلدىم.

بەيرەمخاننىڭ ئاچچىقى كېلىپ مۇنداق دېدى:

— سىز دېھلى قەلئەسىدىن چىقماسلىقىڭىز لازىم ئىدى. تۇغلۇقئابادتا ئۇرۇش قىلغانلىقىڭىزمۇ سىزنىڭ خاتالىقىڭىز! ئىككى مىڭ ئادەمنىڭ قېنىمۇ سىزنىڭ بويىنىڭىزغا چۈشىدۇ!

ئەكبەر يېشى ئاتىسىدىن چوڭ بۇ ئىككى مۆتىۋەر بەگنىڭ جېدەلىنى قانداق تىنجىتىشنى بىلمەي قالدى.

— ئەمىرزادەم، ئادىل ھۆكۈم قىلىڭ! — تۇردىبەگ يەنە ئەكبەرگە قارىدى، — مەن دۈشمەننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بەيرەمخان جانابلىرى بولسا ئۇلارنىڭ قانداق دەھشەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، مېنى ئەيىبلەۋاتىدۇ! ھېمۇ دېگەن بۇ چوڭ بالا - قازاغا ئىبراھىم سۇرمۇ قىرىق مىڭ كىشى بىلەنمۇ تەڭ كېلەلمىگەنىدىغۇ. ئەمىرزادەم، بىز سىزنى بۇ چوڭ بالا - قازادىن قوغدىشىمىز لازىم. ياخشىراق تەييارلىق قىلماي تۇرۇپ ھېمۇنى يەڭگىلى بولمايدۇ! ئامال قىلالىساق، پەن-

جاپ ، كابۇلدىن ، قەندەھار ۋە غەزنىدىن يېڭى ئەسكىرىي كۈچ توپلىشىمىز لازىم .

— قورقىقانغا قوش كۆرۈنەر ، دەپتىكەن ! — بەيرەمخان ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ، — سىز بۇ ۋەھىمىلىك گەپلىرىڭىز بىلەن قوشۇنىنىڭ كەيپىياتىنى بۇزماقچىمۇ ، جانابى تۇردىبەگ ؟ سىزنىڭ گېپىڭىزگە كىرىدىغان بولساق ، يەنە ھىندىستاننى تاشلاپ بېرىپ ، قەندەھار ۋە كابۇلغا قايتىپ كەتكۇدەكمىز - دە !

— ياق ! — دېدى ئەكبەر ۋە ئىككى بەگنىڭ تالاش - تارتىشلىرىنى ئۆزى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى سېزىپ ، بەيرەمخانغا ئىلتىماس قىلدى ، — خان ئاتا ، ئوبدانراق بىر جايدىن قارارگاھقا ئورۇن تاللاپ توختايلى . كەچقۇرۇن بەگلەرنى كېڭەشكە چاقىرايلى .

تۇردىبەگ ئېتىغا مىنىپ ئەكبەرنىڭ كەينىدىن ماڭدى . ئاتالىق ھوقۇقى بويىچە بەيرەمخان ياش پادىشاھنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ماڭاتتى . تۇردىبەگ ھۇمايۇننىڭ يېقىن مەسلىھەتچىسى بولغانلىقى ئۈچۈن قارارگاھقا ئورۇن تاللاشتا ئەكبەرگە مەسلىھەت بېرىشكە ئىنتىلىپ ، جەمنە دەرياسى بويىدىكى يېشىل ئېدىرلارنى كۆرسىتىپ :

— مانا بۇ سۇ يېقىن ، ئەتراپى ئوچۇق ، باغرى كەڭ جاي ، — دېدى .

ئەكبەر بەيرەمخانغا سوئال نەزىرىدە قارىدى ، پەيلى تۇردىبەگنىڭكىدىن باشقىچە بولغان بەيرەمخان :

— پەنىپەت ئەتراپىدا بابۇر ھەزرەتلىرى بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل بۇرۇن قارارگاھ قىلغان جاي بار ، — دېدى ، — ئۇ يەر ھازىرمۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ قولاي ماكان بولالايدۇ .

ئىككى بەگنىڭ يەنە تالىشىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەكبەر دەرھال بەيرەمخاننىڭ گېپىگە قوشۇلدى .

— ھەزرىتى بوۋام تاللىغان جاي بىز ئۈچۈن تەۋەررۇكتۇر . بىر تەرىپى دەريا ، ئىككىنچى تەرىپى قوشۇن ئۆتەلمەيدىغان ئورمان بىلەن قاپلانغان بۇ ياپيېشىل ئېدىرلار قارارگاھ قىلىشقا ناھايىتى باب

جاي ئىدى . چېدىرلار ۋە لاپاسلار ئورنىتىلغۇچە ئەكبەر بىلەن بەيرەم-خان قارارگاھ ئەتراپىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى . بەيرەمخان ئەينى ۋاقىتتا ئىبراھىم لودىنىڭ يۈز مىڭ كىشىلىك قوشۇنى دېھلى تەرەپتىن قانداق تەھدىت سېلىپ كەلگەنلىكىنى ئەكبەرگە ئېيتىپ بەردى . بۇ يەردە ئورۇش پىللىرىغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن قىزىلغان ۋە ئۈستىگە شاخ - شۇمبىلار تاشلاپ قويۇلغان چوڭ - چوڭ ، چوڭقۇر ئاكوپلار بار ئىدى . ئوتتۇز يىل جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئىچى توپا بىلەن توشۇپ سەل دۆڭلىشىپ قالغان ، ئىچى ۋە ئەتراپىدا ئوت - چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكە-نىدى .

— زۆرۈر بولسا ، بۇ خەندەكلەرنى قايتىدىن قازساقمۇ بولىدۇ ، — دېدى بەيرەمخان ، — ئەمدى دېھلىغا بارغاندىن كۆرە ، دۈشمەننى مانا مۇشۇنداق ئۆزىمىزگە قولاي بىر جايدا بابلىغىنىمىز ياخ-شىراق .

ئورماندىن ھۇۋقۇشلارنىڭ سايراشلىرى ۋە مايمۇنلارنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى . سول تەرەپتىكى جەمنە دەرياسىدا قېيىقلار ۋە كېمىلەر ئەركىن - ئازادە ئۈزۈپ يۈرەتتى . ئالەم شۇنداق گۈزەل كۆ-رۈنەتتى . تەبىئەت ئۇلۇغۋارلىقى ۋە ساخاۋىتى بىلەن ئەتراپنى ئوراپ تۇراتتى . ئەمما ، بەيرەمخان بىلەن ئەكبەرنىڭ كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس ئىدى . ھۇمايۇننىڭ ئۆلۈمى بىلەن باشلانغان بۇ خەۋپ - خەتەر بارا - بارا كۆپىيىۋاتاتتى . ھىمالايا تاغلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى مەنكېتتە پەيت كۈتۈپ كۈچ توپلاۋاتقان كونا دۈشمەن ئىسكەندەرشاھ يەنە لاھورنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى .

جەنۇبتىن ئادىلشاھ بىلەن ھېمۇدەك چوڭ دۈشمەن باستۇرۇپ كەلسە ، بۇلار ئىككى كۈچلۈك دۈشمەننىڭ ئارىسىدىن قانداق چىقىپ كېتەركىن ؟

— مۇنداق ئەھۋالدا تۇردىبەگ بۇگۈنكىدەك باشباشتاقلىق قىلما-ۋەرسە ، ھەممە ئىشتا ماڭا قارشى سۆزلەپ چوڭلۇق قىلسا ، قوشۇندا ئىچكى پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىدۇ ، ئەمىرزادەم ، — دېدى بەيرەمخان

ئورمان چېتىدە ئەكبەر بىلەن يالغۇز قالغاندا، — مەن بۇ ئادەمنىڭ پەيلى يامانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. ھەمىشە ئۆتمۈشتىكى خىزمەتلىرىنى پەش قىلىدۇ. خىزمىتى، ساداقىتى يوق ئەمەس. ئەمما، پەيلى يامان، بېخىل ئادەم. ئۆمەرقۇتتا ئاتىڭىز تۇردىبەگدىن ئىككى لەك قەرز سورىغانىكەن، شۇ چاغدا تۇردىبەگ جازانىخورغا ئوخشاش يۈزگە يىگىرمىنى قايتۇرۇش شەرتى ئاستىدا قەرز بەرگەن. ئاتىڭىزنىڭ ئاشۇ ئىككى لەك ئالتۇننى تۆت يىلدىن كېيىن قەندەھاردا ئۈچ لەك قىلىپ قايتۇرغانلىقىنى مەن كۆرگەن. ئاتىڭىز رەھمەتلىك ھالال نىيەت بىلەن ئۇنىڭغا يۇمشاقلىق قىلاتتى. تۇردىبەگ ئۇنىڭ سايىسىدا ئۆزىنى چوڭ بىلىپ، باشباشتاقلىققا كۆنۈپ كەتتى. ئەمما، ھازىر ۋەزىيەت خەۋپلىك، يۇمشاقلىق قىلساق، ئىچكى پاراكەندىچىلىك ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ. تاشقى دۈشمەنلەر ئالدىدا ئاجىزلاپ كېتىمىز-دە، ھالاك بولىمىز. شۇڭا سىز كەسكىن بولۇشىڭىز لازىم.

— خان ئاتا، ئاتام ئورنىدا ئەمدى سىز قالدىڭىز، ھازىر مېنىڭ سىزدىن باشقا ھىمايىچىم يوق. تۇردىبەگ بىلەن مۇرەسسە قىلىش يولىنى تاپايلى.

— مۇرەسسە؟! — خاپا بولۇپ سورىدى بەيرەمخان، — ئەمىرزادەم، ئۇنىڭغا جازا بېرىش كېرەك!

ساقىلى ئاپئاق تۇردىبەگكە جازا بېرىش ئەكبەرگە ناھايىتى مۈشكۈل تۇيۇلدى. تۇردىبەگنىڭ جىيەنى ماھىم ئەكبەرنى ئېمىتكەن ئانىلارنىڭ بىرى ئىدى، تۇردىبەگنىڭ نوپۇزلۇق قېرىنداشلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭغا جازا بېرىلسە ھەممىسى ئازابلىنىپ كېتىشى مۇمكىن.

— ئەمما ئۇلار: «كابۇلغا قايتىشىمىز كېرەك، ھەزرىتىمىزنىڭ ئۆلۈمى تۈپەيلىدىن ھىندىستاننى تارتقۇزۇپ قويدۇق» دەۋاتقانمىش. لېكىن، ئەمىرزادەم، سىزنىڭ كىندىك قېنىڭىز ھىندى تۇپرىقىغا تۆكۈلگەن. ئەمدى بۇ تۇپراققا ئاتىڭىز قويۇلدى. شۇ ئىككى سەۋەبتىن ھىندىستان سىز ئۈچۈن مۇقەددەس ۋەتەندۇر. بۇ ۋەتەننى تاشلاپ كەتمەكچى بولغانلارغا قەتئىي زەربە بېرىش لازىم. بۇ ئىشنى مەن قىلاي.

سىز دەريا بويلىرىنى سەيلە قىلىڭ. بەلكى ئۇۋ ئوۋلىسىڭىز كۆڭلىڭىز تەسكىن تېپىپ قالار.

ئەكبەرنىڭمۇ يېشى چوڭ بەگلەرنىڭ بۇگۈنكىدەك جەڭگى-جېدەللىرىگە ئارىلاشقۇسى يوق ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆكەلداشلىرى ۋە قورۇقچىلىرى بىلەن ئورماننى سەيلە قىلغىلى كىرىپ كەتتى.

كەچتە سەيلىدىن قارارگاھقا قايتىپ كەلگەندە، تۇردىبەگ قېرىنداشلىرى بىلەن تۇرغان چېدىرلاردىن يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئەكبەر چېدىرغا دەرھال يېقىنلىشىۋىدى، ماھىم يۈز - كۆزلىرى ياش ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

— ئەمىرزادەم، مەن سىزگە ئاق سۈت بەرگەنىدىم، لېكىن تاغامنى سىز ئۆلۈمگە بۇيرۇپسىز، بۇ قانداق بولغىنى؟

ئەكبەر ئۆلۈم سۆزىدىن چۆچۈپ كەتتى:

— تۇردىبەگ؟ مەن بۇيرۇمىدىم، نېمە بولدى؟

— زالىم بەيرەمخان... چېدىردا... بەگ تاغامنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

— ياقەي، قاماقىقا ئالغاندۇ؟ — دېدى ئەكبەر ئىشەنگۈسى كەلمەي.

ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى قويۇۋېتىپ، ئۆزىنىڭ چېدىرى تەرەپكە ماڭدى. ئەكبەرنىڭ تېزراق خان ئاتىنى تېپىپ، پالاكەتنىڭ ئالدىنى ئالغۇسى كەلگەنىدى. ئۇ چېدىر ئالدىدا چىرايى تاتارغان بەيرەمخاننى كۆرۈپلا سورىدى:

— خان ئاتا، تۇردىبەگ تىرىكمۇ؟

- يۈز بەرگەن بەختسىزلىكتىن ھەسرەت چېكىپ تۇرغان بەيرەمخان پەس ئاۋاز بىلەن:

— ئەمىرزادەم، ئىچكىرىگە كىرەيلى، — دېدى ۋە ئەكبەرگە يول بېرىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن چېدىرغا كىردى.

— ئىشەنسىڭىز بولىدۇكى، مەن ئۇنى سىزدىن بىسوراق ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلمىدىم. دېھلىنى دۈشمەنگە تاشلاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى

قاماققا ئالماقچى بولدۇم - دە، چېدىرغا چاقىرىپ: «قورالنى تاپشۇرۇڭ!» دېدىم. ئۇ «ئەمدى سەن رافىزى، قېرىغان چېغىمدا مېنى خارلىماقچىمۇ؟!» دەپ ھېچنېمىگە قارىماستىن بېلىدىكى خەنجەرنى سۇغۇرۇۋېلىپ ماڭا ئېتىلدى. جامال دېگەن يىگىتىم يېنىمدا تۇرغانىدى، ئۇ تۇردىبەگنىڭ قولىنى تۇتۇۋالماقچى بولۇۋىدى، لېكىن تۇردىبەگ ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ خەنجەرنى مېنىڭ بېقىنىمغا سانجىماقچى بولدى. شۇندا قورۇقچى يىگىتىم ئۇنىڭ كۆكرىكىگە خەنجەر ئۇردى.

— ئۆلدىمۇ؟... بۇ... ئاخىر... خان ئاتا!... ئاتامنىڭ ئۆلۈمى بىزگە ئازمىدى؟

— ئۆزى ھۇجۇم قىلمىغان بولسا، ھېچكىممۇ ئۇنى ئۆلتۈرمەيتتى!

— ئىنىكئانامنىڭ تاغىسى... ئۇنىڭ ئۇرۇق - ئايمىقى كۆپ! ئەمدى ھەممىسى دۈشمەنلىشىدۇ. تاشقىرىدا دۈشمەن، ئىچكىرىدە بۇ!...

ياش ئەكبەرنىڭ شۇنچە نەرسىلەرگە ئەقلى يەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالغان بەيرەمخان:

— راست، — دېدى، — بوش كەلسەك، ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىشى مۇمكىن. يا سىز مەن تەرەپتە مەردانە تۇرۇپ، ھەممە كۈچىمىزنى بىر ئىرادىگە بويسۇندۇرۇڭ، ياكى ئىنىكئانا ۋە باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە قاراپ، ھەممىسىنى مەيلىگە قويۇپ بېرىڭ. بۇنداق بولغاندا، كىشىلەر سىزنىڭ ئەجدادىڭىزنى «رافىزى» دەپ تىللايدۇ. ئىچكى ئىنتىزام يوقىلىپ، تاشقى دۈشمەنلەر بىزنى ئاسانلا بويسۇندۇرىدۇ. بۇ ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاش كېرەك.

بەيرەمخاننىڭ قەتئىي نىيەت بىلەن يانغان كۆزلىرى ئەكبەرگە يۇلتۇزسىز ھىندىتىكى جەڭ پەيتلىرىنى ئەسلەتتى.

ئىسكەندەرشاھنىڭ ئوڭ قانىتىدىكى ئاتلىقلارنى ئارقىغا چېكىندۈرۈش ۋە چېكىنىۋاتقان پىللارنى توختىتىش زۆرۈر بولۇپ قالدى. باش سەركەردە بەيرەمخان بۇ مۇشكۈل ئىشنى يوشۇرۇن تەييارلىقتا تۇرغان ئەمىر مۇزەففەر لاخانىغا ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئىككى مىڭ ئاف-

خان يىگىتكە تاپشۇردى . ئەمىر مۇزەففەر دۈشمەننىڭ ئوڭ قانىتىدىكى كۈچلەرنىڭ ئۆزىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ، ئۇلارنى چېكىندۈرۈشكە كۆزى يەتمىدى . ئارقىدىن چېكىنىپ كېلىۋاتقان پىللار-نىڭ دەسسىۋېتىشىدىن قورقۇپ ، بەيرەمخاننىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىش-تىن باش تارتتى . بۇ تالاش - تارتىش قىلىپ ئولتۇرىدىغان پەيت ئە-مەس ئىدى . ئەگەر دۈشمەننىڭ ئوڭ قانىتىغا ۋاقتىدا زەربە بېرىلمىسە ، ئىسكەندەر شاھ غالىب كېلىشى مۇمكىن ئىدى . بۇنداق پەيتتە باش سەركەردىنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتىشى جىنايەت ھېساب-لىناتتى . بەيرەمخان ئەمىر مۇزەففەرگە شۇنى ئېيتقاندىن كېيىن ، بۇي-رۇقنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى . ئەمما ، ئافغان ئەمىرى مۇزەففەر بۇي-رۇقنى ئىجرا قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى . بەيرەمخان يېنىدىكى تۈركمەن يىگىتلىرىگە بۇيرۇپ مۇزەففەرنىڭ قولىنى باغلاتقۇزدى . ئاندىن رەت - رەت تۇرغان يىگىتلەر ئالدىدا بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتقان ۋە شۇ ھەرىكىتى بىلەن دۈشمەنگە ياردەم بەرگەن مۇزەففەر لاخاننىڭ كال-لىسىنى ئالدى .

ئافغان ئەمىرلىرى ئارىسىدا مۇزەففەرنى يامان كۆرىدىغان ، ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە قىلىدىغان باشقا بىر يۈرەكلىك بەگ بار ئىدى . بەيرەم-خان دەرھال شۇ بەگنى تاپتۇرۇپ كېلىپ ، ئۇنى ئىككى مىڭ ئاتلىق ئەسكەرگە سەركەردە قىلىپ تەيىنلەپ ، ۋەزىپىنى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇنداشقا بۇيرۇق قىلدى .

بەيرەمخان بىلەن قارشىلاشقىلى بولمايدىغانلىقىنى ، ئۇنىڭ بۇي-رۇقىدىن بويۇن تولغاشنىڭ نېمە بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئافغان يىگىتلىرى دۈشمەننىڭ ئوڭ قانىتىغا جان - جەھلى بىلەن ھۇجۇم قىلدى . بۇ ھۇجۇم بىلەن دۈشمەننىڭ پىيادە ئەسكەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىقلىرى ۋە پىللارنىڭ ئارىسىدا قېلىپ دەس-سەلدى . ئىسكەندەرشاھنىڭ ھەربىي پىللىرى چېكىنىش پەيتىدە ئۆز پى-يادىلىرىدىن بىرنەچچىنى دەسسەپ تاشلىدى . ئاخىردا بۇ پىللاردىن تۆت يۈزى ئولجا ئېلىندى . جەڭ تۈگىگەندىن كېيىن مۇزەففەر لاخاننىڭ

ئوغۇللىرى ۋە قېرىنداشلىرى بەيرەمخان ئۈستىدىن ھۇمايۇنغا شىكايەت قىلدى. ھۇمايۇن بەيرەمخاننىڭ قىزىققانلىق قىلغانلىقىدىن خاپا بولۇپ، «زىندانغا تاشلىسىلا بولاتتىغۇ» دەپ قويدى. لېكىن، بولار ئىش بولـغان، بەيرەمخان چوڭ شەرەپ كەلتۈرگەنىدى. شۇڭا، ھۇمايۇن ئۇنى كەچۈردى. مۇزەففەر لاخاننىڭ يېقىنلىرى ئارازلىشىپ گۇجارەت تەرەپكە كېتىپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى بەيرەمخاننىڭ خۇن تەلەپ قىلغۇچى دۈشمەنلىرى دەپ ئېلان قىلغانلىقىنى ئەكبەر ئاڭلىغانىدى. ئەمدى بۇنىڭ ئۈستىگە تۇردىبەگنىڭ يېقىنلىرى بەيرەمخان بىلەن دۈشمەنلەشسە!...

— خان ئاتا، سىز ماڭا قانات يېيىپ يۈرۈۋاتىسىز، مەن بۇنى ئۇنتۇمايمەن، مەسلىھەت بېرىڭ، قانداق قىلاي؟

بەيرەمخان چېدىرنىڭ تۆرىدە تۇرغان «بابۇرنامە» نى كۆرسەتتى:

— ئۇلۇغ بوۋىڭىزنىڭ كىتابىدىن مەدەت سوراڭ، ئاتىسى ئۆلگەندە بوۋىڭىز تېخى ئون ئىككىگە تولمىغانىكەن. ئۇ ئۇستازى، ئەنجانلىق خوجا ئابدۇللانىڭ ئاقىلانە تەلىمى بىلەن دۈشمەننىڭ مۇھاسىرىسىدىن ئامان - ئېسەن چىققانىكەن.

ئەكبەر كېچىسى خېلى ئۇزاققىچە «بابۇرنامە» نى ۋاراقلىدى...

ئۇزاق سىر دەرياسى بويىدا، ئەكبەر تېخىچە كۆرمىگەن ئەنجان ۋە ئاخسىدا ياش بابۇرنىڭ سەمەرقەندتىن تاشكەنتكە باستۇرۇپ كەلگەن دۈشمەن كۈچلىرى ئارىسىدا قالغان جەڭلىرى ئەكبەرنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى ئەسلەتتى. بوۋىسىمۇ ئۆز يېشىغا نامۇناسىپ زىددىيەتلەرگە دۇچ كەلگەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يول تېپىپ مانا مۇشۇ پەيتتە ئۆز قوشۇنىدىن سەككىز ھەسسە كۆپ دۈشمەننى يېڭىپ چىققانىكەن.

ئەكبەر بەيرەمخاننى بوۋىسىنىڭ ئۇستازى خوجا ئابدۇللا ئورنىدا كۆردى...

ئەتىسى تۇردىبەگ ئورمان ئىچىدە دەپنە قىلىنغاندا، ئەكبەر مەر-

ھۇمنىڭ قىرىنداشلىرى قاتارىدا تۇرۇپ ، ئۇنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈردى .
كېيىن ماھىم ئىنىكئانىنىڭ چېدىرىغا كىرىپ ، ئۇنىڭدىن كۆڭۈل سوراپ
چىقتى ھەمدە تۇردىبەگ ئالدىغان مائاش ئەمدى ئۇنىڭ ئائىلىسىگە نەپىقە
سۈپىتىدە ئۆمۈر بويى بېرىلىدىغانلىقىنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئېلان قىلدى .

ئەكبەرنىڭ بۇ ئىشلىرى تۇردىبەگنىڭ بەزى قېرىنداشلىرىنى
سەل يۇمشاتقان بولسىمۇ ، بەزىلىرى ئەكسىچە تېخىمۇ قارشىلىشىپ ، بەيـ
رەمخاننى « قاتىل » دەپ ئەيىبلەشكە باشلىدى . پىرمۇھەممەد دېگەن
بەگ ئوردا كېڭىشىدە يەنە بەيرەمخاننى ئەيىبلىمەكچى بولغاندا ، ئەكبەر
ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ :

— جانابى پىرمۇھەممەد ، بىز تۇردىبەگنىڭ بۇرۇنقى خىزمەتلىـ
رىنى مۇئەييەنلەشتۈرىمىز . ئەمما ، تۇردىبەگ دېھلىنى دۈشمەنگە تارتقۇـ
زۇپ قويۇش بىلەن بىللە ، ئاتالىقىمىزغا ھاقارەت كەلتۈرۈپ تىغ كۆتۈـ
رۈپتۇ . ئاقىۋەتتە ئۆزى ھالاك بوپتۇ . مۇسىبەتلىك بولدۇق ، دەپنە قىلـ
دۇق ، ئەمدى بەس ! خان ئاتا بىز ئۈچۈن ئاتىمىزدەك ئەزىز مۆتىۋەرـ
لەردىندۇر .

ئەكبەر يېشىغا ماس كەلمەيدىغان بۇ جىددىي سۆزلەرنى كېچىچە
خىيالىدا پىشۇرۇپ كەلگەنىدى . چۈنكى ، ھايات ئۇنى يېشىغا نامۇناسىپ
ئىشلارغا دۇچار قىلغانىدى ، ئۇ بەيرەمخاندىن باشقا يۆلىنىدىغان يۆلەنـ
چۈكى قالمىغاندەك ھېس قىلاتتى .

— جانابى بەگلەر ، كىمكى ئاتالىقىمىزنىڭ شەنىگە داغ كەلـ
تۈرسە ، بىزگە قارشى چىققانلارغا ئوخشاش جازالىنىدۇ . دۈشمەن يېقىن
يەردە ، شۇنداق ئەھۋالدا ، كىمكى خان ئاتىمىزنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا
كەلتۈرمىسە ، بىزنىڭ بۇيرۇقىمىزدىن باش تارتقان ھېسابلىنىدۇ . گە-
دەنكەشلىك — دۈشمەنگە ياردەم بېرىپ ، ئۆزىمىزگە خىيانەت قىلغانلىق
بولىدۇ . خائىنلار چىقسا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىدۇ .

ئەكبەرنىڭ بۇ گەپلىرى ئاساسىدا مەخسۇس مۇراجىئەتنامە چىـ
قىرىلدى ھەمدە قارارگاھتىكى ئون بەش مىڭ بەگ ۋە ئەسكەرلەرنىڭ
ھەممىسىگە ئوقۇلدى .

شۇنىڭدىن كېيىن بەيرەمخاندىن نارازى بولۇپ يۈرگەنلەر دەر-دىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئادىلشاھنىڭ ئەللىك مىڭ كىشىلىك قوشۇنى بىلەن پەنىپەتتە باتۇرانە جەڭ قىلدى. بۇ جەڭدە ئەلئەۋلخان باشلىق مەرگەنلەر تولغىما ئۇسۇلنى قوللىنىپ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، پىل ئۈستىدە ئولتۇرغان باش سەركەردە ھېمۇنى ئېتىپ يىقىتتى. بۇنى كۆرگەن ئادىلشاھ جان تالىشىپ قاچتى.

بەيرەمخان ئەكبەرنى قۇتلۇقلاپ:

— ئەمىرزادەم، غەلىبىڭىزگە مۇبارەك! — دېدى.

شۇ كۈنى ئەلئەۋلىخانغا «مۆتىۋەر خانى زامان» ئۇنۋانى بې-رىلدى. بەيرەمخان بولسا ۋەزىر - ئەمىرلەردىنمۇ ئۈستۈنرەك تۇرىدىغان ۋەكىلى سەلتەنەتلىك مەرتىۋىگە كۆتۈرۈلدى.

× × ×

ھىند ۋادىلىرى پىل بويى ياشىرىپ تۇرغىنىدەك، دەرەخلەرنىڭ ئاستىدىمۇ پىل بويى سېرىق يوپۇرماقلار تولۇپ ياتاتتى. يوپۇرماقلار تە-بىئەت قانۇنىيىتى بويىچە پىل بويى يېڭىلىنىپ تۇراتتى. كونىلىرى كۈنسېرى سارغىيىپ ئاستا - ئاستا تۆكۈلۈپ كېتەتتى.

قارىلىق تۇتقان ھازىدار ھەمىدە بېگىم ئەكبەرنىڭ قولىنى تۇ-تۇپ، ھۇمايۇننىڭ قەبرىسىگە باردى. ھەمەل كىرىپ گۈلماھۇر دەرەخ-لىرى يوپۇرماقلىرىنى تاشلىغان، يوپۇرماقسىز شاخلار غۇچچىدە گۈللەر بىلەن بېزەلگەنىدى. ئەمما، بېشىغا رومال سالغان ھەمىدە بېگىمنىڭ كۆزلىرى بۇ گۈللەرگە ئەمەس، دەرەخ تۈۋىگە چۈشكەن يوپۇرماقلارغا تىكىلگەنىدى. دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىدىن ئايرىلىپ، ئوتتۇز ئىككى يېشىدا تۇل قالغانلىقى ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سارغايغان غازاڭلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. قەبرە ئەتراپىدىكى كۆكلەمزار مەيدان ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاغجىراپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. بۇ قەبرىگە تاش قويۇشقا تېخى ئۈلگۈرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن، ھۇمايۇن ياخشى

كۆرىدىغان خۇسراۋ دېھلىۋى ۋە نىزامىددىن ئەۋلىيا مازارىغا يېقىن ، قويىنى كەڭ بىر تۈزلەڭلىكنىڭ ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ ئېرىق چاپتۇرۇپ ، كۆچەت تىكتۈرۈپ ، بۇ ئۇلۇغ مەقبەرە ئۈچۈن ئورۇن ھازىرلاشقانىدى .

بۇ جۇدالىقنىڭ ئانىسىغا قانچىلىك ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى ئەكبەر بىلەتتى . ئۇ ، كابۇلدىن كېلىۋاتقان ئانىسىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ، ئۇزۇن يول يۈرۈپ ھىند دەرياسىنىڭ بويىغىچە باردى . كابۇل دەرياسى ھىند دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان تەھتتە ئەتراپىدا ھەمىدە بېگىمنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىگە ياردەملەشتى . پايتەخت يەنە ئەگرەگە كۆچكەن بولسىمۇ ، ھەمىدە بېگىم ئەكبەر بىلەن دېھلىنىڭ پۈرەن قەلئەسىگە كېلىپ چۈشتى .

بەيرەمخان ئەگرەدىكى سارايدا ، ھۇمايۇننىڭ دىۋانى ۋە مەخسۇس خانىسىدا ئىش بېجىرىۋاتاتتى . ئەگرەدىكى زەرەفشان ۋە ھەشت بېھىش باغلىرىغا ئوخشاش باغلار دېھلىدا زادىلا يوق . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ھەمىدە بېگىم دېھلىنىڭ پۈرەن قەلئەسىدە تۇرغاندا ھەممىشە كۈتۈپخانا بىناسى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى تاش ئەسلىھەلەرگە كۆزى چۈشۈپ تۇراتتى . بۇلار بولسا ئۇنىڭ دىل جاراھىتىنى يېڭىلايتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئەكبەر ئانىسىنى ئەگرەگە ئېلىپ كەتمەكچى بولدى .

— ئەمدى سىز بۇ مەنزىرىسى يوق پۈرەن قەلئەسىدە تۇرماڭ ، ئانىجان .

ئەكبەر تەختكە چىققاندىن بېرى ، ھەمىدە بېگىم ئۇنى « سىز » لەپ سۆزلەۋاتاتتى ؟

— ياق ، ئوغلۇم ، ئاتىڭىزنىڭ قېنى تۆكۈلگەن تاش سارايلار مەن ئۈچۈن مۇقەددەس ، مەن بۇ يەردىن ھېچ ياققا كەتمەيمەن .

— ئەگەر يىراق ئەمەسقۇ ، پات - پات كېلىپ تۇپراق بېشىغا چىقىپ تۇرماسىز .

ھەمىدە بېگىم يىغلاپ باش چايقىدى :

— ئاتىڭىز ھايات ۋاقتىدا كۆپ بىللە بولالمىغانىمەن . كۆپ چاغلاردا ئايرىلىپ ياشىدۇق . ئەمدى مەن ئاتىڭىزنىڭ قەبرىسىدىن ئايرىلمايمەن . مېنىڭ ئاخىرەتتىكى جايىممۇ ئاتىڭىزنىڭ يېنىدا بولسۇن . بۇ

دۇنيادا ئاتىڭىزنى قايتا كۆرەلمەيمەن . مەن بالدۇرراق جان بەرسەم ، ئۇ دۇنيادا ئاتىڭىزنى بىر كۆرسەم ، دەيمەن .

بۇ گەپلەردىن ئەكبەرنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزىگە ياش كەلدى . ئانىنىڭ مۇسىبىتىنى يەڭگىللىتىدىغان بىرەر چارە تاپمىسا ، ئانىسىدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىش مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلدى .

ھەمدە بېگىم ئۇنتۇلغۇسىز ئەسلىمىلەر ئىچىدىن ئوغلى ئەكبەرگە ئاتىسىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىدىغان ئەڭ يارقىن ئەسلىمىلەرنى ھېكايە قىلىپ بېرەتتى . تار سەھراسى ، قەندىھار ، قەزۋىن . . .

— رەھمەتلىك ئاتىڭىز دېھلىدا يەتتە قەۋەتلىك بىنا سالدۇرماقچى ئىدى . . . نېسىپ بولمىدى . . .

— ئانىجان ، ئاشۇ بىنانى بىز سالدۇرساقچۇ ؟ دادامنىڭ ۋاپاتى ئۇچۇن قاتۇرۇلغان قەبرىنى ئاشۇ بىنادىنمۇ ئېگىز ياسساق بولىدىغۇ . . .

ئەكبەر بۇ پىكرىنىڭ ھەمدە بېگىمنىڭ مۇسىبەتلىك قەلبىگە تەسكىن بېرەلەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى . ئۇنىڭ كىتابلىرى ساقلىنىدىغان ساندۇقتا سەمەرقەندىكى گورى ئەمىر ، ھېراتتىكى گەۋھەر شاد بېگىم ، غەزنىدىكى مەھمۇد غەزنەۋى ، مەشھەددىكى ئىمام رىدا ۋە باشقىلارنىڭ مەشھۇر مەقبەرىلىرىنىڭ رەسىمى توپلانغان ئالبوم ساقلاقلىق ئىدى . ئەكبەر كىتابدارغا شۇ ئالبوملارنى تاپتۇرۇپ كەلدى - دە ، ئانىسى بىلەن بىللە ۋاراقلاپ كۆردى ۋە قولىغا قەغەز - قەلەم ئالدى . ئۇنىڭ لايىھىلەش ۋە بىناكارچىلىقتىن خەۋىرى بار بولۇپ ، خوجا ئابدۇسەمەتتىن ئالغان ساۋاقلىرى ئېسىدە ئىدى . ئۇ دېھلىدىكى مىرزا ھۇمايۇن مەقبەرىسىنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقىنى ئانىسىغا سىزىپ كۆرسەتتى . بۇلۇتلار بىلەن بويى تالىشىدىغان مۇستەھكەم گۇمبەز ، يەتتە قەۋەت ئۆي ئېگىزلىكىدىكى پەشتاقلار . . . ئەكبەر سىزغان رەسىم بەكلا خام بولسىمۇ ، ھەمدە بانۇ ئۇنىڭ قايناق ھېسسىياتقا تولغان رەسىمدىكى مەقبەرىنى سىزىقلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىق كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە باشلىدى .

— بىنا بۇنچە يوغان بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باغمۇ شۇنىڭغا لايىق چوڭ بولغىنى ياخشى. ئىچكى - تاشقى هويلىلىرى، سۇلار شىلدىرلاپ ئاقىدىغان ئېرىقلىرى، قاتار - قاتار دەرەخلىرى...

— ھەممىسى بولىدۇ، ئانا. ئەتىگىچە، دېھلىنىڭ ئەڭ مەشھۇر بىناكارى مىرزا مىراكنى ھۇزۇرىمىزغا تەكلىپ قىلىمىز.

ئەكبەر ئانىسىنىڭ غەم - غۇسسىلىرىنى ئازايتىدىغان شۇنداق چوڭ ئىشنىڭ تېپىلغانلىقىدىن مەمنۇن بولدى. ئەتىسى ئانا - بالا ئولتۇرغان قوبۇلخانىغا مىرزا مىراك تەزىم بىلەن كىرىپ كەلدى. جەڭگى - جېدەل زامانلىرىدا قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئىزىدا توختاپ قالغانلىقتىن، قولىيازمىلارنى كۆچۈرۈپ، خەتتاتلىق قىلىپ كۈن كەچۈرۈۋاتقان مىرزا مىراك كۆپ ئولتۇرۇپ ئىشلىگەنلىكتىن، مۈكچىيىپ قالغان، قىرىق بەش ياشلاردىكى كىشى ئىدى.

— ھەزرەت بېگىم، ئەمىرزادەم، مېنى شۇنداق كۈنگە يەتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن تەڭرىگە ھەمدۇ سانا ئېيتىمەن. بۇ ياخشى نىيەتلىرىڭىز مېنى تولىمۇ خۇشال قىلدى.

بىناكار ئەكبەر سىزغان رەسىملەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ:

— ئاپىرىن، ئەمىرزادەم، — دېدى، — ئەگەر ئىجازەت بەرسەڭىز ئازراق مۇلاھىزەمنى ئېيتسام...

— مەرھەمەت، مەۋلانە.

— بۇ رەسىمدە سىز مەقبەرە تېمىنى يەر يۈزىدىن توغرا كۆتۈرۈپسىز. سەمەرقەندده، ھېراتتا شۇنداق قىلىش مۇمكىن. چۈنكى ئۇ ياقلارنىڭ يەر ئاستى سۈيى ئانچە يۇقىرى ئەمەس. گورى ئەمىر قەسرىمۇ يەر ئاستىغا قۇرۇلغان. ئەمما، دېھلىدا يامغۇر كۆپ ياغىدۇ. يەر ئاستى سۈيى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، قەسىرگە كىرىۋالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئېگىزرەك يەرگە قۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنداق بولغاندا، مەقبەرە يەر ئۈستىدىن بەش - ئالتە گەز ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك.

— دېمەك، مەقبەرە بۇنىڭدىنمۇ ئېگىزرەك سېلىنسا ياخشى بو-
لىدۇ، شۇنداقمۇ؟ — سورىدى بېگىم.
— دەل شۇنداق.
— قانچە ئېگىز بولسا، شۇنچە ياخشى، — دېدى ئەكبەر، — ئۇ
دېھلىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئابىدىسى بولۇپ قېلىشى كېرەك.
— ئەمما، شۇنىڭغا يارىشا خىراجىتىمۇ يۇقىرى بولىدۇ، ئەمىرزا-
دەم، — دېدى بىناكار. پۈتۈن دۆلەت ئىشلىرى، جۇملىدىن خەزىنى-
نىڭ هوقۇقى بەيرەمخاننىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. ئا-
تالىق جانابلىرىنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بارمىكىن!
ئەكبەر يالت قىلىپ ئانىسىغا قارىدى. بەيرەمخان ھەممە
ئىشتا قاتتىق تەلەپچان بولغىنىدەك، هەرخىل خىراجەتلەرنىمۇ قاتتىق
تىزگىنلەپ تۇراتتى. ھەتتا ئەكبەر ۋە ھەمىدە بېگىمنىڭ كۆندىلىك
خىراجىتى ئۈچۈن كېتىدىغان مەبلەغمۇ خان ئاتانىڭ ئىمزاسى
بولمىسا بېرىلمەيتتى. ئەكبەر پەنىپەتتە ھەممىنى، ھەتتا ئۆزىنىمۇ
شۇ ئاتالىقنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندۇرغاندىن بېرى، ئەنە شۇنداق
بىر ئادەمنىڭ خوجايىنلىقى ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. جامەلەردە
ھەر جۈمە كۈنى ئەكبەرنىڭ نامىغا خۇتبە ئوقۇلۇپ تۇرغىنى بىلەن،
ئەسلى ھۆكۈمران بەيرەمخان ئىدى.
— جانابى بىناكار، سىز ئاۋۋال مەقبەرىنىڭ لايىھەسىنى
سىزىڭ، — دېدى ئەكبەر، — قانچىلىك ئۇستا ۋە ھۈنەرۋەن كېتى-
دىغانلىقىنى يېزىپ كېلىڭ.
— باش ئۈستىگە ئەمىرزادەم! ئەمما، ھېساب - كىتاب ئىش-
لىرى ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم ياللىمىسام، ئۆزۈم ھۆددىسىدىن چى-
قالمايمەن. ھەتتا لايىھەنى سىزىش ئۈچۈنمۇ كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ.
ئەكبەر بىناكارنىڭ قورۇق باسقان يۈزى ۋە كونىرىغان
كىيىم - كېچەكلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭمۇ ياردەمگە موھتاج ئىكەن-
لىكىنى ھېس قىلدى - دە، ئىچكىركى ئۆيگە كىرىپ، ئۆزىنىڭ
شەخسىي خىراجەتلىرى ئۈچۈن خەزىنىدىن ئالغان بىر ھەميان

ئالتۇننى ئېلىپ چىقىپ زاكالەت سوۋپىتىدە بىناكارغا بەردى .

× × ×

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ ، بولاجەك مەقبەرىسىنىڭ خىراجەتلىرىگە ئائىت ھېساب ـ كىتاب تەييار بولغاندا ، بەيرەمخان ئەگرەدىن دېھلىگە كېلىپ قالدى .

ئۇنىڭ ساقال بۇرۇتلىرى پاكىز قىرىلغان ، ئۇ ئەللىك نەچچە ياشتا بولسىمۇ يىگىتلەردەك كىيىنگەن ، بەكمۇ روھلۇق ، تېتىك ئىدى . بەيرەمخان ئالدىنقى يىلى مېۋار ھاكىمى جامالخان دېگەن ئەمىرنىڭ ئون يەتتە ياشلىق قىزىغا ئۆيلەنگەن ، يېقىندا بۇ ياش خوتۇندىن بىر ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن ، ئۇنىڭغا ئابدۇرەھىم دەپ ئىسىم قويغانىدى .

ئەكبەر بىلەن ھەمىدە بانۇ خان ئاتانى پۇرەن قەلئەسىنىڭ مېھمانخانىسىدا كۈتۈۋېلىپ ، ئالدىغا داستىخان سالدى .

ھۇمايۇننىڭ يىل نەزىرسىنى بەرگەندىن كېيىن ، ھەمىدە بېگىم قارا كىيىملىرىنى تاشلىغان ، ھازىر ھاۋا رەڭ قابا كىيىپ ، بېشىغا كۆك جىيەكلىك ئاق قاسابا رومال ئورىغانىدى .

— ئوغۇل يۈزى كۆرۈپسىز . جانابى ئاتالىق ، — دېدى ھەمىدە بېگىم ، — مۇبارەك بولسۇن !

— قۇللۇق ، ھەزرەت بېگىم . بىزگە قانداق تاپشۇرۇقلىرى بارلىقىنى بىلەي دەپ كەلدىم .

— بىز ئەمىرزادەم ئىككىمىز ھەزرىتىمنىڭ مەقبەرىسى ئۈچۈن لايىھە سىزدۇرغاندۇق . بىناكار مىرزا مىراك ھازىر قوبۇلخانىدا . سىزمۇ بىر كۆرۈپ باقسىڭىز .

— جېنىم بىلەن .

مىرزا مىراك بەيرەمخانغا ، ئەكبەر بىلەن ھەمىدە بېگىمگە ئالاھىدە تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ، جىلتىغا سېلىنغان لايىھەنى ئۈستەل ئۈستىگە يايدى .

رەڭلىك ئىشلەنگەن مەقبەرە لايىھەسى بىر قاراشتىلا بەيرەمخانغا ياقتى .

— ھەزرىتىمنىڭ ئۇلۇغ خاتىرىسىگە مۇناسىپ بوپتۇ ! — دېدى ئۇ . بىراق ، بىناكاردىن خىراجەتنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن ، قېشى يىمىرىلىپ ، چىرايى ئۆزگىرىشكە باشلىدى .

— جانابى بىناكار ، بۇ بىناغا دۆلىتىمىزنىڭ بىر يىللىق كىرىمى ئازلىق قىلمىدىكەنغۇ ؟ خەزىنىدىكى مەبلەغنى قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىۋەتسەك ، ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا مائاشنى قاياقتىن تولۇقلايمىز ؟ قورال - ياراغنى قايسى پۇلغا ئالىمىز ؟

— ئاتالىق جانابلىرى ، — دېدى ھەمىدە بېگىم ، — بۇ قۇرۇلۇش بىر يىلدا پۈتمەيدۇ . . . بەلكى مېنىڭ قالغان ئۆمرۈم شۇنىڭغا سەرپ بولۇشى مۇمكىن . ھەر يىللىق دۆلەت كىرىمىدىن بىر قىسمىنى ئاجراتسىڭىزلا بولىدۇ .

بەيرەمخان بېگىمنىڭ ھەسرەتلىك يۈزىگە بىر نەزەر تاشلىدى - دە ، سەل يۇمشىدى .

— بولىدۇ ، مەن رازى ، — دېدى بەيرەمخان ، — ھازىرچە لايىھىلەش ئىشلىرى ئۈچۈن مەبلەغ تېپىپ بېرەي . قۇرۇلۇشنىڭ ئۆزى ئۈچۈن كېلەر يىللىق كىرىمدىن ئاجرىتايلى .

× × ×

ھەمىدە بېگىم ھاياتىدىكى ئەڭ چوڭ ئىش بولغان مەقبەرە قۇرۇلۇشىغا بەيرەمخاننىڭ رازىلىقىنى ئالغاندىن مەمنۇن بولۇپ ، مۇلايىملىشىپ كەتتى . بەيرەمخان مۇشۇ پەيتتىن پايدىلىنىپ ، كۆڭلىدىكى نازۇك سىرلىرىنى ئۇنىڭغا ئېيتماقچى بولدى . ئەمما ، ياش يىگىت ئەكبەرنىڭ ئالدىدا ، سىرنى ئېچىشتىن ئەيمەنگەندەك ئۇسال بىر ھالغا چۈشۈپ قالدى .

— ھەزرەت بېگىم ، — دېدى ئۇ ئوڭايسىز بىر ھالەتتە گەپ باشلاپ ، — كۆڭۈل ئادەمنى ھەر كويلارغا سالىدىغانلىقىنى ، باشقا ئادەملەر بىلمىگەندىمۇ ، سىز ئوبدان بىلىسىز . ياشلىقتىكى بىر دەردنىڭ

ماڭا ئۆمۈرلۈك ئازاب بولۇپ قالغانلىقىدىن ھۇمايۇن ھەزرەتلىرى خەۋەردار
ئىدى. ئۇ، دىلىمدىكى ئارمىنىمنى بىلگەندىن كېيىن، كونا خاتالىقنى
ئەلۋەتتە تۈزىتىمىز، ئەگەر ھىندىستاننى خۇدا قايتا نېسىپ قىلسا، بىزگە
قېرىنداش بولغايسىز دېگەنىدى...
ئەكبەر خان ئاتىنى ھېچقاچان بۇنداق ئوڭايسىز ۋە ئوياتچان ھا-
لەتتە كۆرمىگەنىدى. ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى، ئۈسكىلەك قېشىغا
چۈشكەن ئاقلار ئىلگىرى ئۆز يېشىغا ياراشقاندەك سالاپەتلىك كۆرۈنەت-
تى. بۈگۈن بولسا، ئەكبەر ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىنىڭ يىگىتلەرنىڭ-
كىدەك قاپقارا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيران قالدى. ئۇنىڭ ھەمىدە بې-
گىمگە دەۋاتقان گەپلىرىمۇ غەلىتە ئىدى.
لېكىن، كۆپ نازۇك سىرلاردىن خەۋەردار ھەمىدە بېگىم بەيرەم-
خاننىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى دەرھال پەملىدى - دە، دەككە -
دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. بەيرەمخاننىڭ پادىشاھ ئائىلىسىگە قانداق قى-
لىپ قېرىنداش بولماقچى بولغانلىقى ئۇنىڭغا مەلۇم...
ھۇمايۇننىڭ جىيەنى سەلىمە سۇلتان بېگىم بويىغا يېتىپ قالغان
بولۇپ، ئاتا - ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى ھەمىدە بېگىم ئۇنى ئانا
ئورنىدا تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەنىدى. بۈگۈن بەيرەمخان دېھلىنىڭ پۈرمەن
قەلئەسىگە كەلگەندە، ئون بەش ياشلىق سەلىمە بېگىمنى كۆرۈپ، يۈ-
رىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى. چۈنكى، سەلىمە چوڭ بولغانسېرى، ئا-
نىسى گۈلرەڭ بېگىمگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان گۈزەل قىز بو-
لۇۋاتاتتى. بەيرەمخاننىڭ يىگىت چاغلىرىدا گۈلرەڭ بېگىمنى قاتتىق
ياخشى كۆرگەنلىكى، قىزمۇ ئۇنىڭغا مايىل بولغانلىقى، لېكىن تەقدىر-
لىرى قوشۇلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىككىلىسى داغدا قالغانلىقى ھەمىدە بې-
گىمگە ئايان ئىدى. قەندەھاردا خانزادە بېگىمنىڭ بەيرەمخاننىڭ ھۇما-
يۇنغا قىلغان ياخشىلىقلىرىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولغان پەيتلىرىدە «يەنە
بىر قىزىم بولىدىغان بولسا، بەيرەمخاننى ئۆزۈم كۈيئوغۇل قىلىۋالاتتىم»
دېگەنلىكىمۇ بېگىمنىڭ يادىدا بار ئىدى.
كېيىنچە بەيرەمخان كابۇلدا سەلىمە بېگىمنى ئانىسىغا شۇنداق

ئوخشاش قىياپەتتە كۆردى ـ دە ، يۈرىكىدىكى تېخى ئۆچمىگەن ياشلىق مېھرى قايتا ئۇلغايغاندەك بولدى .

ئوتتۇرا باغدا ئەكبەر بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان سەلىمە ھەزرەت تاغىسىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دوستى بەيرەمخاندىن ئانچە تەپ تارتمايتتى . بەيرەمخاننىڭ چوڭ خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغۇللىرى ئۆيلەنگەن ، ئۆزىنىڭ ئۆسكىلەڭ ساقاللىرىغا ئاق چۈشكەنىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن سەلىمەمۇ ئۇنى ئەكبەرگە ئوخشاش « خان ئاتا » دەپ ئاتايتتى . بەيرەمخان سەلىمەنى ئوتتۇرا باغدا ئون ئۈچ يېشىدا كۆرگەن ھەم ئۇنى گەپكە سالغان ، گۈلرەڭ بېگىمگە ئاتاپ يازغان شېئىرلىرىنى سەلىمەگە ئوقۇپ بەرگەنىدى :

ئەي پەرى پەيكەركى ، ئۆمرى جاۋىدانىمسەن مېنىڭ ،
تا تىرىكمەن ، سەندىن ئايرىلمايمەن ، جانىمسەن مېنىڭ .

شېئىرنى ياخشى كۆرىدىغان ھەم ئۆزى غەزەل مەشىق قىلىشنى باشلىغان سەلىمە بېگىمنىڭ بەيرەمخاننىڭ بۇ ئوتلۇق بېيىتلىرىدىن ئاجايىپ زوقلانغانلىقى ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى . شۇنىڭ بىلەن ، بەيرەمخان ئاۋۋالـقىدىنمۇ قىزغىن ئاۋاز بىلەن بېيىت ئېيتتى :

يوق سەنچە كىشى سۆيگىلى ئەل ئىچرەمۇ يوقتۇر ،
سەندۇر سۆيگۈنۈم ، خاھ ئىشەن ، خاھى ئىشەنمە .

بەيرەمخاننىڭ بۇ غەزەللىرى ناخشىغا سېلىپ ئوقۇلىدىغان مەشھۇر بېيىتلەردىن ئىكەنلىكىنى سەلىمە بىلەتتى . بەيرەمخان ئانىسى گۈلرەڭ بېگىمگە ئاتالغان بۇ مىسرالارنى ئەمدى ئۇنىڭ شائىر تەبىئەتلىك قىزىغا تىكىلىپ تۇرۇپ ئېيتقاندا ، كونا مۇھەببىتى يېڭىلاندى ـ دە ، ئۇنىڭغا ئەل ئىچىدىن سەلىمە بېگىمدىن گۈزەلرەك قىز يوقتەك بىلىندى .

بەيرەمخاندەك چوڭ شائىر بىلەن ھەمسۆھبەت بولغانلىقىدىن نا-

ھايىتى خۇرسەن بولغان سەلىمە كېيىنچە پۇرسەت تېپىپ ئۆزىنىڭ مە-
شىق شېئىرلىرىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى . قىز بالىنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت
شېئىرلىرىنى يېزىشى مۇتەئەسسىپ ئادەملەر تەرىپىدىن ئۇيات ئىش سا-
نىلاتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن سەلىمە ئۆز شېئىرلىرىغا « مەھىپي » دەپ ئىمزا
قويغانىدى .

سەلىمە بىر چاغلاردا ئەكبەر بىلەن ئاكا ـ سىڭىلدەك ئويناپ
يۈرگەن چاغلاردا ، ئەكبەرنى باللارچە مېھر بىلەن ياخشى كۆرەتتى .
شۇڭا ئۇنىڭ ئىشق شېئىرلىرى ئەكبەرگە بېغىشلانغانىدى . لېكىن بۇنى
ھېچكىمگە ، جۈملىدىن بەيرەمخانغىمۇ دېمەيتتى .

قىزنىڭ شېئىرلىرىدىكى بۇ يوشۇرۇن ئوتلار بەيرەمخانىنىڭ ئۇ-
نىڭغا بولغان مېھرىنى ئۈلغايتىۋەتكەندەك بولدى . شېئىر باھانىسى بىلەن
ئۇلار باغدا بىرنەچچە قېتىم سۆھبەتلەشتى .

بەيرەمخان سەلىمەگە ئۆيلىنىش ۋە پادىشاھ ئائىلىسىگە كۈيئوغۇل
بولۇش نىيىتىنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى . ھۇمايۇن ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇشقا ئۈلگۈرمەي ئالەمدىن ئۆتتى . سەلىمەنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بولمىغاچقا ،
ھەمىدە بېگىم ئۇنىڭغا ھەم ئاتا ، ھەم ئانا بولدى .

— ئەمدى ، ھەزرەت بېگىم . . . خۇدا بىزنى مۇشۇنداق كۈنگە
يەتكۈزدى . چوڭ قۇرۇلۇشلار ، ئارزۇ قىلىنغان تويلار قىلىنىدىغان پەيت-
لەر كەلدى . . .

خان ئاتىنىڭ بۇگۈن سەلىمە بېگىمگە ياش كۆرۈنگۈسى كېلىپ ،
ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى قاپقارا قىلىپ بوياتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى . لې-
كىن ، ئۈچ كەم ئاتمىش يىللىق ئۆمۈر مۇشەققەتلىرى ئۇنىڭ يۈزىگە ،
پېشانىسىگە ھەتتا بويىۇنلىرىغىچە قورۇق سالغانىدى . بويالغان ساقال ـ
چاچلار بىلەن بۇ قورۇقلار بىر ـ بىرىنى چاندۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى
بەيرەمخان ئۆزىمۇ سېزىپ يەتكەندەك ، تىت ـ تىت بولۇپ ئوڭايسىزلە-
ناتتى . خان ئاتانى ھېچقاچان بۇنداق ئەھۋالدا كۆرمىگەن ئەكبەر بۇ
گەپلەرنىڭ نېمە توغرىسىدا بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي گاھ ئۇنىڭغا ،
گاھ ئانىسىغا ھەيرانلىق بىلەن قارايتتى . ھەمىدە بېگىمنىڭ ئىزتىراپ ئى-

چىدە قالغانلىقىنى سەزگەن بەيرەمخان ئۇنىڭ بىرەر ئوشۇق گەپ قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، سۆزىنى تېزراق تۈگىتىشكە ئۇنتىلدى.

— قالغان گەپنى بۇگۇن ئاخشام شەيخ گادايى كېلىپ ئېيتىدۇ. بېگىم، مەن شىرخاننىڭ ئەسىرلىكىدىن قېچىپ چىققاندا، بۇ شەيخ مېنى ئۆيىگە يوشۇرۇپ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغان. شۇڭا مەن ئۇنى مۇناسىپ كۆردۈم . . . مېنىڭ ئوتتۇز يىل داۋامىدا مۇشۇ ئائىلىدە قىلغان خىزمەتلىرىمنى ئۆزىڭىز بىلىسىز. بىزگە شۇ ئىنايەتنى مۇناسىپ كۆرسىڭىز، مەن ئۇچۇن ئەڭ ئالىي مۇكاپات بولغان بولاتتى. مۇشۇ كەمگىچە قىلغان خىزمەتلىرىم دەريادىن تامچە. دەريادەك چوڭ خىزمەتلەرنى قان-قېرىنداش بولغاندا قىلغانمەن.

— جانابى سەلتەنەت ۋەكىلى! هازىرچە دىلىمىزدىكى قايغۇ تۈگىگىنى يوق. شەيخ گادايى ئالدىرىماي تۇرسۇن، كېيىنرەك . . .

— قاچان؟ — تاقەتسىزلىنىپ سورىدى بەيرەمخان.

— ئۈچ - تۆت ئاي ئۆتسۇن.

بىر چاغلاردا قەزۋىنىدە ئەلچىلىك قىلىپ يۈرگەن چاغلاردا سەۋر - تاقەتلىك ۋە ئويلاپ ئىش كۆرگەن بەيرەمخان كېيىنكى يىللاردا خېلىلا ئۆزگىرىپ قالغانىدى. قەندەھاردا ئون يىل هاكىم بولغان ۋە كېيىنكى چاغلاردا ئەكبەرنىمۇ ئۆز ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇپ، تاجسىز پادىشاھقا ئايلانغاندىن بۇيان، ئۇ، بۇرۇنقى تاقەتچانلىق ۋە سالماق پىكىرلىكلىكىنى يوقىتىپ قويغاندەك بولۇپ قالغانىدى. مانا هازىرمۇ ئۈچ - تۆت ئاي دېگەن سۆزدىن ئاغرىنىپ:

— ھەزرەت بېگىم، ئارقىغا سوزۇلسا گەپ كۆپىيىپ كېتىدۇ! — دېدى، — ماقۇل، بىر ھەپتە ئۆتسۇن، شەيخ گادايىنى كېلەر چارشەنبە كۈنى قوبۇل قىلىڭ.

ئەكبەر بۇ ئارىدا گەپنىڭ نېمە ئىش ئۈستىدە بولۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ يەتتى. ئۇ هازىردار ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇرىدىغان بولسا، گەپنىڭ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى سەزگەن بەيرەمخان:

— ئەمىرزادەم، — دەپ ئەكبەرنىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇ-

رىدى ، — سىز مەندىن پەنجاپ بىلەن مەنكات ۋىلايىتىگە بېرىش ئۈچۈن
ئىجازەت سورىغانىدىڭىز ، ئەمدى يامغۇر پەسلىمۇ تۈگىدى .

— هازىر ماڭسام بولامدۇ ؟ — قىزىقىپ سورىدى ئەكبەر .

— هەئە . لاهۇردا ئەتكەڭىز شەمسىددىن مۇهەممەد سىزنى كۈ-
تۈۋالىدۇ . ئۇ هازىر پەنجاپ هاكىمى . مەنكاتمۇ بىزگە خەيرخاھ ۋىلا-
يەت . بۇ يەردىن مىگدەك بەگ ، نۆكەر پىرمۇهەممەد باشچىلىقىدا سىزگە
هەمراھ بولىدۇ . مۇشۇ هەپتە يولغا چىقىسىڭىزمۇ بولىدۇ . هەممە تەييار-
لىقلار قىلىنىدۇ .

بەيرەمخان سەلىمە بېگىمنىڭ ئەكبەرگە كۆڭلى بارلى-
قىنى ئىشەنچلىك ئادەملەردىن ئاڭلىغانىدى . ئەمدى ئەلچى كېلىدىغان
نازۇك پەيتتە ، ئەكبەرنى يىراق جايغا يولغا سېلىۋېتىپ ، قىز تۈپەيلىدىن
ئارىغا نىزا چۈشۈشتىن ساقلانماقچى بولدى . بەيرەمخاننىڭ تېزراق مەق-
سەتكە يېتىش ئۈچۈن ، هەممە نەرسىنى ئالدىنئالا ئويلاپ ، ئەستايىدىل
تەييارلىق قىلغانلىقىنى سەزگەن هەمىدە بېگىم ئېغىر ساراسىمە ئىچىدە
قالدى .

— ئانىجان ، مەن مەنكاتقا كەتسەم ، قىينىلىپ قالارسىزمۇ ؟ —
دېدى ئەكبەر .

هەمىدە بېگىم سەلىمەنى ئۆزىگە كېلىن قىلماقچى ئىدى . قىزمۇ
شۇنى خۇدادىن تىلەيتتى . ئەكبەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا ، يىگى كې-
لىندەك ئۇيىلا پ كېتەتتى . ئەكبەر هازىر ئۆيلىنىش توغرىسىدا ئويلان-
مىدى . لېكىن ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇمۇ ئۆزىنىڭ سەلىمەگە
كۆڭلى بارلىقىنى هېس قىلىشى مۇمكىن ئىدى .

هەمىدە بېگىم هازىر بۇ گەپنى بەيرەمخانغا ئېيتىدىغان بولسا ، بۇ
قىزىققان ئادەم ئاچچىقلىنىپ كېتىشى تۇرغان گەپ . هېلىمۇ ئۇ هۇمايۇن-
نىڭ ۋەدىسىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ ، ئەينى ۋاقىتتا گۈلرەڭ بېگىمنى ئۇ-
نىڭغا بەرمىگەنلىكىنىڭ ئەلىمىنى ئۇنتۇيالماي يۈرۈۋاتىدۇ .

ئارىلىقتا نىزا چىقسا ، ئەكبەر تۈگىمەس كۈرەشلەر ئىچىگە كىرىپ
قالىدۇ - دە ، هاياتى خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ .

ياق ، ھەمدە بېگىم يالغۇز ئوغلىنى بۇنداق خەۋپ ـ خەتەردىن ساقلىشى كېرەك . ئەكبەرنىڭ ئۆزىمۇ ئۇزاقتىن بۇيان مەنكات تەرەپلەرگە سەپەر قىلىش ئارزۇسىدا يۈرگەن . ئوغلىنىڭ ھازىر شۇ ئىشنى ئارزۇ قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ھەمدە بېگىم :

ـــ مەيلى ، ئەكبەرجان ، سىزنى سېغىنىپ قىينالسام ، بەرداشلىق بېرەرمەن ، ـــ دېدى .

ئەكبەر سەپەر ئىشتىياقى ۋە تەييارلىقلىرىغا بېرىلىپ كېتىپ ، بەيرەمخان بىلەن ئانىسى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن غەلىتە ۋە سىرلىق گەپلەرنىڭ سەۋەبىنى ئۇنچە سۈرۈشتۈرمىدى ، لېكىن ئۇ ماڭىدىغان كۈنى كەچتە خەيرلىشىش ئۈچۈن ئانىسىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىرگەندە ، رەڭگى سولغۇن ، كۆزلىرى يىغىدىن قىزارغان سەلىمە بېگىمنى كۆرۈپ قالدى .

ئەكبەر سەلىمەدىن يېرىم ياش چوڭ ئىدى ھەم ئۇنى سەنلەيتتى :

ـــ سەلىمە ساڭا نېمە بولدى ؟

ھەمدە بېگىم قىزغا « ئېيتما » دېگەندەك ئىشارەت بىلەن لېۋىنى چىشلەپ قارىدى . لېكىن ، سەلىمە ئىچكى دەردىنى ئەكبەردىن يوشۇرالمىدى :

ـــ مەنمۇ سىزدەك . . . « خان ئاتا » دەپ بوۋام ئورنىدا كۆرسەم . . . نەۋرىلىك ئادىمى ماڭا ئاشىق بولغانمىش ، ماڭا ئۆيلەنمەكچىمىش .

ئەكبەر بەيرەمخاننىڭ ئۆتكەن كۈنى ئادەتتىن تاشقىرى ئەيمىنىپ ۋە ئۆيىلىپ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى ۋە شەيخ گادايىنىڭ كېلىش سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندى .

ـــ شۇنداقمۇ ؟ يوق گەپ ! سەلىمە ، بەلكىم خان ئاتا چاقچاق قىلغاندۇ . . .

ـــ چاقچاقمىش ، مانا خان ئاتانىڭ ماڭا ئاتاپ يازغان شېئىرى .

ئىككى ياشقا خىجىللىق بىلەن تىكىلىپ ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي تۇرغان ھەمدە بېگىم ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قانچىلىك مۇناسىپلىقىنى

كۆرۈپ، يۈرىكىنى ئەلەم قاپلىدى. ئەكبەر بۇرۇتى خەت تارتقان، ئۇستىخانلىق، جەزبىلىك يىگىت. بالاغەتكە يەتكەن، پوچتا رەڭ مەخمەل نىمچىدىن كۆكرەكلىرى بۆرتۈپ چىققان، غۇنچە بەل، گۈزەل قىز سەلىمە، ئۇلارنىڭ تەقدىرلىرى قوشۇلمىغانمىدۇ؟

ئەكبەر ئالتۇن ھەل بېرىلگەن يىپەك قەغەزدىكى قۇرلارغا كۆز يۈگۈرتتى:

ھىجرىڭنى خىيال قىلماق مۇشكۇل،
سەندىن تەلەپ ۋىسال قىلماق مۇشكۇل.
ھالىمنى ساڭا ئەرز قىلسام دەيمەن،
ئەمما ماڭا ئەرز - ھال قىلماق مۇشكۇل.

ئەكبەر بەيرەمخانىنىڭ پوچېركىسىنى تونۇيتتى. شېئىردىكى چىنلىق، ھارارەتلىك قەلبىنىڭ دەردى ۋە شېئىر قەلىمىنىڭ تەسىر كۈچى ئۇنى ئۆزىگە رام قىلدى. بەيرەمخانىنىڭ ياشلىقىدا گۈلرەڭ بېگىمگە ئاشىق بولۇپ ئېرىشەلمىگەنلىكىنى ئەكبەر بىلەتتى. سەلىمەنىڭ ئانىسىغا بەك ئوخشايدىغانلىقىنىمۇ ئاڭلىغانىدى. ئاشۇ كونا دەرد يېڭىلىنىپ، ئاتالىقىنى شۇنچىۋالا مۇشكۇل ئەھۋالغا سېلىپ قويغانلىقى، ئۇنىڭ ئۆز شېئىر مىسرالىرىدا بۇنى چىنلىق بىلەن ئېيتقانلىقى ئەكبەرنى لال قىلىپ قويدى. ھەقىقەتەنمۇ، خان ئاتانىڭ ياشقىنا سەلىمەدىن ۋىسال تەلەپ قىلىشى بەك تەس. ئۇنىڭغا ئەرز - ھال ئېيتىشمۇ ناھايىتى قىيىن، ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ يۈرۈش تېخىمۇ مۇشكۇل ئىش. كۆڭۈل دېگەننىڭ ئادەمنى نېمە كويلارغا سالىدىغانلىقىنى ئەكبەر ھېلىقى كۈنى خان ئاتانىڭ ياش يىگىتلەردەك تارتىنىپ گەپ قىلىشىدىنلا كۆرگەنىدى.

— ئەمدى قانداق قىلىسىز؟ — دەپ ئانىسىغا قارىدى ئەكبەر.

شۇ قىيىن ئەھۋالدا بېگىم ھۇمايۇننىڭ روھىغا تېۋىندى.

— ھەزرەت ئاتىڭىز ۋەدە بەرگەنىكەن، ئۆزىڭىز ئاڭلىدىڭىز بالام.

سەلىمە بېگىم يىغلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ھەزرەت تاغام تىرىك بولغان بولسا ماڭا رەھىم قىلماسمىدى ؟ مەنمۇ ھەزرەت بابۇرنىڭ نەۋرىسى ئەمەسمىغۇ ؟ بوۋىمىز ئۆز قىزلىرىنى ئۈچ خوتۇنلۇق قېرى بەگلەرگە بېرىپ ، خار قىلغان ئەمەستىغۇ ؟ ماڭا ئۇ-زۇمگە مۇناسىپ يىگىت تېپىلماي قالارمۇ ؟

شېئىر مەشىق قىلىپ يۈرۈپ دىلىدىكىنى راۋان ئېيتىشقا ئۆگەن-گەن سەلىمەنىڭ بۇ گەپلىرى ئەكبەرنى لەرزىگە سالدى . ئۇنىڭدا بىر-دىنلا بابۇرلارغا خاس غۇرۇر ، ئىززەت - نەپس ئويغاندى .

— بىز ھازىر شۇنچىلىك ھىمايىسىز ، بىچارە ئائىلە بولۇپ قال-دۇقمۇ ، ئانا ؟ مېنىڭ پادىشاھلىقىم نەدە قالدى ؟ خان ئاتا شىللىمىزغا مىنىۋېلىۋاتىدىغۇ ؟ ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مىرزىخان ھازىر يىگىرمە بەش ياشتا ! ئون توققۇز ياشلىق خوتۇنى نازىيە بار ! يەنە سەلىمەگە . . . سا-قلىنى بوياپ . . . بۇ . . .

ئەكبەر بىلەن ئاتالىقىنىڭ ئارىسىغا بىردىن دەز كەتكەندەك بول-دى . ھەمىدە بېگىم بۇنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقتى .

— بەيرەمخان سىز ئۈچۈن ئاتا ئورنىدىغۇ ، ئەكبەرجان ، ھەرگىز ئۇنىڭغا قارشى گەپلەرنى قىلماڭ . ئىغۋاگەرلەر كۆپ ، دەرھال ئۇنىڭغا يەتكۈزىدۇ .

— يەتكۈزسە يەتكۈزسۇن ! — دېدى ئەكبەر ، — قورقۇپ خار بولۇپ ياشىغاندىن ، مەردانە ئېلىشىپ ئۆلگەن ياخشى .

ھەمىدە بېگىم ئەكبەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ئۇنىڭ يەل-كىسىدىن قۇچاقلىدى :

— بالام ، باتۇرلار ئەۋلادىسىز ، سىزنىڭ شىر يۈرەك يىگىت بو-لۇشىڭىزغا ئىشەنچىم كامىل ! لېكىن ، ئەمدى ئون ئالتىگە كىردىڭىز ، ئالدىرىماڭ . بىر - ئىككى يىل كۈچ يىغىڭ ، ھېچبولمىسا ، ئون سەك-كىزگە كىرىڭ . دۆلەتنى ئۆزىڭىز باشقۇرىدىغان بولۇڭ . بىز بۇنى سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتىمىز .

ئەكبەر سەلىمەگە سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى . قىز خالارمىدى-كىن ؟ لېكىن ، سەلىمە ئىختىيارىنىڭ ئۆزىدە ئەمەسلىكىنى بىلەتتى .

ئەكبەردىن ھىمايە تەلەپ قىلىشىنىڭ بەك خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ، ھازىر بەيرەمخان بىلەن ئىلىشسا ، ھالاك بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى سەلىمە سېزىپ تۇراتتى . ئۇ ئۆزىنى يىغىدىن زورىغا تۇتۇپ :

— ئەمىرزادەم ، ئانىمىز راست ئېيتىدۇ ، — دېدى ، — مەن بەختى قارا قىز ئىكەنمەن . يېتىمچىلىكتە چوڭ بولدۇم . مېنى دەپ بۇنداق بالا ـ قازانى بويىنىڭىزغا ئالماڭ . مەن تەقدىرىمگە پۈتۈلگىنىنى كۆرەي . لېكىن ، تا ئۆلگۈچە سىزنى قەلبىم تۆرىدە ساقلايمەن . خەير!

سەلىمە يىغلىغان پېتى ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى . ئۇنىڭ ئەلەملىك سۆزلىرى ۋە ئاچچىق يىغىسى ئەكبەرنىڭ قەلبىدىكى قۇدرەتلىك بىر تۇيغۇنى ئويغاتقاندەك بولدى . بۇ تۇيغۇ مۇھەببەتمۇ ياكى پەقەتلا مېھىر ـ شەپقەتمۇ ؟ بۇنى ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى . ئۇ تامقىغا بىر نەرسە تىقىلىپ ، ئاۋازى بوغۇلغان ھالدا گەپ باشلىدى :

— سەلىمەگە بۇنداق زۇلۇم قىلىنسا ، بىز قانداق قاراپ تۇرالايمىز ، ئانا ! مەن ھازىر بېرىپ خان ئاتىمىز بىلەن سۆزلىشىمەن .

بەيرەمخان ئۆتكەن كۈنى دېھلىدىن ئەگرەگە كەتكەنىدى . بۇنى بىلىدىغان ھەمىدە بېگىم :

— شاھ ئوغلۇم ، سىز بۇ ماجىراغا ئارىلاشماڭ ، — دېدى ، — بۇ ، سىز ھەل قىلىدىغان ئىش ئەمەس ! بەيرەمخان ئاتىڭىزنى نەچچە ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغان ، سىزنىمۇ يامان پالاكەتلەردىن قۇتقۇزغان . ياخشىلىقنى قايتۇرۇش ئاسان ئەمەس . بۇمۇ بەزىدە قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ . مەن ئۆزۈم بىر ئامال تاپاي . ئادەملىرىڭىز كۈتۈپ تۇرىدۇ ، يولدىن قالماڭ .

ھەمىدە بېگىم ئوغلىدىن بىرەر كۈن ئايرىلغۇسى كەلمىسىمۇ ، لېكىن شۇ پېشكەللىك تۈپەيلى ، ئەكبەرنى تېزراق پەنجاپقا ئۇزىتىشقا ئالدىرايتتى .

— ئەمما ، شەيخ گادايى كەلسە ، رازىلىق بەرمەڭ ، ئالدىراپ كەتمىسۇن ، — دېدى ئەكبەر ، — بىر ـ ئىككى يىل كۈتسۇن . . .

ھەمىدە بېگىم ئىككى ـ ئۈچ ئاي مۆھلەت سورىغاندا ، بەيرەمخان

بەك ئازابلاندى. چۈنكى ئۇنىڭ بىر - ئىككى يىل سەۋر قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يېشى كۈنسېرى ئېشىۋاتقان ئادەملەرنىڭ بۇنداق نازۇك ئىشتا ھەربىر كۈننى غەنىيمەت بىلىدىغانلىقىنى ھەممىدە بېگىم چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ ئەكبەرنى ماڭغۇزۇۋېتىش ئۈچۈنلا:

— ماقۇل، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، بالام، — دېدى - دە، ئوغلىنى ئۇزىتىپ قويدى. لېكىن، يالغۇز قالغان چېغىدا، ھەممە بالاغا ئەمدى ئۆزى قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ۋەھىمە باستى.

## ئەگرە . ھاكىمىيەت تالاش- تارتىشلىرى

ئىگىسىنى يىقىتىۋېتىپ كېتىۋېرىدىغان تۇسۇن ئاتلارمۇ بولىدۇ .
لېكىن ، كۆندۈرگۈچىگە خارتۇمى بىلەن زەربە بېرىپ يىقىتىپ ، ئۇنى
چەيلىۋېتىدىغان مەست پىللارمۇ بولىدۇ . پىللارنىڭ تۇسۇن ئاتلاردىن
چەندان دەھشەتلىك بولىدىغانلىقىنى ئەكبەر ھىندىستانغا كەلگەندىن كې-
يىن كۆردى . بۇ قۇدرەتلىك جانىۋارلار سەبىي بالىلار ۋە ياش - ئۆس-
مۈرلەر بىلەن ئوبدان چىقىشاتتى . ئەكبەر ئون يېشىدا بىھرەدە بىرىنچى
قېتىم پىلغا مىنىپ كۆرگەندە ، خۇددى مېڭىپ كېتىۋاتقان قىيا تاشنىڭ
ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك قورقۇپ كەتكەنىدى . دادىسىنىڭ قەدىردان پىل
باقارى لەئل چاند ئۇنى ئاۋۋال ياۋاش پىللارغا مىندۈرۈپ ئۆگەتتى . پىل-
نىڭ سۇپىرىدەك قۇلاقلىرى ئاستىغا تىزىنى تىقىپ چىڭ ئولتۇرۇش ،
ئەنكۇش دەپ ئاتىلىدىغان تۆمۈر تاياقچە بىلەن ئۇنى كۈچەپ باشقۇرۇش
ۋە پىل باقارلىققا ئائىت باشقا نازۇك ئىشلار ، تەييارلىقلارنى بەجا كەلتۈ-
رۈشنى ئەكبەر ئون ئۈچ يېشىدا بىلىپ بولدى . پىللار تاتلىق نەرسى-
لەرنى ياخشى كۆرگەچكە ، شېكەر قومۇش يەيتتى . ئەكبەر پەنجاپنىڭ
مەنكات دېگەن يېرىدىكى چوڭ پىلغا بۇ جانىۋارلار ياخشى كۆرىدىغان
يېمىش بىلەن پىشۇرۇلغان گۈرۈچ ، بادام ۋە ھەسەل قوشۇلغان يېمەك-
لىكلەرنى يېگۈزگەنىدى ؛ دىلشانكار ، دەمۇدار ، جھالپا دېگەن پىللار بە-
لەن ناھايىتى ئىناق بولۇپ قالغانىدى . بۇ زېرەك جانىۋارلار ياخشىلىقنى-
مۇ ، يامانلىقنىمۇ ئۇنۇتۇمايتتى . بىھاي دېگەن بىر پىل باقار ئەكبەر
دەمۇدارغا بەرگەن يېمەكلىكلەرنى ئوغۇردىن ئېلىپ باشقا پىلغا بەرگەنى-
كەن . بىر كۈنى دەمۇدار مەست بولۇپ زەنجىرنى ئۈزۈۋېتىپ چىقىپ
كەتتى ، بىھاي ئالدىغا ئۆتۈپ ئۇنى توختاتماقچى بولغاندا ، خارتۇمى بە-
لەن ئۇنى ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى . بۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە ئەكبەر پىل ياخشى

كۆرىدىغان تاتلىق - تۈرۈملارنى ئېلىپ كېلىپ قالدى. دەمۇدار ئۇنى تونۇدى. ئەكبەر قولىدا ئەنكۇش تۇتقان هالدا:

— دەمۇدار توختا، دەمۇدار، — دەپ پىلغا چىرايلىق گەپ قىلدى، — مەن ساڭا يېمەكلىك ئېلىپ كەلدىم، ئال، يېگىن، دەمۇدار.

پىل مەست بولغاندا يېمەكلىككە ئانچە نەزەر سالمايتتى. ئەمما، ئەكبەرنىڭ ئىلگىرىكى ياخشىلىقلىرى دەمۇدارنىڭ ئېسىدە ئىدى. ئەكبەر ئۇنىڭ ئالدىنقى ئوڭ پۇتىنى سىلاپ:

— دەمۇدار، پۇتۇڭنى كۆتۈر! — دېدى. پىل پۇتىنى كۆتۈرۈپ بەرمىسە، ئۇنىڭغا مىنگىلى بولمايتتى. دەمۇدار خارتۇمىنى قاتتىق سىلكىپ نەرە تارتتى. ئۇنىڭ پۇتۇن ۋۇجۇدى غەزەپكە كەلگەن بۇ پەيتتە، ئۇستىگە هېچكىمنى مىندۇرگۇسى كەلمەيتتى. لېكىن، ئەكبەر ئۇنى سىلاپ - سىيپاپ، يەنە سىلىق گەپلەرنى قىلىپ، هىند تىلىدا:

— بىللې! دەمۇدار، بىللې![1] — دېدى.

ئاخىر دەمۇدار ئوڭ پۇتىنى ئەگدى - دە، كەڭ ۋە قارا تاپىنىنى ئەكبەرگە سۇندى. ئەكبەر شۇ تاپانغا دەسسەپ قولىنى يۇقىرىغا قويۇپ، پىلنىڭ قېلىن قۇلىقىدىن تۇتقىنىچە بويىنىغا چىقتى. ئەكبەر ئۇنى ئورمانغا سەيلىگە ئېلىپ باردى، دەريا سۇيىگە چۆمۈلدۈردى، پىلنىڭ غەزىپى بېسىلغاندىن كېيىن، پىلخانىغا ئېلىپ كەلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن پىل باقارلار ئەكبەرنىڭ پىلشۇناسلىق ئىقتىدارىغا ۋە جۈرئىتىگە قايىل بولۇشتى. لەئىل چاند ئۇنىڭغا پىل كۆندۈرۈشنى ئۆگىتىشكە باشلىدى.

ھەربىي پىللارنى جەڭگە تەييارلاش ئۈچۈن، ئۇلارنى مەست قىلىپ سوقۇشتۇرۇپ كۆرۈش ئادىتى هىندىستاندا قەدىمدىن بار ئادەت ئىدى. پىللار سوقۇشقا چىققاندا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئولتۇرغانلارنىڭ هەممىسى كۆندۈرگۈچىلەر بولاتتى. چوڭ مەيدان ئوتتۇرىسىغا توپىدىن كۆتۈرمە قىلىناتتى. ئىككى پىل كۆتۈرمە ئۇستىگە چىقىپ، ئىككى ياندىن كېلىپ، ئاۋۋال خارتۇمى ۋە چىشى بىلەن بىر - بىرىنى ئۇرۇشقا

① بىللې — پۇتۇڭنى كۆتۈر. مېنى ئۇستۇڭگە مىندۇر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

باشلايتتى . ئۇلارنىڭ يوغان پۇتلىرى ئاستىدا توپا ئۆرلەيتتى . پىلچىلار پىللىرىغا بۇيرۇق بېرىپ ، چارە ـ ئامال كۆرسىتىشىپ تۇراتتى . پىللار بەزىدە شۇنداق قاتتىق سوقۇشاتتىكى ، كۆندۈرگۈچىلەر بوشراق ئولتۇرغان بولسا ، نېرىغا قاڭقىپ كېتەتتى . پاراسەتلىك پىل ئۆز رەقىبىنى مەغلۇپ قىلىشتا ، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كۆندۈرگۈچىنى يىقىتىشقا ، ئۇنى خارتۇمى بىلەن ئۇرۇپ چۈشۈرۈشكە ھەرىكەت قىلاتتى . چۈنكى ، كۆندۈرگۈچىسى ئۇرۇپ چۈشۈرۈلگەن پىل يېڭىلگەن ھېسابلىناتتى .

شۇنىڭ ئۈچۈن پىلنى سوقۇشتۇرۇشقا ئېلىپ چىقىدىغان كۆندۈرگۈچى خۇددى ئۆلۈمگە كېتىۋاتقان ئادەمدەك ، ئۆيدىكى يېقىنلىرى ۋە پىلخانىدىكى كەسىپداشلىرىدىن رازى ـ رىزالىق ئېلىپ ، تونۇشلىرى بىلەن خەيرلىشىپ مەيدانغا چىقاتتى .

ئەكبەر بالىلىق قىلىپ مانا مۇشۇنداق خەتەرلىك پىل ئۇرۇشىغا بىرىنچى قېتىم قاتناشقاندا ، ئون تۆت ياشتا ئىدى . بەيرەمخان پىل ئۇرۇشىدا ئەكبەرگە بىر كېلىشمەسلىك كېلىپ قالدۇ . دەپ ئەنسىرەپ ، ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرمىدى .

ــ تاجدار شاھزادىلەرگە ھەتتا چاۋغان ئويناشمۇ مۇمكىن ئەمەس ، ــ دېدى بەيرەمخان ، ــ چۈنكى قارشى تەرەپ قەستەن تاياق ياكى چاۋغان بىلەن ئۇرۇپ ، تاجدارغا زەخمەت يەتكۈزۈشى مۇمكىن . پىل سوقۇشتۇرۇش بولسا چاۋغاندىن مىڭ ھەسسە خەتەرلىك !

لېكىن ، ئەكبەرنىڭ مەست پىللارنى قانداق دادىللىق ۋە ئۇستىلىق بىلەن مىنگەنلىكىنى ئاتالىقمۇ كۆرگەنىدى . ئەكبەر دەمۇدار دېگەن چوڭ پىلنى مەستلىكى يېشىلگەندىن كېيىن ، بەيرەمخانغا ئىنئام قىلدى . ئۇنىڭدىن مەمنۇن بولغان ئاتالىق ئاخىر ئەكبەرنىڭ پىل كۆندۈرۈش ۋە پىل سوقۇشتۇرۇشىغا رۇخسەت قىلدى .

ئەكبەر جالپا دېگەن جەڭگىۋار پىلنى مىنىپ مەيدانغا چىقتى ، لەكنا دېگەن ئىككىنچى مەست پىلنى لەئل چاند مىندى . بەيرەمخان رەقىب سۈپىتىدە ئەكبەرنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنى قوغدايدىغان پىلنى قويغانىدى . پىللار بىر ـ بىرىنى خارتۇمى ۋە چىشى بىلەن ئۇرۇپ ،

بىرىپىرىم سائەت ئۇرۇشتى. شۇنداقتىمۇ پىلچىلارنى يېڭەلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېلىشىش توختىتىلدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت يىل داۋامىدا ئەكبەر خېلى كۆپ مەست پىللارنى مىندى ۋە ئۇلارنىڭ رەھىمسىز جەڭلىرىگە قاتناشتى. ئۇ ئەگرەدىكى كەسكىن زىددىيەتلەردىن ۋە ئاتالىقى بىلەن ئىككى ئۆينىڭ ئارىسىنى بۇزۇۋاتقان بەگ ـ ئەمەلدارلارنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىدىن كۆڭلى غەش بولغان چاغلاردىمۇ پىل مىنىپ كۆڭلىنى ئاچاتتى.

× × ×

ئەكبەر مەنكاتتا يۈرگەن چاغلىرىدا بەيرەمخان ئۈچ كۈن توي بېرىپ، سەلىمە بېگىمگە ئۆيلەندى. شۇنىڭدىن بېرى، ئىككىسى ئارىسىدا بولغان كۆڭۈلسىزلىكلەر بارا ـ بارا كۆپىيىپ كەتتى. تۇردىبەگ ئۆلتۈرۈلگەندىن بۇيان، بەيرەمخاننى يامان كۆرىدىغان ماھىم ئىنكئانا خانى خانانىنى ئەكبەرگە يامانلاپ بەردى:

— ھاكىمىيەت ئاتالىقىڭىزنى ھولۇقتۇرۇپ قويدى، خانى خانان ئىلگىرى بۇنداق ئەمەس ئىدى. ھازىر ئۇ بۇ ئورۇنىمۇ قانائەت قىلماي، ئۆزى پادىشاھ بولماقچىمىش! ئۇ، سەلىمە بېگىمدىن ئوغۇل پەرزەنت كۆرسە، «بۇمۇ بابۇر ئەۋلادىدىن» دەپ ئۆز ئادىمىنى تەختكە چىقىرىپ، سىزنى تەختتىن چەتلەتمەكچى! ئەمىرزادەم، ئېھتىيات قىلىڭ!

ئەكبەر بەيرەمخاننىڭ بۇنچىۋالا قىلىشىغا ئىشەنمەيتتى. ئەمما ئۇنىڭدىن بەكرەك ئېھتىيات قىلىدىغان بولدى. كۆڭلىدە ئاتالىققا قارشى نارازىلىقلار كۈنسېرى كۆچەيدى. بۇ تۇيغۇلارنىڭ بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى تېشىپ، پارتلاپ چىقىشى مۇمكىنلىكىنى كۆڭلى تۇيۇپ تۇراتتى. بەيرەمخاننىڭ سەلىمە بېگىمگە ئۆيلەنگىنىگە مانا ئىككى يىلمۇ بولدى. ئەمما، تېخىچە پەرزەنت كۆرگىنى يوق. سارايدا بولۇۋاتقان مىش ـ مىشلارنى ئەكبەر كۆكەلدىشى ئەدھەمدىن ئاڭلىدى:

— سەلىمە بېگىم بەيرەمخاندىن پەرزەنت كۆرۈشنى خالىماسمىش. مېنى ئۆز ھالىمغا قويۇڭ. نازىيە بۇۋى سىزگە مۇناسىپ، شۇنىڭ

يېنىغا بېرىلك ، دەپ ئىشكنى ئىچىدىن قۇلۇپلاپ قويۇپتىمش ، سەلىمە بېگىم ئۇنىڭ ئۆزىنى بىرنېمە قىلىپ قويۇشىدىن قورقىمىش ! قېرىغاندا يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنسا بولماسمىدى ؟!

ئەكبەر سارايدا بەيرەمخانىنى كۆرگەندە ، ئۇنىڭ نېمىدىندۇر ئېزىلىپ ، ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى سەزدى . گەپ توشۇغۇچىلار ھەرخىل ئىغۋالارنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا توشۇپ بارسا كېرەك . بىر كۈنى بەيرەمخان ئەكبەر بىلەن خالىي جايدا ئۇچرىشىپ ، ئۇنىڭغا يېڭى يازغان غەزەللىرىدىن بىرنەچچە بېيىت ئوقۇپ بەردى :

ھەر سۆزكى غەرەز گۇي دېسە ، ئەي يار ئىشەنمە ،
ئەربابى غەرەز سۆزىگە زىنھار ئىشەنمە .
ھەردەم ساڭا يۈز سۆز مېنى مەھرۇمدىن ئېيتسىپ ،
ھەر سۆزدە ئۇنىڭ يۈز غەرەزى بار ، ئىشەنمە .
ھەرقانچە جاپا كۆرسە ، ۋاپانى تەركى قىلۇرمۇ ،
بەيرەمكى بىلەر ئۆزىنى ۋاپادار ، ئىشەنمە .

ئەكبەر ئاتالىقىنىڭ بۇ ھېسسىياتلىق بېيىتلار بىلەن نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى .

— خان ئاتا ، مەنمۇ جاپا تارتتىم دەپ ۋاپانى تەرك قىلغان ئەمەسمەن ، — دېدى ، — لېكىن ... ئون سەككىزگە كىردىم ، پادىشاھ دېگەن نامىم بار . شۇڭا ، ئادەملەر ماڭا ئەرز - داد قىلىپ تۇرىدىكەن .

— سىزگە قانداق ئەرزلەر كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ ، ئەمىرزادەم ؟

— شەيخ گادايى سەدرلەر سۇدۇرى[①] بولماقچىمىش ، ئۇ ئادەم شىئە مەزھىپىدىن ، سارايدىكى كۆپچىلىك بەگ - خېنىملار بولسا ، سۇننىيلەردۇر . سۇننىيپەرەس روھانىيلار داد - پەرياد كۆتۈرىدۇ .

— ئەمىرزادەم ، سىز نېمىشقا بۇ داد - پەريادلارغا قۇلاق سالىسىز ؟ بۇ سۇننىيپەرەسلەر مۇتتەھەملىك قىلىدىغۇ ! ھىندىستان ناھايىتى كەڭ دۆلەت . كۆپچىلىك خەلقى غەيرىي دىندا ، شېرخان شۇنى كۆزدە

---

① سەدرلەر سۇدۇرى — ۋەخپە ۋە دىن ئىشلىرى مىنىستىرى .

تۇتۇپ، ھىندىلارغا كەڭ قورساقلىق قىلغانلىقتىن، نۇرغۇن ئۇتۇقلارغا ئېرىشتى. مەنمۇ ھازىر دۆلەت ئىدارىلىرىغا ئەڭ ئىستىپداتلىق ھىندىلارنى ئىشقا ئالماقتىمەن. تادەرمال دېگەن بىر ھىندى ھېساب ـ كىتاب ئىشلىرىغا ناھايىتى ئۇستا. ئۆزى ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىققان كەمبەغەل يىگىت. ئۇ سېلىق ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويماقتا. سۈننىيپەرەسلىرىمىزنىڭ باشلىقى شەيخۇلئىسلام ئەنسارى شۇ ھىندىنى ساراي ئىچىدە كۆرۈپ قېلىپ: « بۇ مەجۇسىينى كىم دەرگاھىمىزغا ئېلىپ كىردى؟ » دەپ جاڭجال كۆتۈردى. شۇ چاغدا شەيخ گادايى مېنىڭ تەرىپىمنى ئالدى. بۇ شەيخ ھىندىستاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. يەرلىك خەلقنىڭ تىلىنى، دىلىنى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۆزى ئادالەتلىك، رەھىمدىل ئادەم.

ئەكبەر: « بۇ شەيخ شۇنچىلىك ئادالەتلىك، رەھىمدىل ئادەم بولسا، سەلىمە بېگىمنى ھارام ھىيلە ئىشلىتىپ دادىسىدىن چوڭ قېرىنداشلىرىغا نىكاھلاپ قويامتى » دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

× × ×

شەيخ گادايى ۋەخپە ۋە دىن ئىشلىرى مىنىستىرى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن، بارلىق قازىلارنى يەكگۈشلىدى، مەسچىتلەرنىڭ ۋەخپىلىرىنى سۈننىيپەرەس روھانىيلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ، ئۆزىگە يېقىن باشقا مەزھەپتىكى شەيخ ۋە ئۆلىمالارغا بېرىشكە باشلىدى. شەيخ ئەنسارى باشلىق سۈننىيپەرەسلەر خۇددى ئۇۋىسى چۇۋۇلغان ھەرىلەردەك قوزغىلىپ، شەيخ گادايغا قارشى چىقتى. ئۇلارغا بەيرەمخاندىن نارازى بولۇپ يۈرگەن بەگ ـ خانىملارمۇ قوشۇلدى.

ئەكبەر كىمنىڭ گېپىگە ئىشىنىشنى بىلەلمەي، ئورۇنسىز ماجىرالاردىن تويۇپ كەتكەندە دېھلىغا ئانىسى ۋە ئىنىكئانىسى ماھىم بۇۋۇنىڭ يېنىغا باردى. لېكىن، دېھلىدا بەيرەمخانغا دۈشمەن بولۇپ قالغانلار ئەگرەدىكىدىنمۇ كۆپ ئىدى. ماھىم ئىنىكئانىنىڭ ئىنىسى شاھابىددىن ھەمىدە بېگىمنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن دېھلى شەھرىگە باشلىق قىلىپ

تەيىنلەنگەنىدى.

بۇ ئادەم جىيەنى ئەدھەمخان ئارقىلىق پىرمۇھەممەد ئەتكە بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن، ھەممىسى بىرلىشىپ، بەيرەمخان بىلەن شەيخ گادا-يىنى چوڭ ئىمتىيازلاردىن چەتلەشتۈرۈش كويىغا چۈشكەنىدى. لېكىن، ئەكبەر ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرسە، ئىچكى ئۇرۇش باشلىنىشى ۋە قان تۆكۈلۈشى مۇمكىنچىلىكىنى بىلەتتى ھەمدە ئۇزىنىڭ ئەتراپىدىكى بەگ-لەرنىڭ ھېچقايىسىسى بۇ كەڭ دۆلەتنى بەيرەمخاندەك باشقۇرالمايدىغانلى-قىنى سېزىپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ دېھلىدىكى زىددىيەتلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ يەنە ئەگرەگە قايتتى. بۇنىڭدىن بىر ئايچە بۇرۇن ئەكبەر ئەگرەدىكى زەرەفشان بېغىنىڭ تاللىق شىپاڭدا ئولتۇرغاندا، پىر مۇھەممەد ئەتكە ھولۇقۇپ كەلدى ـ دە:

ــ ئەمىرزادەم، سىز ھاكىمىيەتنى ئۆز ئىلكىڭىزگە ئېلىشىڭىز لا-زىم، ــ دېدى، ــ ئەگرەدىكى قىلىچخان ئەنجانى كالپىدىكى ئەلقۇلى-خان ئۆزبېكلەرمۇ سىزگە سادىق، شەيخ ئەنسارى پەتىۋا بېرىشكە تەييار. كۆپچىلىك دىن ئەھلىنىڭ شەيخ گادايىنى كۆرەر كۆزى يوق.

بۇ گەپلەرنى شىپاڭ ئارقىسىدىكى دەرەخلەر كەينىدە، گۈللەرنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتىۋاتقان سېرىق ساقال باغۋەن تىڭشاپ تۇراتتى. كابۇلدا سەئىدخىلىل قىلتاماق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەندىن كې-يىن، كامران بىلەن بەككەرگە قاچقان ئەفزەلبېك دېگەن ئادەم شۇ ئىدى. كامران ھۇمايۇن بىلەن ياراشقاندا، ئەفزەلبېك جازادىن قېچىپ پەنجاپقا كەلدى. ئىسلامشاھنىڭ خىزمىتىگە كىرىش ئۈچۈن، ئۆزىگىمۇ مۇبارىزخان دېگەن ئافغانچە يېڭى ئىسىم قويدى. بابۇرىيلارغا ئائىت نۇرغۇن سىرلارنى ئىسلامشاھقا ئېيتىپ بېرىپ، بەش ـ ئالتە يىل ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلغان ئەفزەلبېك ھاكىمىيەت قايتا ئۆزگەرگەندە بەيرەمخان-نىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى.

بەيرەمخان ئۇنى ئەفزەلبېك بولۇپ يۈرگەن چاغلاردا تونۇ-مايتتى. بۇرۇن بىرەر قېتىم كۆرگەن بولسىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. مۇبارىزخان ــ ئەفزەلبېك يىگىرمە يىلدىن بېرى ناھايىتى بەك ئۆز-

گىرىپ كەتكەن، ئۇزۇن ساقاللىق قېرىغا ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئىشپىيونلۇق ئىشىدا ماھارىتى تېخىمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەيرەمخان ئۇنى زەرەفشان بېغىغا باغۋەن قىلىپ تەيىنلىگەن، ئەكبەرنى ئازدۇرماقچى بولغان بەگ ــ خانىملارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئۆزىگە يەتكۈزۈپ تۇرۇشنى بەلگىلەپ، ئىشپىيون قىلىپ قويغانىدى. مۇبارىزخان ئەمدى قۇلىقىنى دىڭ قىلىپ ئەكبەرنىڭ جاۋابىنى كۈتتى.

ــ ئەمما، ئاتالىقىمىز بىزگە كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلغان، ــ دېدى ئەكبەر، ــ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەيمەن.

ــ ئەمما، ئاتالىقىڭىز سىزگە شۇنچە يامانلىقلارنى قىلسا مەيلىمۇ؟ سەلىمە بېگىم ئۇنىڭ دەرگاھىدا بەختسىز. نىجاتلىقنى ھامان سىزدىن كۈتمەكتە! دېھلىدا ئاتىڭىز ئۈچۈن مەقبەرە قۇرماقچى ئىدىڭىز، قۇرۇلۇش ھېلىغىچە باشلانغىنى يوق. ئاتالىقىڭىز كۆپ مەبلەغ بەرمىدى.

ــ ھەتتا شەخسىي خىراجەتلىرىم ئۈچۈنمۇ پۇلنى كەم بېرىپ مېنى ناھايىتى قىسىپ قويۇۋاتقانلىقى راست، ــ دېدى ئەكبەر ئەلەم بىلەن.

ــ ئەمما، بەيرەمخان ئۆزى ھەممىدىن باي. قەندەھاردەك باي ۋىلايەت ئۇنىڭ قولىدا. ھەر يىلى لەك ـ لەك ئالتۇن تەڭگە كىرىم قىلىۋاتىدۇ. ئەتراپىغا شەيخ گادايى، ۋەلىبەگ، شاھقۇلى مەھرەمگە ئوخشاش قىزىلباشلارنى يىغىۋالدى. ئۇلارغا ئەڭ چوڭ ئىمتىيازلارنى بەردى. ئۇلارمۇ سىز ـ بىزدىن باي! قاچانغىچە بىدئەتلىكتە چىدايسىز ئەمرزادەم؟ نېمىلا بولمىسۇن سىز پادىشاھقۇ؟ خەزىنە سىزنىڭكى، ھەممە ۋىلايەتلەردە خۇتبىلەر سىزنىڭ نامىڭىزدا ئوقۇلماقتا. ئەمما، خەزىنىگە سىزنىڭ مۆھرىڭىز بېسىلغان قەغەز ئېلىپ بېرىلسا پۇل بېرىلمەيدۇ. «پەقەت ۋەكىلى سەلتەنەت بەيرەمخانىنىڭ ئىمزاسى، ئىجازىتى بىلەن پۇل بېرىلسۇن!» دېگەن پەرمان بار. خەزىنىچى بۇ پەرمانىنى بۇزسا، جازالىنىدۇ. بۇ ئادالەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟ بۇ پەرماننى قاچان بىكار قىلىسىز؟ ھەممە جايدا سىزنىڭ مۆھرىڭىز بىلەن ئىش بېجى-

رىلىشى كېرەكمۇ؟ بۇيرۇڭ، سادىق بەگ ـ ئەھيانلىرىڭىز بۇنى بەجا كەلتۈرسۇن.

پىرمۇھەممەد ئەتكە ئېيتقان بۇ ئىشنى بەجا كەلتۈرۈش دۆلەتتە سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشتەك مۇشكۇل ۋە خەتەرلىك ئىش ئىدى. بەيرەمخاننىڭ پەيلى مەلۇملۇق. ئەتراپىدىكىلەر ھېچ بالادىن يانمايدىغان شەپقەتسىز ئادەملەر، ئۇلارنىڭ تۇردىبەگنى چېدىردا قانداق ئۆلتۈرگەنلىكى ئەكبەرنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن ئەكبەر:

— ھازىر ئالدىراپ كەتمەيلى، — دېدى، — مەن ئويلاپ كۆرەي.

× × ×

شۇ كۈنى كېچىسى مۇبارىزخان — ئەفزەلبېك بۇ گەپلەرنى ئېيتقىنى ـ تېمىتماي ھەشت بېھىش باغىدىكى بەيرەمخانغا يەتكۈزدى. بەيرەمخان باشتا غەزەپلەندى، كېيىن مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈپ، ئەكبەرنىڭ ۋەزمىنلىكىگە تەن بەردى. ئۇ ئاتالىقا سەلىمە بېگىم ھەققىدە ھېچقاچان بىر ئېغىز گەپ قىلغىنى يوق. سەلىمە بېگىم ئەكبەرگە قېرىنداش، كۆرۈشۈپ گەپلىشىمەن، دېسە ھېچكىم توسۇيالمايدۇ. لېكىن، ئىككى ئارىدا جېدەل قوزغىماسلىق ئۈچۈن، ئەكبەر بەيرەمخاننىڭ ھەرەمخانىسىدىكى نەۋرە سىڭلىسىدىن ئەتەي ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. بەيرەمخان بەزىدە بۇ يىگىتتىكى چىدامغا ھەيران قېلىپ: «ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن ـ دە»، دەپ ئويلايتتى. بابۇرنىڭمۇ شۇ يېشىدا تېرەمزلىق باقى چاغانىيانىنىڭ ئىلگىرىكى ياخشىلىقىنى ئۇنتۇيالماي، ئۇنىڭ نۇرغۇن گۇناھلىرىنى كەچۈرگەنلىكىنى، ھۇمايۇننىڭ ئۆز ئىنىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە قانچىلىك بەرداشلىق بەرگەنلىكىنى بەيرەمخان كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

ئەمما، ئەكبەرنى بەيرەمخانغا قارشى قوزغاتماقچى بولغان پىرمۇھەممەد ئەتكە جازاسىنى تارتىشى كېرەك!

ئەتىسى بەيرەمخان ئۇنى ئۆز ھۇجرىسىغا چاقىرتقۇزدى . نازىرۇل مۇلۇك پىرمۇھەممەد ئەتكە خېلى بالدۇرلا بەيرەمخاننىڭ پەيلىنىڭ يامانلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىغان ۋە ئاغرىپ قالدىم دەپ ئۆيدە بېكىنىپ ياتقانىدى . ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ يالغانلىقىنى پاش قىلىش ئۈچۈن ، بەيرەمخان ئۈچ ـ تۆت يېقىن مۇلازىملىرى بىلەن پىرمۇھەممەدنىڭ ئۆيىگە باردى . ھويلا دەرۋازىسىدا تۇرغان قاراۋۇل :

— رۇخسەتسىز ھېچكىمنى كىرگۈزمەڭ دەپ بۇيرۇغانىدى ، — دېدى ـ دە ، ئىشىكنى ئاچمىدى ، — مەن كىرىپ رۇخسەت سوراپ چىقاي .

قاراۋۇلنىڭ بەيرەمخاننى تونۇماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . دۆلەت باشلىقىنى تاقاقلىق ئىشىك سىرتىدا قالدۇرۇش — بەيرەمخان بىلەن بىللە كەلگەن شەيخ گادايى ۋە شاھقۇلى مەھرەمنىڭ نەزەرىدە ئۇچىغا چىققان ئەدەپسىزلىك ھېسابلاندى . بەيرەمخان قاراۋۇلنىڭ قايتىپ چىقىشىنى كۈتمەيلا ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىسىغا بۇرىدى . بەيرەمخان قايتقاندىن كېيىن ، ۋەلىبەگ ئۇنىڭ نامىدىن پىرمۇھەممەد ئەتكەگە قىسقا بىر پارچە خەت يېزىپ كىرگۈزدى :

《 سەن جانىبى خانى خانانىڭ ھۇزۇرىغا كەلگىنىڭدە غېرىبانە كىينگەن بىر بالا ئىدىڭ ، خانى خانانىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئەتكە بولدۇڭ ، بۇ ئۇلۇغ زات ساڭا نازىرۇل مۇلۇك مەنسىپىنى بەردى . ئەمدى سەن بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇدۇڭمۇ ؟ بىلىپ قوي ، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە سېنىڭ بىر پىيالە سۈچىلىك ھالىڭ بار . ۋەكىلى سەلتەنەت چىمچىلىقى بىلەن بىر ئۇرسا تۈكۈلۈپ چىچىلىپ كېتىسەن . ئەگەر چىنىڭدىن ئۈمىدىڭ بولسا ، تېزىرەك ئەقلىڭنى تېپىپ تەۋبا قىلغىلى كەلگىن . 》

پىرمۇھەممەد خەتنى ئېلىپ كەلگەن كىشىگە : 《 ئەتە ئەتىگەندە بارىمەن 》 دەپ جاۋاب بەردى . كەچتە ئەكبەرنىڭ نامىغا خەت يېزىپ ۋەقەنى بايان قىلدى .

«ئەمىرزادەم، باغدا دېيىشكەن سۆزلىرىمىزنى كىمدۇر بىرى ئاتالىقىمىزغا يەتكۈزگەن ئوخشايدۇ. مەن بېشىمنى بىر ياققا ئالمىسام، قەست قىلغۇدەك. ۋەلىبەگ يازغان خەتتى ئوقۇپ كۆردۈم. مۆھۈرنى خانى خانانغا قايتۇرۇپ بەرمەكچىمەن. مېنىڭ مەنسىپىم ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن بىرەرىگە لازىم ئوخشايدۇ. ئەمما سىزگە ھەمىشە سادىقمەن، قاچان چاقىرسىڭىز، ھۇزۇرىڭىزغا يېتىپ كەلگەيمەن.»

پىرمۇھەممەدنىڭ نازىرۇللۇقتىن تاشقىرى، پەنج ھازارا ① دېگەن ھەربىي ئۇنۋانى ۋە بەش مىڭ نۆكىرى بار ئىدى. قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئۇ ئەڭ سادىق كىشىلىرىدىن مىڭ نەپەرنى يىغدى-دە، ئەگەردىن يوشۇرۇنچە چىقىپ گۇجارەت تەرەپكە كەتتى.

بۇ چاغدا، بەيرەمخاننىڭ يېقىنلىرى ئۇنى ئاتالىققا قارشى پىتنە-پاساتلار بىلەن ئەيىبلەپ، تۇتقۇن قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇققا قول قويدۇرغانىدى. تۈن يېرىمىدىن ئاشقاندا، تۇتۇش ئۈچۈن كەلگەن ئادەملەر ئۇنى تاپالمىغاندىن كېيىن، مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلدى. ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى بىئەنە قەلئەسىگە ئېلىپ بېرىپ تۇتقۇن قىلدى.

بەيرەمخاننىڭ يېنىدا چوڭ مەنسەپكە كۆز تىكىپ يۈرگەنلەردىن بىرى ئىرانلىق ھاجى مۇھەممەد سىپىستانى ئىدى. ئىككى كۈن ئۆتمەستىن بەيرەمخان بۇ ئادەمنى پىرمۇھەممەدنىڭ ئورنىغا ئىچكى ئىشلار نازىرى قىلىپ تەيىنلىدى. ئەگەردە ئەكبەر تايىنىدىغان سىرداش نازىرۇل مۈلۈك ئەمدى يوق بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بەيرەمخاننىڭ يەنە بىر ئەشەددىي تەرەپدارى ئىگىلىدى.

ئەكبەر پىرمۇھەممەدنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ، جۈملىدىن ئايالى ھەكىمە بۇۋىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەيرەمخاننىڭ ھۇزۇرىغا كىردى:

— خان ئاتا، ھەكىمە بۇۋى ماڭا ئاق سۈت بەرگەن ئىنىكئانا! ئۇنىڭدا ھېچ گۇناھ يوق، تۇتقۇندىن بوشىتىڭ.

— ئەمىرزادەم، پىرمۇھەممەد ئەتكەڭىزنىڭ ماڭا قارشى پىتنە

---

① پەنج ھازارا — بەش مىڭ بېشى دېگەن مەنىدە، گېنېرال ئۇنۋانى بىلەن تەڭ.

قوزغىماقچى بولغانلىقىدىن خەۋىرىڭىز باردۇر ؟

— مەن ئۇنى بۇ يامان يولدىن قايتۇرغانىدىم .

— ئەمما ئۇ قايتمىدى . ئەيىبىنىڭ بويىنىغا توقۇلۇشىنى سېزىپ قېچىپتۇ . ئائىلىسى بولسا ، بۇ ئىشتا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپتۇ .

ئەنىڭ قېچىشىغا سىزنىڭ نامىڭىزدىن يېزىلغان بۇ مەكتۇپ سەۋەب بولغان ! — ئەكبەر ۋەلىبەگنىڭ پىرمۇھەممەدگە دوق قىلىپ يازغان هاقارەتلىك خېتىنى ئاتالىققا كۆرسەتتى ، — خان ئاتا ، ئەتراپىڭىزدىكى بەزى جانابلار سىزگە ئەركىلەپ ، ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ . سىز ماڭا « ئىشەنمە » دېگەن غەزىلىڭىزنى ئوقۇپ بەرگەنىدىڭىز . « غەرەزگۆيلارغا ئىشەنمە » دېگەن گەپنى ئەمدى مەن سىزگە دېمەكچىمەن !

— ئەمما سىز ماڭا ئىشەنمەسىز . ئەمىرزادەم ؟ پىرمۇھەممەد مېنى دۆلەت ھاكىمىيىتى ئۈستىدىن ئاغدۇرماقچى بولدى . خوتۇنىمۇ بۇ ئىشتا ئۇنىڭغا ھەمكارلاشتى . شۇنىڭ ئۈچۈن تۇتقۇن قىلىندى . بۇنىڭغا ئەشەنمىسىڭىز ، دېمەك . ماڭا ئىشەنمەيسىز !

— ئىنىكئانا ماڭا ئانام ئورنىدا ، ھەر ئىككىڭلارغا ئەشىنىپ يۈرگەنمەن !

— ئەمما ، ھاكىمىيەتنىڭ ھەممە تىزگىنلىرىنى بىر ئادەم ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرمىسا . دۆلەتنى باشقۇرغىلى بولمايدۇ ، ئەمىرزادەم ! سىز ھازىر بۇ مىڭ چاقلىق چوڭ ھارۋىنى باشقۇرۇشنىڭ قانچىلىك قىيىنلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز . ھاكىمىيەت دېگەن نېمە ؟ ئاددىي قىلىپ ئېيتقاندا ، مىڭلىغان تۇسۇن ئات قوشۇلغان چوڭ ھارۋا ! مىڭ چاقنىڭ ھەممىسى تىنىمسىز ھەرىكەتتە . مىڭ ئاتنىڭ تىزگىنلىرىنى توغرا يولغا سېلىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ . سەل ئېھتىياتسىزلىق قىلسىڭىز ، ئاتلىرىڭىز ھارۋىنى پاتقاقلىققا ئېلىپ قاچىدۇ ، پاتقاققا پاتقۇزۇپ قويىدۇ ، ھەتتا يارغا ئۆرۈۋېتىدۇ . ئارىغا يات ئادەملەر كىرىپ ، تىزگىنلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۇياققا ، بىر قىسمىنى بۇياققا بۇرىسا ، ھارۋا يولدىن چىقىپ كېتىپ يارغا غۇلاپ چۈشمەمدۇ ؟

بەيرەمخان ئەكبەرنىڭ كۆزىگە سىناش نەزەرى بىلەن تىكىلدى :

— ئەگەر سىز شۇ مىڭ چاقلىق هارۋىنى مەندىن ياخشى باش-
قۇرالايمەن دېسىڭىز ، ئەگەر مىڭلاپ توسۇن ئاتلارنىڭ تىزگىنلىرىنى
ئىلكىڭىزدە مەندىن ياخشىراق تۇتۇپ تۇرالىسىڭىز ، مەرھەمەت ، مەن
ھەممىنى سىزگە تاپشۇرۇپ بېرەي . دۆلەت ئىشلىرى مېنى بەك چار-
چاتتى . بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك مال - مۈلكۈم بار . باشقا نېمە كېرەك ماڭا ؟
دەم ئالاي ، ئەشئار - شېئىر يازاي . جەڭ - جېدەللەر قىلىپ ، قان تۆ-
كۈپ گۇناھكار بولدۇم . ئېلىڭ بارلىق تىزگىنلەرنى ، ھاكىمىيەتنى ئۆ-
زىڭىز باشقۇرۇڭ !

ئەكبەر ئاتالىقى ئېيتقان چوڭ هارۋىنى ۋە ئۇنىڭغا قوشۇلغان
مىڭلىغان توسۇن ئاتلارنى تەسەۋۋۇر قىلدى - دە ، تېنى شۈركۈندى .
بۇ هارۋىنى ئاتالىقتىن ياخشىراق ھەيدەشكە ئۇنىڭ ھالى يەتمەيتتى . مۇ-
بادا تەۋەككۇل قىلىپ « ئەكىلىڭ چۇلۋۇرنى ! » دېسە ، پىرمۇھەممەد
ئەتكەستەك ئەھۋالغا دۇچار بولۇشى تۇرغان گەپ . چۈنكى ، بەيرەمخان
دۆلەت ھاكىمىيىتى ئۈستىدىن چۈشسە . ئۇنىڭغا تايىنىپ تۇرغان شەيخ
گادايى ، ھاجى مۇھەممەد سىيىستانى ، ۋەلىبەگ ، شاھقۇلىبەگ قاتارلىق
كىشىلەر ئىمتىيازلىرىدىن ئايرىلىشى مۇقەررەر . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بەيرەم-
خان دېسە - دېمىسە ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر ھاكىمىيەت ئۈستىگە باشقا
ئادەمنى يولاتماسلىققا بەل باغلىدى . ناۋادا ، ئەكبەر چىقىدىغان بولسا ،
ئۇنى هارۋىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ - دە ، باشقا ئىتائەتمەنرەك ، ياشراق
بابۇر زاتىنى خوجا كۆرسىتىپ ، پادىشاھ قىلىپ كۆتۈرىدۇ .

بەيرەمخانىڭ كۆزلىرى تېگىگە « قېنى ، ھاكىمىيەت تا-
لىشىپ كۆرچۇ ، قانداق ئەھۋالغا قالىسەنكىن ! » دېگەندەك كى-
نايە يوشۇرۇنغاندى .

تېخى يېقىندا ئانىسى دېھلىدىن ئەكبەرگە خەت يېزىپ ، ئۇنى ئا-
گاھلاندۇرغاندى :

**« ئەگەر سىز ئاتالىقىڭىزغا قارشى بىلىش كۆتۈرسىڭىز ، بەيرەمخانىڭ تە-**
**رەپدارلىرى سىزنى قويۇپ ، ئورنىڭىزغا كامران مىرزىنىڭ ئوغلى ئوبۇلقاسىمنى**

**تەختكە چىقارماقچىمىش . ئۇنىڭ دادىسىمۇ پادىشاھ بولغانىغۇ ! تىنچ يۈرۈڭ ، ئەكبەرجان . ئەگەر دېھلىغا كەلسىڭىز ، ئوبۇلقاسىمنى بىللە ئېلىپ كېلىڭ . بۇ مەكتۇپنى كۆيدۈرۈۋېتىڭ . سىزنى سېغىنغان ئاتىڭىز . »**

ئوبۇلقاسىم ھازىر تېخى ئون ئىككى ياشقا توشمىغان كىچىك بالا . بەيرەمخان ئۇنىڭغا يەنە بەش - ئون يىل ئاتالىق قىلىشى مۇمكىن . ئۇنىڭغىچە سەلىمە بېگىم ئوغۇل تۇغۇپ بېرەر . ئەكبەر بولسا ئون سەككىزگە كىرىپ ، ھاكىمىيەت تىزگىنىنى قولىغا ئالىدىغان ياشقا يېتىپ قالغانىدى . . .

ئاتالىقنىڭ سىناق نەزەرى ئالدىدا بۇ ئىشلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئۆزى ئەكبەرنى دەھشەتكە سالدى .

— خان ئاتا ، مەن سىز بىلەن ھاكىمىيەت تالاشمايمەن ، — دېدى ، — سىز ئېيتقان مىڭ ئاتلىق ھارۋىنى باشقۇرۇشنىڭ قانچىلىك قىيىنلىقىنى ماڭا ھەزرەت ئاتام ئېيتقان . ھەزرەت بوۋام كىتابلىرىدا يازغان . مەيلى ، ھەممە تىزگىنلەر سىزنىڭ قولىڭىزدا تۇرسۇن . پەقەت مېنىڭ ئىلتىماسىم رەت قىلىنمىسا . ھەكىمە ئىنىكئانام تۆھمەتكە ئۇچراپ ، زىنداندا ياتمىسۇن . قويۇپ بېرىڭ !

قېچىپ كەتكەن پىرمۇھەممەدكە نەپرىتى چەكسىز بولغان بەيرەمخان :

— ھەممىسىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ ، گۇناھلىرىنى بويۇنلىرىغا ئالدۇرىمىز ! — دېدى .

دېمەك ، تۇتقۇندىكىلەرنى گۇناھلىرىغا ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇن قىيىن - قىستاقلاردىن ئۆتكۈزۈشى مۇمكىن . . .

× × ×

ئەكبەر بۇ ھەقتە ئاتالىق بىلەن يەنە گەپ تالىشىپ ئولتۇرماستىن ، كۆڭلى بىر قىسما بولغان ھالدا سارايدىن چىقىپ ، پىلخانا تەرەپكە ماڭدى . بۇ جايدىن مەست پىلنىڭ ھۆركىرەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

پىل كۆندۈرگۈچىلەرنىڭ باشلىقى لەئل چاند ئاتمىش ياشلار چامىسىدىكى ئادەم بولۇپ، خېلى قېرىپ قالغانىدى. ئۇ بۈگۈن ئۆيگە كەتكەن، ئۇنىڭ ئورنىغا يىگىرمە ياشلار ئەتراپىدىكى ئوغلى بىھشان چاند ئىشلەۋاتتى.

جەڭلەردە ئالدىنقى سەپلەردە تۇرىدىغان فەۋجىدار① ئىسمىلىك بىر پىل زەنجىرنى ئۈزگۈدەك بولۇپ سىلكىنىپ نەرە تارتاتتى. ئەكبەر ئۇنىڭ مەستلىكىنى سېزىپ قالدى. بىھشان چاند فەۋجىدارنىڭ يېمىگە مەستلىك تارقىلىدىغان دورىلىق ئوتنى ئارىلاشتۇرۇپ بەردى. ئەمما، پىل بۇ يەمنىڭ ھىدىنى يامان كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ يەمگە قارىمىدى. ئۇ پىل چاڭقىغاندا ئىچىدىغان سۇغا تاتلىق - تۈرۈم بىلەن دورىلىق ئوتنى ئارىلاشتۇرۇپ، ياغاچ چېلەككە سېلىپ، پىلنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. ئەمما، پىل كۆندۈرگۈچى ئۇنىڭغا يەنە ئۇ يامان كۆرىدىغان يەمنى ئېلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن فەۋجىدارنىڭ غەزىپى تاشتى. مەستلىكتە ئىگىسىنى تونۇمايدىغان فەۋجىدار خارتۇمى بىلەن پىل كۆندۈرگۈچى كۆتۈرۈپ كەلگەن چېلەكنى شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، چېلەك خېلى يىراق يەرگە بېرىپ چۈشتى. بىھشان چاند يەنە بىر يانغا يىقىلدى. چېلەكتىكى تاتلىق سۇ ئۇنىڭ ئۈستىگە چېچىلدى. ئۇ پىلنىڭ ئايىغى ئاستىدا قېلىشتىن قورقۇپ ئۆملەپ چەتكە قاچتى.

ئەكبەر فەۋجىدارنىڭ زەنجىردىن بوشاناقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئورماندا، دەريا بويىدا ئەركىن يۈرگەن پەيتلىرىنى ئەسلەۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھازىر سارايدىكى زىندىيەتلەر زەنجىرىدىن قۇتۇلۇشنى ئىستەيتتى. شۇڭا ئۇ بىھشان چاندقا قاراپ:

— مەن فەۋجىدارنى مىنىپ سەيلە قىلىپ كېلەي، بولامدۇ؟ — دېدى.

— ياق، ياق. ئەمىرزادەم، ئۇنىڭغا يېقىن بارماڭ. فەۋجىدار جەڭلەردە ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئۆگەنگەن شەپقەتسىز پىل، بوشاتساق سىزنى يىقىتىۋېتىپ، قېچىپ كېتىدۇ! مەن سىزنىڭ سەيلە قىلىشىڭىزغا

① فەۋجىم — ھەربىي قىسىم، پىللار قوشۇنى. فەۋجىدار — قوشۇن باشلىقى.

باشقا پىل بېرەي.
ئەمما، ئەكبەرنىڭ ھازىر شۇ مەست پىلنى مىنگۈسى كېلىپ
قالدى. ئۇنىڭ ۋەھىمىلىك خەۋپ - خەتەر تۇيغۇسى ئارقىلىق قەلبىدىكى
دىلخەستىلەرنى يوقاتقۇسى كېلەتتى. شۇڭا، بېھشان چاندىنىڭ گېپىگە
قۇلاق سالماي، فەۋجىدارنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى. پىل ئارقا تەرەپتىن
زەنجىرلەنگەن بولۇپ، تېرىسى قېلىن بولسىمۇ، ھەدەپ سىلكىنگەنلىك-
تىن، پۇتى خېلى سۇرۇلۇپ زەخىملەنگەنىدى. ئەكبەر قولىدا تۆمۈر تا-
ياقچىنى تۇتۇپ پىلنىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئىلاجى بار سىلىق
گەپ قىلىپ يېقىنلاشتى. ئەكبەر ئىلگىرى فەۋجىدارغا ئۈچ - تۆت قېتىم
مىنگەن ھەم ئۇنىڭغا تاتلىق - تۈرۈملاردىن بەرگەنىدى. ھازىر بۇ
ئىشلار پىلنىڭ يادىغا كەلدى. ئەكبەر زەنجىرنى بوشاتقاندا
پىل ئىللىق نەزەردە ئۇنىڭغا قارىدى. ئەكبەر يېقىن بېرىپ،
ئۇنىڭ باش ۋە تېنىنى سىلاپ - سىيپىدى:

— قېنى، فەۋجىدار، پۇتۇڭنى چىقار! بول! فەۋجىدار!

فەۋجىدار نەرە تارتىپ نارازىلىق بىلدۈردىيۇ، كېيىن ئوڭ پۇتىنى
چىقىرىپ يۈكۈنۈپ، ئەكبەرنىڭ مىنىشىگە ئوڭايلىق تۇغدۇردى. ئەكبەر
تىزىنى پىلنىڭ قۇلىقى تۈۋىگە تىقىپ، ئۇنىڭ گەدىنىگە مەھكەم
ئولتۇرۇۋېلىپ:

— يۈر! — دەپ بۇيرۇق بەردى، — تېز ماڭ!

فەۋجىدار ياۋاشلىق بىلەن پىلخانىدىن چىقتى. ئەكبەرنى يوشۇ-
رۇن قوغداپ يۈرىدىغان ئىككى گەۋدىلىك يىگىت ئۇنىڭ ھاياتى ئۈچۈن
جاۋابكار ئىدى. ئەكبەر مىنگەن پىل نەرە تارتقان ھالدا دەريا تەرەپتىكى
قېلىن ئورمانلىققا قاراپ چېپىپ كەتتى. ئەگەشكۈچىلەر ئاتلىنىپ، ئۇ-
نىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئەكبەر قولىدىكى تۆمۈر تاياق بىلەن پىلنىڭ
گەدىنىگە ئۇرۇپ، ئۇنى يولغا سالماقچى بولدى. لېكىن، فەۋجىدار
ئەمدى ئۇنىڭغا بوي بەرمىدى. پىل يولدا ئۇچرىغان بوتىلاقلارنى دەس-
سەپ - يەنجىپ، دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى قارسىلدىتىپ سۇندۇرۇپ
كېتىۋاتقاندا، ئەكبەر ئۇنىڭ بېشى ئۈستىگە ئېگىلىپ، قۇلاقلىرىغا يىپپە-

شىپ ، پەس بولۇۋالمىسا ، دەرەخ شاخلىرىغا ئېلىنىپ يەرگە يېقىلىدىغان-
لىقىنى ھېس قىلدى .

ئاتلىقلار دەرەخلىقتىن ئۆتەلمەي قالدى . بىر چاغدا فەۋجىدار
دەريا بويىغا چىقتى . ھوت ئىپىي . دەريادا سۇ ئازلاپ ، ئوتتۇرىسىدا قۇم-
لۇق ئارالچىلار پەيدا بولۇپ قالغانىدى . مەست پىل ئۆزىنى دەرياغا تاش-
لىدى . ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئەكبەر پىلنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرىدىغان
ئۆلۈم خەتىرىنى ھېس قىلغانىدى ، قەلبىدە ھايات - مامات تۇيغۇسى
كۆچىيىپ ، ئۇنى قىينىغان زىددىيەتلەر خىيالىدىن بارا - بارا كۆتۈرۈلۈپ
كەتتى . دەريا سۈيى ئۇنىڭ يۈزىگە ، قوللىرىغا شۇنداق سىلىق تەگدى .
ئۇ ئاغزىنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ، لەۋلىرى قورۇلۇپ ، تىلى ئاغزىدا
ئەركىن ھەرىكەتلەنمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى .

پىل بوينىغىچە سۇغا چۆكۈپ دەريانىڭ قارامتۇل سۈيىدە ئۈز-
ۈشكە باشلىدى . ئەكبەرنىڭ پۇتلىرى ، شاھانە تونىنىڭ ئېتەكلىرى سۇ
ئىچىگە كىرىپ كەتتى . دەريانىڭ سالقىن سۈيى سەگىتىپ ئۇنى ئۆزىگە
كەلتۈردى ، ئۇ بىر قولىنى سۇغا سالدى - دە ، ئالىقىنىنى چايقىۋېتىپ سۇ
ئېلىپ ئىچتى . شۇ ئارىدا ، لەكنا دېگەن پىلنى مىنگەن بىھشان چاند يې-
تىپ كەلدى - دە ، ئەكبەرنىڭ كەينىدىن دەرياغا چۈشتى . فەۋجىدار
سۇنى ياخشى ئۈزەتتى . كۆپ ئۆتمەي ، دەريا ئوتتۇرىسىدىكى چەتلىرى
قۇملۇق ، ئوتتۇرىسى دەرەخزار ئارالچىغا يېتىپ باردى . ئەمما ، قىرغاققا
چىققۇسى كەلمەي دۆگرەك جايدا توختىدى - دە ، خارتۇمىغا سۇ ئېلىپ ،
ساغرىسىغا سىپىشكە باشلىدى .

لەكنا بىلەن بىھشان چاند ئۇ يەرگە يېتىپ كەلدى . لەكنا چىشى
پىل بولۇپ ، ھازىر ھامىلدار ئىدى . بۇلتۇر فەۋجىدار ئۇنىڭ بىلەن كۆپ
ئويناشقان ۋە ئىككىسى قوشۇلغانىدى . يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن [1]تۇ-
غۇلىدىغان بوتىلاقنىڭ دادىسى فەۋجىدار ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن بىھشان
چاند فەۋجىدارنىڭ غەزىپىنى بېسىشتا ياردەم بېرەر دېگەن ئۈمىد بىلەن
شۇ چىشى پىلنى مىنىپ ئەكبەرگە ياردەمگە كەلگەنىدى . پىللار خارتۇم-

---

[1] پىللار ئۈچ يىل قورساق كۆتۈرۈپ ئاندىن تۇغىدۇ .

لىرىنى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇپ سۆيۈشتى. فەۋجىدار يەنە ۋارقىراپ قويدى. ئەمما، ئاۋازى بۇرۇنقىدەك غەزەپلىك ۋە قورقۇنچلۇق ئەمەس بولۇپ، تەلۋىلەرچە يۈگۈرۈش ۋە سالقىن دەريا بويلاپ سۇ ئۈزۈش بىلەن ئۇنىڭ مەستلىكى بىرقەدەر يېشىلگەنىدى. «پادىشاھقا بىرەر پېشكەللىك يەتسە، مەن بالاغا قالىمەن» دەپ قورقۇپ كەتكەن بىھشان چاندىنىڭ چىرايى ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئەكبەرمۇ ئۆزىنىڭ قوللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى. لېكىن ئۇ بىھشان چاندىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ:

— سىز نېمانچە قورقۇپ كەتتىڭىز؟ — دەپ كۈلدى.

— ئەھۋالىڭىز شۇنداق قورقۇنچلۇق ئىدى - دە، ئەمىرزادەم! كرىشنا①سىزنى پاناھىدا ساقلىسۇن!

— مەن ھەزرىتى سۇلايماندىن②مەدەت سورىدىم. خەيرىيەتكى، ھەر ئىككىمىزنىڭ ئىلتىجايىمىز ئىجابەت بولدى.

ئەكبەرنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن كېيىن، بىھشان چاندىنىڭ يۈزىگە قان يۈگۈرۈپ، كۆزلىرى مەمنۇنلۇق بىلەن چاقناپ كەتتى. ئەكبەرنىڭ ئۇنى ئۆزىگە يېقىن بىلىپ «ئىككىمىز» دېگەن سۆزى ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىملىق ئاڭلاندى. جەڭگەلدە ئادەم ئۆلتۈرۈپ ئۆگەنگەن دەھشەتلىك مەست پىلنى مىنىپ ئورمان، دەريالارنى ئارىلاپ چىقىشقا خېلىلا جۈرئەت بولمىسا بولمايتتى. بىھشان چاندىنىڭ كۆزىگە ئەكبەر رامادەك تاغ يۈرەك يىگىت، ئەينى ۋاقىتتىكى يەنە بىر ئاددىي پىل كۆندۈرگۈچى — مەھاۋەت بولۇپ كۆرۈندى. ئەكبەر ئەنە شۇ ئىككى سۈپىتى بىلەن ماختاشقا، ھىندى يىگىتىنىڭ قەلبىگە ئىنتايىن يېقىن ۋە چىن ئىخلاسقا مۇناسىپ تۇيۇلدى.

— پەقەت پادىشاھ بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئەمەس، بۈگۈنكى جۈرئىتىڭىز ئۈچۈنمۇ مەن سىزگە ئۆمۈرۋايەت ساداقەتمەن بولىمەن! — دېدى بىھشان چاند.

---

① ھىندى خۇدالىرىدىن بىرى.

② رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، سۇلايمان پەيغەمبەر بارلىق ھايۋانلارنىڭ ھامىيسى بولغان.

ئىككى يىگىت دەريا ئوتتۇرىسىدىكى ئارالچىدا بىردەم تۇردى. كەچ كىرەي دېگەندە، نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئېلىپ دەريادىن ئۈزۈپ قىرغاققا چىققاندا فەۋجىدار خېلى بېسىقىپ، گەپكە كىرىپ قالغانىدى. ئەكبەر ئۇنى پىلخانىغا كىرگۈزۈپ قويدى ـ دە، بىئارام بولۇپ ئۆزىنى كۆتۈپ تۇرغان خەۋەرچىسى ۋە مۇھاپىزەتچى يىگىتلەرگە ئات كەلتۈ-رۈشنى بۇيرۇدى.

× × ×

كىيىملىرىگە لاي تەگكەن، يۈزى جىجىلغان، ئەمما كۆڭلى ئې-چىلىپ روھى پاكلانغان ئەكبەر سارايغا ئاتلىق قايتتى. شەھەر دەرۋا-زىسى ئالدىدا ئۇنىڭغا ئىچكىرىدىن مەھرەملىرى بىلەن ئاتلىق چىقىپ كې-لىۋاتقان بەيرەمخان ئۇچرىدى. ئەكبەرنىڭ بۈگۈنكى سەرگۈزەشتىسى ئاللىقاچان ئاتالىقنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن بولسا كېرەك، بەيرەمخان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئەكبەرگە:

— ئەمىرزادەم، بۈگۈن يەنە پىل مەشىق قىپسىز ـ دە، — دېدى.

بەيرەمخانىنىڭ يېنىدا سەمەن ئېتىنى تىزگىنلەپ تۇرغان ئۇزۇن ساقاللىق شاھقۇلىبەگ خوجايىنىنىڭ چاقچىقىنى ماقۇللاپ كۈلدى ـ دە:

— بەلكى ئەمىرزادەم يەنە مەشغۇل بولۇپ پىل سوقۇشتۇرماق-چىدۇ؟ — دېدى.

ئۇنىڭ ئاتتىن چۈشمەي تەكەببۇرانە گەپ قىلىشى ئەكبەرنىڭ ئىززەت ـ نەپسىگە تەگدى. چۈنكى، سارايدا قوبۇل قىلىنغان ئادەت بو-يىچە، مۇلازىمنىڭ پادىشاھقا ئات ئۈستىدە تۇرۇپ گەپ قىلىشى ئەدەپ-سىزلىك سانىلاتتى.

— جانابى شاھقۇلىبەگ، — دېدى ئەكبەر قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا، — سىز مەن بىلەن پىل سوقۇشتۇرغۇدەك دەرىجىگە يېرىپ يەت-تىڭىزمۇ؟

بەيرەمخانىنىڭ ئالدىدا ئەكبەر ئىلگىرى ئۇنىڭ مۇلازىملىرىغا

بۇنداق قاتتىق جاۋاب قىلالمايتتى . لېكىن ، بۈگۈن ئۆزىگە ئىشەنچى ئاش-
قان پەيتتە ، ئاتالىقنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەر ئەدەپسىزلىك قىلسا ، دەر-
دىنى ئىچىگە يۇتۇپ تۇرۇۋەرگۈسى كەلمىدى .
— مەست پىل نېرۋىڭىزنى چارچاتقان بولسا كېرەك ، — دېدى
بەيرەمخان ئۇنى ئاچچىقىنى بېسىۋېلىشقا ئۈندىگەندەك ، — لېكىن ئە-
مىرزادەم ، سىزدە پىللارنى بويسۇندۇرالايدىغان بىرخىل مېھرىگىياھ بار .
مەنكاتتىنكى چاغدا ئون تۆت ياشقا كىرگەن تۇرۇپ پىل سوقۇشتۇرۇشقا
قاتناشقانلىقىڭىز تېخىچە يادىمدىن چىقمايدۇ .
— بەك قىزىق بولغانىدى ، — دېدى ۋەلىبەگ ، — ئەمىرزادەم ،
ئۇ ئىشقا تۆت يىل ئۆتتى ، مانا باھادىر يىگىت بولۇپ قالدىڭىز . پىل بى-
لەن مەيدانغا چۈشسىڭىز ، يېڭىپ چىقىشىڭىزدا شەك يوق .
بۇ مۇلازىمنىڭمۇ ئاتتىن چۈشمەي گەپ قىستۇرغانلىقى ، بەيرەم-
خاننىڭ ئۇلارنىڭ ئەدەپسىزلىكىنى سەزمىگەنلىكى ئەكبەرنىڭ غۇرۇرىغا
قاتتىق تەگدى . ھالبۇكى ، ئۇدۇلدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى مەست پىلغا
يېقىن بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلاردىن ئىدى . ئەكبەرنىڭ ھېچ بول-
مىسا شۇ نۇقتىدا ئۆزىنىڭ ئاتالىقتىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ
قويغۇسى ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى غادايغان مۇلازىملارنىڭمۇ ئەدىپىنى بېرىپ
قويغۇسى كەلدى . ئۇ بەيرەمخانغا :
— جانابى ۋەكىلى سەلتەنەت ، رازى بولسىڭىز ، بىز پىل بىلەن
مەيدانغا چۈشۈشكە تەييارمىز ، — دېدى .
ئۇ بەيرەمخاننىڭ : « بولمايدۇ ، پادىشاھلار بۇنداق جەڭدە ئۆز-
لىرى مەيدانغا چۈشمەسلىكى كېرەك » دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈشىنى كۈت-
كەنىدى ، ئەمما بەيرەمخان كۈلۈمسىرەپ :
— سىز ئەمدى يىگىت بولدىڭىز ، رازىلىق بەرمەي
ئىلاجىم يوق ، — دېدى .
شاھقۇلى مەھرەم يەنە گەپ قىستۇرۇپ :
— جانابى ۋەكىلى سەلتەنەت ، زورلاۋار دېگەن بۈيۈك پىلىمىز
كۈچ يىغىپ يېتىلىۋاتىدۇ ، گۈل مۇھەممەد پىلچى بىلەن شۇنى مەيدانغا

چۇشۇرۇك ، — دەپ مەسلىھەت بەردى .

بەيرەمخاننىڭ بۇ مەسلىھەتنى دەرھال قوبۇل قىلغانلىقىمۇ ئەك-بەرنى ھەيران قالدۇردى . چۈنكى ، زوراۋار دېگەن پىل جەڭدە شەپقەت-سىزلىكى بىلەن داڭق چىقارغانىدى . يەنىپەت جېڭىدە ئۇنى مۇھەممەد دېگەن پىلچى مىنگەندە ، زوراۋار دۈشمەن ئاتلىرىنى خارتۇمى بىلەن يۆگەپ ئاتقان ، پىيادىلەرنى ئايىغى بىلەن يانجىغان ، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بەيرەمخانمۇ كۆرگەنىدى . ئىلگىرى ھەتتا چاۋغان ئويۇنىنىمۇ شاھزادە ۋە پادىشاھلار ئۇچۇن مۇناسىپ ئەمەس دەپ يۈرگەن ۋە ئەك-بەرنى بۇنداق خەتەرلەردىن ساقلاپ يۈرگەن ئاتالىقى ئەجەبا ، ئەمدىلىكتە ئۇنى زوراۋاردەك ئادەمخور پىل بىلەن سوقۇشتۇرۇپ قويۇپ ، ئۆزى تا-ماشا كۆرمەكچى بولسا - ھە !

— دېمەك ، سىزدىن زوراۋارنىڭ مەيدانغا چىقىشى ئېنىقمۇ ؟ — قايتۇرۇپ سورىدى ئەكبەر .

— ئېنىق ، — دېدى بەيرەمخان ، — خېلىدىن بېرى پىل جې-ڭىنى كۆرگىنىمىز يوق ، ئەمىرزادەم . سىزمۇ ئەڭ زور پىلىڭىزنى مەيدانغا ئېلىپ چىقىڭ ، غەلىبىڭىزنى ئۆزۈم بىر كۆرەي .

بەيرەمخاننىڭ « غەلىبىڭىز » دېگەن سۆزى كىنايە بىلەن ئېيتىل-غانلىقىنى ئەكبەر چۈشەندى . دېمەك ، ئاتالىق پىل جېڭىدە غالىب چى-قىشىغا ئىشىنەتتى ، باشقىلارمۇ ئەگەردە ھازىر زوراۋارنى يېڭىدىغان پىل يوق دەپ ئويلىشاتتى . ئەمما ، ئەكبەر بۇ پىلنى ئۇلارغا قارىغاندا ياخ-شىراق بىلەتتى . بۈگۈن ئۇ مىنگەن فەۋجىدارنىڭ كۈچى ئېشىپ - تې-شىپ كەتكەنلىكتىن مەست بولغانلىقى ئېنىق ئىدى . بىراق ، ئاتا - بالى-دەك ئىناق بولغان ئەكبەر بىلەن بەيرەمخان ئەمدى ئوچۇقتىن - ئوچۇق رەقىبكە ئايلىنىپ ، پىل سوقۇشتۇرسا ئاقىۋىتى قانداق بولاركىن .

ھىندىستاندا ئەزەلدىن ھاكىمىيەت تالاشقۇچىلارنىڭ پىل سو-قۇشتۇرىدىغان ئىشى بار . رەقىب پادىشاھلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك پالۋانلى-رىنى مەيدانغا چۈشۈرۈپ ، كۆرەش قىلدۇرىدىغانلىقى ، قايسى تەرەپنىڭ پالۋانى يەڭسە شۇ تەرەپ غالىب ھېسابلىنىدىغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتلەرمۇ

بار . ھىندىستاندا بولسا ، پالۋانلار ئورنىغا ئەڭ زور پىللارنى مىڭگەن پىل مەشقاۋۇللىرى مەيدانغا چۈشۈپ ئېلىشىدۇ .

— سىز شۇنداق قىلىشنى خالامسىز ، جانابى ۋەكىلى سەلتەنەت ؟ — دەپ قايتۇرۇپ سورىدى ئەكبەر .

ئەلگىرى « خان ئاتا » دەپ مۇلايىم چاقىرىدىغان ئەكبەرنىڭ ئەمدى ئارىلىقتا دەتالاش بولۇۋاتقاندەكلا ، جىددىي ئاھاڭ بىلەن « جانابى ۋەكىلى سەلتەنەت » دېيىشى بەيرەمخاننىڭمۇ غۇرۇرىغا تەگدى . قارىغاندا پادىشاھ يىگىتچە ھەۋەسىنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىۋاتقان ئوخشايدۇ . بەيرەمخان زوراۋارنى ئىشقا سېلىپ ، ئۇنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئابلاپ بىر يېڭىشى كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا ، ئۇنىڭ ھەيۋىسى بېسىلىپ ، ئاتالىقىغا سۆزسىز ئىتائەت قىلىدىغان بولىدۇ . مەيلى ئۆزى پىلچى بولۇپ مەيدانغا چىقسۇن ، زوراۋار ئۇنى يىقىتسا ، كېيىن بەيرەمخان ئۇنى بويسۇندۇرۇۋالىدۇ . سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدىغان قىلىدۇ . مۇبادا ، ئەكبەر زوراۋارنىڭ ئايىغى ئاستىدا قېلىپ ئۆلسە . . . بەيرەمخان بۇنىمۇ ئويلىدى . . . ياخشى كۆرىدىغان شاگىرتى ئۆلسە ، ئىچى ئېچىشىشى ئېنىق ، لېكىن نېمە چارە ؟ ھايات ، مۇھىت ئەكبەرنى ئۇنىڭغا رەقىب قىلىپ قويدى . ئۇياقتا ماھىم ئىنىكئانا ، ھەمىدە بېگىم ، پىرمۇھەممەد ئەتكە — ھەممىسى بەيرەمخانغا قارشى . ئاتالىق بۇنى مەخپىي كىشىلىرى ئارقىلىق بۇرۇندىن بىلىپ تۇرۇپتۇ . ئەكبەرنىڭ كۆڭلى ئاشۇلار تەرەپتە . بۇمۇ ئازدەك سەلىمە بېگىم ھازىرغىچە ئاتالىققا كۆڭۈل بەرمەيدۇ . بەيرەمخان ئۇنىڭ جىسمىنى ئىگىلىگەن بىلەن ، بېگىمنىڭ كۆڭلى ئەكبەردە ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇرتىنىدۇ . سەلىمە بېگىمنىڭ بەيرەمخاندىن پەرزەنت كۆرۈشنى خالىمىغانلىقى راست . بۇنىڭ ھەممىسى قانچىلىغان گەپ - سۆزلەرگە سەۋەب بولماقتا . بەيرەمخان ھەممىسىدىن بىراقلا قۇتۇلۇشنى خالايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇمۇ :

— مەيلى ئەمىرزادەم ، مەيدانغا چىقىڭ ! — دېدى .

ئەكبەر شاھقۇلىبەگنىڭ ، ۋەلىبەگ ، شەيخ گادايىلارنىڭ يوشۇرۇن نىيىتىنى ئەمدى سەزدى . ئۇلار ئەكبەرنىڭ پىلچى بولۇپ ، مەيدانغا

چۈشۈشنى ۋە زوراۋارنىڭ ئايغى ئاستىدا يانچىلىشنى خالىشاتتى. ئاتا-لىقى بولسا ئۇلارنى بۇ يامان نىيىتىدىن قايتۇرمايتتى. نېمىشقا؟ رىقابەت شۇ دەرىجىگە يەتكەن بولسا، ئەكبەر نېمىشقا ئۇلارنىڭ خالىغىنىغا بوي-سۇنۇپ، مەيدانغا پىل مىنىپ كىرىدۇ؟ بۈگۈن مەست پىل ئۈستىدە جېنىنى خەتەرگە قويغىنى ئازمۇ؟

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئەكبەر بەيرەمخانغا تىكىلىپ قاراپ، — بىزدىن فەۋجىدار مەيدانغا چىقسۇن. ئۇنى ئاۋۋال بىھشان چاند مىنسۇن، ئەگەر ئۇ يىقىلسا، ئۆزۈم مىنىپ كىرىـ مەن. ۋاقتىنى بەلگىلەڭ!

پىلچىنىڭ يىقىلىشىغا گۇمان قىلمايدىغان بەيرەمخان:

— ئىندىن، چارشەنبە مۇردا بەخشتە، پېشىن نامىزىدىن كې-يىن! — دېدى.

× × ×

ئەكبەر بىلەن بەيرەمخان ئىككىسىنىڭ قارىمۇ قارشى تەرەپتە تۇ-رۇپ پىل سوقۇشتۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بەگ- ئەميانلار چارشەنبە كۈنى جەمنە بويىدىكى مەخسۇس مەيدانغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. پىللار سوقۇشىدىغان مەيداننىڭ ئەتراپىغا تاماشىچىلار ئۈچۈن بىخەتەر ئورۇن قىلىنغان. ئوتتۇرىغا پىللار ئۆتەلمەيدىغان مۇستەھكەم ياغاچ توسۇقلار ئورنىتىلغانىدى. مەيدان تۆۋىنىدە، سەھنە ياخشى كۆرۈنىدىغان ئېگىز جايلارغا نەقىشلىك شىپاڭلار ياسالغان. جەنۇب تەرەپتىكى شىپاڭنى بەيرەمخان ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئىگىلىدى. شىمال تەرەپتىكى شىپاڭدىن ئەكبەر تەگتۇشلىرى ئەدھەم، ئەزىز، يېقىن ئىچكى بەگلىرى بىلەن ئورۇن ئالدى. مەيداننىڭ ئوڭ- سولىدا ياغاچ توسۇق ئارىسىدا ھەكەم ①ۋە مەشئەلچىلەر② تۇرۇشتى. پىيادە تاماشىچىلاردىن باشقا مەيدان ئەتراپلىرىدا ئاتلىق تۇرغان تاماشىچىلارمۇ خېلىلا بار. ئېگەر

---

① ھەكەم — ھۆكۈم قىلغۇچى، مەشئاۋۇل.

② مەشئەلچى مۇسابىقىنى توختاتماقچى بولغاندا مەيدانغا كىرىدۇ.

ئۈستىدە مەيدان ياخشىراق كۆرۈنىدۇ.
پىل سوقۇشتۇرغۇچىلار خۇددى ئۆلۈمگە كېتىۋاتقان كىشىلەردەك يېقىنلىرىدىن رازىلىق ئېلىپ خوشلاشتى. ئەكبەر سوقۇشۇش ئالدىدا مەخسۇس شېرىن ئېچىملىك بىلەن مەست قىلىنغان فەۋجدارنى سىلاپ ـ سىيپاپ شۇئېرلىدى:
— كۆچۈكنى كۆرسەت، جانىۋار! ئىلاھىم يەڭگىن، ھەرگىز يېڭىلمىگىن!
پىل نېمىدىندۇر نارازىدەك نەرە تارتتى. ئەمما، بىھشان چاندىنىڭ مىنىۋېلىشى ئۈچۈن، ئۇ پۇتىنى چىقىرىپ ياردەم بەردى.
ئۇنىڭ قارشىسىدىن چىققان زوراۋار ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى ھەيۋەتلىك پىل ئىدى. ئىككى ئوتتۇرىدىكى توپا دۆۋىسى تارتتۇۋېتىلگەندە، زوراۋار فەۋجدارغا تاشلاندى. شۇ چاغ ئۇنىڭ بويىنىنىڭ فەۋجدارنىڭكىدىن ئىككى غېرىچ ئېگىز، گەۋدىسىمۇ شۇنىڭغا يارىشا زور ئىكەنلىكى كۆزگە تاشلاندى. ئۇ فەۋجدارنى خارتۇمى بىلەن ئۇرۇپ ئۈچ ـ تۆت قەدەم نېرىغا سۇرۇۋەتتى. بىھشان چاند تېخىمۇ قاتتىق چايقىلىپ، يىقىلىشقا ئاز قالدى. ئەمما، فەۋجدار چاققانراق ئىدى. ئۇ رەقىبىنىڭ ئارقىسىغا ئايلىنىپ ئۆتتى. زوراۋار ئۇ تەرەپكە ئۆرۈلۈۋاتقاندا، بىقىنىغا خارتۇمى بىلەن شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، قىيادەك چوڭ زوراۋار ئاغرىقتىن دەرمانسىزلىنىپ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. بىھشان چاند بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، فەۋجدارغا:
— چۇ! ئوگدىن ئۆت! چۇ! — دەپ نۆۋەتتىكى زەربىنى قاتتىق بېرىشنى ئۆگەتتى.
فەۋجدار رەقىبىنىڭ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشىغا پۇرسەت بەرمەي، ئالدى پۇتلىرىنى كۆتۈردى ـ دە، ئۇنى ئۇڭ تەرەپتىن بار كۈچى بىلەن تەپتى. پىلچى گۇل مۇھەممەد تېپىك زەربىسىدىن ئورنىدىن قوزغىلىپ، زوراۋارنىڭ پېشانىسى ئۈستىگە چۈشتى. شۇندا فەۋجدار خارتۇمى بىلەن پىلچىنى بىر ئۇردى ـ دە، يەرگە يىقىتتى.
باشقۇرۇشسىز قالغان زوراۋار ئارقىغا چېكىندى. گۇل مۇھەممەد

ئېگىز پىل ئۈستىدىن يەرگە ئۆگدىسىغا چۈشۈپ ، ھوشىدىن كەتتى . فەۋجىدارنىڭ ئۇنى دەسسەپ يانجىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى . شۇ پەيتتە مەشئەلچىلەر مەشئەل يېقىپ ، مەيدانغا يۈگۈرۈپ كىردى . پىللار ھەرقانچە غەزەپلەنگەن بولسىمۇ ئوتتىن قورقاتتى . مەشئەلچىلەر ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئاجرىتىپ ، مەيدان چېتىگە چىقىشقا مەجبۇرلىدى . گۇل مۇھەممەدنىڭ بېلى سۇنغانىدى . باش ۋە قولى مىدىرلىسىمۇ ، ئەمما ئورنىدىن تۇرالمايتتى . خىزمەتكارلار ئۇنى كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقاندا ، ئەكبەرنىڭ ئەتراپىدىكى تەكتۇشلىرى ۋە بەگلەر ئۇنى تەبرىكلىدى :

— مۇبارەك بولسۇن ، ئەمىرزادەم !

— سىز يەڭدىڭىز !

پىلچىسى يىقىلىپ چۈشكەن تەرەپ ئۇتتۇرغان ھېسابلىناتتى . بەيرەمخان ، « ئۇتتۇرسام ، ئاقىۋىتى يامان بولىدۇغۇ ! » دېگەننى بۇرۇنراق خىيالىغا كەلتۈرمىگىنى ئۈچۈن ، ئەمدى پۇشايمان قىلدى . چۈنكى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەگ - ئەھيانلىرى بىر دەقىقە ھاڭ - تاڭ بولۇپ جىم تۇرۇپ قالدى . نېرى ياقتىكىلەرنىڭ ئەكبەرنى تەبرىكلەۋاتقانلىقى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئەكبەر بولسا پىلچىسىدىن مەمنۇن بولۇپ :

— ئاپىرىن ، بەھشان چاند ! — دېدى ، — بەھشان چاندقا باش - ئاياغ كىيىم ، بىر ھەميان ئالتۇن ھەدىيە قىلىنسۇن ! تېخى بۇ باتۇر يىگىتكە يەنە چوڭ ئىنئاملار بېرىلىدۇ !

خەلقىئالەم ئالدىدا مەغلۇپ بولغانلىقى بەيرەمخاندىن كۆرە ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ۋەلىبەگ ، شاھقۇلىبەگ ، شەيخ گادايىلارغا ئېغىر كەلدى . ئۇلار بارلىق مەرتىۋە ۋە ئىمتىيازلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېنىق سېزىشتى - دە ، قىزىشىپ كېتىشتى :

— ھېلىگەرلىك بولدى ، جانابى ۋەكىلى سەلتەنەت ! — دېدى شاھقۇلى مەھرەم . بۇ گەپنى باشقىلار تارتىۋېلىشتى :

— راست ، كاپىر پىلچى ھېلىگەرلىك قىلمىغان بولسا ، زوراۋار يېڭىلمىگەن بولاتتى .

— پىل قاچقىنى يوق !
— گۇل مۇھەممەدنى مىيىپ قىلدى ، نائىنساپ !
شەيخ گادايى بەيرەمخانغا يۈزلەندى :
— مەجۇسىي پىلچى مۇسۇلمان گۇل مۇھەممەدنى مىيىپ قىلىپ كېتتۇپىرەمدۇ ، جانابى ۋەكىل ؟ بۇ ئىشى ئۈچۈن مەجۇسىي يەنە مۇكاپاتمۇ ئالسا . . . ئەتىلىككە بارچە كاپىر مەجۇسىيلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى باش كۆتۈرمەمدۇ ؟
— ھېلىگەر مەجۇسىينى جازالاش لازىم ! — دېدى شاھقۇلبەگ .
— ئۇنىمۇ ئۆلتۈرۈش لازىم ، — دېدى ۋەلىبەگ .
بەيرەمخان ھېچقانداق ھىيلىگەرلىك بولمىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولسىمۇ ، ئەكبەرنىڭ گۇل مۇھەممەدكە ئىچىنمىغانلىقى ، ئۇنى مېيىپ قىلغان بىھشان چاندقا بولسا مۇكاپات بەرگەنلىكى ئۇنىڭغا چوڭ بىر ئادالەتسىزلىك بولۇپ تۇيۇلدى . شۇنداقلا بىھشان چاندنى ئۆلۈمگە بۇيرۇشمۇ ئارتۇقچە بىر شەپقەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنى سەزدى ، ئەمما ئۇ بۇ پىلچىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويمىسا ، ئەكبەر ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى ئۆزىنى بىلەلمەي قالىدىغاندەك ھېس قىلدى . بەيرەمخان ھەممىگە ئۆزىنىڭ ھېلىھەم تاجسىز پادىشاھ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويغۇسى كەلدى ـ دە ، گۇل مۇھەممەدنى مېيىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن پىلچى بىھشان چاندنى ئوتتۇراھال بىر جازاغا — ئون بەش دەررە ئۇرۇشقا بۇيرۇدى .
ئەكبەردىن مۇكاپات ئالغان غالىب پىلچىنىڭ بەيرەمخان تەرەپتىن جازاغا بۇيرۇلۇشى ، ئىككى ئارىدىكى زىددىيەتنىڭ قانچىلىك كەسكىن تۈس ئالغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى . كىشىلەر ئەكبەرنىڭ ئارىغا چۈشۈشىنى ۋە ئاتالىقتىن شەپقەت سورىشىنى كۈتۈشتى . ئەمما ، ئەكبەر ھازىر ئېغىز ئاچسا ، ئاتالىققا : « مەن پادىشاھمەن ، بۇ ئادالەتسىزلىكىڭىز ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى جازاغا تارتىشقا ھەقلىقمەن ! » دېيىشى مۇمكىن .
بەيرەمخاننىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ نەقەدەر شەپقەتسىز ئە-

كەنلىكنى كۆرۈپ بىلىپ تۇرۇپ بۇنداق گەپنى ئېيتىش ياش بالىنىڭ ئىشى بولاتتى. ئۇلار ئەكبەرنىمۇ بىر كىچىدە تۇردىبەگكە ئوخشاش ئۇلـ تۇرۇۋېتىشى ياكى پىرمۇھەممەد ئەتكەننىڭ ئەھۋالىغا سېلىشى ھېچ گەپ ئەمەس. شۇنىڭ ئۇچۇن ئەكبەر ئىچىدىكىنى سەزدۇرمەي، تېزدىن تەيـ يارلىق كۆرۈشى كېرەك.

ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان سەۋر ـ چىدام ئۇـ نىڭغا ئەسقاتتى. يەنى، ئەكبەر چىشنى ـ چىشىغا قويۇپ ئۇندىمىدى. ئاتالىققا بىرەر ئېغىز سۆز قىلماي، ھېچ ئىش بولمىغاندەك مېڭىپ زەرەفـ شان بېغىغا قايتىپ كەتتى. پەقەت كەچ كىرگەندە بىھشان چاند باغقا كىرىپ، دەررە زەربىسىدىن كۆكىرۈپ كەتكەن يەلكىسىنى ئېچىپ كۆرسەتكەندە، ئەكبەر ئۆتى تاشقۇدەك بولۇپ، ئىنتىقامغا تولغان پەس ئاۋاز بىلەن:

ـــ ئۇلار سىزنى ئەمەس، مېنى كالتەكلەشتى! ـــ دېدى، ـــ بۇنىڭ قىساسى ئېلىنغۇسى!

ئەكبەر كېچىچە ئۇخلىيالماي تولغىنىپ بەيرەمخاننى ھاكىمـ يەت ئۈستىدىن قانداق چۈشۈرۈشنى ئويلاپ چىقتى. ئاتالىق ئۇـ نىڭغا دائىم: «دۈشمەننى غەپلەتتە قالدۇرۇپ، شىردەك ئېتىلىشنى ئۆـ گىنىڭ!» دەپ تەلىم بېرەتتى.

ئەكبەر ئەنە شۇ نەسىھەتكە ئەمەل قىلدى ـ دە، دىلىدىكى نىيەـ تىنى ئەگەرەدىكى ھېچ كىشىگە سەزدۇرمىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن بىخەتەررەك جاي دېھلى ئىدى. ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرىمۇ ھازىر شۇياقتا. ئەكبەر بەيرەمخاننى ھاكىمىيەتتىن يىقىتىش قارارىنى دېھلىغا بېرىپ ئېلان قىلـ غاندا، ئەگەرەدىكىلەر ئۇنىڭ ئورنىغا كامراننىڭ ئوغلىنى تەختكە چىقارـ ماسلىقى ئۇچۇن، ئوبۇلقاسىمنى بىللە ئېلىپ كېتىشى كېرەك.

نورۇز كېلىپ قالغانىدى. ئەكبەر ھەر بايرامدا ئانىسىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. ئۇ ئاتالىققا شۇنى خاتىرجەملىك بىلەن ئېيتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن گويا ئارىلىرىدا ھېچبىر خاپىلىق بولمىغاندەك خوشلاشتى. ئوبۇلـ قاسىم بولسا كۆپتىن بېرى ئەكبەرگە:

— مېنى دېھلىغا بىرگە ئېلىپ كېتىڭ ، — دەپ ئىلتىماس قىلىپ يۈرەتتى . بۇنى بەيرەمخان بىلەتتى .

شۇنىڭ ئۈچۈن بەيرەمخان ئەكبەرنىڭ بۇ قېتىم جىيەننى بىللە ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئارتۇقچە شۈبھىلەنمىدى . « خەيرىيەت ، پىل چىنى جازالىغىنىمغا ئۇنچە خاپا بولمىدى . ئاچچىقى بېسىلىپ ، دۇرۇس بولۇپ قاپتۇ » ، دېگەن ئوي بىلەن ئەكبەردىن ئۆزىچە مەمنۇنمۇ بولدى .

× × ×

بىراق ، شۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەر خۇددى دەريا تېشىپ ، ئەتراپنى سۇ باسقاندەك ۋەھىملىك تۈس ئالدى . تاشقىن گاھى شۇنداق جىمجىت باشلىنىدۇكى ، قىرغاقتىن يىراقتا تۇرغان بىنالار ، باغلاقلىق ماللارنىڭ ئاستىغا ئاۋۋال ئازغىنا لاي سۇ يامراپ كىرىدۇ . لېكىن ، سۇ يۈزى توختىماستىن كۆتۈرۈلۈپ ، تاشقىن ئۆيلەرگە باستۇرۇپ كىرىدۇ . لاي سۇ ئىچىدە قالغان قاڭتۇرۇپ قويۇلغان ئاتلار نوختىسىنى ئۈزگۈدەك تېپىرلاپ كىشنەيدۇ . بىر چاغدا قارىسىڭىز ، تاشقىن ئەۋجىگە چىقىپ تاملارنى يىقىتىدۇ . ئادەم ۋە ماللارنى ئاققۇزىدۇ . چوڭ - چوڭ ئوت - چۆپ دۆۋىلىرىنى لەپەڭلىتىپ ئورنىدىن قوزغايدۇ ۋە تۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ .

نورۇز كۈنلىرى بەيرەمخاننىڭ مەخپىي خەۋەرچىلىرى دېھلىدىن ئېلىپ كەلگەن مۇھىم خەۋەرلەر تاشقىن سۇنىڭ ئاۋۋال جىمغىنا يامراپ كەلگىنىگە ئوخشىدى . ئەكبەر كابۇلدىن مۇنىمخان دېگەن بەگنى ، بىھرەدىن شەمسىددىن ئەتكەنى چاقىرىپتۇ ، دېھلى شەھىرىنىڭ باشلىقى شاھابىددىنغا : « دۆلەتنى ئۆزۈم باشقۇرماقچىمەن ، ئاتالىق ئىستىپاغا چىقسا مەيلى » دېگەن مەزمۇندا خەت ئەۋەتىپتۇ . ياش پىگىت بۇ گەپنى ماھىم ئىنكئانا ۋە ھەمىدە بېگىملەر تەسىرىدە ئېيتقان بولسا كېرەك ، ئەمما ئۇنىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى باشقۇرالمايدىغان دەرىجىدە تەجرىبىسىزلىكى بەيرەمخانغا مەلۇم . شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەكىلى سەلتەنەت بۇ گەپلەردىن ئانچە ۋەھىمە ، ساراسىمگە چۈشمىدى . پەقەت ھەممە ۋىلايەت ھا-

كىملىرى ۋە پايتەختتىكى ئەئيانلىرىغا ئىچكى كۆرەش باشلانغانلىقىنى
خەۋەر قىلىپ مەخپىي خەت ئەۋەتتى:

« ئەكبەر مىرزىنى سىز - بىزگە قارشى قوزغىتىۋاتقان دۈشمەنلىرىمىز
قوزغالماقتا، دېھلىدىن يامان خەۋەر ئالدۇق. ئەسكەر، قورال - سايمانلارنى تەي-
يارلاڭلار. مەيدانغا چىقىش زۆرۈر بولغاندا مەخسۇس بىرىمىز ئەۋەتىمىز. ئىنشائاللا،
بىزگە قەست قىلغانلار بەس بولغىلي! »

مەخپىي مەھكىمىنىڭ مۇبارەك ئىسىملىك باشلىقى ئەكبەرگە سا-
دىق كىشى ئىدى. ئۇ بەيرەمخان يازدۇرغان بۇنىڭغا ئوخشاش خەتلەر-
نىڭ نۇسخىلىرىنى كۆچۈرگۈزۈپ، دېھلىغا يوشۇرۇنچە ئەۋەتىپ تۇرات-
تى. ئاتالىقنىڭ ھەربىر قەدىمى ئەكبەرگە مەلۇملۇق ئىكەنلىكىنى بەيرەم-
خان ھەمەل ئېيىنىڭ بېشىدا ئەكبەر دېھلىدىن ئەۋەتكەن خەتتىن بىلدى.
يۇمشاق يىپەك قەغەزگە يېزىلغان بۇ خەت بەيرەمخانغا ئۆيىنى بېسىپ يە-
قىتىدىغان ۋە ئادەملەرنى ئاققۇزۇپ كېتىدىغان دەھشەتلىك بىر تاشقىندەك
تەسىر قىلدى. خەتنىڭ « مۆھتەرەم بەيرەمخان جانابلىرىغا » دەپ
باشلانغان بىرىنچى قۇرىدىلا بەيرەمخانغا كۈچلۈك توپان ئۇنىڭغا « ئاتا-
لىق، ۋەكىلى سەلتەنەت، خانى خانان » دېگەندەك يۇقىرى ئۇنۋانلىرىنى
چۆكتۈرۈپ يوق قىلىۋەتكەندەك تۇيۇلدى.

« سىزنىڭ بابۇرخاندانىغا قىرىق يىل داۋامىدا قىلغان بۈيۈك خىزمەتلىرى-
ڭىز ئالەمگە مەشھۇردۇر. ھەزرىتى ئالىم بىلەن بىز سىزنىڭ ياخشىلىقلىرىڭىزنى دا-
ئىم مۇناسىپ ئۇسۇلدا تەقدىرلەشكە ئىنتىلدۇق. دەرگاھىمىزدا ئەڭ يۇقىرى ھۆرمەت-
تە بولدىڭىز. كۆڭلىڭىز خالىغان كۆپ نەرسىلەرگە ئېرىشتىڭىز. بىز ياش بولغانلىقىمىز
ئۈچۈن تۆت يىلدىن بېرى ۋەكىلى سەلتەنەت خىزمىتىدە دۆلەتنى باشقۇردىڭىز. »

ئەكبەرنىڭ « بۇنىڭ ھەممىسى ئەمدى ئۆتمۈشكە ئايلاندى » دې-
گەن ئاھاڭ بىلەن يازغىنى بەيرەمخانىنى لەرزىگە كەلتۈردى. بۇنى ئەكبەر
ئۆزى يازغانمىدۇ؟ ياكى ماھىم ئىنىكئانىمۇ؟ ھەممىدە بېگىممۇ؟ ياق.

مانا ، قۇرلاردىن گويا ئەكبەرنىڭ ئۆز ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى . بەي-
رەمخان بۇ ئاۋازنى تونىدى :

« ئاتالىق خىزمىتىدە بىزگە بەرگەن تەربىيىڭىز ، ئۆگەتكەن ساۋاقلىرىڭىز ئۆمۈرۋايەت يادىمىدىن چىقمىغاي . < بىزنىڭ ھەممىمىز ھەق ئالدىدا بويۇن ئەگمىز ، ئادالەتنى ئاتىمىزدىنمۇ ئۈستۈن ئورۇندا قويۇشىمىز كېرەك > ، دېگەن سۆزلىرىڭىز خاتىرەمگە نەقىشلەنگەن . مەنمۇ شۇ ئېتىقادقا تايىنىپ ئىش قىلماقچىمەن .

مەن ئەپسۇسكى ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەنپەئەتلەرگە بېرىلگەن كىشىلەر مەقسىتىلىك ھالدا سىزنى ئورىۋالدى . شاھقۇلبەگ سىزگە ئەڭ يېقىن مەھرەم بولدى . ئۇنىڭ بىلەن ۋەلىبەگ ئىككىسى ئۆزلىرىنى پادىشاھتىنمۇ چوڭ تۇتۇپ ، بىز بىلەن ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئابرۇيى تالاشقاندا ، بۇ ئەدەپسىزلىككە چەك قويمىدىڭىز . باشقىلارغا سىلى - ساناقسىز ئىنئاملارنى بېرىپ ، ساخاۋەت كۆرسەتتىڭىز . ئەمما بىزنىڭ شەخسىي خىراجەتلىرىمىزدىن مەبلەغنى تېجەپ ، بىزنى موھتاج قىلىپ قويدىڭىز . قايسى بىرىنى ئېيتايكى ، يامان ئادەملەرنى ئەزىزلەپ ، بىزگە ئەڭ يېقىن كىشىلەرنى تۆھمەت بىلەن جازالاتتىڭىز . »

ئەكبەر ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەن بارلىق ئەلەملىرىنى ئەمدى بىراقلا تۆكۈپ تاشلىغانىدى . تۇغان ئېچىلغاندا ، سۇ قىرغاقنى باسقانغا ئوخشاش ، بەيرەمخاننىڭ ۋۇجۇدىنى ئىچكى تاشقىن چۇلغىۋالدى . ئەكبەر بارچە ئاغرىق - ئاداۋەتلىرىنى ئېيتىپ بولۇپ :

« سۆز كار قىلمايدىغانلىقىغا قايتا - قايتا ئىشەنگىنىمدىن كېيىن ، ھاكىمىيەتنى ئۆز قولۇمغا ئېلىشنى قەتئىي قارار قىلدىم ، - دېگەنىدى ، - خىزمىتىڭگە يارىمان ئەۋەتىلدى ، بۈگۈندىن ئېتىبارەن بىزنىڭ مۆھرىمىز ۋە رۇخسىتىمىزسىز ھېچكىمگە بىرەر تەڭگە پۇل بېرىلمىسۇن . بارلىق دۆلەت مەھكىمىلىرى پەقەت بىزنىڭ كۆرسەتمىمىز بىلەن ئىش ئېلىپ بارسۇن .

سىز ماڭا دۆلەت ئىشلىرىدىن چەتچىغانلىقىڭىزنى ، تىنچ بىر جايدا ئارام ئالغۇڭىز بارلىقىنى ، ھەجگە بارماقچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتقانىدىڭىز . ئەمدى بۇ نىيەتلىرىڭىزنى بىمالال ئەمەلگە ئاشۇرۇشىڭىز مۇمكىن . سىز جاھانغا تونۇلغان دۆ-

لىتلىك ئادەمسىز . ئەترابىڭىزدىكى مەنپەئەتپەرەسلەردىن تېزراق يىراق بولۇشىڭىز ئۈچۈن ، ھەجگە بېرىشىڭىز مەقسەتكە مۇۋاپىقتۇر . سىزنىڭ بەختىڭىز ھەج قىلىپ كېلىشىڭىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بارلىق قوغدىغۇچىلار تەيىنلەندى . ھەتتا ئېھتىيات چارىسىلىرى كۆرۈلدى . پەرمان قىلدۇقكى ، سىزنىڭ مال ـ مۈلكىڭىزگە ھېچكىم دەخلى قىلمىسۇن . قەندەھارمۇ سىزنىڭ مۈلۈك يېرىڭىز . ئۆي جايىڭىز ، خىزمەتكارلىرىڭىز ـــ ھەممىسى ئۆز ئىختىيارىڭىزدا قالغاي .

ئەگەر بىزگە ئەمەل بەرسىڭىز ، سىزنى ھەمىشە ئاتىمىز ئورنىدا ئىززەتلەيمىز . بارلىق ھۇجۇملاردىن ھىمايە قىلىمىز .

سىز مېنى قەتئىيلىكتە ئۆگەتتىڭىز . شاگىرتىڭىز ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشقا قەتئىي كىرىشكەندە ، بۇنىڭدىن خاليا بولمىغايسىز ، بەلكى ياردەم بەرگەيسىز ، دېگەن ئۈمىدتىمەن . . . »

بىر چاغدا ، ھاجى مۇھەممەد سىبىستانى ساراسىمە ئىچىدە بەيرەمخاننىڭ ئالدىغا كىرىپ ، ئۆزىنىڭ ۋەزىرلىك خىزمىتىدىن بوشىتىلغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئەكبەرنىڭ بۇ ھەقتىكى مەخسۇس پەرمانىنى كۆرسەتتى . كۆپ ئۆتمەي جۇمە نامىزىدىن قايتقان شەيخ گادايى :

ـــ ۋاھ ، بىزنىمۇ دىنىي رەئىسلىك خىزمىتىدىن بىكار قىلدى ! ـــ دەپ تىترەپ ـ تاتىرىپ تۇرۇپ خەۋەر قىلدى ، ـــ سۈننىيپەرەسلەر مېنى « رافىزى » دەپ تاش بوران قىلىشقا تاس قالدى . شەيخ ئەنسارى سۈننىيلەرنى بىزگە قارشى قوزغىتىپ ، ئۆزى غالىبلاردەك تەنتەنە قىلماقتا ! بۇ نېمىدېگەن ئادالەتسىزلىك ، جانابى بەيرەمخان ؟! ئەنسارى مەسچىتتە ئەكبەرنىڭ سىزنى ۋەكىلى سەلتەنەتلىكتىن ئېلىپ تاشلىغىنىنى يىگىرمە مىڭ نامازخانغا ئېلان قىلغاندا ، دۈشمەنلىرىڭىز : « ئاھ ! خۇداغا شۈكۈر ! » دەپ كەتتى .

شاھقۇلىبەگ مىرزىمۇ ھەممە ئىمتىيازلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى پەرمانىنى ئالدى ـ دە ، ئۇنى يىرتىپ ـ يىرتىپ يەرگە تاشلاپ دەسسەپ ـ دەسسىۋەتتى :

ـــ مانا ! مانا ! ئەكبەرنىڭ پەرمانى ! بىز ئۇنىڭ ئۆزىنى تەختتىن

ئاغدۇرىمىز ! ئورنىغا باشقا تىمۇرىي ئوغلى تېپىلىدۇ !
شاھقۇلبەگ كامراننىڭ ئوغلى ئوبۇلقاسىمنى ئىزدەشكە باشلىدى .
شۇندىلا بەيرەمخان ئوبۇلقاسىمنى ئەكبەرنىڭ دېھلىگە ئېلىپ كەتكەنلە-
كىنى ئەسلىدى . . .
يوشۇرۇن ، پۇختا تەييارلانغان بۇ ئاغدۇرۇش بەيرەمخاننى ئې-
سەنگىرىتىپ قويدى . ئۇ سەلدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى
تەھلىل قىلىدىغان ئەھۋالدا ئەمەس . پەقەت كۆيۈپ ئۆرتىنىدۇ . ئەتراپ-
تىكىلەر پۈتۈن گۇناھنى ئەكبەرگە دۆڭگەپ ، ئوتقا ماي چاچىدىغان
ئىسيانكار سۆزلەرنى قىلىشىدۇ :

— بۇ قۇتىرىغان ئەمىرزادىنىڭ جازاسىنى بېرىش كېرەك !

— ھەجگە ئۆزى بارسۇن !

— ھەج يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئازمۇ ؟

بەيرەمخان ھەممە يېقىنلىرى ۋە ئائىلە ئەزالىرىغا دەرھال كۆچ
تۇپلاشنى بۇيرۇدى . ھەشەمەتلىك سارايلاردا ، سەككىز جەننەت ھۆزۈرى
بېرىدىغان باغ ئىچىدە دەۋران سۈرۈپ يۈرگەن مىڭدىن ئارتۇق ئادەم
بۈگۈن خۇددى ئۆي - جايلىرىنى سۇ بېسىپ كەتكەندەك ، تېزلىك بى-
لەن ئەگرەدىن كۆچۈشكە باشلىدى .
بەيرەمخان ئەكبەردىن خەت ئەكەلگەن ئەدھەمخاننى چاقىردى ۋە
ئۇنىڭغا قىسقىچە جاۋابنى ئۇتقۇزدى :

« ئەمىرزادەم ! مەن ھەج يولىدا ھالاك بولۇشنى خالىمايمەن . ئاتىڭىز قەن-
دەھاردا تۇرغاندا ، ئىنىلىرى ئۇنى ھەجگە يولغا سالماقچى بولۇشقانلىقىنى ئانىڭىز
ھەمدە بېگىم ياخشى بىلسە كېرەك . سىز شۇ چاغدا ، بۆشۈكتە ئىدىڭىز ، ئاتىڭىز
ھەجگە بېرىشنىڭ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىش بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈ-
چۈن ، ھەتتا بۆشۈكتىكى يالغۇز ئوغلى سىزنى تاشلاپ قىزۋىنىگە كەتكەن ۋە شۇ
ياقلاردا جان ساقلىغانىدى . ئۇنى ھەجگە قوغلىماقچى بولغانلار ئاقىۋەتتە ئۆز قىل-
مىشىنىڭ جازاسىنى تارتقانلىقى سىزگە مەلۇم . بۇ ئاچچىق ساۋاقنى ئۇنتۇشقا بول-
مايدۇ . مەن سىزگە مېھرىمنى بەردىم . پەرزەنتىمدىن ئارتۇق كۆردۈم . ئاقىۋەت شۇ

بولامدۇ ؟ »

بەيرەمخان خەتنىڭ ئاخىرىغا ئەلەملىك بىر رۇبائىينى ئىلاۋە قىلدى .

ئاۋۋال مېنى خىزمىتىڭگە مەھرەم قىلدىڭ ،
بەزمەڭ ئارا ھەمسۆھبەتۇ ھەمدەم قىلدىڭ .
ئاخىر يەنە ئىلتىپاتنى مەقسەت قىلدىڭ ،
رەسۋايى تامام ئەھلى ئالەم قىلدىڭ .

× × ×

ئەدھەمخان كۆكە بۇ جاۋابنى دېھلىغا ئېلىپ بارغاندا ، بەيرەمخان جەمنە ۋە گانگ دەريالىرى ئارىلىقىدا ساھىل يوللىرى بىلەن لاھورغا قاراپ كېتىۋاتماقتا ئىدى . ئۇنىڭ ئادەملىرى :

— سىز لاھورغا كىرىشىڭىز بىلەنلا ، بەگ ۋە نۆكەرلەر ئەكبەرگە قارشى باش كۆتۈرىدۇ ، — دەپ ئىشەندۈرۈشكەنىدى . سەۋر ئېيىنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە ئاز كەم ئاتمىش ياشلىق بەيرەمخان ھەر كۈنى ئاتتا ئەللىك مىل ①دىن يول بېسىپ ، تۆت كۈندە سىرھىندگە يېقىنلاشتى .

بۇ ئارىدا ئەكبەر ۋە پىرمۇھەممەد ئەتكەلەر دېھلىدىن يولغا چىققان ، دېھلى لاھورغا يېقىنراق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار سىرھىندگە بالدۇرراق يېتىپ كەلگەن ۋە لاھورنىڭ يولىنى توسۇشقا ئۈلگۈرگەنىدى . بەھرەدىن شەمسىددىن ئەتكە ئادەملىرى بىلەن كېلىپ ئەكبەرگە قوشۇلدى . شەرقتىكى كالپىدىن كەلگەن ئەلىقۇلىخان ، جەنۇبتىكى مالۋەدىن چاقىرىلغان باھادىرخانلارمۇ ئەكبەر تەرىپىگە ئۆتكەنلىكى مەلۇم بولدى . بەيرەمخان يەكلىنىپ قالدى . « پەنجابتا ھەممەيلەن بىزگە قوشۇلۇپ ئىسيان قىلىدۇ ! » دېگەن كارامەتلەر يالغان چىقتى .

تۆت كۈن قاتتىق ئىسسىقتا ئالدىراپ - تېنەپ يول يۈرۈشتىن ئاياللار ۋە باللار ھالسىزلىنىپ كېسەل بولۇپ قېلىشتى . بۇنىڭدىن تاش-

① ئەللىك مىل - سەكسەن كىلومېتىرغا يېقىن .

قىرى ، خەۋپ - خەتەرلەر بىھېساب ئىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن بەيرەمخان سەلىمە بېگىمنى ، نازىيە بىبىنى ، تۆت ياشلىق ئابدۇرەھىم ۋە باشقا بالا - چاقىلارنى سىرھىندىدە قالدۇرۇپ ، ئۆزى مىڭدىن ئارتۇق سادىق كىشىلىرى بىلەن شەرقىي جەنۇبتىكى بىكەنىرگە قاراپ يول ئالدى .

ئارقىدىن ئەكبەرنىڭ تۆت سەركەردىسى بىرلىشىپ ، بەيرەمخاننىڭكىدىن ئۈچ باراۋەر قوشۇن بىلەن مۇھاسىرە قىلىپ كەلمەكتە . شۇ ئاردا چاپارمەن ئەكبەرنىڭ يەنە بىر پارچە خېتىنى ئەكەلدى .

**« بىزنىڭ سارىيىمىزمۇ ، كۆڭلىمىزمۇ سىزگە ھامان ئوچۇق ، — دېب باشلانغانىدى ئەكبەرنىڭ خېتى ، — سىز زامانىمىزنىڭ ئەڭ بۈيۈك دانىشمەنى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن بىز سىزنى خىلى ئاتا دېب ئۇلۇغلايتتۇق . شۇ ئېھتىرامىمىز ھېلىھەم يوقالغىنى يوق . ئارىدىكى كۈچ نىسبىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز . ئەگەر سىز ييگىلا-سىڭىز ، بۇ مەن ئۈچۈن قىلا كۆڭۈلدۈر . چۈنكى ، ئاتا - بالىدەك ئادەملەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن جەڭ قىلىپ ، قان تۆكۈشىنى خۇدامۇ كەچۈرمەس ، تارىخمۇ ھەم . ئوچۇق ئېيتىلي : مەن سىز بىلەن ئۇرۇشۇشنى خالىمايمەن . بىرىنچى بولۇپ ئوق ئاتماسلىق ھەققىدە يارلىق بەرگەنمەن . سىزدىن ئىلتىمالىس ، ئاداۋەت يولىدىن قايتىڭ . بىر ۋاقىتلاردا مېنىڭ ھەزرىتى ئاتامنى ئىنىلىرى بىلەن يارىشتۇرغان يىرىتلىرىڭىزنى ئەسلەڭ . ئاكا - ئۇكا ئاداۋىتىگە ئىستىيدىل قارشى تۇرغان بەختلىك ۋاقىتلىرىڭىزنى ماڭا سۆزلەپ بەرگىنىڭىز يادىمدا تۇرۇپتۇ . ھەجگە بارغۇڭىز كەلسە سارايغا قايتىڭ . بىز سىزنى ئەڭ زور ھۆرمەت بىلەن قارشى ئالىمىز . بارلىق نىلم - ئاتاۋلىرىڭىزنى تۇرغۇزىمىز . »**

بۇ خەت تەسىرىدە بەيرەمخاننىڭ ئەكبەر بىلەن ئاتا - بالىدەك يېقىن ئۆتكەن ۋاقىتلىرىدىكى ئىللىق تۇيغۇلىرى ئويغاندى .

« ئۆزۈم ئەلچى بولۇپ ، ئورۇنسىز ئاداۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىپ يۈرگەنىدىمغۇ ، ئەمدى ماڭا نېمە بولدى ؟ » دەپ كۆڭلىدىكى تەشۋىشنى بېسىشقا ئۇرۇندى .

ئەمما ، بەگ - ئەھيانلىرىنى كېڭەشكە چاقىرىپ ، ئۇلارنىڭ پى-

ىكىرلىرىنى ئاڭلىغانسېرى چىرايى ئۆزگىرىشكە باشلىدى.

— بىز تەسلىم بولساق، پىرمۇھەممەد ئەتكە قىساس ئالمىغۇچە تىنجىمايدۇ! — دېدى ۋەلىبەگ، — ئەكبەرگە سەزدۇرمەي ئۆلتۈرۈپ تاشلاش قولىدىن كەلمەسمۇ؟

شەيخ گادايى سۆز ئالدى.

— بۇ خەتنىمۇ پىرمۇھەممەدگە ئوخشاش ھىيلىگەر تۈلكىلەر يازغان! «ئاداۋەت يولىدىن قايتىڭ» ئىمىش، «تارىخمۇ، خۇدامۇ كەچۈرمەس» ئىمىش! ياش يىگىتنىڭ ئاتىسىدىن چوڭ بەيرەمخانغا بۇنداق ئەقىل ئۆگىتىشى كۈلكىلىك ئەمەسمۇ؟

يېقىن ئادەملىرىنىڭ بۇ گەپلىرىمۇ بەيرەمخانغا ئاساسى باردەك تۇيۇلدى. ئەكبەرنىڭ ھىسارپىروز دېگەن جايدا تۇرغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ بەيرەمخان بىلەن ئۇرۇشۇشنى ئۆزىگە ئەپ كۆرمەي تۇرۇۋاتقانلىقى راست بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ھازىر ئەكبەرنىڭ قوشۇنىغا پىرمۇھەممەد ئەتكە باشچىلىق قىلماقتا. شۇ سەۋەبتىن بەيرەمخان ئەكبەرگە يازغان جاۋابىدا: «سىز ماڭا قارشى تۇغانلارنى ئېچىپ تاشلىدىڭىز. ئەمدى بۇ تاشقىننى ئۆزىڭىزمۇ ئىدارە قىلالمايسىز! — دېدى، — مەن پىرمۇھەممەد ئەتكەگە ئوخشاشلارغا تەسلىم بولۇپ، خار - زارلىقتا ئۆلگەندىن كۆرە، جەڭ مەيدانىدا مەردانە ئۆلۈشنى ئەۋزەل كۆرىمەن».

ئەكبەر بۇ جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن، ئالدىنقى سەپكە پىرمۇھەممەدنى ئەمەس، شەمسىددىن ئەتكەنى قويدى ۋە «ئىلاجىنىڭ بارىچە ئۇرۇشماڭ!» دەپ پەرمان بەردى. پەھلائۇر دېگەن جايدا شاھقۇلى مەھرەم باشلىق قىزىلباشلار شەمسىددىن ئەتكەنىڭ قوشۇنىغا تۇساتتىن ھۇجۇم قىلدى. شەمسىددىن ئەتكە ئەكبەرنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، ئوق ئاتماي چېكىندى. ئەمما، «دۈشمەن مەغلۇپ بولۇپ چېكىندى» دەپ روھلانغان شاھقۇلى مەھرەم ھۇجۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. گۇنەكۇر دېگەن جايدا شەمسىددىن ئەتكەگە پىرمۇھەممەد ۋە ئەلىقۇلىخانلار ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن ياردەمگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار شاھقۇلىبەگنى ئۈچ تەرەپتىن قورشىۋېلىپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىدى. بەيرەمخان باشقا

سادىق كىشىلىرىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن دۈشمەن ئاتلىقلىرىغا قارشى ئەل-لىك مەست پىلنى جەڭگە سالدى.

بىراق بۇ پىللارنى مىنىپ كېتىۋاتقان پىلچىلار ئارىسىدا لەئىل چاندىنىڭ تەربىيىسىنى ئالغان، ئۇنىڭ ئوغلى بىھشانغا دوست بولغان، شۇ سەۋەبتىن ئەكبەرگە يوشۇرۇنچە يان باسىدىغان ھىندى پىلچىلىرى بار ئىدى. ئۇلار مەست پىللارنىڭ يول تاللىماستىن پاتقاقلىق ئارقىلىق ھۇجۇمغا كېتىۋاتقانلىقىنى سەزسىمۇ، ئۆزلىرىنى سەزمەسكە سالدى. ئالدىدىكى پىللار پاتقاققا پېتىپ ماڭالماي قالدى، ئارقىدىكىلىرى باشقا ياققا بۇرۇلۇپ، پاتقاقلىقنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ بارغۇچە پىرمۇھەممەد ئەتكە ۋە ئەلىقۇلىخانلار ۋەلىبەگنىمۇ، بەيرەمخانىنىڭ باشقا يۈزلەپ بەگ - نۆ-كەرلىرىنىمۇ قىرىپ تاشلىدى. بەيرەمخان قالغان - قاتقان ئازغىنە ئادەم-لىرى بىلەن تاغ تەرەپكە چېكىندى ۋە قىيا تاش ئۈستىگە قۇرۇلغان تىلۋار قەلئەسىگە كىرىپ، ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى تاقاتتى.

قىساسكار پىرمۇھەممەد ئەتكە قەلئەنى ئۈچ مىڭ كىشى بىلەن قورشىۋالدى. ئەگەردە باشلانغان سۇ تاشقىنى گويا شۇ تاغلارغىچە كۆ-تۈرۈلۈپ كەلگەندەك بولدى. قەلئە كونا، لەخمىسى يوق بولۇپ، بەي-رەمخانىنىڭ ئەللىكچە ئادىمى قالغانىدى. پىرمۇھەممەد ئەتكە باشلىق قو-شۇن بۇ قەلئەگە سەلدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ بەيرەمخانىنى ئۆلتۈرۈشى ياكى ئەسىر ئېلىپ، قولىنى ئارقىسىغا باغلاپ چىقىشى مۇقەررەر ئىدى.

بۇ دەھشەتلىك تاشقىننى باشلىغان ئەكبەر ھەقىقەتەن باشقۇرال-ماي قالدى - دە، يىراقتا تۇرۇپ بەيرەمخانغا يەنە ياردەم قولىنى سوزدى.

ئاق بايراق كۆتۈرگەن ئەلچى ئەكبەرنىڭ قىسقىغىنا خې-تىنى قەلئەگە ئېلىپ كىرىپ، بەيرەمخانغا تاپشۇردى.

خەتنىڭ بېشىدىكى «خان ئاتا!» سۆزى بەيرەمخانغا بەختلىك كۈنلىرىنى ئەسلىتىپ، ۋۇجۇدىغا ئاجايىپ ئىللىق بىر ھارارەت بەرگەن-دەك بولدى.

**«خان ئاتا، ئىشىنىڭ، ئائىلىمىزگە قىلغان بۇرۇنقى ياخشىلىقلىرىڭىزنى**

مەن كېيىنكى دىلئازارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنۇتۇپ قويىمەن. سىزنىڭ قېنىڭىزغا تەشنا قىسلىكلارنىڭ بارلىقى راست. ماڭا ئەمەل بېرىڭ. سىزنى ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىدىن قۇتقۇزلي. نىمە شەرتىڭىز بولسا ئېيتىڭ، پەقەت ئەمدى ئاداۋەتنى بولدى قىلايلى. باشقا قان تۆكۈلمىسۇن. بۇ يەرلىك ئەمەس، بەلكى ئىلتىماس!»

بەيرەمخان ئەكبەر سوزۇۋاتقان قولنىنى بۇ نۆۋەت قايتۇرالمىدى. ئەكبەر پەقەت ۋاقتىنچە قۇتقۇزۇشى ۋە ھىمايە قىلىپ تۇرۇشى مۇمكىن. بەيرەمخان بۇنى بىلەتتى. ئەمما، لەشكەر بېشى بولۇۋاتقان پىرمۇھەممەد ئەتكە بەيرەمخاننى يوق قىلمىغۇچە تىنجىماسلىقى ئېنىق ئىدى. جاۋاب خېتىدە بەيرەمخان ئەكبەرگە پەقەت بىر ئىلتىماسنى ئېيتتى:

«پىرمۇھەممەد ئەتكە مەندىن ئىلاجى بار يىراقتا يۈرسۇن. مۇنىمخان خا-لىساق ئادەم. ئۇ مېنى ھۇزۇرىڭىزغا ئېلىپ بارسا، قايتىشقا رازىمەن.»

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندە، تىلۋار قەلئەسىنى قامال قىلىپ ياتقان قوشۇن ئەكبەرنىڭ پەرمانى بىلەن ئەگرەگە قايتۇرۇلدى. ئاتمىش ياشلىق نۇرانە مويسىپىت مۇنىمخان بەيرەمخاننى تىلۋاردىن ئېلىپ چىققاندا، تاشقىن گويا بېسىلغاندەك، ھەممە ياق تىنجىپ قالغاندەك بولدى.

× × ×

بىر ۋاقىتلاردا ھۇمايۇننىڭ كامران بىلەن ياراشقان پەيتلىرىنى كۆرگەن ئەكبەر بەيرەمخان كېلىدىغان چاغدا سارايغا چىرايلىق پاياندار سالدۇردى. بەيرەمخان شۇ پاياندار ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ــ دە، ئەكبەرنىڭ تەختى قويۇلغان جايغىچە يۈز قەدەم ئارىلىقنى قىرمىزى پا-ياندار ئۈستىدە مېڭىپ باردى. ئەكبەرگە يېقىنلاشقاندا، بىر تىزىنى يەرگە قويۇپ يۈكۈنمەكچى بولۇۋىدى، ئەكبەر ئالدىغا كېلىپ، قولىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ:

ــ خان ئاتا! ــ دېدى.

بۇ قەدەر ئىللىق مۇناسىۋەتنى كۈتمىگەن بەيرەمخان ئەكبەرنى

باغرىغا تارتىپ ، يۈزىنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويدى ـ دە ، يىغلاپ تاش-لىدى .
— ئەمىرزادەم ! . . . ئاشۇ مىڭ ئاتلىق ھارۋا مېنى ئېلىپ قاچقا-نىكەن . . . كېيىن بىلدىم . . .
— ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات ! — دېدى ئەكبەر ۋە ئەتراپ-تىكى بەگ ـ ئەميانلىرىغا يۈزلەندى ، — جانابلار ، بۈگۈندىن ئېتىبارەن ئاتالىقىمىزنىڭ خانى خانان ئۇنۋانى قايتا تۇرغۇزۇلىدۇ . ھەممىڭلار خانى خانان جانابلىرىنى بىزنىڭ ئاتىمىز ئورنىدا كۆرۈپ ، مۇناسىپ رەۋىشتە ئىززەتلىگەيسىزلەر !
ئەتىسى شۇ مەنىدە پەرمان يېزىلىپ ، بارلىق ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتىلدى . سۆزدە بەيرەمخاننىڭ ئاۋۋالقى ئورنى تۇرغۇزۇلدى . لېكىن ، ئەمەلىيەتتە ، بەيرەمخاننىڭ رەقىبلىرى ئەكبەرنىڭ قوينىغا كىرىۋېلىشقانىدى .
ئورنى يۇقىرى پىرمۇھەممەد ئەتكە بەيرەمخان بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئۇچرىشىپ قالسا ئاچچىق كىنايە قىلاتتى :
— خانى خانان جانابلىرى ، بىزنى بىر پىيالە سۇغا ئوخشاش چىمچىلاقلىرى بىلەن تۆكۈپ تاشلىماقچى ئىدىلە ، لېكىن تەقدىر ئىكەن ، ئەكسى بولدى ! . . .
بەيرەمخاننى ھاكىمىيەت ھودۇقتۇرۇپ قويغان پەيتلەردە ھەقىقە-تەن ئېغىر كەتكەن گەپلىرى ئەمدى ئۇنى ئوسال ئەھۋالغا قويۇپ ، ئەت-كەننىڭ بۇ كىنايىلىرىگە دەماللىققا جاۋاب تاپالمايتتى . ئەمما ، ئۆيگە قايت-قاندا ، دەردىنى قەغەزگە تۆكۈپ شېئىر يازاتتى :

بەيرەمخانغا كۆپ غېرىبلىق كار ئەتتى ،
غۇربەت ئۇنى خارۇزار ، بىمار ئەتتى .
يارەبكى ، بالالارغا گىرىپتار بولسۇن ،
ھەركىمكى ئۇنى غەمگە گىرىپتار ئەتتى .

دۈشمەنلەر سارايدا يەنە ئۇنىڭ ئۈستىدىن كۈلمەكچى بولغانلە-

رىدا ، بەيرەمخان شۇ ئۆتكۈر قۇرلىرىنى گويا ئۇلارغا نەيزە قىلىپ ئاتتى .
بەيرەمخاننى خار - زار قىلىپ دەردىنى چىقىرىۋاتقان شېئىرىي نەيزە
پىرمۇھەممەد ئەتكەننىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە ، ئۇنىڭ جېنى چىقىپ كەتتى :

— بۇ ، قارغاشقۇ ! — دېدى ئەتكە ۋە شېئىرنى چىرايلىق كۆ-
چۈرتتى - دە ، ماھىم ئىنىكئانىغا ئاپىرىپ كۆرسەتتى :

— قاراڭ ، بىز بەيرەمخاننى ئەملىدىن چۈشۈرگىنىمىز ئۈچۈن ،
ھەممىمىزنى « بالاغا گىرىپتار بولسۇن » دەپ قارغاپتۇ !

— پەقەت بىزنى ئەمەس ، پادىشاھىمىزنىمۇ قارغىغان ! — دېدى ما-
ھىم . — ئاخىرقى ھېسابتا بەيرەمخاننى ھاكىمىيەت ئۈستىدىن ئاغدۇرۇپ
غەمكىن قىلغان ئەڭ مۇھىم ئادەم ئەكبەر شاھ ئەمەسمۇ ؟!

— نەقەدەر داناسىز ، ماھىم ! پادىشاھىمىزنى بۇ شېئىردىن ئۆز-
ئىمىز ئاگاھلاندۇرۇڭ . ئاتالىقنىڭ چاياندەك چېقىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قوي-
سۇن !

ماھىم ئىنىكئانا ھازىر ئەكبەرنىڭ ئەڭ ئىشەنگەن كىشىسى ئىدى .
ئۇ بەيرەمخاننىڭ شېئىرى سارايدا قانداق گەپ - سۆزلەرگە سەۋەب بو-
لۇۋاتقانلىقىنى ئەكبەرگە ئېيتىپ بەردى :

— بەيرەمخانغا شۇنچە ياخشىلىق قىلغان بولسىڭىزمۇ ، قارغىشىنى
توختاتمىدى ! ئىلاھىم ، سىز - بىزگە تىلىگەن بالالىرى ئۆزىگە كەل-
سۇن !

ئەكبەر ماھىم ئىنىكئانىغا كىچىكىدىن ئىشىنىپ ئۆگەنگەنىدى .
ئىنىكئانىنىڭ بۇ چۈشەندۈرۈشىنىڭ تەسىرىدە بەيرەمخاننىڭ شېئىرى
ئۇنىڭغىمۇ قارغىشتەك تۇيۇلدى . ئاتالىق ئۆزىنىڭ بېشىغا ئۆزى كۈلپەت
سالغانلىقىنى نېمىشقا ئويلىمايدۇ ؟ ئەگەر ئۆيدە سەلىمە بېگىممۇ بەيرەم-
خاننى غەمگە گىرىپتار قىلىۋاتقان بولسا . بۇنى نېمىشقا ئۆزىدىن كۆر-
مەي ، باشقىلارغا يامانلىق تىلەيدۇ ؟

شۇ گەپلەرنىڭ تەسىرىدە ، ئەكبەر بىلەن بەيرەمخاننىڭ ئوتتۇ-
رىسىغا يەنە سوغۇقچىلىق چۈشتى . بەيرەمخاننى ھەججە ماڭغۇزۇش ھەق-
قىدە گەپ يەنە قوزغالدى . ئەكبەر بۇ گەپكە نە « ماقۇل » ، نە « ياق »

دېمىدى . لېكىن ئۇنىڭ سۈكۈتىنىڭ رازىلىق ئالامىتى ئىكەنلىكىنى كۆپ چىلىك بىلەتتى . بەيرەمخان پىتنە ـ پاساتقا تولغان سارايدىن كەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى سەزدى ـ دە ، ئادەملىرىگە كۆچ توپلاشنى بۇيرۇدى ۋە مېڭىشقا بىر كۈن قالغاندا ئەكبەرنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىردى .

ئەكبەر ئۇنىڭ غەمكىن ۋە كېسەلچان چىرايىغا قاراپ ئوڭايسىزلاندى .

ــ بىزنى بىراقلا تەرك ئەتمەكچى بولدىڭىزمۇ ؟ نېمىلا دېگەنبىلەن بىز . . . سىزنىڭ ياردىمىڭىزدىن . . . ياخشى مەسلىھەتلىرىڭىزدىن ئۈمىدۋار ئىدۇق .

ــ مەسلىھەتچىلىرىڭىز يېتەرلىك ، ئەمىرزادەم .

ــ ئەمما بۇ ھاكىمىيەت . . . سىز ئېيتقان مىڭ ئاتلىق ھارۋا . . . مېنى ھودۇقتۇرۇپ قويماقتا ! . . . ئۇنى ئېلىشتىنمۇ بەك باشقۇرۇش مۇشكۇل ئىكەن . . .

ئەكبەر ئەمدى سەممىي سۆزلىگىنى ئۈچۈن بەيرەمخانمۇ ئۇنىڭغا سىلىق جاۋاب بەردى :

ــ ئاتا ـ ئانىڭىزغا ئۆمۈر بويى ئازاب كەلتۈرگەن بۇ ھارۋا تېخى سىزنىڭ بېشىڭىزغىمۇ كۆپ كۈلپەتلەرنى سېلىشى مۇمكىن . مەسلىھەت شۇكى ، تىزگىنلەرنى مەندىن تارتىۋالدىڭىز ، ئەمدى باشقىلارغا بەرمەڭ . مەندەك ئادەمنى ھودۇقتۇرغان ھاكىمىيەتنىڭ ماھىم ئىنىكئانىدەك ئايال كىشى ياكى ئەدھەمخاندەك ئۈسمۈرنى خاتا يولغا ئېلىپ كېتىشى ھېچ گەپ ئەمەس . ھارۋىنى ھەيدەيدىغان ئادەم ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرسىمۇ ، « ھارۋىكەش » ، يەنى ھارۋىنى تارتىپ ماڭغۇچى ھېسابلىنىدۇ . كېچە ـ كۈندۈز شۇ مىڭ ئاتلىق ھارۋىنى ئۆزىڭىز تارتىپ كېتىۋاتقاندەك ئەمگەك قىلمىسىڭىز ، مۇرادقا يېتەلمەيسىز . ھەممە ئىشتا تىنچلىق بولۇشى مۇمكىن ، ئەمما ھاكىمىيەت ھارۋىسى كېچە ـ كۈندۈز تىنىمسىز ماڭىدۇ . ئازراقلا غاپىل بولسىڭىز ، مەنپەئەتپەرەسلەر ئۇنى باشقا تەرەپكە بۇراپ كېتىدۇ ، ياكى سىرتقى دۈشمەنلەر كېلىپ تارتىۋالىدۇ .

ئەكبەر بەيرەمخاننىڭ سۆزلىرىدە زور بىر ھەقىقەت بار-

لىقىنى ئىچ ـ ئىچىدىن سېزىپ ئېغىر تىن ئالدى :
ــ بۇ سۆزلىرىڭىزنىمۇ ، ماڭا قىلغان بارلىق ياخشىلىقلىرىڭىزنىمۇ ئۇنتۇمايمەن . خان ئاتا ، مەندىن تەلەپ قىلىدىغان نېمە تەلەپلىرىڭىز بار ، ئېيتىڭ . بەجانىدىل ئادا قىلىمەن .
بەيرەمخان بېشىنى ساڭگىلىتىپ بىردەم جىم تۇردى . ئەكبەرنىڭ چىن دىلىدىن ئېيتقان سۆزلىرى ئۇنىڭغىمۇ ئەڭ يوشۇرۇن دەردىنى ئېيتىش ئىمكانىيىتىنى بەردى :
ــ سىز ياش بولسىڭىزمۇ ھازىر ماڭا سىرداشسىز ، ياشلىقتا بەرگەن كۆڭۈل ئادەمگە ئۆمۈرلۈك بىر بالا بولىدىكەن . قېرىغىنىمدا ياشلىق ئوتىنى كۆڭلۈمدە قايتا ياندۇرماقچى بولدۇم . لېكىن بۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن . . . ئۆزۈمنىمۇ ، سەلىمە بېگىمنىمۇ بىھۇدە ئازابلارغا قويغىنىمنى كېيىنرەك سەزدىم . نازىيە بىبى ــ ئوغلۇم ئابدۇرەھىمنىڭ ئانىسى . . . ماڭا مېھرى ياخشى . . . ئۇنى بىرگە ئېلىپ كېتىمەن . سەلىمە بېگىم ئەگەرەدە قالىدۇ . مېنىڭ دۈشمەنلىرىمنىڭ نەقەدەر كۆپلۈكى سىزگە مەلۇم . ئەگەر كۈنۈم تۈگىسە ، ئۈمىدىم شۇكى ، سەلىمە بېگىمنى سىز ھىمايىسىز قالدۇرماسسىز . . .
بوغۇق ئاۋازى بىلەن ۋەسىيەتكە ئوخشىتىپ ئېيتىلغان بۇ سۆزلەردىن ئەكبەرنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى :
ــ خان ئاتا ، سىزنى تەڭرىم ئۆزى ساقلىسۇن ! مەن سىزگە يېتەرلىك قوغدىغۇچى بېرىمەن . سەپىرىڭىزنىڭ بىخەتەر بولۇشى ئۈچۈن بارلىق چارىلەرنى كۆرىمىز . ئەمما ، ئەلۋەتتە قايتىپ كېلىڭ ، بىز سىزنى كۈتىمىز !
بەيرەمخان باش چايقىدى :
ــ قايتالماسلىقىم مۇمكىن ! قالغان ئۆمرۈمنى شائىر بولۇپ ئۆتكۈزمەكچىمەن . مەن تۈركمەن ئېلىدىنمەن . ئارمىنىم شۇ يەرگە قايتسام ، يۇرتداشلىرىم مېنى ئۆزلىرىنىڭ شائىرى دەپ قوبۇل قىلسا . . ئەمدى . . . خوش !

ئۇلار مەيۇس خوشلاشتى .

× × ×

بىر ۋاقىتلار زەرەفشان بويىدا باغۋەن بولغان مۇبارىز-
خان ( ئاۋۋالقى ئەفزەلبەگ ) ئەكبەر ۋە پىرمۇھەممەدنىڭ سۆزلىرىنى
بەيرەمخانغا يەتكۈزۈپ يۈرۈپ ، ئۇنىڭ يېقىن ئادىمىگە ئايلانغانىدى .
بىراق ، بەيرەمخان يېڭىلىپ ، ئەكبەرگە ئەڭ يېقىن ئادەم ئەدھەمخان ۋە
ئۇنىڭ ئانىسى ماھىم ئىنىكئانا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن مۇبارىزخان ،
يەنىلا بەيرەمخاننىڭ خىزمىتىدە يۈرگەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئىچكى سىرلى-
رىنى ئەدھەمخانغا يەتكۈزۈپ تۇردى ۋە ئۇنىڭ سادىق خەۋەرچىسىگە
ئايلاندى .

ئەدھەمخان كەلگۈسىدە بەيرەمخانغا ئوخشاش ۋەكىلى سەلتەنەت
بولۇش ئارزۇسىدا بولۇپ ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال بەيرەمخاننى ، ئۇنىڭدىن
كېيىن مۇنىمخاننى يوق قىلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى . مۇبارىزخان شۇ
پىلانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ، ئۇنىڭغا ئەستايىدىل خىزمەت قىلسا ،
ئەدھەمخان ئۇنى ھېلىغىچە يېتەلمەي كېلىۋاتقان ئارزۇلىرىغا يەتكۈزۈشى ،
يۇقىرى ئەمەل ۋە مۈلۈك ئىنئام قىلىشى مۇمكىن ئىدى .

مۇبارىزخان بەيرەمخاننىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك خىزمەتكارى قاتارىدا
سەپەرگە بىللە چىقتى . ئەدھەمخان ئۇنىڭغا ئەھمەدئابادتىن نېرىدىكى
پەتەن شەھىرىنىڭ كوتۇۋالغۇچىسى مۇساخان پولادى بىلەن يوشۇرۇن
ئالاقە باغلاشنى بۇيرۇدى . پەتەن گۇجارەت پادىشاھىغا قارايتتى . بۇ
يەردە ئەكبەرنىڭ ھۆكۈمى ئۆتمەيتتى . ئەدھەمنىڭ دوستى مۇساخان
بولسا ئەگەردە بەيرەمخان بىلەن چىقىشالماي ، پارىخورلۇقتا ئەيىبلىنىپ ،
تۆت يىل بۇرۇن پەتەنگە كېتىپ قالغانىدى . ئەدھەمخان بىلەن پىرمۇ-
ھەممەد ئەتكە بەيرەمخاننى پەتەندە ئۆلتۈرۈش پىلانىنى شۇ مۇساخان بى-
لەن تىل بىرىكتۈرۈپ تۈزدى . مۇبارىزخان ئىككى ئارىدا مەخپىي ۋاسى-
تىچى ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى .

پىلاننى بىۋاستە ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان قاتىللار بۇنىڭدىن بەش

يىل بۇرۇن سىرھىندىكى جەڭدە بۇيرۇقنى بىجىرمىگەنلىكى ئۈچۈن بەيرەمخان تەرىپىدىن قەتلى قىلدۇرۇلغان مۇزەففەر لاخاننىڭ قېرىنداشلىرى ئارىسىدىن تاللاندى. بەيرەمخان ھەجگە بارىدىغان مويسىپىتلەرگە ئوخشاش ئاق ماتادىن كىيىم كىيگەن بولۇپ، يېنىدا قورال - يارىغى يوق ئىدى. ئۇنىڭ شۆھرىتى پۈتۈن ھىندىستانغا تارقالغان بولغاچقا، ئەجمىر ۋە ئەھمەدئاباد ئارقىلىق پەتەنگىچە بولغان بىر ئايلىق يول داۋامىدا بەيرەمخاننى يېقىندىن بىر كۆرۈشكە، ئۇنىڭ ئىككى ئېغىز سۆزىنى ياكى بىرەر بېيت - شېئىرىنى ئاڭلاشقا ئىشتىياقمەن ئادەملەر توپ - توپ بولۇپ ئەتراپىنى ئورىۋېلىشاتتى.

توپلانغانلار ئارىسىدا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەر ۋە مەغلۇبىيەتلەرنىمۇ ئاڭلىغان، «ھاكىمىيەتتىن قوغلانغان چوڭ ئەمەلدارنىڭ ئەھۋالىنى بىر كۆرۈپ قويايلۇق» دەپ سوغۇق سىنچىلىق بىلەن تىكىلگەن تاماشا كۆرگۈچىلەرمۇ يوق ئەمەس. بەيرەمخان خۇسۇسەن شۇلارنى يامان كۆرىدۇ. ئۇ شانۇ شۆھرەتنىڭ ئېغىر يۈكىدىنمۇ زېرىككەن، ئىلاجى بولسا يالغۇز سەيلە قىلغۇسى، يېڭى شېئىرلار ۋە داستانلار ھەققىدە ئويلانغۇسى كېلىدۇ. پەتەن كۈتۈۋالغۇچىسى مۇسا خان پولادى كونا خاپىلىقلىرىنى ئۇنتۇغاندەك، بەيرەمخاننى ئىللىق قارشى ئالدى. ئۇنىڭغا شەھەر چېتىدىكى كۆكلەمزار ۋە خىلۋەت ئورمانزارلارنى كۆرسەتتى.

شىمالىي ئۆلكىلەردە قىش چىللىسى باشلانغان بولسىمۇ، پەتەندە ھاۋا خۇددى كۆكلەم پەيتىدىكىدەك، گۈزەل ۋە يېقىملىق. غەرب تەرەپتە ئۇنچە يىراق بولمىغان دېڭىزدىن سەلكىن شامال ئۇرۇپ تۇراتتى.

بەيرەمخان مانا شۇ ھۇزۇرلۇق ھاۋادا ئورمان ئىچىدە يالغۇز ئايلىنىپ سەيلە قىلىشقا چىقتى. جامال ۋە باشقا قوغدىغۇچى يىگىتلىرىنى جاۋاب بېرىپ قايتۇردى. بەيرەمخاننىڭ يېنىدا پەقەت «ساداقەتلىك» مۇبارىزخان قالدى. ئۇ مۇزەففەر لاخاننىڭ ئوغلى مۇبارەك بىلەن يوشۇرۇنچە ئۇچرىشىپ تىل بىرىكتۈرۈپ قويغانىدى.

سېرىق بايراقلىق جەمىن ۋە ئەمەلبەد ①دەرەخلىرى ئارىسىدىن يىگىرمە ـ ئوتتۇزچە ئادەم چىقىشقا باشلىغاندا، بەيرەمخان «سىنچى تاماشىچىلار مېنى مۇشۇ يەردىمۇ تىنچ قويۇشماپتۇ» دەپ رەنجىدى. ئەمما، ئەتراپنى ئوراپ كېلىۋاتقان ئادەملەرنىڭ پەيلى يامانلىقىنى كۆرۈپ تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى.

— مۇبارىزخان! — دەپ ھەمراھىنى چاقىردى ئۇ.

بىراق، مۇبارىزخان ئۇنى قانخور دۈشمەنلىرىگە تۇتۇپ بېرىپ، ئۆزى ئاللىقاچان غايىب بولغانىدى. بەيرەمخان يىگىتلەردىن بىرىنىڭ قولىدا سوغۇق يالتىراۋاتقان ئىككى ئۈچلۈق خەنجەرنى كۆردى. «جەمۇدخەر» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ دەھشەتلىك خەنجەرنىڭ سېپى قايچىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئىككى ئۈچى بەدەنگە سانجىلىپ، ھەر ئىككى سېپى بارماق بىلەن قىسىلاتتى ۋە ئەزالارنى قايچىدەك كېسىپ، قىيمىلاپ ئادەمنى تىن تارتقۇزماي ئۆلتۈرەتتى. بەيرەمخاننىڭ سارامسىملىك خىيالىدا پەنىپەتنىكى چېدىردا ئۆلتۈرۈلگەن تۇردىبەگ گەۋدىلەندى. ئۇنىڭمۇ بېقىنىغا مانا شۇنداق ئىككى تىغلىق خەنجەر سانجىلغاندا بىچارە كۆزلىرى چانقىدىن چىققۇدەك بولغان، قاتتىق قىينىلىپ، ئىڭراپ جان بەرگەنىدى.

ئەمما، ھازىر ئىككى ئۈچلۈق جەمۇدخەر ئېگىز بويلۇق، تۈكلۈك ئاۋغان يىگىتى مۇبارەك لاخانىنىڭ قولىدا ئىدى.

— مېنىڭ ئاتامنى سەن سىرھىندە قىلىچ بىلەن چاپتۇرغانىدىڭ، قاتىل! — دەپ جەمۇدخەر تۇتقان قولىنى ئېگىز كۆتۈردى، — ئەمدى قىساس قايتقاي!

بەيرەمخاننىڭ نەزەرىدە ئىككى تىغ ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە سانجىلىدىغاندەك كۆرۈندى. بەيرەمخان قوللىرى بىلەن يۈزىنى توستى ـ دە، ئارقىغا بۇرۇلدى. ئارقىدىن باستۇرۇپ كەلگەن يىگىتلەر ئۇنى مۇبارەككە تەرەپكە قاتتىق ئىتتىرىۋەتتى. بەيرەمخان پىرقىراپ بېرىپ، مۇبارەككە يەلكىسى بىلەن ئۇرۇلدى. شۇ چاغ ئىككى تىغلىق خەنجەر ئۇنىڭ ئىككى

---

① جەمىن — مېۋىلىك دەرەخ. ئەمەلبەد — تالنىڭ بىر تۈرى.

كۆكسىنىڭ ئاستىغا غاچچىدە سانجىلدى . . .

قان تۆكۈپ قوتۇرغان قاتىللار بەيرەمخاننىڭ خوتۇنى ۋە بالىسىنى ئۆلتۈرمەكچى ۋە بار ــ يوقىنى بۇلىماقچى بولدى . لېكىن ، جامال باشلىق تۈركمەن يىگىتلىرى نازىيە بىبى بىلەن ئابدۇرەھىمنى پەتەندىن ساق ــ سالامەت ئېلىپ چىقىپ كەتتى . بەيرەمخاننى قانغا بويالغان كىيىمى بىلەن سەللىسىگە ئوراپ پەتەندە شىھىتلەردەك دەپنە قىلدى . ①

ئاتىسىدىن ئايرىلىپ ، ئەگرەگە يىغلاپ قايتقان ئابدۇرەھىمنى ئەكبەر قولىغا ئېلىپ باغرىغا باستى :

ــ مەندىنمۇ خاتالىق ئۆتتى ، ئاتالىقنى ھەجگە ماگدۇرمىسام بولاتتى ! . . . ئەمدى ئاتاڭغا تۆلىيەلمىگەن قەرزلىرىمنى ساڭا تۆلەيمەن ، ئابدۇرەھىمجان !

ئەكبەر باش ۋەزىر مۇنىمخانغا بۇيرۇدى :

ــ مەخسۇس پەرمان يازدۇرۇڭ : ئابدۇرەھىمنى مەن پەرزەنتلىكىكە ئالىمەن . پادىشاھ ئوغلىغا قانداق كىيىم ، ئائام ، قانچە خىزمەتكار ، ئۆلپەت كېرەك بولسا ، ھەممىسى تەيىنلەنسۇن . ئەكبەر تېخى پەرزەنت كۆرمىگەن ئون توققۇز ياشلىق يىگىت بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئابدۇرەھىمنى پەرزەنتلىكىكە ئالغانلىقى بەزىلەرگە غەلىتە تۇيۇلدى . لېكىن ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن تەگتۇشى ئەزىزخان ئابدۇرەھىمگە بەگ ئەتكە قىلىپ تەيىنلەندى . گۈلەفشان بېغى قورۇقچى ۋە خىزمەتكارلىرى بىلەن ئابدۇرەھىمنىڭ ئىختىيارىغا بېرىلدى . ئەگرەنىڭ ئەڭ پازىل ئادەملىرى ئابدۇرەھىمنى شاھزادىلەردەك تەربىيىلەپ پەرۋىش قىلىشقا باشلىدى .

بەيرەمخانغا ھازا تۇتۇپ قارا كىيىم كىيگەن ئۈچ خوتۇننىڭ بىرى سەلىمە بېگىم بولدى. . ئەكبەر ئاتالىقنىڭ ئەگرەدىكى ئۆيىگە پاتىھەگە بارغاندا ، ئىچكى ھويلىغا كىرىپ سەلىمە بېگىمدىن كۆ-

① ئارىدىن ئون سەككىز يىل ئۆتكەندە ، يېقىن قېرىنداشلىرى ئۇنىڭ توپىسىنى مەشھەدگە يۆتكەپ ، مەشھۇر ئىمام رىزا مەقبەرىسى يېنىغا كۆمىدى .

گۈل سورىدى . ھەمدە بېگىم سەلىمەنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغانىكەن .
ياش تۇل ئايال ئېسەدەپ يىغلاپ :
— ئۇ كىشى ئۆلگۈچە مەن ئۆلسەم بولماسمىدى ؟ كاشكى ، بىزدىمۇ سەتى ① ئادىتى قوبۇل بولسا ، مەنمۇ ئاشۇ يالقۇندا كۆيۈپ كۈل بولسام ياخشى ئىدى !

ئەمدىلا ئون سەككىز ياشقا كىرگەن جۇۋاننىڭ بۇنچىلىك ئازابلىنىشى ھەمدە بېگىمنى تەئەججۈپكە سالدى .

— ۋاي ، سەلىمەجان ، سىزگە نېمە بولدى ؟ تېخى گۈلدەك ياشلىقىڭىز تۇرۇپتۇ . . .

— ئېچىلماي سولغان گۈل كىمگە كېرەك ، ھەزرىتى بېگىم ؟! بەختىم قارا بولمىسا ، مۇشۇ كۈنلەر بېشىمغا چۈشەرمىدى ؟!

ئەكبەر سەلىمەنىڭ نېمىشقا بۇنداق دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇراتتى . چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ئەكبەرگە نامۇناسىپ بىلىپ ، شۇنداق ئازابلىناتتى ئىدى . لېكىن ، ئەكبەرگە ئۇ ھېلىھەم بۇرۇنقىدەك گۈزەل كۆرۈنەتتى . ئۇنىڭ دەردىنى سېزىپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ ، كۆز چانىقىغا ياش تولدى .

— سەلىمە ، — دېدى ئەكبەر ئاۋازى بوغۇلغان ھالدا ، — مەن سىزنى ھىمايە قىلالمىدىم . . . ئۆزۈمنى ھېلىغىچە گۇناھكار سېزىمەن . . . ۋاقتى كېلەر ، بۇ گۇناھىمنى ئەلۋەتتە يۇيىمەن . تويىمىز بىر جايدىن ئېلىنغان ، تەلىيىمىزمۇ بىر بولغاي ئىلاھىم ! . . .

بۇ سۆزلەر سەلىمە بېگىمگە تەسەللىي بەردى . ئەمما ، ھەمدە بېگىمنى ئويلاندۇرۇپ قويدى . ئەجەبا ، ئەكبەر شۇ تۇلنى ئالماقچىمىدۇ ؟

بەيرەمخاننىڭ يىگىرمىسى ، قىرىقى ۋە باشقا مۇراسىملىرى ئۆتكەندىن كېيىن ، سەلىمە ھازىدارلىق كىيىملىرىنى تاشلىدى . ھەشت بېھىش بېغىدا كۆزلۈك گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان كۈنلەردە ئۇنىڭ بادام گۈللۈك قابا كىيىپ يۈرگىنىنى ئەكبەر كۆردى - دە ، ئانىسىنىڭ ئالدىغا

① ھىندىلاردىكى خۇراپىي ئادەت . تۇل ئايال ئۆز ئېرى بىلەن بىللە ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈلىدۇ .

باردى . تاماق قىرىپ ئەيمىنىپقىنا گەپ باشلىدى :
— بىر چاغلاردا سەلىمەنى كېلىن قىلىش ئارزۇيىڭىز بار ئىدى ، ئانىجان . . .
ھەمىدە بېگىم ئەپسۇس بىلەن :
— نېسىپ قىلمىغانىكەن ، — دېدى .
ئەكبەر ھازىر دادىسىدىنمۇ قاۋۇل ۋە بەقۇۋۋەت يىگىت بولۇپ قالغانىدى . سەلىمە بېگىم بەيرەمخانغا ياتلىق قىلىنغان چاغدا ، ھەمىدە بېگىم ئوغلىغا مەرھۇم ھىندال مىرزىنىڭ قىزى رۇقىيە بېگىمنى ئېلىپ بەرگەن . لېكىن ، ئەكبەرنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭلى بولمىغاچقا ، ئۈچ يىلغىچە پەرزەنت كۆرمىگەنىدى .
ھەمىدە بېگىمنىڭ نەۋرە كۆرگۈسى كېلەتتى . ئەكبەر شاھلىق ئۇدۇمغا ئاساسەن يەنە ئۆيلىنىشى مۇمكىن ئىدى . ھەمىدە بانۇ ئىلگىرى سەلىمەنى ياخشى كۆرگەن ، بىراق ھازىر « تەقدىر قوشۇلمىغانىكەن ، ئەكبەردەك يىگىتكە چوكان ئېلىپ بېرىمەنمۇ ؟ » دەپ ئۇلارنى يېقىنلاشتۇرغۇسى كەلمەيتتى . بىراق ، ئەكبەر سەلىمەگە كۆڭلى بارلىقىنى ئانىسىغا ئېيتىپ :
— مەن ئۇنى ئۆز . . . ھىمايەمگە ئالماقچىمەن ، — دېدى ، — باشقىلار نېمە دېسە دېسۇن . ئەمما ، خان ئاتانىڭ دۈشمىنى جىق ، ئاچچىقىنى سەلىمەدىن ئالىدىغانلار كۆپ . خان ئاتانىڭ ئۆزى بۇنى ماڭا ئېيتقانىدى . ئۇنىڭ روھى ـ خاتىرىسى ئۈچۈن سەلىمەنى ھىمايەمگە ئېلىشىم كېرەك .
— بىلىمەن ، سىز ئالىيجاناب بولماقچىسىز . لېكىن ، كۆڭۈل ئىشى نازۇك ، ئەكبەرجان . . . ئۈچ يىل بىراۋنىڭ نىكاھىدا بولغان چوكان . . .
ئەكبەر خاپا بولۇپ دېدى :
— بۇنى ماڭا ئەسلەتمەڭ ! باشقىلار شۇنداق دېسىمۇ سىز بىلەن بىز ھەقىقەتنى بىلىمىزغۇ . . . سەلىمەنىڭ بىزنى دەپ شۇ ئۆيگە كىرگەنلىكىنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويدىڭىزمۇ ؟ « ياخشىلىقنى قايتۇرۇش

ئاسان ئەمەس ، بۇ ، قۇربان بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ » دېگەن گەپنى ئۆزىڭىز ماڭا قىلغان ئەمەسمۇ ؟

ھەمدە بېگىم ئەمدى ئۆزىنىڭ شۇ گېپىگە ئەمەل قىلمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى ۋە توي تەييارلىقىغا كىرىشتى . مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، توي شاۋقۇن - سۈرەنسىز ئاددىيغىنا بولدى .

ھەشت بېھىش بېغىنىڭ ئۈستىدە يۇلتۇزلار چاراقلاپ يەتتە كۈنلۈك ئاي ئۇپۇققا ئېقىپ چۈشۈۋاتقان چاغدا ، ئىككى تەشنا قەلب ئاخىر بىر - بىرىنىڭ مېھرىگە قاندى .

## دېھلى . مۇھەببەت ۋە غەزەپ

خەزىنىنىڭ ئاچقۇچى ئەكبەرنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن ، دېھلىدىكى مىرزا ھۇمايۇن مەقبەرىسىنىڭ لايىھەسى قەغەزدىن يەرگە چۈشۈپ ھەيۋەتلىك بىر قۇرۇلۇش تۈسىنى ئالدى . بۇ ئىشقا ناھايىتى كۆپ مەبلەغ سېلىنغانچقا ، بىناكار مەۋلانە مىراكنىڭ قولىدا ئونلاپ تاشچىلار ، پىلانچىلار ، يۈزلەپ مەقبەرىچىلەر ئىشلىدى . مەقبەرىگە كېتەرلىك قىزىل تاش ناھايىتى يىراقلاردىن ، تاغلاردىن توشۇپ كېلىنەتتى . ئۆكۈز ۋە ئات قوشۇلغان ھارۋىلار ئېغىر تاشلارنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ ئۈلگۈرەلمەي ، تاشچىلار بەزىدە بىكار تۇرۇپ قالاتتى . پۈتۈن ئوي ـ خىيالى مەرھۇم ھۇمايۇن ۋە ئۇنىڭ مەقبەرىسى بىلەن بەند بولغان ھەمىدە بېگىم ئەگرەدىكى ئەكبەرگە خەت يېزىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى .

« ئەلھەمدۇلىللا شۈكۈرلەركى ، ھازىر زامان تىنچ ، پىلخانىڭىزدا ئەتىياز پىللىرى بېقىلىپ تۇرۇپتۇ . بىر قىسمىنى يۆك توشۇشقا ئۆگەتسەك بولماسمۇ ؟ » دەپ سورىدى ئۇ .

شۇنىڭدىن كېيىن ئەكبەر بىكار تۇرغان ھەربىي پىللىرىدىن ياۋاشراقلىرىنى بېھشان چاند باشلىق پىلچىلارغا تاپشۇرۇپ ئەگرەدىن دېھلىغا ماڭغۇزدى .

ھەربىي پىللار كۆپىنچە بىكار تۇراتتى . ئانچە ـ مۇنچە بولۇپ تۇرىدىغان ئۇرۇش ئالدىدا ئۇلارغا كۆپلەپ يەم بېرىلەتتى . تاتلىق سۇغا مەست ۋە دەرغەزەپ قىلغۇچى گىياھلارنىڭ شەربىتى قوشۇلۇپ ئىچكۈزۈلگەندىن كېيىن ، ئۇلار شاخ ـ شۇمبىلارنى بەدىنى ھەم خارتۇمى بىلەن ئۇرۇپ ، پۇتى بىلەن يەنجىپ كېتىۋېرەتتى . ئىشقا ئۆگىتىلگەن پىللار يۆك توشۇپ چارچىغان چېغىدا ، ياۋاش بولۇپ قالاتتى . ئۇلارغا شېكەر قومۇشقا ئوخشاش يېمەكلىكلەر ، ئېسىنى يىغقۇچى يېمىشلەر بېرىلەتتى .

بىر ـ ئىككى ئاي شۇ تەرزدە بېقىلغان ﻔەۋجىدارنىڭمۇ ياۋاش بولۇپ قال-
غانلىقىنى ۋە يۇك توشۇشقا ئۈگىتىلگەنلىكىنى ئەكبەر دېھلىغا كەلگەندە
ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى .

ئەربىستانغا بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەن بىكە بېگىم ھەمىدە بانۇغا
سىناي تېغى ئېتىكىدە ئاڭلىغان بىر رىۋايەتنى ئېيتىپ بەردى :

— بارا ـ بارا ئۇرۇش يوقىلار ئىمىش ، ئادەملەر قىلىچلاردىن سا-
پان ياسارمىش !

— كاشكى شۇ زامانىلارنى كۆرۈشكە نېسىپ قىلسا ، ھاجى
بېگىم ، — دېدى ھەمىدە بانۇ .

بىر ۋاقىتلاردا كۇنداش بولغان بۇ ئىككى ئايال ھازىر ئىناق بولۇپ
قېلىشقانىدى . ئەمدى ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىدىغان ئېرى
يوق ، مانا بۇ مەقبەرە قۇرۇلۇشىدىكى ئالدىراشچىلىقلارمۇ ئىككىسىگە يې-
تىپ ئاشاتتى .

ھاجى بېگىم باغ قۇرۇلۇشىنى ياخشى بىلەتتى ، مەقبەرە ئەتراپى-
دىكى ئوتتۇز جارىب [1] چوڭلۇقتىكى ئىچكى ـ تاشقى باغنىڭ شەكلى ،
گۈلزار ۋە دەرەخزارلىرى ئۇنىڭ نازارىتى ئاستىدا قىلىنىماقتا ئىدى .

مىرزا ھۇمايۇن مەقبەرىسىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى باغ ئوتتۇرىسىغا
قۇرۇلۇۋاتقانلىقى ۋە بۇ باغنىڭ ئۆزى بىناكارلىق ئەسىرىدەك مەخسۇس
لايىھە ئاساسىدا قۇرۇلۇۋاتقانلىقى دېھلى ۋە ئەگرەدە ئەمدىلا تەجرىبىدىن
ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان يېڭىلىق ئىدى . مەۋلانە مىراك ھەم بېگىملەر بۇنداق
مەقبەرىلەرنى ھېرات ۋە مەشھەددىلا كۆرگەنىدى . سەمەرقەنددىكى گورى
ئەمىرنىڭمۇ شۇ تەرىقىدە قۇرۇلغانلىقىنى بىلىشەتتى . ھازىر ئۇلار ماۋەرا
ئۇننەھر ۋە ئىران بىناكارلىرىنىڭ شۇ ئەنئەنىسىنى ھىندىستان شارائىتىغا
تەدبىق قىلىشاتتى . قىيىنچىلىق شۇنىڭدا ئىدىكى ، سەمەرقەند ـ ھېرات
ئابىدىلىرىگە بېزەك سۈپىتىدە ئىشلىتىدىغان رەڭدار كاھىشلارنى بۇ يەردە
ئىشلەتكىلى بولمايتتى . ھىندىستاننىڭ ئىسسىق ئىقلىمى ۋە ئۇزاققا سوزۇ-
لىدىغان يامغۇر پەسلى كاھىشلارنى تېزلا كاردىن چىقىراتتى . شۇنىڭ

---

[1] جارىب ـ بىر مىڭ ئىككى يۈز كۋادرات مېترغا تەڭ .

ئۇچۇن مەقبەرىگە ئىشلىتىلدىغان بارلىق زىننەتلەر تاشتىن يونۇلۇپ ، مەرمەر رەڭ ۋە ھەل بېرىش ئارقىلىق ئىشلەنمەكتە ئىدى . مىرزا ھۇمايۇن مەقبەرىسى ئۆزىنىڭ كاتتىلىقى ۋە بارلىق ئىشلىرى تاشچىلىققا ئاساسلانغانلىقى بىلەن ھىرات ۋە سەمەرقەند ئابىدىلىرىگە ئوخشمايدىغان ئۆزگىچىلىكلەرگە ئىگە ئىدى .

جۇمە كۈنلىرى قۇرۇلۇشتا ئىش توختاپ ھەممە جاي قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمجىت بولۇپ قالاتتى ، پەقەت ناگان - ناگاندا ھۇمايۇن قەبرىسىنى تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنلەرنىڭ دۇئا - تىلاۋەتلىرى مۇڭلۇق ئاھاڭ بىلەن ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

مۇسۇلمانلىق ئادىتىگە ئاساسەن ، بېگىملەر ھۇمايۇن قەبرىسىگە سەھەردە كۈن چىقماستىلا كېلىپ كېتەتتى . بۇنداق چاغدا باشقا تاۋاپچىلار يوق دېيەرلىك ئىدى . بۇ جۇمە ھاجى بېگىم قىزىتما بولۇپ قالغانلىقتىن تاۋاپ قىلغىلى كېلەلمىدى . ئەمما ، ھەمىدە بېگىم تاڭ سەھەردىلا ئۆزى يالغۇز كەلدى .

ئۆلگە سۇپەتلىك مەقبەرىنىڭ ئەتراپى قورشالغان ۋە ئۈستى ئوبدانلا يېپىلغانىدى . ئىچكىرىسى قاپقاراڭغۇ ، بېگىم ئىككى دەستە شامدانىنىڭ شاملىرىنى يېقىپ قەبرىنىڭ باش تېمىغا قويۇۋاتقاندا ، كىمنىڭدۇر پىچىرلاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى . ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ، قەبرىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئولتۇرغان ئۇزۇن ساقاللىق مويسىپىتنى كۆردى . بېگىم بېشىغا قايرىۋەتكەن ھىلھىلە روملىنى يۈزىگە چۈشۈرۈپ ئولتۇردى ۋە تىلاۋەت تۈگىگەندە ، مويسىپىتقا قوشۇلۇپ دۇئا قىلدى .

مويسىپىت ھاسىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى - دە ، تىترەڭگۈ ئاۋۇش بىلەن :

— ھەزرەت بېگىم ، كېچىككەن بولسامۇ ، سىزنىڭ دەردىڭىزگە ھەمدەم بولاي دەپ كەلدىم ، — دېدى .

ئاۋازى ، كۆزلىرى ناھايىتى تونۇش ، ئەمما قورۇق ، ئاق ساقال بېسىپ كەتكەن يۈزى ناتونۇش ، تۈركىي سۆزلەرنى ھىندىچە تەلەپپۇز

بىلەن سۆزلەشلىرىمۇ كىمنىدۇر ئەسلىتەتتى . لېكىن ، چوڭ ئاق سەللىسى ۋە ئۇچىسىدىكى مەللە چاپىنى شەيخلەرنىڭكىگە ئوخشايتتى .

— مىننەتدارمەن ، تەقسىر ، — دېدى ھەمدە بېگىم ئورنىدىن تۇرۇپ .

— ھۇمايۇن ھەزرەتلىرى بىلەن . . . ئاغا - ئىنى بولۇشقانىدۇق ، — سۆزىنى داۋام قىلدى مويسىپىت كىشى ، — قەبرىنى تاۋاپ قىلغىلى ھەر يىلى كېلىمەن ، ئەمما سىزنى تۇنجى قېتىم ئۇچرىتىشىم . . .

ھەمدە بېگىم بىردىن جەمنە بويىدا ئۆتكەن قىزلىق چاغلىرىنى ، نىزام پالاقچىنىڭ قىياپىتىنى ، ئوتلۇق كۆزلىرىنى ۋە شېرىن ئاۋازلىرىنى ئەسلىدى - دە ، ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ سورىدى :

— سىز ؟ . . . نىزام ؟ . . . ساھىب نىزام . . .

— ھەئە . بەختسىزلىككە ئۇچراپ . سەلىم دېگەن نامنى ئالغان نىزام — مەن !

— راستىمۇ ؟ كۆزلىرىمگە ئىشىنەلمەيۋاتىمەن ! — دەپ ھەمدە بېگىم نىزام تەرەپكە قايرىلدى . يىگىرمە ئۈچ يىلدا ئادەم شۇنچە ئۆزگىرىپ كېتەرمۇ ؟ تېخى ئەللىككە كىرمىگەن نىزام — ھاسسا تۇتقان ، ئاپئاق ساقال !

— ئېغىر جاراھەتلەر مېنى تېز قېرىتىۋەتتى ، بېگىم . بارمىغان يېرىم قالمىدى . ھازىرمۇ . . . سىز بىلەن . . . ھەزرەت ئىككىڭىزلار . . . سىند ۋىلايىتىدىكى چاغلىرىڭىزلاردا ماڭا مەدەت بېرىپ تۇراتتىڭىزلار ، بولمىسا ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتىم .

— خەيرىيەتكى ، يەنە يۈز كۆرۈشۇشكە مۇيەسسەر بولدۇم ، سىزگە دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم دىلىمدا قالغانىدى . مەن ئۇچۇن سىز پاكلىق تىمسالى ئىدىڭىز ساھىب نىزام ! . . . ھەزرىتىممۇ سىزنى ئەۋلىيا سۈپەتلىك يىگىت دەپ ئۇلۇغلايتتى .

— ئەۋلىيا ئەمەس ، ئاسىي بەندىمەن ، — دېدى نىزام ، — ئۇچىلىمىز بىر چاغلاردا خەت يېزىشىش ئارقىلىق خەۋەرلىشىپ تۇراتتۇق ، ھازىرمۇ بۇ يەردە ئۇچىلىمىز ... ھەزرەت ھۇمايۇننىڭ روھى مەن ئۇچۇن

تىرىك . ئىنساننىڭ پاكلىقى دىلدىكى ئېتىقاددىن كېلىدۇ ، كىيىم پاكىز بولمىسىمۇ دىل پاك بولسا ، بۇنداق دىلنى مۇقەددەس بىلىپ ئۇنىڭغا سېغىنىش مۇمكىن . مەنمۇ جەمەدە ياشىغان چاغلاردا سىزنىڭ سىمايىڭىزدىن ساماۋى بىر نۇرنى كۆرگەنمەن . بۇ نۇر شۇ چاغدىلا كۆزلىرىمگە كىرىپ ماكانلاشقانىدى . ھېلىغىچە كۆزلىرىمنى يۇمسام ، قارىچۇقۇم ئەچىدە سىز كۆرۈنگەندەك بولىسىز ھەمىدە بېگىم .

ھۇمايۇننىڭ قەبرىسى يېنىدا دېيىلىۋاتقان بۇ سۆزلەردىن ھەمىدە بانۇ ئۇيغىسىزلىنىشقا باشلىدى . بۇنى سەزگەن نىزام :

— قېرىنغاندا كۆگۆل ئىزھار قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ ، بېگىم ، — دېدى ، — سىزمۇ ، مىرزا ھۇمايۇنمۇ مەن كۆرگەن ئىنسانلار ئىچىدە ئەڭ پاك دىل ئادەملەرسىلەر . ھەر ئىككىڭلارنى مەن ناھايىتى ئەزىز كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ، سېغىنىشتىن مۇشۇ يەرگە پىيادە زىيارەتكە كەلدىم .

مويسىپىت ئادەمنىڭ يۈز مىلدىن ئارتۇق مۇساپىنى پىيادە بېسىپ كېلىشى ھەمىدە بېگىمنى ھەيرانۇھەس قىلدى :

— ئەگەر . . . بىلگەن بولساق ئات ئەۋەتەتتۇق ، ساھىب نىزام !

— ئاتلىق يۈرۈش مېنىڭ ھازىرقى ئېتىقادىمغا خىلاپ ، مېنىڭ كەمبەغەلپەرۋەر ئۇستازىم كەبىرمۇ ، مۇئىددىن چەشتىمۇ دائىم پىيادە يۈرگەن ، كەمبەغەلچىلىكتە ئۆمۈر ئۆتكۈزگەنلەر ئىدى ، شەيخ سەئىدى ئېيتقاندەك :

سەئىدى ، چۈن دۆۋلەتۇ فەرماندىھى
نىستىيۇ ھەقپەرەستى خۇشتەرەست

تەرجىمىسى :

سەئىدى ، باي - دۆلەتمەن ۋە مەنسەپدار بولغاندىن كۆرە ،
يوقچىلىققا كۆنۈپ ، ھەقپەرەس بولۇش ئەۋزەلدۇر .

— دۆلەت ، ھاكىمىيەت ئىزالىرىدىن مەن بەك تويۇپ كەتكەن-
مەن ، — دېدى ھەمىدە بېگىم ، — سىند ۋە قەندەھاردا ، قەزۋىن ۋە
كابۇلدا ، دېھلى ۋە ئەگرىدە . . . بېشىمىزغا نە بالالار كەلمىدى ! . . . سا-
ھىب ئىزام . . . سىزنىڭ كەرەمنەسە دولقۇنلىرى ئىچىدىن ھەزرىتىمنى
قۇتقۇزۇپ چىققانلىقىڭىزنى ئۇغلىمىز ئەكبەر شاھمۇ ئاڭلىغان ، نېمىشقا
ئاتتە يىلدىن بېرى سارايغا كەلمىدىڭىز ؟
— بېگىم ، مەن ئەمدى پادىشاھ سارىيىغا زىنھار قەدەم باسماي-
مەن .
— يا بىزدىن كۆڭلىڭىز رەنجىپ قالدىمۇ ؟
— سىزدىن ئەمەس ، مۇتلەق ھاكىمىيەت دېگەن ئەجدىھادىن
يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەنمەن . مىرزا ھۇمايۇن پەنجاپقا قايتقان چاغلاردا
بەك كۆرگۈم كەلدى . شەيخ مۇبارەك دېگەن كىشىدىن مەكتۇپ يېزىپ
كىرگۈزگەنىدىم . ئەمما ، ھەزرىتىمنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگۈزمەپتۇ . بىلەنەدە
خەلق ھەرىكىتىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ، شەيخۇلئىسلام ئەنسارى ئۇنى
« دەھرىي » دەپ ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ ، بىچارە شەيخ مۇبارەك ئۆمۈر بويى
قېچىپ يۈرۈپتۇ . ئەنسارى بولسا ناھايىتى كۆپ ئىززەت - ئىكرامغا ئىگە
بوپتۇ . شۇنىڭدىن كۆردۈمكى ، ساراي دېگەن يامان غەرەز ، ئىغۋا ، چېقىمچىلىق ، ئادالەتسىز بىلەن تولغانىكەن ! ئاشۇ ئەجدىھانىڭ بۆلارسىز
پاشىيالمايدىغانلىقىنى ئۆزۈم بىرنەچچە كۈن پادىشاھ بولغان چېغىمدا
كۆردۈم . بەيرەمخاننى بۇ ئەجدىھانىڭ قانداق يالماپ يۇتۇۋەتكەنلىكىنى
سىز كۆرگەنسىز ؟ بۇ ئەجدىھانىڭ ئادەمنى ئالداپ ، ھودۇقتۇرۇپ ، يار
بويىغا قانداق ئېلىپ بارغانلىقىنى سەزمەي قالىدىكەنسىز .
— توغرا ، پىتنىخور ، مەنپەئەتپەرەسلەر كۆپ . مەن دائىم ئۇغ-
لۇمدىن ئەنسىرەپ ياشايمەن . . . ئېھتىمال سىزنى ئالداپ ، مەكتۇپىڭىزنى
دۈشمەنلىرىڭىزگە ئەۋەتىپ بەرگەن خائىن ھازىرمۇ سارايدا باردۇر ، سىز
ئۇنى كۆرسىڭىز تونۇيالامسىز ؟
— ئەفزەلبەگ دېگەن تېشى پال - پال يىلاننى مەن ئۆمۈرۋايەت
ئۇنتۇيالمايمەن . ئەدھەمخان سېكرى تەرەپلەرگە بارغاندا ، ئۇنىڭ يېنىدا

يۇرگەن چار ساقال بىر بەگنى كۆردۈم . قاش ـ كۆزى ئاشۇ ئەفزەل-
بەگنى ئەسلىتىدۇ . يېقىندا ئەدھەمخان بىلەن ماھىم ئانا ئۇنىڭغا پادىشاھ-
تىن مەنسەپ ئېلىپ بەرگەنمىش . مىڭ بېشىلىققا ئۇستۇرگەنمىش .
ــ ئىسمى ئەفزەلبەگمىكەن ؟
ــ ھازىرقى ئىسمى باشقا . يادىمغا ئالالمىدىم .
ــ خائىنلارنى پاش قىلىشتا ئەكبەرجانغا ياردەم بەرگەن بولسى-
ڭىز ، ساھىب ! ئۇنىڭغا دائىم سىزدەك ئاق كۆڭۈل كىشىلەر كەملىك قى-
لىدۇ .
ــ يامانلاردىن بىرىنى يوقاتسىڭىز ، ئۇنىڭدىن يامانراقلىرى كې-
لىدۇ ، مۇتلەق ھاكىمىيەت بار جايدا خىيانەت ، ئالدامچىلىق ، ئادالەتسىز-
لىك بولماي مۇمكىن ئەمەس ، بېگىم !
نىزامىنىڭ گېپىنىڭ جېنى بارلىقىنى ئۆزىمۇ ئاچچىق تەجرىبىلەر-
دىن بىلگەن ھەمىدە بېگىم دىلغۇل بولۇپ سورىدى :
ــ شۇنداقتىمۇ ، بۇ بالا ـ قازالاردىن ساقلايدىغان بىرەر باشپاناھ
يوقمىدۇ ؟
ــ باشپاناھ بار ، بىزنىڭ شەھەر ـ يېزىلىرىمىزنى كىملەر قۇرۇپ
چىققان ؟ كىيىم ـ كېچەك ، يېمەك ـ ئىچمەكلەر كىمنىڭ ئەمگىكىدىن
كېلىدۇ ؟ مەقبەرىنى كىم تىكلەۋاتىدۇ ؟ سارايلار ، تاجۇتەختلەرنى كىم
ئالىقىنىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ ؟ خەلق ! ئەل ـ ئاۋامنىڭ ئازغىنە بىر
قىسمى پادىشاھ قوشۇنىدا ئەسكەر بولۇپ ، جەڭلەردە ئۇنىڭغا باشپاناھ
بولىدۇ ، ئەمما باشقا بىر قىسمى بولسا ، ئەمەلدار ۋە مەنسەپدارلارنىڭ ئا-
يىغى ئاستىدا ئېزىلىپ ياتىدۇ ، ئۇلارنى جەبىر ـ زۇلۇمدىن قۇتقۇزىدىغان
ئادىل پادىشاھ چىقىدىغان بولسا ، خەلقمۇ بۇنداق پادىشاھقا باشپاناھ بو-
لىدۇ .
ــ ئەكبەرنىڭ ئەڭ زور ئارزۇسى ــ ئادىل پادىشاھ بولۇشتۇر ،
لېكىن ئۇنىڭ بىر دانىشمەن كۆيۈنگۈچىسى يوق . سىز . . .
ــ مەن ئاجىز بىر ئادەممەن ، بېگىم . كۆيۈنگۈچىلىك قولۇمدىن
كەلمەيدۇ . لېكىن ، پۈتۈن خەلق بىر ھەقىقەت ئەتراپىغا ئۇيۇشۇپ ، بىر

نىيەتتە بولسا ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىدۇ. ئۇستازىمىز مۇئىددىن چەشتى: «ئىنسان، سەن ھەقنى ئاسماندىن ئەمەس ئۆز دىلىڭدىن ئىزدە» دېگەنىدى. كەبىر مۇنداق دېگەن... — نىزام كەبىرنىڭ شېئىرىنى ھىندىچە ئوقۇپ پارسچىغا تەرجىمە قىلماقچى بولۇۋىدى، ھەمدە بېگىم:

— چۈشەندىم! — دېدى.

— سىز ھىندىچە ئۆگەنگەنمۇ؟!

— ھەئە، بىمالال سۆزلىيەلەيمەن، — دېدى بېگىم ھىندىچە.

— ئۇنداق بولسا، بىزنىڭ دىلىمىزغا يول تېپىشىڭىز ئاسان چۈشىدىكەن.

— ئەكبەرجان ھىندىچىنى سۇدەك بىلىدۇ. پەقەت ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئادەمنى بۇزىدىغان يامانلار كۆپ.

— بىراق، ئېسىل ئادەمنىڭ يامان ئادەملەر ئارىسىدا ئۆزىنىڭ پەزىلەتلىرىنى يوقىتىشى ناتايىن. كەبىرنىڭ بىر شېئىرىدا «خۇشبۇي سەندەل دەرەخلىرىگە زەھەرلىك يىلان يۆگىشىۋالسىمۇ، بۇ دەرەخ ئۆزىنىڭ مەززىلىك پۇرىقىنى يوقاتمايدۇ» دېيىلگەن. بېگىم، سىز بىلەن گەپلىشىۋاتقان مۇشۇ دەقىقىدە ئەنە شۇ ئالىيجاناب سەندەل دەرىخىنى قايتا ـ قايتا ئەسلىمەكتىمەن... ئاڭلىشىمچە، پادىشاھ ئوغلىڭىز ئۆمەرقۇتتا تۇغۇلغان چاغدا، سىز بىر ھىندى ئايالنى ئىنىكئانىلىققا تەكلىپ قىلغان ئىكەنسىز، راستمۇ؟

— راست. راجە ۋىرسالنىڭ قېرىندىشى رۇپارانى ئەكبەرجانغا ئاق سۈت بەرگەن ئىنىكئانىلارنىڭ بىرى.

— بۇنىڭ قانچىلىك ئۇلۇغ مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھازىرمۇ تېخى چۈشىنىپ يەتمىگەن بولسىڭىز كېرەك. كەبىرنىڭ بىر ئانىسى ھىندى، بىر ئانىسى مۇسۇلمان ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ قەلبىدە، ھاياتىدا، شېئىرلىرىدا ھىندى بىلەن مۇسۇلمان بىر گەۋدە بولۇپ بىرلەشكەنىدى. كەبىر ئۆلگەندە، ھىندىلار ئۇنى ئۆز ئادىتى بويىچە ئوتتا كۆيدۈرۈپ كۈلىنى گانگ دەرياسىغا چاچماقچى بولغانىدى. مۇسۇلمانلار بولسا «ياق،

كەبىر بىزنىڭ» دېيىشىپ، ئۇنى ئۆز ئادەتلىرى بويىچە يەرگە دەپنە قىلماقچى بولۇشتى. ئىككى تەرەپ مۇنازىرە قىلىشىپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى يېپىپ قويغان يوپۇقنى ئاچسا كەبىر يوق. ئۇنىڭ جەسىتى ئورنىدا بىر دەستە گۈل تۇرغان ئىمىش. ھىندىلار بىلەن مۇسۇلمانلار بۇ گۈلنى تەڭ بۆلۈشۈپ ئېلىشىپتۇ، بۇ رىۋايەتنىڭ مەنىسىنى ئۆزىڭىزمۇ چۈشىنەرسىز. بېگىم، تىلىكىم شۇكى، ئوغلىڭىز ئەكبەر ئىككى تەرەپنى ئوخشاش كۆرسە، مۇسۇلمانلار ۋە ھىندىلار قەلبىگە كەبىر كەبى ئورناپ كەتسە... شۇندىلا پۈتۈن خەلقنىڭ قۇدرىتى ئۇنى بېشىغا كەلگەن بالالاردىن ساقلايدىغان باشپاناھ بولىدۇ. ئەگەر ئوغلىڭىز خەلقنىڭ دىلىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتالمىسا، نۆۋەتتىكى بورانلار ئۇنى يۇلۇپ ئۇچۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. دادىسىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈنلەر ئەكبەرنىڭ بېشىغا چۈشمىسۇن دەپ مۇشۇ گەپلەرنى قىلىۋاتىمەن.

ھەمىدە بېگىم ئۆزىنى قىيناپ يۈرگەن ئەڭ مۈشكۈل مەنىۋى مۈشكۈلاتلىرىغا مۇشۇ دانىشمەن مويسىپىتنىڭ ياردىمىدە جاۋاب تاپالايدىغانلىقىنى، ياشلىقىدىكى مېھرىنىڭ ئەمدى غەرەزسىز، ساپ بىر مەنىۋى يېقىنلىققا ئايلانغانلىقىنى سەزدى.

— سارايغا كەلمىسىڭىز... بەلكى... ئەكبەرجان ئۆزى بارار. سىزنى قەيەردىن تاپسۇن؟

— مەن بىر پېقىر ئادەممەن، بېگىم. پادىشاھنىڭ مېنى ئىزدەپ بېرىشىغا كۆزۈم يەتمەيدۇ. ئەمما سىزگە ئېيتىپ بېرىشىم مۇمكىن، سېكرىدىن ئون چاقىرىم نېرىدا ئورمان چېتىدە كۆلبەم بار. ئازغىنە يەر بىلەن دېھقانچىلىق قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتىمەن. شېرخان دەۋرىدە ئىسمىمنى ئۆزگەرتىپ يوشۇرۇنۇپ يۈرگىنىمدىن خەۋىرىڭىز بار، ھەر قاچان. بەش يىل دەرۋىش بولدۇم، سەلىم چەشتى دېگەن نام بىلەن تونۇلدۇم. ھازىر كۆپچىلىك شۇ ئىسىم بىلەن ئاتايدۇ. نىزام دېگەن بۇرۇنقى ئىسمىم ئەمدى ئۇنتۇلدى. كىشىلەر ئالدىدا شەيخ سەلىم دەپ ئاتىغىنىڭىز ياخشىراق.

مۇسۇلمان ئايال بىلەن بىگانە ئەركەكنىڭ ساپ نىيەتتە ئۇچرىـ

شىپ گەپلىششى ئۈچۈن، پىر بىلەن مۇرىت مۇناسىۋىتىنىڭ قولايلىقراق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان ھەمىدە بېگىم:

— خوپ، مەن سىزنى بۈگۈندىن باشلاپ ئۆزۈمنىڭ مەنىۋى باشلامچىم دەپ بىلىمەن، — دېدى.

سەلىم ئاتا ھەمىدە بېگىمگە يېقىن كەلدى. ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا ھۇمايۇننىڭ مەرمەر قەبرىسى تۇراتتى. باشلامچىغا قول بېرىش ئادىتى بويىچە، ھەمىدە بېگىم سەلىم ئاتىغا نەپىس ئالىقانلىرىنى سۇندى. بېگىمنىڭ ئېرىنىڭ روھى گۇۋاھلىقىدا تۈزۈلۈۋاتقان بۇ مەنىۋى ئىتتىپاق، غەرەزسىز، پاك بىر ئىمان ئىشى ئىكەنلىكىنى سەزگەن سەلىم ئاتا مەرمەر قەبرىدىن ھالقىپ قولىنى سوزۇپ، ھەمىدە بېگىمنىڭ بارماقلىرىنى چاڭگىلىغا ئالدى - دە، يۈزلىرىگە سۈرتتى.

ئۇلار يەنە ئۇچرىشىدىغان بولۇپ خوشلاشتى. سەلىم ئاتا ھاسىسىنى قولتۇقىغا ئېلىپ، تەمكىن ئەمما پۇختا قەدەملەر بىلەن يىراقلاشتى. ھەمىدە بېگىم ئۇنىڭ ھازىر ئەللىككە كىرمىگەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىدى. كۆرۈنۈشتە نۇرانە مويسىپىتتەك تۇرسىمۇ، ئىشقا پىشقان بەستى يەنىلا مەزمۇت ئىكەنلىكىنى سەزدى ۋە ئۇنىڭ سېكرىگە پىيادە بارالايدىغانلىقىغا ئىشەندى. ئەڭ مۇھىمى بۇ ئادەم بېگىمنىڭ دىلىدىكى ئۆچكەن بىر ئوتنى ياندۇرۇپ قويغاندەك بولدى.

× × ×

ئەكبەر ئەقلىنى تېپىپ، ھىندىستانغا قايتىپ كەلگەندىن بېرى، بۇ مەملىكەتتىكى ئاجايىباتلار ئۇنىڭدا پۈتمەس - تۈگىمەس بىر ھەيرانلىق قوزغىدى. بالىلىقىدا غايەت زور پىللار ئۇنىڭ ئەقلىنى لال قىلغان، زەھەرلىك يىلانلارنى نەي ئاۋازىغا ئۇسسۇل ئوينىتىدىغان قىزىقچىلار ئۇنى يەنە بىر تەئەججۇپكە سالغان. يەرگە تىرىكلا كۆمۈپ قويۇلسىمۇ ئۆلمەيدىغان، كولاپ ئالغاندا تىرىلىپ مېڭىپ كېتىدىغان پېقىرلار (ياگلار) ھىندىستاننىڭ سېھىر - جادۇسىنىڭ كۆپلىكىگە ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئىشەندۈرگەندى.

ئەكبەر ئون ئۈچ يېشىدا پىل باققۇچىلار ئارىسىدا پىل كۈندۈ-
رۈشنى مەشىق قىلىپ يۈرگەن پەيتتە، ھىند تىلىنى ئۆگەنگەن بولۇپ،
ئۇردو تىلىنىمۇ بىمالال سۆزلىيەلەيتتى. پىل باققۇچىلارنىڭ سۆيۈملۈك
قەھرىمانلىرى راما ۋە ئۇنىڭ گۈزەل سۆيگۈنى سىتى ياش ئەكبەرنىڭ
دىلىغا مەلۇم بىر ئوتنى ياققان. شۇڭا ئۇنىڭ رامادەك قەھرىمانلىق
كۆرسىتىشنى ۋە ئۆز سىتىسىنى تېپىش، ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلغان
پەيتلىرى كۆپ بولغانىدى. ھازىر يىگىرمە ياشقا كىرگەن چاغدا، ئاجا-
يىپ ھىندى قىزلىرىنى ئۇچراتسا، ئۇلارنىڭ نازۇكەرەشمە بىلەن ئۇسسۇل
ئويناشلىرىنى كۆرسە ۋە پاساھەتلىك قوشاقلىرىنى ئاڭلىسا، ياشلىقىدىكى
ئاشۇ ئارزۇلىرى قەلبىگە قايتا بىسىپ كىرگەندەك بولاتتى.

سەلىمە بېگىم ئۇنىڭ بۇ ئارزۇلىرىغا ھالاقەت بەرمەيتتى، كۆپ
ئازاب تارتقان بىچارە چوكان ئەكبەرنىڭ باغرىدا گۈلدەك ئېچىلىپ يا-
شايتتى، ئېرىگە بېغىشلاپ تاتلىق شېئىرلارنى يېزىپ تۇراتتى، سىرتتىن
قارىغاندا، ئىككىسى بىر ــ بىرىگە مۇھەببەت باغلاپ ھايات كەچۈرۈۋات-
قاندەك ئىدى. ئەمما ئۇلارنى سەلىمەنىڭ مۇھەببىتىلا ئىناق تۇتۇپ
تۇراتتى، ئەكبەرنىڭ ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشىدە مۇھەببەتتىن كۆرە رەھىم ــ
شەپقەت ئۈستۈن كەلگەنلىكىنى ھەممىدە بېگىم بىلىپ تۇراتتى.

ــ شاھ ئوغلۇم، سىز بىر تۇل خوتۇنغا ئۆيلىنىپ مېنى داغدا
قالدۇردىڭىز. مېنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەڭ گۈزەل قىزلاردىن كېلىن
تېپىپ كاتتا توي قىلغۇم بار.

ــ بىر ۋاقىتلاردا ئۆزىڭىز كۈنداش ئازابىنى باشتىن كەچۈرگە-
نىدىڭىز، ئانىجان، ئەمدى بۇنى سەلىمىگە قانداق راۋا كۆرىسىز؟

ــ مەن راۋا كۆرمىگەندىمۇ، سىز دېگەن پادىشاھ، پادىشاھلار-
نىڭ خوتۇنى بىرلا بولمايدۇ. بۇنى سەلىمەمۇ ئوبدان بىلىدۇ.

بۇگۈن ئاخشام ئەكبەر ھويلىدا شۇ چىگىش سوئال ئۈستىدە ئوي-
لىنىپ ئولتۇرغاندا، سەلىمە ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى ئىشلارنى سەزگەندەك
بولۇپ:

ــ ھەزرىتىم، ــ دېدى، ــ سىز مېنىڭ ئالدىمدىكى بۇرچە-

گىزنى، دادىڭىز قالدۇرغان ۋەسىيەتنى مەردانە ئادا قىلدىڭىز. ئەمدى مەن شۇنىڭغا يارىشا ئىنساپ قىلاي دەيمەن. ئەگەر بىرەر قىزغا... كۆڭلىڭىز چۈشۈپ قالسا سىزنىڭ يوللۇق... مەن رازى بولىمەن!

ئەكبەر گەپنى چاقچاققا بۇردى:

— بەلكى ئۆزىڭىز... ئەلچىلىككە بېرىپ بىرەرسىز؟

سەلىمە بېگىم بۇ چاقچاقنى ھار ئېلىپ كۆزىگە ياش ئالدى:

— مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر بولغان بۇنداق ئازابنى چاقچاق ھېسابلىماڭ! ئانىڭىزنىڭ دىلىدا مەن تۈپەيلى ئارمان قالمىسۇن. مەن ئۇ كىشىنىڭ ياخشىلىقلىرىنىمۇ قايتۇراي دەيمەن.

ئەكبەر سەلىمەنى بېلىدىن قۇچاقلاپ يۈز- كۆزلىرىگە سۆيدى:

— ئازاب چەكمەستىن، پەقەت راھەت- پاراغەتتە ياشايدىغان ئەركەكلەردە ھاۋايى- ھەۋەسكە، غۇرۇرغا بېرىلىش كۈچلۈك بولىدۇ، شەپقەت ۋە قانائەت، جاپا چەككەن ئاياللاردا كۆپرەك بولامدىكىن؟

— بىز ئاياللارمۇ پەرىشتە ئەمەسمىز، ھەزرىتىم. قولىمىزغا ھوقۇق تىزگىنى تەگسە ئۆزىمىزنى يوقىتىپ قويۇشىمىز تۇرغان گەپ. «ئادەمنى سىناماقچى بولسىڭىز، ئۇنىڭغا مەنسەپ بېرىپ كۆرۈپ بېقىڭ» دېگەن ماقالنى ئاڭلىغانمەن. ھازىر سىزگە ئەڭ سادىق ئاياللاردىن ماھىم ئىنىكئانىنىڭ بېشىغا ئەنە شۇنداق بىر سىناق چۈشۈپتۇ.

ماھىم ئىنىكئانا ھەققىدە مەرھۇم بەيرەمخانمۇ تەشۋىشتە قېلىپ، نۇرغۇن گەپلەرنى قىلغانلىقى ئەكبەرنىڭ يادىغا چۈشتى.

— سەلىمە. سىز ماھىم ئىنىكئانىدىن... بىرەر ئۆزگىرىش سەزدىڭىزمۇ؟

— ھەئە. ئۆزگىرىش چوڭ.

يېقىن ئادەملەر بىر- بىرىنىڭ يامان گېپىنى قىلسا، ئەكبەرگە بەك تەسىر قىلاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرگەن سەلىمە:

— بەلكى بۇ ياخشى ئۆزگىرىشتۇر، — دەپ گېپىنى بۇردى.

— ماڭا ئانام قىلىدىغان ياخشىلىقلارنى شۇ ئايال قىلغان، سەلـ

مە . كابۇل ئېسىڭىزدىمۇ ؟ كامران تاغام بىز بىلەن ئۆچەكىشىپ ، مېنى ئاتام ئاتقان زەمبىرەكنىڭ ئوقىغا توغرىلاپ قويغانىدىغۇ ، يېنىمدىن ۋىژىلداپ ئۆچۈپ ئۆتۈۋاتقان زەمبىرەك ئوقلىرىنى ئەسلىسەم ، ھازىرمۇ قۇيقا چېچىم تىك تۇرىدۇ . شۇ چاغدا ماھىم ئانام يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۆز گەۋدىسى بىلەن مېنى توسۇپ قالغانىدى ! قەندەھاردىكى قىش سوغۇقلىرىدا ئىنىكئانام مېنى قانچە قېتىم ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالغان ! . . .

— توغرا . ماھىم ئىنىكئانا ئاشۇ چەككەن مۇشەققەتلىرىنىڭ راھىتىنى ئەمدى كۆرۈۋاتىدۇ ، بۈگۈن مەملىكىتىمىزدە نوپۇزى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئايال يوق ، ئانا ـ ئاچىلارمۇ ماھىم ئىنىكئانىنى سىزدىن كېيىنكى ئىككىنچى سىما دەپ ھېسابلايدۇ .

— نېمە ئۈچۈن ؟ ئانام ھەزرەتلىرىچۇ ؟

— ئانىڭىز ھاكىمىيەتنىڭ راھىتىدىن كۆرە ئازابىنى كۆپ كۆرۈپ يۈرەكزادە بولۇپ كەتتى . ھازىر پۈتۈن ئوي ـ خىيالى مەقبەرە قۇرۇلۇشى بىلەن ، ئەمما ماھىم ئىنىكئانا دۆلەت ئىشلىرىدا ئۆزىنى سۇدىكى بېلىقتەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ كەتتى . ئىنىكئانا ئۈچۈن ھاكىمىيەت تېخى يېڭى ، يوچۇن نەرسە . ئۆزى تويسا كۆزى تويمايدۇ .

بۇ گەپلەردە كىنايە بارلىقىنى سەزگەن ئەكبەر يەنە ئىنىكئانىسىنى ھىمايە قىلىشقا باشلىدى . چۈنكى ، بەيرەمخان بار چاغلاردا بارلىق خەۋپ ـ خەتەرنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىپ ئەكبەرگە ئوخشاش قەتئىي تۇرغان ، ئۇنىڭغا ئەڭ كۆپ ياردەم بەرگەن ۋە ئاقىلانە يول كۆرسەتكەن ئادەملەرنىڭ بىرى ھەمدە بېگىم بولسا ، بىرى ماھىم ئىنىكئانا ئىدى .

ئاتالىقى ئېيتقان مىڭ ئاتلىق ھارۋىنىڭ ھەممە تىزگىنىنى ئەكبەر ئۆز قولىغا ئالغاچقا ، ئۇنىڭ ئىمزاسىنى كۈتۈپ تۇرغان قەغەزلەر ، ھۆكۈم ـ پەرمانلارغا ئېھتىياجلىق مەسىلىلەر ، مۇكاپاتى ياكى جازاسىغا ، رۇخسىتى ياكى ئېتىبارىغا قاراپ تۇرغان ئادەملەر شۇ قەدەر كۆپىيىپ كەتتىكى ، ياش پادىشاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ۋاقىت يەتكۈزەلمەي قالدى . شۇنداق چاغدا ، ئىنىكئانىسى ياردەم قىلىۋاتقان تۇرسا ، بۇ-

نىڭ نېمىسى يامان ؟ ئەكبەر بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپ ئىنىكئانىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ ئۆگەنگەن . ھازىرمۇ ئۇنىڭ قىرمىزى بوياق بىلەن بې- سىلىدىغان كاتتا ئالتۇن مۆھرى كۆپىنچە ماھىم ئىنىكئانىنىڭ قولىدا تۇراتتى . شۇ مۆھۈر بېسىلمىغۇچە خەزىنە ھېچكىمگە پۇل بەرمەيتتى . شۇ مۆھۈر بېسىلمىسا ، خان - ئاغىچىلار يېڭى مەرتىۋە ۋە مەنسەپلەرگە ئېرىشەلمەيتتى . ماھىم ئىنىكئانا ھەممىنى ئۆز قولىغا قارىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ نامى ساراي ئەھلىنىڭ تىلىدا داستان بولدى . ماھىم ئىـنـىـكـئانـىـنى : « دانا تەدبىرى بولمىسا ، ئايال تۇرۇپ بەيرەمخاندەك ئادەمنى يېڭىپ چىقارمىدى ؟ » دەپ مۇبالىغە قىلغۇچىلار كۆپەيدى . ھا- زىر ماھىم ئىنىكئانا قەيەرگە قولىنى سوزسا ، شۇ يەرگە يېتىدۇ ، لازىم بولغان ئادەمگە كاتتا مەرتىۋىلەرنى بېرەلەيدۇ . ئىنىكئانىنىڭ ئوغلى ئەد- ھەمخان جەمنە بويىدىكى نۇرغۇن مۈلۈكنىڭ ئىگىسىگە ئايلاندى . ئەد- ھـەمخانىنىڭ ئۈچ مىڭ نۆكىرى بار ، ھەر ئايدا خەزىنىدىن يىگىرمە مىڭ رۇپىيە ئالىدۇ ، ماھىم ئىنىكئانىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئوغلى مانا مۇشۇ ئەدھـەمخان . ساراي ئەھلىنىڭ « ماھىم ئىنىكئانا ئەدھەمخانىنى مۇنىمخاننىڭ ئورنىغا باش ۋەزىر قىلىپ كۆتۈرمىگۈچە تـوخـتـمـايـدۇ » دەپ مىش - مىش گەپ قىلغانلىقىنى سەلىمە بېگىممۇ ئاڭلىغانىدى .

ھازىر شىپاڭدا سەلىمە بېگىم ئەكبەرگە مۇشۇ گەپلەرنىڭ ھەم- مىسىنى سۆزلەپ بېرىپ :

— ئىنىكئانىڭىزدىن ئېھتىيات قىلىڭ ، ھەزرىتىم ، — دېدى ، — ئۇ ياخشى كۆڭ كەچۈرەلمىگەن ساددا ئايال ئىدى . سەلدەك ئېقىپ كې- لىۋاتقان بايلىقى ، ئابرۇيى ، ئەتىۋارى بىچارىنى باشقا ياققا ئېقىتىپ كەت- مىسۇن .

— بۇنى ئانامغا ئېيتىڭ ، — دېدى ئەكبەر ، — بىرلىشىپ ئىنىك- ئانامنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ياخشى يولغا سېلىپ تۇرايلى .

ماھىم ئىنىكئانا ئەسلى تەبىئىتى ياخشىلىققا مايىل ئايال ئىدى . ئەكبەر ئۇنىڭ قىزلار ئۈچۈن مەكتەپ ، مەدرىسە ئېچىش نىيىتى بارلىقىنى بىلەتتى . ئىنىكئانىسىنىڭ بايلىقلىرىنىڭ بىر قىسمىنى شۇ خەيرلىك ئىشقا

سەرپ قىلىشى ئۈچۈن ئەكبەر :
— شۇنداق نىيىتىڭىز بولسا، قىزلار مەدرىسىنى دېھلىدا ئېچىڭ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.
— سىز ئىجازەت بەرسىڭىز، بەجانىدىل ئورۇندايمەن!
بۇ مەدرىسە ئۈچۈن ماھىم ئىنىكئانا نىزامىددىن ئەۋلىيا مەقبەرىسىگە يېقىن جايىدىن ئىككى قەۋەتلىك بىر بىنانى باغ ھويلىسى بىلەن قوشۇپ ئالدى.
مەشھۇر ئاياللار دەرس بېرىدىغان قىزلار مەدرىسى دېھلى ئۈچۈن چوڭ يېڭىلىق بولۇپ قالدى. نۇرغۇنلىغان پادىشاھ، مەلىكىلەر قىلمىغان بۇ ئىشنى ماھىم ئىنىكئانىنىڭ قىلغانلىقى ئۇنىڭ ئەل ـ ئاۋام ئارىسىدىكى شۆھرىتىنى يەنىمۇ ئاشۇردى.
ماھىم ئىنىكئانىنىڭ ئەمدىكى ئارزۇسى، بىر ھەپتە توي قىلىپ كېلىن ئەكىرىش ۋە ئۇنىڭغا ھەممە ۋىلايەتلەردىن ئالىي مېھمانلارنى چاقىرىش ئىدى. ئۇ توي توغرىسىدا ئەڭ ئاۋۋال ھەمىدە بېگىم ۋە ئەكبەردىن مەسلىھەت سورىدى:
— دەلۋە ئېيىنىڭ سالقىن پەيتلىرىدە ئۆتكۈزسەك ياخشى بولار، — دېدى ھەمىدە بېگىم. ئىنىكئانا ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى.
— ئۇ چاغقىچە تېخى ئىككى ئاي بار، ھەممە ۋىلايەتلەردىن ئەڭ نوپۇزلۇق ئادەملەرنى تەكلىپ قىلايلى، — دېدى ئىنىكئانا.
— ھەممىسى كەلسە ھويلىڭىزغا سىغامدۇ؟ — سورىدى ئەكبەر.
— ھويلىغا پاتمايدۇ، — دېدى ماھىم ئىنىكئانا، — قەلئەدە ئۆتكۈزسەكچۇ، ھەزرەت بېگىم؟
ھەمىدە بېگىم ئەكبەرنى ئۆيلەندۈرگەندە كاتتا توي قىلالمىغانىدى. ئەمدى پادىشاھ سارىيى جايلاشقان قەلئەدە ماھىم ئىنىكئانا شۇنداق كاتتا توي ئۆتكۈزسە ئەكبەرنىڭ ئوبرازى ئۈچۈن ياخشى بولارمۇ؟
— بۇ تويمۇ ئۆزىمىزنىڭ، — دېدى ئەكبەر، — قەلئەدە قىلە-

دىغان بولساق ، خان ئاغىچىلارنىلا ئەمەس ، ئەڭ ئابرۇيلۇق ھىندى را-
جەلىرىنىمۇ تەكلىپ قىلساق بولىدۇ . ئۆمەرقۇتقا تەكلىپ ئەۋەتىمىز .
بەلكى راجە ۋىرسال پراسادلارمۇ كېلەر . رۇپا ئىنىكئانا ھايات بولسا ،
ئۇنى شۇ تويغا تەكلىپ قىلىپ ئەكەلدۇرەيلى .

— شۇنداق بولسا ئىدى ! — دەپ ھەممدە بېگىم ئەكبەرنىڭ نى-
يىتىنى ئەستايىدىل ماقۇللىدى . ئۆمەرقۇتقا بارىدىغان چاپارمەنلەرگە با-
غاقنى بېگىم ئۆزى يېزىپ بەردى .

ئەكبەرنىڭ مەقسىتى ماھىم ئىنىكئانىنىڭ توي تەييارلىقلىرىنى
ياخشىلىق تەرەپكە بۇراش ۋە مەملىكەتنىڭ ھىندى ، مۇسۇلمان ئاھالى-
سىنى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئىدى .

ئەكبەر مۇنىمخانغا بۇيرۇق قىلىپ ، دېھلى ، ئەگرە ، جايپۇر ۋە
باشقا يېقىن ۋىلايەتلەردىكى نوپۇزلۇق راجەلەرنى ۋە رايلارنى سارايغا چا-
قىرتتى - دە ، ھىندىلار بىلەن ھەمكارلىشىش ، مەدەنىيەت ، تەرەققىيات
ئىشلىرىدا ھەمنەپەس بولۇش توغرىسىدا مەسلىھەت ئۆتكۈزدى . ئۇ يە-
غىلغانلارغا ئاتىسى ئۇچۇن قۇرۇلۇۋاتقان مەقبەرىدە ، ئەگرە قەلئەسىنى
قايتا قۇرۇش ۋە كېڭەيتىشتە ھىندى ھۈنەرۋەنلىرى ، بىناكارلىرى ،
گۆركارلار بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قانداق ئىناق - ئىتتىپاق ئىشلەۋاتقانلى-
قىنى ئېيتىپ بەردى .

— ئىشتا ھەمكارلىشىۋاتقىنىمىزدەك ، توينىمۇ بىللە قىلىشىمىز
كېرەك ، — دېدى ، — مەن مۆھتەرەم ماھىم ئىنىكئانامغا ۋاكالىتەن ،
بىزگە خەيرخاھ بارلىق ئىختىيار قىلغۇچى ھىندىلارنى تويغا تەكلىپ قى-
لىمەن . ھازىر دەرگاھىمىزدا ئانا ۋە ئىنىكئانىلار ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ ، بىز
ئۇلارغا پەرزەنتلەرچە جاۋاب بېرىش مەقسىتىدە بولۇۋاتىمىز . شۇنىڭ
ئۇچۇن راجە - رايلار تويغا ئەھلى ئائىللىرى بىلەن كەلسە ، بىز ئۇلارنى
ئۆز ئاچا - سىڭىللىرىمىز قاتارىدا ھۆرمەتلەيمىز .

× × ×

تويىنىڭ ھارپىسىدا ، ئۆمەرقۇتتىن رۇپا ئىنىكئانا ۋە ئۇنىڭ تاغىسى

ۋىرسال پراسادنىڭ ئۈچ پىلغا سوۋغا يۈكلەپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى.

ئىزدەپ يۈرگەن ئادەملىرىنىڭ تېپىلغانلىقىدىن ناھايىتى سۆيۈنگەن ھەمدە بېگىم مېھمانلار ئالدىغا سالامغا چىقىشنى ئەكبەردىن ئىلتىماس قىلدى.

ئەكبەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، ئەڭ سالاپەتلىك پىللاردىن ئون نەچچىسى گۈل بېزەكلەر ۋە زەرباپ يېپىنچىلار بىلەن بېزىتىلدى. ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ماھ ئەنبەر دەپ ئاتىلىدىغان ۋە مۆتىۋەر ئاياللار ئولتۇرىدىغان شىپائىسمان كاجۇۋالار ئورنىتىلدى. ماھ ئەنبەرلەرنىڭ بىرىگە ھەمدە بېگىم، ئىككىنچىسىگە ماھىم ئىنكئانا، باشقىلىرىغا جەججى ئىنكئانا بىلەن ھەكىمە ئىنكئانىلار چىقىپ ئولتۇرۇشتى. ئەكبەرنىڭ ئۆزى ئالدىنقى پىلدا خۇددى مېڭىپ كېتىۋاتقان تەختكە ئوخشاش ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇردى. پىرمۇھەممەد ئەتكە باشلىق مۇلازىملار ۋە يۈزگە يېقىن قورۇقچى نۆكەرلەر پىللارنىڭ ئەتراپىدا ئاتلىق ماڭدى.

شەھەر چېتىدە تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋېلىنغان رۇپا ئىنكئانا ۋە ۋىرسال پراساد ئەكبەرنى ھەمدە بېگىمنىڭ ياردىمىدە ئاران توندى. چۈنكى ئۇلار ئۇنى ئون بىر ئايلىق تەم - تەم ماڭغان ۋاقتىدىن باشلاپ كۆرمىگەنىدى. يىگىرمە يىلدىن بېرى كۆرۈشمىگەن ئانىلار ۋە ئىنكئانىلار بىر - بىرلىرى بىلەن يىغلاپ كۆرۈشتى.

ۋىرسال پراساد ئاتمىشتىن ئاشقان، ئۇزۇن ساقىلى ئۈچەتەك ئاقارغان مويسىپىتقا ئايلانغانىدى.

ئەكبەر چوغدەك بېزەلگەن پىللارنىڭ بىرىگە ۋىرسال پراسادنى مىندۈردى. ئۆزى ۋە ئانىسى ئالدىدىكى پىللارغا مىندى. باشقا مېھمانلارمۇ تەنتەنىلىك پىللار كارۋىنىدا ئەزىز مېھمانلارنى شەھەر بويلاپ ئېلىپ مېڭىپ، پۈرەن قەلئەسىنىڭ تۆرىدىكى ئەڭ ياخشى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئەكبەرنىڭ سارىيىدا «ئەتكە دايىل» [1] دەپ ئاتىلىدىغان ناھايىتى ئەتىۋارلىق بىر ئائىلە بارلىقى كۆپچىلىككە مەلۇم ئىدى. بۇ

---

[1] دايىل - ئائىلە، خاندان.

گۈرۈھقا ئىنىكئانىلار ، بىر ئاتنى ئەمگەن كۆكەلداشلار ۋە ئۇلارنىڭ دا-
دىلىرى — ئەتكەلەر كىرەتتى . مانا مۇشۇ ئىمتىيازلىق « ئەتــكە دايىل »
گە رۇيا ئىنىكئانا بىلەن ۋىرسال پراسادنىڭمۇ تەنتەنە بىلەن قوشۇلغانلىقى
دېھلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا چوڭ گەپ بولۇپ تارقالدى . چۈنكى ، مۇسۇل-
مان پادىشاھ ئەكبەرنىڭ ھىندى ئىنىكئانىسىنىڭ بارلىقىنى كۆپچىلىكنىڭ
ئۇقۇشى پەۋقۇلئاددە بىر يېڭىلىق ئىدى . مۇتەئەسسىپ شەيخلەر ئەكبەر-
نىڭ ھىندى ئىنىكئانىسىغا كۆرسەتكەن ھۆرمەت ـ ئېھتىراملىرىنى قا-
رىلاپ ، نەگە بارسا « پادىشاھىمىز كۇپۇرلۇق يولىغا كىردى . بۇنىڭ
كاساپىتى يامان بولغاي ! » دېگەندەك سۆز ـ چۆچەكلەرنى قىلىشتى .
ئەمما ، سەلىم ئاتىغا ئوخشاش خەلق ۋەكىللىرى بۇ خۇش خە-
ۋەرنى بىر ـ بىرلىرىگە ، سۆيۈنۈپ يەتكۈزۈشتى . بۇ پەۋقۇلئاددە ھادىسە
تۆپەيلى ماھىم ئىنىكئانا قىلىۋاتقان تويىنىڭ ئابرۇيى تېخىمۇ ئېشىپ
كەتتى . ئۇنىڭغا تەكلىپ قىلىنغان بەگ ـ ئەمەلدارلاردىن سىرت دېھلى
ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋىلايەتلەرنىڭ راجە ۋە رايىلىرى ئائىللىرىنى ئېلىپ
كېلىشكە باشلىدى .
بىر ھەپتە داۋام قىلىغان بۇ توي كۈنلىرى كاناي ـ سۇنايلار ئاۋا-
زىغا ، ناخشا ـ شېئىرلار ساداسىغا ، چىرايلىق كىيىنىشكەن ۋە ياسىنىش-
قان ئادەملەرگە شۇنداقلا رەڭمۇرەڭ بىزەكلەرگە ۋە گۈلشادىلارغا تولۇپ
كەتتى . جەمنە بويىدىكى ئوچۇق سەيلىگاھلاردا ئۇسسۇلچىلار ، قىزىق-
چىلار ، سېھىرگەرلەر ، دارۋازلار ئەتىدىن كەچكىچە ئويۇن كۆرسىتىشتى .
تويىغا كەلگەن ئەڭ نوپۇزلۇق ئەمىرلەر راجە ۋە رايىلارنى پۈرەن قەلئەسىدە
ماھىم ئىنىكئانا بىلەن ئەكبەرنىڭ ئۆزى كۈتۈۋالماقتا ئىدى . ھەمىدە بې-
گىم تويىغا كەلگەن قىزلار ئارىسىدىن ئەكبەرگە مۇناسىپ كېلىدىغان كې-
لىن تالالاۋاتاتتى . تويىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى سەنگەنىردىن كەلگەن بىر
قىزنىڭ ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلغۇدەك گۈزەل ئىكەنلىكى ئېغىزدىن ئې-
غىزغا كۆچۈپ ھەمىدە بېگىم بىلەن ئەكبەرنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ باردى .
ئەكبەر كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدىن ئۇ قىزنى كۆرگەندە ، خۇددى ئاددىي
مارجانلار ئارىسىدا تۇرغان ئالماس دانىــسىنى ئۇچراتقاندەك يۈرىكى

« پىژ » قىلىپ قالدى . قىزنى باشقىلاردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرىدىغان ئالاھىدىلىك پەقەت تولۇن ئايدەك ھۆسن - جامالىلا ئەمەس ، بەلكى يۇلتۇزنىڭ مېھرىدەك كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتىدىغان ئالاھىدە لاتاپىتىدە ئىدى . ئەكبەرنىڭ بۇ قىزغا كۆزى چۈشكەنلىكىنى سەزگەن ھەمىدە بېگىم ماھىم ئىنىكئانىغا شىۋىرلىدى .

— سەنگەنىرلىك قىزنى خاس ھۇجرامغا باشلاپ كىرىڭ .

بۇ گۈزەل قىز تويغا قىرىق ياشلاردىكى چوڭ ئاكىسى — مەردانە قىياپەتلىك خۇشخۇي نوچى بىھاگۇەن داس بىلەن بىللە كەلگەنىدى . توي بېشى ئۇلارنى پادىشاھنىڭ خاس ھۇجرىسىغا باشلاپ كىردى .

ئۆي تۆرىدىن ئەكبەر بىلەن ھەمىدە بېگىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا سالامغا چىقتى . ئاكا - سىڭىل ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ بېشى ئۈستىگە قويغان ھالدا ئۇلارغا تەزىم قىلىشتى . ماھىم ئىنىكئانا ئاۋۋال بىھاگۇەن داسنى تونۇشتۇردى .

— راجە بھارى مالنىڭ چوڭ ئوغلى . . .

ئەكبەر ھىند تىلىدا قىزنىڭ ئىسمىنى سورىدى . ئەكبەرنىڭ ھىند تىلىنى بىلىدىغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ كۆزلىرى چاقناپ كەتكەن قىز « جادھەبەي » دەپ ئۆز ئىسمىنى ئېيتىپ بەردى . قىزنىڭ ئاۋازىمۇ ئەك-بەرگە ناھايىتى سېھىرلىك بىلىنىپ كەتتى .

قىز ئارتۇقچە تارتىنماستىن ئۆزىنى ئېسىلزادىلەرگە خاس ئەدەپ ئەركىنلىك بىلەن تۇتاتتى . ھەمىدە بېگىم ۋە ماھىم ئىنىكئانا ئۇلارنى يالغۇز قالدۇرۇش ئۈچۈن بىھاگۇەن داسنى تۆردىكى نەقىشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن باشلاپ چىقىپ كەتتى .

ئەكبەر جادھەبەينى ئۆيىنىڭ بىر چېتىدىكى شىرەگە تەكلىپ قىلدى . شىرە ئۈستىدە سەدەپ بىلەن زىننەتلەنگەن ، ئۇرۇقلىرى پىل سۆڭىكىدىن ياسالغان چىرايلىق شاھمات قويۇلغانىدى . قىز ئۇرۇقلىرىنى جاي - جايىغا تىزىپ گويا ئويناش ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغاندەك تۇر-غان شاھماتقا قىزىقىپ قارىدى .

— رۇخسەتمۇ ؟ — قىز ئاق پىيادىنى قولىغا ئېلىپ تاماشا قىلى-

دى . كېيىن ئۇيىنغىلى كەلگەندەك ئۇنى ئىككى سۇرۇپ قويدى .

— شاھمات ئويناشنى بىلەمسىز ؟ — ھەيران قېلىپ سورىدى ئەكبەر . قىز تەستىق مەنىسىدە باش لىڭشىتتى . شۇنىڭدىن كېيىن ئەكبەر ئوتتۇرىدىكى قارا پىيادىنى ئالدىغا بىر كاتەك سۇرۇپ قويدى . قىز كۈلۈپ ئاتنى ئويۇنغا چىقاردى . ئەكبەر فەرزىن يېنىدىكى پىلنى يۈردى . ئىككىلەن شىرەنىڭ ئىككى يېنىدا ئولتۇرۇپ ئەستايىدىل ئويناشقا باشلىدى .

ئەكبەر ئويۇن باھانىسىدە قىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن يېغىپ تۇرغان لاتاپەت ۋە گۈزەللىكتىن زوق ئالاتتى . ئۇنىڭغا قاراپ كۆزى تويمايتتى . جادەبەيدىن موشككىمۇ ، ئەنبەرگىمۇ ئوخشايدىغان ، ئەمما ئۇلاردىن يېقىملىق گۈل ھىدى كېلىپ تۇراتتى . پېشانىسى ئۈستىدىكى قويۇق ۋە يېپەكتەك يۇمشاق قارا چاچلىرىغا كېپىنەكلەرنى ئەسلىتىدىغان گۈللۈك قىسقۇچ تاقالغانىدى . زەر يىپتا توقۇلغان پوچتا رەڭ سارىسىنىڭ تېگىدىن تولغان كۆكسى تومپىيىپ تۇراتتى ، سارى ئىچىگە كىيگەن كالتە يەڭلىك كوپتىسى بېلىگە يەتمەيتتى ، تال چىۋىقتەك بېلى ۋە قورسىقىنىڭ ئىككى قولدەك جايىدا سىلىق بەدىنى ئوچۇق تۇراتتى . ئۇنىڭ بەدىنىمۇ ئەكبەرگە نۇر بىلەن يۇغۇرۇلغان يۈزىگە ئوخشاش تىنىق ۋە گۈزەل كۆرۈنەتتى .

جادەبەي ئۆزىنىڭ ھۆسنى بىلەن ئادەملەرنى مەھلىيا قىلىشقا ئۆگىنىپ قالغاندەك ئىدى . ئەكبەرنىڭ ئويۇننى ئۇنتۇپ دىققىتىنى باشقا تەرەپكە قارىتىۋاتقانلىقىدىن قىز زوقلىنىپ كۈلۈمسىرەپ دېدى :

— فەرزىنىڭىز . . .

قىز ئۆز پىلى بىلەن ئەكبەرنىڭ ھىمايىسىز قالغان فەرزىنىنى ئېلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى . ئەكبەر بۇنى بايقاپ باش چايقىدى :

— رەنى جادەبەي ، سىز پەقەت مېنىڭ فەرزىنىملا ئەمەس ، كۆڭلۈمنىمۇ ئۇتتۇۋالدىڭىز . شۇنچىۋالا ئۇستا ئىكەنسىز . ئۇستازىڭىز كىم بولىدۇ .

— ئۇستازىم — بىلىم . فىردەۋسىنىڭ سۆزلىرى ئېسىڭىزدىمۇ ؟

— قايسى سۆزى ؟

— . . . « ھەركەسكى دانا ئەست تاۋانا پۇۋەد . » [1]

جادھەبەيىنىڭ پارس تىلىنىمۇ ياخشى بىلىدىغانلىقى ئەكبەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنى يەنە بىر دەرىجە ئۆستۈردى .

— رەنى جادھەبەي ، سارايدا قالسىڭىز . شۇ تاۋانالىرىڭىزدىن بىزمۇ بەھرىمەن بولساق . . . مەيلىمۇ ؟

قىز جىددىيلىشىپ كەتتى . نېمىدىندۇر خاۋاتىرلەنگەندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئاكىسى تەرەپكە قارىدى :

— ھەزرىتىم ، مەن ئەتىۋالىغىنىڭىزدىن ناھايىتى مىننەتدار-مەن ! ئەمما ، سارايدا قالالمايمەن .

— نېمىشقا ؟

— مېنىڭ ئىختىيارىم ئاتا ـ ئانامدا ، ھازىر ئاكام بىلەن ئۆيگە كېتىمەن .

— ئەمما مېنىڭ سىزدىن ئايرىلغۇم يوق .

— ئۇنداق بولسا ، ئۆزىڭىز جايپۇرغا مېھمان بولۇپ بېرىڭ ، بىز بەجانىدىل كۈتۈۋالىمىز .

جادھەبەي سارايدىن ئەيمىنەتتى . بۇ ھەشەمەتلىك دەرگاھ ئۇ-نىڭغا يېگانە ۋە خەتەرلىك تۇيۇلاتتى . شۇنى سەزگەن ئەكبەر قىزنى ئاكىسى ئالدىغا باشلاپ كەلدى . خەيرلىشىۋاتقاندا بھاگۋەن داس :

— ھەزرەت بېگىم ، مۆھتەرەم ئىنىكئانا ، ئەگەر پادىشاھ ھەزرەت-لىرى بىلەن بىللە جايپۇرغا قەدەم تەشرىپ قىلساڭلار بىز بەكمۇ خۇشال بولىمىز ! — دېدى ، — دادىمىز بھارى مالمۇ سىزلەرنى مېھمان قىلىش ئارزۇسىدا . ھىندى ئىنىكئانىڭىز رۇپارانىنى يۇكسەك ئېھتىرام بىلەن كۈ-تۈۋالغانلىقىڭىز ئاتىمىزنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلاندى . پۈتۈن خانىدانىمىز سىز-لەرگە بۈيۈك ھۆرمەت ۋە ئۈمىد بىلەن قارايدۇ .

ئاكا ـ سىڭىل ئۇزاپ كەتتى . لېكىن ، جادھەبەينىڭ سىماسى ، گەپلىرى ، قىلىقلىرى ئەكبەرنىڭ دىلىغا نەقىشلىنىپ قالغاندەك بولدى .

---

[1] تەرجىمىسى — بىلىملىك دانا ئادەم تاۋانا ، يەنى قۇدرەتلىك بولالايدۇ .

بۇ قىزنى يەنە كۆرگۈسى كېلىپ ، پۈتۈن خىيالى شۇ قىز بىلەن بەند بولدى .

ئەكبەرنىڭ ھالىتىنى سەزگەن ھەمدە بېگىم سەنگەنىرگە قىلىچ-بەگ ئەنجانى دېگەن ئەمىرنى مەخسۇس مەكتۇپ بىلەن ئەۋەتىپ جادەھ-بەينى كېلىنلىككە سورىدى . راجە بھارى مالنىڭ جاۋابى ئەجابىي بولۇپ ، پادىشاھقا قېرىنداش بولۇش شەرىپى ئۇنىڭ دىلىغا ياققان ، ئۇ پە-ياش پادىشاھقا قېرىنداش بولۇش شەرىپى ئۇنىڭ دىلىغا ياققان ، ئۇ پە-قەت بولغۇسى كۈيئوغۇلنىڭ سەنگەنىرگە كېلىشىنى ۋە پۈتۈن ھىندى ئادىتىگە بىنائەن توينى شۇ يەردە باشلاشنى زۆرۈر شەرت قىلىپ قويغا-نىدى .

× × ×

ھەمدە بېگىم يەنە ئارسالدىلىقتا قالدى . سارايدا ئۆز ئاررۇسى بويىچە كاتتا توي قىلاي دېسە ، مۇتەئەسسىپ شەيخلەر ۋە سەدىرلەرنىڭ كۆزى ئالدىدا براخمان چاقىرىپ ھىندىچە نىكاھ ئوقۇتقىلى بولمايتتى . ئەمما ، بېگىم سەلىم ئاتىغا قول بېرىپ بۇ ھەقتە ۋەدە بەرگەنلىكى ئۇ-چۈن ، قىزنى ئۆز دىنىغا سادىق قىلىشقا ھەقلىق دەپ ھېسابلايتتى .

ئۆمەرقۇتتىن كەلگەن رۇپا ئىنىكئانا ھازىر بۇنداق نازۇك ئىشلار بويىچە ھەمدە بېگىمنىڭ يېقىن مەسلىھەتچىسىگە ئايلاندى .

ئەكبەر ھەمدە بېگىم ، ماھىم ئىنىكئانا ۋە باشقىلار بىلەن مەسلى-ھەتلىشىپ ، كېلىن ئالدىغان ھىندىچە نىكاھنى جايپۇردا قىلىشنى ماقۇل كۆردى . بۇ ھادىسىگە ئالىي تەبىقىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىماسلىق ۋە گەپ ـ سۆزنى كۆپەيتمەسلىك ئۈچۈن « پادىشاھنى سەنگەنىرگە تويغا ئەمەس ، بەلكى ئوۋغا باردۇ » دەپ ئېلان قىلدى .

ئەكبەر كېيىنكى چاغلاردا قولغا ئۆگىتىلگەن قاپلانىسمان جانىۋار چىتا بىلەن ئوۋ قىلىشقا قىزىقىپ قالغانىدى . ئوۋچىلار چىتا كۆندۈر-گۈچىلەر دەپ ئاتىلاتتى : بويىنىغا تاسما باغلاپ ، مەخسۇس تۆمۈر قە-پەسلەردە باقىدىغان چىتالارنى تۆگە قوشۇلغان چوڭ ھارۋىلارغا چىقى-رىپ دېھلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا يۈز مىل كېلىدىغان سەنگەنىرگە قاراپ

ماڭغاندا ، هوت ئىپى كىرىپ هاۋا خېلى ئىسسىغان ، دالىلاردىكى بۇغدايلار باشاق تارتىپ قالغانىدى .
بەش يۈز ئەسكەر قوغداپ كېتىۋاتقان ، ئاللىچىپار ياساندۇرۇلغان پىللار ئۈستىدىكى كۆشۈكلەر ئىچىدە ھەممىدە بېگىم ، ماھىم ئىنىكئانا ۋە رۇپا ئىنىكئانىلار كېلىۋاتاتتى . ئالىي مېھمانلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان راجە بهارى مال ۋە ئوغلى بهاگۇەن داس باشقا يېقىن كىشىلىرى بىلەن ۋىلايەت چېگرىسىغىچە ئەكبەرنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقتى . ئەكبەر ۋە قارشى ئېلىشقا چىققان ساھىبخانىلار دېئاسا دېگەن قىشلاقتا يېقىنلاشقاندا ، ئۇ يەردىكى ئاھالە يات كىشىلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىشىدىن قورقۇپ تاغ كەينىگە قېچىشقا باشلىدى . فەۋجىدار دېگەن پىلنى مىنىپ كېلىۋاتقان ئەكبەر بهارى مالدىن :
— نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ ؟ — دەپ سورىدى ، — بىزنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن كېلىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇلارغا ئېيتمىغانمىدىڭىز .
— ئېيتقانىدىم ، ھەزرىتىم ! بىراق بۇ جايلار سەمبهال ۋىلايىتىگە قاراشلىق ، ۋىلايەت ھاكىمى مىرزا شەرەفىددىن جانابلىرى ئاھالىگە ناھايىتى شەپقەتسىز . كىشىلەر ئۇنىڭدىن يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەچكە ، سىزدىنمۇ قورقۇۋاتىدۇ .
ئەكبەر ئوڭ تەرىپىدە كېلىۋاتقان قىلىچبەگ ئەنجانىغا قاراپ :
— شەرەفىددىن مىرزىغا ئادەم ئەۋەتىڭ ، دەرھال يېتىپ كەلسۇن ، — دېدى . كەچ مەھەللىدە مىرزا شەرەفىددىن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى - دە ، ئەكبەر مىنگەن پىلنىڭ ئالدىغا يۈكۈندى .
— جانابى شەرەفىددىن مىرزا ، سىز ئاھالىلەرنى بىزدىن بەزدۈرۈپ قويۇپسىز . . .
— ھەزرىتىم ، مەندىن گۇناھ ئۆتكەن بولسا كەچۈرۈڭ .
ئەكبەر سول تەرىپىدە ئاتلىق تۇرغان بهارى مالغا يۈزلەندى .
— قايسى قېرىندىشىڭىزنى بۇ بەگ گۆرۈگە ئېلىپ زىندانغا سولاپ قويدى ؟

— ئاكامنىڭ ئوغلى جاي مول بىلەن راجى سىنىخ دېگەن نەۋرەم قالالدى .

— بىگۇناھ ئادەملەرنى قاماشقا سىزگە كىم بۇيرۇق قىلغان تەقسىر ؟

شەرەفىددىن مىرزا ئاتا تەرەپتىن مەشھۇر خوجا ئەھدەر ئەۋلادىغا تۇتىشاتتى . ئانا تەرەپتىن تېمۇرىيلەرگە قېرىنداش ئىدى . ئەكبەرنىڭ دۆلىتىدە تىمۇرىيلەر ئەتىۋارلىقراق بولغانلىقى ئۈچۈن ، شەرەفىد- دىن « خوجا » ئۇنۋانىدىن ۋاز كېچىپ « مىرزا » ئۇنۋانىنى ئەۋزەل كۆرگەنىدى . لېكىن ، ئەكبەرنىڭ ھازىر « تەقسىر » دەپ كىنايە قىلىشى ئۇنىڭدىن گويا مىرزا ئۇنۋانىنى تارتىپ ئېلىۋالغاندەك بىلىندى . بۇنىڭ- دىن قورقۇپ تىترەشكە باشلىغان شەرەفىددىن خوجا :

— ھەزرىتىم ، مەندىن ئۆتكەن بولسا ئەپۇ قىلغاي- سىز ! — دېدى ، — ياخشى كۆرگەن پەرزەنتلىرىنى گۆرۈگە تۇتسام ، بۇ راجپۇتلار ئىسيان كۆتۈرەلمەيدۇ ، دەپ ئويلاپ شۇنداق قىلغانىدىم !

— بۇ قىلغىنىڭىز بولماپتۇ تەقسىر ، بىگۇناھ ئادەملەرنى بۇگۈنلا قاماقتىن بوشىتىڭ ، ئىززەت ئىكرام بىلەن ئۆيلىرىگە يولغا سې- لىپ قويۇڭ .

— باش ئۈستىگە ، ھەزرىتىم !

شەرەفىددىن خوجا ئالدىراپ ئارقىغا قايتتى ۋە شۇ كۈنى سولاق- تىكى ئىككى يىگىتنى سولاقتىن بوشىتىپلا قالماي ، ھەر بىرىگە يىگى كې- يىم - كېچەك كىيدۈرۈپ بىردىن ئات ئىنئام قىلىپ يولغا سالدى .

ئەكبەر بولغۇسى ئائىلى جادەبەي يۇرتىدا مۇمكىن قەدەر ياخشى تەسىر قالدۇرۇش ، ئادالەتلىك ۋە شەپقەتلىك كۆرۈنۈشكە تىرىشتى . جادەبەي تۇرىدىغان جايغا يېقىنلاشقانسېرى ئەكبەرنىڭ دىلىدا شېرىن ۋە گۈزەل ھېسلار كۆچىيىپ بارغان بولسىمۇ ، لېكىن تاشقى ھايات ئۇ- نىڭغا بىر - بىردىن ناچار ۋە خۇنۇك مەسىلىلەرنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . سەنگەنىر ئەتراپلىرىدا ئاھالە كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇۋلايدىغان جا- نىۋارلار كەم ئىدى . پادىشاھنىڭ ھارۋىلارغا ئولتۇرغۇزۇپ كەلگەن چىتا-

لىرى ۋە ئۇلارنى قولغا ئۆگەتكەن چىتا كۆندۈرگۈچىلەر قىلغىلى ئىش تاپالماي ئاھالىلەرگە تاماشا بولۇپ قالدى .

ھىندىلار چىتانى يولۋاستىنمۇ خەتەرلىكرەك يىرتقۇچ ھېسابلەشاتتى . بىلى ئىنچكە ، دۇمبىسى ۋە بوينى ئۇزۇن ، پۈتۈن بەدىنىنى ئاق ، سارغۇچ چېكىتلەر قاپلىغان بۇ چوڭ قاپلان ناھايىتى چاققان بولۇپ ، كۆچەپرەك سەكرىسە ، ھەتتا پىلنىڭ ئۈستىگە چىقالايتتى . ئەڭ تېز يۈگۈرەيدىغان كېيىكنىمۇ تۇتۇۋالالايتتى .

شۇنداق خەتەرلىك يىرتقۇچنىمۇ قولغا ئۆگىتىپ قەپەسكە سولاپ يۈرگەن بۇ كۆندۈرگۈچىلەرنىڭ دىمىغى ئۈستۈن ئىدى . ئۇلار ئۆزلىرىنى پادىشاھنىڭ ياخشى كۆرگەن ئۇۋچىسى قىلىپ كۆرسىتىپ مەغرۇرلەناتتى .

بىر جايدا ئوبدان كىيىنگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى تۆمۈر قەپەسكە يېقىن كېلىپ چىتا كۆرۈۋاتاتتى . بۇ ئادەمنىڭ پۈتىدىكى چىرايلىق ئۆتۈككە چىتا كۆندۈرگۈچىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى . ئۇ بىردىن قەپەسنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ چىتا بويىندىكى چەرىم ھالقىنى تۇتۇپ ھېلىقى ئادەمگە :

— ئۆتۈكنى سال ! — دېدى ، — سالمىساڭ چىتانى ھازىرلا قويۇۋېتىمەن . سېنى پارە - پارە قىلىۋېتىدۇ .

چىتانىڭ سارغۇچ كۆزلىرى چەكچىيىپ ، يۈزلىرى تىترەپ تۇراتتى . قورقۇپ كەتكەن بىچارە تاماشىچى چىرايلىق ئۆتۈكنى چىتا كۆندۈرگۈچىگە سېلىپ بەردى . ياخشى كىيىنگەن ئادەم تاپىنىغا تاش ۋە تىكەنلەر سانجىلغان ھالدا يالاڭ ئاياغ قېيىنىلىپ كېلىۋاتقاندا ، ئەكبەر ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدىن چىقىپ قالدى . يالاڭ ئاياغ كىشى يىغلاپ تۇرۇپ :

— ھەزرىتىم رەھىم قىلىڭ ! ئەرزىمنى ئاڭلاڭ ! ھەزرىتىم ، — دەپ يالۋۇردى . ئەكبەرنىڭ ئىشارىتى بىلەن بەگلەر ۋە مۇھاپىزەتچىلەر يالاڭ ئاياغ كىشىگە يول بەردى . ئەكبەر بۈگۈن ئاتلىق ئىدى . ئۇ ئات ئۈستىدە تۇرۇپ يالاڭ ئاياغ كىشىنىڭ ئەرزىنى ئاڭلىدى - دە :

— قېنى يۈرۈڭ ، ئاشۇ چىتا كۆندۈرگۈچىنى بىزگە كۆرسىتىڭ ! — دېدى .

چىتا كۆندۈرگۈچى تارتىۋالغان ئۆتۈكنى ئالللقاچان پۈتىغا كە-يىپ ، ئەسكى ئۆتۈكنى قەپەس ئالدىغا تاشلاپ قويغانىدى . ئۇ ئەكبەر-دىن قورقۇپ ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۆتۈكىنى دەرھال سېلىپ بەردى . بۇ ئىش تۈپەيلى قېيناتىسى بھارى مالنىڭ ئالدىدا قاتتىق خىجالەت بولغان ئەكبەر :

— بۇ چىتا كۆندۈرگۈچى بىزنىڭ خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈپتۇ ! — دېدى ۋە سول تەرەپتە تۇرغان بەگكە مۇراجىئەت قىلدى ، — جانابى چاغاتايخان ، ھۆكۈممىزنى جارچىلار جاپۇرغا ئېلان قىلسۇن . مەخسۇس پەرمان يېزىپ بارلىق ۋىلايەتلەرگە ئەۋە-تىڭلار ، پۈتۈن مەملىكەت بۈنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن . بىزنىڭ خىزمىتى-مىزدە بولۇپ ئاھالىگە زىيان كەلتۈرىدىغان ، زوراۋانلىق بىلەن ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەك ياكى باشقا بۇيۇملىرىنى ئېلىۋالىدىغان قىلمىشلارغا قات-تىق جازا بېرىلىدۇ ! بۇ چىتا كۆندۈرگۈچىنى مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ باشقىلارنىڭ ئۆتۈكىنى تارتىۋېلىپ كىيگەن پۇتىنى كېسىپ تاشلاڭلار !

شۇ كۈنى بۇ پەرمان خالايىقنىڭ كۆز ئالدىدا ئىجرا قىلىندى . خەلق ئەكبەرنى ئادالەتپەرۋەرلىكى ۋە قەتئىيلىكى سەۋەبىدىن ماختاشقا باشلىدى .

× × ×

بۇ ماختاشلار ئەلۋەتتە جادەھبەيىنىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتتى . ھازىر ھەممە ئادەم شۇ قىزنىڭ گېپىنى قىلىۋاتاتتى . جادەھبەيىنى بىر كۆرۈش-كە ، ئىككى ئېغىز سۆزىنى ئاڭلاشقا ئىنتىزار ئىخلاسمەنلەر كۆپىيىپ كەتكەنىدى .

لېكىن ، ئاتا - ئانىلىرى جادەھبەيىنى يات كۆزلەردىن يىراق تۇ-تۇپ ، تويغا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى . كۈيئوغۇل تەرەپتىن كەلگەن بەش يۈز ئادەم راجە بھارى مالنىڭ قەسرىگە پاتمايتتى . ئەكبەر سەنگەنىر دې-

گەن ياپپېشىل گۈزەل جاينى ئۆزىگە قارارگاھ قىلىپ تاللىدى . جامائەت-
نىڭ يۈكلىرىنى ۋە چېدىرلارنى نەچچە يۈز تۆگە ، پىل ۋە قېچىرلار
كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى . مەخسۇس ئادەملەر يېشىل تاغ ئېتەكلىرىگە ئۈچ
يۈزچە رەڭمۇرەڭ چېدىرلارنى تىكتى . چېدىرلار ئىچىدە ئەڭ ھەشەمەت-
لىكى ئەكبەر ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئانىسى ، ئىنىكئانىلىرى ۋە باشقا يېقىن
كىشىلىرى ئۈچۈن ئورنىتىلدى . يېڭى كېلىن - كۆيئوغۇل ئۈچۈن چې-
دىر ئورناتقۇچىلار ، ئىككى قەۋەتلىك ئۆيگە ئوخشايدىغان بالىخانىلىق
چېدىر قۇرۇشتى . بۇ چېدىرنىڭ قەپەس كەرىگۈللىرىگە ئوخشايدىغان
يىغما ياغاچلىرى ئەڭ قاتتىق مەھۋە ياغاچلىرىدىن ياسالدى . ئۇنىڭ يو-
غان لىمىلىرىنى پىللار كۆتۈرۈپ كېلىپ خارتۇملىرى بىلەن تىكلەپ بې-
رەتتى . ئىككى تۇرالغۇلۇق چوڭ تۈۋرۈكلۈك بىنانىڭ ياغاچ ئىشكلىرى
بىر - بىرىگە مەھكەم ئۇلىنىپ مۇقىم ۋە مۇستەھكەم « قوتا » غا ئايلان-
غاندىن كېيىن ئۈستىگە چېدىرنىڭ چىرايلىق ۋە قېلىن پوچتا-
رەڭ رەختى تارتىلدى .

ئادەم بويى كېلىدىغان « داماما » دەپ ئاتىلىدىغان يوغان ناغرىلار
چېلىندى . ئۇلارغا قوش كانايلار ، قوش سۇنايلار جور بولۇپ ، توي
شادىيانىسى باشلاندى . قائىدە بويىچە توي بىر ھەپتە داۋام قىلدى . شۇ
ئارىدا كېلىن تەرەپمۇ كۆيئوغۇل تەرەپمۇ بارلىق ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئە-
مەلگە ئاشۇرۇپ بولۇشى كېرەك ئىدى . ھاۋا ئوچۇق ۋە ئىللىق بولۇپ ،
توي تاماشىلار ئۆتكۈزۈلىدىغان ئەڭ ئوبدان چاغ ئىدى . ھەممىدە بېگىم
مانا مۇشۇ گۈزەل كۈنلەردە سىند ۋىلايىتىنىڭ پەتھپۇر دېگەن جايىدىكى
چېدىرلار ئىچىدە ھۇمايۇن بىلەن ئۆتكۈزگەن ئۇنتۇلماس دەقىقىلەرنى
ئېسىگە ئالدى . ئەكبەرنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغ مۇھەببەتنىڭ مەھسۇلى
ئىكەنلىكىنى ئويلىدى . ھازىر ئوغلى كۆيۈپ قالغان ھىندى قىزنىڭمۇ
تەبىئەت باغرىغا تىككەن چېدىردا ھەقىقي بەخت تېپىشىنى ئۈمىد
قىلدى .

بىراق ، كۆيئوغۇل بىلەن كېلىننىڭ ئىككى دىنغا مەنسۇپلۇقى ئا-
نىنى تەشۋىشكە سالاتتى . ھىندىچە نىكاھ ئوقۇيدىغان پۇراختىلار

( موللا ـ ئىماملار ) قىز تەرەپتە بار ، ئەمما ئىككى دىننى تەڭ كۆرىدىغان موللا ياكى شەيخ تېپىش قىيىن . سارايدىكى شەيخۇلئىسلام ئەنسارى ياكى مۇپتى ئابدۇنەبى ئىككى دىنلىق نىكاھقا رازى ئەمەس . ئۇلار ھەتتا قۇر-ئان ۋە پەيغەمبەرنى ئېتىراپ قىلىدىغان شەيخلەر بىلەن كېلىشەلمەيدىغان تۇرسا ، كاپىر سانىلىدىغان براخمان ۋە كاھىنلار بىلەن قانداقمۇ سىغى-شالىسۇن ؟ ھەمىدە بېگىم ئويلاپ ـ ئويلاپ سەلىم ئاتىنى چاقىرىپ كې-لىشنى قارار قىلدى ، سارايغا بارمىغان بىلەن جايپۇرغا كەلسە بولىدىغۇ . سېكرى بۇ يەرگە ئانچە يىراق ئەمەس . ئاتتا بىر كۈنلۈك يول . شۇنىڭ بىلەن ھەمىدە بېگىم سەلىم ئاتىغا مەكتۇپ يېزىپ چاغاتايخان تاشكەن-دىدىن ئەۋەتتى .

« تەقسىر ، ياش چېغىمدا سىز دادىڭىزنىڭ جەڭ بويىدا توي قىلىپ ، تۇنجى ئوغلىغا ھىندى قىزنى ئېلىپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى-ڭىز . شۇ چاغدىكى مۇسۇلمان مۇتەئەسسىپلىرىنىڭمۇ ، جاھىل براخمانلارنىڭمۇ بۇ-نىڭغا قارشى چىقىپ تويىنى بۇزغانلىقى ، ئاخىر دادىڭىزنى تۈرمىگە تاشلاتقۇز-غانلىقى يادىمىزدا تۇرۇپتۇ ، ئوغلىمىز ئەكبەر شاھقا ماڭا ئوخشاش ئاق سۈت بەرگەن ھىندى ئىنىكئانا رۇيا بىبى ھازىر مېنىڭ يېنىمدا ، شۇ چاغدا دادىڭىز ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ھىندى ـ مۇسۇلمان تويىنى ئەمدى بىز ئۆتكۈزمەكچىمىز . شۇڭا سىز قاتنىشىشىڭىز ۋە باش بولۇپ بېرىشىڭىز زۆرۈر بولۇپ قالدى ، بىز ئورمان ئىچىدە تەبىئەت باغرىدا تۇرىمىز . بۇ يەر ـ پادىشاھ سارىيى ئەمەس . شۇنىڭ ئۈچۈن ئا-ۋەتتە قەدەم تەشرىپ قىلارسىز دەپ ئۈمىد قىلىمەن .

ئىخلاسمەنىڭىز ھەمىدە بانۇ بېگىم . »

بۇ مەكتۇپنى ئېلىپ ماڭغان چاغاتايخان ئۈچ كۈن ئۆتكەندە كەلدى . توي ئاخىرلىشىپ قېلىۋاتاتتى . ئەتە كەچتە نىكاھ ئوقۇلۇشى كېرەك . بېگىم كېيىن شۇنى ئۇقتىكى ، سەلىم ئاتا ئات مىنگىلى ئۇنىماپتۇ ، چاغاتايخان ئۇنىڭ پىيادە مېڭىشىغا ماقۇل بولۇپ ، بىر كۈنلۈك يولنى ئۈچ كۈندە مېڭىپ كەپتۇ ، ئۇ نۆكەرلىرىنى ئالدىن ماڭدۇرۇپ بۇ ۋەقە-دىن ئەكبەرنى ۋە بېگىمنى خەۋەردار قىلدى . سەلىم ئاتىنىڭ دېھلىدىكى

ھۇمايۇن قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىشقىمۇ پىيادە بارغانلىقىنى ئەكبەر ئائىسى-
دىن ئاڭلىغانىدى. مويسىپىتنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەكبەر قارارگاھنىڭ
چېتىگىچە پىيادە چىقىپ مويسىپىتنى قارشى ئالدى. ئۇنى پەرزەنتلەرچە
كۆتۈۋېلىپ، ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان مېھرابلىق چېدىرغا باشلاپ
كەلدى. سەلىم ئاتىنى تۆرگە چىقىرىپ ئۆزى پەگادا ئولتۇردى:
— تەقسىر، مەن سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى سىر ھىندا ئابدۇللا نى-
يازىدىن ئاڭلىغانىدىم.
— ھە، ئابدۇللا نىيازى بىئەنە خەلقىنى ئىسلامشاھ زۇلۇمىغا
قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە تەشكىللىگەن ناھايىتى جاسارەتلىك كىشى
ئىدى.
— ئۇ كىشى سىزگە قارىتامۇ خۇددى شۇنداق پىكىردە ئىكەن.
كېيىن ھەزرەت ئانام ماڭا كۆپ ئىشلارنى ئېيتىپ بەردى. دادىمىزغا ئۇن-
تۇلماس ياخشىلىقلارنى قىلغانىكەنسىز، مەن سىزنى مەنىۋى ئاتامدەك
ئەزىز بىلىمەن.
كېيىنكى سۆزلەردىن سەلىم ئاتىنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ
ئەكبەرگە:
— ئوغلۇم! — دەپ مۇراجىئەت قىلدى، — پەرۋەردىگارنىڭ
ئالدىدا شاھمۇ، دەرۋىشمۇ ھەممىمىز باراۋەر. ئىنسان پەرزەنتىمىز. مەن
ئىككى يىل ئەرەبىستاندا بولدۇم، نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆردۇم، ھەممە
يەردە ئىنسان — شۇ ئىنسان، ئوخشاش بىر ئىنسان، قانچە تاجدارلارنى
كۆردۇق، شېرخان شۇنچە قۇدرەتلىك، ئەقىللىق ئىدى. نەيرەڭنى كۆپ
ئىشلىتىپ، ئەۋلادلارنى يامانلىققا ئۆگەتتى. ئاقىۋەتتە، ھەممە كىشىنىڭ
غەزىپىدە ھالاك بولدى. بۈگۈن كېلىشىمدىكى سەۋەب، سىزدىن كۈتە-
دىغان ئۈمىدىم زور. ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىشلىرىنى داۋام
قىلدۇرۇپ ئەل - ئۇلۇسنىڭ ئالقىشىنى ئالغايسىز.
— تەشەككۈر سىزگە تەقسىر.
داستىخان سېلىنىپ توي زىياپىتى ھازىرلانغاچقا، سەلىم ئاتا
ئورنىدىن تۇرۇپ، سىرتقا چىقماقچى بولدى. شۇ چاغدا ئەكبەر ئۇنى.

دادىسىدەك ئەزىزلەپ ، ئاياغنى پۈتىنىڭ ئۇدۇلىغا توغرىلاپ قويدى . ئەكبەرنىڭ تەڭتۇش كۆكەلدىشى ئەدھەمخان شەيخ سەلىمنىڭ يالاڭ ئاياغ ئىشلەمچىلەر ئارىسىدىن چىققان كەمبەغەل ئادەم ئىكەنلىكىنى ماھىم بىبىدىن ئاڭلىغانىدى . شۇنىڭ ئۈچۈن چالنى كۆزگە ئىلماي ، زاڭلىق ئارىلاش ھەجىيىپ قويدى . ئۆزىمۇ بىچارە ئائىلىدىن كېلىپ چىققان بۇ يىگىت كەمبەغەل ئۆتمۈشنى ئەسلىتىدىغان ئادەملەرنى ياخشى كۆرمەيتتى . ئەدھەمخان ئالىي تەبىقىنىڭ ئەڭ باي ئېسىلزادىلىرى قاتارىدا شەيخۇلئىسلام ئەنسارىگە قول بېرىپ مۇرىت بولغانىدى . ئەكبەر ھىجايغان كۆكەلدىشىغا « ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ ! » دېگەندەك تىكىلدى . بىراق ، ئەدھەمخان تەپ تارتماي كۆزىنى ئەكبەرنىڭ كۆزىگە تىكىپ : « شۇ پەس چالغا ئاياغ توغرىلاپ بېرىپ بىزنىمۇ يەرگە ئۇردىڭىز . بىزنىڭ سىزگە تەزىم قىلىپ ، يۈكنىپ يۈرگىنىمىز نەدە قالدى ! » دېمەكچى بولغانلىقىنى ئىپادىلىدى . ئەكبەر ئەدھەمخاننىڭ نەقەدەر كېرىلىپ ھاكاۋۇرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى شۇندا ھېس قىلدى .

× × ×

كېلىننى يۆتكەش ئۈچۈن كېلىۋاتقاندا ، ئەدھەمخان ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئەڭ يېقىن يىگىت قولدىشى بولۇپ ماڭماقچى بولغانىدى . بىراق ، ئەكبەر ئوڭ يېنىغا ئىككىنچى كۆكەلدىشى ئەزىزنى ئالدى . ئەدھەمخان ئارقا قاتاردا قېلىپ غەزەپتىن تىترەپ كەتتى .

يوغان تاغ ئۈستىگە قۇرۇلغان راجە بهارى مال قەلئەسىدە بىر ھەپتىدىن بېرى مەيۇس كۈيلەر ياڭرايتتى . قىزلار توپ ـ توپ بولۇشۇپ تۇغۇلغان يۇرتى بىلەن خوشلىشىشىنىڭ قىيىنلىقى ھەققىدە غەزەل ئوقۇشۇۋاتاتتى . ئەزەلدىن ئۇدۇم شۇنداق : كۈيئوغۇل تەرەپتە يىگىتلەر سۆيۈنگەن ھالدا نەغمە ـ ناۋا قىلىشىدۇ . كانايلىرى يىرتىلغۇدەك « ئاللاللا » توۋلايدۇ . چۈنكى ، ئائىلىگە يېڭى بىر ئادەم — گۈزەل كېلىن قوشۇلىدۇ . ئەمما ، قىز چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانا جىگەر پارىسىنى يولغا سالىدۇ . قىز بۇ دەرگاھتىن يىغلاپ چىقىپ كەتمىسە ، ئاتا ـ ئانى-

سىنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشمەيدۇ. شۇڭا، قىز ئۇزىتىدىغان ئۆيدە توي كۈنى يۈرەكنى ئەزگۈچى جۇدالىق كۈيلىرى چېلىنىدۇ.

بىراق، ئەكبەر كاناي ـ سۇناي چالدۇرۇپ ئۆز ئادەملىرى بىلەن بىھارى مالىنىڭ قەلئەسىگە كىرىپ كەلگىنىدە، قايناق كەيپىيات باشلاندى. ھىندى ئادىتىگە بىنائەن ئەكبەر قىز تۇرغان ئۆيگە قىلىچ ئېسىپ، ئاتلىق كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ يېنىدا يىگىت قولداشلىرىدىن باشقا رۇپا ئىنىكئانىمۇ بار ئىدى. ھىندىچە قائىدە ـ مۇراسىملارنى ئەكبەر ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىگە رۇپا ئىنىكئانا ئۆگىتىپ تۇراتتى.

ياساندۇرۇلغان كېلىنچەك بىر توپ قولداشلىرى بىلەن گۈلچەمبىرەكلەر كۆتۈرۈشۈپ ئۆيدىن ئەكبەرنىڭ ئالدىغا چىقتى. قىزلار يۇرت ـ مەھەللىنى سېغىندۇرىدىغان غەزەللەرنى ئېيتىشىپ، قوللىرىدىكى گۈلچەمبىرەكلەرنى ئەكبەر مىنگەن ئاتنىڭ بويىنىغا ئاستى. ھەيران ئەسىلىك بۇ ئات خۇشبۇي گۈلچەمبىرەكلەر ۋە گۈزەللەر ئارىسىدا ھەيران بولۇۋاتقاندەك كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ تۇراتتى. ئاخىر كېلىن ئاتنىڭ گۈلگە پۈركەنگەن بويىنى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈلدى. يۈكسەك ئېھتىراملاردىن كېيىن يىگىت ئاتتىن چۈشتى. جادەبەي ئۇنىڭغا تەزىم بىلەن يېقىنلاشتى ـ دە، ئەڭ سەرخىل گۈللەردىن ياسالغان ۋە «سۆيگۈمبار» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ گۈلچەمبىرەكنى ئەكبەرنىڭ بويىنىغا ئاستى. ئاندىن كېلىن بىلەن كۈيئوغۇل گۈلچەمبىرەكلەردىن ياسالغان ۋە مەخسۇس مېھراب ئورنىتىلغان گۈل چېدىرغا كىرىشتى، «ئاق يول بولسۇن» دېگەن مەنىدە گۈل چېدىرنىڭ چېتىگە ئۇن ۋە گۈرۈچ سېپىپ قويۇلغانىدى. مېھرابنىڭ ئۇدۇلىدا چىرايلىق كۇرسىلار تۇراتتى. كېلىن بىلەن كۈيئوغۇل شۇ كۇرسىلاردا يانمۇيان ئولتۇردى. كېلىننىڭ يېنىدىن ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە باشقا يېقىنلىرى جاي ئېلىشتى، كۈيئوغۇلنىڭ يېنىغا رۇپا ئىنىكئانا ۋە كۆكەلداشلىرى ئولتۇرۇشتى. پۇراخت دەپ ئاتىلىدىغان ھىندى موللىدىن بىرى كېلىن تەرەپتە، ئىككىنچىسى كۈيئوغۇل تەرەپتە تۇرۇپ «مەنتىر» دەپ ئاتىلىدىغان دۇئالارنى ئوقۇشتى.

ئەكبەر نىكاھ ۋاقتىدا دېيىلىدىغان گەپلەرنى رۇپا ئىنىكئانىنىڭ

ياردىمى بىلەن ئۆگىنىپ بولغانىدى. پۇراخت ئۇنىڭدىن ھىندچە:
— رەنى جادەبەيىنى نىكاھىڭىزغا ئالامسىز؟ — دەپ سورىدى. ئەكبەرمۇ ھىندچە:
— مەن مۇقەددەس ئوت، ئاسمان ۋە يەرنىڭ گۇۋاھلىقىدا ھىندى قىزى رەنى جادەبەيىنى چىن دىلىمدىن خالاپ، ئۆز نىكاھىمغا ئالىمەن! — دېدى.
پۇراخت ئاشۇ سوئال بىلەن قىزغا مۇراجىئەت قىلدى. ئەكبەرنىڭ گېپى جادەبەيگە خېلى ئىلھام بەرگەنىدى.
— مەن، — دەپ سۆز باشلىدى قىز، — ئالىي تەڭرىلەر گۇۋاھلىقىدا مۇسۇلمان يىگىتنىڭ نىكاھىغا ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئۆتىمەكتىمەن. ئۇنىڭ ئۆيىنى ئۆز ئۆيۈم دەپ بىلىمەن. بارلىق كېلىنلىك خىزمەتلەرنى چىن دىلىمدىن ئادا قىلىمەن.
قائىدىگە ئاساسەن، بۇ سۆزلەردىن كېيىن پۇراختلارنىڭ بىرى يىگىتنىڭ قولىدىن، ئىككىنچىسى قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئىككىسىنىڭ قولىنى بىرلەشتۈردى. ئەكبەر ئۆز ئالقىنىدا قىزنىڭ مېھر ئىپقىنىنى ھېس قىلدى. پۇراختلار ئەكبەرنىڭ بېلىدىكى شاھانە پوتىنىڭ ئۇچىنى قىزنىڭ ئۇچىسىدىكى زەرباپ سارىنىڭ ئۇچىغا چىگىپ قويدى.
سەل نېرىدا مۇقەددەس ئوت يېنىپ تۇراتتى. خۇش پۇراق گىياھلار كۆيدۈرۈلمەكتە. قوللىرى چىرماشقان، پوتا ۋە سارىلار ئارقىلىق بىر - بىرىگە چېتىلغان كېلىن بىلەن كۈيئوغۇلنى پۇراختلار ئوت ئەتراپىدا يەتتە قېتىم ئايلاندۇردى. بۇ ئايلىنىشلار بىلەن مېھر - مۇھەببەت، پاكلىق، بالىجانلىق، ئاتا - ئانىغا ھۆرمەت، ساداقەت، ئەدەپ قاتارلىق ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم يەتتە تەلپىگە رىئايە قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىشتى.
نىكاھ مۇراسىمىنىڭ ئاخىرىدا قىزنىڭ دادىسى پاتىھە بېرىشى كېرەك ئىدى. ئادەت بويىچە بھارى مال ئۆزىنىڭ ۋە ئۇرۇقىنىڭ نامىنى ئېيتىپ سۆز باشلىدى:
— مەن راجە بھارى مال، ئوتتۇز ئالتە راجپۇت قەبىلىلىرى

قاتارىغا كىرىدىغان كەلۋاھا ئۇرۇقىنىڭ باشلىقىمەن. تارىختىن مەلۇمكى، بىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئارىيلار ئىدى. ئۇلار ھىندىستانغا شىمالدىكى ماۋەرائۇننەھىر، خۇراسان تەرەپلەردىن كەلگەن ئاتەشپەرەسلەر دەپ ئاڭلىغانمەن. ھەزرەت پادىشاھ، سىزنىڭ ئەجدادلىرىڭىزمۇ شىمالدىن كەلگەنلەر، قەدىمكى زامانىدا ئۇلارمۇ ئاتەشپەرەسلەر ئىدى. دېمەكچىمەنكى، بۈگۈن مانا بۇ مۇقەددەس ئوتنىڭ گۇۋاھلىقىدا، بىزگە كۈيئوغۇل بولۇۋاتقىنىڭىز تاسادىپىي ئىش ئەمەس. ئېھتىمال تەقدىرنىڭ تەقەززاسى بىلەن شۇنداق بولغاندۇ. مىڭ يىللار بۇرۇن بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۈرلۈك مىللەتلەرگە ئۇرۇقتەك چېچىلىپ كەتكەن ئەۋلادلار ئەمدى سىلەرنىڭ ئىلھامىڭلار بىلەن تېپىشماقتا، مەن ئۆز قىزىمنى سىزگە ئىنئام قىلىمەن. بىلىپ قويۇڭكى، ئىنئام قىلىنغان نەرسە قايتۇرۇپ ئېلىنمايدۇ. قىزىم بۇ دەرگاھقا ئەمدى پەقەت مېھمان بولۇپ كەلسە بولىدۇ!

ئەكبەر ئالىقىنىغا ئالىقىنى تېگىپ تۇرغان نەپىس قولنى مېھر ۋە تەشنالىق بىلەن قىسىپ قويدى.

كېلىننى تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزدى. كاناي - سۇناي ساداسى ئاستىدا قارارگاھقا ئېلىپ ماڭىدىغان چاغدا، تۈن يېرىمىدىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن ھېچكىم ئۇخلىمىغان، مەشئەل ۋە گۈلخانلار يېقىلغانىدى. ئوت يورۇقىدا كېلىن بىلەن كۈيئوغۇلنى ھەممە بېگىم ۋە باشقا يېقىنلار كۆتۈۋالدى - دە، يوغان ساراي ئىچىگە باشلاپ كىردى. ھۇمايۇندىن قالغان ئەنئەنە بويىچە يىگىت - قىز ئالدى بىلەن «دۆلەت ئۆيى» دەپ ئاتىلىدىغان بىرىنچى ئۆيگە كىردى. بۇ يەردە ئۇلارنى ۋەزىرلەر، ئەمىرلەر تەزىم بىلەن قارشى ئېلىپ مۇبارەكلىدى ۋە قىممەت باھالىق سوۋغىلارنى تەقدىم قىلدى. نەپىس پەردىلەر ئىچىدىكى ئىككىنچى چېدىر «سائادەت ئۆيى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئۆيدە قىز - يىگىتنى يېڭى مەللە تون كىيگەن، ئاق سەللە ئورىغان سەلىم ئاتا كۆتۈۋالدى ۋە ئىك-

كىملەننى ئۇدۇلىدا ئولتۇرغۇزۇپ ياخشى تىلەكلەرنى ئېيتتى :
— ئىلاھىم بەختلىك بولۇڭلار ، ۋاپادار پەرزەنتلەرنى كۆ-
رۈڭلار ، ئەل - يۇرتنىڭ ئالقىشىنى ئېلىپ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆ-
رۈڭلار .

مۇسۇلمانچە نىكاھ ئوقۇلغاندىن كېيىن ، قىز - يىگىت پەردى-
نىڭ ئارقىسىدىكى ئىككى ئېغىزلىق « مۇراد ئۆيى » تەرەپكە ماڭدى .
ئەكبەر بۇ ئۆيدە قىز بىلەن يالغۇز قالدىغان ۋاقىتنى ئىنتىزارلىق بىلەن
كۈتمەكتە ئىدى . لېكىن ، ئادەتكە ئاساسەن ، بۇ ئۆينىڭ بىرىنچى قە-
ۋىتىگە داستىخان سېلىنىپ ، يەڭگىلەر قىز - يىگىت ئۈچۈن ئەڭ
ئېسىل تائاملارنى تەييارلىغانىدى .

جادەبەي ئەكبەر بىلەن بىر داستىخاندىن تاماق يېيىشكە
جۈرئەت قىلالماي ، ئۆزىنى چەتكە تارتتى . ھىندىلارنىڭ ئەدەپ -
قائىدىسىگە ئاساسەن ، قىز يىگىتنى ئۆزىدىن تولىمۇ ئۈستۈن كۆ-
رەتتى . خوتۇن ئېرىنى ئىلاھىي يۈكسەكلىكتە ھېسابلايتتى .
شۇنىڭ ئۈچۈن كۈيئوغۇل بىلەن بىر داستىخاندا غىزالىنىشنى كې-
لىن ئۈچۈن ئەدەپسىزلىك دەپ قارايتتى . جادەبەيمۇ ئەكبەر غىزا-
لىنىپ بولغۇچە ، داستىخانغا يېقىن كەلمەي بىر چەتتە ئەدەپ س-
اقلاپ تۇرماقچى بولدى .

ئەكبەر بۇرۇن ئاڭلىغاندەك بۇ ئادەملەر ئەركەك زاتىنى
ئەپسانىۋى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈۋېتىدىغانلىقى ، ئۆز كۈيئوغ-
لىنى خۇدا ئورنىدا كۆرىدىغانلىقىنى جادەبەينىڭ ھازىرقى ئەدەپ
- قائىدىلىرىدىن ھەقىقىي تۇردە ھېس قىلدى - دە ، ئۇنىڭ قول-
قىغا مېھر - مۇھەببەت بىلەن شۇۋىرلىدى :
— مەن سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە ھىندىچە ئادەتلەرگە رىئايە قىل-
غاندىكىن ، سىز بۇ يەردە تۈركىي ئادەت بويىچە مەن بىلەن بىللە
تاماق يېيىشىڭىز كېرەك ، قېنى ئېلىڭ .

ئەكبەر بۆدۈنە كاۋىپى سېلىنغان ئالتۇن لىگەننى ئايالىغا
يېقىن سۈندى . ئەمما ، جادەبەي باللىقىدىن تارتىپ يېتىلدۈر-

گەن ئادىتى بويىچە لېگەنگە قول ئۇزاتمىدى . ئەكبەرنىڭ ئالدىدا تاماق يېيىشتىن ئۇيالدى . يەڭگىلەر كېلىن بىلەن كۈيئوغۇلغا ھەسەل چاي كەلتۈرۈشتى .

ئەكبەر ئۆزى ئىچكەن ھەسەل چايدىن جادەھەبەيگىمۇ ئازراق ئىچكۈزدى . قىز ئاتا - ئانىسى بىلەن خەيرلەشكەندە يىغلىغان بولۇپ ، ھازىرمۇ خامۇش كۆرۈنەتتى . ئەكبەر چاقچاق بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسىماقچى بولدى .

— رەنى جادەھەبەي ، سارايدا شاھمات ئوينىغانلىقىمىز يادىڭىزدىمۇ ؟

— ھەئە .

— شۇ چاغدا سىز فەرزىنىمنى . . . يەۋالغانىدىڭىز - ھە ؟

جادەھەبەي ئەمدى كۈلدى .

— ئۇنداق قىلمىسام بوپتىكەن .

— نېمىشقا ؟

— قىساسقا قالدىم ، مانا ئەمدى فەرزىنىڭىزنىڭ ئورنىغا سىز مېنى يۇتۇۋالدىڭىز .

قىزنىڭ شېرىن جاۋابى ئەكبەردىكى بەخت تۇيغۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەندەك بولدى . ئۇ توساتتىن قىيناتىنى ئېيتقان سۆزلەرنى ئەسلىدى : بارلىق ئىنسانلار ئادەم ئاتا ۋە ھاۋا ئانىدىن يارالغان بولسىمۇ ، مىڭ يىللار ئاۋۋالقى ئاتەشپەرەسلەر دەۋرلىرىدە جادەھەبەينىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن بابۇرىيلارنىڭ ئەۋلادلىرى قۇدا - باجا بولۇپ قالدۇ دېسە ، بىرەركىم ئىشىنەرمىدى ؟ كېلىن بىلەن كۈيئوغۇلنى ئوت ئەتراپىدا ئايلاندۇرۇش ئادىتى تۈركىي خەلقلىرىدىمۇ بارغۇ ؟

ئاخىر « مۇراد ئۆيى » نىڭ ئىچىدە ئىككىلەن يالغۇز قالدى . ئەكبەر ئۆز سۆيگۈنىنى مىڭ يىل سېغىنىپ كۈتكەن يىگىتتەك مۇھەببەت ۋە تەقەززالىق بىلەن جادەھەبەينى قوينىغا ئالدى . ئىككى·ياش يۈرەك بىر - بىرىنىڭ قىزىقىدىن ئېرىپ ، قەلب دەريال-

رىمۇ تۈتىشىپ ئېقىشقا باشلىدى.

× × ×

هىندىلار ئارىسىدا مىڭ يىللار داۋامىدا ئەخلاق، ئەدەپ نىزامى-
ھېسابلىنىدىغان ۋە مۇقەددەس سانىلىپ ئىجرا قىلىنىۋاتقان مەنۇ[1] قا-
نۇنلىرى جادەبەيىنىڭ قان - قېنىغا كىچىككىدىنلا سىڭىپ كەتكەنىدى.
ئۇنىڭ ئېتىقادى بويىچە، ئايال كىشى ئۆمرىدە بىرلا قېتىم ئەرگە تېگىشى
لازىم. ئەگەر ئېرى ئۆلۈپ كەتسە تۇل خوتۇننىڭ باشقا ئەرگە تېگىشى
مۇمكىن ئەمەس. تۇل خوتۇن يا ئېرىنىڭ جەسىتى بىلەن بىللە ئوتتا
كۆيۈپ كۈل بولۇشى كېرەك ياكى پۈتۈن ئۆمرىنى ئېرىگە ھازا تۇتۇپ،
كۈنىگە پەقەت بىرلا قېتىم تاماق يەپ تا ئۆلگۈچە ماتەم كىيىمى بىلەن
خار - زار ئەھۋالدا ياشىشى كېرەك. مەنۇ ھىندى ئاياللىرىغا ئەرنىڭ ھا-
ياتىنى ئۆز ھاياتىدىنمۇ بەك قەدىرلەشنى ۋە ئۇنى ئۆز تەڭرىسى ئورنىدا
كۆرۈشنى بۇيرۇغان، پەقەت شۇ بۇيرۇقنى سۆزسىز بېجىرگەن ئاياللارلا
ھىندى تەڭرىلىرى — براخمان، شىۋا، ۋىشنۇلارنىڭ مەرھەمىتىگە
سازاۋەر بولىدىغانلىقىغا جادەبەي شەكسىز ئىشىنىپ كەلگەن.

ئاياللارغا شەپقەتسىز بولغان مەنۇ ھىندىستاننىڭ ئالىي تەبىقىسىگە
مەنسۇپ ئەركەكلەرگە تۆتتىن خوتۇن ئېلىش ھوقۇقىنى بەرگەن، لېكىن
دۆلەتمەن ھۆكۈمرانلار يۈز، ھەتتا ئىككى يۈز خوتۇن ئالسىمۇ، ھىندى
دىنى قارشى چىققان ئەمەس. جادەبەيىنىڭ دادىسى 17 خوتۇن ئالغا-
نىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېرىنى تەڭرى ئورنىدا كۆرەتتى ۋە دائىم
مۇرەسسە بىلەن ياشايتتى. دادىسىنىڭ يېنىدا بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ چوڭ
بولغان جادەبەي ئەكبەرنىڭ باشقا خوتۇنلىرى بارلىقىغا ھەم تېزلا
كۆندى. جادەبەيىنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋى گۈزەللىكىگە ئوخشاشلا،
ئۇنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقى ۋە ئەرنى نەقەدەر قەدىرلىشى ئەكبەرنى تولىمۇ

---

[1] ئەپسانىگە قارىغاندا، مەنۇ ئىنسان زاتىنىڭ ئاتا ئەجدادى ئىكەن. ھىندىلار ئۇنى ئۆز-
لىرىنىڭ بىرىنچى پەيغەمبىرى دەپ بىلىدىكەن. مەنۇ قانۇنلىرى شەرىئەت ۋە تەرىقەت كۈچىگە
ئىگە ئىكەن.

مەھلىيا قىلدى. كېلىنچەك دائىم ئۈچ قېتىملىق ئىبادەتتىن بۇرۇن
باشتىن ـ ئاياغ پاكىزە يۇيۇناتتى ۋە ئالىي تەگرىلەر ھۇزۇرىغا گۈدەك با-
لىدەك پاك بولۇپ باراتتى. ھىندىستاننىڭ ئىسسىق ئىقلىمىدا، تاھارەت
ئورنىدا پۈتۈن بەدىنىنى ئۈچ قېتىم يۇيۇش، غۇسلىنى ئەلۋەتتە ئاياغدىن
باشلاش، ئاخىرىدا يۈزنى يۇيۇپ، ئاغزىنى خۇشبۇي دورىلىق گىياھلار
قوشۇلغان سۇ بىلەن چايقاش ئادەمنى قانچىلىك تېتىك، گۈزەل قىلىدۇ-
تىدىغانلىقىنى ئەكبەر جادھەبەينىڭ ھالىتى ئارقىلىق يېقىندىلا بىلدى.
جادھەبەيدىكى جەزبە ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسنىدىلا ئەمەس، ئەدەپ ـ
ئەخلاقى جەھەتتىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلغان ئەكبەر ياش
ئايالنىڭ ئىمان ـ ئېتىقادىنى ئاسراش، مۇھاپىزەت قىلىشقا تىرىشاتتى.
جادھەبەي سەنگەنىرگە ھەر كۈنى ئىبادەت قىلغىلى باراتتى. چۈنكى ئۇ
ئىلاھ دەپ ئىشەنگەن ھىندى تەگرىلىرىنىڭ ھەيكەللىرى پەقەت ئىبادەت-
خانىغىلا قويۇلاتتى، ئۇلارغا ئۆيلەردە ئىبادەت قىلىش مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن دېھلىنىڭ پۈرەن قەلئەسىدىكى مەخسۇس بىر بىنا
جادھەبەي ۋە ئۇنىڭ ھىندى كېنىزەكلىرى ئۈچۈن ئىبادەتخانا قىلىپ
بېرىلدى.

شۇڭا، جادھەبەي بىلەن بىللە ئەكبەرنىڭ سارىيىغا براخمان ۋە
پۇراختلارمۇ كىرىپ كېلىشتى. جادھەبەي ئۈچۈن ئاجرىتىلغان ئىبادەت-
خانىغا شۇلار خوجايىن بولۇپ، شىۋا، دورگا ۋە باشقا تەگرىلەرنىڭ
ھەيكەللىرىنى ئورناتتى. ھەرەمدە جادھەبەي ئۈچۈن ئاجرىتىلغان ئۆي-
لەرمۇ سەنگەنىردىكى قىزنىڭ مېلى بىلەن ئېلىپ كېلىنگەن خاناكى مە-
بۇدلىرىنىڭ ھەيكەللىرى بىلەن تولدى. ھىندى كېلىنچەك ئۈچۈن ئې-
چىلغان كوچىدىن ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىمۇ سارايغا كىرىشتى. سىڭلىسىنى
بىرىنچى قېتىم دېھلىغا تويغا ئېلىپ كېلىپ ئەكبەر بىلەن تونۇشتۇرغان
بىھاگۋەن داسقا دۇھازارى[1] دېگەن كاتتا مەنسەپ بېرىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ
راجپۇت يىگىتلىرىدىن ئىككى مىڭ ئاتلىقنى ئەكبەرنىڭ خىزمىتىگە ئېلىپ
كەلدى. بۇ ئاتلىقلارنىڭ ماھاشىنى ئەكبەر ئۆز خەزىنىسىدىن چىقىم

---

[1] ئىككى مىڭ بېشى.

قىلدى . بھاگۋەن داسىنىڭ ئون توققۇز ياشلىق قامەتلىك ئوغلى مەن سىنخنى ئەكبەر خاس مۇلازىملار قاتارىغا كىرگۈزدى .

بۇتپەرەسلىكتىن بالا ـ قازادىن قورققاندەك ھەزەر قىلىدىغان تەقۋادار ئۆلىما ۋە قازى ـ ۋۇزراتلارنىڭ بۇنىڭدىن قانچىلىك نارازى بولغانلىقى ئەكبەرگە مەلۇم ئىدى . « پادىشاھىم ، كاپىرلارنى ئەركىلىتىپ ، بېشىمىزغا مىندۈرمەكتە ! » دېگەندەك گەپلەر ھېلىتىنلا ئىچكەركى ئۆيلەردە نارازىلىق سۈپىتىدە كۇسۇر ـ كۇسۇر ئېيتىلىۋاتقان بولسىمۇ ، خۇپىيانە ھالدا ئەكبەرگە ئاڭلىنىشقا باشلىدى . شەيخۇلئىسلام ئابدۇللا ئەنسارى ئۆزىگە قول بەرگەن ئەدھەم كۆكەلداش ۋە باھادىرخانلار بىلەن زىياپەتلەردە بىللە بولاتتى . ئۇلارغا ئاخىرقى زامانىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقى ھەققىدە قورقۇنچلۇق گەپلەرنى قىلاتتى :

ــ يەجۇج ـ مەجۇج دېگىنىمىز ــ سارايغا يوپۇرۇلۇپ كىرىپ كېلىۋاتقان مانا شۇ مەجۇسىيلاردۇر ! ــ دەيتتى ئۇ ، ــ پادىشاھىمىز قىيناغىسى راجەنى سارايغا ئېلىپ كەپتۇ . قوشاق ئېيتالايدىغان قىزىقچى راجە بىربال پادىشاھىمىزنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانمىش . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، بىزنىڭ باتۇر بەگلىرىمىز ، دىنلىرىمىزنىڭ پاكلىقى ئۈچۈن جېنىنى ئايىسا بولامدۇ ؟ مۇسۇلمانئابادنى ساقلاپ قالىدىغان مەرد ـ قەھرىمانلار قېنى ؟

« مانا مەن ! » دەپ يەڭ تۇرۇپ مەيدانغا چىقىدىغان ۋە ئەكبەر بىلەن ئېلىشالايدىغان بەگ سارايدا يوق ئىدى . پەقەت ماھىم ئىنىكئانىنىڭ دەۋرىدە خانى ئەزىم ئۇنۋانىنى ئالغان ئەدھەمخان ياشلىقىدا ئەكبەر بىلەن « تېپىشىپ » چوڭ بولغاچقا ئۇنىڭدىن ھېيىقمايتتى .

ئەنسارى بىلەن ئەدھەمخان بەيرەمخانغا قارشى تۇرۇش يولىدا بىرلەشكەن ھەمدە ئۇنى پەتەندە يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش مەسلىھەتىنى بىللە قىلغانىدى . ئەدھەمخان مۇشۇ كۈنلەردە ئەنسارىنىڭ سىرداش مۇرىتىغا ئايلاندى . ئىككىيلەن يالغۇز قالغاندا ئەدھەمخان بولۇشىغا ماختىنىپ قوياتتى :

ــ پادىشاھىمىز ھازىر ناھايىتى ھاكاۋۇر بولۇپ كەتتى . ئەمما ،

بەش ـ ئالتە ياش چېغىمىزدا بىز ئۇنىڭ بىلەن « بەيرەمخان » ئوينايتـ
تۇق . بەيرەمخان بولغۇسى كەلگەن بالا ئويۇن قائىدىسى بويىچە كاچات
يېپىشى كېرەك ئىدى . شۇ چاغدا مەن ئەكبەرنىڭ يۈزىگە ئايىماي كاچات
ئۇراتتىم . كۆزلىرىدىن ياش ئېقىپ كەتسىمۇ غىڭ قىلمايتتى !
— باتۇرسىز ، — دەپ ئەنسارى ئەدھەمخاننى ماختاپ كې-
تەتتى ، — ھازىر پۈتۈن مەملىكەتتە سىزدىن يۈرەكلىك ، سىزدىن نو-
يۇزلۇق ئەمىر يوق . ئانىڭىز ماھىم بىبى سارايدا مەلىكىلەردىنمۇ كاتتا
مەرتىۋىگە ئېرىشتى . ئىمانى پاك مۇسۇلمانلارنىڭ سۆيگەن تېغى — ئانا -
بالا ئىككىڭىزلارلا قالدىڭىزلار ، بەيرەمخان ۋاپات بولغاندا ، مەن سىزنى
ئۇنىڭ ئورنىغا ۋەكىلى سەلتەنەت بولىدۇ دەپ ، ئۈمىد قىلغانىدىم .
مۇشۇنداق بولۇشنى ئۆزىمۇ خىيال قىلىپ يۈرگەن ئەدھەمخان
ئارمان بىلەن :
— نېمە چارە ؟ مېنى « ياش » دېيىشىپ مۇنىمخانـنى
بەلگىلەشتى .
— ئەمما ھېلىمۇ كېچىكمەيسىز ، جانابى خانى ئەزىم . سىز ياش
بولسىڭىزمۇ مۇنىمخاندىن يۈز ھەسسە ئەقىللىقسىز . مۇنىمخان پادىشاھنى
كاپىرلارنىڭ قولىغا تۇتۇپ بېرىۋاتىدۇ . راجە بىربالمۇ مۇنىمخاننىڭ بو-
شاڭلىقى تۈپەيلىدىن پادىشاھنىڭ قولتۇقىغا كىرىپ ، يېقىن سۆھبەتدىشى
بولۇۋالدى . بولۇشىغا قويۇۋەتسەك ، ھامان بۇ راجە ۋەكىلى سەلتەنەت
بولۇپ قېلىشى مۇمكىن .
ئەدھەمخان بىلەن راجە بىربالنىڭ سارايدا قاتتىق توقۇنۇشۇپ
قالغانلىقىنى ئەنسارىمۇ بىلەتتى . ئۇ قەستەن ئەدھەمخاننىڭ دىل يارىسىغا
تۇز سېپىش ئۈچۈن :
— جانابى خانى ئەزىم ، راجە بىربال سارايدا ھەددىدىن ئېشىپ
سىزدەك بۈيۈك بەگكىمۇ تىل تەگكۈزۈپتىمىش ، راستمۇ ؟ — دەپ سو-
رىدى .
ئەدھەمخان بۇ كۆڭۈلسىزلىكنى ئەسلىگەندە يۈزىنى بىردىن پۈ-
رۈشتۈرۈپ :

— سارايدا ئەمەس ، دەريا بويىدا ، — دېدى .
ئەكبەر ئەدھەمخان ، بىربال ۋە يەنە بىرقانچە مۇلازىملار جەمنە بويىدا چارۋىلار ئوتلاپ يۈرگەن جايدىن پىيادە مېڭىپ سەيلە قىلىپ يۈرگەندە ، گەپ ئايلىنىپ كۆكەلداشلىرىغا كېلىپ توختىدى . ئەدھەمخانىنىڭ ئەكبەر بىلەن كۆكەلداشلىقىنى پەش قىلىپ ، ھەددىدىن زىيادە كېرىلىپ يۈرىدىغانلىقىنى راجە بىربالمۇ ھېس قىلغانىدى . ئەكبەر ئۇنىڭدىن :
— جانابى بىربال ، سىزنىڭمۇ كۆكەلداشلىرىڭىز بولغانمۇ ؟ — دەپ سورىدى .
— بولغان ھەزرەت پادىشاھىم .
— كىم ؟
— ھەزرىتىم ، ئېيتسام ئەدەپسىزلىك بولارمىكىن ؟ . . .
راجە بىربالنىڭ قىزىقچىلىقىنى ياقتۇرىدىغان ئەكبەر :
— ئېيتىۋېرىڭ ، سىز ئۇچۇن ئەدەپسىزلىك ئەمەس ! — دەپ ئۇنى زورلىدى .
راجە بىربال ئوتلاپ يۈرگەن ياۋاش بىر موزاينى يېتىلەپ كەلدى :
— ئانامنىڭ سۈتى يەتمىگەچكە ، باللىقىمدا ماڭا سىير سېغىپ بېرىشەتتى . شۇ سەۋەبلىك مېنىڭ كۆكەلدىشىم مانا مۇشۇ موزاي !
ئەكبەر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى . لېكىن ، ئەدھەمخان بۇ گەپنى ئۆزىگە ئېلىپ « راجە مېنى موزايغا تەڭلەشتۈرۈۋاتىدۇ ! » دەپ ئاچچىقى كەلدى . ئەنسارى ئۇنىڭ ئاشۇ كونا ئەلىمىنى ئەسكە سېلىشقا باشلىدى .
— راجە مەجۇسىي بولغاچقا ، موزاينى مۇقەددەس بىلىدۇ . ئەمما سىز ، بىز ئۇچۇن ئانىنىڭ سۈتى ئۇلۇغ ، ئەپسۇسكى . . . سىز ئاشۇنداق لەتىپىگە باب كېلىپ قالدىڭىز !
ئەدھەمخان بېلىدىكى خەنجىرىنىڭ سېپىنى غەزەپ بىلەن مۇجۇپ :
— خۇدا ھەققى ، مەن بۇ راجەدىن ئىنتىقام ئالىمەن ! — دېدى .

— جانابى خانى زامان ، بىرنى يوقاتقىنىڭىز بىلەن يەنە باشقىلىرى قالىدۇ . بىز مەجۇسىيلارنىڭ ھەممىسنى سارايدىن قوغلىماقچىمىز !

— قانداق قىلىپ ، تەقسىر ؟

— كۆپ ئىشلارغا مۇنىمخاننىڭ بوشاڭلىقى سەۋەب بولۇۋاتىدۇ . ئۇنى بىر يولىلا ھالاك قىلىدىغان ئاقىلانە يول تېپىشىمىز كېرەك !

— ئۇنداقتا ماڭا شۇ ئاقىلانە يولنى كۆرسىتىڭ ، پىرىم !

— بۇ يول مۇنىمخاننى قوغلىۋېتىپ ، ئورنىغا سىزنى ۋەكىلى سەلتەنەت قىلىپ كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت .

ئۆزىمۇ شۇ يۈكسەك ئەمەل ئارزۇسىدا يۈرگەن ئەدھەمخان سۆنى تاپقان بىلىقتەك يايراپ :

— مىننەتدارمەن ، پىرىم ! — دېدى ، — ئەمما پادىشاھ بۇنىڭغا كۆنەمسىچۇ ؟

— بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلساق ، پادىشاھمۇ كۆنىدۇ . سىز ئۇنىڭ بىلەن بىللە چوڭ بولغان قەدىردان دوستلارغۇ ؟ ئانىڭىزغا پادىشاھنىڭ ئىشەنچى كۈچلۈك . ئۇ پەيتنى تېپىپ ئېيتسۇن . مەنمۇ بارلىق ئۆلىمالار نامىدىن سىزنى تەۋسىيە قىلىمەن . ئۆزىڭىزمۇ بوش كەلمەڭ . تەرەپدارلىرىڭىزنى يېنىڭىزغا تارتىڭ .

— دانا مەسلىھەت بەردىڭىز ، پىرىم ! — دەپ ئەدھەمخان ئېگىلىپ ئەنسارىنىڭ ئايىغىنى سۆيدى . شۇ مەسلىھەت بويىچە ئەدھەمخاننى مۇنىمخاننىڭ ئورنىغا ۋەكىلى سەلتەنەت قىلىپ كۆتۈرۈش ھەرىكىتى باشلاندى . بۇ ھەرىكەت ئەكبەردىن سىر تۇتۇلدى . چۈنكى ، شەيخ ئەنسارى بىلەن ئەدھەمخاننىڭ ئەكبەرنىڭ يېڭى سىياسىتىگە ۋە سارايدا غەيرىي دىنلارنىڭ كۆپىيىشىگە قارشى غوۋغا كۆتۈرمەكچى بولغانلىقى سىرىلمەسلىكى لازىم ئىدى .

دېھلى ۋىلايىتىنىڭ ھاكىمى شەھابىددىنمۇ ئەدھەمخان تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى . ئەڭ ئىپلاس پىتنىلەرگە قاتنىشىپ مەنسەپدار بولغان ئەفزەلبەگ — مۇبارىزخان ئۆز ھامىيسى ئەدھەمخاننى ۋەكىلى سەلتەنەت قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن يەنە ھەرقانداق قاتىللىققا تەييار ئىدى .

چۈنكى ئۇ ئەدھەمخاننىڭ يۈكسىلىشىگە ياردەم بەرسە، ئۆز مەرتىۋىسى-
نىڭ يەنىمۇ ئېشىشىغا، كېلەچەكتە بىرەر ۋىلايەتنىڭ ھاكىمى بولۇشىغا
ئىشىنەتتى.

ماھىم ئېنىكئانا ھېلىمۇ ئەكبەرگە مېھرىبان، ئۇنىڭ ھىندى ئە-
ىنىكئانىسى رۇپا بىبى ۋە ياش خوتۇنى جادەبەيىنى قولىدىن كېلىشىچە
ئەزىزلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ياخشى كۆرگەن ئوغلى ئەدھەمخا-
نىڭ مەرتىۋىسىنىڭ يەنىمۇ ئېشىشىنى ۋە ۋەكىلى سەلتەنەت بولۇشىنى
ئارزۇ قىلاتتى. مانا شۇ ئارزۇ – ئىستەك ئېنىكئانىنى ئىختىيارسىز ھالدا
يوشۇرۇن كۈرەش گىردابىغا تارتتى. ئېنىكئانا ئاقىۋەتنىڭ يامان بولى-
دىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلماي ۋە ئەكبەرنىڭ يېڭى سىياسەتكە قارشى
يولغا كىرىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ قويماي، «ئوغلۇمنى مۇنىمخاننىڭ
ئورنىغا ۋەكىلى سەلتەنەت قىلسام بولىدۇ. ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ.»
دېگەن نىيەتتە مەھدۇمۇل مۇلۇك بىلەن تىل بىرىكتۈردى.

سارايدا ئالاھىدە ئابرۇيى بار ماھىم ئېنىكئانا قاتناشقاندىن كېيىن،
يوشۇرۇن گۇرۇھ چوڭ كۈچكە ئايلاندى. ئەدھەمخان شىر كەيپ بولۇ-
ۋېلىپ، مۇنىمخانغا: «ساڭا جاننىڭ لازىمى بولسا، ئورنۇڭنى
بوشات!» دېگەندەك گەپلەر بىلەن تەھدىت سېلىپ يۈرەتتى. يۇمشاق
تەبىئەتلىك مۇنىمخان بەيرەمخاندەك ئادەمنى ھالاك قىلغان بۇ گۇرۇھتىن
قورقۇپ، ماھىم ئېنىكئانا بىلەن ئەدھەمخاننىڭ چىرايىغا قاراپ يۈرەتتى.
ئاجىزلاپ، چىرايى سارغىيىپ قالغان مۇنىمخان ئاخىر ئەكبەرنىڭ ھۇزۇ-
رىغا كىرىپ ئىلتىماس قىلدى:

— ھەزرىتىم، ماڭا يەڭگىلرەك بىر ئىش تاپشۇرۇڭ، مەيلى ۋە-
كىلى سەلتەنەت ئەدھەمخان بولسۇن! — دېدى.

— بىراق، ئەدھەمخان خانى ئەزەملىك ئۇنۋانىنىمۇ كۆتۈرەلمەي
ھودۇقۇپ كەتمەكتە. ۋەكىلى سەلتەنەتلىكنى ئۇ قىلالمايدۇ.

— ماھىم ئېنىكئانا ياردەم بېرىپ تۇرسا، بەلكى ئەپلەشتۈرۈپ
قالار.

— سىزگە بۇ پىكىرنى... ئېنىكئانام بەردىمۇ؟

— ھەئە، ئۇ كىشىنىڭ نىيىتى شۇنداق.

— لېكىن، شەيخ ئەنسارى ئەدھەمخاننى مېنىڭ يېڭى سىياسە-تىمگە قارشى قوزغاپتۇ. بۇلار راجپۇتلارنى سارايدىن قوغلىماقچى. ئە-نىكئانام بۇنى بىلمەمدىغاندۇ؟

— ئىنىكئانىڭىز ئوغلىنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ ئېشىشىنى بەك ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇ ئانا - دە!

ئەكبەر مۇنىمخاننىڭ ماھىم ئىنىكئانا ۋە ئەدھەمخانلارنىڭ قىسە-شىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى - دە، ھېچكىمگە بە-لىندۈرمەي كابۇلغا مەخپىي مەكتۇپ ئەۋەتىپ، شەمسىددىن ئەتكەنى پايتەختكە چاقىرتىپ كەلدى.

بۇ ئاريدا جەنۇبىي ۋىلايەت — مەلۋەدە شېرخان سۇر ئەۋلادلى-رىدىن بولغان بۆز باھادىرغا قارشى ئۇرۇش باشلاندى. ئەكبەر ئەدھەم-خانغا چوڭ ئىشەنچ بىلدۈرگەن بولدى - دە، ئۇن مىڭ ئەسكەرگە ئۇنى سەركەردە قىلىپ مەلۋەگە ماڭدۇردى.

— بۆز باھادىرنىڭ سارىيىدا رۇنماتى دېگەن مەشھۇر ناخشىچى قىز بار ئىكەن، شۇنى ئەگرەگە تىرىك ئېلىپ كېلىڭ! — دەپ بۇي-رۇدى ئۇنىڭغا.

ئەدھەمخان مەلۋەدە يۈرگەندە، شەمسىددىن ئەتكە كابۇلدىن يې-تىپ كەلدى ۋە ئوردىغا ۋەكىلى سەلتەنەت بولۇپ تەيىنلەندى. شۇ ئاريدا ئەدھەمخانمۇ بۆز باھادىرنى يېڭىپ نۇرغۇن ئولجىلار بىلەن مەلۋەدىن قايتىپ كەلدى.

شەمسىددىن ئەتكە پەقەت ئەكبەرنىڭ سۆزىگىلا بويسۇناتتى، ما-ھىم ئىنىكئانا بىلەن ئەدھەمخاننى دۆلەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇرماسلىققا تىرىشاتتى. ئەكبەر ئۆزىنىڭ قىزىل مۆھرىنى ئىنىكئانىسىدىن قايتۇرۇۋې-لىپ، شەمسىددىن ئەتكەگە بەردى.

— نېمىلا بولمىسۇن، ئەدھەمخان بالىلىقىدىن تارتىپ بىللە چوڭ بولغان سادىق كۆكەلدىشىڭىز ئىدىغۇ ھەزرىتىم، ئۇ ۋەكىلى سەلتەنەت بولسا سىز ئۇچۇن جېنىنى بەرمەسمىدى؟

ئەكبەر ماھىم ئىنىكئانىنى ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىپ:
— ئۇلۇغ ئانا، سىزنىڭ ماڭا قانچىلىك ياخشىلىق قىلغانلىقى-
ڭىزنى ھېچقاچان ئۇنتۇمايمەن، — دېدى، — سىزگە دائىم ئۆز پەرزەن-
تىڭىزدەك ۋاپادارلىق كۆرسىتىش ئۈمىدىمەن.
— راست، ھەزرىتىم، ماڭا قىلغان ئالىي ئىنايەتلىرىڭىز ئۈچۈن،
ئاق سۈتۈمدىن مىڭ مەرتىۋە رازىمەن!
— رەھمەت سىزگە، ئۇلۇغ ئانا! ئەدھەمخان كۆكەلدىشىمغىمۇ
يۈكسەك خانى ئەزەم ئۇنۋانى ۋە چوڭ ئورۇن بېرىلدى.
— ئوغلۇم سىزدىن كۆرگەن ياخشىلىقلارنى ئۇنتۇسا، كۆزى
كور بولغاي، مەن ئۇنىڭغا ئىيتقانىمەن!
— مەنمۇ كۆپ. . . ئاگاھلاندۇردۇم. لېكىن، ئەدھەمخان يۇ-
قىرى دۆلەت ۋە مەرتىۋىدىن ھودۇقۇپ كەتتى. شەيخ ئەنسارىنىڭ
مېنى «كۈيۈرلۇق يولىغا كىردى» دەپ ئىغۋا توقۇۋاتقانلىقىدىن خەۋ-
رىم بار. ئەدھەمخان بولسا، ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇرىت بولدى. شۇڭا ئۇ
شۇ شەيخنىڭ پۈۋلىشىگە ئۇچۇپ يۈرىدۇ.
ماھىم ئىنىكئانا، مېنىڭمۇ شەيخ ئەنسارىنىڭ گۇرۇھىغا قوشۇلۇپ،
ئوغلۇمنى ۋەكىلى سەلتەنەت قىلماقچى بولغانلىقىمدىن ئەكبەر خەۋەر
تاپقانمىدۇ؟ بۇ ئادەم يەرنىڭ ئاستىدا يىلان قىمىرلىغانلىقىنى بىلىدىكەن!
دەپ ئويلىدى. لېكىن، سىر بەرمەسلىككە تىرىشتى.
— ھەزرىتىم، يامان ئادەملەرنىڭ گېپىگە ئىشەنمەڭ! ئەدھەمخان
سىز سىزغان سىزىقتىن چىقمايدۇ! سىز ئۇنى مەلۋەگە ئۇرۇشقا ئەۋەتتە-
ڭىز. سىزگە قارشى باش كۆتۈرگەن بۆز باھادىرنى يېڭىپ كەلدى!
شۇنىڭ بىلەن ئەدھەمخان ئۆز ساداقىتىنى يەنە بىر نۆۋەت
ئىسپاتلىدىغۇ!
ئەكبەر باش چايقىدى:
— ئەپسۇسكى، ئەدھەمخان مەلۋەدە ئورۇنسىز زوراۋانلىق قىلىپ،
بىز تاپشۇرغان نازۇك ئىشلارنى بۇزۇپ قويدى. رۇنماتى دېگەن مەلۋىلىك
ناخشىچى قىزنىڭ تەرىپىنى سىزمۇ ئاڭلىغان بولسىڭىز كېرەك. ئەل جا-

مائەت ئارىسىدا شۇنداق بىر گەپ تارقالغانكى، رۇنماتى ناخشا ئېيتسا، ئاسماندىكى ئاي بىلەن قۇياشمۇ ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ توختاپ قالىدىكەن. بىز ئەدھەمخانغا رۇنماتىنى ياخشى مۇئامىلە بىلەن ئۆزىگىزگە ئەل قىلىپ، پايتەختكە ئېلىپ كېلىڭ. ئۇنىڭ ماھارىتىدىن بىزمۇ بەھرىمەن بولايلى، دەپ بۇيرۇغانىدۇق. بىراق، ئەدھەمخان رۇنماتىنى ئەسىر ئېلىپ، قوپال زوراۋانلىقلارنى قىپتۇ. ئەل سۆيگەن گۈزەل ناخشىچى بۇ زوراۋانلىققا قارشى زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋاپتۇ. ئەل ـ جامائەت بۇ ئۆلۈمنى ئەدھەمخان بىلەن بىردىن كۆرۈپ، قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈۋاتىدۇ.

ـــ ئەمما، قىزنىڭ ئۆزى بۆز باھادىرنىڭ مەشۇقى ئىكەن. ئۇ ئۇنىڭغا بولغان ساداقەتلىكىنى ساقلاپ، «جەۋھەر» ئادىتى بويىچە ئۆزىنى ئۆلتۈرگەن بولسا، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەدھەمخان ئەيىبلىكمۇ؟

ـــ مەن مەلۇنگە ئۆزۈم بېرىپ ھەممىنى تەكشۈرۈپ كەلدىم. ئەدھەمخان باشقا مەلۇبلىكلەرگىمۇ زۇلۇم سالپتۇ. جەبدۇدا زۇلۇمغا قارشى ئىسيان باشلانغانىكەن. ئەدھەمخاننى دەرھال مەلۇدىن قايتۇرۇپ كېلىپ، توپىلاڭنى ئاران تىنجىتتۇق. ئۇنىڭ ئورنىغا پىرمۇھەممەد ئەتكەنى ھاكىملىققا تەيىنلەپ كەلگەنىدىم. يەنە پالاكەت يۈز بېرىپتۇ. ئەتكەمىز دۈشمەنلەرنى قوغلاپ دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندا سۇغا غەرق بولۇپ كېتىپتۇ. ئاخىر ئابدۇللاخان ئۆزبېكنى مەلۇنگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئەدھەمخان باشتا ئىشنى ياخشى قىلغان بولسا بۇنچە كۆپ ھالاكەتلەر يۈز بەرمەسلىكى مۇمكىن ئىدى.

ـــ پەقەت پەرۋەردىگارنىڭلا ئەيىبى يوق دېگەن گەپ بار. ھەزرىتىم، ئەدھەمخاندىن ئۆتكەن تەرەپلەرمۇ باردۇر. چۈنكى ئۇ تېخى ياش، تەجرىبىسىز ئەمەسمۇ.

ـــ شۇنىڭ ئۈچۈن كۆپنى كۆرگەن، تەدبىرلىك شەمسىددىن ئەتكەنىڭ بىرگە ۋەكىل بولغانلىقى توغرا ـ دە!

ـــ لېكىن، كۆكەلدىشىڭىز ناھايىتى غەمكىن بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى قانداق قىلىپ خۇش قىلىشنى بىلەلمىدىم.

ـــ كۆكەلدىشىم سەل كەمتەر بولۇشى كېرەك ئىدى، ئۇلۇغ ئانا!

ئەدھەمخان بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن. سىز بۇ ئىشلار توغرىسىدا كۆپ غەم قىلماڭ. دۆلەت ئىشى شەپقەتسىز بولىدۇ. سىز بولسىڭىز پەزىلەتلىك ئانا. ئەمەل تالىشىشلاردىن يىراقراق تۇرغىنىڭىز ياخشى. شۇنچە مۇشەققەتلەر بىلەن پەرزەنت چوڭ قىلدىڭىز، كېلىن كۆردىڭىز. ئەمدى ئۆيدە ئولتۇرۇپ شۇنىڭ راھىتىنى كۆرۈڭ. ئۆيدە زېرىكسىڭىز ئۆزىڭىز ئاچقان قىزلار مەدرىسىگە بېرىڭ. ئوقۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان قىزلار خېلى كۆپمىش. كونا بىنا كىچىكلىك قىلسا، ھويلىنىڭ تۆرىگە يېڭى بىر بىنا سالدۇرايلى. مېنىڭ ئانامۇ مەقبەرە قۇرۇلۇشى بىلەن بەند بولۇپ، دۆلەت تەشۋىشلىرىنى ئۇنتۇدى. ئانىلىرىمىز ئەمدى پەقەت ساۋابلىق ئىشلارنى قىلسۇن، ئاۋارىچىلىقى كۆپ، تىنچسىز دۆلەت ئىشلىرىنى بىز شەمسىددىن ئەتكە بىلەن ئۆستىمىزگە ئالغايمىز.

ئەكبەرنىڭ سىلىق گەپلەر بىلەن ئىنىكئانىسىنى دۆلەت ئىشلىرىدىن چەتلەشتۈرۈۋاتقانلىقىنى سەزگەن ماھىم بىبى ئېرىپ كېتىپ، يەنە كۆزىگە ياش ئالدى.

— مەيلى، بىز ئەمدى... كېرەكسىز بولۇپ... چەتتە تۇرايلى... لېكىن ئەدھەمخان... شۇنچە يىللىق قەدىردانىڭىز...

— ئەدھەمخانغا مېنىڭ قىلچە ئاداۋىتىم يوق، ئۇ پەقەت ئەمەلپەرەسلىك كوچىسىدىن چىقىپ كېتىشى كېرەك. بۇ كوچىنىڭ نى – نى ئادەملەرنى ئازدۇرۇپ، نابۇت قىلىۋەتكەنلىكىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز.

— ئۇنى بۇ كوچىغا سۆرىگەن يامان ئادەملەر بار، ھەزرىتىم، ئەدھەمنى شۇلارنىڭ ئالىقىنىدىن پەقەت سىزلا قۇتقۇزالىشىڭىز مۇمكىن!

— ماقۇل، سىزنى دەپ مەن ئۇنى يامانلارنىڭ ئالىقىنىدىن تارتىپ ئېلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرەي. ئەمما سىزمۇ ئەدھەمخانغا ئېيتىڭ، ئۆزى ئۇلاردىن قۇتۇلۇشقا ئىنتىلمىسە، چەتتىن مىڭ ئادەم تارتسىمۇ قۇتقۇزالمايدۇ. مەن بۇنى رەھمەتلىك تاغام كامران مىرزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن چۈشەنگەن.

ماھىم ئىنىكئانا ئەكبەرنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئوغلىغا شۇ پېتى يەتكۈزدى. بىراق، ئەدھەمخان ئۆزىنىڭ مۇبارىزخانىدەك سىرداشلىرىدىن

ئايرىلالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى. ئۇلارنى بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلاپ تۇرغان كونا جىنايەتلەرمۇ بار ئىدى.

× × ×

ئەدھەمخاننىڭ ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇنى ئىچىدە ئەفزەلبەگنى ئەسلىتىدىغان بىر ئادەم بارلىقىنى ئەكبەر بىر يىل بۇرۇن ئاڭلىغان بولسىمۇ، تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە ھازىرغىچە ئىمكانىيەت بولمىغانىدى. ئەمدى ئەدھەمخاننى يامان ئادەملەرنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇشنى ماھىم ئىنىكئانىمۇ ئىلتىماس قىلغانلىقتىن، ئەكبەر شەمسىددىن ئەتكەنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرتىپ:

— سىز دادام بار ۋاقتىدا خىزمەت قىلغان مۇھاپىزەتچىلەرنى ئوبدان بىلىسىز، — دېدى، — ئەدھەمنىڭ مەنسەپدار ـ مۇھاپىزەتچىلىرىنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خانى ئەفزەللىرىنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خانى ئەفزەل بەگ باشقا بىر قىياپەت بىلەن يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

شەمسىددىن ئەتكە ئەفزەلبەگنى كابۇلدا كامران مىرزىنىڭ قول ئاستىدا كۆرگەنىدى. ئەدھەمخان بىلەن ئەكبەر شۇ چاغدا ئىككى ـ ئۈچ ياشلىق باللار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. شەمسىددىن ئەتكە ئەدھەمخاننىڭ مەنسەپدار ـ مۇھاپىزەتچىلىرىنى سارايغا بىر ـ بىرلەپ چاقىرىپ سۆھبەتلەشكەندە، مۇبارىزخاننىڭ ئاۋازى ۋە كۆزلىرى ئۇنىڭغا بىردىن ئەفزەلبەگنى ئەسلەتتى. بۇنداق كىشىلەرگە شەپقەت قىلمايدىغان شەمسىددىن ئەتكە ئەفزەلبەگنى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ، تەرگەۋ قىلدۇردى. ئۇنى ھۇمايۇنغا ۋە نىزامغا قىلغان خىيانەتلىرىدىن تارتىپ، بەيرەمخانغا ئايغاقچى بولغانلىقى ۋە ئەكبەرنىڭ ئۈستىدىن چېقىمچىلىق قىلغانلىرىغىچە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەدھەمخانغا سېتىلىپ پەتەندە بەيرەمخاننىڭ بېشىغا چىققانلىقىغىچە ھەممىنى بىرمۇبىر ئىقرار قىلدۇرغۇزدى. تەرگەۋچى ئۇنىڭ جىنايەتلىرىنى قەغەزگە يېزىپ ئۆزىگە ئىمزا قويغۇزدى. شەمسىددىن ئەتكە كەچقۇرۇن ئەكبەرنىڭ خاس ھوجرىسىغا تەرگەۋ قەغىزىنى ئېلىپ كىرىپ ئوقۇپ بەردى.

بىر ئادەمنىڭ يىگىرمە بەش يىل داۋامىدا شۇنچە ياۋۇزلۇقلارنى قىلىشقا ئۈلگۈرگەنلىكىدىن ھەيران قالغان ئەكبەر جاللاتنى چاقىردى - دە، دەرغەزەپ بىلەن بۇيرۇدى:

— بۇ ئەبلەخنىڭ چىقمىچىلىق قىلغان تىلى، خائىنلىق قىلغان يىلىكلىرى، بەيرەمخاننى ئۆلۈمگە باشلاپ بارغان پۇتلىرى بىرمۇبىر كېسىپ تاشلانسۇن. ئاندىن پۈتۈن تېنى خالايىقنىڭ كۆز ئالدىدا پارچە - پارچە قىلىنسۇن. بۇ ھۆكۈم پۈتۈن پايتەختكە، ھەممە ۋىلايەتلەرگىچە ئېلان قىلىنسۇن، بۇنىڭدىن باشقا ياۋۇزلۇق قىلغۇچىلارمۇ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىپ قالسۇن.

جاللات بۇ ھۆكۈمنى ئەتىسى جازا مەيدانىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرگىلى كەتتى. ئەكبەر ئۆزىنى سەل بېسىۋالغۇچە، شەمسىددىن ئەتكە سۈكۈت قىلىپ تۇردى، ئاندىن ئۇنىڭغا تەرگەۋ قەغىزىنىڭ ئەدھەمگە ئائىت قىسمىنى كۆرسەتتى:

— شۇنداق خائىننى ۋاستىچى قىلىپ بەيرەمخاننى يوشۇرۇن ئۆلتۈرگەن ئادەملەردىن بىرى ئەدھەمخان ئىكەن. ئۇنى قانداق قىلىمىز؟

ئەكبەر يېقىندا يىغلاپ كەلگەن ماھىم ئىنىكئانىنى ئەسلىدى ۋە بۇنى ئەقلىگە سىغدۇرالماي:

— ئەجەبا، كۆكەلدىشىم بولغان ئادىم شۇنچىلىك يامانلىق قىلالامدۇ؟ — دېدى، — ئېھتىمال بۇ ئىپلاس ئەفزەلبەگ ئەمدى ئەدھەمنى بىزگە ساتماقچىدۇر؟

— ساتقىنىنىڭ سېتىشى ئېنىق. ئەمما ئۇنىڭ ئاساسى بار. بەيرەمخاننى ئۆلتۈرۈشتە قىلغان خالىس خىزمىتى ئۈچۈن ئەفزەلبەگ مەنسەپكە ئېرىشكەن، ئەدھەمخان ئانىسى ئارقىلىق ھەرىكەت قىلىپ ئۇنىڭغا مەرتىۋە، ئورۇن ئېلىپ بەرگەن.

— ئاشۇ مەرتىۋىمۇ مېنىڭ رۇخسىتىم بىلەن بېرىلگەنىدى. ئەجابا، مەن شۇ قەدەر گول ئىكەنمەن!؟ باللىقىمدىن ئەدھەمخان، ئەزىز ئۈچىمىز دائىم خانباباغا ھەۋەس قىلاتتۇق... بەيرەمخاندەك بولغىمىز كېلەتتى. شۇنداق ئويۇنلىرىمىزمۇ بار ئىدى. لېكىن شۇ ئەدھەمخاننىڭ

ئاخىر بېرىپ ، ھەجگە كېتىۋاتقان قورالسىز بەيرەمخاننى خائىنلارچە ئۆل-
تۈرۈشكە قاتناشقانلىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ ؟

— ھەزرىتىم ، سىز ئانچە دىلغۇل بولماڭ . ھاياتتا نېمە ئىشلار
بولمايدۇ ! ئوغلۇم ئەزىز ماڭا ئېيتىپ بەرگەن ئاشۇ ئويۇنلارنى ئوينىغان
ۋاقىتلاردىمۇ ئەدھەمخان ھىيلىگەرلىك قىلىدىكەن ، شۇنداقمۇ ؟

— شۇنداق ! بۇنىڭغا نېمە ئامال ! ئەدھەمخاننى بۇگۈنلا چاقىر-
تىپ ئەفزەلبەگ بىلەن يۈزلەشتۈرۈڭ . ئەگەر جىنايىتى راست بولۇپ
چىقسا ، ئەدھەمخاننىمۇ قولغا ئېلىڭ . قانداق جازا بېرىشنى كېيىن ئويلى-
شىمىز .

شەمسىددىن ئەتكە ئۆز قوبۇلخانىسىغا چىققاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ
قالغان بولۇپ ، قەندەللەردىكى شاملار ياندۇرۇلغانىدى . ئۇ شۇ كېچە جى-
نايەتچىلەرنى يۈزلەشتۈرۈپ بولۇشى كېرەك . چۈنكى ئەتە ئەفزەلبەگنى
جالالات پارچە - پارچە قىلىپ تاشلايدۇ . شەمسىددىن ئەتكە ئەدھەمخاننى
پادىشاھنىڭ پەرمانى بويىچە سىلىق - سىپايە ھالدا سارايغا ئېلىپ كې-
لىش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم ئەۋەتتى .

ۋەكىلى سەلتەنەت خىزمىتى شەمسىددىن ئەتكەگە بېرىلگەندىن
بۇيان ئەدھەمخاننىڭ ئەتكەنى كۆرە كۆزى يوق ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە
ئەتكە سىرداش بېگى مۇبارىزخاننى قولغا ئالغاندىن كېيىن ، ئەدھەمخان-
نىڭ كۆڭلىدىكى ئاداۋەت يەنىمۇ كۈچەيدى . سارايىنىڭ ئەركىسى بولۇپ
چوڭ بولغان ئەدھەمخان ئەمدى شۇ ئەتكەنىڭ ھەرىكەتلىرى تۈپەيلىدىن
نەزەردىن قېلىۋاتقانلىقىنى سەزگەنسېرى دەرد - ئەلىمى ئېشىپ ، ئۇنىڭ-
دىن قىساس ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى .

بۇگۈن خۇپتەندە شەمسىددىن ئەتكە ئۇنى تەرگەۋگە چاقىر-
غاندا ، ئەدھەمخان ئۈلپەتلىرى بىلەن مەھۋە گۈلىدىن ئىشلەنگەن
هاراقلارنى ئىچىپ كەيپ بولۇپ ئولتۇراتتى :

— تەكلىپ بىلەن بارىدىغان ئىش بولسا ، قېنى خوشامخان ، مەن
بىلەن ماڭ ، — دەپ كاللا كېسەر يىگىتنى شەرەتلىدى .

ئۇلار ئىچكەركى ئۆيدە قويۇنلىرىغا خەنجەر سېلىۋېلىشتى . ئەد-

ھەمخان يىگىتكە چۇشەندۇردى :

— ئەگەر ئەتكە مېنىمۇ مۇبارىزخاننى تۇتقاندەك تۇتماقچى بولسا ، ئۆزىنىڭ جازاسىنى بېرىمىز .

خوشامخان چۇشەنگەن مەنىدە باش لىڭشىتتى . كېيىن ئىككىيەلەن چاپانلىرىنىڭ ئۈستىدىن ئادەتتىكىدەك قىلىچلىرىنى ئېسىشتى . ۋەكىلنىڭ قوبۇلخانىسىغا كىرگۈچە بۇ قىلىچلارنى يېشىۋېلىشتى . قوبۇلخانىدا ئولتۇرغان تەرگەۋچى مۇبارىزخاننىڭ بوينىغا ئېلىپ قول قويغان جىنايەتلىرىنى ئوقۇتۇپ ئۇنىڭغا ئاڭلاتتى . ئەدھەمخان غەزەپلەندى ، بەيرەمخاننى مەخپىي ئولتۇرۇشكە ئۇنىڭمۇ قاتناشقانلىقى تىلغا ئېلىنغاندا :

— بوھتان ! — دەپ ۋارقىرىدى ، — بۇنى ئۆزۈڭلار توقۇپ چىقارغان .

شۇ چاغدا تۆردىكى ئىشىك ئېچىلىپ ، شەمسىددىن ئەتكە كىرىپ كەلدى :

— جانابى ئەدھەمخان ، ھازىر بىز سىزنى ئەفزەلبەگ — مۇبارىزخان بىلەن يۈزلەشتۈرىمىز . بوھتان بولسا ئىسپات كۆرستىڭ .

سىرنىڭ پاش بولىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىكەنلىكىنى بايقىغان شىر كەيپ ئەدھەمخان :

— ئۇ ساتقىننىڭ يۈزىنى كۆرگۈم يوق ! — دېدى . شۇ چاغ شەمسىددىن ئەتكەگە قارشى بارلىق نەپرەت - ئاداۋەتلىرى بىردىنلا ئېسىگە كەلدى . كەيىپ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتالماي ۋارقىرىدى ، — سەن مېنىمۇ قولغا ئالماقچىمۇ ؟ ۋەكىلى سەلتەنەت بولغىنىڭ ئازمۇ ؟ ئەمدى مېنىڭ ئورنۇڭنى تارتىۋېلىشىمدىن قورقۇپ بېشىمغا چىقماقچىمۇ سەن ؟!

ئوغلى دىمەتلىك يىگىتنىڭ « سەنلەپ » ئېيتقان ھاقارەتلىك گەپلىرى شەمسىددىن ئەتكەنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى :

— مەن « كۆكەلداشمەن » دەپ تىرەڭگە سىغماي قالدىڭ ! سارايغا مەست ھالدا كەپسەن ! بۇ ھالىتىڭ بىلەن ئۆز بېشىڭغا ئۆزۈڭ چىقىسەن !

— ياق ، ئۇنىڭغىچە سىپىنىڭ بېشىنى كېسىدۇ ! — ئەدھەم ئارقى-
دىراق تۇرغان خوشامخانغا قاراپ ، — تۇر ! — دېدى - دە ، ئۆزى چا-
پىنى ئىچىدىن خەنجىرىنى چىقاردى . ئۇلارنى قورالسىز دەپ ئويلاپ خا-
تىرجەم تۇرغان شەمسىددىن ئەتكە بېلىدىكى قىلىچىنى ئېلىشقا ئۈلگۈرەل-
مەي قالدى . خوشامخان ئۇنىڭ بوينىغا خەنجەر ئۇردى . ئەتكەنىڭ بوي-
نىدىن قان چاچراپ چىققان ۋە ئۇ ئىشىك تەرەپكە قاچقاندا ، ئەدھەمخان
ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىپ بېرىپ بېقىنىغا خەنجەر سالدى . بۇ ئارىدا تەر-
گەۋچى چاقىرغان قورۇقچىلار خوشامخاننى ئۇرۇپ يىقىتتى . ئەمما ،
ئەدھەمخان ئۇستۇنكى قەۋەتكە قېچىپ كەتتى .

قورۇقچىلار ئۇنى ئۈچىنچى قەۋەتتىكى ھەرەمنىڭ ئىشىكىگىچە
قىستاپ باردى . ئەدھەمخان ئاغۋات ھەبەش قاراۋۇلنىڭ توسقىنىغا قارى-
ماي ، ئەكبەر ئۇخلاپ ياتقان خاس ھۇجرىنىڭ ئايۋىنىغا قېچىپ كىردى .
ھەرەمگە كىرىش ھوقۇقى بولمىغان قورۇقچىلار تاشقىرىدا قېلىشتى .

قاتىللىق قىلىپ ئەقلى - ھوشىنى يوقاتقان ئەدھەمخان غەيرىي
بىر تەرزدە ئەكبەردىن پاناھلىق ئىزدەپ ، چەكلەنگەن ھەرەمگە كىردى -
دە ، بىر جايدا توختاپ تۇرالماي ، ئەڭ ئاخىرقى ئايۋانغا ئۆتۈپ كەتتى .

ھەرەمنىڭ ئەڭ ئىچكىرىكى ئۆيىنىڭ تۆرىدە جادىھەبەي بىلەن
ئۇخلاۋاتقان ئەكبەر پەستە كۆتۈرۈلگەن چۇقان - سۈرەندىن چۆچۈپ
ئويغىنىپ كەتتى . پەلەمپەيدە چۇقان - سۈرەن ئاڭلىنىۋاتقان ، چاچراپ
تۇرۇپ ئوپۇل - توپۇل كىيىندى - دە ، خاس ھۇجرىدىن كارىدورغا
چىقتى . رەڭگى ئۆچكەن رەفتى مەھرەم بۇ يەردە قانداق پالاكەتلەر يۈز
بەرگەنلىكىنى چالا - پۇلا ئېيتىپ بەردى . ئەكبەر تېخى بىرنەچچە سا-
ئەت بۇرۇن تىرىك يۈرگەن ئەتكەنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە ئىشەنگۈسى
كەلمىدى . ئۇنىڭ جەسىتىنىڭ پەستە ياتقانلىقىنى ئاڭلاپ پەلەمپەيدىن
پەسكە ماڭدى .

پەستىكى قوبۇلخانىنىڭ ئىشىكىدە شەمسىددىن ئەتكە سوزۇلۇپ
ياتاتتى . ئەكبەر ئۇنىڭ بېشىنى قولىغا ئېلىپ :

— ئەتكە ! ئەتكەجان ! — دەپ چاقىردى . تېنى تېخى سوۋۇپ

كەتمىگەن ، ئەمما جىنى يوق ، ھۇمايۇننى ۋە ئەكبەرنى نەچچە قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغان بۇ مەرد ، شىر يۈرەك ئادەمنىڭ قورقۇپ ئالدىن مۇشت كۆتۈرگەن نامەردلەرنىڭ قولىدا ھالاك بولغانلىقى ئەكبەرگە شۇنداق تەسىر قىلدىكى ، ئۇ ئەتكەنىڭ يۈزىگە يۈزىنى قويۇپ يىغلاپ كەتتى . كېيىن بىردىن ئەدھەمنى ئەسلىدى ـ دە ، قەلبىدە ئىنتىقام تۇيغۇسى ئويغاندى ، ــ مۇشۇنداق ئادەمنى ئۆلتۈرگەن ئەدھەم ! . . . قېنى ، ئۇ قانخور ؟

ــ ئۇچىنچى قەۋەتتە . . . قورۇقچىلاردىن قېچىپ ھەرەمگە كىرىپ كەتتى .

ئەكبەر خاس ھۇجرىدىكى جادەھەبىينى ئەسلىدى . ياش كېلىنچەك قاتىلنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتەرمۇ ! . . . ئەكبەر يۇقىرىغا قاراپ يۈگۈردى . قامەتلىك ئىككى قورۇقچى ۋە رەفتى ئەكبەرنى قوغداش ئۈچۈن ئۇنىڭ كەينىدىن ھەرەم ھويلىسىغا چىقىپ كىردى . ئەدھەم ئايۋاندا شۇمشىيىپ تۇراتتى . قانلىق خەنجىرى ھېلىمۇ قولىدا ئىدى . ئايۋانغا چۇشۇپ تۇرغان ئاي نۇرىدا كۆزلىرى قۇترىغان يىرتقۇچنىڭكىدەك پارقىراپ كەتكەنىدى . قورالسىز ئەكبەر ھاسىراپ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى :

ــ نېمە قىلدىڭ ، ئەبلەخ !

ــ ئەلەمگە چىدىمىدىم ، قەستىمنى ئالدىم ، ــ دېدى خىرىلداپ ئەدھەم . ئۇنىڭ ئۆزىنى ھەقلىق قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقى ئەكبەرنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ ئۆرلەتتى .

ــ بەيرەمخاننى ئۆلتۈرگىنىڭ ئازمىدى ؟ ــ ئەكبەر كۆكەلدىشىنىڭ يۈزىگە تەستەك سالدى . ئەدھەم تەلۋىلەرچە ۋارقىرىدى :

ــ بەس ! سېنىمۇ ئۆلتۈرىمەن ! ــ ئۇ خەنجىرىنى كۆتۈردى . ئادەم ئۆلتۈرۈپ كۆنۈپ كەتكەن ئەدھەمگە ئەمدى ھەممە ئىش بەرىبىر ئىدى . ئۇ ئەكبەرنىڭ كۆكرىكىگە خەنجەر سانجىماقچى بولغاندا ، ئوڭ تەرەپتىكى قورۇقچى مەھكەم تۇتۇۋالدى . شۇ چاغ ئەكبەر ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىگە بىر مۇشت ئېتىۋىدى ، ئەدھەمخان خىرقىراپ يىقىلدى ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن خەنجىرى « تاڭ » قىلىپ قولىدىن چۈشۈپ كەتتى .

— باغلاڭلار بۇ ئىپلاسنى ! — دەپ بۇيرۇدى ئەكبەر قورۇقچىلارغا . مۇشت زەربىسىدىن بوشىشىپ قالغان ئەدھەم قارشىلىق قىلالمىدى . قورۇقچىلار ئۇنى باغلاپ ئەكەتمەكچى بولغاندا ، غەزەپتىن رەڭگى ئۆڭۈپ ئەدھەمخاننىڭ كۆكەلداشلىقىنى ئۇنتۇغان ئەكبەر ، — پەسكە تاشلاڭلار ! — دەپ ۋارقىرىدى .

بىردىن ئەكبەردە ئۈچ ياش ۋاقتىدا بېشى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن توپ ئوقىنىڭ ۋەھىمىسى قايتىدىن پەيدا بولدى . ئۇلار ئۈچىنچى قەۋەتتە تۇراتتى ، هويلىغا تاش ياتقۇزۇلغانىدى . پېشايۋاندىن تاشلانغان ئادەم تاشقا ئۇسۇپ ئۆلۈشى مۇمكىن ئىدى . شۇنى بىلگەن قورۇقچىلار بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى . لېكىن ، غەزىپى ئەۋجىگە چىققاندا ئۆزىنى بىلمەي قالغان ئەكبەر يەنە ۋارقىرىدى :

— تاشلاڭلار !

ئەكبەر قاتتىق غەزەپلەنگەندە چىرايىنىڭ ئۆزگىرىپ قانچىلىك قورقۇنچلۇق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى يىگىتلەر ئەمدى كۆرۈۋاتاتتى . ئۇلار قولى باغلاقلىق ئەدھەمنى هاپىلا - شاپىلا ئايۋاندىن يەرگە تاشلىدى . ئەدھەم ئۈچىنچى قەۋەتتىن غۇلاپ چۈشۈۋاتقاندا ، جان ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى . هويلىغا ياتقۇزۇلغان تاشلارغا بېشى بىلەن ئۇرۇلغاندا ، ئاۋازى بىردىن ئۆچتى .

شەمسىددىن ئەتكەنىڭ ئۆيىدىن ئاڭلىنىشقا باشلىغان داد - پەريادلار تۈنگىچە بېسىلمىدى . بوغۇق ۋە ئاچچىق يىغا ئاۋازى ماھىم ئىنىكئانىنىڭ ئۆيىنىمۇ تولدۇرغانىدى . شەمسىددىن ئەتكەنىڭ خوتۇنى جەججى ئىنىكئانا ، ئوغلى ئەزىز كۆكە ۋە باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئەدھەمخاننى قارغاپ يىغلايتتى . ماھىم ئىنىكئانىنىڭ پۈتۈن دەرد - ئەلىمى ئىچىدە بولۇپ ، ئۆيدىن سىرتقا چىققۇدەك هالى يوق . ئوتتۇز قىرىق يىللىق قەدىردانلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈشكە يۈزى چىدىمايدۇ . ئوغلىنىڭ شۇنچە جىنايەت ئۈستىگە يەنە ئەكبەرگىمۇ خەنجەر كۆتۈرگەنلىكى ئىنىكئانىنىڭ مۇسىبىتى ئۈستىگە قوشۇلغان يەنە بىر ئېغىر دەرد بولدى . ئەدھەمخاننى تاۋۇتقا سېلىپ ئۆيدىن ئېلىپ چىقىۋاتقاندا ، ماھىم ئىنىكئانا

شۇنداق پىغانلىق يىغلىدىكى، ئۇرە بولالماي يۈركى ئېزىلىپ يىقىلدى. ئۇنى بىھوش ئەھۋالدا ئۆيگە كۆتۈرۈپ كىرىپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇشتى.

ئۇ ھوشىغا كەلگەندە كۆزىنى ئېچىپ يېنىدا ئەكبەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئەكبەرنىڭ رەڭگى ئۆچكەن، لەۋلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس تىترەيتتى:

— ئۇلۇغ ئانا!... ماڭا نېمە ئامال؟ ئېيتىڭ؟! مېنىڭمۇ باغرىم قان! گۇناھىم چوڭ!

— زىندانغا تاشلىنىسىزمۇ بولاتتىغۇ؟...

— ئۆلگۈرەلمىدىم!... سىزنىڭ ئالدىڭىزدىكى گۇناھىمنى ئەمدى قانداق يۇياي؟ ئېيتىڭ!

ماھىم ئىنىكئانىنىڭ كۆزلىرىدە ياش يالتىرايتتى.

— ۋادەرىخا! بۇ دۇنيا ئۆزى بىۋاپا، ناپاك، ھەممىگە قارشى تېگىدىكەن... بەرگەن ئاق سۈتۈممۇ بۇلغىنىپ قارا بولدى!... ئەدھەم جىگەر پارەم!... مىڭ مەرتە ئېيتتىم... قۇلاق سالمىدى. ئەي خۇدا!... ئادەم نېمىشقا بۇنداق يارىتىلغاندۇ؟

— ئەدھەمنى ئۇتقا ئىتتىرىپ، ئۆزى چەتتە تۇرغان ھىيلىگەر ئادەملەر بار، ئۇلۇغ ئانا! ياشلىق قىلىپ بايقىماي يۈرگەنىكەنمىز. زامان، مۇھىت مەن سۆيۈنگەن تاغلارنى ئۆزۈمنىڭ قولۇمدا غۇلىتىش نىيىتىدە ئىكەن. خۇدا بۇيرۇسا بۇ ئىبلىس مۇھىت بىلەن باشقىچە ئېلىشىمەن! ماڭا سىزنىڭ مەدەتلىرىڭىز كېرەك، ئۇلۇغ ئانا! تېۋىپلارنى چاقىراي، داۋالىنىپ تېزراق ئۆرە بولۇڭ!

بىراق، تېۋىپلارنىڭ داۋاسى كار قىلمىدى. ماھىم ئىنىكئانا ئورنىدىن قايتا تۇرالماي ئوغلىنىڭ قىرقى ھارپىسىدا جان بەردى.

ئەكبەر ئۇنىڭ تاۋۇتىنى كۆتۈردى. ماھىم ئىنىكئانىنى دېھلىنىڭ مەشھۇر كۇتۇپ مۇنارى يېنىغا ئىززەت - ئىكرام بىلەن دەپنە قىلدى.

## سىكرى . بالاگەردان

سەۋزە رەڭ تۇتىقۇشلار دەرەختىن ـ دەرەخكە قونۇپ ئۇچۇپ يۈرەتتى . پوكىنى ئاق ، ئۇستى قوڭۇر مايمۇنلار شاخلارغا ئېسىلىپ ئويـ ـنايتتى . بولۇق ئوت ـ چۆپلەرنى قىمىرلىتىپ چىپار يىلانلار ئۆمىلەپ يۈرۈشەتتى . قەيەردىندۇر يىراقلاردىن ئۇۋچىلار چالغان سۇناي ئاۋازى ۋە پىلنىڭ نەرە تارتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

ئورمان ئىچى شۇنداق سايە ، سالقىن ئىدى . كېسىپ كېتىلگەن دەرەخلەرنىڭ كۆتىكى ئۇستىدە ئەكبەر ئويغا چۆمۈپ ئولتۇراتتى . ھازىر ئۇنىڭ ھېچكىمنى كۆرگۈسى ، ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشقۇسى كەلمەيتتى . ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان ئادەملىرى بىر ـ بىرلەپ ھالاك بولغاندىن بېـ ـرى ، مىڭ ئاتلىق ھارۋىنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىقى ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشـ ـكەن ، سارايىنىڭ ئېغىر مۇھىتىدا ئەڭ ياخشى ھېسسىياتلىرى تۇگەۋاتقانـ ـدەك ، دىلىنى قانداقتۇر بىرخىل كۆڭۈلسىزلىك چۇلغىۋالغاندەك تۇـ ـيۇلاتتى . بۈگۈن ئۇ سىكرى ئورمانلىقىغا ئوۋغا چىققانىدى ، لېكىن ئوۋ قىلغۇسى كەلمىدى . ئۇ مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئاداشتۇرۇپ قويۇپ ، مانا مۇشۇ خالىي جايىنى تېپىپ پاناھلانىدى .

ئۇ ھازىر ئورماندىكى بىرەر ھايۋاننى ئۇۋلىغاندىن كۆرە قەلبىـ ـدىكى ياخشى ھېسسىياتلىرىنى قايتىدىن قوزغىتىشقا بەكرەك ئېھتىياجلىق ئىدى . لېكىن ، نەچچە سائەت ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ ، قەلبىدىكى كۆڭۈلسىزلىك ۋە روھىدىكى سۇنۇقلۇق تارقىلىپ كەتمىدى . قاچاندۇر بىر چاغدا كەينى تەرەپتىكى ئوتلاقلىقتىن بىرىنىڭ ئوت ـ چۆپلەرنى شىتىرلىتىپ ئاستا كېلىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى . ئۇ « مۇشۇ يەردىمۇ مېنى تىنچ قويۇشمايدىغۇ » دەپ نارازى بولۇپ ، ئارقىغا بۇرۇلدى . ئاق ساقالـ ـلىق ، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر مويسىپىت ھاسىغا تايانغان

ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى . ئەكبەر سەلىم ئاتىنى تونۇدى ـ دە ، خۇشاللىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى .

سەنگەنىردىكى تويدىن بۇيان ئەكبەر ئۇنى كۆرمىگەنىدى . لېكىن ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئىنتىزار بولۇپ يۈرەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئەكبەر ئۇنىڭ ئالدىغا باردى . سەلىم ئاتا كۆرۈشكەندىن كېيىن :

ــ بىز تەرەپكە خۇش كېلىپسىز ! ــ دېدى .

ــ ئۆيىڭىز مۇشۇ يەردىمۇ سەلىم ئاتا ؟

ــ ھەئە . ئورمان چېتىدە كۆلبەم بار . . . ھەزرەت ئانىڭىز سىزنى « بارماقچى » دېگەنىدى . يەتتە يىلدىن بېرى ئىنتىزار بولۇپ كۈتۈپ تۇرۇۋېتىمەن .

ــ قانداقچە يەتتە يىل دەيسىز ؟

ــ جايپۇردىكى تويغا يەتتە يىل بولدىغۇ !

ئەكبەر ۋاقىتنىڭ شۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىدىن ئەجەبلەندى . تېخى ئاخشامقىدەكلا يادىدا تۇرۇپتۇ . سەنگەنىردە سەلىم ئاتا نىكاھ ئوقۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئەكبەر ئۇنىڭغا ئىككى يۈز مىڭ رۇپىيە ئىنئام بەردى . چۈنكى ، پادىشاھلارنىڭ نىكاھى ئۈچۈن كاتتا ئىنئام بېرىش ئەزەلدىن بار ئادەت ئىدى . ھۇمايۇن ھەمىدە بانۇغا ئۆيلەنگەندە قورشاۋدا تۇرغىنىغا قارىماي ، نىكاھ ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ئابدۇلباقى دېگەن ئادەمگە ئىككى يۈز مىڭ رۇپىيە بەرگەنلىكىنى ئەكبەر ئانىسىدىن ئاڭلىغانىدى . لېكىن ، سەلىم ئاتا بۇ ئىنئامنى قوبۇل قىلمىدى :

ــ بايلىق ئىنئامنىڭ ئەھمىيىتىنى بۇزىدۇ . مېنىڭ ئۇستازىم فەرىددىن چەشتىگە ئەلتۇتمىش دېگەن پادىشاھ تۆت قىشلاقنى ئون ئىككى مىڭ بىگەھ[1] يېرى بىلەن ئىنئام قىلغاندا ئۇزرە سوراپ ئالمىغانىكەن . پادىشاھلارنىڭ دۆلەت خىراجەتلىرى ئۈچۈن بايلىق يىغىپ خەزىنىدە ساقلىشى ئەلۋەتتە توغرا . لېكىن ، ئۆمرىنى ھەق يولىغا ئاتىۋەتكەن سوپىلار بايلىق ، مەرتىۋە تەمەسىدە بولماسلىقى كېرەك . ئوت ئوتۇننى

[1] بىگەھ ـ بىر گېكتارنىڭ ئوندىن بىرى . ئون ئىككى مىڭ بىگەھ تۆت مىڭ گېكتارغا باراۋەر .

قانداق تېز يەپ تۈگەتسە ، تەمە ۋە بايلىق سوپىنىڭ ئىمانىنى شۇنداق يەپ تۈگىتىدۇ . . . ئېسىگىزدە بولسۇن . مەن ئىككى يۈز مىڭ رۇپىيەنى ئالالمايمەن .

— بۇ ئىئانىمنى غېرىب - بىچارىلەرگە خەير - ئېھسان قىلىۋەتسىڭىزمۇ بولىدىغۇ ؟ — دېدى ئەكبەر .

— ھەزرىتىم ، ئەگەر غېرىب - بىچارىلەر خۇش بولسۇن دېسىڭىز ، ئۇلارنى ئادالەتسىز سېلىقلاردىن ئازاد قىلىۋېتىڭ .

— قايسى سېلىق ئادالەتسىز ئىكەن ، سەلىم ئاتا ؟

— جىزيە سېلىقى مۇسۇلمانلاردىن ئېلىنمايدۇ . ئۇنى پەقەت غەيرى دىندىكىلەر تۆلەشكە مەجبۇر . سىز ھىندى قىزىغا ئۆيلەندىڭىز . ئۇنىڭ ئىمان - ئېتىقادىنى ھۆرمەت قىلىسىز ، بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە مىڭ تەشەككۈر ، ئەمما سىزنىڭ قېيناتىڭىز بىھارى مال باشقا ھىندى قېرىنداشلىرىڭىزغا ئوخشاشلا جىزيە سېلىقىنى تۆلەشكە مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ . بۇ ئادالەتلىكمۇ ؟

— لېكىن ، جىزيە سېلىقى شەرىئەتتە بار ئىكەنغۇ ؟

— ھەئە . شەرىئەتتە يول كۆپ ! ئۇنىڭدىن ئۆز ئارزۇسى بويىچە مەنپەئەتلىنىۋاتقان تەمەگەر روھانىيلار بار . ھىندىستاندا توققۇز ئەسىردىن بېرى ئونلاپ مۇسۇلمان پادىشاھلىرى ئۆتكەن . لېكىن ، بىرەرىمۇ شۇ ئادالەتسىز سېلىقنى بىكار قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان . شۇنداق بىر ئۇمىدىم باركى ، ئەمدى شۇنىڭغا سىز جۈرئەت قىلىسىڭىز . پەقىر - بىچارىلەرگە قىلغان خەير - ئېھسانىڭىزمۇ ، ماڭا بەرگەن ئۇلۇغ ئىئانامىڭىزمۇ شۇ بولسۇن !

ئەكبەر شۇ چاغدا ، بۇ سۆزلەرگە جاۋاب تاپالماي باش قېتىنچىلىقىدا قالغان ، سەلىم ئاتا بولسا ئىككى يۈز مىڭ رۇپىيە ئىئانىمنى ئالماستىن ، داستىخاندىن ئىككىلا نان ئېلىپ بېلىگە تۈگكىنىچە سېكرىگە پىيادە قايتىپ كەتكەنىدى .

مۇسۇلمان - ھىندى خەلقلىرىنى بىر - بىرىگە قارشى قىلىپ قويماستىن ، ئېلىق - سېلىق ئىشلىرىدا ئۇلارنى تەڭ كۆرۈشنى ئەكبەرنىڭ

ئۆزىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

ئەكبەر بۇرۇنمۇ تەجرىبە سۈپىتىدە جىزيە سېلىقىنى بىر يىلغىچە بىكار قىلغانىدى. شۇ چاغدا دىنىي پېشۋالار گانگ بويىدا ھاكىملىق قىلىۋاتقان ئەلىقۇلىخان ۋە باھادىرخانلارنى ئەكبەرگە قارشى قوزغاتتى. جىزيە سېلىقىدىن چوڭ نەپ ئېلىۋاتقان بەگلەر ئەكبەرنى «دىندىن چىققان دەھرىي!» دەپ ئېلان قىلىشتى. خۇتبىنى ئەكبەرنىڭ كابۇلدىكى ئىنىسى مۇھەممەد ھەكىم نامىغا ئوقۇشقا باشلىدى.

پەنجاپتىكى مۇتەئەسسىپلەرمۇ ئەلىقۇلىخانغا قوشۇلۇپ، ئەكبەرنىڭ باشقۇرۇشىدىن قېچىشقا ئۇرۇندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەكبەر جىزيە سېلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداقتىمۇ ئەلىقۇلىخان ئۇنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلمىدى، گانگ دەرياسى بويىدا ئەكبەرگە قارشى قىلىچ كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇ جەڭدە ئۇنىڭ ئۆزىمۇ، ئىنىسى باھادىرخانمۇ ھالاك بولدى.

ئەكبەر بۇلارنى سەلىم ئاتىغا ئېيتىپ بەردى-دە:

— سېلىق جەھەتتىكى ئىسلاھات بىزنى ئىككى ئوتنىڭ ئارىسىغا سېلىپ قويدى! — دېدى، — ئەمدى بەگلەرنىڭ ئىسيانىنى بىر تەرەپ قىلىپ بولالماي تۇرساق، دېھقانلار غوۋغا كۆتۈردى، ھەتتا ئەگرە ئەتراپلىرىدىمۇ قاراقچىلار كۇرۇرىيلەرنى[1] ئۆلتۈرۈپ، پۇللىرىنى بۇلاپ كېتىپتۇ.

— بۇ ئىشلاردىن مېنىڭ خەۋىرىم بار، — دېدى سەلىم ئاتا، — كۇرۇرىيلەر سېلىق يىغىش ھوقۇقىنى سىزدىن سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئىنساپنى ئۇنتۇپ، دېھقانلاردىن سېلىقنى ئۈچ ھەسسە ئارتۇق يىغىپ، ئىككى ھەسسىنى ئۆزلىرى ئېلىشىپ، جازانىخورلاردىنمۇ بەتتەر بولۇپ كېتىشتى.

— نەپسى تويمىغان كۇرۇرىيلەرنى بىز جازاغا تارتتۇق. ئەمما، قاراقچىلار ئۇلارنىڭ پىللىرىنى تارتىۋالغانىكەن...

— ئاڭلىدىم. سىز ئۆزىڭىز جەڭگىۋار پىلنى مىنىپ غوۋغا كۆ-

---

① كۇرۇرىيلەر — سېلىق يىغىش ھوقۇقىنى دۆلەتتىن سېتىۋالغان پۇلدارلار.

تۇرگەنلەرگە قارشى قوشۇن تارتماقچى بوپسىز . لېكىن ، كورۇرىيلەر ئادالەتسىزلىكتىن بىزار بولۇپ ئىسيان كۆتۈرگەن دېھقانلارنى سىزگە « قاراقچى » قىلىپ كۆرسەتكەن . بۇ دېھقانلار كورۇرىيلەرنى بولغان ئەمەس ، بەلكى ئىككى ئۈچ ھەسسە ئارتۇق ئۆندۈرۈۋېلىشقان سېلىق ھەققىنى قايتۇرۇۋېلىشقان .

— راست شۇنداقمۇ ، سەلىم ئاتا ؟

— راست بولماي . رەببىم گۇۋاھ . كۆرگەنلىرىمنى سۆزلەۋاتىمەن ، ئەمەلدارلار سىزگە ۋەقەنى تەتۈرىسىچە چۈشەندۈرۈپتۇ .

ئەكبەر ئىسيان كۆتۈرگەن « قاراقچىلار » نىڭ قىشلاقلىرىغا باستۇرۇپ بارغان چاغلىرىنى ، ئۆزى مىنگەن چوڭ پىلنىڭ تېمى پاخالدىن قىلىنغان كۆلبىلەرنى پۇتى بىلەن ئۆرۈپ يىقىتقانلىقىنى ، شۇ چاغدا بامبۇك خادىلىرى ئارىسىدىن قاراقچىلار ئەمەس . ئاياللار ۋە باللارنىڭ چىرقىراپ چىقىشقانلىرىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە ، خىجىللىق بىلەن :

— خام سۈت ئەمگەن بەندە بولغاچقا ئالدانغانىكەنمىز . كورۇرىيلەردىن پۇتۇنلەي ۋاز كەچتۇق . سېلىق مەھكىمىلىرىگە باشقا ئىنساپلىق ئادەملەرنى قويۇۋاتىمىز .

— خەيرلىك بولسۇن ! بىراق ، نېمىشقا مەيۇس كۆرۈنىسىز ؟

— مېنى بېسىپ تۇرغان تەشۇىشلەر تاغنىڭ تېشىدىنمۇ كۆپ . قايسى بىرىنى ئېيتاي .

— لېكىن ، غەلىبىلىرىڭىزمۇ كۆپقۇ . نېمىشقا شۇلاردىن خۇشال بولمايسىز ؟ چىتاردا چوڭ جاسارەت كۆرسەتتىڭىز . بۇ ئىش سىكرىگىمۇ پۇر كەتتى . . .

× × ×

ئەكبەر دېھلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ئۈچ يۈز ئەللىك مىل يىراقلىقتا جايلاشقان چىتار قەلئەسىنى ئەسلىدى . مېۋەر ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى بولغان بۇ قەلئە تاغ ئۈستىگە ناھايىتى مۇستەھكەم قىلىپ قۇرۇلغانىدى . بىر ۋاقىتلاردا ھۇمايۇن ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان بۇ ۋىلايەتنى

ئەكبەر تىنچ يول بىلەن يەنە مەركىزىي دۆلەتكە قوشماقچى بولدى ۋە قېيناغىسى مەن سىنخنى چىتار سەركەردىسى جايمالنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى.

ئەمما مەن سىنخ چىتار قەلئەسىگە بارغاندا، جايمال ئۇنىڭ ئال-دىغا چىقىپ ئەپلىشىشنى راۋا كۆرمىدى. مەن سىنخ قەلئە ئىچىدىكى بىر ئۆيدە ئۈچ سائەت بىتاقەت بولۇپ كۈتۈپ، ئاخىر نەتىجىسىز قايتىپ كەتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا قارىسا، جايمال كىشىلىپ ئادەملىرىگە قاتتىق - قاتتىق ۋارقىراۋاتاتتى:

— خائىن مەن سىنخ ئولتۇرغان ئۆي ئۇنىڭ نەپەسىدىن هارام بولدى. ئەمدى بۇ ئۆينى مۇقەددەس گانگ سۈيىدىن سېپىپ پاكلاڭلار!

هىندىچە ئىمان - ئېتىقادىنى پاك تۇتىدىغان مەن سىنخ ئۈچۈن بۇ گەپلەر مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر هاقارەت بولدى.

چىتار تۆت ئايغىچە ئەكبەرگە دەرۋازا ئاچمىدى. قەلئە دەرۋاز-سىنى ئاشۇ جايمال باشقۇرۇۋاتاتتى. ئەكبەر ئۇنىڭغا خەت ئەۋەتتى:

«جايمال راتخارنى باتۇر يىگىت ۋە يىل جېڭىگە ئۇستا دەپ ئاڭلىغان-دۇق. شۇ گەپ راست بولسا، يىل مىنىپ مەيدانغا چىقسۇن. مەن ئۇنىڭ بىلەن يىل جېڭى قىلماقچىمەن. ئىككىمىزدىن قايسىمىز غەلىبە قىلساق، شۇنىڭ قوشۇنى غەل-بىگە ئېرىشكەن بولسۇن، ئۇرۇش ئارتۇقچە تالاپەتسىز توختىسۇن.»

لېكىن، جايمال ئەكبەرنىڭ بۇ تەكلىپىنىمۇ قوبۇل قىلمىدى. ئۇ دەرۋازىنى ئېچىپ قەلئەدىن چىقساق، ئالداپ قولغا چۈشۈرۈۋېلىشى مۇم-كىن، دەپ ئويلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەكبەر قەلئە تېمى ئاستىدىن لەخمە قېزىشنى بۇيرۇدى. يەتتە - سەككىز مىڭ ئادەم قازغان لەخ-مىگە دورا قويۇپ پارتلاتسا، مۇستەهكەم تاشمۇ غۇلىشى مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن قەلئە قوغدىغۇچىلىرى توپ - توپ بولۇپ تام ئۈستىگە چىقتى - دە، پەستە لەخمە قېزىۋاتقانلارنىڭ ئۈستىگە ئېغىر تاشلارنى، كۆيۈۋاتقان ياغاچلارنى تاشلاشقا باشلىدى. «تۇرا» دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ قالقانلار ئەكبەرنىڭ ئادەملىرىنى ئوق ۋە تاش، يا-غاچلاردىن هىمايە قىلىپ تۇراتتى. يېڭى - يېڭى كۈچلەر شۇ قالقاننىڭ

ھمايىسىدە تام تۈۋىگە يېتىپ بېرىپ ، قالقاننى مورىسى بىلەن كۆتۈرۈپ تۇرۇپ لەخمە قازاتتى .

ئەكبەر بۇ جىدەلنى قەستەن چىقارغانىدى . ئۇ قەلئە تېمى بىلەن تەڭ تۇرغان تۆپىلىك ئۈستىدە شاخ ـ شۇمبا ۋە تاشلار پاناھىدا جايمالنىڭ قەلئە تېمى ئۈستىگە چىقىشىنى پايلاپ ئولتۇردى . پەستە ھۇجۇم كۈچىيىپ كەتكەچكە ، جايمال قوغدىغۇچىلارغا باشچىلىق قىلىش ئۇچۇن ، تام ئۈستىدە پەيدا بولدى . ئەمما ، ئارىلىق يىراق بولغاچقا ، ئەكبەر جايمالنىڭ سىماسىنىلا كۆرەلەيتتىيۇ ، ئۇنى تونۇيالمايتتى . شۇنداقتىمۇ تەبىئەت ئەكبەرگە پەۋقۇلئاددە ئۆتكۈر كۆز بەرگەن ، ئۇ كۈندۈزى ئاسماننىڭ قۇياشتىنمۇ يىراق تۇرغان قىسىملىرىغا تىكىلىپ قارىسا ، جىمىرلىشىپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى كۆرەتتى . ھازىر ئۇ قەلئە تېمى ئۈستىدە تۇرغان جايمالنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىسىمۇ قوغدىغۇچىلىرىغا بۇيرۇق قىلىۋاتقان لەۋلىرىنىڭ قانداق مىدىرلاۋاتقانلىقىغا قاراپ « ناۋەك » دەپ ئاتىلىدىغان چوڭ ياغا ئوق سالدى .

ناۋەكنى پەقەت بىلىكىدە ئوبدانلا كۈچى بار يىگىتلەرلا ئاتالايتتى . ئۇنىڭ ئوقى ئاددىي يانىڭ ئوقىدىن خېلىلا يىراققا باراتتى ۋە قاتتىقراق تېگەتتى . تام ئۈستىدە جايمالمۇ ناۋەكتىن ئوق ئېتىپ ئەكبەرنىڭ يىگىتلىرىدىن ئۈچ ـ تۆتىنى يىقىتقانىدى . ئۇ ناۋەككە يەنە ئوق ئورنىتىۋاتقان پەيتتە ، ئەكبەر كۆتۈرمە ئۈستىدىن ئاتقان ئوق جايمالنىڭ سول كۆكرىكىگە شۇنداق كۈچ بىلەن سانجىلدىكى ، يېرىمىغىچە پېتىپ كەتتى . جايمال تامدىن يىقىلىپ كېتەي دېگەندە ، ئۇنى يېنىدىكىلەر تۇتۇپ قالدى . ئۇ شۇ كۈنى جان بەردى .

بۇ ھادىسە جەڭ تەقدىرىنى ھەل قىلدى . سەركەردىدىن ئايرىلغان چىتارلىقلار غەلىبىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى . ئاياللار جەۋھەر ئادىتى بويىچە دۈشمەن قولىغا تىرىك چۈشمەسلىك ئۈچۈن ، ئۆزلىرىنى يېنىپ تۇرغان گۈلخانغا تاشلاپ ، كۆيۈپ ھالاك بولۇشتى . تىرىك قالغان يىگىتلەر بولسا باتۇر راجپۇت باشچىلىقىدا ئارغۇۋان

رەڭلىك كىيىم[1] كىيىشىپ قەلئە دەرۋازىسىنى ئەكبەرگە ئېچىپ سالام بەردى. ئۆلۈمگە تەۋەككۇل قىلىپ جەڭ قىلغان راجپۇتلاردىن بىرىنىڭ ناۋەكتىن ئاتقان ئوقى ئەكبەرنىڭ بېشىدىكى دوبۇلغىسىغا تېگىپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۈچ ياش ۋاقتىدا كابۇل ئەتراپىدا نىشان بولۇپ تۇرغان چېغىدىكى دەھشەتلىك تۈيغۇلار قوينىغا قايتىپ كەلدى - دە، بۇ تۈيغۇ ئۇنى چىرماپ ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. چىتاردا گۈزەل ئاياللارنىڭ جەۋھەر ئوتىدا كۆيۈپ ئۆلگەنلىكىمۇ ئۇنىڭ غەزىپىنى ئەۋجىگە چىقار- دى. كابۇلدا ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن توپ ئوقى قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ ئۆزىنى بىلەلمەي قالغان ئەكبەر:

— جاھىللارنى ئەسىر ئالماڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى. بۇ چاغدا گويا ئۇنىڭ قۇلىقى توپ ئاۋازىدىن پۈتۈپ قالغاندەك، ئۆز ئاۋازى ئۆزىگە ئاڭلانمىدى، — ئۇلار چىتاردا ئۆلتۈرۈلسۇن!

— ئۆلتۈرۈلسۇن! — دېگەن پەرمان سەپلەر بويلاپ تارقالدى.

چىتار ئاھالىسى ئارىسىدا بىگۇناھ قىرىلار، ئاياللار، بالىلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن قورقۇپ كەتكەن مەن سىنىخ جەڭ مەيدانىدىن ئەكبەر تۇرغان تۆپىلىككە ئات چاپتۇرۇپ كەلدى ۋە ئۆلتۈ- رۈش ھەققىدىكى پەرماننى بىكار قىلىشنى ئۆزىنىڭ راجپۇت جەڭچىلىرى نامىدىن قەتئىي تەلەپ قىلدى. ئەكبەر بۇ پەرمان تۆپەيلىدىن پۈتۈن ھىندى ئېلىنى ئۆزىدىن بەزدۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى شۇندا ھېس قىلدى - دە، ھوشىنى يىغىپ ئۆلتۈرۈشنى توختىتىش ھەققىدە يېڭى پەرمان بەردى. ئەمما بۇ پەرمان ھەممە جەڭچىلەرگە يېتىپ بارغۇچە، نەچچە- لىگەن بىگۇناھ ئادەملەر ھالاك بولغانىدى. ئۇلارنىڭ كوچىلاردا تاشلى- نىپ قالغان جەسەتلىرى ھېلىغىچە ئەكبەرنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى.

ئۇنى مەرگەنلىكى ۋە جايمالنى ئېتىپ غەلىبە قىلغانلىقى ئۈچۈن ماختايدىغانلار كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئەكبەر چىتاردا بىھۇدە تۆكۈلگەن قانلار ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېسابلايتتى. بۇ قەلئەنىڭ مەرد قوغدى-

---

[1] ئارغۇۋان رەڭلىك كىيىمنى جەڭدە شېھىت بولۇشقا بەل باغلىغان راجپۇتلار كىيەتتى.

غۇچىلىرى جايمال ۋە پەتتاغا ئىچ - ئىچىدىن قايىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ھىندى ھەيكەلتىراشلىرىغا بۇيرۇتۇپ، ئۇلارنىڭ مەرمەر ھەيكەللىرىنى ياساتتى.

بۇ ئارىدا ئەگرەدە يېڭى - يېڭى قەلئەلەر قۇرۇلۇپ پۈتكۈزۈلگەندى. پىل ئۈستىدە ئولتۇرغان جايمال ۋە پەتتانىڭ ھەيكەللىرى ئەكبەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قەلئە دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئورنىتىلدى. قەلئە ئىچىدە جادھەبەي ئۈچۈن ھىندىچە ئىبادەتخانا قۇرۇلغانلىقىغا نارازى بولۇپ كېلىۋاتقان مۇتەئەسسىپلەر، ئەمدى قەلئەگە كىرىشتە كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ھەيكەللەرنى كۆرۈپ «بۇتپەرەسلىك بىزگە مەكرۇ» دېيىشىپ، يۈزلىرىنى پۇرۇشتۇرۇپ ئۆتۈشەتتى. «پادىشاھىمىز غۇرۇرغا بېرىلدى، ئۆز غەلىبىسىنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن مەجۇسىيلارغا ھەيكەل ئورناتتى» دەپ كۆرۈشكەنلىكى يېرىدە ئەكبەرنى يامانلاپ يۈرگەن بەگلەرمۇ بار ئىدى. پايلاقچىلار پادىشاھقا ھەممە گەپنى يەتكۈزۈپ تۇرۇشاتتى. ئۇنىڭ قوبۇلخانىسىغا كىرگەن سىپاھلار ۋە مۇلازىملارمۇ بىر - بىرىنىڭ ئۈستىدىن شۇنچە كۆپ چېقىمچىلىق قىلىشىپ، بىر - بىرلىرى ھەققىدە شۇنداق يامان مەلۇماتلارنى بېرىشەتتىكى، بەزىدە ئەكبەرنىڭ ئادەم زاتىدىن ئىخلاسى قايتىپ كېتەتتى. ھېچكىمنى كۆرگۈسى ۋە ھېچكىم بىلەن پاراڭلاشقۇسى كەلمەيتتى.

ئەمدىلىكتە ئەكبەر شۇ ئورماندا نۇرانە چىراي، ئەۋلىيا سۈپەت بوۋاي سەلىم ئاتىغا كۆڭلىنى تۆكتى:

— ئادەم نېمىشقا شۇنداق يارىتىلغاندۇ؟ مەرھۇم ئىنىكئانام بەرگەن بۇ سوئالغا ھازىرغىچە جاۋاب تاپالمايۋاتىمەن... ھەتتا باشقىلار ئەمەس ئۆزۈممۇ... غەزەپتىن شەپقەتسىز ئىشلارنى قىلىپ قويۇپ، كېيىن بۇ ئىشتىن پۇشايمان قىلىپ يۈرىمەن... چىتاردا قانچە بىگۇناھ قانلار تۆكۈلدى. ۋىجدان ئازابىنى بېسىش ئۈچۈن ھالاك بولغانلارنىڭ شەرىپىگە ھەيكەل ئويدۇرسام... ئادەملەر شۇنىڭدىنمۇ ئەيىب تېپىشتى...

— راست، ئىنسان زاتى دەھشەتلىك زىددىيەتلەر ئىسكەنجىسىگە

چۈشۈپ قالىدىكەن، تاشقى ئالەمدە ئۇنىڭغا ئادالەتسىز مۇھىت، شەپ-قەتسىز زامان ئازاب بېرىدۇ. ئىچىدىن بولسا ئىشقا ئاشۇرالمايدىغان ئار-زۇلار، تۈرلۈك ئىستەك - ئىنتىلىشلەر، نەپسى - غۇرۇر ئادەمنى يەپ كېتىدۇ. ئەگەر ئىنسان زاتى ئاشۇ ئىچكى - تاشقى زىددىيەتلەر ئىسكەن-جىسىدىن قۇتۇلسا، ئالەمدە ئۇنىڭدىن قۇدرەتلىك، ئۇنىڭدىن دانا، ئۇ-نىڭدىن مۇكەممەل جانلىق بولمايدۇ.

— بۇ ئىسكەنجىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىنمۇ، سەلىم ئاتا؟

— پەقەت كامالەتكە يەتكەن ئىنسانلار قۇتۇلۇشى مۇمكىن.

— كامالەتكە يەتكەن ئىنسان رىۋايەتلەردىلا بار. تۇرمۇشتا مەن ھېچ كۆرمىدىم.

— كامالەتكە يەتكەن ئىنسان مۇتلەق ھەقىقەتكە ئوخشاش يۈك-سەك ئېتىقادتۇر. قەلبىگە شۇ ئېتىقادنى پۈككەن ئادەم تاشقى ئالەمدىمۇ، ئۆز دىلىدىمۇ نۇقسان - ئىللەتلەرنى بار كۈچى بىلەن يوقىتىپ تۇرىدۇ. تاكامۇللىشىش يولى ئىچكى — روھىي دۇنيا ئارقىلىق ئۆتىدۇ. ھەر بى-رىمىزنىڭ ئىچىدە نەپسانىيەتچىلىك، ئابرۇيپەرەسلىك ۋە باشقا ناچار ئىستەكلەر بولۇپ، ئۇلار گاھىدا تاشقى دۈشمەندىنمۇ خەتەرلىكرەك بو-لىدۇ، ئۇلارنى يېڭىش ئورماندىكى ئارسلاننى يېڭىشتىنمۇ بەكرەك جاسا-رەت تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر تاشقى دۈشمەننى يەڭسىڭىزمۇ، ئىچىڭىزدىكى نەپسى، غەزەپ، شەھۋەت قاتارلىق كېسەللىكلەرنى يېڭەلمىسىڭىز، ئۇلار غالىب كېلىپ، سىزنى يامان ئىشلارنى قىلدۇرسا، ھېلىقى چوڭ غەلىبە-ڭىزمۇ تۈگىشىدۇ. ئۆزىڭىز يېڭىلىپ تەبىئىتىڭىز كىر بولۇپ قالسا، بۇ بىر يامان مەغلۇبىيەت ئەمەسمۇ؟

سەلىم ئاتا ئەكبەرنىڭ ۋۇجۇدىنى بېسىپ تۇرغان سوغۇق مۇزنى ئۆزىنىڭ ھارارەتلىك نەپسى بىلەن ئېرىتىۋەتكەندەك بولدى. ئەكبەر شۇ ھارارەتكە دىلىنى يەنىمۇ يېقىنراق تۇتقۇسى كېلىپ:

— توغرا، — دېدى، — تاشقى غەلىبىلىرىم ئىچىدىن كۆتۈلمە-گەن كۆڭۈل قارىلىقلار چىقىپ قالماقتا. مەن ئۇلارغا جاسارەت تاپالماي ئاۋارىمەن.

سەلىم ئاتا ئەكبەرنىڭ ئۇچۇقراق سۆزلىشىنى كۈتۈپ يۈزىگە تە-
كىلىپ جىم تۇردى . لېكىن ، ئەكبەر ئاخىر ھەرەمگە بېرىپ تاقىلىدىغان
بۇنداق چىگىش كۆڭۈل قارىلىقلار ھەققىدە قانداق سۆز ئېچىشىنى بىل-
مەي ، بىردەم سۈكۈت قىلدى .

ئۇنىڭ ھىندى خەلقىگە يېگىچە سياسەت قوللىنىشى پەقەت دۆ-
لەتنىڭ ئىشىغا ئەمەس ، شەخسىي ھاياتىغىمۇ كۈتۈلمىگەن ئۆزگىرىش-
لەرنى ئېلىپ كەلمەكتە ئىدى . چىتارنىڭ ئېلىنىشىدا ئەكبەرنىڭ ئۆزى
جاسارەت كۆرسەتكەنلىكى ، جايمال بىلەن پەتتانىڭ قەھرىمانلىقىغا
قايىل بولۇپ ، ئۇلارغا ئەگرەدە ھەيكەل تۇرغۇزغانلىقى ، سارايدا بھاگۋەن
داس ، تادەرمال قاتارلىق ھىندىلارغا يۇقىرى مەنسەپ بەرگەنلىكى ،
جادھەبەي ئۈچۈن قەلئەدە مەخسۇس ئىبادەتخانا قۇردۇرغانلىقى پۈتۈن
مەملىكەتكە پۇر كەتتى . ئەمدىلىكتە مەركىزىي دۆلەتكە بويسۇنماي كەل-
گەن راجپۇت ، راجەلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۆزگە-
رىشكە باشلىغانىدى . چىتاردىكى جەڭ ئەكبەرنىڭ باشقا راجپۇت قور-
غانلىرىنى ئېلىشقىمۇ كۈچى يېتىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى . بىھۇدە قان
تۆكۈلمەسلىكى ئۈچۈن ، ئەكبەر بەزىدە بھاگۋەن داسنى ، بەزىدە مەن
سىنخنى دۈشمەنلىك قىلىپ تۇرغان راجپۇت قورغانلىرىغا ئەلچى قىلىپ
ئەۋەتتى . بۇندى ۋىلايىتىدىكى ئەڭ مۇستەھكەم قورغان رەنتىخە مبخار
قامال قىلىنغان چاغدا بولسا ، ئەكبەرنىڭ ئۆزى ئەسكەر كىيىمىنى كى-
يىپ ، ئەلچى مەن سىنخنىڭ يېنىدا ئاق بايراق كۆتۈرگىنىچە قەلئەگە
كىردى . قەلئە قوغدىغۇچىلىرىنىڭ باشلىقى سۇرجان رائو باشتا ئەكبەرنى
تونۇمىدى . ئۇ مەن سىنخقا قاييپ :

— سەنلەر راجپۇت غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرۇۋېتىشتۇڭ . جايپۇرنى ئۇ-
رۇشسىزلا تاپشۇرۇشتۇڭ . مۇسۇلمانلار ھەر قانچە كەمسىتسىمۇ باش ئې-
گىپ تۇرۇۋېرىشتىڭ ، بۇ ئۇيات ئەمەسمۇ ؟ — دېدى .

— بىز قايسى كەمسىتىشلەرگە باش ئېگىپتىمىز ، مەھەراجە ؟ —
دەپ سورىدى مەن سىنخ .

— جىزيە سېلىقىنى ئېلىش كەمسىتىش ئەمەسمۇ ؟ راجپۇتلاردىن

بولغان سەركەردە سارايغا قورال ئېسىپ كىرەلمەيدۇ. دېمەك، پادىشاھ ساقچى ئىشەنمەيدۇ. بۇ كەمسىتىش ئەمەسمۇ؟ راجپۇت قىزلىرى سارايغا تارتۇق سۇپىتىدە ئەۋەتىلىشى كېرەك. پادىشاھ ئۇنى قانۇنىي نىكاھىغا ئالماي پەقەت ۋاقىتلىق جورا قىلسا... كەمسىتىش بۇنىڭدىن ئارتۇق بولامدۇ؟

ئەكبەر مەغرۇر خەلق راجپۇتلارنىڭ كۆچلۈك گەپلىرىنى ئەسكەرچە كىيىمدە تۇرۇپ ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— مەرھابا، — دېدى سۇرجانغا، — ئېيتقىنىڭىز توغرا. بۇ كەمسىتىشلەر بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك. شۇ شەرت بىلەن سۈلھى تۈزۈشكە رازىمۇسىز؟

سۇرجان رائونىڭ ئەتراپىدىكى مۇلازىملاردىن بىرى دېھلىدا ئەكبەرنى كۆرگەنىدى. ئۇنى تونۇپ قېلىپ:

— مەھاراجە، بۇ گەپنى سىزگە ئەكبەرنىڭ ئۆزى قىلمىۋاتىدۇ، — دېدى.

ئەلچى مەن سىنىخمۇ ئاق بايراق كۆتۈرۈپ كىرگەن ئەسكەرنىڭ ئەكبەر ئىكەنلىكىنى ئاخىر ئېيتتى. سۇرجان رائونىڭ ئادەملىرىدىن بىرى:

— ئۇنى دەرھال تۇتايلى، غەلىبە بىزگە مەنسۇپ بولسۇن! — دېدى.

ئەمما، ئەكبەر سۇرجان رائوغا قاراپ:

— مەن سىزنىڭ مەرد، ئالىيجاناب سەركەردە ئىكەنلىكىڭىزگە ئىشەنگەنلىكىم ئۈچۈن ھوزۇرىڭىزغا ئۆزۈم كەلدىم، — دېدى، — بىزدە «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەن ماقال بار.

سۇرجان رائو ئەكبەرنىڭ باتۇرلۇقىغا تەن بەردى — دە:

— راجپۇتلار ئاق بايراق كۆتۈرۈپ كەلگەن كىشىگە چېقىلمايدىغان مەرد خەلق، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇندى ۋىلايىتىدىكى ئۇرۇش يارىشىشقا ئايلاندى. ئەكبەر سۇرجان رائو قويغان شەرتلەرنى قوبۇل قىلدى.

« راجپۇتلارمۇ دىۋانخانا ( ساراي ) غا قورال ئېسىپ كىرسە ، قەلئە دەرۋازىسى ئالدىغىچە نەقارا چالدۇرۇپ بارسا ، جىزىيە سېلىقى تۆلىمىسە ، ئاتـلىرىغا پادىشاھنىڭ تامغىسىنى باستۇرمىسا ( كۆيدۇرۇپ بېسىلىدىغان تۆمۈر تامغىدىن ئاتنىڭ ساغرىسىدا سەت داغ قالاتتى ) بولىدۇ » دېگەن يېڭى قانۇن يولغا قويۇلدى . سۇرجان رائو ئىككىنچى ئوغلىنى بىرنەچچە مىڭ راجپۇت يىگىتلىرى بىلەن ئەكبەرنىڭ خىزمىتىگە تاپشۇردى .

بۇندى ۋىلايىتى شۇ شەرتلەر ئاساسىدا ئەكبەرنىڭ دۆلىتىگە ئىختىيارىي رەۋىشتە قوشۇلغاندىن كېيىن ، غەربتە جايسالمىر ، بىكەنىر ، جايدھپۇر ، شەرقىي جەنۇبتا قەلەنجەر قاتارلىق راجپۇت ۋىلايەتلىرى مەركىزىي دۆلەتكە قوشۇلۇش توغرىسىدا جىددىي ئويلىنىشقا باشلىدى . ئىككى ئارىدا تۇرغان ۋاستىچىلەر يۇقىرىقى شەرتلەردىن تاشقىرى ، راجپۇت راجەلىرىگە ئەكبەرنىڭ نامىدىن يەنە شۇنداق سۆز بېرىشتىكى ، ئەگەر ئۇلار پادىشاھنى كۈيئوغۇللۇققا مۇناسىپ كۆرسە ، سارايغا ئەۋەتىدىغان قىزلىرى جادەھبەيگە ئوخشاش قانۇنىي نىكاھتىن ئۆتىدۇ ، ھىندىچە مۇراسىم قائىدىلىرىنى ئورۇنداپ ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ياشايدۇ .

بىكەنىر راجەسى قەھانە رائو ئەكبەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئۆتتى ـ دە ، ئۆزىنىڭ گۈزەل قىزىنى ئەكبەرگە نىكاھلاپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتتى . مەخسۇس كارۋان بھاگۋەن داس باشچىلىقىدا ئەگرەدىن بىكەنىرغا بېرىپ ، بۇ قىزغا پادىشاھنىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىنى يەتكۈزدى . كېيىن ئۇنى قۇرداش قېرىنداشلىرى بىلەن پايتەختكە ئېلىپ كەلدى . قەلئەدە بۇ قىزمۇ جادەھبەيگە ئوخشاش ئەكبەرنىڭ نىكاھىغا ئۆتتى . ساراي ئەھلى ئۇنى قانۇنىي خانىشلاردىن بىرى دەپ ھېسابلىدى . شېرخاننى بەش ئاي ئاۋارە قىلىپ تەسلىم بولمىغان ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تىنجىغان قەلەنجەرمۇ ئەمدى ئەكبەرنىڭ دۆلىتىگە ئىختىيارىي رەۋىشتە قوشۇلدى ۋە ئۇنىڭ ھەرىمىگە يەنە بىر گۈزەل قىزنى كېلىن قىلىپ ئەۋەتتى .

يېڭى قوشۇلغان ۋىلايەتلەرنىڭ راجەلىرى بىلەن ئالاقىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ، ئۇلار بىلەن قان ـ قېرىنداش بولۇش ناھايىتى

زوْروْر ئىدى . يېڭى سىياسەتمۇ شۇنداق قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى . ئەمما ، شەرىئەت بويىچە ئەكبەر توْتتىن ئارتۇق خوتۇن ئالسا بولمايتتى . لېكىن بەزى راجە ۋە مەھەراجەلەرنىڭ ئون نەچچە خوتۇنى بار ئىدى . ھىندى دىنىدا بۇنىڭغا نېمىشقىدۇر يول قوياتتى . جايسالمىر ۋە باشقا ۋىلايەتلەر- نىڭ راجەلىرى ئەكبەرنىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش كۆپ خوتۇن ئېلىشقا ھەقلىق دەپ قاراپ ، ئۇنىڭ ئوردىسىغا يېڭى - يېڭى قىزلارنى سەپ - سېپى بىلەن كېلىن قىلىپ ئەۋەتمەكچى بولۇشتى . ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئەكبەر جايپۇرغا ياكى قەلەنجەرگە كۈيئوغۇل بولسا بولىدىكەنۇ ، نېمىشقا رانتخامھارغا ياكى جايدھپۇرغا كۈيئوغۇل بولسا بولمايدىكەن ؟ يەنە كېلىپ بۇ ۋىلايەتلەرنىڭ راجەلىرى ئەكبەرنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن بىر - بىرىدىن چىرايلىق ، بىر- بىرىدىن ئەقىللىق قىزلارنى ئەۋەتىشكە تەييارلانماقتا ئىدى . بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەردار بولغان ئەكبەر قازى كالان خوجا ياقۇپنى ھوزۇ- رىغا چاقىرىپ ، شەرىئەتتىن بىرەر يول تېپىپ بېرىشنى سورىدى .

— ھەزرىتىم ، توْت خوتۇندىن كېيىنكىسى پەقەت چۆرە بولسا بولىدۇ ، — دېدى ئەنسارىنىڭ تەرەپدارى بولغان خوجا ياقۇپ .

— لېكىن ، مۇتئە دېگەن نىكاھمۇ بارمىشقۇ ؟

— مۇتئە شىئەلەر ئويلاپ تاپقان نىكاھ . سىز پاك سۈننىي مەز- ھەپلىك تاجدارسىز .

ئەكبەر قازى كالاننىڭ سېمىز يۈزىگە نارازىلىق بىلەن تىكىلىپ :

— تەقسىر ، سىز تار يولدا مېڭىۋېتىپسىز ، — دېدى ۋە ئەتىسى قازى كالاننى يامان كۆرىدىغان موللا جالالىددىن دېگەن قازىنى خاس دىۋانىغا چاقىردى .

موللا جالالىددىن خوجا ياقۇپنىڭ رەقىبى ئىدى . ئەكبەرگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ، ئۇ بىر دىنىي كىتابنى ۋاراقلىدى - دە ، مەمنۇنىيەت بىلەن :

— تاپتىم ! — دېدى ، — مانا ، ھەزرىتىم رەسۇلۇللاھ دەۋرىدە مۇتئە نىكاھى قانۇنغا كىرگۈزۈلگەن . كېيىنكى خەلىپىلەردىن ئوسمان

ئۇنـى بىكار قىلغان . ئەمما ، خەلىپىدىن رەسۇلللاھ ئۇستۇن . ئۇنىڭ دەۋرىـدە مۇتئە نىكاھ شەرئى قانۇنلۇق سانالغانىكەن ، ھەزرىتىم ئۇمۇ ھالالدۇر .

شۇنـداق قىلىپ موللا جالالىدىن ئۆزىنىڭ خوجا ياقۇپتىن بىلىمـلىك ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا قازى كالان بولدى . ھەر قېتىم مۇتئە نىكاھى ئوقۇغاندا ، پادىشاھ ئۇنىڭغا خالتا ـ خالتا پۇل ئىنئام قىلىپ تۇردى . خوجا ياقۇپنىڭ خىزمەتتىن چۈشۈشى شەيخ ئەبـسارىنى رەنجىتىپ قويدى ۋە ئۇنىڭ ئەكبەرگە بولغان يوشۇرۇن ئۆچمەنـلىكىنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىۋەتتى .

شەرىئەتمۇ قانۇنىي يول تېپىپ بەرگەندىن كېيىن ، ئەكبەر ھەر يىلى ئۆز دۆلىتىگە ئىختىيارىي رەۋىشتە قوشۇلۇۋاتقان بىرتالاي مەھەراجە ۋە رائولارغا كۈيئوغۇل بولدى . دىنمۇ ، ئاتا ـ ئانىلارمۇ ، ساراي مۇھىتىمۇ بـۇنى قانۇنلۇق ھېسابلايتتى . يېڭى قېرىنداشلار بولسا مەرتىۋىسىنىڭ ئۆسكەنلىكىدىن مەمنۇن ئىدى .

پاراكەندە ئۆلكىلەرنى قېرىنداشلىق يولى بىلەن بىرلەشتۈرۈش مەقسىتىدە يېڭى ـ يېڭى راجە ۋە رائولارغا كۈيئوغۇل بولغان ئەكبەر دەرسلەپتە ئۆزىنىڭ يىگىتلىك كۈچى ۋە جەزبىدارلىقىدىن مەغرۇرلىنىپ خوتۇنلىرىنىڭ ئۇنى تالىشىشىدىن « تەلىيىم ئوڭ ئىكەن » دەپ كۆڭلى توق يۈردى . لېكىن ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ شېرىن ھاياتنىڭ ئاستىدا ئاچچىق ئوغا بارلىقىنى ھېس قىلدى . شۇنچە خوتۇن بىرلا ئەرگە كۆز تىكىپ كۈنداشلىق ئازابىدا جېدەللىشىپ ياشىغانلىقتىن ، بۇ ئازابلار ئېغىر كۆڭۈلسىزلىكلەرگە سەۋەب بولدى ، ھامىلدار جادھەبەي كېسەل بـولۇپ قالدى . ئۇنىڭ ۋاقتى توشماي تۇغۇلغان ئوغلى بىر ئايمۇ ئۆمۈر كـۆرمەي ۋاپات بولدى . سەلىمە بېگىم قىز تۇغقانىدى ، ئۇمۇ تۇرمىدى . ئەكـبەرگە شۇنچە كۆڭۈل بەرگەن بۇ ياش ئانىلار بۇنداق ئاقىۋەتلەرگە دۇچار بولغانلىقى ئۈچۈن قار ـ يامغۇر كەبى يىغلايتتى . پەرزەنت دەردىدە شۇنچە ئازابلىناتتىكى ، ئەكبەرنىڭ ھەسەل ھەرىسىدەك گۈلدىن ـ گۈلگە قونۇپ ئالغان لەززەتلىرى ئەمدىلىكتە زەھەرگە ئايلىنىپ بۇرنىدىن بۇلاق

بولدى . شۆنچە خوتۇنلىرى تۇرۇپ ، ھېلىغىچە بىرەر پەرزەنتلىك بولال-
مىغانلىقى ئۇنى تۇگمەن تېشىدەك ئېزەتتى . ھازىر ئۇرماندا غەمگە پېتىپ
ئولتۇرۇشىدىكى بىر سەۋەبنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى ئۇ ئەمدى سەلىم ئاتىغا
ئېيتىپ بەردى :

— يىگىرمە يەتتىگە كىردىم . بىر ئوغۇلغا زارمەن . بۇ قانداق
دېگەن بەختسىزلىككىن تاڭ ، بىر ئەمەس ، ئىككى ئوغلۇمنى تۇپراققا
تاپشۇردۇم . ھازىر جەگگى - جېدەل ، خەۋپ - خەتەر ئىچىدە تۇرۇۋا-
تىمەن . كۆڭلۈم تولىمۇ ئاتا - بوۋىلار مىراسىنى كىمگە تاپشۇرۇپ كېتەر-
مەن ؟

سەلىم ئاتا تەسەللىي بېرىشكە تەمشەلمەي سۈكۈتتە ئولتۇردى .
ئۇ كېيىنكى قېتىم دېھلىدا ھەمىدە بېگىم بىلەن كۆرۈشكەندە بېگىمۇ
نەۋرىسىنىڭ يوقلۇقىدىن كۆپ ئۆكۈنگەن . ئەكبەرنىڭ ھەرىمىنىڭ چوڭ
بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى ، بۇ يەردىكى كېلىنلەرنىڭمۇ كۆنداشلىق دوزى-
خىدا ھامىلىنى ئاسراپ قالالمايۋاتقانلىقىنى ئېچىنغان ھالدا سۆزلەپ بەر-
گەنىدى .

— ئېھتىمال ئىرسىيەتمۇ بىر سەۋەبتۇر ، — دېدى سەلىم ئاتا ، —
ھەزرەت دادىڭىزنىڭمۇ بىرىنچى ئوغلى تۇرمىغان . سىز تۇغۇلغاندا
ھەزرەت دادىڭىز . . . ئوتتۇز تۆت ياشلاردىمىكىن !

— ئەجەبا ، ئىرسىيەت مېنىمۇ شۇ ياشقىچە ئوغۇلغا زار قىلارمۇ ؟
— سىز بوۋىڭىزغا تارتقان بولۇشىڭىز مۇمكىن .
— لېكىن دادام تۇغۇلغاندا ، بوۋام يىگىرمە بەش ياشتا ئىكەن ،
مەن بۇ ياشتىن ئېشىپ كەتتىم .
— شاھ ئوغلۇم ، ئەگەر سىزگە ئېغىر كەلمىسە ، كۆڭلۈم تويغان
ئاچچىق بىر ھەسرەتنى ئېيتاي .
— مەيلى ، ئېغىر كەلسىمۇ ، ئېيتىڭ !
— ئىرسىيەت مىسالى كەم ئۇچرايدىغان بىر گۆھەر . ئۇ ئەۋلاد-
دىن - ئەۋلادقا پۈتۈن پېتى ئۆتسە ياشىيالايدۇ ، ئەگەر چوڭ گۆھەرنى
پارچىلاپ ئۇششاقلاپ چاچسىڭىز ، ئۇنىڭ گۆھەرلىك قىممىتى قالمايدۇ .

ئەكبەر سەلىم ئاتىنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى پەملەپ ، خىجالەتتىن قىزاردى . لېكىن ، يەنە يۈرىكىگە قادىلىپ تۇرغان زەھەرلىك تىكەنلەرنى سەلىم ئاتىنىڭ دەل تېپىۋالغانلىقى ئۇنى قايىل قىلدى . بۇ تىكەنلەرگە بىرەر كىشى چېقىلسا ، ئۇنىڭ دىلى ئازار يەيتتى . ئەمما ئۇنى يۇلۇپ تاشلىمىغۇچە ۋۇجۇدىدىكى دىلخەستىلىك ، روھىدىكى سۇنۇقلۇق يوقالمايتتى . قەلبى ئازاب چەكسىمۇ بۇ تىكەنلەرنى پەقەت سەلىم ئاتىنىڭ قولى ئارقىلىقلا ئېلىپ تاشلىغىلى بولىدىغانلىقىنى سەزگەن ئەكبەر :

— سۆزىڭىز توغرا بولۇۋاتىدۇ ، داۋاملاشتۇرۇڭ ، ئاتا ! — دېدى .

— تەبىئەت ھەممە جانىۋارلاردىن ئۆزىگە مۇناسىپ نەسىل يارىتىدۇ . يىگىرمە - ئوتتۇز ئۆچكىگە بىر تىكە ، ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ساغلىققا بىر قوچقار . لېكىن ، ئۆچكىدىن ئوغلاق تۇغۇلىدۇ ، ساغلىقتىن قوزا ، ئۇلاردىن ئارسلان تۇغۇلمايدۇ . سىز بولسىڭىز ئىنسان ، ئىنسانلاردىكى جۈپلۈك ئارسلانلاردىكىگە ئوخشىمايدۇ . ئورماندا ئارسلانلارنى كۆرگەنسىز . ئاتا شىر ئانا شىرغا قانچىلىك مېھرىبان ، قانچىلىك سادىق - ھە ! شۇنداق بولغانلىقتىن ئىرسىيەت گۆھىرى بىر نۇقتىغا جەم بولۇپ ، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا پۈتۈن پېتى ئۆتىدۇ . شۇڭا ، ئاتا - ئانىسىغا مۇناسىپ شىرلار تۇغۇلىدۇ . سىزنىڭ ئاتا - ئانىڭىز سىند ئۆلكىسىدە ، تار سەھراسىدا بىر - بىرىگە شىرلارچە مېھر - مۇھەببەت كۆرسەتكىنى ئۈچۈن سىزمۇ شىر بالىسىدەك ساغلام ، كۈچلۈك ، يۈرەكلىك بولۇپ تۇغۇلغان .

ئەكبەر ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرۈپ ئۆيلەنگەن خوتۇنى جادەبەيىنىڭ شۇ كۈنلەردە يەنە ھامىلدار بولغانلىقىنى ئەسلىدى .

— سەلىم ئاتا ، سىز ئېيتقان شىرلىكنى مېنىڭمۇ قىلغۇم بار . پەقەت . . . قانداق قىلىپ جادەبەيىنى كۈنداشلىق مۇھىتىدىن قۇتقۇزغىلى بولار ؟ ئۇنى قەيەرگە ئېلىپ كېتەي ؟ مەسلىھەت بېرىڭ ! . . .

سەلىم ئاتا ھاسىسىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى :

— قېنى يۈرۈڭ ، ئاۋۋال مەن سىزگە ئۆز ئۆ-

يۈمـنـى كـۆرسـتـەي .

× × ×

تار چىغىر يول ئۆلارنى ئورمان چېتىدىكى دالىدا تۇرغان ئاددىي-غىنا دېھقانچە ئۆي ئالدىغا ئېلىپ باردى . ھويلىدا قارا قوتاز كۆشەپ ياتاتتى . ئوڭ تەرەپتىكى تولۇق باش ئالغان بۇغداي مايسىلىرى شامالدا مەيىن دولقۇنلىناتتى . ئۇدۇلدا سۇلىرى كۆپكۆك كۆل كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى .

ئۆي ئىچى شۇنداق ئازادە ، ئۆي جاھازلىرى ئاددىيلا ئىدى . بورا ئۈستىگە شالچە تاشلانغان ، سەلىم ئاتا ئەكبەرنى تۆرگە باشلاپ داستىخانغا تۆتچە بۇغداي نېنى قويدى . خوتۇنى ساپال قاچىدا قوتازنىڭ قېتىقىدىن ئېلىپ كەلدى . ئەكبەر قېتىقنى قاچىنىڭ لېۋىدىن شوراپ ئىچكەنىدى ، ناھايىتى شېرىن تۇيۇلدى ، ئۇ تەكچىدىكى كىتابلارغا قىزىقىپ قارىدى .

سەلىم ئاتا جالالىدىن رۇمىنىڭ « مەسنىۋى ۋە مەنىۋى » سىنى ، فەرىددىن ئەتتارنىڭ « كولىياتى » نى ، خۇسراۋدېھلەۋىنىڭ « خەمسە » سىنى ، ناۋائىنىڭ « چاھار دەرۋىش » نى بىر - بىرلەپ ئېلىپ ئۇنىڭغا كۆرسەتتى .

— مەن يىغقان بارلىق دۇنيا مانا مۇشۇ كىتابلىرىمدۇر ، — دېدى .

— سىز مەندىن بايراق ، سەلىم ئاتا ، — دېدى ئەكبەر ، — سىزدىكى مەنىۋى بايلىقنىڭ بىرەر زەررىسىنىمۇ مەن ئۆز قەلبىمگە يىغالىغىنىم يوق . شۇڭا ، ماڭا ساخاۋەت كۆرسىتىڭ .

— جان تەسەددۇق . بارلىقىمنى سىزگە بېغىشلاشقا تەييارمەن .

ئەكبەر سەلىم ئاتىنىڭ ئۆيىدىن سىرتقا چىقتى - دە ، بۇ يەردىكى تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن ، ئورمان ، كۆل ، بۇغدايلىق — ھەممىسىنىڭ گۈزەللىكىدىن ، ئەڭ مۇھىمى سەلىم ئاتىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى پاكلىقتىن قەلبى يايراۋاتقانلىقىنى سەزدى . روھىدىكى سۇنۇقلۇق يوقىلىپ ، ئالەم

كۆزلىرىگە باللىق چاغلىرىدىكىدەك گۈزەل كۆرۈنۈپ، قەلبىدىكى ئۆچۈپ كەتكەن چىراغلار پارقىراپ يېنىپ، ئىستىقبالىغا ئىشەنچ تىكلىنىپ، ياخشى ئىشلارنى قىلىش ئىشتىياقى يەنە قوزغالدى. ئورماندىكى تەبىئەتمۇ تىرىلدۈرەلمىگەن ئىچكى كۈچىنى شۇ تەبىئەت بىلەن جور بولغان سەلىم ئاتىنىڭ مۇناسىۋىتى تىرىلدۈرگەنىدى.

— سەلىم ئاتا، ھېچكىمگە ئېيتمىغان سىرلىرىمنى سىزگە ئېيتتىم، ئەمدى ھېچكىمگە ئىشىنىپ تاپشۇرالمايدىغان ئىستىقبالىمنىمۇ سىزنىڭ پاناھىڭىزغا ئېلىپ كەلمەكچىمەن. جادەھەبەينىڭ قورسىقى ئۈچ ئايلىق بولدى. ئۇنىمۇ پەرزەنت ئورنىدا كۆرسىڭىز. بۈگۈن مېنىڭ ئۆلگەن ھېسلىرىمنى قايتا تىرىلدۈرگەن تەبىئەت ۋە مەنىۋىيەت ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنىمۇ روياپقا چىقارسا دەيمەن. بىز ئارزۇ قىلغان زور ياد زارە سىزنىڭ قانىتىڭىز ئاستىدا دۇنياغا كەلسە...

ئەكبەرنىڭ خوتۇنىنى ئۆز كۆلبىسى يېنىغا كۆچۈرۈپ كەلمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن بۇ بوۋاي پادىشاھ ۋە خانىش بىلەن بىللە بۇ يەرگە يەنە قانچىلىك كېنىزەك، خىزمەتكارلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى، ئۇلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭ قانچىلىك قىيىن بولىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۆزى پادىشاھ بولغىنىدا سارايدا ياشاپ باققان ۋە ئۇنىڭ مۇرەككەپ مۇھىتىدىن يۈرەكئالدى بولۇپ كەتكەن سەلىم ئاتا ئەكبەرنىڭ نىيىتىدىن تەشۋىشكە چۈشتى.

— ھەزرىتىم، خانىشلارغا يۈزلەپ ئادەملەر خىزمەت قىلىدۇ، ئۇلارغا كەڭ جاي كېرەك. بۇ يەردىن ئون مىل نېرىدا — سېكرى تېغى باغرىدا بابۇر بوۋىڭىز قۇردۇرغان باغ - ساراي بار. بۇ چوڭ باغ ئىچىگە بارلىق خىزمەتكارلار ۋە قورۇقچىلارمۇ سىغىشىدۇ.

— ئەگەر سىزمۇ شۇ باغقا بېرىپ تۇرىدىغان بولسىڭىز، مەيلى، جادەھەبەينى شۇ يەردە پاناھىڭىزغا تاپشۇراي.

— لېكىن مېنى... يالغۇز قويۇڭ. شاھلار سارىيىغا قايتا قەدەم باسماسلىققا ئەھدە قىلغانمەن. قېرىغىنىمدا بۇ ئەھدەمنى بۇزالمايمەن.

— ئەمما، شاھلارمۇ ئادەمغۇ، سەلىم ئاتا! شاھلارغا كۆز تىك-

كەن بالا ـ قازالارنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى باشقىلار بىلمىسىمۇ سىز بىلىسىز.

— بالاگەردان ( بالا ـ قازادىن قۇتقۇزغۇچى ) نىڭ ئۆزى خەلقتۇر. مەن بۇنى ئانىڭىزغا ئېيتقانىدىم.

— لېكىن، شاھلار بىلەن خەلقنىڭ ئارىسىنى توسۇپ تۇرغان توسۇقلار بەك كۆپ! مەن ھازىرغىچە بۇ توسۇقتىن ھالقىپ ئۆتەلىگەن ئەمەسمەن... پەقەت سىز تەقدىر تەقەززاسى بىلەن ئاتا ـ ئانام ئارقىلىق دىلىمغا يېقىن بولۇپ قالدىڭىز. ئۆزىڭىزمۇ پادىشاھ بولۇپ باققانىكەنسىز، بۇنىڭ تۇزاق، تىكەنلەرگە تولغان بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىسىز. بۇ بۇنىڭ مېنىڭ يۈرىكىمگە قادىلىپ تۇرغان نۇرغۇن تىكەنلەرنى سىز ئېلىپ گۈن تاشلىدىڭىز. سەلىم ئاتا، مەن ئۆزۈمگە سىزدىن كۆڭلى پاكراق ( غەرەزسىز ) بالاگەردان تاپالمىدىم. شۇڭا، جادەبەيىنىمۇ قانتىڭىز ئاستىغا قويماقچىمەن. رۇخسەت قىلىڭ، شۇ ئۆيىڭىزنىڭ يېنىغا ئىككىمىز ئۈچۈن چېدىر تىكتۈرەي، بەلكى، ھەزرەت ئانامالارمۇ بىللە كېلىشى مۇمكىن، قورۇقچىلار بىلەن خىزمەتكارلار ئورمان ئىچىدە سىزنىڭ كۆزىڭىزگە كۆرۈنمەيدىغان يىراقراق جايدا تۇرار. بۇ يەردىكى جىمجىتلىق ۋە پاكىزلىك بىز ئۈچۈن تېپىلمايدىغان بىر شىپالىق دورا. بۇ پاكلىق ۋە خاتىرجەملىكنى مەن كۆز قارىچۇقۇمدەك ئاسرايمەن.

ھەمىدە بېگىممۇ ئوغلى ۋە كېلىنى بىلەن بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقى سەلىم ئاتىغا يېقىپ قالدى. ھەمىدەنىڭ دىدارىغا ياشلىقىدا قانمىغان نىزام ئەمدى قېرىپ سەلىم ئاتا بولغاندا، بۇ تۇل ئايال بىلەن مەنىۋى جەھەتتە بىللە بولۇشنى ئارزۇ قىلدى. شۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇ ئەكبەرنىڭ تەلىپىگە رازىلىق بەردى.

× × ×

ئەتىسى ئاپتاپ چىققاندا سەلىم ئاتىنىڭ كۆلبىسىدىن چوشكەن ئۇزۇن سايىلەر كۈنپېتىش تەرەپتىكى كىمخاب چېدىرلار ئۈستىگە چۈشتى. سەھەردە ئۇيقۇدىن قوشتەك يەڭگىل قوپقان ئەكبەر ۋە جاد-

ھەبەي كۆلىنىڭ تىنىق سۈيىدە يۇيۇنۇپ ئۆز چېدىرلىرىغا قايتىۋاتاتتى.
ئەكبەر چېدىرغا چۈشكەن سايىسىنى جادەبەيگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ:
— بىز ئۈچۈن بۇ بەخت قۇياشنىڭ سايىسىدۇر، — دېدى.
ئەكبەر بىلەن تۇنجى نىكاھ كېچىسىنىمۇ سەنگەنىردىكى چېدىردا
ئۆتكۈزگەن جادەبەي:
— سەلىم ئاتا ھەقىقەتەن رىش① ئىكەن! — دەپ شىۋىرلىدى.
ھەرەمنىڭ ئەسەبىي مۇھىتىدا ئۇيقۇسىزلىقتىن قىينىلىپ، ئۇنىڭ
رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەنىدى. بىر ھەپتىدىن بېرى، بۇ چېدىردا ئەكبەر
بىلەن تۇرۇپ، قارىمۇتۇق يۈزىگە يەنە قان يۈگۈردى. گۈزەل چىرايى
قايتا جىلۋىلىنىپ، كۆزلىرىدە يۇلتۇزلار چاقناشقا باشلىدى. ئەكبەرمۇ
ئۇنىڭ يېنىدا بارلىق غەم ئەندىشىلەرنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى تەبىئەت باغرىدا
يايراپ يۈرگەن كېپىكتەك خاتىرجەم ۋە ئەركىن سېزەتتى. پەقەت گا-
ھىدا جادەبەي بۇ گۈزەل مىنۇتلارنى ئامانەت ھېس قىلىپ، قەھر-
غەزىپى يامان شىۋادان ۋە ئۇنىڭ پالاكەتچى خوتۇنى دۇرگەدىن قور-
قۇشقا باشلايتتى. ئورماندا ئىبادەتخانا يوق، شۇڭا جادەبەي ھامىلىنى
ئاسرىغۇچى مەبۇدلار لاكشمى②ۋە شاكتىنىڭ كۈمۈش ھەيكەللىرىنى
چېدىر چېتىدە قويۇپ ئۇلارغا ئەتىگەن ئاخشاملاردا باش ئۇراتتى. سە-
لىم ئاتا چېدىرغا كەلگەندە بۇ ھەيكەللەرنى كۆردى - دە، كەبىر توغرى-
سىدا سۆزلەپ كەتتى:
— ھىندىلار بۇتخانىغا بارىدۇ، مۇسۇلمانلار مەسچىتكە بارىدۇ.
كەبىر بولسا، ئۇلار روھىي جەھەتتە بىرلەشكەن جاينى ئىزدەيدۇ، —
سەلىم ئاتا جادەبەي بىلەن ئەكبەرنى ئالدىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، كە-
بىرنىڭ ھىندىچە شېئىرلىرىدىن ئوقۇشقا باشلىدى. جانلىق خەلق تىلىدا
ئېيتىلىدىغان گۈزەل شېئىرلارنىڭ ھەربىر بېيىتى جادەبەينىڭ قەلبىگە
زوق، خۇشاللىق، كۈچ - قۇدرەت ئېلىپ كەلگەندەك بولدى، — قاراڭ،
كەبىر ئېيتىدۇركى، ئىمان - ئىخلاس پەقەت ئادەمنىڭ دىلىدا بولغان-

① رىش — ھىندى تىلىدا ئەۋلىيا دېگەن مەنىدە.
② لاكشمى — ئاسمان مەبۇدى ۋىشنۇنىڭ خوتۇنى. شاكتى — شىۋانىڭ خوتۇنى.

دىلا ، ئەتراپنى گۈلگە پۈركەيدۇ . مەسىلەن ، يامغۇر ياغقان بىلەن بوْتـ
خانىنىڭ تاش ھەيكەللىدە ياكى مەسچىتنىڭ خىش تاملىرىدا بىرەر نەرسە
ئۈنـۈپ چىقمايدۇ . شۇڭا ، كەبىر ئىنسان دىلىنى ئۆزىگە سەجدىگاھ قىـ
لىدۇ . « ئەي ، ئادەم ! ــ دېدى كەبىر ، ــ مۇھەببەت بىلەن شەپقەتـ
نى ، پاراغەت بىلەن بەختنى مولىدىن ياكى براخماندىن ئىزدەپ ئاۋارە
بولما ، ئۇلارنى ساڭا ھېچكىم تەييارلاپ بېرەلمەيدۇ . مۇھەببەت بىلەن
شەپقەتمۇ ، پاراغەت بىلەن بەختمۇ پەقەت ئۆز قەلبىڭ ئىشتىراكىدا ، ئۆز
پەزىلەتلىرىڭ ، مېھنەتلىرىڭ ئاساسىدا مەيدانغا كېلىدۇ ! »
جادھەبەي سەلىم ئاتىنى دۇنيانىڭ بارلىق سىر ـ ئەسرالىرىدىن
خەۋىرى بار ئادەم دەپ ئىشەنگەچكە ، ئۇنىڭ ئېيتقان گەپلىرىدىن ناھا-
يىتى قاتتىق تەسىرلەندى ۋە ئىلگىرىكى قورقۇنچلىرىدىن قۇتۇلۇپ ، ئۆ-
زىگە ئىشەنچ تۇرغۇزدى . بەزىدە سەلىم ئاتا ياد بىلىدىغان كەبىر شېئىر-
لىرىدا ھىندى ـ مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىنىڭ بىرلىكى ئۇلۇغلانغانىسېرى ،
جادھەبەينىڭ دىلى يايراپ ، كۆڭلى كۆتۈرۈلەتتى .
ــ سىلەرگە كەبىرنىڭ ئۇلۇغ روھى مەدەت بەرگەي ! چۈنكى ،
ئىككىڭلار ئىككى خەلقتىن چىققان قەلبداش ئائىلە بولۇپ ، كەبىرنىڭ
ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋاتىسىلەر .
كېچىسى چېدىردا ئەكبەر جادھەبەينى ئەركىلىتىپ :
ــ دەر ھەقىقەت ، بىز بىر تەندىكى ئىككى جانمىز ، ــ دېدى .
جادھەبەي بولسا يۈرىكىنىڭ تۆۋىنىدە ئۆسۈۋاتقان پەرزەنتىنى
ئىككى يۈرەكنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولغان ئۈچىنچى بىر جاندەك
ھېس قىلاتتى .

× × ×

ئورمان ئىچىدە ئەكبەرنىڭ قېينىنىسى مەن سىنىخ باشچىلىق قىـ
لىۋاتقان قىرىقچە ئەسكەر ، مۇلازىم ۋە خىزمەتكارلار چېدىردىكى ئەكبەر-
نىڭ تىنچلىقىنى بۇزماسلىقتا تىرىشىپ ئىلاج بار كۆزگە تاشلانماي يۈ-

رەتتى. خىزمەتكارلارغا تاماق ۋە باشقا زۆرۈر نەرسىلەرنى كۈندۈزى ئاستا ئېلىپ كېلىپ بېرىشەتتى. بارلىق خىزمەتلەرنى ئاستا ۋە شاۋقۇنسىز قىلىشاتتى.

ئەكبەرمۇ ھەر كۈنى بىكار بولسا، ئورمان ئىچىدىكى قاراۋۇلخانىغا بېرىپ، چاپارمەنلەرنى قوبۇل قىلىپ، كىچىككىنە بولمايدىغان زۆرۈر دۆلەت ئىشلىرى توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرەتتى. بەگلەر ۋە خان ئاغىچىلار سېكرىدىكى قەتئىي بېغىغا كېلىشەتتى. ئەكبەر ئون مىل يولنى ئاتلىق بېسىپ كېلىپ، شۇ باغدىكى ئورۇندا قوبۇل مۇراسىملىرى ۋە كېڭەش ئۆتكۈزۈپ بەزىدە شۇ جايدا قونۇپ قالاتتى. ئەكبەر يوق چاغدا جادەبەيىنىڭ چېدىرىغا ھەمىدە بېگىم كېلىپ تۇراتتى. بېگىم قىرىق تۆت ياشقا كىرىپ، چاچلىرىغا ئاق ئارىلىغان بولسىمۇ، قەددى ھامان تۈز، چىرايىدىن كەتمىگەنىدى. دېھلىدا ھۇمايۇن قەبرىسى ئالدىدا كۆرۈشكەن ۋاقتىدا، ئۆزىنى پىرلاردەك ۋەزمىن تۇتۇپ كەلگەن سەلىم ئاتا مانا ئەمدى بۇ ئورماندا، ياشناپ تۇرغان تەبىئەت باغرىدا بېگىمنى كۆرۈپلا يۈرىكى دۇپۇلدەپ سوقۇشقا باشلىدى.

ئىزام بولۇپ يۈرگەن يىگىتلىك چاغلىرىدىكى قۇدرەتلىك تۇيغۇلار سەلىم ئاتا ئۈچۈن يەر تېگىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ماگمىدەك خەتەرلىك تۇيۇلاتتى. ئەگەر بۇ ماگما ئويغانسا، سەلىم ئاتىنىڭ ئېغىر ئازابلىرىدىن كېيىن ئاران ئۆزە بولغان ۋۇجۇدى يوشۇرۇن لەرزىگە بەرداشلىق بېرەلمەي يىقىلىپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

سەلىم ئاتا ھەمىدە بېگىمنى ئۆزىنىڭ ئاددىيغىنە كەمپىرى بىلەن تونۇشتۇردى — دە:

— تەقدىر شۇ ئىكەن، — دەپ ئېغىر تىنىدى.

ھەمىدە بېگىم سەلىم ئاتىنى دېھلىدا ھۇمايۇن قەبرىسى ئالدىدا ئۆزىگە مەنىۋى چىراغ دەپ بىلىپ قول بەرگەنلىكى ئۈچۈن بۇ يەردىمۇ ئۇنىڭغا:

— سەلىم ئاتا، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى، — كېلىنىمىز سىزنىڭ پاناھىڭىزدا گۈلدەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ، سىزگە

بولغان ئىخلاسىم ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. دېھلىدىكى قەبرە قۇرۇلۇشى پۈتسە، مەنمۇ سېكرىگە كۆچۈپ كېلىش ئارزۇسىدىمەن.

— مەقبەرىگە ئون يىلدىن بېرى ئىشلەۋاتىسىز، تېخى پۈتمىدىمۇ؟

— تاشقا گۈل چېكىپ زىننەت بېرىش تەس ئىكەن. چوڭ قۇرۇلۇشلىرى پۈتكەن. بارسىڭىز كۆرىسىز، مەقبەرە ناھايىتى چوڭ بولدى. سەھنىنى ئۈچ ئايۋانلىق ئۆي چوڭلۇقىدا ئوبدان چىقاردۇق. گۈمبىزى ئەكبەرجان سىزغان لاھىيە ئاساسىدا يەتتە قەۋەتلىك ئۆي ئېگىزلىكىدە بولدى. دېھلى تارىخىدا ھېلىغىچە بۇنداق چوڭ ئابىدە قۇرۇلغان ئەمەس. شۇڭا، ئون يىلدىمۇ پۈتتۈرەلمىدۇق.

ھەمىدە بېگىمنىڭ ھازىرمۇ ھۇمايۇننى ئەسلەۋاتقانلىقىنى سەزگەن سەلىم ئاتا ئۆزىنى بېسىپ:

— بېگىم، ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، ئەكبەردەك پەرزەنت چوڭ قىلىش كەمدىن - كەم ئانىغا نېسىپ بولىدىغان تەلەيدۇر:

— ئەكبەر ئۈچۈن تەگرىگە دائىم شۈكۈر - سانا ئېيتىپ ياشىماقتىمەن. ئەمما، ياۋاش تۇرغان ئادەمگە شامال - بورانلار بەكرەك تېگىدىكەن. قانچە قەدىردانلىرىمىزنى بۇ شاماللار ئۇ دۇنياغا ئۇچۇرۇپ كەتتى.

— ئېيتماقچىمەنكى، بىزدىن يۈز ئۆرىگەن ئەفزەلبەگ تۇتۇلدىمۇ؟

— ئەكبەرجان ئېيتمىدىمۇ؟ ئۇ بەدبەختكە قىساس ئوقى ۋاقتىدا تەگمىدى، لېكىن تىلى كېسىلىپ، تېنى پارچە - پارچە قىلىپ تاشلاندى.

— ئەفزەلبەگنى ئۇزۇن كۆسەي قىلىپ ئىشلىتىپ، ئۆزى ئارقىدا تۇرغان شەيخ ئەنسارى ھازىرمۇ سارايدا شەيخۇلئىسلاممۇ؟

— سارايدا يامانلارنىڭ كۆپلۈكى راست. ئەكبەرجانمۇ ئۇلاردىن بىزار بولدى. لېكىن. . . ئاشۇ شەيخۇلئىسلامنىڭ ئورنىغا قويىدىغان ياخشى روھانىيلار قېنى؟ سىز سارايغا شەيخۇلئىسلام بولۇپ بارامسىز؟

سەلىم ئاتا باش چايقىدى:
— بۇ تەكلىپنى ماڭا ئەكبەرشاھمۇ ئېيتقانىدى. لېكىن مەن ئۆزرە سورىدىم. شەيخۇلئىسلام دېگەن نېمە؟ دىنىي ھاكىمىيەت. باش قازىمۇ ئۆزىچە بىر ھاكىم. بۇلار ئادەملەرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش، زىندانغا سېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغان دىنىي پېشۋالار. ھالبۇكى، بايلىق — مەر-تىۋە ئىشىكتىن كىرسە، ئىمان — ئېتىقاد تۈڭلۈكتىن چىقىپ كېتىدۇ. شۇڭا، روھانىيلارغا ھاكىمىيەتمۇ، بايلىقمۇ، مەرتىۋىمۇ بېرىلمەسلىكى كېرەك. دۆلەت ھاكىمىيىتى بولغاندىن كېيىن شۇ كۇپايە، شۇنىڭ ئۆ-زىمۇ ئاۋام خەلققە ئېغىر يۈك. بۇنىڭ ئۈستىگە تۆپىلەپ دىنىي ئىس-تىبداتنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈش خەلقنى ئېزىۋېتىدۇ، مەن ئەكبەرشاھقا بۇ ھەقتە ئىلاج قىلالىسىڭىز دىنىي ھاكىمىيەتنى يوقىتىڭ، دەپ مەسلىھەت بەردىم.

ھەمدە بېگىم بۇ گەپتىن قورقۇپ كەتتى:
— سەلىم ئاتا، ئۇنداق بولسا، روھانىيلار غوۋغا كۆتۈرۈپ ئەك-بەرجاننىمۇ دەھرىيلىكتە ئەيىبلىمەمدۇ؟ سىز ئۇنىڭغا بۇنداق مەسلىھەت بەرمەڭ!
— بەرگەن بولسامۇ ئەكبىرىڭىز بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل قىلمى-دى. ئۇنىڭ خىيالى ھازىر باشقا نەرسىلەر بىلەن بەند ئىكەن.
— ھەئە، ئەكبەرجان ئوغۇل كۈتمەكتە. جادەبەيگە سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىز بەكمۇ خوش ياققانلىقىنى چوڭ كېلىنىم سەلىمە بېگىممۇ ئاڭلاپتۇ. يەنە بىرنەچچە چېدىر تىكتۈرۈپ سەلىمەنىمۇ ئېلىپ كەلسەك-مىكىن؟
— مېنىڭ بىر ئەندىشەم بار بېگىم، كۈنداشلىق ئازابىنى بىلە-سىز، جادەبەيىنىڭ كۆزى يورۇمىغۇچە بۇ ئازابنى ئۇنىڭغا يېقىن يولات-مىغىنىڭىز ياخشى.

ھەمدە بېگىم سەلىم ئاتىنىڭ بۇ ئەندىشىسىنى ئورۇنلۇق دەپ قارىدى.

ئەكبەر سەلىم ئاتىغا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ

سەلىمە بېگىمگە بولغان پوزىتسىيىسمۇ ئاۋۋالقىدىن ياخشىلىنىشقا باشلى-
غانىدى. بالىسى تۇرماي پەرزەنت ئىشقىدا كۆيۈپ يۈرگەن بۇ جۇۋاننىڭ
ئالدىدا ئەكبەر ئۆزىنى قەرزدار سېزەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن سەلىمەنى
جادەبەيدىن ئون مىل نېرىدىكى فەتھ بېغىغا كۆچۈرۈپ كەلدى.

جادەبەيىنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغاندا ئەكبەر پەرھىز
قىلىپ ئۇنىڭ قېشىغا بارمىدى. بەزىدە ئوۋغا چىقىپ ئورماندا چېدىر
تىكتۈرۈپ تۈنىدى.

سۇمبۇلە ئېيى كىرگەندە ئەكبەر گۇۋالىئار تەرەپلەرگە ئوۋغا چى-
قىپ كەتتى. ھاۋا گۇلدۇرلەپ يامغۇر ياغقان بىر كېچىسى جادەبەي
ئوغۇل تۇغدى. بۇنىڭ خەۋىرىنى ئېتى ساغرىسىغىچە لايغا مىلەنگەن،
لېكىن ئۆزى خۇشاللىقتىن كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئەھمەد بۇخارىي ئېلىپ
كەلدى. ئەكبەر ئەھمەد بۇخارىيغا سۆيۈنچە سۈپىتىدە قىممەت باھالىق
دۇرلار بېسىلغان تونىنى سېلىپ بەردى. ئوۋچىلار ئورماندا سۇناي-
دۇمباقلارنى چېلىپ يېرىم كېچىگىچە خۇشال بولۇشتى. ئەكبەر ياخشى
نىيەت بىلەن بەش يۈز مىڭ رۇپىيەگە يارايدىغان بىر چوڭ گۆھەر قاچا
ئالغان ۋە ئۇنى يېنىغا سېلىپ يۈرگەنىدى. ئەتىسى سەھەردە، ئۇ بۇ قا-
چىنى ئەھمەد بۇخارىيغا بېرىپ:

— رەنى جادەبەيگە بۇنى مەندىن سوۋغا قىلىپ بېرىڭ، سەلىم
ئاتا بولسا... سوۋغا ئالمايدۇ... بېرىپ ئېيتىڭ، ئەگەر ئاتا رازى
بولسا، ئوغلىمىزنىڭ ئىسمىنى شۇ كىشىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سەلىم قو-
يىمىز.

ئەھمەد بۇخارىي ئۇستازى سەلىم ئۈچۈن سۆيۈنۈپ ئېيتتى:

— ئالىيجاناب ئىش قىلدىڭىز، ھەزرىتىم! خەلق ئارىسىدىن چىق-
قان دەردمەنىنىڭ ئىسمىنى شاھزادىگە قويۇش تارىختىن ساقلىنىپ قالغان
بىر ۋەقەدۇر.

ئەكبەر ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇدۇمى بويىچە بالىنىڭ قىرقى بولمىغۇچە
ئۇنىڭ يېنىغا بارمىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئوغلىغا سەلىم ئاتىنىڭ ئىسمى قو-
يۇلغانلىقى ئەل - جامائەت ئارىسىدا سەلىم ئاتىنىڭ شۇنداق داڭقىنى چى-

قىرىۋەتتىكى، سەلىم ئاتا ناھايىتى تېزلا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھۆرمەتلىك مويسىپىتىگە ئايلاندى. ئۇنى بىر كۆرۈش ئارزۇسىنى قىلىدىغان ئادەملەر كۆپىيىپ كەتتى.

بالا ئۈچ ئايلىق بولغۇچە ئەكبەر ئۇنى سەلىم ئاتىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىكى چېدىردا ساقلىدى. مەن سىنىخ باشچىلىق قوروقچىلار بىگانە ئادەملەرنى بۇ تەرەپكە ئۆتكۈزمىدى. لېكىن، جادەبەي بالىسى بىلەن ئەگرەگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، قوروقچىلارمۇ كەتتى-دە، سەلىم ئاتىنىڭ ئۆيىگە زىيارەتكە كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەر قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئادەملەر سەلىم ئاتىنىڭ خوجا خىزىرلىقىغا ئىشىنىپ، ئۇنىڭ ئايىغىغا ئۆزلىرىنى تاشلىشىپ، پەرزەنتسىزلەر ئۇنىڭدىن پەرزەنت تىلەپ، كېسەلمەنلەر شىپا، بەختسىزلەر بەخت سورايتتى.

— شىپانىمۇ، بەختنىمۇ سىلەرگە تەڭرىم بەرسۇن! — دېدى سەلىم ئاتا، — مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش ئاسىي بەندىمەن، خىزىر ئەمەسمەن.

لېكىن بۇ گەپلەرنى كەمتەرلىك دەپ ھېسابلاپ، بەزىلەر ئۇنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئاتاتتى، بەزى دۆلەتمەن ئادەملەر لىق پۇل توشقۇزۇلغان ھەميان، قىممەت باھالىق گىلەملەرنى نەزىر-نىياز قىلىشىپ تۇرۇشاتتى. سەلىم ئاتا:

— ئالمايمەن! — دېسىمۇ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى تاشلاپ قويۇشۇپ كېتىشەتتى.

غەيرىي ۋە كەمبەغەللەرچە ھاياتقا كۆنۈپ كەتكەن سەلىم ئاتا بۇ ئىشلاردىن قاتتىق ھاياجانلىناتتى. ئۇ سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان تاۋاپچىلاردىن ئۆزىنى قانداق قاچۇرۇشنى بىلمەي يۈرىكى دۇپۇلدەپ سوقۇپ، ئاجىز تېنى شۆھرەتنىڭ ئېغىر يۈكىنى كۆتۈرەلمەي سىرقىراپ ئاغرىپ، كېچىلىرى ئۇيقۇسى قېچىپ، كۈندۈزلىرى ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، تەن دۇرۇس بولالمىدى.

ھوت ئېيى كىرگەندە ، ئەكبەر ئۇنى كۆرگىلى كەلدى ـ دە ، سەلىمە بېگىمنىڭمۇ بويىدا قالغانلىقىنى ، ئەگەر سەلىم ئاتا رازىلىق بەر-سە ، ئۇنىڭ كۆلبىسىگە كۆچۈپ كەلمەكچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى .

ــ ھەسسىنەي ، سىزنىڭ قورۇقچىلىرىڭىز بار ۋاقتىدا تىنچ ئى-دىم ، ــ دېدى سەلىم ئاتا ، ــ ھەرخىل باي سودىگەرلەر نەزىر ـ نىياز كۆتۈرۈپ ئۆيۈمگە باستۇرۇپ كېلەلمەيتتى . نېسۋەم شۇ ئوخشايدۇ . ئەمدى مەن سىزنىڭ ھىمايىڭىزغا موھتاجمەن . بېگىمنى ئېلىپ كېلىۋې-رىڭ .

بۇ قېتىممۇ ئەكبەر سەلىم ئاتىنىڭ كۆلبىسى يېنىغا ئۈچ چېدىر تىكتۈردى . ئۇلاردىن بىرىدە سەلىمە بېگىم دايا كەمپىرى بىلەن ، بىرىدە ئەكبەر ، بىرىدە ھەممىدە بېگىم كېنىزىكى بىلەن تۇ-رۇشقا باشلىدى . سەلىم ئاتا سەلىمە بېگىم بىلەن مۇشائىرە قى-لىشنى ياخشى كۆرەتتى . ئۇلار بەزىدە جالالىددىن رۇمى مەسنەۋى-لىرىدىن ، بەزىدە ھاپىز ناۋايى غەزەللىرىدىن نۆۋەتمۇنۆۋەت ياد ئو-قۇشۇپ ، ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى سەزمەي قېلىشاتتى .

ئىسسىق ئايلار ، چاڭ چىقىرىپ يۇرىدىغان شامماللار ئۆتۈپ كېتىپ ، يامغۇر پەسلى باشلانغان جەۋھەر ئېيىدا سەلىمە بې-گىممۇ ئوغۇل تۇغدى . شۇ كۈنى سەككىز يىلدىن بېرى زارلىنىپ كۈتكەن جۇۋان ساغلام ۋە سېمىز بوۋاقنى بىرىنچى قېتىم باغرىغا بېسىپ ئەمگۈزۈۋېتىپ :

ــ خۇداغا شۈكۈر ، ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم ، ــ دەپ شىۋىرلىدى ، ــ ئېتىنى مۇراد قويايلى !

ئەكبەر بۇ قېتىممۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئۇدۇمى بويىچە قى-رىق كۈنلۈك بولغۇچە كۆرۈشۈشكە كەلمىدى . پەقەت سەلىمەنىڭ تىلىكى بىلەن ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئېتىنى مۇراد قويۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ خەۋەر يەتكۈزدى . خۇش خەۋەر ئېلىپ بار-غان قىلىچخان ئەنجانى سۆيۈنچىگە باشتىن ـ ئاياغ ئېسىل كىيىم كىيدى . ئەكبەر ئۇنىڭدىنمۇ سەلىمە بېگىمگە گۆھەر ئۈزۈك سوۋغا

قىلىپ ئەۋەتتى.

× × ×

ئەكبەر سېكرىنى بارغانسېرى ياخشى كۆرۈپ قىلىۋاتاتتى.
سېكرى تېغىنىڭ سۆرۈن ھاۋاسى، ماۋىي كۆلىنىڭ سالقىنى، قەتھ بې-
غىدىكى بولدۇقلاپ چىقىۋاتقان بۇلاقنىڭ زىلال سۈيى ۋە بىر ئەمەس
ئىككى ئوغلى تۇغۇلغان جايلار ئۇنى مەھلىيا قىلىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ
ئەمدى ئەگرەدە كۆپ تۇرغۇسى كەلمەيدىغان، ئامال قىلالىسىلا، سېك-
رىگە بارىدىغان بولۇۋالدى. چاكارلار، مۇلازىملار، بەگ ـ ئاغىچىلار
ئەگرە بىلەن سېكرى ئارىسىدا مۇكىدەك قاتناشقا باشلىدى. ئاخىر بىر
كۈنى ئەكبەر ئەڭ نوپۇزلۇق ئەمىرلەرنى سېكرىنىڭ قەتھ بېغىدا كې-
ڭەشكە يىغىپ:

— پايتەختنى ئەگرەدىن سېكرىگە كۆچۈرىمىز! — دېدى، —
بۈگۈندىن باشلاپ ئالىي مەھكىمىلەر سېكرىدە بولسۇن.

بۇ كۈتۈلمىگەن قارادىن بەزى ئەمەلدارلار ساراسىمىگە چۈشتى.

— ھەزرىتىم، باشقا مەھكىمىلەرگە بىنا يېتىشمەيدۇ. ئاۋۋال
يېڭى پايتەخت قۇرۇپ، ئاندىن كېيىن كۆچۈپ كەلسەك
ياخشى بولارمىكىن؟ — دېدى تاردەرمال.

— بىنا يېتىشمىگەن مەھكىمىلەر ئۈچۈن چېدىرلار تىكىل-
سۇن! — دېدى ئەكبەر، — بىزنىڭ ئائىلىمىز، باللىرىمىزمۇ چېدىردا
ياشىغان تۇرسا، نېمىشقا ئەمەلدارلار ياشىيالمىغۇدەك؟ دىۋانلارمۇ چېدىر
شەكلىدە تىكىلسۇن. كېرەك بولسا، ئىككى ھۇجرىلىق چېدىرلارنى يا-
سايدىغان ئۇستىلىرىمىز بار. شۇلارغا بۇيرۇڭلار، ئەلۋەتتە، ئۆمۈرۋايەت
چېدىردا ئۆتەلمەيمىز. دەرھال يېڭى پايتەختنى قۇرۇشقا باشلايمىز. ئۇ-
نىڭ ئومۇمىي لايىھەسى قەغەزگە سىزىلدى. بىناكارلارغا نەقىش سىزىش
بۇيرۇلدى. جانابى چاغاتايخان تاشكەندى، سىز ئۆز ئادەملىرىڭىز بىلەن
مەزكۇر پايتەخت ئەتراپىغا تام قوپۇرىسىز.

چاغاتايخان ئورنىدىن تۇرۇپ:

— باش ئۇستىگە! — دېگىنىچە بۇ پەرماننى قوبۇل قىلدى.

— جانابى بهاگۇەن داس، سىز دۆلەت مەھكىمىلىرى ئۈچۈن ئۈچ ھۇجرىلىق بىنا قۇرۇشقا مەسئۇل بولۇڭ.

بھاگۇەن داسمۇ بۇ تاپشۇرۇقنى تەزىم بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۆز سىڭلىسى جادھەبەي ۋە ئوغلى سەلىم تۇرىدىغان ئۆيىنى قۇرۇپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. قىلىچخان ئەنجانى پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى ۋە خاس ئۆيلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان قەسىر قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەندى.

شۇ چاغدا ئەكبەر يېڭى پايتەخت قۇرۇش ئۈچۈن بارلىق ئەمىرلىرى ۋە يېقىن ئادەملىرىنى سەپەرۋەر قىلدى. ئۆزى بولسا باش بىناكار بولۇپ، قايسى بىنانىڭ قەيەرگە سېلىنىدىغانلىقىنى ۋە قانداق شەكىلدە قۇرۇلىدىغانلىقىنى بەلگىلەپ بېرىشكە باشلىدى.

دېھلىدا مىرزا ھۇمايۇن قەبرىسى پۈتكۈزۈلگەنلىكتىن، ئۇ يەردىن بوشىغان مىڭلاپ ئادەملەر، ھارۋىلار، يۈك توشۇغۇچى پىللار ۋە تۆگىلەر سېكرىدىكى قۇرۇلۇشقا يۆتكەپ كېلىندى، ئەگرە قەلئەسىنىڭ قۇرۇلۇشى تېخى يېقىندىلا پۈتكەنىدى. ئۇ يەردە ئىشلەپ تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان ھۈنەرۋەنلەرمۇ ئەمدى سېكرىگە كېلىپ ئىشلەشكە باشلىدى.

ھەممە بىنانىڭ تاملىرى قىزىل تاشتىن قوپۇرۇلماقچى ئىدى. بۇ تاشلارنى ئۇزاقتىكى تاغلاردىن توشۇپ كېلىدىغان تاشچىلار بار ئىدى. ئۇلار ھەربىر تاشنىڭ بويى ۋە ئېنىنى ئۆلچەپ بەزىدە ئېغىرلىقىنى چوڭ تارازىلاردا ئۆلچەپ ساتاتتى. يېڭى پايتەختنى قۇرۇشقا ئون مىڭلاپ ئادەم قاتناشتۇرۇلدى. ھەممىسىنىڭ تاشقا ھاجىتى چۈشەتتى. شۇڭا، سېكرىدە چوڭ تاش بازىرى شەكىللەنگەنىدى. تاش بېسىلغان ھارۋىلارنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى سەلىم ئاتا تۇرغان جايلارغىمۇ ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مۇرادنىڭ قىرقى چىققاندىن كېيىن ئەكبەر ئۇنى كۆرگىلى كەلدى. سەلىمە بېگىمنى سۆيۈپ تەبرىكلىدى - دە، يۆگەكتىكى بالىنى قولىغا ئېلىپ، ئاقۇش يۈزىگە، تىللادەك چاچلىرىغا قارىدى:

— بوۋىلارغا تارتىپتۇ! ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن! بېگىم، تىلىكىم

گىمىز نېمە، ئېيتىڭ؟

— تىلىكىم، سېكرىدىن كەتمەسلىك. بۇ يەرلەر ناھايىتى خاسىيەتلىك ئىكەن. جەننەت ماكان بابۇر بوۋىمىز بۇ يەرلەرنى ياقتۇرۇپ قالغاچقا، فەتھ بېغىنى ياساتقانىكەن.

— شۇنىڭ ئۈچۈن يېڭى پايتەختكە فەتھئاباد دەپ نام قويماقچىمەن، — دېدى ئەكبەر.

— ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ روھىنى خۇش قىلىدىغان خەيرلىك ئىش! بارلىق نىيىتىڭىزگە يېتىڭ ھەزرىتىم! پەقەت... يېڭى پايتەختىڭىزدە مەن بىلەن مۇراد ئۈچۈن ئالاھىدە بىر ئورۇن تېپىلارمىكىن؟

سەلىمە بېگىم ئەمدى ھەرەمدە، كۈنداشلىرى ئارىسىدا تۇرۇشنى خالىمايتتى. بۇنى سەزگەن ئەكبەر:

— سىز بىلەن مۇراد ئۈچۈن ئىككى ئېغىزلىق ئالاھىدە ھۇجرا سالدۇرىمەن! — دېدى، — ھويلىسىدا چىمەنلىكلەر، سالقىن فونتانلىرى بولىدۇ.

— مىننەتدارمەن، ھەزرىتىم! بىز بۇ گۈزەل كۈنلەرگە سەلىم ئاتىنىڭ شاراپىتى بىلەن ئېرىشتۇق. لېكىن، ھازىر سەلىم ئاتىنىڭ دەرمانى كېتىپ، كونا كېسەللىرى قوزغىلىۋېتىپتۇ...

ئەكبەر سەلىم ئاتىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردى. تۆردە ئاق پوستەك ئۈستىدە يانپاشلاپ ياتقان سەلىم ئاتا ئورنىدىن ھالسىز ھالدا كۆتۈرۈلدى. ئەكبەر ئۇنى تۇرغىلى قويماي يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى ئاق تونىنىڭ ئېتىكىنى كۆزىگە سۈرتۈپ سورىدى:

— سىزگە نېمە بولدى، سەلىم ئاتا؟

— مېنى بۇنچىۋالا تاۋاپ قىلماڭ، شاھ ئوغلۇم، كەمىنەمۇ ئاجىز بىر ئىنسانمەن...

ئەكبەر ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمەي، چىرايىغا ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى. سەلىم ئاتا كېيىنكى چاغلاردىكى ئىچكى تۇيغۇلىرىنى ئۇنىڭغا قانداق ئېيتىشنى بىلەلمەي جىم بولۇپ قالدى.

مۇراد تۇغۇلغاندىن كېيىن سەلىم ئاتىنىڭ ئەل ئارىسىدىكى شۆھ-
رىتى تېخىمۇ ئېشىپ كەتكەنىدى. ھەتتا: «ئەكبەرشاھ سەلىم ئاتىنىڭ
ھۆرمىتى ئۈچۈن پايتەختنى ئەگرەدىن سېكرىگە كۆچۈرۈپتىمىش» دې-
گەن گەپلەر تارقالدى. «سەلىم ئاتا خوجا خىزىر ئىكەن» دېگەن
گەپكە ئىشىنىدىغانلار كۆپىيىپ كەتتى. مىڭلاپ ئىخلاسمەنلەر خوجا
خىزىر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەڭ چوڭ ئارزۇلىرىنى ئۇنىڭ ئۆتكۈر تىنىق
لىرى بىلەن دەرھال ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق، ئەكبەر
قويغان قورۇقچىلار زىيارەتكە كېلىۋاتقان كىشىلەرنى سەلىم ئاتىنىڭ
ئۆيى تەرەپكە ئۆتكۈزمىدى. سەلىم ئاتىنىڭ ھاسىسىغا تايىنىپ سوق-
ماقلاردىن پىيادە ماڭىدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئىخلاسمەنلىرى ئۇنىڭ يو-
لىنى پايلاشقا باشلىدى. سەلىم ئاتا ئورمان يولىدىن ئۆتۈپ قالسا، ئۇنىڭ
ئايىغىغا باش ئۇرۇپ، ئىزگۇ تىلەكلەرنى ئېيتىشاتتى. بەزىلىرى قوي،
ئۆچكە ياكى باشقا جانىۋارلارنى ئۇنىڭغا ئاتاپ سويۇشاتتى. سەلىم ئاتا:
— مېنى خوجا خىزىر دېگەنلەر خاتالاشتى. مەنمۇ سىلەرگە
ئوخشاش ئاددىي ئادەممەن! — دېسىمۇ قۇتۇلالمايتتى. كۆڭلەرنىڭ ئۆ-
تۈشى بىلەن سەلىم ئاتا پىيادە سەيلىگە چىقمايدىغان بولدى.
— ئوت بالاسىدىن، سۇ بالاسىدىن ساقلىسۇن، دېگەن گەپ
بار، شۆھرەت بالاسىمۇ قورقۇنچلۇق ئىكەن. بىرنەچچە كۈن پادىشاھ
بولغان ۋاقتىمدا شان - شۆھرەتتىن مەست بولۇپ بىر قېتىم ئۆلۈمدىن
ئېشىپ قالغانىدىم. بۇ قېتىم بەلكىم... قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمەن.
— ئۇنداق دېمەڭ سەلىم ئاتا! مەن سىزنىڭ نامىڭىزغا سېكرىدە
بىر مەدرىسە قۇردۇرماقچىمەن. تېخى سىزگە ئۇنىڭ تالىپلىرىغا مەنىۋ-
يەتتىن ساۋاق بېرىشىڭىزگە توغرا كېلىدۇ.
— ئەگەر شۇنداق بولسا، مېنىڭ ئابدۇللا نىيازى، شەيخ مۇبارەك
دېگەن مەسلەكداشلىرىم بار ئىدى. ئادالەتلىك دۆلەت تۈزۈمنى ئارزۇ
قىلىپ، بىئەنەدىكى خەلق ھەرىكىتىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئابدۇللا
ئەنسارى ئۇلارنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان. ئەمما ئاشۇ خەلق ھەرىكىتى
شېرخانلار سۇلالىسىنى ئىچىدىن يېمىرىپ ئاتىڭىز بىلەن سىزنىڭ ھىن-

دىستانغا قايتىشىڭىزغا يول ئاچقانىدى . مېنىڭ ھاياتىمدىكى . . . ئەڭ يورۇق كۈنلەرمۇ ئادالەت ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن ئاشۇ بىئەنەدىكى قوزغىلاڭغا قاتناشقان پەيتىم بولدى . . . بۇ خەلق ھەرىكىتى ئۈچۈپ قالغىنى يوق . ئۇنىڭ چوغلىرى ئەڭ ياخشى ئادەملەر قەلبىدە ھازىرمۇ يالقۇنلىنىپ تۇرۇپتۇ . ئابدۇللا نىيازى ، شەيخ مۇبارەك ، ئۇنىڭ فەيزىي دېگەن تۇنجى ئوغلى ، ئەبۇلفازىل دېگەن ئوتتۇرانچى ئوغلى ھەممىسى ئادالەتپەرۋەر رەھبەرگە تەشنا . ئۇلار سىرھىند ، گۇجارەت تەرەپلەردە ئەنسارىدىن قېچىپ يۈرۈپتىمىش . . . ئەگەر مېنىڭ كۈنۈم توشسا . . . ئاشۇلار سىزگە سادىق . . . بالاگەردان بولۇپ قالىدۇ !

ئەكبەر سەلىم ئاتىنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى سېزىپ ساراي تېۋىپىنى چاقىرتقۇزدى . دورا - دەرمانلار بىلەن سەلىم ئاتىنى بىرنەچچە ۋاقىتلا ساقلاپ قالالىدى . كونا يارىلارنىڭ ئورنى ئاغرىپ ، سەلىم ئاتا ئۇزاق ۋاقىت ئۆيدىن چىقالماي ياتتى . ئەكبەر بىلەن ھەمىدە بېگىم ئۇنى يەنە يوقلاپ كەلگەن چېغىدا :

— ئەمدى . . . رازى بولۇڭلار ! — دېدى .

ھەمىدە بېگىم ئۇنىڭ قاق سۆڭەك بولۇپ كەتكەن قولىنى كۆزىگە سۈرتۈپ يىغلاپ كەتتى :

— مىڭ مەرتىۋە رازى . . . بىزدىن ئۆتكەن بولسا . . . كەچۈرۈڭ . . .

ئەكبەرمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ گەپ قىلالماي قالدى . بۇ شۇنداق شەپقەتسىز تەقدىركى ، كىم چوڭ ياخشىلىقلارنى قىلسا ، ئۇزۇن ياشىيالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ . ئاتىسى ، بەيرەمخان ، ماھىم ئېنىكئانا . . . مانا ئەمدى سەلىم ئاتا . . . شاھلىق ھاكىمىيىتى دېگەن راستلا سەلىم ئاتا ئېيتقاندەك بىر ئەجدىھا ئىكەنغۇ . ئەكبەرگە قالغان بولغان ئەڭ ياخشى ئادەملەر بىر - بىرلەپ ئۇنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىۋاتامدىغاندۇ ؟ بەلكىم ئەمدى نۆۋەت ئەكبەرنىڭ ئۆزى ياكى ئانىسى ھەمىدە بېگىمگە كەلگەنمىدۇ ؟

بۇ پەرەز ئەكبەرنى چۆچۈتۈۋەتتى .

سەلىم ئاتا ئەتىسى ۋاپات بولدى .

ئۇ سېكرى تېغىنىڭ ئۇستىگە — يېڭى قۇرۇلۇۋاتقان پايتەختىنىڭ مەركىزىگە دەپنە قىلىندى . سەلىم ئاتىنىڭ ئاق مەرمەر مەقبەرە ئىچىدىكى قەبرىسى ، فەتىھئابادتىكى تۇنجى قەبرە ئىدى . ئەكبەر پاكلىق تىمسالى بولغان مەنۋى ئاتىسىنىڭ قەبرىسىنى دېڭىز ئاستىدىن ئېلىنغان ساپ مەرمەر سەدەپلەر بىلەن قاپلاتقۇزدى .

## فەتھىئاباد. گۇجارەت. ئىككى سۈيقەست

بۇنىڭدىن قىرىق بەش يىل بۇرۇن، سېكرىنىڭ فەتھ بېغىدا بابۇر خاندەمىر بىلەن سۇ ئىچكەن بۇلاق ھېلىھەم يەر ئاستىدىن پاكىز قۇملار بىلەن بىللە قايناپ چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تىنىق سۈيى تۆپتۈز بوي سوزغان سەنابەر ۋە ئىنىب دەرەخلىرى ئارىسىدىن شىلدىرلاپ ئاقماقتا. سۈيقەستتىن ياردار بولغان ئەكبەرنى كەچكى مەھەل تەختىراۋاندا شۇ باغقا كۆتۈرۈپ كېلىشتى...

بۇ ھادىسە كۆپكۆندۈزدە دېھلى كوچىسىدا يۈز بەردى. ئەكبەر دادىسىنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلىپ قايتىۋاتاتتى. يېنىدا ئەللىكچە ئاتلىق يىگىتمۇ بار ئىدى. زىيارەتكە بارغاندا، ئۇ زەرلىك كىيىمنى ئەمەس، ئەستەرسىز توننى كىيىپ بارغانىدى.

چوڭ كوچىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، ئەكبەر ماھىم ئىنىكئانا قۇردۇرغان قىزلار مەدرىسىنىڭ ئىككى قەۋەتلىك بىناسىغا قارىدى ۋە ئاتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتتى. چۈنكى، مەرھۇمنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن شۇ يەردە بىردەم توختاپ ئۆتكۈسى كەلگەنىدى. ئۇ مەدرىسە تەرەپكە قايرىلىپ تۇرۇشىغا، ئىككىنچى قەۋەتنىڭ ئايۋىنىدا كەسكىن بىر ھەرىكەت بايقالدى، يەنى يوغان، ئېگىز تامنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان بەستلىك بىر ئادەم ئوقيا ئوقىنى ئەكبەرنىڭ سول كۆكسىنى چەنلەپ ئاتتى. ئوقنى ناھايىتى كۈچلۈك قولنىڭ ئاتقانلىقى ۋىژىلداپ كېلىۋاتقان شەپىسىدىنمۇ بىلىنەتتى. جەڭلەردە كۆپ يۈرۈپ، بۇ شەپىدىكى ئەجەل خەتىرىنى تېز ئايرىشقا ئۆگەنگەن ئەكبەر دەرھال ئاتنىڭ بويىنىغا ئېگىلدى.

ئەمما، ئوقتىن پۈتۈنلەي دالدىلىنىشقا ئۈلگۈرەلمىدى. كۆكرەككە چەنلەپ ئېتىلغان ئوق سول مۈرىسىگە شۇنداق قاتتىق سانجىلدىكى،

ئەكبەر هوشىدىن كېتىپ ئىگەردىن يەرگە يىقىلدى. يېنىدىكى جېلىلخان قورچى ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۇنى يەلكىسىدىن يۆلەپ تۇرغۇزدى. شىمجائەتخان دېگەن ساقچى ئۇنچە يىگىتى بىلەن ئوق ئاتقان ئادەمنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن چېپىپ كەتتى. ئايۋاندا ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن دىۋە سۈرەت بىر يىگىت قىزلار ساۋاق ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئۆيلەرگە كىرىپ يوشۇرۇنماقچى بولدى. ئەكبەرنىڭ قورۇقچىلىرى قىيا - چىيا كۆتۈرۈپ ئايۋانغا قېچىپ چىققان قىزلار ۋە خانىملار ئارىسىدىن:

— پوش - پوش! — دەپ ئۆتۈپ، ئوق ئاتقان ئادەمنى قوغلاپ كەتتى.

بۇ ئارىدا ئەكبەر سەل ئۆزىگە كەلدى - دە، مۇرىسىگە سانجىلغان ئوقنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىتىشىنى هېس قىلدى ۋە قانىنىڭ بەدىنىگە ئېقىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. جېلىلخان:

— ئوق زەهەرلەنگەن بولۇشى مۇمكىن! — دېدى - دە، ئوقنى سۇغۇرۇپ تاشلىماقچى بولۇپ تارتتى. لېكىن، ئوق مۇرە سۆڭىكى بىلەن گۆش ئارىسىغا ناهايىتى چوڭقۇر سانجىلغان بولۇپ، تارتقانغا چىقمايتتى. ئەكبەرنىڭ ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭراپ، رەڭگى ئاقىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن جېلىلخان ئوقنى يەنە كۈچەپ تارتىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەكبەر ئۆزى سول مۇرىسىگە ئالدى تەرەپتىن سانجىلغان ئوقنى ئوڭ قولى بىلەن شارتتىدە سۇغۇرۇپ تاشلىدى. كۆزى يەنە يۇمۇلۇپ، قانىنىڭ تېخىمۇ قاتتىقراق ئېقىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرمىدى.

خۇرجۇندا دائىم قان توختىتىدىغان دورا، يارىنى تاڭىدىغان پاكىز ماتا ۋە مەلهەم ئېلىپ يۈرىدىغان رەفىق مەهرەم جېلىلخانغا ياردەمگە يېتىپ كەلدى. ئىككىيلەن بىرلىشىپ ئەكبەرنىڭ يارىسىنى تېڭىشتى ۋە قولتۇقىدىن يۆلەپ، سۇ بويىدىكى سايە يەرگە ئېلىپ كېلىشتى.

قىزلار مەدرىسىگە كىرىپ كەتكەن يىگىتلەر دىۋىدەك بەهەيۋەت ئادەمنى تۇتۇپ قوللىرىنى باغلاپ سۆرەپ چىقىشتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىككى نۆكەر قولىدىن تۇتۇپ ئېلىپ كېلىۋاتقان مەدرىسە قاراۋۇلى:

— مېنى قويۇۋېتىڭلار ، بۇ پولات ۋەسۋەسىنى مەن كىرگۈزمە-
گەن ! — دەپ يالۋۇردى ، — ئۆزىنىڭ كاساپىتى ئۆزىگە . ئىككىنچى
قەۋەتكە ئوغرىلىقچە چىقىۋالغان گەپ ، مەن كۆرسەم ، ئۇنى مەدرىسىگە
كىرگۈزەرمىدىم ؟ نامەھرەم دىۋانە ئايۋانغا ئاسماندىن چۈشكەنمىكىن ؟
نۆزەمبىللا بىخەۋەرمەن !

كۆزلىرى قۇترىغان ئۆكۈزنىڭ كۆزلىرىدەك قانغا تولغان پولات
ۋەسۋەس ئەكبەرنىڭ تىرىك قالغىنىنى كۆرۈپ :

— سەندەك دىندىن قايتقان دەھرىي پادىشاھنى ئۆلتۈرۈشمۇ ئاز-
لىق قىلىدۇ ! — دەپ ۋارقىرىدى ، — سەن نوقۇل كاپىرلارغا يان باس-
تىڭ ، قانچىلىغان مۆمىن مۇسۇلماننى ئۆلتۈردۈڭ ! ئەدھەمخان ، ئەلىقۇ-
لىخان ، باھادىرخانلار مېنىڭ قەدىردانلىرىم ئىدى . پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن
بولغان قانچە سەئىد خوجىلارنى قىرغىن قىلدىڭ ! ئۆزۈڭگە ئوخشاش
دەھرىي قىرى سەلىم چەشتىگە باش قويدۇڭ ! مېنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بو-
لۇپ يۈرگەنلىكىڭنى ئاڭلىدىم . ئاسماندىن ۋەھيي كەلدى ! شۇڭا ،
ئاۋۋال سېنى ئۆلتۈرمەكچىدىم ! ۋادەرىخ ، دۈشمىنىم تېخى تىرىك !

جېلىلخان پولات ۋەسۋەسىنىڭ كېكىردىكىگە بىر قويۇپ ئاۋازىنى
ئۆچۈردى . ئەكبەر جېلىلخانغا :

— بۇنى تىرىك ساقلاڭلار ! — دېدى ، — ۋەزىر جەملىگە ئاپى-
رىپ تاپشۇرۇڭ . ئۇنىڭ كەينىدە كىمنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلىسۇن .

پولات ۋەسۋەسىنىڭ بېشىغا قاپ كىيدۈرۈلۈپ ، پۇتى باغلاندى .
نۆكەرلەردىن بىرى ئۇنى ئاتقا مىندۈرۈپ قەلئەگە ئېلىپ ماڭدى . ئەك-
بەرنىڭ مۈرىسىدىن باشلانغان ئاغرىق پۈتۈن بەدىنىگە تارقىلىپ ، قە-
زىتمىسى ئۆرلەشكە باشلىدى . ئېتىنى ئېلىپ كەلگەندە ئۈزەڭگىگە پۇت
سالالماي قىينالدى . قولىنى مىدىرلاتسا ، مۈرىسىدىن باشلانغان ئاغرىق
چىدىغۇسىز كۈچىيىپ كېتەتتى . لېكىن ، يامان گەپلەر كۆپىيىپ كەت-
مەسلىكى ئۈچۈن ئۇ چىشىنى چىشلەپ مۇلازىملىرىنىڭ ياردىمىدە ئاتقا
مىندى-دە ، مىڭ تەسلىكتە پۈرمەن قەلئەسىگە يېتىپ باردى .

بۇ يەردە تېۋىپلار ئاغرىق توختىدىغان دورىلار بىلەن ئۇنى

داۋالاشقا كىرىشتى. ھەر ئۈچ - تۆت سائەتتە ۋەزىر جەمىل كېلىپ پولات ۋەسۋەسىنىڭ تەرگەۋىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى يەتكۈزۈپ تۇردى:

— ھەزرىتىم بۇ دىۋانە كىمنىڭ دەيدىغانلىقىنى بىلەن بۇ مۇناپىقلىقنى قىلغىنىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. گەپلىرى چاك باسمايدۇ. كىم ئۇنىڭ قولىغا ئوقيا بەرگىنىمۇ ئېسىدە يوق.

— قېنى شۇ ئوقيا؟ قورالنى تەپتىش قىلدىڭىزمۇ؟

ۋەزىر جەمىل ئەكبەرگە ئېتىلغان يا ئوقىنى ۋە كامانىنى كۆرسەتتى:

— ھېلىمۇ ياخشى، يا ئوقىغا زەھەر سۈركەلمىگەنىكەن، بۇنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىدۇق. — دېدى.

ئەكبەر ساق قولى بىلەن كامانىنى ئايلاندۇرۇپ كۆردى. ئۇنىڭ كۆزگە تاشلىنىدىغان جايلىرى كۈمۈش ۋە سەدەپ بىلەن زىننەتلەنگەن، كامان ئەڭ قاتتىق ئىرغاي ياغىچىدىن ياسالغانىدى.

— ئىرغاي ماۋەرائۇننەھر تاغلىرىدا كۆپ ئۆسىدۇ، — دېدى ئەكبەر، — كامانىنى تۇرانلىق ئۇستىلار ياسىغان بولمىسۇن يەنە؟

ۋەزىر جەمىل كامانىنىڭ ئىچكى تېمىغا يېزىلغان بىر سۆزنى كۆردى:

— سىزنىڭ ئېيتقىنىڭىز توغرا، ھەزرىتىم! «ئەمەلى ئۇستا ئالىم شاشي» دەپ يېزىلىپتۇ. ھەي، ئەبلەخلەر! جاھانغا مەشھۇر كامانى شاشىينى پولات ۋەسۋەسىنىڭ قولىغا كىم تۇتقۇزغاندۇ؟

جاراھەت ئاغرىقىدىن قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىۋاتقان ئەكبەر ۋەزىر جەملگە قەتئىي يوسۇندا مۇنداق دېدى:

— بۇنى سىز ئېنىقلىشىڭىز لازىم! ۋەسۋەس قەيەلەردە تۇرغان، كىملەر بىلەن ئۇچراشقان؟ ... بېرىڭ، ئەڭ ماھىر تەكشۈرگۈچىلەرنى ئىشقا سېلىڭ!

— باش ئۇستىگە ھەزرىتىم! — ۋەزىر جەمىل كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

ئەكبەر سەدەپ ۋە كۈمۈشلەر نەپىس جىلۋە قىلىپ تاۋلىنىدىغان

كامانى شاشىينىڭ قىزغۇچ ئىرغاي سېپىغا تىكىلگىنىچە چوڭقۇر ئويغا پاتتى.

بوۋىلار يۇرتى ماۋەرائۇننەھرنى ئۇ چۈشىدە كۆرگەنمۇ ياكى گۆدەكلىكىدە خانزادە بېگىم ئۇنى كابۇلدىن پەرغانە ۋادىسىغا، تاشكەنت ۋە سەمەرقەندكە ئېلىپ بارغانمۇ، بۇنى ئېنىق بىلمەيتتى. لېكىن، بوۋىسىنىڭ كىتابىدا تەسۋىرلەنگەن ئوشنىڭ لاللىرى، ئەنجاننىڭ نەشپۈتى، مەرغىلاننىڭ چوڭ - چوڭ ئانارلىرى، ئىسفەرە بادامزارلىقى خۇددى بالىلىقىدا كۆرگەن ئۇنتۇلماس ئاجايىباتلاردەك خاتىرىسىدە ئېنىق گەۋدىلەندى. ئەكبەر سەمەرقەند، تاشكەنتلەرنى سېغىنغاندەك يۈرىكى شۇ تەرەپكە قاراپ تەلپۈنگەندەك بولاتتى.

ھىندىستان بىلەن تۇران ئارىسىدا قاتناپ تۇرغان سودا كارۋانلىرى ماۋەرائۇننەھرنىڭ شېرىن - شېكەر مېۋىلىرىدىن ئەكېلىپ تۇراتتى. ئەكبەر ئەگرەدە ياشاپ تۇرۇپمۇ، پەرغانىنىڭ شېرىن قوغۇنلىرىنى، سەمەرقەندنىڭ رەڭدار ئالمىلىرىنى يەپ كۆرگەن، ئۇلارنىڭ ئاجايىپ لەززەتلىرىدىن كۆپ ھوزۇرلانغانىدى.

مانا ھازىر بولسا بوۋىسى يۇرتىدا ياسالغان كامانى شاشىينىڭ ئاچچىق جاراھىتىدىن ئازاب چەكمەكتە. ئەجىر قىلغان كاماننىڭ ياۋۇز ئادەملىرىنىڭ قولىغا چۈشۈشىنى كىم ئويلىغان، شەيبانىزادىلەر تۇراندا تۇرۇپ، ئەگرەدىكى ئەكبەرگە ئوق ئاتقانمىدۇ - يە؟

ھازىر بۇخارا تەختىدە شەيبان ئۇرۇقىنىڭ ئەڭ ئاجىز ۋەكىلى ئابدۇللاخان ئولتۇراتتى. ئۇ ئەكبەر بىلەن مۇرەسسە يولىنى تۇتقان بولۇپ، ئىككىيلەن يېڭىۋاشتىن ئەلچى ئەۋەتىشىپ مەكتۇپ يوللىشىپ، قىممەت باھا سوۋغىلارنى تەقدىم قىلىشقانىدى. ئابدۇللاخان كېيىنكى خېتىدە ئىران شاھى تەھمەسپنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى، سەفەۋىلەر ئارىسىدا ئىچكى ئۇرۇش ۋە پاراكەندىچىلىك باشلانغانلىقىنى يازغان، ئۇلارغا قارشى ئىتتىپاق تۈزۈشنى ۋە ئىراننى بىرلىكتە گۇمران قىلىپ، شىئەلەر دۆلىتىنى يوقىتىشنى تەكلىپ قىلغانىدى. ئەكبەر ئاتىسىغا ياخشىلىق قىلغان سەفەۋىلەر بىلەن ئۇرۇشۇشنى خالىمايتتى، شىئە - سۈن-

نى ئاداۋىتىنى يامان كۆرەتتى، شۇڭا ئابدۇللاخانغا يازغان جاۋاب خې-
تىدە، ھازىر ھىندىستاننىڭ ئىچكى ئىشلىرى ۋە كابۇل، بەدەخشان
چېگرىلىرىنى ئىنجىتىش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقانلىقىنى، ئىران يۇرۇشىغا
مەيلى يوقلۇقىنى ئىزھار قىلغانىدى. ئابدۇللاخانمۇ شۇنى ئارزۇ قىلاتتى.
شۇڭلاشقا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق قوشنىسى ئەكبەرنىڭ ئالدىدىن
بىر ئۆتۈپ قويغاندىن كېيىن، ئوغلى ئابدۇمۇمىننى يېنىغا ئېلىپ،
خۇراسانغا يۈرۈش قىلدى. ھېرات، ئاستراباد ھەتتا مەشھەدنىمۇ سەفە-
ۋىيلەردىن تارتىۋېلىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇردى. ئاب-
دۇللاخان دۆلىتى شۇ تەرزدە كېڭىيىپ بېرىۋەرسە، ئۇ بىر كۈن ئەمەس
بىر كۈنى كابۇل ھەم بەدەخشانغىمۇ تاجاۋۇز قىلىشى مۇمكىن ئىدى.
ئەمما، ئەكبەر ئۇنىڭ جەنۇبقا ماڭىدىغان يوللىرىنى توسۇپ تۇرىدىغان
كۈچلۈك بىر توسۇق، شەيبانىزادىلەر بۇ توسۇقنى پولات ۋەسۋەسىنىڭ
قولى بىلەن ئاچماقچى بولغان بولسا ئەجەپ ئەمەس...
ئەكبەرنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە، ۋەزىر جەمىل لاتىنغا
ئورالغان ئۇزۇن بىر نەرسىنى تەرگەۋچىگە كۆتۈرگۈزۈپ كىرىپ كەل-
دى.
— ھەزرىتىم، پولات ۋەسۋەس ماھىم ئىنىكئانا مەدرىسى يېنىدىكى
ئىگىسى كۆچۈپ كەتكەن تاشلاندۇق بىر خارابە ئۆيدە تۇرىدىكەن. ئۇ-
نىڭ ئامبىرىدىكى ئەسكى - تۇسكىلەر ئارىسىدىن مانا بۇ پەرەڭلەر قورالى
تېپىلدى. ئوقلىرى ئالاھىدە جايغا قويۇلغانىكەن. ۋەسۋەسىنىڭ كېسىلى
قوزغالغاندا، بۇلارنى تاپالمىغانمۇ... خەيرىيەتكى، قورالنى ئىشلەتمەپ-
تۇ...
ئەكبەر پورۇخ ئوقى سېلىپ ئېتىلىدىغان، ئىستۋولى يوغان پە-
رەڭ قورالنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى. قورالنىڭ يېنىدا يې-
رىم خالتىچە كەرتىچ ئوقلار بار ئىدى. پولات ۋەسۋەس بۇ قورالدىن ئوق
ئاتسا، ئەكبەرنىڭ تىرىك قېلىشى ناتايىن ئىدى...
— ۋەسۋەس قورال ئېتىشنى ئۆگەنگەنمىكەن؟ — سورىدى
ئەكبەر.

— ھەئە . ئەدھەمخانغا نۆكەر بولۇپ تۇرغاندا ئۆگىنىپتىكەن .
— قورالنى ئۇنىڭغا كىم بېرىپتۇ ؟ بۇنى ئېيتتىمۇ ؟
— بىر ناتونۇش پەرەڭنىڭ ئىسمىنى ئېيتتى . ئالۋامۇ . . . پاكۋارمۇ . . . قوشنىلىرىدىن سۇرۇشتۇرسەك ، گويا ئارىلىدا تۇرىدىغان سودىگەر پەرەڭ پولات ۋەسۋەسىنىڭ ئالدىغا بىر نەچچە قېتىم كېلىپ كەتكەنىكەن .
ھۇمايۇن ھايات ۋاقتىدا ئالۋارۇ پاكاۋىرا دېگەن پەرەڭنىڭ گويادىن قورال كۆتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى ، كېيىن شېرخان تەرەپكە كېتىپ ، ئۇنىڭ پىتنە - پاساتلىرىغا ھەمدەم بولغانلىقىنى ئوغلىغا ئېيتىپ بەرگەنىدى . ئەكبەر بۇنى ياشلىق خاتىرىسىنىڭ كۆچى بىلەن دەرھال ئەسلىدى - دە :
— شۇ پەرەڭنى تەكشۈرۈڭ ، — دەپ بۇيرۇدى ۋەزىر جەمىلگە ، — كەلەۋەنىڭ ئۈچى بەلكى شۇنىڭ قولىدىدۇر !
ۋەزىر جەمىل شۇ كەتكىنىچە دېھلى كارۋان سارايلىرىنى ئاختۇرۇپ ، بىرەرمۇ پەرەڭنى تاپالمىدى . پەرەڭلەر بىلەن سودا - سېتىق قىلىدىغان دۇكاندارلار پاكاۋىرا دېگەن قېرى سودىگەرنىڭ بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى گوئاغا قايتىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى .
ئەمدى ئەكبەرنىڭ خىيالىغا گۇجارەت ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىي قىرغاقلىرىنى ئىگىلەپ ياتقان پەرەڭلەر كەلدى . ئۇلار ئەكبەر قۇرۇۋاتقان قۇدرەتلىك دۆلەتتىن مەنپەئەتلىنەلمەيتتى . ئۇلار ھىندىستاننى پارچە - پارچە قىلىپ ، ئۇنىڭ بىر ۋىلايىتىنى باشقا ۋىلايەتلەر بىلەن ئۇرۇشقا سېلىپ ، ھەممىسىنى زەئىپلەشتۈرۈپ ، ئاندىن ئۆزلىرى بۇ مەملىكەتكە خوجايىن بولۇشنى ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتى . گۇجارەتتىن مۇزەففەرشاھنى ئەكبەرگە قارشى چىقىشقا كۈشكۈرتۈۋاتقانلارمۇ مانا مۇشۇ پەرەڭلەر ئىدى . ئۇلارنىڭ گويا ئارىلىنى بېسىۋالغىنىغا ئاتمىش يىل بولغانلىقىنى ، شۇنىڭدىن بېرى پۈتۈن ھىندىستاننى ئۆزلىرىلا يۇتۇۋېلىش نىيىتىدە بولۇۋاتقانلىقىنى ئەكبەر ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا ئۇ ئىككى يىلدىن بېرى گۇجارەت يۈرۈشىگە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى . مۇزەف-

فەرشاھنى يەڭگەندىن كېيىن، گوئادىكى ئىستىپلاچىلارنىمۇ دېڭىز كەي-
نىگە ھەيدىۋەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى كېڭەشلەردە بەگ — سەركەردى-
لەرگە ئېيتقانىدى. ئېھتىمال شۇلاردىن كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ بۇ نىيىتىنى
پەرەڭلەرنىڭ قۇلاقلىرىغا يەتكۈزگەندۇ. دېھلى، ئەگرەلەردە ئۇلارنىڭ
ئىشپىيونلىرىنىڭ بارلىقىنى مانا بۇ قورال ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئەك-
بەرنىڭ گۇجارەت ۋە گوئا ئارىلىغا يۈرۈش قىلمىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماس-
تىن، ئۇنى پولات ۋەسۋەسنىڭ قولى بىلەن ئالدىنئالا ئۇ ئالەمگە ئۇزۇ-
تۇشنى ئويلىغان بولسا كېرەك.

— پەرەڭلەر پولات ۋەسۋەس بىلەن قانداق تىل بىرىكتۈرۈش-
كەن؟ — سورىدى ئەكبەر ۋەزىر جەمىلدىن. — ئارىدىكى ۋاستى-
چىلارنى تېپىش كېرەك:

— ۋەسۋەستىن شۇنى سورىساق ئۇ، ئەدھەمخاننىڭ گېپىنى قى-
لىۋاتىدۇ. ھالبۇكى ئەدھەمخاننىڭ ئۆلگىنىگە ئون يىل بولدى.

— ئۇقيانى كىمنىڭ بەرگەنلىكىنى ئېيتمىدىمۇ؟

— ئاسماندىن تەگرى ئەۋەتكەنمىش! لېكىن، ۋەسۋەس بىر
چاغلاردا شەرەفىددىن مىرزىنىڭ خىزمىتىنى قىلغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەكبەر يەنە گۇجارەت تەرەپلەرنى خىيال قىلدى. چۈنكى، شە-
رەفىددىن مىرزا سەمبھال ۋىلايىتىدە ھاكىم بولغاندا، زالىملىقتا ھەددىدىن
ئاشقانلىقى ئۈچۈن ئەكبەر ئۇنى تەمناتتىن مەھرۇم قىلغانىدى. ئاتا تە-
رەپتىن مەشھۇر خوجا ئەھرار ئەۋلادىدىن بولغان، ئانا تەرەپتىن سەمەر-
قەندلىك تىمۇرىيزادە سۇلتان مەھدۇمغا چېتىشقان شەرەفىددىن مىرزا
ئەكبەردىن ئاغرىنىپ. گۇجارەت تەرەپلەرگە كەتكەن، ئەكبەرنىڭ يې-
ڭىچە سىياسىتىدىن نارازى بولغان باشقا مىرزىلار — ھۈسەيىن بايقارا
ئەۋلادلىرىمۇ گۇجارەت ھۆكۈمدارى مۇزەففەرشاھ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكە-
نىدى. ئۇلارنىڭ شۇ تەرەپتە ئەكبەرگە قارشى ئىغۋا تارقىتىپ يۈرگەن-
لىكىنى رازۋېدكىچىلار ئېيتىپ كەلگەنىدى. بەلكى ئۇلار، ھالا بۇ-
گۈنكى كۈندە، ئەكبەرنىڭ دېھلىدىكى دۈشمەنلىرى بىلەن تىل بىرىك-
تۈرگەندۇ؟ كېيىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ پولات ۋەسۋەسنى ئىشقا سال-

غاندۇ ؟ ئەكبەر شۇلارنى مۇئەييەنلەشتۇرگەندىن كېيىن ، ۋەزىر جەمىل پولات ۋەسۋەسنى بىلىدىغان ئادەملەرنى ئىزدەپ تېپىپ ، ئۇنىڭ بىلەن يۈزلەشتۇردى . لېكىن ، خاتىرىسى ئاجىزلاشقان پولات ۋەسۋەس تو- نۇشلارنىڭ قايسىسى بىلەن قەيەردە ئۇچراشقانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى ، ئۇنى جىنايەتكە باغلاپ ئېلىپ كەلگەن زەنجىرنىڭ كۆپ قىسىم ھالقىلىرى ئېسىدىن چىقىپ قالغانىدى .

— « پادىشاھ سىزنى ئۆلتۈرمەكچى » دېگەن گەپنى كىمدىن ئاڭلىدىڭىز ؟ — دېگەن سوئالغا ئۇ :

— ئاسماندىن ۋەھىي كەلدى ، — دەپ جاۋاب بەردى .

پولات ۋەسۋەس ئۇبەيدۇللا مەھدۇم دېگەن موللىنىڭمۇ خىزمىتىنى قىلغان ، بۇ ئادەم ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالىماقچى بولغانىدى . تەكشۈر- گۈچىلەر شۇنى ئېنىقلىغاندىن كېيىن ۋەسۋەستىن ئۇبەيدۇللا مەھدۇم ھەققىدە سوئال سوراشقا باشلىدى :

— ھەزرىتىمنى « دەھرىي » دەپ ئەيىبلىگەن ئادەم ئۇبەيدۇللا مەھدۇممۇ ؟

— ياق ، ئۇنىڭدىن چوڭراق بىرسى .

— شەيخ ئەنسارىمۇ ؟

— مەن ئۇ كىشىنى تونۇمايمەن . تەگرىنىڭ ئۆزى بىلەن سۆز- لەشكەنمەن ، پادىشاھنى ئاسمان « دەھرىي » دېگەن .

— ئۇبەيدۇللا مەھدۇم بىلەن ئاخىرقى قېتىم قاچان كۆرۈشكەن ؟

— بەش يىل . . . ياق ، بىر يىل . . . ئېسىمدە يوق ! پادىشاھىڭىز بۇزۇق ! ئۇنى سەلىم چەشتى يولدىن چىقاردى . بىئەنەدىكى ئىسيانچىلار ئەكبەرنى ئايىنىتقان . . .

— سەلىم ئاتا پاك ئادەم ئىدى .

— پاك بولسا نېمىشقا سەكىنە بانۇغا كۆز ئالايتىدۇ ؟

— قايسى سەكىنە بانۇغا ؟

— ئۇبەيدۇللا مەھدۇمنىڭ جۈپتى . ئۇنى سەلىم چەشتى بىلەن بىئەنە مەھدىيلىرى ئايىنىتقان !

تەكشۈرگۈچىلەر ئۇبەيدۇللا مەھدۇمنى تېپىپ گۇۋاھلىققا چاقىردى. ئۇنىڭ ئوتتىنچى خوتۇنى — ئون سەككىز ياشلىق سەكىنە بانۇ سەلىم چەشتىگە ئەمەس، ئەكبەرگە ئەرزگە بارغانىكەن. كېيىن سەلىم ئاتا ئالەمدىن ئۆتكەن، لېكىن ۋەسۋەسىنىڭ خىيالىدا ھەممە نەرسە ئارىلىشىپ كەتكەن.

ئۇبەيدۇللا چوڭ خوتۇنلىرىنىڭ چېقىشتۇرۇشلىرىغا ئىشىنىپ، سەكىنە بانۇنى قاتتىق كالتەكلىگەن. ئەكبەر بۇ گۈزەل جۇۋاننىڭ كالتەك زەربىسىدىن كۆكەرگەن يۈزىگە قاراپ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ، كاتىپى ئەشرەپخانغا بۇيرۇق قىلىپ:

— مېنىڭ نامىمدا ئۇبەيدۇللا مەھدۇمنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇڭ. ئەگەر بۇ ئاجىزەگە يەنە جەبىر سالسا، قازىكالانغا ئېيتىپ ئۇنى ئاجراشتۇرۇۋېتىمەن، مەھدۇمنى بەنگالەگە سۈرگۈن قىلىمىز! — دېگەنىدى.

ئەكبەرنىڭ بۇ تەھدىتىدىن كېيىن ئۇبەيدۇللا مەھدۇم سەكىنە بانۇغا ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان بولغان، جۇۋانمۇ تىنجىپ قالغانىدى. لېكىن، ئۆيدىكى گەپنىڭ كوچىغا چىقىشى ۋە ئۇبەيدۇللا مەھدۇمنىڭ ياش خوتۇنىنىڭ ئەكبەر بىلەن كۆرۈشۈپ گەپلەشكەنلىكى سارايدا ھەرخىل مىش - مىش گەپلەرگە سەۋەب بولغانىدى. ئاخىر كىمدۇر بىرى بۇ مىش - مىش گەپلەرنى پولات ۋەسۋەسكە چوڭايتىپ يەتكۈزگەن ۋە ئۇنىڭ ئاچچىقىنى قەستەن قوزغاتقان.

لېكىن، كىم شۇنداق قىلغان؟ ۋەسۋەسنى ئەكبەرگە قارشى سالغان زادى كىملەر؟ پولات ۋەسۋەس بۇنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. گەپ تاپالماي قالغاندا «ئاسماندىن ۋەھي كەلدى» «تەڭرى ئۆزى ئېيتتى» دەپ يالغان ۋەج كۆرسىتەتتى.

ئەكبەر تېۋىپلارغا:

— ۋەسۋەسنى داۋالاپ بېقىڭلار، ساقايسا ھەقىقەتنى تېپىشقا ئاسان بولار! — دېدى - دە، ئۆزى دېھلىدىن فەتھىئابادقا كەتتى.

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتكەندە، خەۋەر كەلدىكى، تېۋىپلار ۋەسۋەسنى داۋالاپ، ئەقلىنى سەل جايىغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ

قىلغان ئىشنىڭ دەھشىتىنى ھېس قىلغان، بېشىنى تۈرمىنىڭ تاش
تېمىغا بار كۈچى بىلەن ئۇرۇپ، ئىككى كۈن ھوشسىز
يېتىپ جان بەرگەن.

ئەكبەر بۇنى سېكرىدە تۇرۇپ ئاڭلىدى ـ دە، «بەلكى ئە-
مەلدارلار ئۆز جىنايەتلىرىنى يېپىش ئۈچۈن ئۇنى شۇ ئۇسۇل بىلەن
ئۆلتۈرگەندۇ؟» دېگەن خىيالغا كەلدى.

دۈشمەن ئۇن بولسا، گۇمان مىڭ. مۇرىسىدىكى يارا ئۈچ ئايدا
ساقايغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئاچچىق ئاغرىقلىرى ئەكبەرنىڭ يادىدىن
چىقمىدى. تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ بىر ئۈچى تۇراندا بولسا، بىر ئۈچى
ئۇزاق ياۋروپادا تۇرغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىچكىرىدىكى قارا كۈچلەر بە-
لەن تىل بىرىكتۈرۈپ جېنىغا قەست قىلىش مۇمكىنلىكى ئەكبەرنىڭ خە-
يالىدىن نېرى كەتمىدى. ئۇيقۇسىز كېچىلىرى ئۇ ئىچكى ـ تاشقى دۈش-
مەنلىرىنىڭ قايسىسىدىن قانداق ساقلىنىش ھەققىدە ئويلىناتتى.

× × ×

شۇ ئارىدا ئەگەردىن سېكرىگە شەيخۇلئىسلام ئابدۇللا ئەنسارى بىر
گۇرۇھ يوغان سەللىلىك دىن پېشۋالىرى بىلەن ئەكبەرنى كۆرگىلى
كەلدى.

يېشى ئاتمىشتىن ئاشقان بولسىمۇ، يەنىلا شۇنداق تېتىك تۇرغان
ئەنسارىنىڭ ئۇزۇن ئاق ساقىلىنىڭ ئۇچى كىندىكىگە چۈشەتتى. يېنىدا
سالاپەتلىك قازىكالان مۇھەممەد يەزدىي، ۋىجىك ئىمام ئابدۇقادىر بە-
دەۋنى ۋە يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش بەش ئالتە ـ ئۆلىمالار ئەكبەرگە ئۇزۇن
ئۆمۈر تىلەشتى.

ئەكبەر كۆكەلدىشى ئەزىز كۆكە بىلەن بىللە ئابدۇللا ئەنسارىنى
يېڭى پايتەختنى بويلاپ ـ ئېلىپ ماگدى ۋە پۈتكەن بىنالارنى كۆر-
سەتتى.

بارلىق ۋىلايەت ئەمىرلىرى نەچچە مىڭ ئادەملىرى ۋە ئات ئۇلاغ-
لىرى بىلەن ئىشلەۋاتقاچقا، مۇستەھكەم ئىمارەتلەر ناھايىتى تېزلا قەد

كۆتۈرگەنىدى. ئەكبەرنىڭ تاغ ئۈستىدىكى سارىيى كۆلگە قارىغان، سالقىن يانباغىردىكى رەنى جادەھەبەيىنىڭ ئۆيى ۋە سەلىمە بېگىملەر ئۆچۈن قۇرۇلغان ئىككى قەۋەتلىك گۈزەل ئىمارەتلەر ئالىقاچان زىننەتلىنىپ بولۇنغانىدى.

ئەنسارى بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇچۇرۇپ ماختىدى ـ دە، كېيىن مەنىلىك قىلىپ سورىدى:

— ھەزرىتىم، بۇ پايتەختتىن شەيخۇلئىسلام ئۈچۈنمۇ ئورۇن بېرىلەمدۇ؟

— بۇرۇڭ، تەقسىر، سىز ئۈچۈن مەخسۇس جاي تاپايلى، — دېدى ئەكبەر ۋە ئۇنى ئەتەي سەلىم ئاتا مەقبەرىسى ئالدىغا باشلاپ كەلدى.

ئەنسارى بىر چاغلاردا ئۆلۈمگە بۇيرۇغان غايىۋى دۈشمىنىنىڭ پۈتۈنلەي سەدەپ بىلەن زىننەتلەنگەن ئاق مەرمەر مەقبەرىسىنى كۆرگەندە، ئىچ ـ ئىچىدىن تىترەپ كەتتى، ئاۋازىمۇ تىترەپ، زورىغا تىلاۋەت قىلدى. ئەكبەر ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ:

— تەقسىر، خەۋىرىڭىز بار، — دېدى، — يوشۇرۇن دۈشمەنلىرىم مانا شۇ مەقبەرىنى قۇردۇرغىنىم ئۈچۈن مېنى «دەھرىي» دەپ ئەيىبلىدى. پولات تەلۋىنى ئىشقا سېلىپ ھەتتا مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى...

ئەكبەرنىڭ بۇ گېپى «ئاشۇ يوشۇرۇن دۈشمەنلەر ئارىسىدا سىزنىڭمۇ ئادەملىرىڭىز بولسا، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى قولغا چۈشۈپ قالار» دېگەن مەنىدە ئىدى. شەيخ ئەنسارى بۇنى بايقىدى ـ دە، سىرى پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ، دەرھال دۇئا ۋە فاتىھەگە قول ئاچتى:

— پولات ۋەسۋەسىنىڭ گۆرىدىن توڭگۇز قوپسۇن! پەرۋەردىگارى ئالەم بارلىق دۈشمەنلىرىڭىزنى ۋەسۋەسىنىڭ كۈنىگە سالسۇن! سىزنىڭ پايتەختتە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈڭ. زەپەر ھەمىشە يارىڭىز بولسۇن!

شەيخ ئەنسارىنىڭ گەپلىرى دىلىدىكى ئاداۋەتنى يوشۇرۇشنىڭ بىر ۋاستىسى ئىدى. رىياكارلىقتا خۇددىنىمۇ يوقىتىپ قويغاچقا، ئۇ ئەك-

بەرنىڭ دۈشمەنلىرى قاتارىدا ئۆزىنىمۇ قارغاۋاتقانلىقىنى سەزمىدى.
ئەكبەرنىڭ ئوق يەپ تارتقان ئازابلىرى ئۈچۈن، ئۇنى يەنە بىر بابلىغۇسى كەلدى ـ دە، سەلىم ئاتا مەقبەرىسىدىن يىراق بولمىغان يەر- دىكى ھىندى ئۇسلۇبىدا ياسىلىپ پۈتەي دەپ قالغان ئىككى قەۋەتلىك چىرايلىق ئىمارەتنى كۆرسەتتى:
ــ مانا بۇنى راجە بىربال ئۈچۈن قۇردۇردۇق.
ئەنسارىنىڭ راجە بىربالنى كۆرە كۆزى يوق، شۇنى بىلىدىغان ئەكبەر:
ــ سىز ئۈچۈن مانا شۇ يەردىن ھويلا ـ جاي ئاجرىتىشىم مۇم- كىن، ــ دېدى.
راجە بىلەن قوشنا بولۇش ۋە سەلىم ئاتا مەقبەرىسىدە ياشاش ئابدۇللا ئەنسارى ئۈچۈن دائىمى قىيىنچىلىققا ئايلىنىپ كېتىشى مۇقەررەر ئىدى.
ــ ھەزرىتىم، نېرىراقتا مەدرىسە قۇرۇلغانىكەن. بىزگە شۇ تە- رەپتىن جاي كۆرسەتسىڭىز.
ــ مەيلىغۇ، لېكىن مەدرىسىمۇ سەلىم ئاتا نامىدا قۇرۇلغان. ئۇ- نىڭغا شەيخ مۇبارەكنى باش مۇدەررىس قىلماقچىمىز.
شەيخ ئەنسارىنىڭ يەنە كەيپى ئۇچتى:
ــ قايسى شەيخ مۇبارەك؟
ــ سىز ئۇنىمۇ «دەھرىي» دەپ ئۆلۈمگە بۇيرۇغانىكەنسىز. ئەمما بىز كۆكەلدىشىمىز ئەزىز كۆكەنىڭ ياردىمىدە تەپتىش قىلىپ شۇنى بىلدۇقكى، شەيخ مۇبارەك ناھايىتى دىيانەتلىك، بىلىملىك، قەلبى پاك ئالىم ئىكەن. شۇڭا ئۇنى گۇجارەتتىن چاقىرىپ كەلدۇق.
ــ لېكىن ئۇ خەلقنى پادىشاھقا قارشى قوزغاتقان ئىسيانچىغۇ!
ــ قايسى پادىشاھقا قارشى قوزغاتقان؟ ئىسلامشاھقا قارشىمۇ؟ سىز ئۆزىڭىزمۇ ئىسلامشاھقا قارشى چىقىپ، بىزنىڭ ھەزرەت ئاتىمىزغا يوشۇرۇن مەلۇماتلارنى يوللاپ تۇرغانىدىڭىزغۇ؟
ــ بۇ راست!...

— قېنى يۈرۈك ، ئەگەر شەيخ مۇبارەككە يېقىن بولاي دېسەڭىز ، سىزگە مەدرىسە يېنىغا ئۆي سالدۇرايلى .

— مېنى يالغۇز قويۇڭ ھەزرىتىم ! ھازىرچە ئەگرەدە تۇرغىنىم ياخشى ئوخشايدۇ . ئاشۇ يەردىكى ئۆي ـ جايىم ياخشى . قېرىغاندا ئادەمنىڭ كۆچۈشى قىيىن . . .

يېڭى پايتەختكە يېڭىچە سىياسەت تەرەپدارلىرىنى يىغىش نىيىتىدە بولۇۋاتقان ئەكبەر شەيخ ئەنسارىنى : « كۆچۈپ كېلىڭ ، باشقا جاي كۆرسىتەي » دەپ قىستىمىدى . بۇنىڭدىن ئاچچىقى كەلگەن ئەنسارى تارالغان ساقىلىنىڭ ئۇچىنى قاتتىق مۇجىدى ـ دە :

— ھەزرىتىم ، يېڭى پايتەختنىڭ مەسچىتى جامەسىنى قەيەرگە قۇرماقچى ؟ — دەپ سورىدى ، — نېمىلا بولمىسۇن ، جۈمە كۈنلىرى خۇتبە ئوقۇش كېرەككۇ ؟

« ئەگەر بىز نامىڭىزنى خۇتبىگە قوشۇپ ئوقۇمىساق ، سىزنىڭ پادىشاھلىقىڭىزنى ھېچكىم تەن ئالمايدۇ ! » دېمەكچى ئىدى شەيخ ئەنسارى . ئەكبەر ئۇنىڭ ئوچۇق ئېيتالمىغان تەھدىتىنى ئاھاڭدىن بايقىدى .

ئەنسارىنىڭ دىنىي ھاكىمىيىتى ھېلىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ئۆلىمالاردىن تاشقىرى ، يۈزلەپ قورallıq قورۇقچىلار ، شەيخۇلئىسلامغا مۇرىت بولغان بەگ ـ سەردارلار ، مەسچىتتە ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ناماز ئوقۇيدىغان مىڭلاپ قەۋملەر دىنىي پېشۋالارنى ئىلاھىيەت ۋەكىلى دەپ بىلىشەتتى . ئۇلارغا ھېيىقىپ قارىشاتتى ۋە كۆرگەن يېرىدە ئەگىشەتتى . ئەكبەر ئەنسارىنىڭ دىنىي ھاكىمىيىتىنى ئېتىراپ قىلمىسا ، ئىمام ۋە ئۆلىمالار ئاۋام خەلقنى ئۇنىڭغا قارشى قوزغىتىپ توپىلاڭ كۆتۈرۈشى مۇمكىن . ئەنسارىنىڭ تەكرار سوئالىغا جاۋابەن ئەكبەر :

— تەقسىر ، مەسچىتى جامەنى ساراي يېنىغا قۇرماقچىمىز ، — دېدى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز يان باسقاندەك بولدى .

ئەكبەرنى ئەنسارىگە باغلاپ تۇرغان كونىچە ئېتىقاد يىپلىرى ھا-

زىرمۇ ئۇنىڭغا ئۆمۈچۈكنىڭ يىپىشقاق تورىدەك يېقىمسىز تۇيۇلدى. بۇ تورنى يىرتىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن، ئەكبەر ئۆز ئەتراپىغا يېڭىچە ئىمان ۋە ئېتىقاد تەرەپدارلىرىنى توپلىشى ۋە ئۇلارغا تايىنىشى لازىم ئىدى...

× × ×

كالتە قارا بۇدۇر ساقاللىق، يۈزى ئەرەبلەرنىڭكىدەك جىگەر رەڭ، كالپۇكى قېلىن ئەبۇلفازىل ئەكبەرنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئەدەپ بىلەن باش ئېگىپ ئولتۇراتتى. خانتاختا ئۈستىدە توم - توم كىتابلار — بىرى ئەرەبچە، بىرى پارسچە، بىرى قەدىمكى سانسكرت تىلىدا، يەنە بىرى تۈركچە. ئەكبەر يىگىرمە ئۈچ ياشلىق ئەبۇلفازىلنىڭ يات تىلدىكى بۇ كىتابلارنى ئوقۇيالايدىغانلىقىنى، بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ، بىمالال تەھلىل قىلالايدىغانلىقىنى كۆردى - دە، تەئەججۇپ بىلەن سورىدى:

— سىزنىڭ تېگىڭىز قايسى ئۇلۇستىن؟

— ئاتا بوۋام ئەرەب ئىكەن، — دېدى ئەبۇلفازىل — بۇنىڭدىن بەش ئەسىر بۇرۇن ھىندىستانغا كېلىپ قاپتىكەن. ئانام تەرەپ ھىندى ئىكەن. ھىندى، ئەرەب قېنى بەش ئەسىر ئارىلىشىپ ئاخىر بىز پەيدا بولغانىكەنمىز.

ئەبۇلفازىلنىڭ ئاكىسى فەيازىيمۇ ئىستىبداتلىق شائىر ئىدى. ئۇزۇن يىل سەرگەردان بولۇپ يۈرۈپمۇ، ئوغۇللىرىنى شۇنچىلىك بىلىملىك ۋە مەرىپەتلىك قىلىپ تەربىيىلىگەن شەيخ مۇبارەككە ئەكبەر ئۆزىچە يەنە قايىل بولۇپ قالدى.

— رەھمەتلىك سەلىم ئاتىنىڭ سىزلەرگە جان كۆيدۈرگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن، — دېدى، — يىراقتىكىلەرنىڭ قانلىرىنىڭ ئارىلىشىشى تۆرپە دەرەخلىرىنىڭ كۆچىتىگە ئوخشاش تاتلىق مېۋە بېرىدۇ.

— ئىنشائاللا، بۇ ھېكمەتلىك پىكىر شاھزادە سەلىمنىڭ ۋۇجۇدىدا يەنىمۇ مۇكەممەل ئەمەلگە ئاشقاي، — دېدى ئەبۇلفازىل ئەكبەرنىڭ ھىندى ئايالدىن كۆرگەن ئوغلىنى ئالاھىدە ئېھتىرام بىلەن تىلغا ئېلىپ.

بۇ يىگىتنىڭ بىلىمگە يارىشا ئەقلى ۋە پاراسىتىنىڭمۇ ئۆتكۈرلۈكىنى ھېس قىلغان ئەكبەر :

— سەلىم ئاتىنى كۆرگەنمىدىڭىز ؟ — دەپ سورىدى .

— ھەئە ، سەلىم ئاتا بىزگە ھامىي ئىدى . سۈرگۈن بولۇپ قېچىپ يۈرگەن ۋاقتلىرىمىزدا بىرقانچە قېتىم باشپاناھ بولغان . شۇ چاغلاردا ئۇ كىشى ماڭا ھاياتىمنى يەتتە پەزىلەت ئاساسىغا قۇرۇشنى ئۆگەتكەن . . .

— مەسىلەن ، قايسى پەزىلەتلەر ؟

— بىرىنچىسى ، ياخشىلىققا مۇھەببەت ؛ ئىككىنچىسى ، ئىنسانغا مۇرۇۋۋەت ؛ ئۈچىنچىسى ، ھەق يولدىكى باتۇرلۇق . چۈنكى ، ئوغرى - قاراقچىلارنىڭمۇ باتۇرى بار . بىز پەقەت ھالال ياشايدىغان كىشىنىڭ باتۇرلۇقىنى پەزىلەت دەپ ھېسابلايمىز ؛ تۆتىنچىسى ، ئادەمگە كۈچ - قۇدرەت بەرگۈچى ئىلىم - مەرىپەت ؛ بەشىنچىسى ، ھەممە سۆز - ھەرىكەتتىكى سەمىمىيەت ؛ ئالتىنچىسى ، خۇلق - مىجەزدىكى ئىنساپ - دىيانەت ؛ يەتتىنچىسى ؛ ئىنساننى كامالەتكە يەتكۈزىدىغان مەنىۋىيەت .

— ئەپسۇسكى ، ھاياتتا بۇ پەزىلەتلەرنى تولۇق تاپقىلى بولمايدۇ ! — دېدى ئەكبەر ، — ياخشى - يامان ، ھەق - ناھەق بەك ئارىلىشىپ كەتكەن . ئادەملەر نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ياخشى ياماندىن ، ئەگرىنى توغرىدىن ئازماي ئايرىش يولىنى ئىزدەشتى . نېمىشقا بۇ يول ھازىرغىچە تېپىلمايدۇ ؟

— ھەزرىتىم ، بۇ يول قەغەزدىكى سىزىقلاردەك مۇقىم تۇرغان بولسا ، ئادەمزات ئۇلارنى ئاللىقاچان تاپقان بولاتتى . لېكىن بىز « يول » دەپ ئاتاۋاتقان نەرسىلەر ئەسلى ئېقىپ تۇرىدىغان دەريالاردۇر . ياخشى ۋە يامان ، ھالال ۋە ھارام دەريا سۈيىدەك ئەركىن ھەرىكەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئارىلىشىپ كېتىدۇ . ھەرىكەتتىكى دەريانىڭ ياخشى خاسىيىتىنى يامان لايقىلاردىن ئايرىش بەسى مۈشكۈل .

— بەلكى بۇ ئۇمۇمەن مۇمكىن ئەمەستۇ ؟ مەن يېڭى پايتەختتە يېڭى بىر ئىنسانىي مۇھىت ، ئادالەتلىك بىر جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئار-

زۇسىدىمەن . بەلكى بۇ رۇياپقا چىقمايدىغان خىيالدۇر .

ئەكبەرنىڭ ئۇچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغان ئەبۇلفازل ئارستوتېلدىن ، ئىبىن سىنا ۋە ناۋايىلارغىچە بارلىق ئۇلۇغ كىشلەرنىڭ ھەق ئادالەتنىڭ ئاخىر بىر كۈن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ياشىغانلىقىنى ئېيتتى . شۇنداق ئىشەنچ بولمىسا ، ھاياتنىڭ مەنىسى بولامدۇ ؟

— توغرا ، — دېدى ئەكبەر ، — بىز نېمە ئۈچۈن يارالدۇق ؟ دۇنيانى بىر ئاز بولسىمۇ ياخشىراق ، ئادالەتلىكرەك قىلىپ تۈزىمىسەك ياشاشنىڭ نېمە مەنىسى بولسۇن ؟

— ھەزرىتىم ، قەدىمكى كىتابلاردا شۇنداق رىۋايەت باركى ، ھەرمىڭ يىلدا يېڭى بىر داھىي تۇغۇلۇپ ، پۈتكۈل ئادالەتسىزلىكلەرنى ھەل قىلىدىكەن .

ئەبۇلفازل سۆزىنىڭ راستلىقى ئۈچۈن تەكچىدىكى كىتابلارنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ ، گاھ سانسكرىت تىلىدىكى ، گاھ قەدىمكى پارس - پەھلىۋى تىلىدىكى مىساللارنى كەلتۈرۈشكە باشلىدى :

— مانا ، ھىندىلارنىڭ مۇقەددەس كىتابىدا مۇنداق دېيىلگەن : يورۇقلۇق تەگرىسى ۋىشنۇ تەناسىخ ① قانۇنى بويىچە دۇنياغا چۈپان بولۇپ قايتىپ كەلگەي ، بارلىق ئادالەتسىزلىكلەرنى يوقىتىپ ، ياخشىلىقلاردىن ئادالەتلىك جەمئىيەت تۈزگەي . ناسارالاردا بىر رىۋايەت باركى ، يېڭى بىر مەھدىي مىسيا ، يەنى مەسىھا قىياپىتىدە كېلىپ دۇنياغا ئادالەت ئورنىتارمىش .

ئەكبەر ئاتەشپەرەسلەرنىڭ «ئاۋېستا» سىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتنىڭ بارلىقىنى ئەسلىدى : زارەستىر ئەۋلادىدىن سەئۇشيانت دېگەن داھىي پەيدا بولاركەن ، يامانلىقنى يوقىتىپ ، دۇنيانى پاكلايدىكەن ، تۆرلۈك خەلقلەرنىڭ ئېتىقادلىرى بۇنداق ئوخشاش بولسا ، دىنى ئاداۋەتلەر نەدىن پەيدا بولالايدۇ ؟

ئىككىيلەن بىرلىشىپ مۇشۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدەشكە باشلىدى .

① تەناسىخ — روھنىڭ يېڭى شەكىللەردە قايتا تۇغۇلۇشى ھەققىدىكى پەلسەپە .

ئەبۇلفازل ئەكبەردىن توققۇز ياش كىچىك بولسىمۇ ، تارىخنى ياخشى بى-
لىدىغانلىقى ۋە ناھايىتى كۆپ كىتاب ئوقۇغانلىقى تۈپەيلىدىن ، ئىككىي-
لەن تەگداش ۋە مەسىلەكداشلاردەك پۈتۈن زېھنى بىلەن سۆھبەتلى-
شەتتى . ئەبۇلفازلنىڭ پىكرىچە ، ھەممە بالا روھانىيلارنىڭ تەمەگەرلىكى
ۋە فاتىھلارنىڭ دىنى خۇراپات ياردىمىدە زوراۋانلىق سىياسىتىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇۋاتقانلىقىدا ئىدى . گاھ غازات ۋە جىھاد ، گاھ سەلىپ يۈرۈش-
لىرى ، گاھ ھىندى - مۇسۇلمان قىرغىنلىرى ، ھەممىسى شۇ بىر نىيەت
ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ . بىدئەت ۋە خۇراپات بىر خەلقنى يەنە بىر
خەلققە يامان كۆرسەتمەكچى بولسا ، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى-
نى ، ئىمان ۋە ئېتىقادىنى بۇزۇپ ۋەيران قىلىدۇ .

— ھەزرىتىم ، جاھىللار شۇ يول بىلەن . . . « پەقەت بىزلا
ياخشى ، باشقىلار يامان » دەپ ئۆزلىرىنى ئۈستۈن كۆرسىتىپ ، خۇراپىي
ھاكىمىيەتلەرنى ئورنىتىۋاتىدۇ . ئۇلار ئۈچۈن ھەقىقەت كېرەك ئەمەس .
خۇراپات ۋە بىدئەت مۇشۇنداق تەخمىنىي گەپكە ، رىۋايەتكە ، مىش -
مىشكە ئاساسلىنىپ ئىش كۆرىدۇ . كۆپ قىسىم روھانىيلار باشقا خەلق-
لەرنىڭ ئىمان - ئېتىقادىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ ، بىلىشتىنمۇ
قورقىدۇ . ئۇلار باشقا دىنلارغا قىزىقسا ، مۇسۇلمانلىق ئېتىقادى بوشىشىپ
كېتەرمىش . شۇڭا ، باشقا دىندىكى نادىر كىتابلارنى « مەكرۇھ » ھې-
سابلاپ ، نەزەر - گۇزىرىگە ئالمايدىغان ئۆلىمالار كۆپ . ھالبۇكى ،
ياخشىنى ياماندىن ئايرىش ئۈچۈن ، ئۇنى ئۆگىنىش كېرەك . پېقىر شۇ
خىيال بىلەن دۇنيادىكى باشقا دىنلارنىڭ تارىخىنى قىياسەن ئۆگەندىم -
دە ، پەرقتىن تاشقىرى ، ئوخشاش جايلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيران
قالدىم .

ئەبۇلفازل « ئىنجىل » نى ئاچتى :

— مانا ، ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا ھەققىدىكى رىۋايەت ناسارالار-
دىمۇ بار . ئۇلار پەقەت ئادەم ئاتىنى ئادەم دېيىشىدۇ . ھاۋا ئانىنى « ئېۋا »
دەيدۇ . يەنە بىر نەرسىگە دىققەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ ، ھەزرىتىم : فا-
تىھە ئوقۇلسا ، مۇسۇلمانلار « ئامىن » دەيدۇ ، ناسارالار « ئەمىن » دەيدۇ ،

يۇنانلىقلار «ئەمن» دەيدۇ، ھىندىلار «ئاۋم» دەيدۇ.

— تۆتىنلىسى ئوخشاشمۇ! — ھەيران بولۇپ سورىدى ئەكبەر، — ئەگەر تۈرلۈك ئۇلۇسلار بىدئەت ۋە خۇراپات تەسىرىدىن قۇتۇلسا، ئۆزلىرى ھەققىدىكى چىن ھەقىقەتنى تونۇپ يەتسە، دەھشەتلىك دىني ئاداۋەتلەر ئۆزلۈكىدىن يوقىلىپ كەتمەمدۇ؟

— مەنمۇ پەقەت شۇ ھەقتىلا ئويلايمەنۇ، ھېچ تېگىگە يېتەلمەيۋاتىمەن! چۈنكى، نۇرغۇن يەرلەردە شەيخ ئەنسارىغا ئوخشاش خۇراپاتچىلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋالغان. ئۇلار باشقىچە پىكىردە بولغانلارنى «دەھرىي» دەپ ئېلان قىلىپ، ئۆلۈمگە بۇيرۇۋاتىدۇ، زىندانغا تاشلاۋاتىدۇ. ھەتتا ئۇلۇغبەگدەك مەشھۇر ئالىمنى شۇلارنىڭ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغانلىقىنى تارىختىن بىلگىلى بولىدۇ.

— ماڭا قارىشى سۈيىقەست پىلانلىغانلارمۇ مۇشۇلار! — دېدى ئەكبەر بەدىنىگە سانجىلغان يا ئوقىنىڭ ئاچچىق ئاغرىقىنى ھازىر قايتا ھېس قىلغاندەك ئازابلىنىپ.

— پەقەت شەرقتىلا شۇنداقمىكىن دېسەم، غەربتە، ياۋروپادىمۇ دىني ھاكىمىيەت ناھايىتى شەپقەتسىزمىش. گۇجارەتتە بولغان ۋاقتىمدا، پەرەڭ دېڭىزچىلار سۆزلەپ بەردى. ئۇلاردا بىزدىكىدىنمۇ چوڭ خۇراپىي ھاكىمىيەت بار ئىكەن. ئۇ «ئىنكۋىزىتسىيە» دېيىلىدىكەن. دەھرىي دەپ گۇمان قىلىنغانلارنى تۈمەنمىڭ قىيىن-قىستاقلارغا ئېلىپ، سوراق قىلىشىدىكەن. دەھرىيلىكى ئىسپاتلىنىپ چىقىلسا، ئېگىزگە ئېسىپ قويۇپ ئاستىدىن ئوت قالاپ كۆيدۇرىدىكەن. مەرىپەتلىك ئالىملار خۇراپاتقا زىت كېلىدىغان يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويسا، بىزگە ئوخشاش، ئۇلارمۇ دەھرىيلىكتە ئەيىبلىنىپ، كۆيدۇرۇپ ئۆلتۈرۈلىدىكەن. — ھالبۇكى، ئىمان ۋە ئېتىقادنى ھەربىر كىشى چىن دىلىدا ساقلايدۇ. ئىنسان دىلىنى بىر تارازا بىلەن ئىدارە قىلىپ بولغىلى بولامدۇ، ھەزرىتىم؟ ئېتىقادى باشقىچە بولغان ئادەملەرنى شەرقتە تاشبوران قىلىپ ئۆلتۈرىدىغان، غەربتە ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈرىدىغان جاھىللار ئىس-

تىبداتى قاچان بولسا بىر كۈن يوقىتىلىشى كېرەكقۇ ؟

بۇ ھاكىمىيەتتىن كۆپ زۇلۇم چەككەن سەلىم ئاتىنىڭمۇ شۇ پە-كىرنى قىلغانلىقى ئەكبەرنىڭ يادىغا كەلدى . ئەڭ ياخشىسى ، ئادەملەرگە شۇنداق زۇلۇم سېلىۋاتقان ئەنسارىلارنىڭ ھاكىمىيىتىدىن قانداق قىلىپ قۇتۇلۇش مۇمكىن ؟

مانا شۇ خىيال ئەكبەرگە بەش - ئون كۈن ئارام بەرمىدى . ئۇ ئەبۇلفازىل بىلەن كۇتۇپخانىدا يەنە ئۇچراشقاندا ، چوڭ گۈمبەزلىك بىنا-نىڭ قەغەزگە سىزىلغان لايىھەسىنى كۆرسەتتى .

— جانابى ئەبۇلفازىل ، پەرمز قىلىپ بېقىڭ . بۇ گۈمبەز ئىلاھىي ئاسماننىڭ سىمۋولى . پۈتۈن مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ ئىمان ۋە ئېتىقاد-لىرىنى خۇددى تاغنىڭ ھەرخىل يانباغىرلىرىغا ئوخشاش شۇ بىر پۈتۈن گۈمبەز ئاستىغا يىغساق دەيمەن ، قانداق ؟

— قانداق قىلىپ ، ھەزرىتىم ؟ — ئەبۇلفازىل چۈشەنمىدى .

— ھىندى خەلقى مۇقەددەس ھېسابلايدىغان كىتابلار بار . سىز « رىگۋېدە » نى ئۇلارنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى دەپ ئېيتتىڭىزغۇ ؟ بىنانىڭ ئالاھىدە بىر قىسمىنى شۇ كىتاب ئىگىلىسە . . . ھىندىلارنىڭ ئىمان ئېتى-قادىغا ماس كېلەرمۇ ؟

— گەپ يوق ماس كېلىدۇ .

— مەملىكىتىمىزدە ئاتەشپەرەسلەر بار . ئۇلارنىڭ « ئاۋېستا »سى قاچان يېزىلغان ؟

— بۇنىڭدىن ئىككى مىڭ يىل مۇقەددەم .

— دېمەك ، بىنانىڭ ئىككىنچى قىسمى « ئاۋېستا » غا ، ئۈچىنچى قىسمى ناسارالارنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىغا بېرىلسە ، تۆتىنچى قىسمى مۇسۇلمانلار ئېتىقادىغا ماكان بولسا .

— ھەممە ئېتىقادلار بىر گۈمبەزنىڭ ئاستىدا بىللە ، باراۋەر ! . . . ھەزرىتىم ، تارىختا ھېلىغىچە ھېچكىم قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان يېڭى ئىشقا بەل باغلاپسىز ! ئەڭ مۇھىمى ، تۆرلۈك ئېتىقاد ۋەكىللىرى بىر جايغا يىغىلسا ، ھەقىقەتنى بىلىش ئاسانراق بولىدۇ ،

خۇراپاتلىق ، بىدئەت ئاز بولىدۇ .
— ئاخىردا ئەنسارىلارنىڭ خۇراپىي ھاكىمىيىتىدىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ ! — دېدى ئەكبەر ئەبۇلفازىلنىڭ پىكرىنى داۋام قىلىپ ، — چۈنكى ، بۇ ھاكىمىيەت دىنىي ئاداۋەتلەرگە ئاساسلىنىدۇ . بىز دىنىي ئاداۋەتنى يوقاتساق ، ئەنسارىلارنىڭ تايانغان يۆلەنچۈكى غۇلاپ چۈشىدۇ ، ئۆزىمۇ كېرەكتىن چىقىپ ، چەتكە چىقىپ قالىدۇ !
ئەبۇلفازىل ئەكبەرنىڭ لايىھەسىنىڭ قانچىلىك ئۇزاقنى كۆزلەپ سىزىلغانلىقىنى ئەمدى چۈشەندى - دە ، ھاياجان بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى :
— ھەزرىتىم ، بۇ تۆت قىسىملىق ئابىدە سىزنىڭ ئۇلۇغ بىر بىناكارلىق كەشپىياتىڭىز بولۇپ قالغۇسى !
— ئەگەر بۇ راستتىنلا كەشپىيات بولسا ، ئۇنى مەن سىزنىڭ ياردىمىڭىز بىلەن قىلىمەن ، مەۋلانە ! — دېدى ئەكبەر .
شۇ كۈنى ئەبۇلفازىلغا مۆتىۋەر مەۋلانىلىق ئۇنۋانى بېرىلدى . كېيىنچە ، ئۇ ئەكبەرنىڭ ئەڭ ئىشەنگەن سىرداش ۋەزىرى بولۇپ قالدى .
بىر گۈمبەز ئاستىدىكى تۆت قىسىملىق بىنانى ئۇلار ئۆزئارا سۆھبەتتە « ئېتىقادخانا » دەپ ئاتىشاتتى . لېكىن ، دىندارلارنى چۆچۈتمەسلىك ئۈچۈن ، رەسمىي رەۋىشتە ئۇنىڭغا « ئىبادەتخانا » دەپ نام بېرىشتى . يېڭى بىناغا جاي تاللاشتا بولسا ، ئەكبەر بېشەنەدىكى خەلق قوزغىلىڭغا باشچىلىق قىلغان ئابدۇللا نىيازىنىڭ كونا ھۇجرىسى ئورنىنى تاللىدى .
بۇ ھۇجرا يېڭى ساراي بىناسى چۈشكەن جايغا يېقىن بولۇپ ، ئابدۇللا نىيازىنىڭ ئۆزىگە سەلىم ئاتا تۇرغان كۆل بويىدىن باشقا بىر جاي بېرىلگەنىدى . ئابدۇللا نىيازى ھازىر قوراللىق قوزغىلاڭ يولىدىن قايتقان ، لېكىن مەھدىيلەر ئېتىقادىدىن ۋاز كەچمىگەنىدى . ئۇمۇ شەيخ مۇبارەكتەك پۈتۈن نىجاتلىقنى ئادىل پادىشاھتىن ئىزدەيتتى ۋە ئەكبەرگە ئۈمىد بىلەن قارايتتى .
ئەكبەر بولسا ئەنسارىلارنىڭ دىنىي ئىستىبداتىغا قارشى كۈرەشتە

مەرھۇم سەلىم ئاتىسىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولغان مەھدىيلەرگە تايىناتتى. شۇ سەۋەبلەر بىلەن ئىككى ئارىدىكى يېقىنلىق بارا - بارا ئېشىپ باردى...

× × ×

ئىچكى دۈشمەنلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ چارىلىرى بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ئەكبەرنىڭ خىيالىنى تاشقى دۈشمەنلەر كۆپرەك بەند قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىيلىرى ھازىر گۇجارەت ۋە گوئا تەرەپلەردە ئىدى. ئۇلار شۇ تەرەپلەردىن مەخپىي ئادەملەرنى ئەۋەتىپ، يەنە پولات ۋەسۋەسىگە ئوخشاش كىشىلەرنى ئەكبەرگە قارشى يوشۇرۇن رەۋىشتە ئىشقا سېلىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، گۇجارەتتە ئەكبەر ئەۋەتكەن كۆزەتكۈچىلەرمۇ تىنىماي ئىش ئېلىپ بارماقتا. ئۇلار گۇجارەتتىكى ئىچكى نىزالاردىن پايدىلىنىپ، مۇزەففەرشاھنىڭ ۋەزىرى ئەتەمادخان بىلەن يوشۇرۇن ئالاقە ئورنىتىشتى. ئەكبەرنىڭ نامىدىن بۇ ۋەزىرگە خەت، سوۋغا - سالام ئەۋەتىپ تۇرۇشتى ۋە چوڭ ۋەدىلەرنى بېرىشتى.

ئاخىر ئەتەمادخان ئەكبەر تەرەپدارى بولۇپ مەخپىي خەت يازدى:

«ھەزرەت شاھەنشاھ! بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرى گۇجارەت سىزنىڭ ئاتىڭىزنىڭ ئىلكىدە ئىدى. شۇ چاغدا، پېقىر زەمىرشاھ سۇلالىسىگە يول بېسىپ، گۇجارەتنىڭ مەركىزىي دۆلەت ئىلكىدىن ئايرىلىپ چىقىشىغا ياردەم بەرگەنىدىم. بۇ ئىشىمنىڭ خاتالىقىنى ماڭا تارىخ بىلدۈردى. مۇزەففەرشاھ گۇجارەتنى خاراب قىلدى. دېڭىز قىرغىقىدىكى ئەللەر پەرەڭگىلەر ئىلكىگە ئۆتمەكتە، ئىلىم - مەرىپەت خاراب بولۇشقا يۈز تۇتتى، دىنىي ئاداۋەت ۋە ئىچكى بۆلەكچىلىك گۇجارەتنى ناھايىتى زەئىپلەشتۈرۈپ قويدى. ھالبۇكى، بىز قۇدرەتلىك مەركىزىي دۆلەت ھاكىمىيىتىدە بولغان بولساق، بۇ ئەھۋالغا قالماس ئىدۇق. سىزنىڭ ئىلىم - مەرىپەتكە كەڭ يول ئېچىپ بەرگىنىڭىزنى، دىنىي ئاداۋەتكە قارشى تۇرغىنىڭىزنى، قانداق ئىسلا-

ھالالارنى ئېلىپ بېرىپ، كاتتا قورۇلۇشلارنى سېلىۋاتقىنىڭىزنى ئېگرەڭ، دېھقانلارغا، سېپكىرىگە بېرىپ كەلگەن ئادەملەردىن ئاڭلاپ، ھەۋەسىمىز كەلدى. بىزنىڭ ئەق- ىدارسىز، جاھىل ھۆكۈمدارىمىز مۇزەففەرشاھ ئىل - ئۇلۇسنى ئۆزىدىن بەزدۈردى، كۆيچىلىك بەگ - سىپاھلارمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يولىنى ئىزدەۋاتىدۇ. ھەتتا مېنىمۇ بىر چاغلاردا ئۇنى تەختتىن چۈشۈرگىنىمىزغا ئەمدى مىڭ پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. ئەگەر كەلسىڭىز ئەمەلدارلىرىڭىز سىزگە تەقزا. مەسلىھەت بىلەن دەرۋازىلارنى جەڭسىز ئې- چىپ بېرىشكە تەييارمىز.»

ئەكبەر گۇجارەت يۈرۈشى ئۈچۈن ئەمدى پۇرسەت كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ خىيالى مۇزەففەرشاھنىڭ قانتى ئاستىدا قېچىپ يۈرگەن شەرەفىددىن مىرزا ۋە گويا ئارىلىدىكى پولات ۋەسۋەسكە قورال بەرگەن پەرەڭلەر ئۈستىدە بولۇۋاتاتتى. تاشقى دۈشمەنلەر بىلەن كۈ- رەش قىلىشتا، ئەكبەر دادىسىنىڭ خاتالىقلىرىنى تەكرارلىماسلىقنى ئۈمىد قىلاتتى. يېڭى دۆلەت چوڭ دەرەختكە ئوخشاش مۇستەھكەم يىلتىز تارت- قىچە ئارىلىقتا سوغۇرۇپ تاشلاش ئاسان ئىكەنلىكىنى ھۇمايۇننىڭ گانگ بويىدىكى مەغلۇبىيىتى كۆرسەتكەنىدى.

يىگىت چېغىدىلا تېز ئىش قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ھۇمايۇن تەختكە ئولتۇرغان دەسلەپكى ئۈچ تۆت يىل ئىچىدە شەرققە ۋە غەربكە، جەنۇبقا ۋە شىمالغا تۇشمۇتۇشتىن يۈرۈش قىلىپ، ئۇندىن ئارتۇق ۋىلا- يەتنى باش ئەگدۈرگەن. لېكىن ئۇ گۇجارەتكە يۈرۈش قىلغاندا، شەرقتە بھار ئىسيان كۆتۈرۈپ، تەۋەلىكتىن چىقىپ مۇستەقىل بو- لۇۋالدى. ئەكبەر ئاشۇ ئاچچىق ساۋاقلارنى ئېسىدە تۇتۇپ، دۆلەتنىڭ چېگرىلىرىنى يۇزماستىن، قەدەممۇ قەدەم كېڭەيتىپ بارماقتا ئىدى. ئۇن بەش يىل داۋامىدا، گۇجارەت بىلەن ئەگرە ئارىلىقىدىكى بىكەنىر، چىت- تار، يۈندى، مەلۋەگە ئوخشاش ۋىلايەتلەردە ئىچكى پاراكەندىچىلىكنى تۈگەتتى. ئەڭ نوپۇزلۇق راجە ۋە رائەلەر بىلەن قان - قېرىنداش بول- دى، ئاتىلىق ئەسكەرلەرنىڭ پىرىمىنى سادىق راجپۇتلاردىن تەيىنلىدى. ھەتتا تۆمۈر بويى بابۇر ۋە ھۇمايۇنغا قارشى تۇرغان رەنە سەنگرام

سىنخىنىڭ نەۋرىسى ئۇداي سىنخ ئەمدى ئەكبەرگە تەن بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. ئۇنىڭ ئەتمادخان بىلەن مەخپىي ئالاقە ئورناتقانلىقىغىمۇ ئىككى يىل بولدى. ئەمدى گۇجارەت يۇرۇشى ئۇچۇن پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى شۇ تەرەپتىن ئاخبارات يەتكۈزۇپ تۇرغان مەخپىي كىشلەرنىڭ مەلۇماتلىرىمۇ تەستىقلىدى.

ئەكبەر ئون مىڭ كىشلىك قوشۇن بىلەن مىزان ئېيىدا ئەھمەدئابادقا يېقىنلاشتى. ئەتمادخان سۆزىدە تۇرۇپ ئىككى مىڭ ئادەم بىلەن ئەكبەر تەرەپكە ئۆتتى. مۇزەففەرشاھ جەڭ قىلىشقا پېتىنالماي پايتەختنى تاشلاپ قاچتى. ئەكبەر ئەزىز كۆكەلدىشنى بەش مىڭ ئەسكەر بىلەن قوغلاشقا ماڭدۇرۇپ، ئۆزى پادىشاھ سارىيىغا كىرىپ جايلاشتى.

ئەزىز كۆكە ئەتىسى پېشىن ۋاقتى بىلەن مۇزەففەرشاھنى تۇتۇپ كەلدى. بۇ شاھ قىرىق ياشلاردىكى، سېمىز، قارا ئادەم ئىكەن. ئۆزى شۇنچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان سارايىنى ئەمدى ئەكبەرنىڭ ئىگىلەپ ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، يۈزلىرى ئەلەمدىن كۆكىرىپ كەتتى. بىراق جېنى شېرىن تۇيۇلۇپ، ئەكبەر ئولتۇرغان تەخت ئۇدۇلىدا تەزىمگە ئېگىلدى. ئوڭ قولىنىڭ ئارقىسىنى ئاۋۋال يەرگە تەگكۈزۇپ، كېيىن بېشى ئۇستىگە ئېگىز كۆتۈردى ـ دە، تەسلىم ①بەجا كەلتۈردى:

— ھەزرەت شاھىنشاھ، تەقدىر ئىكەن، بىز يېڭىلدۇق. خاتالىق ئۆتكەن بولسا، ئەپۇ قىلىڭ. ئەگەر قېنىمدىن كەچسىڭىز تاكى ئۆلگۈچە سىزگە ساداقەت ساقلاپ بىر چەتتە تىنچقىنە ياشايمەن!

ئەكبەر ئۇنىڭ زەھەر تېمىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ، دىلىدىن ھېلىغىچە ئاداۋەت كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. تەخت يېنىدا تۇرغان بەھاگۇن داسىمۇ ئەكبەرگە «ئىشەنمەڭ، سۆزىدە تۇرمايدۇ!» دەپ شىۋىرلىدى.

لېكىن، ئەھمەدئابادنىڭ جەڭسىز ئېلىنغانلىقىدىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ، دىلى يۇمشاپ قالغان ئەكبەر تىز چۆكۈپ تەسلىم بولغان ئادەمنى ئۆلۈمگە بۇيرۇشنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرمىدى.

---

① تەسلىم — تەزىمنىڭ بىر تۈرى.

— جانابى مۇزەففەرشاھ ، مېنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىم « ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەس » دېگەن قائىدىگە ئەمەل قىلىپ كەلگەنىكەن. مەنمۇ بىرىنچى قېتىم قېنىڭىزدىن كەچتىم. . .

— مىننەتدارمەن ، ھەزرىتىم ، ئايىغىڭىز تەگكەن توپىنى كۆزۈمگە سۈرتكەيمەن.

ئەكبەر ئۇنىڭغا ئەھمەدئاباد يېنىدىن جاي بەردى ، خەزىنىدىن نەپىقە بېرىپ تۇرۇشنى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، كېچە - كۈندۈز ئەتراپىدىن قورۇقچىنى ئۈزمەي ، كۆز - قۇلاق بولۇشنى بۇيرۇدى.

مۇزەففەرشاھنى تۇتۇپ كەلگەن ئەزىز كۆكەگە خانى ئەزەم ئۇنۋانىنى بەردى. ئەكبەر ئۇنى ئەھمەدئابادقا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى - دە ، ئۆزى بەش مىڭ ئەسكىرى بىلەن دېڭىز بويىدىكى سۇرات بەندەرىگە يول ئالدى.

× × ×

ھىندى ئۇممانى . ئاخىرقى ئۇچى ئۇپۇقلارغا تۇتىشىپ كەتكەن بەھەيۋەت يوغان دېڭىز ئىچىدە يوغان كېمىلەرمۇ مۇشۇك مايىقىدىنمۇ كىچىك كۆرۈنەتتى. ئەكبەر ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم دېڭىز كېمىسىدە ئولتۇرۇپ ، ئاتا - بوۋىلىرى كۆرۈپ باقمىغان كەمبىي كۆرپىزىدە سەيلە قىلدى ۋە گوئا ئارىلىغىچە ئۈزۈپ باردى. بۇ يەردە ئۇ دېڭىز ھاكىملىرى بولۇۋالغان پەرەڭلەر پورتلىرىنىڭ چېركاۋلىرىغا كىرىپ كۆرۈپ باقتى. پورتۇگاللارنىڭ كېمىلىرى ھىندى كېمىلىرىدىن چوڭراق ۋە قۇدرەتلىكرەك ئىدى. گوئانى ئۆزلىرىنىڭ قىلىۋالغان ۋە دېڭىز يولىغا خوجايىنلىق قىلىۋاتقان پەرەڭلەر ئەكبەرگە ئىلتىپات كۆرسەتكەن بولۇپ ، ئۇنى ئەڭ چوڭ كېمىلەردە سەيلە قىلدۇرماقچى بولۇشتى.

— مەن ھىندى كېمىسىدە ئۈلۈشنى ياخشى كۆرىمەن ! — دېدى ئەكبەر ۋە گوئانىڭ پورتۇگالىيىلىك ھاكىمىدىن تەرجىمان ئارقىلىق سورىدى ، — بۇ يەردە ئىلگىرى ھىندى ئىبادەتخانىلىرى ، مۇسۇلمان مەسچىتلىرى بارمىدى ؟

— بار ئىدى.

— ھازىر نېمىشقا كۆرۈنمەيدۇ؟

— چۈنكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسى چېركاۋلارغا بارىدىغان كاتو-لىكلاردۇر.

— قاچاندىن بېرى؟ ئەسىرلەر داۋامىدا گوئادا ھىندىلار بىلەن مۇسۇلمانلار ياشاپ كەلگەنىدىغۇ؟ ئۇلارنى پەرەڭلەرنىڭ ئەلبۇكىركە دېگەن ئەمىر ئەلبەھرى قىرىپ تاشلىغانلىقى راستمۇ؟

— ھەممىسى ئەمەس... بىر قىسمى... كاتولىك دىنىغا ئۆتكەن...

— دېمەك، پەرەڭلەر ھىندى، مۇسۇلمانلارنى زوراۋانلىق بىلەن ئۆز دىنىغا ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ! بەلكى سىزلەرمۇ پۈتۈن ھىندىستاننى زوراۋانلىق بىلەن بېسىپ ئالماقچى، شۇنداقمۇ؟!

— زىنھار ئۇنداق ئەمەس، ھەزرىتى ئالىيلىرى! بىز سىزدەك ئۇ-لۇغ پادىشاھنى ھۆرمەت قىلىمىز... ھىندىستان خەلقى بىلەنمۇ ھەمكار-لىق ئورناتماقچىمىز.

— ئېيتىڭچۇ، جانابى ھاكىم، رەسمىي ھۆججەتلەردە سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز نېمە دەپ ئېيتىلىدۇ؟ — سورىدى ئەكبەر.

گوئا ھاكىمى پورتۇگالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ھىندىستان ئىشلىرى بويىچە نائىبى ھېسابلىناتتى. رەسمىي ھۆججەتلەردە بۇ ھاكىم «ھىندىس-تان ھۆكۈمەت ۋەكىلى» دەپ ئۇلۇغلىناتتى. ھاكىم بۇنى ئوچۇق ئېيت-سا، پۈتۈن ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغاندەك كۆرۈنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، گەپنى بۇرىدى:

— كەمىنە پورتۇگالىيە ھۆكۈمىتىنىڭ گوئا ئاراللىرىدىكى نائىبى-مەن...

— پەقەت گوئانىڭ ئەمەس. جانابى نائىب، سىزنى پۈتۈن ھىندىستان زېمىنىغا خوجايىن قىلىپ تەيىنلەپ پەرمان چىقارغانلىقىدىن خەۋەردارمىز! ھۆكۈمىتىڭىزگە شۇنى مەلۇم قىلىڭكى، ھىندىستان مۇس-تەقىل دۆلەت، ئۇنىڭ ئۆز پادىشاھى بار. ھىندىستانغا نائىب كېرەك

بولسا، ئۇنى پەرەڭستان ھۆكۈمتى ئەمەس، بىزئۆزىمىز تەيىنلەيمىز!
— بۇ سۆزىڭىزنى ھۆكۈمىتىمىزگە جەزمەن يەتكۈزىمىز. بىز سىزنىڭ مۇستەقىللىقىڭىزغا ھۆرمەت قىلىمىز!
— ئەمما بەزى پەرەڭلەر بىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىمىزغا ئارىلىشىۋا-تىدۇ... ھەتتا بىزگە قارشى سۈيىقەست پىلانلىغان بىر تەلۋىدىن پە-رەڭلەرنىڭ قورالى تېپىلدى... ھازىر بىزدىمۇ قورال، زەمبىرەكلەر كۆپ. ئاگاھلاندۇرۇپ قويماقچىمىزكى، يەنە شۇنداق ئىشلار تەكرارلان-سا، بىزنىڭ زەمبىرەكلىرىمىز سىلەرگە قارشى ئېتىلىشى مۇمكىن!
ئەكبەرنىڭ دېگىنىنى قىلىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان گوئا ھاكىمى تەشۋىشكە چۈشۈپ:
— بىز سىز بىلەن تىنچ بىللە ياشاشنى ئويلايمىز. ھەزرىتى ئا-لىيلىرى! — دېدى، — ئەگەر سۈيىقەستكە قاتناشقان ئادەم گوئادا بول-سا، ئۇنى تۇتۇپ بېرىشكە تەييارمىز!..
ئەكبەر ۋەزىر جەمىلگە ئىشارەت قىلدى. ۋەزىر جەمىل قوينىدىن قەغەز ئېلىپ پولات ۋەسۋەس ۋە بەزى گۇۋاھچىلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشى-چە، ئاشۇ قورالنى ئالۋارۇ پاكاۋىرا دېگەن ئادەمنىڭ دېھلىغا ئېلىپ بار-غانلىقى ھەققىدىكى ئاخباراتنى ئېيتىپ بەردى.
گوئا ھاكىمى يېنىدىكى مۇلازىملاردىن نېمىنىدۇر سورىدى ـ دە، تېزلا ئەكبەرگە يۈزلىنىپ دېدى:
— ئالۋارۇ پاكاۋىرا يېقىندا كەلكۈن مەرگىلىدە دېگىزغا چۆكۈپ ئۆلۈپتۇ... ئەگەر ھەزرىتى ئالىيلىرىغا يامانلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قىساسى قايتقىنى شۇ! شەكسىزكى بىز ھىندىستان بىلەن پەقەت ياخشى ئالاقە قىلىش نىيىتىدە بىز. دىن ۋە مىللەت ئايرىماستىن باردى ـ كەلدى قىلايلى! ئەگەر سىز، ھەزرىتى ئالىيلىرى، لازىم كۆرسىڭىز، بىزگە ئەلچى ئەۋەتىڭ. بىز ئەلچىلىرىڭىزنى ئۆز كېمىلىرىمىزدە پورتۇگالىيىگە، ئۆز ھۆكۈمىتىمىز ھوزۇرىغا ئېلىپ بېرىشقا، كېيىن قايتۇرۇپ كېلىشكە تەييارمىز.
بۇ گەپلەر ئەكبەرنى سەل يۇمشاتتى. ئۇ پورتۇگالىيىگە ئەلچى

ئەۋەتىدىغان بولۇپ ، گوئا ھاكىمى بىلەن خوشلاشتى . سۇرات بەندەرگە قايتقاندا بولسا :

— ھېلىقى پەرەڭنىڭكىدىنمۇ قۇدرەتلىكرەك كېمىلەرنى ياسىتىمىز ، — دېدى يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا .

كۆپچىلىك بەگلەرمۇ « پەرەڭلەرنى گوئادىن قوغلاش كېرەك » دېگەن پىكىردە ئىدى .

ئەكبەر شۇ نىيەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ، سۇرات بەندەرىدىكى كېمىسازلارغا بۇيرۇتما بېرىشكە باشلىغان كۈنى ئەھمەدئابادتىن شۇم خەۋەر كەلدى : مۇزەففەرشاھ ئەكبەر قويغان قوروقچىلارنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپتۇ ، بىر گۇرۇھ تىمۇرىيزادە مىرزىلار ئۇنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ .

ھۇسەيىن بايقارا ئەۋلادىدىن بولغان بۇ مىرزىلار ئىلگىرىمۇ ئۆز قېرىندىشى ئەكبەرگە ئىچى تارلىق قىلىپ ، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىگە ياردەم بېرىپ يۈرۈشەتتى . سەمبھالدىن قاچقان ۋە پولات ۋەسۋەسنى ئىشقا سېلىپ ، ئەكبەرگە ئوق ئاتقۇزغان شەرەفىددىن مىرزىمۇ شۇلارنىڭ بېقىنىغا كىرگەنىدى . مىرزىلارنىڭ ياردىمىدە ئەھمەدئاباد يېنىدىكى جايدىن قاچقان مۇزەففەرشاھ بارىنجىنى غەپلەت ئۇيقۇسى پەيتىدە ئىشغال قىلدى - دە ، ئەكبەرگە سادىق قۇتبىددىننى ئۆلتۈردى . گۇجارەت ۋىلايىتىنىڭ خەزىنىسىگە يىللاردىن بېرى يىغىلغان ئون كۇدۇر[1] رۇپىيە ئالتۇننى ئەكبەر قۇتبىددىنغا ئىشىنىپ تاپشۇرغانىدى . مۇزەففەرشاھ شۇنداق چوڭ بايلىقنى ئېلىۋالغاچقا ، ئۆزىنى يەنە قۇدرەتلىك ھېسابلاپ ، نۇرغۇن ئەسكەر ياللىدى . كېيىن ئەھمەدئاباد قەلئەسىگە ھاكىم بولغان ئەزىز كۆكەگە قارشى ئۇرۇش باشلىدى . مىرزىلار بولسا ئۇلاردىن بېرىدىكى سەرنەلدە ئەكبەرنىڭ ئەھمەدئابادقا قايتىدىغان يولنى توسۇپ تۇرۇشقانىدى .

ئەكبەر بۇ يامان خەۋەرلەرنى ئاڭلىغاندا ، مۇزەففەرشاھنى كەچۈرۈپ قاتتىق چوڭ خاتاغا يول قويغانلىقىنى بىلىپ ، ئۆزىنى قاتتىق كا-

---

[1] ئون كۇدۇر — يۈز مىليون .

يېدى . قېرىنداش تۇرۇپ ، كەينىدىن پىچاق ئۇرغان تىمۇرىي مىرزىلارغا قارشى دىلىدا قوزغالغان چەكسىز قەھر - غەزەپ ئۇنى قويۇندەك ئۇچۇرۇپ ، دېڭىز بويىدىكى سەرنەل تەرەپكە ئېلىپ كەتتى .

سۇراتتىن سەرنەلگىچە ئاتتا ئون كۈنلۈك يول ئىدى . ئەكبەرنىڭ دېڭىز بويىدا يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغان مىرزىلار ئۇنى ھازىر قايتىپ كېلەلمەيدۇ ، دەپ بەخىرامان يۈرگەنىدى . ئەكبەر ھەيران دېگەن ئىراق چاپقۇر ئېتىدا ئۈچ كۈن ئۆتمەي سەرنەلگە يېتىپ باردى . ئۇ ناھايىتى تېز يۈرگەنلىكى ئۈچۈن ، قوشۇنىنىڭ ئاساسىي قىسمى مەھىندرە دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە قالدى . ئەكبەر دەريادىن بىرىنچى بولۇپ ئۆتۈپ ، سەرنەل قەلئەسىگە ئەللىكچە ئادەم بىلەن يېتىپ كەلگەندە ، دەرۋازىلار ئۇچۇق تۇراتتى . ئەكبەر ئاساسىي كۈچلىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتىدىغان بولسا ، مىرزىلار خەۋەر تېپىپ ، قەلئە دەرۋازىلىرىنى تاقىۋېلىشاتتى . كېيىن ئۇرۇش ۋە قامال بىر نەچچە ئايغا سوزۇلۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى . ئەكبەر ئوڭ يېنىدا تۇرغان بھاگۋەن داسقا قارىدى :

— تەۋەككۈل قىلامدۇق ؟

— مەيلى ! — دېدى بھاگۋەن داسمۇ قورقماستىن .

ئەكبەر بار ئادىمىنى ئۈچكە بۆلدى - دە ، ئوڭ قاناتقا زەينىددىن كۆكەلدىشنى ، سول قاناتقا مەن سىنخنى تەيىنلىدى . ئون ئالتە يېشىدا جەڭگە قاتنىشىپ يۈرگەن ئابدۇرەھىم دادىسى بەيرەمخانغا ئوخشاش پىششىق ، يۈرەكلىك يىگىت بولغانىدى . ئەكبەر بىلەن ئون كۈنلۈك يولنى ئۈچ كۈندە بېسىپ كېلەلىگەن ئەڭ باتۇر يىگىتلەرنىڭ بىرىمۇ ئابدۇرەھىم ئىدى . . . ئەكبەر ئۇنى ۋە بھاگۋەن داسنى ئۆزى بىلەن مەركەزدە قالدۇردى . ئاندىن ھەممىسى قىلىچ يالىڭاچلاپ ئوچۇق تۇرغان سەرنەل دەرۋازىسىدىن ئات سېلىپ كىردى .

قەلئە ئىچىدە مىرزىلارنىڭ تۆت مىڭ ئەسكىرى بار ئىدى . لېكىن ، ئەكبەرنىڭ كۈتۈلمىگەن ھۇجۇمى ئۇلارنى گاڭگىرىتىپ قويدى . سەپلىنىشكە ۋە توپلىنىشقا ئۈلگۈرمىگەن يۈزلەپ ئەسكەر قەلئەنىڭ تار كوچىلىرىدا تىقىلىپ ئۆزلىرى - ئۆزلىرىگە كاشىلا بولۇشقا باشلىدى .

توپىلاڭدا دۈشمەن ئەسكىرى قايسى، ئۆزلىرىنىڭ قايسى پەرقلەندۈرۈش تەس ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، مۇزەففەر ھۆسەيىن مىرزا باشلىق يۈزچە ئاتلىق ئەسكەر ئەكبەرنىڭ يولىنى توسۇپ چىقتى. نېرىقى كوچىدىن چىققان ئىبراھىم ھۆسەيىن مىرزىنىڭ ئەسكەرلىرى سول تەرەپتىكى مەن سىنخقا ھۇجۇم قىلدى. مەسئۇد ھۆسەيىن مىرزا زەيندىدىن كۆكە بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى.

ئەكبەرنىڭ ئۈچىسىدا ئوق ئۆتمەس كىيىم، بېشىدا دۇبۇلغا. ئۇ-دۇلىدىن ئېتىلغان يا ئوقلىرىدىن بىرى كۆكرىكىگە «قاراس» قىلىپ تېگىپ قاڭقىپ كەتتى. يەنە بىر ئوق تىزىنى يېپىپ تۇرغان تۆمۈر قال-قانغا قاراسلاپ ئۇرۇلدى. ئەكبەر بېشىنى كەينىگە تارتىپ، سەل ئې-گىلدى-دە، قىلىچ يالىڭاچلىغان ھالدا، ئوق ئېتىۋاتقان ئەسكەرگە تاشلاندى. لېكىن شۇ ئارىدا بەھاگۇەن داس بۇ ئەسكەرنى قىلىچ بىلەن چېپىپ، ئاتتىن يىقىتتى. يان تەرەپتىن زەيندىدىن كۆكەنىڭ:

— ئەكبەر ھەزرەتلىرىگە قاراڭ! — دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئۇنىڭ «ئەكبەرنى قوغداڭ» دېگىنى ئىدى.

ئالتۇن قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئەكبەرنى دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئەمدى كۆردى. بەھاگۇەن داس ۋە زەيندىدىن كۆكەنىڭ زەربىلىرىدىن يىقىلىپ يەر چىشلەۋاتقان دۈشمەنلەرمۇ ئۇلارغا ئەكبەرنىڭ قىلىچىدىن يىقىلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. مىرزىلار تەرەپتىن ئې-تىلىۋاتقان ئوقلار ئەكبەرنىڭ ئوق ئۆتمەس كىيىمىگە تېگىپ چاچراپ كېتىۋاتقانلىقى دۈشمەنگە ئۇنى ئوق ئۆتمەيدىغان، نەزەرگە يولۇققۇچى قىلىپ كۆرسەتتى.

— ئەكبەرنىڭ ئۆزى!

— ئەكبەر!... — دېگەن سۆزلەر دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئارى-سىدا خۇددى «بالا-قازا كەلدى، جىنىڭ ئامان چاغدا قېچىۋال!» دې-گەن گەپتەك ۋەھىملىك ئاھاڭدا تارقالدى. سان جەھەتتىن قىرىق ھەسسە كۆپ دۈشمەن مانا شۇ ۋەھىمە تۇپەيلىدىن، پالاقشىپ قېچىشقا باشلىدى. ئەكبەر ئۇلاردىن بىرەرىگىمۇ قىلىچ ئۇرمىدى. پەقەت ئۆزى

ئالدىنقى سەپتە ئوق يامغۇرى ئاستىدا ھۇجۇم قىلىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۇ-
چۇن ، يېنىدىكى بەگ ۋە ئەسكەرلەر ئۆلە - تىرىلىشكە قارىماي ، دۈش-
مەنلىرى ئۈستىگە تاشلانماقتا ئىدى . ئوتتۇرىدىكى بىھاگۇەن داس ئەك-
بەرگە نەيزە ئاتماقچى بولغان مىرزىلاردىن بىرىنىڭ قولىغا قىلىچ ئۇردى .
بىھاگۇەن داسنىڭ پۈتۈن خىيالى ئەكبەرنى قوغداش بىلەن بەند بولۇپ ،
ئوڭ يېنىدا جەڭ قىلىۋاتقان ئوغلى بھۇپاتنى ئۇنتۇدى . مىرزىلار تەرەپتىن
ئېتىلغان بىر ئوق ئون يەتتە ياشلىق بھۇپاتنىڭ بوينىغا قادالدى . ئۇ
ئاتتىن يىقىلىۋاتقاندا ، ئابدۇرەھىم كېلىپ تۇتۇۋالدى ۋە بىخەتەر جايغا
ئېلىپ چىقتى .

قېچىپ كېتىۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرى ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋات-
قانلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەچكە ، مىرزىلارغا دۈشمەن ناھايىتى كۆپ
كۆرۈندى . بۇ ئارىدا ، ئەكبەرنىڭ ئاساسىي كۈچمۇ دەريادىن ئۆتۈشكە
ئۈلگۈردى ۋە سەرنەلگە كىرىشكە باشلىدى . ئەمدى ئەكبەرگە تەڭ كې-
لەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلغان مىرزىلار قەلئەنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى
دەرۋازىلاردىن توپ - توپ بولۇپ قېچىشقا باشلىدى . ئىبراھىم مىرزا شى-
مالدىكى مۇلتانغا قاراپ قاچقانىدى . ئۇنى تۇتۇپ بېشىنى كېسىپ كې-
لىشتى ، مۇزەففەر ھۇسەيىن بىلەن شەرەفىددىن مىرزىلار جەنۇبتىكى دا-
كان پادىشاھىنىڭ ھوزۇرىغا قېچىپ بېرىپ جان ساقلىدى .

داكان تاجدارىنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلىشى ئۈچۈن ،
ئەكبەردىن كۆرە مۇزەففەر ھۇسەيىن بىخەتەررەك ئىدى . مۇزەففەر ئۇنىڭ
ياردىمىدە ئون مىڭ كىشى توپلىدى ۋە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، يەنە
گۇجارەت چېگرىسىغا باستۇرۇپ كىردى . مۇزەففەرشاھ ئۆز تەرەپدارلىرى
بىلەن قوشۇلدى . ئوتتۇز مىڭغا يېقىن دەھشەتلىك قوشۇن گۇجارەتتە
ھاكىم بولۇپ تۇرغان ئەزىز كۆكەنىڭ ئەتراپىنى ئوراپ ، ئەھمەدئابادقا
باستۇرۇپ كىرىشكە باشلىدى .

× × ×

ئاللىقاچان فەتھئابادقا قايتىپ ، ئۇ يەردىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا

كىرىشىپ كەتكەن ئەكبەر ئەزىزكۆكەنىڭ قامالدا قالغانلىقىنى ساراتان ئېيىدا ئاڭلىدى. يامغۇر پەسلى ئەۋجىگە چىقىپ، يوللار پاتقاق بولسىمۇ، ئۇ ئون مىڭ ئەسكەرنى بھاگۋەن داس باشچىلىقىدا گۇجارەتكە ياردەمگە ماڭدۇردى. ئەبۇلفازىل بۇ قوشۇن بىلەن بىللە كەتتى.

ئەكبەرنىڭ ئەسەد ئېيىدىمۇ پايتەختتە يۈرگەنلىكىنى مىرزىلار سېكرىدە ئىشپىيونلىرىنىڭ ئاخباراتىدىن بىلىپ تۇراتتى. بھاگۋەن داس باشلىق قوشۇن يامغۇرلۇق كۈنلەردە قىيىنلىپ، بىر ئايدىمۇ ئەھمەدئابادقا يېتىپ بارالمىدى.

سۇنبۇلە ئېيى كىرىپ، ئاسماندا يامغۇر بۇلۇتلىرى تارقىلىشقا باشلىغاندا، ئەكبەر تاللانغان بەش يۈز ئەسكەر بىلەن كېچىسى فەتھىئابادتىن گۇجارەتكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ دۈشمەنلىرىنى يەنە غەپلەتتە قالدۇرۇپ توساتتىن باستۇرۇپ بارماقچى بولغانىدى. شۇڭا، ناھايىتى تېز سۈرئەتتە يول مېڭىشتى. ئەڭ تېز چاپىدىغان ئات ۋە تۆگىلەر ئالدىن تەييارلانغان ۋە يوللاردىكى مەخسۇس جايلاردا تەخ قىلىپ قويۇلغانىدى.

سېكرى بىلەن ئەھمەدئاباد ئارىلىقىدىكى يول سەل كەم سەككىز يۈز مىل. ئات ۋە تۆگىلەرنى مىڭ قىستاپ ھەيدىگەندىمۇ، ھىندىستان ئىسسىقلىرىدا 70 - 80 مىل يول ماڭغىلى بولمايتتى. لېكىن، ئەكبەر ئۇچقۇر ئات ۋە تۆگىلەرنى كۈندە نەچچە قېتىم ئالماشتۇرۇپ شامالدەك ئۇچۇپ مېڭىشقا باشلىدى. كۈندۈزى ئەڭ ئىسسىق پەيتتە بەش يۈز ئادەم سايە جاي تېپىپ ئۇخلايتتى. ئاندىن كېچىسىدىن تارتىپ تاكى سەھەر مەزگىلىگىچە يول ماڭاتتى. ئەكبەرنىڭ ئۆزى توققۇز كۈن داۋامىدا بۇنداق تېزلىكتە چېپىپ بەرداشلىق بېرىۋاتقان يەردە، كۆپچىلىك يىگىتلەرمۇ «ھاردىم» دېيەلمەيتتى.

بۇ يىگىتلەردىن بىرى — ئەكبەرنىڭ ئاتاق ئوغلى، ئەمدى ئون يەتتىگە كىرگەن ئابدۇرەھىم ئىدى. ئەكبەر ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەڭ سادىق كۆكەلدىشى ئەزىزنىڭ سىڭلىسى ماھى بانۇنى ئېلىپ بەرگەنىدى، جەججى ئىنىكئانا ئەمدى ئابدۇرەھىمغا ئانا بولغانىدى. ئابدۇرەھىم ئەھمەدئابادتا قامالدا قالغان قېيىناتا - قېيىنانىسىنى تېزراق قۇتقۇلدۇرۇش ئۇ-

چۈن بولسىمۇ ، كېچە - كۈندۈز يول مېڭىشىنىڭ بارلىق مۇشەققەتلىرىگە بەرداشلىق بېرىپ كېلىۋاتاتتى .

ئەكبەر ۋە ئۇنىڭ بەش يۈز يىگىتى سېكرىدىن گۇجارەتكە توققۇز كۈندە يېتىپ باردى . بىر كېچە - كۈندۈزدە سەكسەن - توقسان مىل يول باسقان چاغلىرى بولدى .

گۇجارەتكە تېخى ئەكبەرنىڭ سېكرىدىن گۇجارەتكە قاراپ يولغا چىققانلىق خەۋىرىمۇ يېتىپ كەلمىگەن . سەبەرمەتى دەرياسىنىڭ ئۇ تە- رىپىدىكى جايلارنى ئىگىلىۋالغان مىرزىلارغا خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىشپىيونلارمۇ يېرىم يولدا قېلىشقانىدى . گۇجارەتتە توساتتىن پەيدا بول- غان ئەكبەر بىھاگۇمەن داسىنىڭ بىر يېرىم ئاي ئالدىن يولغا چىققان قوشۇ- نىغا يېتىشىپ ئۇنىمۇ ئۆز ئىختىيارىغا ئالدى .

مىرزىلار دەريا بويىدىكى سالقىن جايلارنى قارارگاھ قىلىپ ھېچ- نېمىدىن خەۋەرسىز ئولتۇرغاندا ، سەبەرمەتى دەرياسىنىڭ نېرىقى قىرغى- قىدا توساتتىن ئەكبەرنىڭ قوشۇنى پەيدا بولدى ۋە دەريادىن ئۆتۈشكە باشلىدى . مىرزىلار ھاپىلا - شاپىلا ئوتتۇز مىڭ قوشۇننى تەق قىلىپ ، سەبەرمەتى دەرياسى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى . بۇ چاغدا ، ئەكبەر تۆتچە يىگىتى بىلەن سەبەرمەتى دەرياسىدىن ئۈزۈپ ئۆتكەنىدى . باش سەر- كەردىنىڭ ئۆزىنى سۇغا دادىل تاشلىغىنىنى كۆرگەن باشقا بەگ - ئەس- كەرلەرمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆزىنى سۇغا ئېتىشتى . ئۈچ مىڭچە ئەسكەر ئۆتۈپ بولغاچقا ، ئەكبەر قالغانلىرىنى ساقلىماي ھۇجۇمنى باشلىدى .

ئۇنىڭ ئاستىدا بىر چاغلاردا ھامىسى گۇلبەدەن بېگىم ئىنئام قىلغان ھەيران ئىسىملىك ئىراق ئېتى بار ئىدى . سۇدىن ئۆتۈش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ، ئەكبەر ئاتنىڭ ئۈستىدىكى ئېغىر ئوق ئۆتمەس ياپ- قۇچنى يېشىپ تاشلىغانىدى . جەڭ قىزىقىدا ئوق ئۆتمەس ياپقۇچنى يې- پىشقا ئۈلگۈرمەي ، دۈشمەن تەرەپنى ۋەھىمىگە سېلىش ئۈچۈن ، ئەكبەر ئۆزى ئالدىنقى سەپتە ئات چاپتۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى . لېكىن ، مىر- زىلارنىڭ قوشۇنى سان جەھەتتىن كۆپ ئىدى . ئوقلار يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى . ئەكبەرگە تەگكەن بەش - ئالتە ئوقنى قولىدىكى قالقىنى ۋە

ئۇچىسىدىكى ئوق ئۈتمەس كىيىمى قايتۇردى. پەقەت تىگىدىكى ھەيران بىقىنىدىن ئوق يەپ تىپچەكلەپ توختىدى.

پىيالىدەك چوڭ - چوڭ كۆزلىرى دائىم بىر خىل ھەيرانلىق چەقىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئات ئەكبەرگە ئون يىلدىن ئارتۇق خىزمەت قىلدى. ھەربىر ئۇزاق يوللاردىن ئۇنى قۇشتەك ئۇچۇرۇپ ئۆتكۈزدى. ئاتنىڭ ھەيران قالارلىق كۈچى ۋە ھەيرانلىققا تولغان كۆزلىرى بار ئىدى. شۇڭا، ئەكبەر ئۇنىڭغا ھەيران دەپ ئات قويغانىدى.

ھازىر ئوق ئۈتمەس ياپقۇچ يېپىلمىغاچقا، ئوق يېگەن ھەيراننىڭ بىقىنىدىن شۇرقىراپ قان چىقماقتا. ئەگەر ئۇ يەنە بىرنەچچە قەدەم ماڭسا يىقىلىشى مۇقەررەر. جانىۋار ئەكبەر بىلەن بىللە يىقىلماسلىق ئۈچۈن، ئاياغلىرىنى كېرىپ توختاپ تۇراتتى.

بۇنى سەزگەن ئەكبەر ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئات بېگىگە:

— راھۋارنى[1] بېرىڭ! تېز! — دەپ توۋلىدى.

باش سەركەردىنىڭ ئاتتىن يىقىلغانلىقىنى دۈشمەن كۆرمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئات بېگى ئوق ئۈتمەس ياپقۇچ يېپىلغان ۋە ئۇزاق يولدا ياخشى ماڭىدىغان سەمەن بىداۋ راھۋارنى دەرھال يېتىلەپ كېلىپ ئەكبەرگە توغرىلىدى. ئەكبەر ئېگەردىن سەكرەپ ئۈتكۈچە ساداقەتمەن ھەيران پۇتلىرىنى يەرگە مەھكەم تىرەپ يىقىلماي تۇردى. ئىگىسى باشقا ئاتقا مىنىپ يىراقلاشقا باشلىغاندىن كېيىن، ياردار ئات گۈرسۈلدەپ يىقىلدى.

مۇزەففەر ھۇسەيىن مىرزا يىراقتىكى بىر تۆپىلىك ئۈستىدە ئاتلىق تۇرۇپ، جەڭنى باشقۇرماقتا. ئەكبەر شۇ تۆپىلىككە يېقىنلاشقاندا، مەن سىنىخ بىرنەچچە يۈز راجپۇت يىگىتى بىلەن تۆپىلىكنى ئاتلىق ئايلىنىپ ئۆتۈشكە ئۈلگۈردى. قورشاۋدا قېلىۋاتقىنىنى سەزگەن مۇزەففەر ھۇسەيىن مىرزا قىرىقچە يىگىت بىلەن تۆپىلىكتىن پەسكە ئېتىلدى. ئەمما، قورشاۋدىن چىقىپ بولالماي تۇرۇپ، مەن سىنىخ ئۇنىڭغا يىراقتىن نەيزە ئېتىپ ئاتتىن يىقىتتى. نەيزە مۇزەففەر ھۇسەيىننىڭ پولات ساۋۇتىنى

---

[1] راھۋار — يول تونۇغۇچى، يول باشلىغۇچى دېگەن مەنىدە.

تېشىپ ئۆتەلمىگەن بولسىمۇ ئوقى كۆكرىكىنى يارىلاندۇرغانىدى. مەن سىنىخنىڭ يىگىتلىرى ئۇنىڭ قولىنى باغلاپ، ئەكبەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەتتى.

مۇزەففەر ھۈسەيىن مىرزىنىڭ ئاتتىن يىقىلغانلىقى ۋە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغانلىقى ناھايىتى تېزلا قوشۇنلىرى ئارىسىدا تارقالدى. مۇزەففەرشاھ ئېھتىيات قىلىپ، ئارقىدىراق تۇرغانىدى. ئۇ دەرھال ئۆزىنىڭ ئادەملىرىنى ئېلىپ پەتەن تەرەپكە قاچتى. شەرەفىددىن مىرزىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن پالاقلاپ قېچىشقا باشلىدى.

جەڭ تۈگىگەندىن كېيىن دەريا بويىدىكى چوڭ سايىلىق ئەمەلبېگ دەرەخلىرىنىڭ تېگىدە ئەكبەر ئۈچۈن گىلەم ۋە زەرباپ كۆرپىلەر سېلىنىپ تەييار قىلىندى. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە ئەبۇلفازل ۋە راجە بىربال ئولتۇرغان چاغدا، قىرىق بەش ياشلاردىكى بەستلىك مۇزەففەر ھۈسەيىن مىرزىنى ئېلىپ كېلىشتى. بىربال ئۇنى تۇتقان ئادەملەرگە ئاپىرىن ئېيتىپ، قورۇقچى يىگىتتىن:

— ئەمىرزادىنى كىم تۇتتى؟ — دەپ سورىدى.

مەن سىنىخ كەينىدىرەك كەمتەرلىك بىلەن باش ئېگىپ جىم تۇراتتى. قولى باغلاقلىق مۇزەففەر ھۈسەيىن مىرزا شۇ ھىندى يىگىتنىگە ئەسىرگە چۈشكىنىنى ئېيتىشتىن نومۇس قىلىپ:

— مېنى تۇز ئۇردى! — دېدى ۋە تىز چۆكۈپ ئەكبەرگە مۇراجىئەت قىلدى، — ھەزرىتىم، بىز شەيبانىخان دەۋرىدە خۇراساندىن قوغلاندۇق، سەرگەردان بولۇپ يۈرگىنىمىزدە، رەھمەتلىك بابۇر بۇۋىڭىز بىزنى ھىندىستانغا چاقىرغان، «سىزلەرمۇ تۆمۈر ئۇرۇقلىرىدىن، سۇلتان يۈلەنچۈكىنى خار قىلماس» دەپ باشپاناھ بولدى، مۈلۈك ۋە يەر ئاجرىتىپ بەردى. بىز بۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن، خام سۈت ئەمگەن بەندە ئىكەنمىز، مۇزەففەرشاھنىڭ كۈشكۈرتىشىگە ئۇچراپ، تۇزكورلۇق قىلدۇق، ئالدىڭىزدا تۇرۇپتىمەن، ئەپۇ سورايمەن! ئەگەر قېنىمدىن كەچسىڭىز، بىر تۆمۈر سىزگە ساداقەتمەن بولۇپ ئۆتىمەن!

بۇ گەپ ئەكبەرنى خېلى ئېرىتتى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مۇزەففەر ھۇسەيىننىڭ قولى يېشىلدى ۋە پادىشاھنىڭ سول يېنىغا — بىرباللىن پەسرەك جايغا ئولتۇرغۇزۇلدى. ئەكبەر ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، شەربەت كەلتۈرگۈزدى. ئالتۇن جامدا كەلتۈرۈلگەن چۈچۈك شەربەتنى ئاۋۋال ئۆزى ئىچىپ، ئاندىن مۇزەففەر ھۇسەيىنگە بەردى.

باھاگۋەن داس ۋە مەن سىنخلار ئەكبەرنىڭ بۇ ئىشىدىن نارازى بولۇپ، قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرۇشاتتى. سەرنەلدىكى جەڭدە مانا شۇ مىرزىنىڭ كاساپىتىدىن ھالاك بولغان بەھۇپات ئەكبەرنىڭ قېيىنىسى ئىدىغۇ! ئەمدى ئۇنىڭ قاتىلى شۇنچىۋالا ئىلتىپاتقا ئېرىشسە بولامدۇ؟ ئەكبەر قېيناكىسىنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتۈۋاتقان بۇ گەپلەرنى ھېس قىلغاندەك بولۇپ باھاگۋەن داس بىلەن مەن سىنخنى ئۆزىنىڭ يېنىغا تەكلىپ قىلدى.

— سىزنى تۈز تۇتقىنى راست، مىرزا جانابلىرى، — دەپ ئەكبەر مۇزەففەر ھۇسەيىنگە قارىدى، — سىز ماڭا قانداق قېرىنداش بولسىڭىز، راجە باھاگۋەن داسمۇ ھازىر شۇنداق قېرىنداشتۇر. لېكىن قېرىنداشلارمۇ ھەرخىل بولىدىكەن. سىزدەك مىرزىلار تىمۇرىيلەر خانىدانىدىن چىقىپ، ئۆمۈر بويى شۇ خانىدانغا بالايىئاپەت كەلتۈرۈپ ياشىماقتا. ئەمما، راجە باھاگۋەن داس غەيرىي دىندا بولسىمۇ، سىزلەرگە قارىغاندا يۈز ھەسسە ئارتۇق سادىق بولۇپ، خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. سىز ماڭا قارشى تاجاۋۇز قىلغان ۋاقتىڭىزدا، راجە باھاگۋەن داس بىزنى شۇ تاجاۋۇزدىن قوغداپ، سۆيۈملۈك ئوغلىنى قۇربان قىلدى. ئۇن يەتتە ياشلىق بەھۇپاتنىڭ قېنى سىزنىڭ بويىنىڭىزدا جانابى مىرزا! ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تۇغقىنى بولغىنىم ئۈچۈن، مەن ئادالەتنى ھىمايە قىلماقچىمەن. ئۆتكەن قېتىم مۇزەففەرشاھ باش ئېگىپ ساداقەت بىلدۈرگەندە، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغانىدۇق. بۇگۈنمۇ مۇزەففەرشاھ قانچىلىغان ئادەملەرنىڭ قېنىنى تۆكۈپ، يەنە قېچىپ قۇتۇلۇپ كەتتى. ئەمدى بۇ خاتالىقنى تەكرارلاشقا ھەققىم يوق. مەھەراجە! — دەپ ئەكبەر باھاگۋەن داسقا يۈزلەندى، —

مۇزەففەر ھۆسەيىن مىرزىنى سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزغا تاپشۇردۇم. نە قىلسىڭىز بىز رازى!

ئۆلۈم خەۋپىدىن غال - غال تىترەۋاتقان مۇزەففەر ھۆسەيىن مىرزىنى بھاگۋەن داسنىڭ ئىككى يىگىتى قولىدىن تۇتۇپ ئېلىپ كەتتى. بھاگۋەن داس ئۇنى ئورمان ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ، ئورەك قازدۇردى ۋە ئاشۇ يەردە كاللىسىنى ئالدى.

دادىسى بەيرەمخاندەك باتۇر جەڭچى بولۇپ يېتىشكەن ئابدۇرەھىمنىڭ بۇگۈن ناھايىتى شىجائەت بىلەن جەڭ قىلغانلىقىنى ئەكبەر كۆرگەن ۋە شىمالغا قاچقان شەرەفىددىن مىرزىنى تىرىك تۇتۇپ كېلىشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغانىدى. ئىككى يۈز نۆكەر بىلەن قوغلاپ كەتكەن ئابدۇرەھىم كەچقۇرۇن قولى باغلانغان شەرەفىددىننى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەلدى. ئەكبەر ئابدۇرەھىمنى تەربىيىلەپ، دادىسىنىڭ دەرىجىسىگە يەتكۈزۈشنى كۆپتىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەنىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ جاسارىتىگە قول قويغاندىن كېيىن:

— ۋەزىر جەمىل! — دېدى، — مەخسۇس پەرمان يازدۇرۇڭ، ئابدۇرەھىمغا خانى خانان ئۇنۋانى بېرىلسۇن! رەھمەتلىك بەيرەمخاننىڭ قانچە تەمىناتى، قانچە ئىمتىيازى بولسا، ھەممىسى ئابدۇرەھىم ئۈچۈن تەيىن قىلىنسۇن!

شۇنىڭدىن كېيىن، ئەكبەر شەرەفىددىن مىرزىنى ئۇدۇلىدا تىك تۇرغۇزۇپ:

— بىر چاغدا، سىزگىمۇ كاتتا ئىنايەتلەر قىلىنغانىدى، — دېدى، — ھەممىسىنى ئۇنتۇپ، خىيانەت يولىغا ئۆتكەنلىكىڭىز ئۈچۈن، مانا مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىڭىز. ئاخىر سىز خوجا ئەھرارى ۋەلى ئەۋلادىدىنمەن دەپ ماختىناتتىڭىزغۇ! ئەھرارى دېگەن تەخەللۇسىڭىز بار ئىدى. نېمىشقا سىز پولات ۋەسۋەسىنىڭ قولى بىلەن بىزگە قارشى ئوق ئاتقۇزدىڭىز! پادىشاھ بولغىڭىز كەلگەنمۇ يا؟

— ھەزرىتىم، باشقا گۇناھلىرىم كۆپ. ئەمما، پولات ۋەسۋەسىنىڭ سۇيىقەستىدىن مۇتلەق بىخەۋەرمەن. بۇ ۋەسۋەس تىرمىزلىك سەئىد

ئەبۇلمەئەلىنىڭ ئادىمى ئىدى !
— ئەبۇلمەئەلى ئاللىقاچان كابۇلدا سوراققا تارتىلدى . ئەمدى نۆۋەت سىزنىڭ . جانابى مىر غەزەپ ، ئۆز خىيانەتلىرى بىلەن پۈتۈن ئەجدادىغا نومۇس كەلتۈرگەن بۇ نومۇسسىز قۇترىغان پىلنىڭ پۇتى ئاستىغا تاشلانسۇن !
پىلانىنىڭ يىغىنى يالىغان شەرەفىددىن مىرزىنىڭ پىل كۆندۈرۈشتىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى ، پىللارغا ياقىدىغان سۆزلەرنى بىلەتتى . ئۇ قورۇقچىلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان گېپىدىن جازا ئۈچۈن ئاجرىتىلغان پىلنىڭ ئىسمىنىڭ سۇمان ئىكەنلىكىنى ئاڭلىۋالدى . قولى ئارقىسىغا باغلانغان هالدا پەسرەك تاختىنىڭ كەينىدە چۆكۈپ ئولتۇرغىنىدا ، مەست پىل هۆركىرەپ كېلىپ ، ئۇنى پۇتى بىلەن تاختا ئۈستىگە بېسىپ يانجىپ تاشلىشى كېرەك ئىدى . لېكىن ، پىل يېقىنلىشىۋاتقاندا ، شەرەفىددىن مىرزا ئاتا - بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان يېقىملىق تاۋۇش بىلەن شۇۋرلاپ :
— سۇمان ، شەپقەت قىل ! سۇمان ! سۇمان ! جېنىم ! سۇمان ! — دەپ خۇداغا ئىلتىجا قىلغاندەك پىلغا يالۋۇرۇپ سەجدە قىلىشقا باشلىدى . زېرەك پىل ئۆز ئىسمىنى شۇنداق تەسىرلىك قىلىپ ئېيتىپ ، باش ئېگىپ تۇرغان ئادەمنى ئۆلتۈرگۈسى كەلمەي ، بىر نەرە تارتتى - دە ، ئارقىغا قايتتى . پىلچى ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ ، يەنە بېسىشقا بۇيرۇدى . لېكىن ، شەرەفىددىن مىرزا بارلىق كۈچىنى كۆزىگە توپلاپ ، تىلىنى چىقارغان يىلاندەك ، پىلنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ ، يەنە سەجدە قىلدى ۋە يىلىنىپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى . پىل يەنە ئۇنى باسماي هۆركىرەپ ئارقىغا قايتتى . بۇ هال ئۈچ مەرتىۋە تەكرارلانغاندىن كېيىن ، ئەكبەر شەرەفىددىن مىرزىنىڭ قېنىدىن كەچتى . ئۇنى مەملىكەتنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى بېنگالغا سۈرگۈن قىلدى . شەرەفىددىن مىرزا شۇ جايدىمۇ كۆپ بۇزغۇنچىلىقلارنى قىلىپ ، بەچچىۋازلىققا ئۆگەندى . ئاخىر مەهدۇم دېگەن بەچچىۋاز ئۇنى تامىقىغا زەهەر سېلىپ ئۆلتۈردى .
ئەسىر ئېلىنغان مىرزىلاردىن بىرى ، ئون سەككىز ياشلىق تاغلىق

يىگىت مەسئۇد ھۇسەيىن ئىدى . ئۇ مۇلتاندا قولغا چۈشكەن ، قىچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن جەرراھ ئۇنى ۋاقتىنچە كور قىلىپ ، كۆزىنىڭ جىـ يەكلىرىنى مەخسۇس يىپ بىلەن تىكىپ قويغانىدى . ئۇنى شۇ ھالدا ئەكبەرنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كېلىشتى .

مەسئۇد مىرزىنىڭ شىردەك قاۋۇل گەۋدىسى ئەكبەرگە بېھزاد سىزغان ھۇسەيىن بايقارانىڭ قىياپىتىنى ئەسلەتتى . لېكىن ئۇ خېلى ۋاـ قىتتىن بېرى ، كۆزى تىكىلگەن ھالدا يۇرۇپ قارىغۇلاردەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى . ئەكبەرگە يۈزىنى يانتۇ تۇتۇپ ، ئاسمانغا قارىغان ھالدا :

— ھەزرىتىم ئالىيلىرى ، ئۆلتۈرسىگىزمۇ مەيلى . پەقەت كۆزۈمنى ئاچتۇرۇۋېتىڭ ! — دېدى ، — دۇنيانى ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىم كۆرۈپ ئۆلسەم ئارمىنىم يوق !

— مەسئۇد مىرزا ، ئاۋۋال بىر سوئالغا جاۋاب بېرىڭ . سىز تاغىـ لىرىگىز يېنىدا بىزگە ئاداۋەت تۇتۇپ ، بىرەر خۇلاسىگە كەلدىگىزمۇ ؟

— ھەزرىتىم ، بىز يامانلىق قىلدۇق . يامانلىق قۇترىغان ئىت ئىكەن . مەلۇمكى ، ئىت قۇترىسا ، ئىگىسىنى چىشلەيدۇ . يامانلىقمۇ ئاخىر بىر كۈن ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىدىكەن ! تاغىلىرىم شۇ سەۋەبتىن ھالاك بولۇشتى . ئەگەر ماڭا ئىمكانىيەت بەرسىگىز ، ياخشىلىقنىڭ ئۆز ئىگىـ سىگە شەرەپ كەلتۈرىدىغانلىقىنى بىباھا قۇدرەت بىلەن ئىسپاتلاشقا تىـ رىشقان بولاتتىم .

— بولىدۇ ، بىز سىزگە شۇ ئىمكانىيەتنى يارىتىپ بېرەيلى .

ئەكبەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مەسئۇد ھۇسەيىن مىرزىنىڭ كۆزى ئېچىۋېتىلدى . ئۇ مەلۇم مۇددەت كۆزىنى داۋالاتقاندىن كېيىن ، ئەكبەر ئۇنى پەنجابقا ، ھۇسەيىنقۇلىخان ھۇزۇرىغا ئىشقا ئەۋەتتى .

× × ×

گۇجارەتتىكى غەلىبىنىڭ شەرىپى ئۈچۈن ، فەتھئابادتا يەتمىش گەز ئېگىزلىكتە مەشھۇر بىر دەرۋازا قۇرۇلۇشقا باشلىندى . ئەكبەرنىڭ

سەرنەلدە ۋە سەبەرمەتی دەریاسی بویىدا كۆرسەتكەن شەخسىي جاسا-
رىتی ، قىرىق كۈنلۈك يولنی توققۇز كۈندە باسقانلىقى ئېغىزدىن ئېغىزغا
كۆچۈپ ، ئۇنی يېڭىلمەس باتۇر دەپ قارايدىغانلار كۆپىيىپ كەتتی .
شائىر فەيازىي ئەكبەرنىڭ گۇجارەت جېڭىدىكی جاسارىتىنی مەدھىيلەپ
بىر شېئىرىي داستانی يازدی . ئەكبەر بىلەن بىللە جەڭگە قاتناشقان بەگ
ۋە ئەسكەرلەر ئۇنىڭ ئوق ئۆتمەس كىيىمگە تېگىپ قاڭقىپ كەتكەن
ئوقلارنى كۆرگەنىدی . ئۇلار : « باش سەركەردىمىز دۇئا ئالغانىكەن ،
شۇڭا ئۇنىڭغا ئوق ئۆتمەيدىكەن ! »دېيىشىپ ، ئەكبەرنی خىزىرنىڭ نە-
زەرىگە يولۇققانلار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشتی .
غەلىبىدىن كېيىن زىياپەتلەر ، بەزمىلەر قىزىپ كەتتی . بىر كۈنی
ئەكبەر مەن سىنخ بىلەن مەي ئىچىپ ئولتۇرغاندا ، راجپۇتچە قىلىچۋاز-
لىق ھەققىدە گەپ بولدی . ئەبۇلفازل بىلەن بىربالمۇ شۇ سورۇندا بار
ئىدی .
مەن سىنخ راجپۇتلارنىڭ كىچىكىدىنلا قىلىچ ئويناپ چوڭ بو-
لىدىغانلىقى ، ھەتتا قىلىچنی سۆيگەن يارىغا ئوخشىتىپ ناخشا ئوقۇشىدى-
غانلىقىنی سۆزلەپ بەردی . بەزى چەبدەس راجپۇت يىگىتلىرى قىلىچنىڭ
سېپىنی دەرەخنىڭ يېرىقىغا قىستۇرۇپ قىلىچنىڭ بىسىنی كۆكرىكىگە
توغرىلاپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆزىنی قىلىچقا ئۇراتتی . لېكىن ، ئۇزاق مە-
شىقلەر داۋامىدا قىلىچنی بەدىنىگە ئەمەس ، ئۈستىدىكی كىيىمنىڭ قولتۇ-
قىغا شۇنداق ئېنىق سانجىيتتىكی ، قىلىچنىڭ ئۇچی قولتۇقىدىن كىيىمنی
تېشىپ چىقاتتی ، ئەمما بۇ ئۇنىڭ كۆكرىكىنی تېشىپ چىققاندەك كۆرۈ-
نەتتی دېدی . ئەكبەرنىڭ بۇنی قانداق قىلىدىغانلىقىنی كۆرگۈسی
كەلدی . مەن سىنخ يىگىتلىرىدىن بىرىنی چاقىرىپ ، شۇ ئويۇننی كۆر-
سەتتی . كەيپ بولغان ئەكبەر :
— بۇنی مەنمۇ قىلالايمەن ! — دەپ بېلىدىكی ئالتۇن قىلىچنی
سۇغاردی - دە ، راجپۇت يىگىتكە بەردی ، — مە تامغا مەھكەم ئورنات !
مەن سىنخ ئەكبەرنی بۇ نىيىتىدىن ياندۇرماقچی بولۇۋىدی ، لې-
كىن ئەكبەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشتی :

— كىم سەن ئۆزۈڭ ؟! قىلىچ ئويىنىتىشنى يالغۇز راجىپۇتلارلا بى-
لەمدۇ ؟ . . . بىز چۇ ؟

ئەكبەر ئورنىدىن تۇرغاندا كەيپچىلىكتىن سەنتۇرۇلۇپ كەتتى . سىپى تامغا مەھكەم ئورنىتىلغان ئالتۇن قىلىچ ئەكبەرنىڭ كۆكرىكىگە توغرىلانغان هالدا نەيزىدەك تەھدىتلىك يالتىراپ تۇراتتى .

مەن سىنىخ مەيدىن بوشىغان ئالتۇن كوزىنى قولىدا تۇتقان هالدا ئەكبەرنىڭ ئالدىنى توستى :

— هەزرىتىم ، كەيپلىكتە بۇ ئويۇن ناھايىتى خەتەرلىك !

— نېرى تۇر ! — دەپ ئەكبەر ئۇنى ئىتتىرىۋەتتى . هازىر ئۇ ئۆزىنىڭ قىلىچ كەسمەيدىغان ، ئوق ئۆتمەيدىغان ، نەزەرگە يولۇققان باتۇر ئىكەنلىكىگە تامامەن ئىشەنمەكتە ئىدى . ئەكبەر دەلدەڭشىپ بېرىپ ، سول كۆكرىكىنى قىلىچقا توغرىلاپ ئوڭ تەرەپكە تاشلاندى . قىلىچ ئۇنىڭ سول كۆكرىكىگە سانجىلاي دەپ قالغاندا مەن سىنىخ قىلىچنى قولىدىكى مەي كوزىسى بىلەن ئۇرۇپ چۇشۇردى . سىپى تامدىن سۇغۇرۇلۇپ چۇشۇۋاتقان قىلىچ ئەكبەرنىڭ باش بارمىقىنى ، مەن سىنىخنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كېسىۋەتتى . قېيىنىنىسىنىڭ بۇ ئىشى مەست ئەكبەرگە ئەدەپسىزلىك بولۇپ كۆرۈندى . ئۇ غەزەپ بىلەن مەن سىنىخنى يەرگە يىقىتىپ ئۇرۇشقا باشلىدى . لېكىن ، ئەبۇلفازىل بىلەن راجە بىربال يۈگۈرۈپ كېلىپ ، مەن سىنىخنى ئۇنىڭدىن ئاجرىتىۋالدى . ئەكبەرنى مىڭ تەسلىكتە خاس هۇجرىسىغا ئاپىرىپ ياتقۇزۇپ قويدى .

ئەتىسى ئەكبەر كەيپلىكى پېشلگەندە ، ئەبۇلفازىل بىلەن راجە بىربالنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ تېڭىپ قويۇلغان باش بارمىقىنى كۆرسەتتى :

— نېمە ئىش بولدى ؟

— هېچ ئىش يادىڭىزدا يوقمۇ ، هەزرىتىم ؟ — دەپ سورىدى ئەبۇلفازىل ۋە بولغان ۋەقەلەرنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى .

قىلغان ئىشلىرى ئەكبەرنىڭ ئېسىدە يوق . پەقەت قىلىچنى قىنىدىن سۇغارغىنى غىل - پال يادىغا كەلدى .

— راست ، شۇنداق ئىشلار بولدىمۇ ؟ - دەپ بىربالدىن سورىدى .

بىربال « گىتا » دېگەن مۇقەددەس كىتابنى قولىغا ئېلىپ قەسەم ئىچتى - دە :

— بىر ئۆلۈمدىن ئامان قالدىڭىز ! — دېدى .

ئەكبەر بۇ ئىشلاردىن قورقۇپ كەتتى . شۇنچە قانلىق جەڭلەردىن ئامان چىققان ئادەم ئەرزىمىگەن بىر قىلىچ ئويۇنىدا ئۆلۈپ كەتسە ... قانچىلىك شەرمەندە ئىش بولاتتى - ھە ؟ باشقىلار ئۇنىڭ مەستلىكىدىنكى غەزىپىدىن قورقۇپ غىڭ قىلالمىغاندا ، شىردەك دادىل ، ئىش كۆرگەن مەن سىنىخ ھەقىقىي جاسارەت كۆرسىتىپتۇ . تېخى ئۇنى بۇ ياخشىلىقى ئۈچۈن يەرگە بېسىپ ئۇرغانلىقىدىن ئەكبەر ناھايىتى خىجىل بولدى .

— ئاخشامقى بەزمىگە قاتناشقان بارلىق بەگ - مىرزىلارنى ئىشخانامغا چاقىرىڭلار ! — دەپ بۇيرۇدى ئەكبەر جەمىلگە .

كۆپچىلىكنىڭ قاتارىدا ئىشخانىغا كەلگەن مەن سىنىخ ئەكبەرگە قارىيالماي ، خىجالەت بولۇپ بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئولتۇراتتى . ئەكبەرنىڭ رەڭگى ئۆچكەن ، قاپىقى ئىششىغان بولۇپ ، ئاۋازى شالادپ قالغان ئادەمنىڭكىدەك غارالاڭ - غۇرۇڭ چىقاتتى :

— جانابى دۆلەتشاھلار ، غەلىبە شەرىپىگە قىلغان بەزمىلەرنىڭ ئاخىرىنىڭ قانداق دىل ئازارى بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىدىن خەۋىرىڭلار بار ، بىزمۇ ئاسىي بەندە ئىكەنمىزغۇ ، شۇ دەرىجىدە مەست بوپتىمىز .مېنىڭ « قىلىچ كەسمەيدىغان باتۇر » دەپ ماختانغانلىقىمنىڭ يالغانلىقىغا مانا بۇ ئىسپات ! — ئەكبەر تېڭىپ قويۇلغان باش بارمىقىنى كۆرسەتتى ، — رەھمەتلىك ئۇستازىم سەلىم ئاتا : « سۇ بالاسىدىن ، ئوت بالاسىدىن ، شۆھرەت بالاسىدىن خۇدا ساقلىسۇن ! » دېگەنىتى . ئاخشام بىز شۆھرەت بالاسىنىڭ قۇربانى بولغىلى تاس قاپتىمىز . دېھلىدا تاشقى دۈشمەنلەر بىزگە قانداق سۇيىقەست قىلغان بولسا ، ئاخشام شۆھرەتتىن ھودۇقۇپ مەست بولۇشۇم بىلەن شۆھرەتپەرەسلىك ئۆز ئىچىمدىن چىقىپ ماڭا ئەنە شۇنداق سۇيىقەست قىپتۇ . خۇداغا شۇ-

كۇركى ، راجە مەن سىنىخ مېنى بۇ ئىككىنچى سۇيقەستتىن قۇتقۇزۇپ قاپتۇ . مەھەراجە ، — دەپ ئەكبەر مەن سىنىخقا قارىدى ، — ئەڭ سادىق دوستىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سىز ئاخشام ئەمەلىيىتىڭىزدە كۆرسەتتىڭىز . مەندىن ئۆتكەن بولسا ئۇنتۇپ كېتىڭ !

مەن سىنىخ ئورنىدىن تۇرۇپ قول قوۋۇشتۇردى :

— سىز مېنىڭ بېشىمدىكى تاجىم بولغايسىز ، ھەزرىتىم !

ئەكبەر ئۇنىڭغا ئالتۇن بىزەكلىك ئالىي تون كىيدۈردى ، ئۈچ مىڭ بېشى مەنسىپىنى بەش مىڭ بېشى مەنسىپىگە كۆتۈردى ۋە مەخسۇس بايراق ھەم بەلگە تەقدىم قىلدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆزىنىڭ ئىككى يېنىدا سەپ تۈزۈپ ئولتۇرغان كۆكەلداشلىرى ئەزىز بىلەن زەينىددىنگە ، سەپداشلىرى راجە بىربال ۋە ئەبۇلفازىلغا ، قېيناكىسى بھاگۋەن داسقا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقىپ ، گېپىنى خۇلاسىلىدى :

— ھازىر بىزنىڭ تاشقى دۈشمەنلىرىمىزمۇ ئىچكى دۈشمەنلىرىمىزمۇ كۆپ . قىلىدىغان مۇشكۇل ئىشلىرىمىز ناھايىتى نۇرغۇن . كۆڭلۈم سېزىپ تۇرىدۇ ، بىزگە قارشى ھەرخىل سۇيقەستلەر يەنە كۆپ بولىدۇ . ئەگەر بىز بىر - بىرىمىزگە راجە مەن سىنىختەك پىدائىيلىق قىلساق ، مەقسەتكە يېتەلەيمىز !

ئەبۇلفازىل مەن سىنىخنىڭ ئاخشامقى ئەھۋالىنى ئەسلىدى - دە ، ئەكبەرگە پىدائىيلىق قىلىشنىڭ قانچىلىك قىيىن ئىش ئىكەنلىكىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى . « پادىشاھ بىلەن شىرغا يېقىن بولۇش ھەر دائىم خەتەرلىكتۇر . » دېگەن ھېكمەتنىڭ بىكار ئېيتىلمىغانلىقىنى ھەقىقى تۈردە ھېس قىلدى .

## فەتھپۇر . بھرە . مەنىۋى زىلزىلە

سېكرى تۆپىلىكىنىڭ ئۈستىگە قىزىل تاشتىن مۇستەھكەم قۇرۇلۇۋاتقان يېڭى پايتەخت ئون يىلنىڭ قارىسىنى ئالغاندىن كېيىن، يىراقتىن كۆزگە كۆرۈنىدىغان يوغان قەلئە ھالىتىگە كىردى. قەلئە ئەتراپىغا ئەسكەرلەر، دۇكاندارلار، كاسىپ ـ ھۈنەرۋەنلەر ۋە باشقا ھەر خىل كەسىپ ئىگىلىرى مىڭ مىڭلاپ دۇكان ـ سارايلارنى سالدۇردى. باغلار، دەرەخزارلار، ھويلىلار، كوچا ۋە ئايۋانلار كۆپەيدى. سېكرىدىن ئەگرەگىچە بولغان ئوتتۇز بەش مىللىق يولنىڭ ئىككى ياقىسى مېھمانخانا، رەستە ۋە دۇكانلارغا تولۇپ كەتتى.

دەسلەپكى يىللاردا، رەسمىي دائىرىلەر سېكرىدىكى يېڭى پايتەختنى فەتھئاباد دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى كۆرگەن ئاددىي ئادەملەر «فەتھپۇر» يەنى «غەلىبە شەھىرى» دېگەن قىسقا نامغا تېزراق كۆنۈشتى. بارا ـ بارا كۆپچىلىك ئاھالىمۇ، دۆلەت ئەربابلىرىمۇ «فەتھپۇر» دەيدىغان بولدى. يېڭى پايتەخت پۈتۈن مەملىكەتكە شۇ نام بىلەن تونۇلدى.

ھەمىدە بېگىم ئۈچۈن فەتھپۇرنىڭ جەنۇبىدا كاتتا باغ بىنا قىلدۇرۇلدى. بۇ يىل ئەللىك ئالتە ياشقا قەدەم قويغان ھەمىدە بېگىمنىڭ ھازىر ئالتە نەۋرىسى بار. نەۋرىلەرنىڭ چوڭى سەلىم توققۇز ياشقا كىردى، مۇراد سەككىزگە كىردى. بۇ ئىككىيلەن دادىسى بىلەن ھەربىي يۈرۈشلەرگە ۋە ئۇزاق سەپەرلەرگە چىققۇدەك بولدى. ئەكبەرنىڭ مۇتئە نىكاھ بىلەن ئۆيلەنگەن كېيىنكى خوتۇنىدىن شەمشاد بۇۋى ئۇنىڭغا بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەردى. گۇجارەت يۈرۈشىدە تۇغۇلغان ۋە ھازىر ئالتە ياشقا كىرگەن بۇ ئۈچىنچى ئوغۇلغا دانىيال دەپ ئات قويۇشتى. دادىسى ئۇنىڭغىمۇ مەخسۇس ئۆي سالدۇرۇپ، خىزمەتكارلارنى تەيىنلەپ بەردى.

ئوغۇل نەۋرىلەردىن سىرت ھەمدە بېگىمنىڭ شاھزادە خانىم ، شۈكرى-
نىسا بېگىم ، ئارام بانۇ دېگەن ئۈچ قىز نەۋرىسىمۇ بار ئىدى . ئۇلارنىڭ
ھەربىرى بىلەن ھەپتىدە بىر كۈن بىللە بولسا ، كۆڭلى ئېچىلىپ ، ۋا-
قىتنىڭ قانداق ئۆتكەنلىكىنى بىلمەي قالاتتى . ساراي ئەھلى ھەمدە بې-
گىمنىڭ نامىنى يالغۇز ئېيتمايتتى ، ئۇنى ئەپسانىۋى بۇۋى مەريەمگە
ئوخشىتىپ « مەريەمى ماكان » دەپ ئۇلۇغلايتتى .

لېكىن ، يىگىرمە يىلدىن بېرى يېگانە ئۆتۈۋاتقان ئۆمرىنىمۇ ئۇنىڭغا
ئۆز تىكەنلىرىنى سانجىپ تۇراتتى . كۈندۈزى بىلىنمىگەن يالغۇزلۇق
كېچىسى ئۆزىنى كۆرسىتەتتى . ئەللىك ياشنىڭ نېرى - بېرىسىدىكى ئا-
ياللاردا بولىدىغان ئۆزگىرىشلەر ئۇنى بەك ئارامسىزلاندۇراتتى ، گاھ يۈ-
رىكى تېز - تېز سوقۇپ ، بەدىنىنى سوغۇق تەر بېسىپ ، پۇتلىرى
چوغدەك قىزىپ كېتەتتى . تۇرۇپلا كۆڭلى ئېلىشىپ ، دىلىنى ۋەھىمە
باسىدىغان پەيتلەر دائىم كۆرۈلەتتى .

ئۇنىڭ ئەڭ كۆپ بىئارامچىلىقى ، ئۆزىنى ئوتقىمۇ ، سۇغىمۇ ئۇ-
رۇپ تۇرىدىغان يۈرەك پارىسى ئەكبەر تۇپەيلىدىن بولاتتى . بېگىم ھەتتا
ئوغلىنى ھەددىدىن ئارتۇق ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈشلەردىنمۇ چۆچۈيت-
تى . چۈنكى ، شۆھرەتتىن مەست بولغان ئەكبەرنىڭ راجپۇتچە قى-
لىچۋازلىق قىلماقچى بولۇپ ئۆزىنى - ئۆزى ئۆلتۈرۈشكە تاس قالغانلىقىنى
بېگىم باشقىلاردىن ئاڭلىغانىدى .

گۇجارەتتىن كېيىن شەرقتىكى بىھەرگە يۈرۈش قىلىندى . ئەك-
بەر ئىككى يۈزدىن ئوشۇق دەريا كېمىسى ياساتقانىدى . ئاساسىي قوشۇن
قىرغاق بويلاپ ماڭدى ، ئەكبەر ئەڭ يېقىن مۇلازىملىرى ، ئانىسى ۋە
خوتۇن - بالىلىرى بىلەن بىر ئاي كېمىدە ماڭدى .

جەمنە ۋە گانگ دەريالىرىنى بويلاپ قىلىنغان بۇ دەريا سەپىرىنى
كېيىن ھەمدە بېگىم ئۆمرىنىڭ ئەڭ خۇشاللىق خاتىرىلىرىگە ئوخشاش
قايتا - قايتا ئەسلەپ يۈردى . ئۇ كېلىنلىرى ۋە نەۋرىلىرى بىلەن چۈش-
كەن كېمە سەھنىسىدە توپا تۆكۈپ ئۆستۈرۈلگەن جەججى گۈلزار بار
ئىدى . قەپەسلەردە بالىلار ياخشى كۆرىدىغان قۇشلارمۇ دەريا بويلاپ

ئۆرۈپ كېتىۋاتاتتى. ئىككى يۈز كېمە چوڭ بىر كارۋانغا ئايلىنىپ، بەش ئالتە مىل مۇساپىگە مارجاندەك تىزىلغانىدى. دۈشمەن چېگىرىسى تېخى ئۆزاقتا، ھەر ئىككى قىرغاقتا ئۆز ئادەملەر، كۆكلەمزار قىر - ئېدىرلار ۋە ئابىھاياتقا تويۇنغان ئېكىنزارلار.

«ئەھلى مۇراد» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس كېمىدە، تەنسىپن باشلىق خۇش ئاۋاز ناخشىچىلارنىڭ ئاۋازى ياڭرايتتى. تۈن قاراڭغۇسىدا مەشئەللەرنىڭ ئەكسى دەريا سۈيىدە ناھايىتى نۇرغۇن يۇلتۇزلاردەك جىمىرلايتتى. ناخشا - قوشاقلار ئەپسانىۋى بىر سېھىر بىلەن كارۋانغا قوشۇلۇپ ئوقۇلاتتى.

كارۋان ئىككى ھەپتە شۇ تەرزدە يول يۈرۈپ، ئاللاھئاباد شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە جەمنە دەرياسى گانگ دەرياسىغا قۇيۇلىدىغان غەلىتە جاي بار. جەمنە سۈيى قارامتۇل، گانگ سۈيى بولسا ئاقۇش، ئىككىسى قوشۇلغاندىن كېيىن خېلى جايغىچە ئالىپاساق بولۇپ ئاقاتتى - دە، كېيىن كۆل رەڭ تۈسكە كىرەتتى. قىرغاقلار ناھايىتى كېڭىيىپ، دەريا ئاۋۋالقىدىن بەش ئالتە ھەسسە چوڭ بولۇپ كېتەتتى.

ھىندى رىۋايەتلىرىدە سۆزلىنىشىچە، ئاللاھئاباددا گانگ ۋە جەمنە دەريالىرىغا يەر ئاستىدىن ئۈچىنچى بىر دەريا — سەرەسۋەتى كېلىپ قوشۇلىدىكەن.

— سەرەسۋەتى ئەسلىدە پاكىز بىر مەبۇدە ئىدى، — دەپ ھېكايە قىلغانىدى جادھەبەي قىينانىسىغا، — ئۇ ھىمالايا دېگەن تەڭرىنىڭ قىزى ئىكەن، تەقدىرىگە گانگ بىلەن قوشۇلۇش پۈتۈلگەنىكەن، سەرەسۋەتى ئىلگىرى گانگغا قۇيۇلغانغا قەدەر يەر ئۈستىدىن ئېقىپ كېلىدىكەن، لېكىن دۇنيادا ناپاكلىق كۆپىيىپ كېتىپتۇ، شۇڭا سەرەسۋەتى گانگغا پاك پېتى يېتىپ كېلىپ قوشۇلۇش ئۈچۈن، يەر ئاستى بىلەن ئېقىپتۇ. مانا شۇ ئاللاھئاباددا يەنە يەر يۈزىگە چىقىپ، سۆيگىنىگە قوشۇلۇپتۇ. شۇڭا بۇ دەريالارنىڭ قوشۇلغان جايى مۇقەددەس زىيارەتگاھ ھېسابلىنىدۇ.

راستىنلا شۇنداقمۇ، ئىككى ئۇلۇغ دەريا قوشۇلغان جايدا ئادەم-

لەر ناھايىتى كۆپ ئىدى . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، ئۇلار ھىندىستاننىڭ تۇرلۇك ۋىلايەتلىرىدىن پىيادە كېلىدىكەن . ئۇلار شۇ مۇقەددەس دەريا قوشۇلغان جايدا بىر مەرتىۋە سۇغا چۆمۈلسە ، پۈتۈن گۇناھلىرىنىڭ ساقىت بولۇشىغا ئىشىنىدىكەن .

— ئەپسۇس ، شۇ رىۋايەت راست بولسىچۇ ! — دېدى ھەمىدە بېگىم ، كېيىن بېگىم كېمىنىڭ بىر چېتىدە ئاياللار ئۈچۈن قىلىنغان پەردە ئىچىگە كىرىپ گانگ سۈيىگە قايتا - قايتا چۆمۈلۈپ چىقتى . ھازىر بۇنى ئەسلىسە ، دىلىدا ئەڭ پاك ۋە نۇرلۇق تۇيغۇلار ئويغىناتتى .

لېكىن ئاللاھئابادتىن ئۆتكەندە ، يەنە ھەمىدە بېگىمنىڭ كۆڭۈلسىزلىكلىرى باشلاندى . چۈنكى ، ئەكبەرگە قارشى ئۇرۇشماقچى بولغان ئافغان سەركەردىسى داۋۇتخاننىڭ يۈز مىڭ ئەسكىرى ، بەش مىڭ ھەربىي پىلى بار ئىدى . ئافغانلار ئۇنى « بۇگۇنكى شېرخان » دەپ ئۇلۇغلىشاتتى . ئەكبەر ئانىسى ۋە خوتۇن - بالىلىرىنى جەڭ مەيدانىدىن يىراق بولغان جايپۇرغا ماڭدۇردى . ئۆزى بولسا ھاجىپۇردىكى داۋۇتخانغا خەت ئەۋەتتى :

« ئىككىمىزنىڭ ئىككى يۈز مىڭ ئەسكىرى ئۇرۇشسا ناھايىتى كۆپ قان تۆكۈلىدۇ ، — دەپ يېزىلغانىدى ئەكبەرنىڭ داۋۇتخانغا ئەۋەتكەن خېتىدە ، — ئۇنىڭدىن كۆرە ، ئۆزىمىز تىغمۇتىغ ئېلىشىپ باقساق ياخشى ئەمەسمۇ ؟ سىزمۇ ھىندىستاندا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان . پىل جېڭىگە ماھىرسىز . مەنمۇ پىل مىنىپ جەڭ مەيدانىغا چىقلى ، ئىل - ئۇلۇسنىڭ كۆزى ئالدىدا ئىككىمىز جەڭ قىلايلى . كىم غەلىبە قىلسا بىھار ۋە بېنگال شۇنىڭ بولسۇن . »

داۋۇتخاننىڭ تىغمۇتىغ جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغانلىقىنى ئاڭلىغان ھەمىدە بېگىم خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى . ئەكبەر ھىندى ئۇممانىدا پورتۇگاللارنىڭ يوغان كېمىلىرىنى كۆرگەندە قۇۋۋەئى بەھرىيانىڭ ① ئەھمىيىتىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىنى ھېس قىلغان ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىككى يۈز مىڭ كېمىلىك دەريا فلوتىنى قۇرغا-

① قۇۋۋەئى بەھرىيا — ھەربىي فلوت .

نىدى . بۇنداق فلوت داۋۇتخاندا يوق ئىدى . بىر كۈن كېمدە تۇرۇپ جەڭنى باشقۇرغان ئەكبەر ئىككىنچى كۈنى سەمەن ئېتى راھۋارغا مىنىپ قۇرۇقلۇقتىن ھۇجۇم قىلىۋاتقان جەڭچىلەر ئارىسىدا پەيدا بولدى . جەڭچىلەر ئۇنى بىر - بىرىگە كۆرسىتىپ « ئەنە ، ھەزرىتىم جەڭگە كىردى ! » « ئاق ئات بىلەن ئۆتتى ! » دېيىشكە باشلىدى . ئۇنى كېمدە كۆرگەنلەر بولسا « ھەزرىتىم ھېلىھەم بىزنىڭ ئارىمىزدا » دېيىشتى .

ئەكبەرنىڭ ۋۇجۇدىدا خىزىرلارنىڭ خىسلىتى بار ئىكەنلىكىنى ، شۇڭا ئۇنىڭ ھېلىغىچە بىرەر جەڭدە يېڭىلىپ باقمىغانلىقىنى ھەرقايسى يۈز بېشى ۋە مىڭ بېشىلار ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەسكەرلەرگە ئېيتىپ بېرىشەتتى . بۇ گەپلەر قۇلاقتىن - قۇلاققا ئۆتۈپ ، كۆپچىلىك ئارىسىدا تارقالغاندىن كېيىن ، نۆكەرلەر ئەكبەرنى كۆ-رۈپ قالسا : « ئەمدى گەپ يوق يېڭىمىز ! » دېيىشەتتى ۋە ھەربىرى ئۆن دۈشمەنگە تەڭ كېلىدىغان شىجائەت ۋە جاسارەت بىلەن جەڭ قىلاتتى . ئەكبەرنىڭ ئۆزىگە قارىغاندا ، نامىنىڭ چوڭ كۈچكە ئايلانغانلىقىنى داۋۇتخانمۇ سەزدى ، ئۇمۇ قورقۇپ ۋە دەريا تەرەپتىن كەلگەن زەربىلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەي ، كېچىسى قەلئەنى تاشلاپ جەنۇب تەرەپكە قاراپ قاچتى .

شەرقتىكى غەلىبە ئۈچۈن ئەكبەر گۇجارەتتىكىگە قارىغاندا خېلى ئاز ۋاقىت ۋە كۈچ سەرپ قىلدى ، شۇڭا ، ئۇنى « نەزەرگە يولۇققان مەھدى ! » دەپ ئۇلۇغلايدىغانلار بولدى .

بۇ ئۇزۇلمەس ماختاشلار مەريەمى ماكان — ھەمىدە بېگىمنىمۇ ھودۇقتۇرۇپ قويدى . بېگىم ماگىسا بەزىدە پۈتى يەرگە تەگمەيۋاتقاندەك ، ئاجايىپ بىر كۈچ ئۇنى ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك تۇ-يۇلاتتى . لېكىن بۇ ئۇلۇغلاشلارنىڭ ئەكبەرنىڭ بېشىنى قانچىلىك ئايلاندۇرۇپ قويۇشىنى ئويلىغاندا ، بېگىم دەرھال سەگەكلىشىپ ، ئوغ-لىدىن خاتىرجەمسىزلىنىشكە باشلايتتى .

كىشىلەر ئەكبەرنى « قاپ يۈرەك باتۇر » دەپ تەرىپلىگەنسېرى ، ئۇ ئۆزىنى يېڭى - يېڭى خەتەرلەر گىرداۋىدا كۆرەتتى ، بۇ ئىشلارمۇ بې-

گىمنى ئەندىشىگە سالاتتى.
ئۇۋغا بارغاندا، ئەكبەر چىتا بىلەن كىيىك تۇتقانغا قانائەت قىلسا بولاتتى. ئەمما ئۇ چوڭ پىلغا مىنىپ يولۋاس ئوۋلاشقا چىقاتتى. مەخسۇس ئادەملەر يولۋاس ياشايدىغان ئورماننى ئورىۋېلىپ، ناغرا - سۇناي شاۋقۇنلىرى بىلەن يىرتقۇچلارنى جايىدىن قوزغىتاتتى ۋە ئورمان چېتىدىكى تۈزلەڭلىككە چىقىشقا مەجبۇر قىلاتتى. بۇ يەردە پىل مىنگەن ئەكبەر يولۋاسقا روبىرو چىقاتتى. باتۇر پىل خارتومى ۋە چىشى بىلەن يولۋاسنى ئۇرۇپ يىقىتىشقا ئىنتىلەتتى. بۇنىڭدىن غەزەپكە كەلگەن يولۋاس بەزىدە تىك بولۇپ، پىلنىڭ بېشىغا چىقاتتى. ئەگەر پىل ئۈستىدە قورالنى ئوقلاپ تەييار تۇرغان ئوۋچى يولۋاسنى سەكرىگەن چېغىدىلا بېشىغا ئېتىپ يىقىتالماي، پەقەت ياردار قىلسا، بۇ قۇدرەتلىك يىرتقۇچ پىلنىڭ كۆزىگە پەنجە ئۇرۇپ تىرناقلىرىنى پاتۇرۇۋېتەتتى، كۆزىدىن ئايرىلغان پىل ماڭالمايتتى. بۇ چاغدا، يولۋاس يەنە بىر سەكرەپ پىل ئۈستىدىكى ئوۋچىغا ئېتىلاتتى ۋە ئۇنى تىتما - تىتما قىلىۋېتەتتى. بۇنداق ئىشلارنى ئەكبەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. شۇنىڭغا قارىماي، يەنە بەش - ئالتە ئاي ئۆتمەستىن پىلغا مىنىپ يولۋاس ئوۋلاشقا يول ئالاتتى. خەۋپ - خەتەر بىلەن ئېلىشىشقا بۇنچە ئىشقىۋاز بولمىسا بولمامدۇ؟ ھەمىدە بېگىم ئوغلىنىڭ چەبدەس مەرگەنلىكى ئۈچۈن تەڭرىگە شۈكۈر قىلاتتى. كېيىنكى ئون يىلدا ئەكبەرنىڭ يەتتە يولۋاسنى ئېتىپ يىقىتقانلىقىدىن خەۋەردار ئانا:

— بولدى بەس، جانىۋارلارغا رەھىمىڭىز كەلسۇن! — دەپ ئوغلىغا يېلىناتتى.

ئەكبەر «خوپ» دەپ قوياتتى. ئەكبەر ئوتتۇز بەش يېشىدا جەڭگە قاتنىشىپ يەنە بىر قېتىم ھالاكەتتىن زورغا ئامان قالدى. ھەمىدە بېگىم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇ ھادىسىنى ھەر قېتىم ئەسلىگەندە تېنى شۈركۈنۈپ كېتەتتى. بۇخارادىن كەلگەن ئابدۇللاخاننىڭ ئەلچىلىرى پىل جېڭىنى كۆرۈشكە ھەۋەس ئىكەن. ئەكبەر جەمنە بويىدىكى كەڭ مەيداندا ئىككى چوڭ پىلنى كۈندۈرگۈچىلىرى بىلەن سو-

قۇشقا سالدى . بەيرەمخاننىڭ پىلىنى يەڭگەن مەشھۇر پىل فەۋجدارنى جۇرئەتسىزرەك پىل كۆندۈرگۈچى مىنگەنىكەن . ئۇ ئوتتۇرىدىكى توپا توسمىدىن ئۆتمەي ناھايىتى قاتتىق ئېلىشتى . تاماشا تازا قىزىمىغاچقا ، ئەكبەر بۇخارا ئەلچىلىرى ئالدىدا ئوڭايسىزلاندى ـ دە ، مەشئەلچىلەرنى چاقىرتقۇزۇپ « فەۋجدارنىڭ مىنگۈچىسىگە ئېيتىڭلار ، دادىلراق جەڭ قىلسۇن ! » دەپ بۇيرۇدى . ئەمما ، بۇيرۇقمۇ كار قىلمىدى ، پىل مىنگۈچىلەرنىڭ ئۆز جانلىرىنى خەتەرگە سالغۇسى يوقتەك تۇراتتى .

شۇنىڭ بىلەن ئەكبەر ئەلچىلەرنىڭ ئالدىدا راجە بىربالنى قالدۇرۇپ ، ئۆزى پىللار جەڭ قىلىۋاتقان مەيدانغا چۈشتى . ئۇنىڭ ئىشارىسى بىلەن مەشئەلچىلەر يېنىپ تۇرغان ئىككى مەشئەلنى ئىككى پىل ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ كىرىپ ، ئېلىشىشنى توختاتتى . فەۋجدار مىنگۈچىسى بىلەن ئەكبەرنىڭ يېنىغا چاقىرتىلدى . ھەر ئىككى پىلغا مەست قىلغۇچى شىرنىلىك ئىچىملىكلەر بېرىلدى . ئاندىن فەۋجدارغا ئەكبەر ئۆزى مىنىپ جەڭگە كىردى . مەستلىكى تۇتقان پىللار ئەمدى ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي تۇتۇشتى . ئىككى پىل ئارىسىدىكى توپا توسما بىر پەستە ۋەيران بولۇپ ، يەر بىلەن تەڭلىشىپ قالدى . ئەكبەر فەۋجدارنى قامـ بىلەن كۈشكۈرتۈپ رەقىبىنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتكۈزدى . بېقىنىدىن بېرىلگەن زەربە قارشى تەرەپتىكى پىلنى قاتتىق سىلكىتىپ مىنگۈچىنى يەرگە يىقىتىشى كېرەك ئىدى . لېكىن ، رەقىب پىل ئەكبەرنىڭ قىياس قىلغىنىدىن چوڭمۇ قانداق ، زەربە تەسىر قىلمىدى . مىنگۈچىسىمۇ پىلنىڭ قۇلىقى ئاستىغا پۇتىنى تىقىپ ، يىقىلماي تۇرۇۋالدى .

ئەكبەر پىلنىڭ ئىككى يۈز يىل ئۆمۈر كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، يىگىتلىك قۇدرىتى 70 ـ 80 ياشقىچە ساقلىنىپ قالىدۇ دەپ ئويلايتتى . بەيرەمخاننىڭ پىلى زورەۋار بىلەن فەۋجدارنىڭ ئېلىشقىنىغا ئون سەككىز يىل بولدى . ئەجەبا ، شۇ يىللار جەريانىدا فەۋجدار كۈچىدىن قالغانمىدۇ ؟ ئەكبەر ئۇنىڭ زەربىسىنىڭ ئاۋۋالقىدەك ئەمەسلىكىنى ئەمدى ھېس قىلدى ، دەمۇدار دەپ ئاتىلىدىغان قارشى تەرەپتىكى پىلنىڭ راسا كۈچكە تولغان ۋاقتى ئىكەن . ئۇ ئارقىدىن شۇنداق قاتتىق

زەربە بەردىكى ، فەۋجىدارنىڭ ئالدى پۇتلىرى پۈكۈلۈپ قالدى . ئەكبەر ئۇنىڭ بېشىدىن ئارتىلىپ يەرگە غۇلاپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى .

كىشىلەر ، « ۋاي ! » دەپ ئالدىغا ئېتىلىشتى . ئاياللار قاتارىدا جەڭ كۆرۈۋاتقان ھەمىدە بېگىم ۋارقىراپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن ئاغزىنى ياغلىقى بىلەن تۇتۇۋالدى ، لېكىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى .

بۇ چاغدا ، ئەكبەر ئۆزىنى دەرھال ئوڭلاپ فەۋجىدارنى بىر ئامال قىلىپ تىك تۇرغۇزدى . دەمۇدارنى باشقۇرۇۋاتقان مىنگوچى پادىشاھ ئائىلىسىدىن بالاغا قالماسلىق ئۈچۈن ئىككىنچى زەربىدىن پىلنى تۇتۇپ قالدى . ئەكبەر فەۋجىدارنى ئارقىغا بۇراپ يەنە جەڭگە ئۆتتى . لېكىن شۇ ئارىدا جەڭ ۋاقتى توشتى ۋە ئېلىشىش تەڭ بولدى دەپ ئېلان قىلىندى . رەڭگى ئۆچكەن ئەكبەر ھاسىراپ ئەلچىلەر ئالدىغا قايتىپ كەلدى . جەڭ مەنزىرىسىدىن ھەيران قالغان ئەلچىلەر ئەكبەرگە تەزىم قىلىشىپ :

— قاپ يۈرەكلىكىڭىزگە تەن بەردۇق ، ھەزرىتىم ! — دېيىشتى .

كەچقۇرۇن ئەكبەر ئانىسىدىن خەۋەر ئېلىشقا بارغاندا ، ھەمىدە بېگىم كۆزىگە ياش ئېلىپ دەردىنى ئېيتتى :

— ۋاھ ئوغلۇم ، ئەجەبا ، ئەلچىلەرنىڭ ئىككى ئېغىز ماختىشى ئۈچۈن ، ئۆز جېنىڭىزنى شۇنچىۋالا خەتەرگە سالامسىز ؟ تەۋەككۈلچىلىكمۇ چېكى بىلەن - دە ، ئاخىر شۇ قەدەر ئويلانماي ئىش قىلىش توغرىمۇ ، ئايلىناي ، بالام ؟!

— مەن بۇ ئىشنى ئويلاپ قىلدىم ، ئانىجان . ئابدۇللاخان بىز بىلەن كۈچ سىناشماقچى ، كابۇل ۋە بەدەخشاننى تارتىۋالماقچى ئىمىش . ئەلچىلەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئېلىشىشنى بېرىپ خانغا ئېيتىپ بەرسۇن . مەن بىلەن ئېلىشىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى خان كۆز ئالدىغا كەلتۈرسۇن . بۈگۈنكى پىل جېڭى ئابدۇللاخان بىلەن بولغان قانلىق ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ياردەم بەرسە ئەجەب ئەمەس ! مەن ئەنە

شۇ مەقسەت بىلەن مەيدانغا چۈشتۈم .

— لېكىن ، سىز مەيداندىن ئامان چىققۇچە ، مەن ئۆلۈپ بولدۇم ! بىزنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ - دە ، جان بالام !

— خوپ ئانىجان ! — دەپ ئەكبەر ئەزىز جېنىنى خەتەرگە قويماسلىق ھەققىدە سۆز بەردى . لېكىن ، باشقا كۈتۈلمىگەن جايدىن يەنە ئانىنى بىسەرەمجان قىلىدىغان بىرەر خەتەرلەر چىقىپ تۇراتتى .

ئەكبەرنىڭ باتۇرلۇقى ئەبۇلفازىل بىلەن بىربالغا ناھايىتى ياقتى . ئۇلارنىڭ پىكرىچە ، ئەكبەرنىڭ شۆھرىتى ۋە ئابرۇيى دۆلەت مەنپەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى . ئەگەر ئۇنىڭ شۇنداق زور ئابرۇيى بولمىسا ، قول ئاستىدىكى ئادەملىرى سېكرىدىكى يېڭى پايتەختنى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قۇرۇپ چىقىشقا ياكى ئىككى يۈز دەريا كېمىسىنى ياساشقا بۇقەدەر جان - جەھلى بىلەن كىرىشەرمىدى ؟

ئەبۇلفازىل بىلەن بىربال ئەكبەرنىڭ شۇ ئابرۇيىدىن پايدىلىنىپ ، ئەمدى شەيخ ئەنسارىنىڭ دىنىي ئىستىبداتىنى يوقاتماقچى بولۇشتى . گۇجارەت يۈرۈشىدىن بۇرۇنلا خەرىتىسى سىزىلغان ئېتىقاد ئۆيى بىھاردىكى غەلىبىدىن كېيىن قۇرۇلۇپ پۈتتۈرۈلدى . ئەكبەر روھانىيلارنى مۇنازىرىگە جەلپ قىلىش ئۈچۈن ، بىنانى ئىبادەتخانا دەپ ئاتىدى . ھەممىدە بېگىم بۇ ئىبادەتخانىنى ئىچىگە كىرىپ كۆرۈپ باقمىدى . ئەمما ئۇنى مەرھۇم سەلىم ئاتىنىڭ مەسلىھەتدىشى بولغان ئابدۇللا نىيازىنىڭ ھۇجرىسى ئورنىغا قۇرغانلىقىدىن مەمنۇن ئىدى . ئابدۇللانىيازىنىڭ ھۇجرىسى ئورنىغا ئەكبەرنىڭ سېكرى ئورمىنى سىرتىدىن ئۆي سېلىپ دېھقانچىلىق قىلىشقا يەر ئاجرىتىپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئانىسى ناھايىتى خۇش بولدى . چۈنكى ، ئابدۇللا نىيازىنىمۇ سەلىم ئاتىغا ئوخشاش ئادالەتپەرۋەر ئادەم ئىكەنلىكىنى بېگىم ياخشى بىلەتتى . ئەكبەر ئىبادەتخانىدا ئىمان ۋە ئېتىقاد ھەققىدە مۇنازىرە ئۆتكۈزگەندە ، ئەنسارىغا ئوخشايدىغان تەمەگەر دىن پېشۋالىرىنىڭ شەيخ مۇبارەك بىلەن ئابدۇللا نىيازىغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقى ئېنىق . بىئەنەدىكى خەلق ھەرىكىتىگە قاتناشقان مەھدىيلار دىن ، مىللەت ئايرىمايتتى . ئەكبەر ئۇلارنىڭ شۇنداق باغرى

كەڭلىكىنى كۆرۈپ ، ئىبادەتخانىدىكى مۇنازىرىگە ھىندى براخمانلىرى-
نىمۇ ، ئاتەشپەرەسلەر ۋەكىلىنىمۇ تەكلىپ قىلدى . ئابدۇللا ئەنسارى ۋە
ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى بۇلۇڭ - بۇلۇڭدا پىچىرلىشىپ : « ئىبادەتخانا بىئە-
نەدىكى ئىسيانچىلارنىڭ قولىغا ئۆتتى ، مەھدىيلەر ئەكبەر شاھنىمۇ دىن-
دىن چىقارماقتا ! » دېگەن ۋەھىمىلىك گەپلەرنى تارقىتىشتى .

مەھدىيلەر بولسا ئەكبەرنى « مىڭ يىلدا بىر كېلىدىغان ئۇلۇغ
رەھبەر ! » دەپ ماختاپ ئۇچۇرۇشاتتى .

سەلدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇ قارىمۇقارشى پىكىرلەرنىڭ
تەسىرىدە ، ئەكبەرنىڭ ئۆزىمۇ غەلىتە بولۇپ قالدى . كېيىنكى
چاغلاردا ، ئۇ مەي - شاراب ئىچمەي ، گۆشلۈك تاماق يېمەي ،
ھېچكىم بىلەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ گەپلەشمەي يۈردى .
كېيىن ئۇزاق بىھرە ئورمانلىرىغا كەتتى . ئۇ ھازىر پىل مىنىپ يولۋاس
ئوۋلىغىلى ئوۋغا چىقمايتتى . . .

ھەمىدە بېگىم بىھرەدىن خەۋەر كۈتۈپ يۈرگەن چاغلاردا ، ئەبۇل-
فازىل كېلىپ قالدى . ئۇنىڭ مەيۈس قاراشلىرى ئانىنى يەنە خاتىرجەم-
سىزلەندۈردى :

— ئەكبەرجان سالامەتمۇ ؟

— شۈكۈر . . . لېكىن ئېزىلىپ قالدى . ئۇيقۇسى يامان .

— تېۋىپلار بار ئىدىغۇ . بىھىم نەدە ئاشۇ يەردىمۇ ؟

— تېۋىپلارنى قوبۇل قىلمايۋاتىدۇ . ھەركۈنى ئورماندا يالغۇز
يۈرىدۇ . تاغ تۆپىسىدە سائەتلەپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدۇ . يېنىغا چا-
قىرمىسا بىز بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايمىز .

— راجە بىربالمۇ شۇ يەردىمۇ ؟

— ھەئە ، راجە بىربال بىلەنمۇ ئېچىلىپ سۆزلەشمەيدۇ . پاي-
تەختكە قايتايلى دېسەك ، ئۇنىمايدۇ .

— ئوۋ بىلەن كۆڭلى ئېچىلاتتىغۇ .

— بىزمۇ شۇنى ئويلاپ ئوۋغا تەييارلىق كۆردۇق . سەرخىل
پىللارنى تەق قىلدۇق ، مەخسۇس ئادەملەر ئورماندىكى يولۋاسلارنى ئو-

چۇق جايغا ھەيدەپ چىقتى . كېيىك ئوۋلايدىغان چىتالارنىمۇ قەپەستە بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغانىدى . بىردىنلا ھەزرىتىم : « جانىۋارلارغا جەبىر قىلىپ نېمە تاپتۇق ! » دېدى ــ دە ، يولۋاسلارنى ئورمانغا قويۇۋېتىشنى ، قەپەستىكى چىتالارنىمۇ يىراققا ئاپىرىپ قويۇپ بېرىشكە بۇيرۇق قىلدى . ئۇۋنى مەنئى قىلىپ مەخسۇس پەرمان چىقاردى .

ــ يولۋاس ئوۋلاش مەنئى قىلىنغان بولسا مېنىڭ ئويلىغىنىمدەك ئىش بوپتۇ ، ــ دېدى ھەمىدە بېگىم .

ــ لېكىن باشقا بىر خاتىرجەمسىزلىك پەيدا بولدى . بېگىم ، ھەزرىتىم ئادەمدىن قاچىدۇ . تەنها ، ئۆزى يالغۇز يۈرىدۇ . ئۆز ــ ئۆزىنى كۆزىتىپ ، ئۆزىنى چەكلەپ قانائەت قىلىشنى ئۆگىنىۋاتىدۇ . ھوشى جايىدا ئەمەسمۇ ، ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەيدۇ . دۆلەت ئىشلىرىنى ئەسلەتسەك ، بىز بىلەن ئۇرۇشىدۇ . پادىشاھ ئادەمگە يا بىر نېمە دېگىلى بولمىسا ! . . . ئويلاپ ــ ئويلاپ ، ئاخىر يېنىڭىزغا مەسلىھەتكە كەلدىم . ھەزرىتىمگە پەقەت ، سىز داۋا تېپىپ ، تـوغـرا يـول كـۆرسـىتـىشـىڭىـز مۇمكىن . . .

ــ ئەكبەر مېنى سورىدىمۇ ؟

ــ ياق ، بىلدۈرمەي كەلدىم . بىلسە رۇخسەت بەرمەيتتى .

ــ مەۋلانە ، سىز بىلەن ئاتىڭىز شەيخ مۇبارەكمۇ ئەكبەرنى ھەددىدىن ئارتۇق ئۇلۇغلاۋېرىپ ، شۇ كۆڭگە قويدۇڭلار . مانا ئاقىۋىتى !

ــ ئاسىي بەندەمىز ، ھەزرەت بېگىم . بىزنى ئەپۇ قىلىڭ .

ــ ئەمما كەلگىنىڭىز ياخشى بوپتۇ . مەن تېزراق بھرەگە باراي ، كۆڭلۈم تۈيۈپ تۇراتتى . . .

ھەمىدە بېگىم ئۆزىنىڭ كېچىدىكى بىتابلىقىنى ئۇنتۇپ ، فەتھپۇردىن ئاتتا ئون كۈنلۈك يول بولغان ئۇزاق بھرەگە ئالدىراشلا مېڭىپ كەتتى .

× × ×

ھەرۇدا دېگەن ھىندى لاچىنى تاغ تۆپىسىدىكى ئەكبەرنىڭ يېنىـ

دىن ئۇچۇپ ئۆتتى . لاچىننىڭ يەلكىسى توق قىزغۇچ ، قورسىقى ۋە بوينى ئاق ئىدى . سىرىق رەڭلىك ئالقىنىدا بىر قارا يىلاننى چاڭگال- لىۋالغان ، يىلان يەيدىغان بۇ لاچىن ئۆز ئوۋىنى دۇمبىسىدىن چاڭ- گاللاپ ، ئاسماندا پىرقىراپ ئۇچاتتى . زەھەرلىك يىلان تېز ئۇچۇشتىن ھالسىزلىنىپ ، بېشىنى كۆتۈرەلمەيتتى . ھەرۋدا بولسا يىلاننى ئېگىز ئاس- ماندىن يەرگە تاشلاپ ئۆلتۈرەتتى .

مانا شۇ ئادىتى ئۈچۈن ھىندىلار ھەرۋدانى مۇقەددەس قۇش دەپ ئەزىزلىشەتتى . رىۋايەتلەردىن قارىغاندا ، گۈزەللىك ۋە غەلىبە مەبۇدىسى لاكشىمۇ ھەرۋدانىڭ قاناتلىرى ئۈستىدە ئولتۇرارمىش . ئىلگىرى ئەكبەر- نىڭ خىيالىدا ئەپسانىنى ۋەقەلىكلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان ئېنىق چېگرا بار ئىدى . ھازىر شۇ چېگرا يوقالغان ، ئۇنى گويا سەل ئېلىپ كەتكە- نىدى . شۇ سەۋەبلىك ئۇ يىنىدا ئۇچۇپ ئۆتكەن ھەرۋدانىڭ قىزغۇچ قا- ناتلىرى ئۈستىدە ھاۋا دولقۇنىغا ئوخشاش گىرىمسەن بىر نەرسىنى كۆرگەندەك بولدى ـ دە ، « لاكشمى دېگەن شۇمىدۇ ! » دەپ ئويلى- دى . كېچىلىرى ئۇنىڭ چۈشىگە تۆت قولى ، بەش يۈزى بار دىۋە كى- رىپ قالاتتى . قەھر- غەزەپ بابىدا ھېچكىم دىۋىگە تەڭ كېلەلمەيتتى . ئىككى كۆزىدىن سىرت پېشانىسىدە ئۈچىنچى بىر يوشۇرۇن كۆزى بار ئىدى . ھەقىقىي غەزىپى كەلگەندە ، شۇ ئۈچىنچى كۆزى بىردىنلا ئې- چىلاتتى ـ دە ، ئوت چاچاتتى . دىۋە تىكىلىپ قارىغاندا ، ئادەم ياكى باشقا جانلىقلار شۇ كۆزنىڭ تەپتىدىن كۆيۈپ كۈل بولاتتى . دىۋە بوي- نىغا ئورام ـ ئورام يىلانلارنى ، ئادەملەرنىڭ باش سۆڭەكلىرىنى يىپقا تى- زىپ مارجان قىلىپ ئېسىۋالاتتى . پولات گۈرزىسىنىڭ ئۇچىغىمۇ ئادەم- نىڭ باش سۆڭىكى قاپلانغانىدى . چۈنكى ئۇ گۇناھكارلارغا جازا بەر- گۈچىدۇر .

ئەكبەر ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى ۋەقەلىك بىلەن ئاجايىپ ـ غارايىپ ۋە ئىلاھىي نەرسىلەرنىڭ چېگرىسىنى بۇزۇۋەتكەن . ئۆزىنى يەردىن ئۈزۈپ ئېلىپ ئاسمانغا ئاچىقىپ كېتىۋاتقان نەرسىنىڭ ئۇ- لۇغلاشلارنىڭ ئاقىۋىتى ئىكەنلىكىنى تېخى سەزمەيتتى . پە-

قەت «داھىي!»، «مەھدىي!» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغانسېرى ئۆزىنى يالغۇز، ھەممىدىن ئايرىلغان، كېرەكسىز ئادەمدەك ھېس قىلاتتى.

ئۇنىڭ روھى سۇلغۇن ئىدى. سەۋەبىنى گويا جالالىدىن رۇمى ئاللىقاچان ئېيتىپ كەتكەن: «تېنىڭ ئاتتۇر، روھىڭ — ئۇنىڭ چە-ۋەندازى، شۇنى بىلكى، ئات ئوزۇقى چەۋەندازغا ئوزۇق بولماس!»

ئىلگىرى ئەكبەر كۆپرەك ئۆز بەدىنىنى پەرۋىش قىلاتتى. ئەمدى قارايدىغان بولسا، ئۇ نوقۇللا ئات بېقىپ، چەۋەندازنى ئاچ قالدۇرغانى-كەن. ھازىر شۇنىڭ ئەكسىنى قىلىپ، يېيىش ـ ئىچىشتىن ئۆزىنى چەكلىدى ـ دە، مەنىۋى ئوزۇق بېرىدىغان ئىلىم ـ پەن ئىچىگە، سو-پىلار ۋە ھىندى دانىشمەنلىرى تەلىماتىغا قايتا ـ قايتا شۇڭغۇپ، ئۆزىگە كېرەكلىك مەنىۋى گۆھەرنى ئىزدەشكە باشلىدى.

روھ، ئەقىل، قەلب، كۆڭۈل — بۇلار تەبىئەتتىكى تۆت زاتقا ئوخشايدۇ. ئىنساندىكى پۈتۈن مەنىۋى دۇنيا شۇ تۆتىدىن تەركىب تا-پىدىغانلىقىنى ئەكبەر ئەمدى بىلىۋاتىدۇ. ئەرەب، پارس، ھىندى، يۇ-نان ـ گرېك پەيلاسوپلىرىنىڭ ھەممىسى روھ بىلەن تەنىنىڭ، كۆڭۈل بىلەن ئەقىلنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەتلەردىن داد دەپ ئۆتكەن. ئەكبەر-نىڭ ئۆزىمۇ ھازىر شۇ ئىچكى زىددىيەتلەردىن قۇتۇلالماي ئازاب چېكىپ يۈرۈپتۇ. ئارقىغا ئۆرۈلۈپ قارىسا، قانچىلىك غەلىبىگە ئېرىشكىنى، قان-چىلىك دۆلەت، ئابرۇيغا ئىگە بولغىنى ئۇنى قانائەتكە ۋە مەمنۇنىيەتكە ئۈندەيتتى. ئەمما، دىلىغا نەزەر سالسا، ئۆزىدىنمۇ، ئەتراپىدىكى ھايات-تىنمۇ كۆڭلى سۇ ئىچمەيتتى. تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان ئىستەك ـ ئارزۇ-لىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇلارغا قاچان يېتىشىدۇ؟

شۇنداق چاغلاردا، گويا ئابدۇلھەمد غەززالى دېگەن پەيلاسوپ ئۇنى ئاگاھلاندۇراتتى: «ئىككى بېقىنىڭنىڭ ئارىسىدىكى كۆڭلۈڭ — سېنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىڭدۇر.»

ھىندى پەيلاسوپلىرىمۇ كۆڭۈلنى ئۇنىڭ تاشقى مەنبەلىرىدىن ئۈزۈش لازىملىقىنى، ھېچكىم يوق بىر ئورماندا ئۆز قەلبىگە قۇلاق سې-لىپ، دىلىدىكى مۇقەددەس تۇيغۇلارغا بېرىلىپ ياشاشنى مەسلىھەت بې-

رىشەتتى .

ئەكبەر شۇ مەقسەتتە ھىمالايا تېغىنىڭ ئېتەكلىرىدىكى ئورمانزار بىھرەگە كېلىپ ياشىماقتا . بۇ يەرگە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەن بەش يۈزدىن ئارتۇق بەگ ـ مۆلازىملار ، قوروۇقچى ۋە خىزمەتكەرلار بىھرەنىڭ سۈپىلىق بېغىدىكى كۆل بويلىرىغا چېدىر تىكىپ ئورۇنلاشتى . بىر چاغلاردا كامران مىرزا بەرپا قىلغان بۇ سۈپىلىق باغقا ئەكبەر ئون ياش ۋاقتىدا بىرىنچى قېتىم دادىسى بىلەن كەلگەنىدى . شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىل ئۇنى نە كويلارغا سالمىدى ! مانا يېشى ئوتتۇز سەككىزگە باردى ، ھېلىمۇ ئۆزىنى ناھايىتى دىتسىز ھېس قىلاتتى . خىيالىنى پۈتۈن بىر مۇقەددەس تۇيغۇ ئەتراپىغا يىغالمايتتى . ئۇنىڭ ئىستىكى شۇكى : تېنى روھىغا سۆزسىز ئىتائەت قىلسا ، يۈرىكى نەپسىدىن پاكلانسا : ئۇ ئۆزىدىنمۇ دۇنيادىنمۇ مەمنۇن ۋە رازى بولسا ! سوپىلار بۇنى « ئارىفلىق » دېيىشىدۇ ، ھىندى پەقىرلىرى « سەمەدھي » دەپ ئاتايدۇ . لېكىن ھەر ئىككىسىنىڭ ماھىيىتىدە كامىل ئىنسانلىققا ئىنتىلىش بار .

ئەكبەر تەبىئەتتىكى پاكلىقنى ، گۈزەللىك ۋە تەكپۈكلۈقنى كۆرۈپ ھەۋىسى كېلەتتى . نېمىشقا ئۇنىڭ دىلىدا تەبىئەتتىكى ئۇيغۇنلۇق يوق ؟ بۇ سوئالغا جاۋابنى يەنە رۇمىنىڭ خىتابىدىن ئاڭلايتتى : « كۆزۈڭنى يۇم ، كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل ! »

ئەكبەر كۆز ئالدىدا تۇرغان تەبىئەتنىمۇ ئۇلۇغراق ، ئۇنىڭدىنمۇ ئەبەدىيرەك مۇتلەق ھەقىقەتنى قەلب كۆزى بىلەن كۆرۈشكە ۋە روھىنى ئۇنىڭغا قوشۇۋېتىشكە ئىنتىلەتتى . لېكىن بۇنىڭغا مۇۋەپپەق بولالمايتتى . تەقدىر ئۇنىڭغا شۇنچە كۈچ ـ قۇۋۋەتنى ، ئىستېداتنى ، قۇدرەتلىك دۆلەتنى نېمە ئۈچۈن بەرگەن ؟

بۇ سوئالغا بىر چاغلاردا ئەكبەر زىيارەتكە بارغاندا مۇيىنىددىن چەشتى مەقبەرىسىدىن بىھرەگە كەلگەن مۇرتەزا ئەھمەدخان ئۆزىچە جاۋاب بەردى . ئۇ شېئىرنى ناخشىغا ئوخشاش ئېيتىدىغان خوش ئاۋاز ناخشىچىلار بىلەن ئەكبەرنى ئۇلۇغلاپ ناخشا ئېيتتى . كېيىن ئەكبەرنىڭ قارشىدا تىز چۆكۈپ ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلىشقا باشلىدى :

— سىز مىڭ يىلدا بىر كېلىدىغان داھىي ! دۇنيادا ئادالەت ئورنىتىش ئۈچۈن خۇدا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن مەھدىيسىز !

زور ئېتىقاد ، ئىشەنچ بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر ئەكبەرگە شۇنداق تەسىر قىلدىكى ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىشقا باشلىدى . ئۇ كۆز يېشىنى ئېرتماستىن ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە ، ئورماندا بىر ۋاقىتقىچە يالغۇز ئايلىنىپ يۈردى .

بەلكى مۇرتەزا ئەھمەدخاننىڭ گېپى راستتۇ - ھە ؟ ئۇنىڭغا ئايان بولمىسا ، كامالى ئىشەنچ ۋە ئېتىقاد بىلەن شۇنداق دەمتى ؟ لېكىن ئەكبەرنىڭ ئەمەلىي ئىشتا ئېنىق دەلىللەرگە تايىنىپ ئۆگەنگەن ئەقلى بۇ گەپكە ئېرەنشمەيتتى .

ئاسماندىنمۇ بىرەر بېشارەت بولسا ئىدى ، ئەكبەر ئۆزىنىڭ ئەقىل - ئىدراكىنى سۆزسىز ئىشەندۇرگەن بولار ئىدى . ئۇ ئۆزى يالغۇز تاغ تۆپىسىگە چىقاتتى ، ئۇيقۇسىز كېچىلىرى شام يورۇقىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى . ئۈستىدىن بىرەر گۈمبۈرلەش ياكى ۋارقىراش ئاڭلانسا ، « تەڭرىدىن ۋەھي كەلدىمىكىن ؟ » دەپ ۋۇجۇدىنى تىترەك باساتتى ، روھىدا زىلزىلە قوزغىلاتتى . لېكىن ، دىققەت بىلەن ئاڭلىسا ، بۇلار يىراقلاردىكى گۈلدۈرماما ئاۋازى ياكى ئورماندىكى يىرتقۇچلارنىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازى بولۇپ چىقاتتى .

مۇرتەزا ئەھمەدخاندىن سىرت شەيخ مۇبارەكمۇ ئەكبەرنىڭ مەھدىيلىكىنى ئىسپاتلاشقا ھەرىكەت قىلماقتا . ھىجرىيىنىڭ مىڭىنچى يىلى يېقىنلاشقانىدى . شەيخ مۇبارەك مۇسۇلمان ئالىمدە ئەكبەردىن قۇدرەتلىكرەك پادىشاھ يوق دەپ ھېسابلايتتى . ئۇنىڭچە مەھدىيلىككە مۇناسىپ باشقا ئادەم يوق . شۇڭا ، شەيخ مۇبارەك ئەكبەرنىڭ تېزراق مەھدىي دەپ ئېلان قىلىنىشىنى ، شۇ ئارقىلىق ئابدۇللا ئەنسارى باشلىق روھانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ يوقىتىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى . ئەكبەر مەھدىي بولغاندا كىيىشى كېرەك بولغان ئۇلۇغۋار ساماۋى كىيىملەرگە شەيخ مۇبارەك بۇيرۇتما بەرگەنىدى .

بۇنى ئاڭلىغان ئەكبەرنىڭ روھى ئاسمانغا تەلپۈنەتتى . ئەمما ،

تېنى هامان يەردىن كۆتۈرۈلمەيتتى . خىيالىدا ۋەقەلىك بىلەن ئىلاھىيەت بىر ـ بىرىگە قارىشىپ كەتكەن چاغلاردا ئۈچ كۆزلۈك تەگرى دىۋە ناند ناملىق ئۆكۈزىگە مىنىپ ، ئۇدۇلىدىن ئۆتكەندەك بولاتتى . بىردىن ھوشىنى يىغىپ قارىسا ، سۇپىلىق باغدا يالغۇز ئولتۇرغىنىنى كۆرەتتى . بۇ يەردە نە دىۋە ، نە ناند كۆرۈنمەيتتى . شۇ چاغدا « ئەقلىمدىن ئېزىۋاتامدىمەن نېمە ؟ » دېگەن ئوي تېنىنى شۈركۈندۈرۈپ قوياتتى .

× × ×

كەچ كىرىپ ئورمان دەرەخلىرى سۇپىلىق باغدىكى كۆلگە ئۇزۇن ـ ئۇزۇن سايە تاشلاپ تۇرغان پەيتتە ، ئەكبەر خىيال سۈرۈپ بۇلاق بويىدا ئولتۇراتتى . سەككىز يىگىت سۇپىلىق باغقا كۆتۈرۈپ كىرگەن زەرلىك تەختىراۋان بۇلاقتىن پەسرەك جايدا توختىدى . كۆتۈلمىگەندە ، ئۇنىڭدىن ھەمدە بېگىم چىقىپ كەلدى . ئەكبەر :« بۇ چۈشۈم بولسا كېرەك ! » دەپ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى :

ـــ سىز ؟ . . . ھەزرەت ئانامۇ ؟

ـــ ھەئە ، بۇ مەن ، غەمكىن ئانىڭىز ! . . .

ـــ ھە . . . مەن . . . سىزنى كىم چاقىردى ؟

ـــ كۆڭلۈم چاقىردى !

ئەكبەر ئانىسىدىنمۇ ياتسىرىغاندەك يېقىن كەلمەي جايىدا جىم تۇردى . ھەمدە بېگىم ئارىدىكى يولنى دادىل بېسىپ ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئەكبەرنى باغرىغا بېسىپ يىغلاپ تاشلىدى :

ـــ ئەكبەرجان ، ئانىڭىزنىڭ سىزگە لازىمى قالمىغاندا ، كۆزىڭىزگە كۆرۈنمەي يوق بولۇپ كەتكەنىدىم ! ئەمما ، بېشىڭىزغا مۈشكۈلات چۈشكەندە ، يەرنىڭ تېگىدىن بولسىمۇ يېتىپ كېلىمەن !

ئانا باغرىدا ئەكبەر بىر مەھەل بىغۇبار بالىلىق دەۋرىگە قايتقاندەك بولدى . كۆڭلى يۇمشاپ :

ـــ خۇش كەپسىز ! ـــ دېدى ۋە ئانىسىنى ئىككى ئېغىزلىق ئۆيگە باشلاپ كىردى . بېگىم يولدا ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقىغانىدى . ئەكبەر

گۈلاپ ئەكەلدۇردى.

— سۇ كىچىكتىن، ئاۋۋال ئۆزىڭىز ئىچىڭ بالام!

ئەكبەر لىمون شەربىتىنىڭ تەمىنى نەچچە كۈندىن بېرى ئەمدى تېتىدى. خىزمەتكارلار ھەمدە بېگىمگە داستىخان سېلىپ، ئەڭ ئېسىل شىرنىلىكلەر ۋە خۇرۇچلاردىن قىلىنغان تاماقلارنى ئەكېلىشتى. بېگىم تۆت يىلدىن بېرى گۆش يېمەيۋاتاتتى، بۇنى كۆتكۈچىلەر ئوبدان بىلەتتى. ئەكبەرنىڭمۇ بىھرەگە كەلگەندىن بېرى گۆش يېمەيۋاتقانلىقى ئانا - بالىنى مەنىۋى جەھەتتە بىر - بىرىگە مەسلەكداش قىلغاندەك بولدى. تەملىك كۆكتاتلاردىن پىشۇرۇلغان تاماقلارنى ھەمدە بېگىم ئەتەي ئىشتىھا بىلەن يېدى. ئۇنىڭ تەسرىدە ئەكبەرمۇ لېگەنگە تېز - تېز قول ئۇزىتىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمىدى. كىندىك قېنى ئارقىلىق ئۆتكەن گۆدەكلىك تۇيغۇلىرى ئەكبەرنى ئەسلىگە قايتۇرۇۋاتقاندەك، ۋەقەلىك بىلەن خىيالىي ئىشلارنىڭ ئارىسىدىكى چېگرا تۇمان ئارىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقاندەك بولاتتى. لېكىن، ئايلار داۋامىدا ئۇنىڭغا سىڭدۇرۇلگەن مەھدىيلىك ئەپسۇنى ئاسانلىقچە تارقايدىغاندەك قىلمايتتى. ئانا - بالا سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئەكبەر بىرنەچچە قېتىم توختاپ ئاسمانغا قۇلاق سالدى. ئۇنىڭ تەگرىدىن ئىلاھىي ۋەھىي كېلىشىگە ئەستايىدىل ئىشىنىپ يۈرگىنىنى ھەمدە بېگىم ئەمدى بىلىپ يەتتى.

ئاخشىمى ئەكبەر سامە دېگەن گىياھنىڭ سۈيىدىن تەييارلانغان شەربەتنى ئىچتى.

— سامە ھىندىلاردا مۇقەددەس گىياھ ھېسابلىنىدۇ، — دەپ ئانىسىغا چۈشەندۈردى ئۇ، — ئاخشىمى ئايدىڭدا تاغدىن تېرىپ كېلىنىدۇ. ئۇنى ئالتۇن ئۈزۈك تاقالغان بارماقلار بىلەن ئېزىپ، شەربىتىنى ئەگلەكتە سۈزۈپ پاكلايمىز. بىر ئىككى كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئىچىلىدۇ، يەڭگىل كەيپ قىلىدۇ، ئەمما بۇ ئىلاھىي كەيپ سانىلىدۇ.

ھەمدە بېگىم سامەدىن بىر پىيالە ئىچىپ ياتقانىدى، كېچىسى ياخشى ئۇخلىيالمىدى. براخمانلارنىڭ كېچىچە سامەنىڭ كەيپى بىلەن

ھىندىچە دۇئالارنى ئوقۇپ، ئۇخلىماي چىقىشلىرى ئېسىگە چۈشتى ـ دە، ئەكبەرنى قىيناپ يۈرگەن ئۇيقۇسىزلىقلارغا سامەنىڭمۇ سەۋەب بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەتىسى ئەكبەرگە تۈركىي ئىچىملىكى قىمىزنى ئەلەتتى:

— كابۇلدا ئۇسسۇر چېغىمىزدا قىمىز ئىچكىنىڭىز يادىڭىزدىمۇ؟ بۇ، ئەجدادلىرىمىز ئارقىلىق قېنىمىزغا سىڭگەن ئادەت...

— ھىندى ئىسسىقلىرىدا قىمىز ئېغىر كېلىدۇ.

— ئەمما بھېرە سالقىن ئىكەن. بىر تەرىپى تاغ، بىر تەرىپى دەريا.

ئانىسىنىڭ قىمىز ئىچكۈسى بارلىقىنى سەزگەن ئەكبەر خىزمەتچىنى چاقىرىپ:

— چاغاتايخان تاشكەندى قىمىزخور ئىدى، بېرىپ ئېيتىڭ، بىزگە تېپىپ بەرسۇن.

شۇ كۈنىلا قىپقىزىل كومزەكتە بىر قىمىز تېپىپ كېلىندى. ھەمىدە بانۇ ياغدا پىشۇرۇلغان تەملىك غىزالارنى بۇيرۇدى، ئۆزى بىر كاسا قىمىز ئىچتى، كېيىن ئەكبەرگە بىر تېمىمۇ قويماي ئىچۈردى. مۇزدەك بۇلاق سۈيىدە سوۋۇتۇلغان قىمىز ئۇسسۇزلۇقنى شۇنداق ياخشى باستىكى، ئەكبەرنىڭ تېنى يايراپ، بىردىنلا ئىشتىھاسى ئېچىلغاندەك بولدى. ئانا ـ بالىنىڭ گۆش يېمەيدىغانلىقىنى بىلىدىغان خىزمەتكارلار ئۇلارغا تۈركىيچە قايماق چۆپ پىشۇرۇپ بەردى. ئەكبەر شەربەتچىگە ئىشارەت قىلىپ، ئۆزىگە ۋە ئانىسىغا يەنە بىر كاسىدىن قىمىز ئەكەلدۈردى. ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن ۋۇجۇدىغا مەيىن بىر سېزىم تارقاپ، دۇنيا غەملىرى خىيالىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بۇگۈن ئانىسى ئىلتىماس قىلىپ ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئەل ياتقۇ مەزگىلىدە ئىچىدىغان سامە ئىچىملىكىنى ئىچكۈزمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر كاسا قىمىز بەردى.

ئەكبەر خۇپتەن بىلەن بىر ئۇيقۇغا كەتكىنىچە ئەتىسى كۈن چىققانغا قەدەر قېتىپ ئۇخلىدى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئەكبەر ھېچكىمنى قوبۇل قىلماي يۈرگىنى

ئۇچۇن ، دۆلەت ئىشلىرى توختاپ قالغان بولۇپ ، پادىشاھنىڭ قوبۇلىغا كىرەلمەي تىت ـ تىت بولۇپ تۇرغان كىشلەر ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى . ئەكبەرنىڭ ئۆي ـ خىيالنى بۇزماسلىق ئۇچۇن مۇلازىملارمۇ پۈتىنلەي ئۇچىدا دەسسەپ ماڭاتتى . پۈتۈن قارارگاھ مۇگدەك باسقاندەك بوشاشقانىدى . ئەتىسى ئەكبەر ئۇخلاپ ياتقان چاغدا ، ئەبۇلفازل بىلەن راجە بىربال ھەمىدە بېگىمنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى .

— ياخشى ئۇخلاۋاتقان بولسا ، بۇ ، ساقىيىش ئالامىتى ! — دېدى ئەبۇلفازل سۆيۈنۈپ ، — پادىشاھئالەم بۈگۈن بىزنى قوبۇل قىلسا ، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بار ئىدى .

ھەمىدە بېگىم باش چايقىدى .

— مەۋلانە ، سەۋر قىلىڭ . گۈجارەتتە ئۇنىڭ مەستلىكى بىر كۈندە تارقىغانىكەن . « مەھدىي » ، « داھىي » دەپ ئاي ـ ئايلاپ دۇئا قىلدىڭلار ، بۇنىڭ كەيپىنىڭ تارقىلىشى ئۇچۇن خېلى ۋاقىت كېتىدىغان ئوخشايدۇ .

— شۈكۈرلەركى ، ھەزرىتىم سىز بىلەن ئىناق .

— ماڭا ئۇنىڭ خاس ھەكىمنى چاقىرىپ بېرىڭلار ، — دېدى ھەمىدە بېگىم ، — بار مەسلىھەت داۋا قىلايلى .

خاس ھەكىم بىھم نەدە ئەكبەرگە قۇۋۋەتلىك تائاملارنى كۆپرەك بېرىشنى مەسلىھەت قىلدى . شۇ مەسلىھەت بويىچە ، ھەمىدە بېگىم ناشتىلىق چايىدا بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىدىغان قايماق ۋە سېرىق ماينى كۆپرەك سېلىپ بەردى . چۈشتە ئەكبەر ئۇسساشقا باشلىغاندا ، ئانا ـ بالا قىمىز ئىچىشتى . تېۋىپنىڭ دېگىنى بويىچە سەۋزىنى ، كەكلىك گۆشى بىلەن پىشۇرۇپ يېگۈزدى ۋە سۈيىنى ئىچكۈزدى . ئەكبەرنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشىلىنىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ھەمىدە بېگىم ئۇنىڭغا روھ ۋە تەنىنىڭ بىرلىكى ھەققىدە سەلىم ئاتا ئېيتقان سۆزلەرنى ئېيتتى :

— ئىنسانمۇ دەرەخكە ئوخشاش ماددى يىلتىزلاردىن ئوزۇقلىنىدىكەن ، شاھ ئوغلۇم ! قان بىلەن قوشۇلغۇچى ئوزۇق روھقا قۇۋۋەت بېرىدىكەن .

— لېكىن ، نەپس بىلەن كۆڭۈل روھنىڭ دۈشمىنىدۇر ، — دېدى ئەكبەر .

— كۆڭۈل پاك بولسا ، روھقا زىت كەلمەيدۇ . ھىندىلارنىڭ كۆڭۈل ھەققىدىكى پىكىرلىرى ئېسىڭىزدىمۇ ؟ كەرمە — بىزدىكى كۆ-ڭۈلگە ئوخشاش تەبىئىي ئېھتىياجلارنى ، قىزىقىشلارنى كەلتۈرۈپ چىقى-رىدىكەن . بۇنىڭسىز ياشىغىلى بولمايدىكەن .

— ئەمما ، جان دېگەننى يېپىشقاق ماتاغا ئوخشىتىدۇ . ھاياتنىڭ پۈتۈن كىر - پىرى شۇ ماتاغا يېپىشىدۇ .

ھەمدە بېگىممۇ جان تەلىماتىدىن خەۋەردار ئىدى . جان تەلى-ماتى تىرىك جانىۋارلارنىڭ گۆشىنى يېيىشكە شۇنىڭ ئۈچۈن قارشىكى ، ئىنسان ئۆلگەندە جېنى باشقا بىرەر جانلىققا ، يەنى ياكى ئۆچكىگە ، قويغا ، يا يىلانغا كۆچىدىكەن . جان تەلىماتى تەرەپدارلىرىنىڭ جا-نىۋارلارغا رەھىمدىللىكىدىن سىرت ، بىردىن ئارتۇق خوتۇن ئالمايدىغان تەرەپلىرى ، ئىمان - ئېتىقادى بۇنىڭغا يول قويمايدىغانلىقى ھەمدە بې-گىمگە خۇش ياقتى :

— جان تەلىماتچىلىرىنىڭ كەرمەنى كىر چاپلىشىدىغان ماتاغا ئوخشاتقانلىقى توغرا ، — دېدى بېگىم ، — لېكىن ئۇنى تېز - تېز تا-زىلاپ تۇرۇش كېرەك ، دېيىشىدۇ . ئاخىر كەرمەمۇ ھايات بولامدۇ ؟ ئى-چىش ، يېيىش ، پىكىر قىلىش ، پەرزەنتلىك بولۇش — ھەممىسىگە كۆ-ڭۈل باش بولماي ئىلاجى يوق .

— لېكىن كۆڭۈلنى ئىمان ۋە ئىنساپ كوچىسىدا ماڭغۇزۇش بەك مۇشكۈل ئىش .

— نېمىشقا ؟ كامىل ئىنسانلاردا ھەمىشە روھ كۆڭۈلگە يېتەكچى-لىك قىلىدۇ . ئەقىل بىلەن دىل جۈپ قاناتلاردەك بىرگە پەرۋاز قىلىدۇ .

— دېمەك ، مەن تېخى كامالەتتىن بەك يىراقتىمەن ، — دېدى ئەكبەر ، — روھىم دائىم ئاسمانغا تەلپۈنىدۇ . ئەمما ، تېنىمنى روھىم كۆتۈرەلمەيدىغاندەك . . .

ئەكبەرنىڭ ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتىگە توغرا باھا بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەمدە بېگىم كۆڭلىدە « خەيرىيەت ! » دەپ قويدى ھەمدە ئۇنى مۇئەللەق جايدىن تېزراق يەرگە قايتۇرۇپ چۈشۈرگۈسى كەلدى .

— مەن ئۆتكەن ھەپتە چۈشۈمدە ھۇماي قۇشىنى كۆرۈپتىمەن ، — دېدى ھەمدە بېگىم ، — قاناتلىرى بۇگۈنكىدىنمۇ بەھەيۋەت . بېشى ، بويىنى شىرغا ئوخشايمش . ئادەمنىڭكىدەك ئىككى قولى بارمىش ، تاغ ئېتىكىدە ئادەملەر توپلانغانىكەن . ھۇماي قۇشى قولىدا يوغان بىر كىتابنى تۇتۇپ ئۇچۇپ كېلىپ ، تاغ چوققىسىغا قوندى . ئادەملەر ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈرۈشتى . ھۇماي كىتابنى تاشلاپ ئۇچۇپ كەتتى . تاغقا ھەممىدىن ئاۋۋال يېتىپ بارغان تۆت - بەش ئادەم ھېلىقى كىتابنى « مەن ئالاي ، مەن ئالاي ! » دەپ تالىشىپ قېلىشتى . بىر - بىرىگە بەرگۈسى كەلمىگەندىن كېيىن ، ئۇنى تۆت - بەش بۆلەك قىلىپ بۆلۈپ ، ھەر تەرەپكە ئېلىپ كېتىشكە باشلىدى . شۇ چاغدا سىز پەيدا بولدىڭىز . « توختاڭلار ، ياخلىت كىتابنى پارچىلاپ ئېلىپ كېتىش گۇناھ بولىدۇ » دەپ ئۇلارنى قايتۇرۇشقا ئۇرۇندىڭىز . لېكىن ئۇلارنىڭ بىرىنى ياندۇرسىڭىز ، باشقا بىرى تۇتۇق بەرمەيتتى . ئەزىبرايى ئېچىنغىنىمدىن « ئۇھ ! » تارتىپ ئويغىنىپ كېتىپتىمەن .

ئەكبەر ئويلىنىپ قالدى - دە :

— ياخشى چۈش كۆرۈپسىز ، — دېدى ، — كىتاب ھەقىقەت دېمەكتۇر . كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتنىپارچە - پارچە قىلىپ ھەر تەرەپكە ئېلىپ كەتكىنى راست . مەنىۋىيەتمۇ پارچىلاندى ، ھەر كىم ئۆز ئىلكىدىكى ھەقىقەتنى ۋە مەنىۋىيەتنى تۇتۇپ تۇرغان تۇرۇپ ، باشقىلارنىڭ قولىدىمۇ ھەقىقەت ۋە مەنىۋىيەتنىڭ بارلىقىنى تەن ئالمايدۇ . « پەقەت مەن ھەق ! » دەپ باشقا خەقلەرنى كەمسىتىدۇ . ئۆزئارا ئۇرۇشلار ، دىن ۋە مىللەت ئايرىشلار مانا مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ . . . سىز چۈشىڭىزدە كۆرگەن كىتابلارنىڭ پارچىلىرىنى ئادەمزات بىر جايغا يىغىپ ، مۇكەممەل ھالغا كەلتۈرگۈچە ، دۇنيادا ئادالەت ئورنىتىپ بولغىلى بولمايدۇ . مېنىڭ ئارزۇيۇم چېچىلىپ كەتكەن ئۆلكىلەرنى بىر دۆلەت قى-

لىپ قوراشتۇرۇشلا ئەمەس ، بەلكى پارچىلىنىپ كەتكەن ھەقىقەتنى بىر ئۇلۇغ مەركىزى نۇقتىغا يىغىشتۇر .
— ئىلاھىم بۇ ئارزۇيىڭىزغا يېتىڭ ، شاھ ئوغلۇم . تۈركىي ئۇلۇسىدىن چىقىپ ، ھىندىستانغا پەرزەنت بولدىڭىز . ئەمدى بىلسەم ، بىر ئۇلۇسنىڭ قەلبىنى يېرىپ چىققان ئادەم پەقەت ئىككىنچى بىر خەلقنىڭ پەرزەنتى بولۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالالمايدىكەن . دېڭىزغا قويۇلغان دەريا پۈتۈن دۇنيا كەڭلىكلىرىگە چىقىدىكەن . شۇنىڭغا ئوخشاش ، سىزمۇ ئۆز خەلقىڭىز ، ئۆز مەملىكىتىڭىز دائىرىسىدىن ھالقىپ ، ئومۇمىي ئىنسانىيەتكە دائىر مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا بەل باغلىدىڭىز . مەنئۇيەت بابىدا ئەجدادلىرىڭىزنىڭ ھېچبىرى بۇنداق مۇشكۈل ، بۇنداق مۇرەككەپ مەقسەتلەرنى ئۆزىگە نىشان قىلغان ئەمەس ، سىزدە غايەت زور ئىستىپدات ۋە غەيرەت بار ، ئەمما مەن چۈشۈمدە « ئۇھ ! » تارتىپ ئويغانغىنىمنىڭ سەۋەبى سىز « يالغۇزلۇق قىلدىڭىز ، بالام ! » كىتابنى پارچىلاپ ھەر تەرەپكە قايتقانلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئادەم قانداق تۇتالايدۇ !
— يېنىمدا ھېچكىم يوقمىدى ؟
— ياق . سادىق ئەمىرلىرىڭىز نېمىشقا كۆرۈنمەيدۇ ؟ ئەزىز كۆكە ، مەن سىنغ ، راجە بىربال ، ئەبۇلفازل . . . ھەممىسى سىز ئۈچۈن جېنىنى بېرىشكە تەييارغۇ !
ئەكبەر كېيىنكى چاغلاردا ئۆزىگە چېكىنگۈسى ۋە يالغۇز يۈرگۈسى كېلىپ ، ئەڭ يېقىن كىشىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ئەمدى ھېس قىلىشقا باشلىدى . ئانىسى ئۇنىڭ ھوشيار تۇرۇشى ئۈچۈن ئەگرەدە بولغان بىر پاجىئەنى سۆزلەپ بەردى :
— سىز كېتىپلا ئەگرەدىكى سەدىرلەر سۇدۇرى ۋەخپە ۋە دىن ئىشلىرى ۋەزىرى ئابدۇنەبى يەنە دىنىي نىزالارنى ئەۋج ئالدۇردى . سىزغۇ مەسچىتلەرنى قۇرۇش بىلەن بىللە بۇتخانىلارنى قۇرۇشقا رۇخسەت قىلغانىدىڭىز . لېكىن ، ئابدۇنەبى بارلىق تاختايلارنى مەسچىت يېنىغا يىغدۇرۇپتۇ . بۇتخانا ئۈچۈن تاختاي بەرمەپتۇ . بۇتخانا قۇرۇلۇشى توختاپ قالغاندىن كېيىن ، كېلىنلىرىمىز جادھەبەيگە يېقىن بولغان براخمان ئۆز

قەۋملىرى بىلەن كېلىپ، تاختايلارنىڭ بىر قىسمىنى سەدىرلەر سۇدۇرىدىن رۇخسەتسىز ئېلىپ كېتىپ، بۇتخانا قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىپتۇ. مۇھتەسىپ بۇنى بىلىپ قېلىپ براخماننى قاماققا ئاپتۇ.

— مەن بۇنى ئاڭلىغانتىم، — دېدى، — مەن سەپەردىن يانغۇچە براخمان تۇتۇپ تۇرۇلسۇن دېگەنىدىم.

— ئەمما، براخمان قاچماقچى بولغانمىش. راستمۇ - يالغانمۇ بىلمىدىم. «سوراق پەيتىدە، براخمان مۇسۇلمانلارنى ھاقارەت قىلدى، كېيىنچىسى قاچماقچى بولدى» دېگەن باھانە بىلەن سەدىرلەر سۇدۇرى ئۇنى قەتلى قىپتۇ.

— ھەي، جاللاتلار!

— ئەڭ يامان پاجىئە كېيىن يۈز بېرىپتۇ. براخماننىڭ تۆت خوتۇنى بار ئىكەن. شۇلاردىن ئۈچى «سەتى» قىلىپ مۇردا بىلەن ئۆزلىرىنى بىللە كۆمدۈرۈپتۇ. بۇنى جادەبەي ئاڭلاپ بەك يىغلىدى! ئاياللارنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە براخماننىڭ قەۋملىرى بۇ ئادالەتسىزلىكتىن قەھرى تېشىپ تۇرۇپتۇ. شۇ ئابدۇنەبىدەك جاھىللارغا ئادەم ئۆلتۈرۈش ھوقۇقىنى كىم بەرگەن؟

— شەرىئەت بەرگەن، — دېدى ئەكبەر، — ئەگەر مېنىمۇ دەھرىيلىكتە ئەيىبلەپ، رەئىيەت بىلەن بەرىيەتنى ئىشەندۈرسە، ئۇلار شەرىئەتكە تايىنىپ مېنىمۇ قەتلى قىلىشى مۇمكىن.

— بۇلار شەرىئەتنى شۇ دەرىجىدە سۈيىئىستېمال قىلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئورنىغا شەيخ مۇبارەكتەك ھالال ئادەملەرنى قويسىڭىز بولمامدۇ؟

ئەكبەرنىڭ كۆپتىن بېرى كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇسىمۇ شۇ ئىدى. ھازىر بۇ ئارزۇ يېڭى بىر كۈچ بىلەن قايتىپ كەلدى. ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە پايتەختكە قايتىش كېرەك.

— پايتەختتە تادەرمالمۇ سىزنىڭ يولىڭىزغا ئىنتىزار، — دېدى ھەمىدە بېگىم، — ئۇ سېلىقنى بىكار قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك مەبلەغ توپلىغانىكەن.

یەردە شۇنچە ئىشلار تۇرسا، ئاسماندىن ۋەھيي كۈتۈپ ئولتۇرغىنى ئەمدى ئەكبەرگە غەلىتە تۇيۇلدى. ھەممىدە بېگىم ئۇنى تېزراق ئاۋۋالقى ھالىتىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن ئىزتىراپ بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— شاھ ئوغلۇم، شەيخلەر سىزنى يەردىن ئۈزۈپ ئېلىپ، ئاسمانغا چىقىرىشماقچى بولۇۋاتىدۇ! مېنىمۇ ئىسا پەيغەمبەرنىڭ ئانىسى بىۋى مەريەمگە ئوخشىتىپ، مۇبالىغە قىلىشىۋاتىدۇ. لېكىن مەن بىۋى مەريەم ئەمەس! شۇنىڭ ئۆزى ماڭا يەتكۈلۈكتۇر! تەڭرىنىڭ ئالدىدا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، سىزگە بىر ئەمەس يەتتە ئانا ئاق سۈت بەرگەن. شۇڭا مەن سىزنى مەھدىي ئەمەس، ئادەم پەرزەنتى دەپ بىلىمەن!

ئەكبەر ماقۇللىغاندەك باش لىڭشىتتى. خىيال قۇشىنىڭ ئاسماندىن يەرگە چۈشۈشى ئۇنىڭغا يېقىملىق تۇيۇلدى. قويۇق بۇلۇتتەك تۇيغۇلار كۈچلۈك شامال بىلەن تارقاپ كەتكەندەك بولدى. ئوغلىنى بۇلۇت ئارىسىدىن چىقىرىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئانا ئىلھام ۋە ئېھتىرام بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سىز ئەپسانىۋى شەخس ئىسكەندەرگە ئوخشاش چوڭ نام ئاتاق قازاندىڭىز، ئەكبەرجان! ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «خەمسە» سىنى ئوقۇغانسىز. سەددى ئىسكەندەر داستانى يادىڭىزدىمۇ؟ ئاشۇ يەردە ئارستوتېل، سوقرات، ئەپلاتۇندەك ئالەمشۇمۇل دانىشمەنلەرنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى بىر ئەسلەپ بېقىڭ!

ئەكبەر «سەددى ئىسكەندەر» نى خىيالىدىن قايتا ئۆتكۈزگەندە، بىر نەرسىدىن ھەيران بولدى. ناۋائىينىڭ جاھان خەلقلىرىنى ئادالەتكە ۋە روھىي يېقىنلىققا ئۈندەپ يازغان تۈركىي داستانى ئەكبەرنىڭ مىللىي ئاداۋەتلەر ۋە دىنىي نىزالارنى يوقىتىش ئېتىقادىغا نەقەدەر ھەمنەپەس! داستاندىكى يەجۇجى - مەجۇجلەر قانلىق ئۇرۇشلار ۋە مىللىي ئاداۋەتلەرنىڭ سىمۋولى ئەمەسمۇ؟ سەددى ئىسكەندەر بارلىق ياۋۇزلۇقلارنىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن قۇرۇلغانىكەنغۇ! ئۇنى مەشرىق ۋە مەغرىبتىكى بارلىق خەلقلەرنىڭ مىللەت، دىن ئايرىماستىن بىر نىيەت بىلەن قۇر-

غانلىقى بىكار ئەمەس ئىكەن .
— ئەكبەرجان ، سىزمۇ سېكرىدە قورغان ئېتىقاد ئۆيى ئارقىلىق بارلىق ئەللەرنى روھىي جەھەتتە يېقىنلاشتۇرۇشقا ئىنتىلگەنىدىڭىز . سىزنىڭ بۇ ئىختىرايىڭىزمۇ خەتەرلىك نىزا ۋە ئاداۋەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مەنىۋىيەت سېپىلى ئىدىغۇ . ئاخىر ؟ ناۋايى ئىسكەندەر ئوبرازى بىلەن ئۆزى ئارزۇ قىلغان رەھبەرنى ئۇلۇغلايدۇ . ئەجدادلىرىڭىز ئارىسىدا شۇ ئارزۇنى ئەمەلىيەتكە يېقىن قىلىدىغان رەھبەر سىز ئەمەسمۇ ؟ ئاخىر سىز ئۇزاق ياۋروپادىن ، ئەپلاتون ، ئارىستوتېللارنىڭ ئۆلكىسىدىن ناسارا روھانىيلىرىنى تەكلىپ قىلغانىدىڭىز . ئۇلار گۈجارەتتىن ئۆتۈپ بىزگە يېقىنلىشىپ كېلىۋېتىپتۇ . ئۇلارنى كىم چىقىپ كۈتۈۋالىدۇ ؟ قەيەرگە جايلاشتۇرىدۇ ؟ قانچە مۇلازىملىرىڭىز سىزنىڭ قوبۇل قىلىشىڭىزغا ئىنتىزار بولماقتا ! سىز قىلىدىغان نۇرغۇن مۇھىم ئىشلار نۆۋەت كۈتۈپ تۇرىدۇ ! قانچىلىك ئادەم بىر پارچە نانغا زار ! ياردەمگە موھتاج ئاجىزلار كۆپ !
— راست ! — ئەكبەر بىردىن ھاياجانلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى . گۇلدۇرماما گۇلدۇرلەپ ، « ۋەھيي كەلگەندەك » روھىدا زىلزىلە پەيدا بولدى ، ئاندىن ئۆزىگە كەلدى . كۆزلىرى ئوتتەك ياندى .
— مەن ئاسماندىن كۈتكەن ۋەھيىنى سىزدىن ئاڭلىدىم ، ئانا جان ! بارچە ياۋۇزلۇقلارغا قارشى سەددى ئىسكەندەر قۇرىمەن ! . . .
— ئېھتىمال ، ئادەملەر بۇنى سەددى ئەكبەر دەپ ئاتىشى مۇمكىن ، بالام !
— ئاجايىپ . . . دۈشمەنلىرىم قوزىلار ئارىسىغا يوشۇرۇنغان يىلانلاردەك زەھەر سېلىش ئۈچۈن پەيت كۈتۈۋاتىدۇ . ئەمدى ئۇلارنى ھىند لاچىنى ھەرۇداغا ئوخشاش ، ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ ئاندىن يەرگە تاشلاپ ئۆلتۈرىمەن !
ئۆزۈندىن بېرى يولى توسۇلۇپ تاشالماي ياتقان ئېقىننىڭ يولى ئازراقلا ئېچىلسا ، قىنىغا سىغماي تېشىپ ، لاي سۈرەپ ئاقىدۇ . شۇنىڭغا ئوخشاش ئەكبەرنىڭ قەلبىدە قىسىلىپ ياتقان تۇيغۇلىرىمۇ ئەمدى قىنىغا

پاتماي سىرتىغا تەپتى. ئۇ چاۋاك چېلىپ مۇلازىم ئەشرەپخانىنى چاقىردى ـ دە، جىددىي ـ جىددىي پەرمانلارنى بېرىشكە باشلىدى:

ـــ ئەگەرگە ئادەم ئەۋەتىڭ. مىردىۋان تادەرمالغا پەرمانىمىز شۇكى، سېكرىدە، ئەگەردە. دېھلىدا ۋە باشقا ۋىلايەتلەردە ئاچارچىلىقتا قالغانلار، موھتاجلار، يېتىم ـ يېسىرلار، ئىگە ـ چاقىسىز قالغان ناتىۋانلارنىڭ ھەممىسىنى بىز بارغۇچە تىزىملىسۇن. يەنە بىر پەرمان: كېيىنكى يەتتە يىلدا ئاھالىدىن ئېلىنغان باج ـ سېلىق قانچىلىك؟ شۇنىڭ ئېنىق ھېساب ـ كىتابى تۈزۈلسۇن.

ـــ فەتھپۇر ۋالىيسى ئىبراھىمخانغا بۇيرۇقىمىز شۇكى. گوئا ئاردىلىدىن كېلىۋاتقان ياۋروپالىق روھانىيلارنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالسۇن، ساراي ئىچىدىكى خاس مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرسۇن. گۇجارەتتىن ئاتەشپەرەسلەر پېشۋاسى مېخىرجى كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغىمۇ ياخشى ئورۇن بەرسۇن.

ھەمدە بېگىم ئوغلىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ھەيرانلىق بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. ئەكبەر ئاۋۋالقىدەك غەيرەتلىك، ئىشچان ھالىتىگە قايتقانىدى، ئانىنىڭ سۆيۈنۈشى ئارتىپ باراتتى. ئەشرەپخان بولسا ئەكبەرنىڭ يۈرىكىدىن فونتان سۇيىدەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئارزۇلىرىنى شارتىلدىتىپ قەغەزگە يېزىۋاتاتتى:

ـــ يېزىڭ: قاسىم سەركەرگە پەرمان شۇكى، بىز بارغۇچە تۆت قەۋەتلىك ئىبادەتخانىنىڭ ھەممە ئۆيلىرىنى ھەرخىل تىلدىكى كىتابلار بىلەن تولدۇرسۇن. بىز پايتەختكە قايتقاندا، سەئىدلەر، ئۆلىمالار، براخمانلار، باشقا دىن ـ مىللەت ۋەكىللىرىنى شۇ ئېتىقادخانىغا تەكلىپ قىلىمىز. ئاخىرقى پەرمان: ھازىر بېھرەدىكى بارلىق مۇلازىملارنى كەچقۇرۇن سارايغا توپلاڭ. يول تەييارلىقىنى قىلسۇن. ئەتە تۇرۇپ ئۆگۈنلۈككە پايتەختكە قاراپ يول ئالىمىز!

خېلىدىن بېرى جىمىپ مۈگدەپ ياتقان بېھرەدىكى قارارگاھ بۇ پەرماندىن گويا چۆچۈپ ئويغاندى ـ دە، ھەممە ياق بىردىن جانلاندى.

چېدىرلار ۋە ئىشخانىلارنىڭ ئىچى ـ تېشى ھەرىكەت بىلەن تەۋرەپ كەتتى.

× × ×

مىردىۋان تادەرمالىنىڭ ھېسابىغا بىنائەن، كېيىنكى يەتتە يىلدا بارلىق ۋىلايەتلەردىكى، جۈملىدىن يېڭىدىن قوشۇپ ئېلىنغان گۇجا-رەت، بىھار ۋە بەنگالەدە ئېلىپ بېرىلغان مالىيە ئىسلاھاتلىرى نەتىجىسىدە، دۆلەت خەزىنىسىگە چۈشكەن دارامەتلەر بۇرۇنقىدىن ئۈچ ھەسسە ئاشقانىدى. شۇ دارامەتلەرنىڭ ئەللىك پىرسەنتىدىن كۆپرەكى غەيرىي دىندىكىلەردىن ئېلىنىدىغان قوشۇمچە سېلىق ـ جىزيەدىن چۈشكەنىكەن. ئەكبەر ئۇستازى سەلىم چەشتىگە بۇ ئادالەتسىز سېلىقنى بىكار قىلىش ھەققىدە ۋەدە بەرگىنى قاچان؟ كېيىنكى يىللاردا خىيالى باشقا نەرسە-لەرگە بېرىلىپ، بۇنى ئۇنتۇغان بولسا، ئەمدى شۇنىڭ ھېسابىنى چىقى-رىشى كېرەكمۇ؟ موھتاجلارغا خەير ـ ئېھسان قىلىش ئادىتى ھەممە ئەلد-بار، بارلىق ئىمان ـ ئېتىقاد ۋەكىللىرىگە تەڭ ئۆلەشتۈرۈپ بېرىلىدىغان خەير ـ ئېھسانغا قايسى تەقۋادار شەيخ قارشى چىقىشى مۇمكىن؟

ئەكبەر شۇ ئويلار بىلەن سېلىقتىن كەلگەن تەڭگىلەرنىڭ زور كۆپ قىسمىنى موھتاجلارغا بۆلۈپ بەرمەكچى بولدى. ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن چوڭ زال ئالدىدىكى مەرمەر تاشلىق سۇپا تازىلاندى. خەزىنىدىن تاغارلاردا ئېلىپ چىقىلغان تەڭگىلەر قۇيقۇرۇق مەرمەر سۇپىغا خۇددى ئامبارغا تۆكۈلگەن بۇغدايدەك تۆكۈلدى. سۇپا لىقمۇلىق تولغاندا، ئۇ-نىڭغا ئون يەتتە كۆرۈ تەڭگە سىغقانلىقى ئەكبەرگە مەلۇم قىلىندى. شۇنچە كۆپ پۇلنى خەير ـ ئېھسان قىلىپ ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش بەگ ـ ئايىملارغا نىسبەتەن ئەقىلغا سىغمايدىغان ئىش ئىدى. ئەكبەر بۇنى ئانىق ـ تولاۋ دەپ ئاتىدى:

— ئانىقلار، — دۆلەتنىڭ ياردىمىگە موھتاج قېرىلار، يېتىملەر، ئىگە ـ چاقىسىزلار، ئاجىز ـ بىچارىلاردۇر. بىز بۇ پۇللارنى پۇقرالاردىن سېلىق سۈپىتىدە ئالغانىدۇق، ئەمدى ئۇنى بارلىق ئىمان ـ ئېتىقاد ۋە-

كىشىلەرگە تەڭ ئۈلەشتۈرسەك ئادىل بولامدۇ ـ يوق تەقسىرلەر ؟
ئەكبەرنىڭ بۇ سوئالى روھانىيلارغا قارىتىلغانىدى . ئەڭ ئاۋۋال شەيخ مۇبارەك :
ــ ناھايىتى چوڭ ساۋاب ئىش بولىدۇ ! ــ دەپ خىتاب قىلدى .
ھىند براخمانى دېۋى پراسادمۇ :
ــ بىرەھما ، شىۋا ، ۋىشنۇ ئۈچىلىسى بۇ ساخاۋەتتىن خۇش بولىدۇ ! ــ دېدى .
شەيخ ئەنسارى ۋە ئابدۇنەبىلەر مەرمەر سۇپىغا تولغان پۇلنىڭ مەسچىت ـ مازارلارغا ئەمەس ، كەمبەغەل ـ موھتاجلارغا بۆلۈپ بېرىلىشىنى ئۇنچە بەك ياقتۇرمىسىمۇ ، لېكىن ئانىڭ ـ تولاۋنىڭ ساۋاب ئىش ئىكەنلىكىنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولدى .
شۇنىڭدىن كېيىن ئەكبەر مىردېۋانغا تاپىلىدى :
ــ ساھىب تادەرمال ، ئۆزىڭىز تۈزگەن رويىخەت بويىچە دارىلمەتلەرنىڭ موھتاج ئادەملەرگە بېرىلىشىگە نازارەت قىلىڭ ، دىققەت قىلىڭكى ، ئاچ كۆز پۇلدارلار كۇلاھۇ جەندە كىيىپ كېلىپ ، بىچارىلەرنىڭ ھەققىنى يەپ كەتمىسۇن !
تاش سۇپىغا تولدۇرۇلغان تەڭگىلەر ئون مىڭلاپ موھتاجلارغا قىرىق ئىككى كۈن ئۈلەشتۈرۈلدى .
شۇ ئارىدا جىزيە سېلىقىمۇ بىكار قىلىنىدى . ئەبۇلفازل دىلىدىكى بۇ ئارزۇنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىدىن ئالەمچە خۇش بولدى :
ــ ھەزرىتىم ، پەنجاپتا ، گانگ دەرياسى بويىدىكى ئەئۇدتا ئەل ـ ئاۋام سىزنىڭ ھەققىڭىزگە ھىندچە شېئىرلارنى ئوقۇپتۇ ، ــ دەپ دەپتەرگە يېزىۋالغان شېئىرلارنى ئەكبەرگە ئوقۇپ بەردى :

ھىند مۇسلىم ئاداۋىتى يوقىلىپ پۈتسۇن ،
ئەكبەرنى كۆيلەيلى ، مەقسەتكە يەتسۇن .

ئاھ، ئەگرىم كىرىشنا، ئەكبەرگە ئۆمۈر بەر،
ئۇنىڭ ئىسلاھاتى دائىم بار بولسۇن. ①

شېئىردىن مەمنۇن بولغان ئەكبەر:

— خەلق ئىچىدە دانىشمەنلەر كۆپ! — دېدى، — دىلىمىزدىكىنىڭ ھەممىسىنى دەررۇ ھېس قىپتۇ.

— جىزيەدىن سىرت ھىندىلاردىن ئېلىنىدىغان زىيارەت سېلىقىمۇ شەيخ ئەنسارىلەرنى باي قىلىۋاتىدۇ، ھەزرىتىم! بەنارەسكە ياكى گانگ دەرياسى بىلەن جەمنە دەرياسى قوشۇلىدىغان جايغا زىيارەتكە بارىدىغان غەيرىي دىندارلار مۇسۇلمان نازىرلارغا بىر رۇپىيەدىن سېلىق تۆلەيدۇ. بىر يىلدا ئون كۆرۈر زىيارەتچى بولسا ئون كۆرۈر ②رۇپىيە پايدا قىلىدۇ!

ئەكبەرنىڭ نۆۋەتتىكى پەرمانى بىلەن زىيارەت سېلىقىمۇ بىكار قىلىندى. مەملىكەتنىڭ كۆپ قىسىم ئاھالىسى بۇ دىنىي سېلىقلاردىن قۇتۇلغىنى ئۈچۈن ئەكبەردىن قانچىلىك مەمنۇن بولسا، چوڭ دارامەت مەنبەسىدىن ئايرىلغان مۇتەئەسسىپ قازىلار، ئىمام ۋە ئۆلىمالار ئۇنىڭدىن بەك نارازى بولدى. «پادىشاھىمىز دىندىن قايتتى!»، «مۇسۇلمانچىلىق تامام بولدى!»، «مەجۇسىيلار ئۈستىمىزگە چىقىۋالدى!» دېگەن ئىغۋا گەپلەر تارقىلىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، گويا ئايرىلىدىن فەتھپۇر، سىكرىگە ئەكبەرنىڭ مەخسۇس تەكلىپى بىلەن كەلگەن پەرەڭ روھانىيلارغا پادىشاھ سارىيى ئىچىدىن جاي بېرىلدى، ئۇلارنىڭ ئۆز تىللىرىدا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن تېزلىكتە كىچىككىنە چېركاۋمۇ سېلىندى. ساراي ئىچىدە مەلىكە جادھەبەي قۇردۇرغان ھىندى ئىبادەتخانىسى بارلىقىدىن خەۋەرسىز يۈرگەن مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى ئەمدى چېركاۋ ئۈستىگە ئورنىتىلغان ناسارالارنىڭ

---

① پەنجاپ، ئائۇد ۋە باشقا ئۆلكىلەردە ئەكبەر ھەققىدىكى خەلق قوشاقلىرىنىڭ ھېلىغىچە ئېيتىلىپ كېلىنىۋاتقانلىقىنى ھىندى ئالىمى مۇنىلەل 1978 ـ يىلى دېھلىدا چىققان كىتابىدا قەيت قىلغان. يۇقىرىقى خەلق قوشىقىنىڭ مىسرالىرىمۇ شۇ كىتابتىن ئېلىنغان.

② ئون كۆرۈر — يۈز مىليون.

كرىستىنى كۆرۈپ، جىنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغاندەك بولۇشتى. شەي-
خۇلئىسلام ئەنسارى ئەكبەرنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، كاپىرلاردىن ئېھتىيات
قىلىش ھەققىدە مۇقەددەس كىتابلار دانىشمەنلەر دېيىلگەنلىكى ھەققىدە ۋەز
ئېيتتى:
— ھەزرىتىم، پەرەڭلەر يىلاننىڭ پېغىنى يالىغان، ئاشقا بىلىن-
دۇرمەي زەھەر سالىدۇ. بۇنى ئۇلار بىلەن مۇئامىلىدە بولغان پادىشاھلار
ئوبدان بىلىدۇ. ئىران ۋە تۇران تاجدارلىرى كاپىرلارنى مەملىكەت ئى-
چىگىمۇ كىرگۈزمەيدۇ. غەيرىي دىندارلارنىڭ مەسچىتكە كىرىشكە ھەققى
يوقتۇ، ئاخىر. مۇسۇلمان مەملىكىتىمۇ يوغان بىر مەسچىتتەك پاك تۇ-
رۇشى لازىم ئەمەسمۇ؟ بۇۋىلىرىڭىزنىڭ يۇرتى تۇران — بۇخارائى شرىف
كاپىرلار ئۈچۈن مەسچىت كەبى يېپىق. ئۇ تەرەپلەرگە بىرەر كاپىر بې-
رىپ قالسا، كوچىدىكى ئادەملەر تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. چۈنكى،
شەيخلەر « كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈش ساۋابتۇر! » دەپ ئۇلارنى ئىشەندۇر-
گەن. شۇڭا، ئۇياقلارغا كاپىرلار يۇرەكلىك بارالمايدۇ. بارسىمۇ تىرىك
كېلەلمەيدۇ!
— تەقسىر، تۇراندىكى ئاشۇ جاھىل خۇراپاتچىلارنى بىزگە ئىب-
رەت قىلىپ كۆرسەتمەكچىمۇ سىز؟ ئۇلارنىڭ قۇرئانغا مۇتلەق زىت
ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەمسىز؟
— نەرى زىت؟ ئاخىر قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارغا كاپىرلاردىن
ئېھتىيات قىلىشنى بۇيرۇغانغۇ...
— ئېھتىيات باشقا! سىز... ھىجرەت سۈرىسىنى بىر ئەسلەڭ،
ئون ئۈچىنچى ئايەتتە نېمە دېيىلگەن؟
ئەنسارى كۆپ ئويلىنىپ بۇ ئايەتنى ئېسىگە ئالالمىدى.
— ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، قېرىغانسېرى خاتىرىڭىز زەئىپلىشىپتۇ...
ئەكبەر ھەممە ئايەتنى يادقا بىلەتتى. شۇڭا، ھىجرەت سۈرىسىنى
باشتا ئەرەبچە يادقا ئېيتتى. ئاندىن تەرجىمە قىلىپ بەردى:
— « ئەي ئىنسانلار! — دېدى ئاللاتائالا، — بىز سىزلەرنى بىر
ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق ۋە سىزلەرنى تۈرلۈك مىللەتلەر ۋە قەبىلە-

لەرگە مەنسۇپ قىلدۇق. تاكى بىر ـ بىرلىرىڭىز بىلەن يېقىندىن تونۇشـ قايسىلەر.» پۈتۈن ئادەملەر بىر ئاتا ـ بىر ئانىنىڭ پەرزەنتى بولسا، بارـ لىق مىللەتلەر ۋە قەۋملەر بىر ـ بىرىگە بۇرادەر ئەمەسمۇ؟ ئۇشال سۈرىـ سىنىڭ ئون ئىككىنچى ئايىتىدە ئېيتىلغانكى، باشقا دىن، باشقا مىللەت ۋەكىللىنى ناھەق ئۆلتۈرمەك — دۈشمەنچىلىكتۇر. شۇ مەنىدىكى ئايەتلەر بارمۇ؟

— ئەمدى ئەسلىدىم... بار!

— بار بولسا ئۆلىمالىرىڭىزغا ئېيتىڭ، بىكاردىن ـ بىكار بىرىنى دەھرىي دەپ غەيۋەت قىلىپ يۈرمىسۇن. مەن ئاللاغا چىن دىلىمدىن ئىـ شىنىمەن. مېنىڭ مەقسىتىم، ھەق يولغا قايتىش، ئۇشال ئايىتىدىكى ئومۇمىي ئىنسانىي غايىگە ئەمەل قىلىش، سەيشەنبە كۈنى تۈرلۈك دىن، تۈرلۈك مىللەت ۋەكىللىرى بىر يەرگە جەم بولىمىز. سىزمۇ مۇنازىرىگە قاتنىشىڭ!

ئەنسارى نائىلاج قول قوشتۇرۇپ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى.

× × ×

سېپكرى تۆپىلىكىدىكى چوڭ گۇمبەزلىك ئېتىقاد ئۆيى ھازىر ھەممىنىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلاندى. پەۋقۇلئاددە يىغىلىشلارنى كۆپـ چىلىك ئەمدى شۇ يەردىن كۈتەتتى. گۈزەل نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنـ گەن كۆركەم ئىشىك ئالدىغا مەخسۇس قاراۋۇللار قويۇلغان. بۈگۈن سەيشەنبە، ئەكبەر كېلىدىغان كۈن بولغاچقا، قاراۋۇللار ئىچكىرىگە پەـ قەت ئۇ ئۆزى تەكلىپ قىلغان روھانىيلارنى كىرگۈزۈۋاتاتتى.

بېشىغا چوڭ ئاق سەللە ئورىغان، مەللە رەڭ يېپەك تون كىيگەن ئابدۇللا ئەنسارى ئىشىكتىن بىللە كىرگەن براخمان دېۋى پراسادقا بىر يېرى تېگىپ كېتىشتىن قورققاندەك ئۆزىنى نېرى تارتتى. ئەمما، نېرىدا ئاتەشپەرەسلەر روھانىيسى ماھىيار مېخىرجى كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۆـ زىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدى. دېۋى پراساد كەڭ ئاق ئىشتان ئۈستىدىن كۆل رەڭ كەمزۇل كىيگەن. پېشانىسىگە قىزىل خال ـ تىلەك

قويغان . ئاتەشپەرەس مېخىرجى بولسا بىلىگە ئۈچ پۆپۈكلۈك كەمەر باغ-لىغانىدى . ئەكبەرنىڭ تەكلىپى بىلەن گوئا ئارىلىدىن كەلگەن ناسارا روھانىيلىرى رۇدالفى ئەكۋەۋىۋە بىلەن ئانتونى مانسىررەتى تاپانغىچە چۈشىدىغان ئۇزۇن قارا پەرىجە كىيىشكەن . بېشىدا تۆركلەرنىڭ تۇمە-قىنى ئەسلىتىدىغان قارا قالپاق . روھانىيلارنىڭ ئۇزۇن ساقىلىغا كۆنگەن شەيخ ئەنسارى ئەكۋەۋىۋەنىڭ پەقەت سېرىق ساقىلى بارلىقىدىن ھەيران بولۇپ :

— ئەستاغپۇرۇللا ! — دەپ قويدى .

ئىبادەتخانىدىكى خانىلارنىڭ بىرىدە شىۋا ، ۋىشنۇ ھەيكەللىرى ، بىرىدە ئاتەشپەرەسلەرنىڭ مەڭگۈ يېنىپ تۇرىدىغان ئاتەشدانلىرى بار ئىدى . بۇنى كۆرگەن ئەنسارى « ئەستاغپۇرۇللا ! » نى ئىختىيارسىز بىر نەچچە مەرتىۋە تەكرارلىدى .

سەدىرلەر سۇدۇرى ( ۋەخپەۋە دىن ئىشلىرى ۋەزىرى ) شەيخ ئابدۇنەبى ئۆز رەقىبى ئەنسارىغا ئوخشىماسلىققا تىرىشىپ ، بېشىغا مۇسۇل-مان بايرىقى رەڭگىدىكى يېشىل سەللە ئورىغان ، بوينىغا ئاق يىپەك شارپا سالغانىدى . ئۆمۈر بويى بۇتپەرەس ۋە ئاتەشپەرەسلەرنى يامان كۆرۈپ كېلىۋاتقان سەدرى جەھان ئەمدى ئۇلارنىڭ ئىمانۇ ئېتىقادلىرىغا مۇقەد-دەس بىنادىن شۇنچىلىك كاتتا ئورۇن بېرىلگىنىنى كۆرۈپ :

— تووۋا ! — دەپ ئەسەبىي شىۋىرلىدى .

يەنە بىر خانىغا كىرگەندە ، ياۋروپالىق بىر باشلىق ئەكبەرگە سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەن سېرىق ھەل مۇقاۋىلىق « ئىنجىل » كۆزگە تاشلاندى . ئۇنىڭ يېنىدا بۈۋى مەريەمنىڭ بوۋاق ئىسانى قولىغا ئېلىپ تۇرغان رەڭلىك رەسمى تۇراتتى . بۇ ئىككى نەرسىنى ئەكبەرگە رۇدالفى ئەكۋەۋىۋە سوۋغا قىلغان . ئەكبەرنىڭ سېرىق مۇقاۋىلىق كىتابىنىمۇ ، بۈۋى مەريەمنىڭ رەسمىنىمۇ ئەزىزلەپ كۆزگە سۈرتۈپ قوبۇل قىلغانلى-قىنى ئابدۇللا ئەنسارى كۆرگەن . رۇدالفى ئەكۋەۋىۋەنىڭ ھەمراھلىرىغا ماختىنىپ : « ئەكبەر ھەزرەتلىرىنىڭ < ئىنجىل > نى ئېلىپ كۆزگە سۈرگەنلىكى ، بىز ئۈچۈن ناسارا دىنىنى قوبۇل قىلغاندىنمۇ ئارتۇق ئىش

بولدى ! » دېگىنىنى ئەنسارى مەخپىي كىشىلىرىدىن ئاڭلىغانىدى . ھازىر بۇ ئىشلارنى خىيالىدىن بىرمۇبىر ئۆتكۈزگەندە : « بۇ بىنا ئىبادەتخانا ئەمەس ، كاپىرخانا بولدى » دېگەن غەزەپلىك ئوي كۆڭلىدىن كەچتى . خۇددى مەسچىتنىڭ مۇنبىرىگە چىقىلىدىغان مەرمەر پايىگە ئوخشاش پەلەمپەيلەر ئۇلارنى بىنا مەركىزىدىكى مۇقەددەس سەھنىگە ئېلىپ چىقتى .

ئەكبەر ئالدىغىراق كېلىپ ئۇلارنى شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغانىكەن . ئۇنىڭ يېنىدا شەيخ مۇبارەك بىلەن يەنە بىر مويسىپىت بار ئىدى . ئابدۇللا ئەنسارى بۇ بەستلىك مويسىپىتنى تونۇغاندا ، يۈرىكى بىردىن جىغ قىلىپ كەتتى . بىر چاغدا بىئەنەدىكى خەلق قوزغىلىڭىغا باشچىلىق قىلغان ئابدۇللا نىيازى شۇ ئىدى . ئەنسارىنىڭ كۆزىگە بىر غايىۋى دۈشمەن شەيخ مۇبارەكمۇ كۆپ كۆرۈنۈۋاتقان چاغدا ، ئەكبەر ئابدۇللانىيازىنىمۇ ئەنسارىغا قارشى جەڭگە سالىدىغان بولسا ، ئۇلارغا قانداق تەڭ كېلىدۇ ؟ سەدرى جەھان رەقىب بولسىمۇ ، ھازىر شەيخ مۇبارەككە قارىغاندا بىخەتەررەك كۆرۈندى . ئەنسارى بىئىختىيار شەيخ ئابدۇنەبىگە يېقىنراق كەلدى .

مۇنازىرە ئۆتكۈزۈلىدىغان جاي دائىرە شەكلىدە قۇرۇلغان . سەھنىنىڭ تۆرىدە ئەكبەر ئولتۇرىدىغان شاھانە ئورۇن بار . چۆرىسىگە گىلەم ۋە زەرباپ كۆرپىچىلەر سېلىنغان ، قېرىلار ئازادە ئولتۇرسۇن دەپ مەخمەل ياستۇقلار قويۇلغان .

ئەكبەرنىڭ ئىشارىسى بىلەن ئەبۇلفازىل جىزبانىلىك ( رىياسەتچىلىك ) ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە باشلىدى . ھىندى براخمانلىرىنىڭ ئىككى يېنىغا ئاتەشپەرەسلەر ۋە ناسارا روھانىيلىرى ئولتۇرغۇزۇلدى . ئەنسارى بىلەن ئابدۇنەبىگە ئەكبەرنىڭ سول يېنىدىن ، شەيخ مۇبارەك بىلەن ئابدۇللا نىيازىغا بولسا پادىشاھنىڭ ئوڭ يېنىدىن جاي بېرىلدى .

ئەكبەر ھەممەيلەنگە بىر قارىۋېلىپ :

— پەرەز قىلىڭكى ، — دېدى ، — بىز يىغىلغان بۇ خانا ئېگىز بىر تاغنىڭ چوققىسى . بۇ تاغقا بىرىڭىز شەرقتىن ، بىرىڭىز شىمال يانباغىردىن ، بىرىڭىز غەربتىن چىقتىڭىز . بۇ بىنانىڭ تۆت تەرىپىدىكى

خانىلار ، تۆت خىل ئىمانۇ ئېتىقاد ماكانلىرىدۇر . ئۇلاردىن باشلانغان تۆت پەشتاق بولسا گويا تاغنىڭ تۆت يانباغرى ، قارىمۇقارشى يانباغىردا ماگخاندا بىر- بىرىمىزنى كۆرمىگەن ، تەن ئالمىغان بولساقمۇ ، چوققىغا چىققاندا ، باراۋەر بولغان ئېگىزلىكتە ئۇچرىشىشقا مۇيەسسەر بولدۇق . بۇ يۇكسەكلىك ھەممىمىزنىڭ مۇقەددەس تۇيغۇلىرىمىزنى جەم قىلدى . ئۇستىمىزدىكى گۇمبەز — پەرۋەردىگار رەمزى — بارچىمىزغا باراۋەر-دۇر . ھەممىمىز بىر تۇغقان پەرزەنتلەرمىز . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، خۇراپاتلىق ۋە بىدئەتلىك ھامان بىر ئەلنى باشقىسىغا قارشى كۈشكۈر-تۈپ ، قانلىق ئۇرۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا . بىز نېمىشقا بۇنىڭغا يول قويىمىز ؟ ئاسمان رەمزى بولغان بۇ گۇمبەز ئاستىدا ئاۋۋال شۇ سوئالغا جاۋاب تاپايلى . دىلىمىزدا نېمە بولسا ئوچۇق سۆزلەيلى . ئېتىقادى تۇر-لۇكچە بولغان ئەل - ئۇلۇسلارنى روھىي جەھەتتە يېقىن قىلىدىغان يوللارنى ئىزدەيلى .

ئەكبەر بىر توختىۋالدى - دە ، سۆزىنى داۋام قىلدى :

— مۇنازىرىگە ھەممە ئېتىقادلارنى ئاساسەن ئۆگەنگەن يېتۈك ئەللامە شەيخ مۇبارەك رەئىسلىك قىلسا رازىمۇسىزلەر ؟ — دەپ ئاۋۋال پراساد بىلەن مىخىرجىدىن سورىدى .

ئۇلار شەيخ مۇبارەكنى ئابدۇللا ئەنسارىدىن ئوبدان كۆرەتتى . شۇڭا دەرھال ئۆز رازىلىقلىرىنى بىلدۇرۇشتى . ئەكۋەۋۋە بۇ پىكىرگە قوشۇلدى . ئادەتتە ئۇلىمالار مەجلىسگە شەيخۇلئىسلام ئەنسارى رەئىسلىك قىلاتتى . لېكىن ، سەدرى جەھان ئۆز رەقىبىنىڭ رەئىسلىك قىلىشىدىن كۆڭلى بەك غەش بولاتتى . شۇڭا ، شەيخ ئابدۇنەبىمۇ رەئىسلىك تىز-گىنىنىڭ بۇگۇن باشقا ئادەمگە ئۆتكەنلىكىدىن مەمنۇن بولۇپ رازىلىق مەنىسىدە باش لىڭشىتتى .

يالغۇز قالغان شەيخ ئەنسارى ئېتىراز بىلدۇرۇشنىڭ پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ، بېشىنى سىلىپ جىم پېتى قالدى . شەيخ مۇ-بارەك رەئىسلىكنى قولغا ئېلىپ ئەكبەرنىڭ پىكرىنى داۋام قىلدى :

— نۇرغۇن بالا - قازالار بىزنىڭ ئېتىقادىمىز باشقىلارنىڭكىدىن

ياخشى دەپ ماختىنىشتىن كېلىپ چىقىدۇ . ھالبۇكى ياراتقۇچىنىڭ ئال-
دىدا ھەممە ئۇلۇسلار باراۋەر .

ئابدۇللا ئەنسارىنىغا سۆز نۆۋىتى كەلگەندە :

— پەيغەمبەر تۇرلۇك ئەللەرنىڭ روھىي جەھەتتە يېقىنلىشىپ ئىناق
ياشىشى تەرەپدارىمەن ، — دېدى ، — ئەمما نىزا كۆپىنچە بەش بارماق
باراۋەر ئەمەسلىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ ، دىنلارنىڭمۇ ھەممىسى باراۋەر
بولالمايدۇ . چۈنكى ، ھەربىر يۇرتنىڭ ئۆز ھۆكۈمران دىنى بار . پەرەڭ
مېھمانلاردىن سوراڭ . بۇلارنىڭ مەملىكەتلىرىدە ناسارالاردىن باشقا ھۆ-
كۈمران دىن بارمۇ ؟

— ئەمما بىز مۇسۇلمانلارنى ھۆرمەت قىلىمىز ! — دېدى ئەكۆ-
ۋنۇە ، — قەدىمىي مەسچىتلەرنى بۇزدۇرماي ، تارىخىي ئابىدە سۈپىتىدە
ئاسراۋاتىمىز .

سەدرى جەھان ئابدۇنەبى كۇتۇلمىگەندە ئابدۇللا ئەنسارىنىڭ
تەرىپىنى ئېلىپ ئەكۆۋنۇەگە ئېتىراز بىلدۇردى .

— مانا شۇ ھىندى قولتۇقىدا كىمە بىلەن ئۇزۇپ يۇرگەن پە-
رەڭلەر مەككىگە ھەجگە بارغان مۇسۇلمانلارنىڭ يولىنى توسۇپ ، قىم-
مەتى بار پۇل - ماللىرىنى تالاپ كېتىشتى . مۇسۇلمان ئاياللارنى ئە-
سىرگە ئېلىپ ، زوراۋانلىق بىلەن ئۆز نىكاھىغا ئېلىشتى !

شەيخ مۇبارەك رۇدالىق ئەكۆۋنۇەگە مۇراجىئەت قىلدى :

— مۆھتەرەم پەدرې[1] بۇ گەپلەر راستمۇ ؟

— ئاساس شۇكى ، دېڭىز قاراقچىلىرى باشقا خەلقلەر-
دىمۇ بار ، — دەپ ئوڭايسىزلىنىپ ئىزاھ بەردى ئەكۆۋنۇە ، — نا-
سارالانى زوراۋانلىق بىلەن ئۆز دىنىغا ئۆتكۈزگەن ، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنى
دېدەك قىلىۋالغان مۇسۇلمانلارمۇ يوق ئەمەس .

— پەقەت دېڭىز قاراقچىلىرى شۇنداق قىلغانمۇ ؟ — سورىدى
شەيخ ئابدۇنەبى ، — سىزلەرنىڭ دۆلەت باشلىقلار مەنسەپكە تەيىنلە-
گەن ۋەسكا دې گەمە ئەلبۇكېركەنىڭ ھىند قولتۇقىدا قىرغان مۇسۇلمان-

① پەدرې — ئاتا. روھانىيلارنىڭ ئۇنۋانى .

لىرى ئازمۇ ؟ گوئا ئارىلىدا ھىندى مۇسۇلمانلىرىنى قىرىپ ، ھىمايىسىز قالغان ئاياللارنى ياۋروپا ئەسكەرلىرىگە نىكاھلاپ بەرگەن ئەمەسمۇ ؟!

ئەكۆمۆنۆە يەنە ئۆز ۋەتەنداشلىرىنى ياقلىماقچى بولۇپ گەپ باشلىغاندى. يېشى چوڭراق ئانتونى مانسېررەتې ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى :

— پەدرې ، ئەلبۇكېركەنىڭ شەپقەتسىزلىكلىرىنىڭ بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكى ۋىجدانلىق ئادەملەرنىڭمۇ نەپرىتىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتىش كېرەك. ۋەسكا دې گەمە بىرىنچى بولۇپ ياۋروپا ئۈچۈن ھىندىستاننى ئاچقان ئوبراز سۈپىتىدە تارىخقا كىرگەن بولسىمۇ ، كېيىنچە باشلىقنىڭ پەرمانى بىلەن ھىند قولتۇقىغا ھاكىم تەيىنلىنىپ ، ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە جىق شەپقەتسىزلىكلەرنى قىلغان. يولۇچى توشۇيدىغان ئەرەب كېمىسىدە ئاياللار ، باللار ، قېرىلار كېتىۋاتقانلىقىنى ۋەسكادى كۆرۈپ تۇرۇپ ياغ چاچقۇزۇپ ئۇلارنى ۋەھشىيلەرچە كۆيدۈرۈۋەتكەن. پورتۇگالىيىدە ۋەسكا دې نىڭ بۇ قىلمىشى مەلۇم بولغاندىن كېيىن ، ئۇ خەلقنىڭ نەزەرىدىن چۈشتى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا خار بولۇپ ئۆلدى. ھازىر زامان ئۆزگەردى. ئەھلىسەلىپ يۈرۈشلىرى ئەمدى كەلمەسكە كەتتى. دىنىي نىزالاردىن بىزار بولۇپ مۇرەسسە يولىنى ئىزدەۋاتقان ئادەملەر پورتۇگالىيىدە كۆپىيىپ بارماقتا.

ئەبۇلفازل ئاتىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ مانسېررەتېگە سوئال قويدى :

— ئۇنداق بولسا ، ئېھتىمال ياۋروپا دۆلەت باشلىقلىرىمۇ ھازىر ھەممە دىنىنى باراۋەر دەپ قارايدىغاندۇ ؟

مانسېررەتې باش چايقىدى :

— ئەپسۇسكى ، بىز تېخى بۇ پىكىرنى تەستىقلىيالمايمىز. بۇ پىكىرگە كېلىش ئۈچۈن باشقا ئەللەرنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىنى سىزدەك ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىز لازىم. پەقەت سۆزدىلا ئەمەس ، ئەمەلدە تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ روھىي بايلىقلىرىنى ئۇلۇغلاپ ، ھازىر بىز ئولتۇرغان بىنادەك مىمارلىق ئابىدىسى قۇرۇشنىڭ ئۆزى تارىختا تېخى مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭىلىقتۇر. « دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ جاسارەت — روھنىڭ باتۇر-

لۇقمدۇر . » دېگەن گەپنى ئاڭلىغانمەن . ھەزرەت ئالىيلىرى ، — دەپ مانسىپررەتې ئەكبەرگە مۇراجىئەت قىلدى : — سىز شۇ بىنانىڭ قۇرغۇچىسى ئىكەنسىز . تۇرلۇك ئەللەرنى روھىي جەھەتتىن يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ياراتقان بۇ ئابىدىڭىز ماڭا ئۇلۇغ بىر جاسارەتتەك تۇيۇلماقتا . مەن سىزنىڭ بۇ كەشپىياتىڭىز ئالدىدا باش ئېگىپ ئېيتماقچىمەنكى ، بىز ئۇنى قەدىرلىشىمىز ، ئەزىزلىشىمىز لازىم !

بۇ تەكلىپنى كۆپچىلىك قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ، ئەسەبىي گەپلەرنىڭ قارا سايىلىرى تارقىلىپ كەتتى ، ئابدۇللا نىيازى سۆز ئالدى .

— بىز بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل مۇقەددەم ، بىسەنەدىكى خەلق ھەرىكىتىگە قاتناشقان چاغدا ، قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇلسا ، ئۇنىڭ ئۇستىدە مەملىكەتنى دۈشمەندىن خالىي قىلىشقا قادىر رەھبەر تۇرسا ، ئادەملەرگە ئازاب بەرگۈچى ئادالەتسىزلىكلەر يوقالسا . . . دەپ ئارزۇ قىلاتتۇق . ئابدۇللا ئەنسارى جانابلىرى ، ئاشۇ چاغلاردا ئىسلامشاه سارىيىنىڭ دىنىي پېشۋاسى ئىدىلە . بىزنى « دەھرىي » دەپ پەتىۋا بەردىلە . ئىسلامشاه ئەلائىنى ھالاك قىلدى . . . مېنىڭ جېنىم قاتتىق ئىكەن ، يەنە ياشراق ئىكەنمەن ، مانا ھېلىغىچە تىرىكمەن . ئەنسارى جانابلىرى ، سىلىنىڭ يەنىلا ئاشۇ كونا خۇراپات ئېتىدىن چۈشىدىغانلىقلىرى مېنى تەئەججۈپكە سالماقتا . بىز بۇ يەرگە دىنىي نىزالارنى بىر تەرەپ قىلغىلى يىغىلدۇق . يەنە كونا ئاداۋەتلەرنى قوزغاتقاندىن كۆرە ، قايسى ئەلدە قانداق روھىي بايلىق ، قانداق مەنىۋى پەزىلەت بولسا ، شۇلارنى بىر جايغا يىغايلى . ئەڭ ياخشى ئۇدۇملار ۋە ئەنئەنىلەرنى ھەممىمىز قوبۇل قىلايلى . ئەنە شۇ چاغدا « سۇلھى كۇللى » [1] دېگەن ئالىي مەقسەتكە تېزراق يېتىمىز . ھەممە خەلق ، ئىمانۇ ئېتىقادلىرى خىلمۇخىل بولسىمۇ ، روھىي جەھەتتە بىر — بىرى بىلەن باراۋەر ، تەڭ دەپ ئېلان قىلىنىشى لازىم !

ئەنسارىنىڭ بوينىغا گويا يوشۇرۇن بىر سىرتماق تاشلانغاندەك بولدى . شەيخ مۇبارەك بىلەن ئابدۇللا نىيازى ئەكبەرنىڭ قولتۇقىغا كە-

---

[1] سۇلھى كۇللى — ھەر تەرەپلىمە سۇلھى ، تىنچلىق .

رىۋاپتۇ . ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىدىن ئۆچ ئالىدىغانلىقى ئې-
نىق . ئەنسارى بويىنىدىكى سىرتماقنىڭ بارغانسېرى سىقىپ كېتىۋاتقانلى-
قىنى سېزىپ تۇرۇپتۇ . جان ساقلاش ئۈچۈن ئۇ ئەمدى ئەكبەرنى
كۆككە كۆتۈرۈپ ماختاشقا تەييار ئىدى .
— تەقسىر ، — ئۇ ئاۋۋال ئابدۇللا نىيازىغا يۈزلەندى ، —
ئىسلامشاھنىڭ زۇلۇمىدىن بىزمۇ ئازاب چەككەن ، ئۇنىڭ بېسىمى ئاستىدا
خاتا ئىشلارنى قىلغان ، بۇ جەھەتتىكى ئۆزرىمىزنى فىردەۋس جەننەت-
دىكى ھۇمايۇن ھەزرەتلىرىگە ئېيتقىنىمىزدا ، بىزنىڭ ئۆزرىمىزنى قوبۇل
قىلغانىدى . ئەمدى ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات ! . . . بىز بۈگۈن باشقا بىر
دەۋردە ياشاۋاتىمىز . تارىختا جالالىدىن ئەكبەر دېگەن نام بىلەن كى-
رىۋاتقان بۇ دەۋر ھەقىقەتەن ئالەمشۇمۇل ئەھمىيەتكە ئىگە بولماقتا . مۇ-
قەددەس كىتابلاردا بېشارەت بېرىلىشىچە ، مىڭ يىلدا بىر ئۇلۇغ زات پەيدا
بولۇپ ، دۇنيانى ئادالەتسىزلىكلەردىن تازىلايمىشكەن . ئىشىنىمەنكى ، ئەنە
شۇ ئۇلۇغ زات بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئولتۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ تاش سۈپىنى ئال-
تۇن - كۈمۈشلەرگە تولدۇرۇپ ، ئاجىزلارغا تارقىتىپ بەرگەنلىكى كەم
ئۇچرايدىغان ساخاۋەت ئەمەسمۇ ؟ يەنە ، مۇشۇ ئىبادەتخانىدا ھەزرىتىمنى
باشقا دىن ۋەكىللىرىنىڭمۇ ئەڭ ئادىل مەنىۋى پېشۋا دەپ ئۇلۇغلاۋاتقان-
لىقى قالتىس ئىش ئەمەسمۇ ؟ پېقىر مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىدىن خۇلاسە
قىلىپ ئېيتماقچىمەنكى ، ناسارالار مەسىھا دەپ ئاتايدىغان ، بىز مەھدىي
دەپ ئۇلۇغلايدىغان ئالىي سىمانىڭ ئۆزى — سىز ، ھەزرىتىم !
ئەنسارى ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئەكبەرگە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ :
— ئىلاھىم ، مەھدىيلەرچە ئۇلۇغ ئادالەت ئورنىتىش سىزگە نې-
سىپ بولغاي ! — دېدى - دە ، گويا ھېچكىم دەپ باقمىغان ئەڭ چوڭ
گەپنى ئۆزىلا ئېيتىۋاتقاندەك مەمنۇنىيەت بىلەن ھىجىيىپ قويدى . ئۇ-
نىڭدىن كېيىن ، شەيخ ئابدۇنەبىمۇ ئەكبەرنى ئەڭ ئادالەتلىك پېشۋا
دەپ ماختاشقا مەجبۇر بولدى .
شەيخ مۇبارەككە دەل مۇشۇ لازىم ئىدى . ئۇ پۇرسەتتىن پاي-
دىلاندى - دە ، ئەكبەرنى ئەڭ ئالىي ھۆكۈما ۋە بارلىق دىنىي ماجىرالارنى

ھەل قىلىدىغان پېشۋا دەپ پەتىۋا چىقىرىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى .

ئەنسارى بىلەن شەيخ ئابدۇنەبى ئۆز ئاغزىدىن تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى شۇندا بىلدى . ئەگەر ئەكبەر ئالىي ھۆكۈما ۋە ياراشتۇرغۇچى پېشۋا بولىدىغان بولسا ، ئۇنىڭغا شەيخۇلئىسلامىمۇ ، ۋەخپە ۋە دىن ئىشلىرى ۋەزىرى ( سەدرلەر سۇدۇرى ) مۇلازىم بولمايتتى !

دەل مۇشۇنداق بولۇشىنى كۈزلەپ تۇرغان ئەبۇلفازىل پەتىۋانى ئالدىنئالا يازدۇرۇپ تەييارلاپ قويغانىدى ، ئۇنىڭغا بىرىنچى بولۇپ شەيخ مۇبارەك ئىمزا قويدى . شەيخ ئابدۇللا نىيازىمۇ دەرھال قول قويۇپ بەردى . ئۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇلفازىل پەتىۋانى شەيخ ئابدۇنەبىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى . ناسارالار ۋە براخمانلار « قېنى ئاخىرى قانداق بولىدىكىن » دەپ كۈتۈپ تۇردى . ئەكبەر يەرگە قارىغىنىچە قىمىرلىماي ئولتۇردى . لېكىن ئۇنىڭ سۈكۈتى ئابدۇنەبىگە ئولجا پايلاپ ياتقان يولۋاسنىڭ سۈكۈتىنى ئەسلەتتى . « ياق ! » دەپ باقسۇنچۇ قېنى ! تېخى بايىلا ئەكبەرنى « ئەڭ ئادالەتلىك ھەكەم ! » دەپ ماختىغىنى يالغانچىلىق ، ياغلىمچىلىق بولۇپ چىقىدۇ . شەيخ ئابدۇنەبى ئېغىر بىر خورسىنىپ قويدى ــ دە ، پەتىۋاغا ئىمزا قويدى .

نۆۋەت ئەنسارىغا كەلگەندە ، ئۇنىڭ قولىدىكى قەلەم دىر ــ دىر تىترەشكە باشلىدى . بۇ نېمە كۆرگۈلۈك ؟ ئۆزىگە ئۆزى گۆر قازغاندەك ئىش بولدىغۇ بۇ ! ئۇنىڭ كالۋالاشقان قوللىرى ھەرپلەرنى يازالماي ، قەغەزنى ئىتتىرىپ يۈردى . لېكىن ، ئاخىر قەغەز ئۈستىدە ئۇنىڭ ئىمزاسى پەيدا بولدى .

تۈگىدى ! . . . شەيخ ئەنسارى ئۆيىدە بىر كۈن كېسەل بولۇپ ياتتى . ئەتىسى ئىچىدىكى دەرد ــ ئەلەملەرنى قەغەزگە تۆكۈپ ، قورسىقىنى بوشاتقۇسى كېلىپ قالدى ــ دە ، پەتنەدىكى سىرداش دوستى موللا تەنۆرگە مەخپىي خەت يازدى . خەتتە : « پۈتۈن ئىسلام تارىخى ئەكبەرگە قارشى ! » ، « پادىشاھ دېگەن كېلىشتۈرگۈچى پېشۋا بولالمايدۇ ! » ، « مېنى ئىمزا قويۇشقا مەجبۇر قىلدى » ، « سىز بىلىسىز ، بەزىدە قاراقچىلار بىلەنمۇ ۋاقتىنچە مۇرەسسە قىلىشقا توغرا كېلى-

دىغۇ ! » دېگەندەك گەپلەر يېزىلغانىدى .

موللا تەنۋىرنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئەكبەرگە ئىخلاس قىلىشقا باشلىغانلىقىدىن ئەنسارى مۇتلەق بىخەۋەر ئىدى . ئىسيان پۇرىقى چىقىپ تۇرغان بۇ خەت موللا تەنۋىر ئارقىلىق ئايلىنىپ كېلىپ ، ئەكبەرنىڭ قولىغا چۈشتى . كەچ كۈزنىڭ بىر ئاخشىمى ، ئەكبەر ئەنسارىنى خاس ئىشخانىسىغا چاقىرىپ كېلىپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويدى . ئەبۇلفازىل موللا تەنۋىر ئارقىلىق قايتىپ كەلگەن خەتنى ئەنسارىغا ئاۋازلىق ئوقۇپ بەر-دى . ئەنسارى خەتنى تونۇپ ، ئەمدى قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى سەزدى - دە ، ئۆرە تۇرالماي تىزلاندى :

— مېنى ئەپۇ قىلىڭ ! ئاچچىقىمدا يېزىپتىپتىمەن ، ئەقىلسىزلىق قىلدىم ! . . . قىرىق يىللىق خىزمىتىم يۈزىدىن مېنى كەچۈرۈڭ !

— سېنىڭ قىرىق يىللىق خىزمىتىڭ ئەمەس ، يالغانچىلىق ، خا-ئىنلىقلىرىڭ بار ! بەيرەمخاننى ئۆلتۈرۈشكىمۇ قاتناشقانلىقىڭنى سەزگەنى-دىم ! ئەدھەمخان بىلەن ماھىم ئىنىكئانىنىڭ بېشىغا چىققانمۇ سەن ! دېھ-لىدىكى پولات ۋەسۋەسىنى ئىشقا سېلىپ ، ماڭا ئوق ئېتىشقا مەدەت بەر-گەنمۇسەن !

— ياق ، ياق ، خۇدا ھەققى ، مەن بۇ سۇيىقەستلەردىن بىخەۋەر ! ئەخمەقلىق قىلىپ ، تەنۋىرگە شۇ خەتنى يازغانلىقىم راست !

— ئىبادەتخانىدا مېنى مەھدىي دەپ ماختاپ ، خەتتە « دەھرىي » دەپ قارىغان ئادەمنىڭ قولىدىن ھەر قانداق يامانلىقلار كەلمەي قالارمۇ ؟

— يالغانچىلىق قىلدىم ، بۇ راست . بۇ گۇناھىم ئۈچۈن ، مەيلى ، ھەجگە باراي ! مەككە تۇللاغا بېرىپ پاكلىنىپ كېلەي !

قېرى ئادەم ئايىغىغا يىقىلىپ يالۋۇرغاندىن كې-يىن ، ئەكبەر ئۇنىڭ ھەجگە بېرىشىغا رۇخسەت قىلدى . ئەنسارى ھەجدىن كېيىن گۇجارەتكە قايتىپ كەلدى ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولدى . ئۇ بوۋىسىنىڭ قەبرىسىگە يـ ـوشۇرۇپ قويغان ئىككى ساندۇق ئالتۇن دۆلەت ئىخـ

تىيارىغا ئىلىندى ۋە نورۇز بايرىمىدا غىرىب ـ مىسكىنلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلدى.

× × ×

سارايدا ھەر چارشەنبە كۈنى كەچتە ئولتۇرۇش ـ بەزمىلەر ۋە شېئىر مەجلىسلەر بولۇپ تۇراتتى. ئەكبەر مەملىكەتنىڭ ئەڭ داڭلىق شائىر ـ سەنئەتكارلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا يىغىشنى ئارزۇ قىلاتتى. مەشھۇر خانەندە ھاپىز تەنسىن، مۇساۋۋىر (رەسسام) خوجا ئابدۇسەمەد، مەلىكۇششۇئەرا غەزەلىي، ئۇنىڭ تەربىيىسى بىلەن يۇكسەك ئورۇنغا كۆتۈرۈلگەن ۋە ھازىر «خەمسە» يېزىۋاتقان فەيزىي فەيازىي، ھەم پارسى، ھەم ھىند تىلىدا گۈزەل شېئىرلارنى يازغان، ئاجايىپ قوشاقلارنى توقۇغان خۇش چاقچاق راجە بىربال. شېئىرىي ئۇستىپداتى دادىسى بەيرەمخاننىڭكىدىن قېلىشمايدىغان ئابدۇراھمان — بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەكبەر مەنىۋىيەت گۆھەرلىرى دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ سارىيىدا «نۇھرەتەن» يەنى «توققۇز گۆھەر» دېگەن ئىبارە مەشھۇر بولۇپ، پەن، ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنىڭ ئەڭ يورۇق بۇ توققۇز يۇلتۇزى ئىچىدىن ئەبۇلفازىلمۇ ئورۇن ئالغانىدى. پېشقەدەم غەزەلىي ۋاپات بولغاندا، توققۇز گۆھەرنىڭ سەككىزى قالدى. لېكىن «نۇھرەتەن» ئىبارىسى يەنىلا ئىستىمالدا قېلىۋەردى.

ئەكبەر بىر كۈنى ساراي سىرتىدا تامغا رەسىم سىزىۋاتقان يالاڭئاياغ ھىندى يىگىتنى كۆرۈپ قالدى. يىگىتنىڭ قولىدا مۆجىزە باردەك، قول بارماقلىرىنىڭ بىر نەچچىلا ھەرىكىتى بىلەن تامدا جانلىق رەسىملەر پەيدا بولاتتى. ئۆزىمۇ رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئەكبەر يىگىتنىڭ يېنىدا توختاپ سورىدى:

— ئىسمىڭ نېمە!

— دەسۋەنتە.

— نېمشقا تامغا رەسىم سىزىسەن.

— قەغەز ـ قەلىمىم يوق.

ئەكبەر سۇرۇشتۇرۇپ بىلدىكى، دەسۋەنتە كەمبەغەل بىر ھامماللىنىڭ ئوغلى ئىكەن. «رامايانا» ۋە «ماھاپخاراتا» داستانلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپ جايلىرىنى يادقا بىلىدىكەن. ئەكبەرنىڭ ئۆزىمۇ بۇ داستانلارنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ دەسۋەنتنى ساراي رەسساملىرىنىڭ سەردارى خوجا ئابدۇسەمەدنىڭ يېنىغا باشلاپ كەلدى:

— زېھنى ئۆتكۈر ئىكەن. بىر تەربىيىلەپ بېقىڭ، مەۋلانە.

دەسۋەنتە ئەكبەر ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك ئىستېداتلىق بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ «ماھاپخاراتا» ۋەقەلىرىگە سىزغان رەسىملىرى ئەكبەرگە ئەڭ مەشھۇر رەسساملارنىڭكىدىنمۇ كۈچلۈكرەك زوق بەردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى چارشەنبە ئاخشىمى ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەتكارلار يىغىلىشىدا 22 ياشلىق دەسۋەنتە ئەڭ يىتۇك مەنىۋىيەت گۆھەرلىرى «نۇھرەتەن» قاتارىغا قوشۇلدى. ئەكبەرنىڭ بۇ ھەقتىكى پەرمانىنى ئەبۇلفازل سەنئەت ئەھلىگە ئېلان قىلغاندا:

— گۆھەرلىرىمىز يەنە توققۇز بولدى، — دەپ سۆيۈندى.

شۇ كۈنى كۈي - قوشاقلار ئارىسىدا مۇشائىرەمۇ بولدى، پېشى يۈزدىن ئاشقان شائىر قاسىم كاھى ئۆزىنىڭ «پىلنامە» دېگەن شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى.

ئەكبەرنىڭ پىلنى ياخشى كۆرۈشى، پىلباقارلىق قىلغانلىقى كۆپچىلىككە مەلۇم ئىدى. كاھى ئۆزىنى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرىدىغان پىللارغا ئوخشاتقان، ئەكبەرنى بولسا شۇ پىللارنىڭ مېھرىبان باققۇچىسىغا ئوخشاتقانىدى:

خاك بىر سەر مىكۇنام چۇن پىل ھەرجاي مىرەسەم،
گەر نەبىنەم بەر سەرى خۇد پىلبانى خىيشرا.
دىدەئەم تا ئىشقى مەن ئەفزۇن شەۋەد ئان پىلبان،
مىدە ۋانەد بەر سەرەم پىلدامانى ھىيشرا.

تەرجىمىسى:

(ئۇستۇمدە پىلىبانىم ئۆلتۈرمىسا، مەنمۇ شۇ پىلغا ئوخشاش بارغان يېرىمدە بېشىمغا توپا چېچىپ ئىزىمدىن چىقمەن. پىلبانىم بېشىمدا ئۆلتۈرۈپ قامچىسىنى ئۇيىنىتىپ مېنى چاپتۇرسا، ئۇنىڭغا مۇھەببىتىم ھەسسىلەپ ئاشىدۇ.)

ئەكبەر بۇ تۆت مىسرانى ئاڭلىغاندا زوقلىنىپ تازا كۈلدى. پىلغا ئوخشاش يۈز ياشتىن ئاشقان بۇ ئادەمدە ھېلىھەم بالىلاردەك بىر خىل مەسۇملۇق بار بولۇپ، شېئىردا پىلغا ئوخشاش ئۆز بېشىغا توپا چېچىشنىڭ سەۋەبىمۇ ناھايىتى چىرايلىق ئىپادىلەنگەنىدى. پىل ئۆزى ياخشى كۆرگەن پىلبانغا قانچىلىك مۇھەببەت قويغان بولسا، كاھىيمۇ چىن دىلىدىن ئەكبەرگە شۇنداق مۇھەببەت قويغىنىنى شېئىرىي يول بىلەن ئىپادە قىلىۋاتاتتى. ئەسلى سەمەرقەند تەرەپلەردىكى ئاق دەريا ۋە قارا دەريا ئارىلىقىدىكى مىيانقالدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قاسىم كاھىي يىگىتلىك چاغلىرىدا ھېراتتا ياشىغان، ئەلىشىر ناۋايى ۋە ئابدۇراھمان جامىلارنىڭ سۆھبىتىگە قاتناشقان شائىر ئىدى. ھازىر پايتەختتە ئۇنىڭدىن قېرى ئادەم يوق. قەمەرىيە ھېسابى بويىچە 118 ياشقا كىرگەن بۇ ئادەم ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەي بويتاق ئۆتتى. كاھىينىڭ ئۇزۇن ساقىلى پاختىدەك ئاپئاق، ئاندا ـ مۇندا قالغان چىشلىرى ئۇۋۇلۇپ، مىلىكىگە تەگلىشىپ قالغان. جۇغىمۇ كىچىكلەپ كەتكەنىدى. شۇ ياشتىكى ئادەمدىن بۇنداق شېئىر چىقىشىنى كۈتمىگەن ئادەملەر ئۇنىڭ ھەر بىر بېيىتىگە قايىل بولۇپ، ئۆلتۈرغان جايلىرىدا تەۋرىنىپ قويۇشتى:

ھەمچۇ پىلى مەست مېھاھەم بىخورۇشەم ھەر زامان،
ئاشكار ئاتا كۈنەم رازىنھانى خىيشرا.
باز مىگۇيام، ھەدىسى ئىشق خۇشتە رەست،
بىھكى، چوك پىل ندگاھ دارەم زەبانى خىيشرا.

تەرجىمىسى:

( مەست پىلغا ئوخشاش ھەر زامان جۇشۇ خۇرۇش قىلغۇم كېلىدۇ . يوشۇرۇن سىرلىرىمنى ئاشكارا قىلغۇم كېلىدۇ . لېكىن ، يەنە ئېيتىمەن : ئىشقىنىڭ پىنھان ھادىسىسى خۇشىراقتۇر ، پىللار كەبى تىلىمنى يىغىپراق يۈرگىنىم ياخشىراقتۇر . )

شۇ ياشتىكى ئادەمنىڭ مەست پىلدەك چۇقان - سۈرەن قىلماقچى بولغانلىقى ، لېكىن يەنە پىللارغا خاس ۋەزمىنلىك بىلەن تىلىنى يىغىپ يۈرگەنلىكى ئەكبەرنىڭ شېئىردىن ئېلىۋاتقان زوقىنى يەنە بىر دەرىجە ئاشۇردى . ئۇ ئۆزى ھەققىدىكى ئاشكارا ماختاشلار ۋە مەدھىيىلەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدى . بۇ يەردىكى شېئىرىي ئىففەت ، كەمتەرلىك ۋە گۈزەل بىر تەبەسسۇم ناھايىتى ياققانلىقى ئۈچۈن :

— مەۋلانە ، يەنە بىر ئوقۇسىڭىز ! — دەپ شېئىرنى ئىككىنچى قېتىم ئاڭلىدى . كېيىن ئۇنىڭدا بىرەر نۇقسانىنىڭ يوقلۇقىنى ، ھەر بىر سۆزنىڭ گۆھەردەك تاللانغانلىقىنى ماختىدى ۋە ئەبۇلفازىلغا قاراپ دېدى ، — 118 ياشتا شۇنچىلىك مۇكەممەل شېئىر يېزىش كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان مۆجىزىدۇر . مەۋلانە كاھىينىڭ قەدەملىرى تەۋەررۇك . ساراي دەرۋازىسىدىن مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە نەچچە قەدەم قويغان بولسا ، ھەر بىر قەدىمىگە يۈز رۇپىيەدىن ئىنئام بېرىلسۇن ! بۇنىڭدىن كېيىن سارايغا ھەر بىر قېتىم كەلسە ، مىڭ رۇپىيە بېرىپ تۇرۇلسۇن .

مۇشائىرە بولغان جايدىن ساراي دەرۋازىسىغىچە يۈز قەدەمدىن ئارتۇق كېلەتتى . ساراي شائىرلىرىدىن ھېچقاندىقى ھېلىغىچە بۇنداق قىسقا شېئىر ئۈچۈن ئون مىڭ رۇپىيە مۇكاپات ئالالىغان ئەمەس . قاسىم كاھىي تەزىم قىلىپ ، بۇ ئىنئام ئۈچۈن ئەكبەرگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلى يېرىم ئىكەنلىكى سۇنۇق كۆرۈنگەن كۆزلىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى .

ئەتىسى خەزىنە ئېچىلغاندا ، قاسىم كاھىي كېلىپ ئون مىڭ رۇپىيىنى ئېلىپ كېتىشى كېرەك ئىدى . لېكىن ، ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتتى ،

شۇنداقتىمۇ مويسىپىت شائىر سارايغا قايتا كەلمىدى . ئەكبەر ئۇنى كېسەل بولۇپ قالدىمىكىن دەپ ، ئەبۇلفازىلنى خەۋەر ئېلىشقا ئەۋەتتى . قاسىم كاھىي كىچىككىنە باغ ھويلىدا تۇراتتى ، ئۇيى ئىشلىرىنى قىلىدىغان ماشگۈرۈچ ساقاللىق بىر خىزمەتچىدىن باشقا ھېچ كىشى يوق ئىدى .

ئەبۇلفازىل ئۇنىڭ تەكچىلىرى لىق كىتابلار بىلەن تولغان خانىسىگە كىرىپ ، ھال - ئەھۋال سورىدى :

— نېمىشقا ھېلىغىچە خەزىنىدىن مۇكاپاتنى ئالمىدىڭىز ؟

— ئۇنچە پۇلنىڭ ماڭا نېمە كېرىكى ، جانابى ۋەزىر ؟ يا مىراسخورۇم بولمىسا ! . . . مەن ئۇ شېئىرنى مۇكاپات ئۈچۈن يازغان ئەمەستىم .

— ئېھتىمال ، باشقا تىلىكىڭىز باردۇر ؟ ئېيتىڭ ، مەن ھازىرلا ھەزرەتكە يەتكۈزەي .

قاسىم كاھىنىڭ ئۇدۇل چىشلىرى ئاللىقاچان تۆكۈلۈپ لەۋلىرى ئىچكىرىگە پېتىپ كەتكەن ، ئۇچى سەل قايرىلغان ئۇزۇن بۇرنى ئېگىلىپ چۈشۈپ ، لەۋلىرىگە تېگەي دەپ قالغانىدى .

— مەن يېشىمنى ياشاپ بولغانمەن ، ماڭا مال - دۇنيادىن كۆرە ئىمان - ئېتىقاد ئەزىزراق . ناۋايىدەك ، جامىدەك ئۇلۇغ سىمالارنى كۆرگەنمەن . ئۇلار دىنىي ئاداۋەتلەرنى قانداق يوقىتىشنىڭ يولىنى ئىزدەپ تاپالماي كەتكەنىدى . ئەكبەر ھەزرەتلىرى تۆرلۈك ئېتىقادلارنى تەڭ كۆرۈپ ، سۇلھى كۇللى ( ھەممەيلەن ئىناق بولۇش ) ئېلان قىلىش بىلەن ھازىرغىچە تېپىلمىغان يېڭى بىر يولنى كەشپ قىلدى . مەن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ئەنە شۇ يولدىن مېڭىپ ئۆتمەكچىمەن . ئەگەر ھەزرەتىم مېنى ئۆزىگە سادىق مەسلەكداش دەپ بىلسە ، پېقىر ئۈچۈن ئەڭ ئالىي مۇكاپات شۇ بولغاي !

ئەبۇلفازىلدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئەكبەر :

— مەۋلانە كاھىنىڭ بۇ جاۋابىدىن بىشىمىزنىڭ كۆككە يەتكىنىنى بېرىپ ئېيتىڭ ، — دېدى ، — ئەگەر خالىسا ، پەيشەنبە كۈنى يېقىن مەسلەكداشلىرىمىزنىڭ ئولتۇرۇشىغا مەرھەمەت قىلسۇن !

فەتھ بېغىنىڭ تىللەكارى مېھمانخانىسىغا خۇپتەن مەزگىلىدە يە-
غىلىدىغان شەيخ مۇبارەك ، راجە بىربال ، ئەبۇلفازىل ، ئۇنىڭ شائىر ئا-
كىسى فەيزىي ، ئەزىز كۆكە ، ئابدۇرەھىم خانى خانانلار قاتارىغا نۆۋەت-
تىكى پەيشەنبە كۈنى قاسىم كاھىمۇ كېلىپ قوشۇلدى .
— مەۋلانە ، — دەپ ئەكبەر ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭغا مۇراجىئەت
قىلدى ، — سىز ئاجايىپ شېئىرىي مۇئەممالار يازدىڭىز . بىزنىڭ ئالدى-
مىزدا مۇشكۈل ھاياتىي مۇئەممالار ( مەسىلىلەر ) تۇرۇپتۇ . بىز سۇلھى
كۇللى ئېلان قىلىپ بىرلەشتۈرمەكچى بولغان تۈرلۈك ئىمان - ئېتىقادلار
گويا مۇستەقىل قەبىلىلەردەك ھەر بىرى ئالاھىدە ئۆزۈپ ئۆگەنگەن .
شۇنداق ماقال بار كى ، ئىككى قەبىلىنىڭ بېشىنى تۇتقان ئادەم غەرق بو-
لىدۇ ، رەقىبلىرىمىز بىزنىمۇ غەرق قىلماقچى . ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بىز يا
مۇسۇلمان ئەمەس ، يا مەجۇسىي ئەمەس ، يا ئاتەشپەرەس ئەمەس ، بۇ
دىنلارنىڭ ھېچقايسىسىغا تولۇق دىل بەرمىگەن ، ئارا يولدا قالغان دىنى-
سىزلارمىشمىز .
شەيخ مۇبارەك بۇ تەنە - دەشناملارنى ئەكبەرگە ئېيتىشقا تىلى
بارماي كۆڭلىدە ساقلاپ يۈرگەنىدى . ئەمدى ئۇلارنى ئەكبەرنىڭ ئېيتقى-
نىدىن دادىللاندى ۋە سۆزلەشكە ئىجازەت ئالدى :
— ھەزرىتىم ، سىزدەك ئىمانى مۇستەھكەم سىماغا نىسبەتەن ئېيى-
تىلغان بۇ سۆزلەر ئۆتۈپ كەتكەن تۆھمەتتۇر . بۇ تۆھمەتتىن قۇتۇلۇش-
نىڭ بىردىنبىر يولى — سىز كەشپ قىلغان ئالىي ئېتىقادنى يېڭى تەلى-
مات شەكلىگە سېلىپ ئېلان قىلىشتۇر . ئىبادەتخانىدا شۇنداق چىرايلىق
ئېيتقانىدىڭىزكى ، تۈرلۈك ئىمان - ئېتىقادلار تاغ باغىرلىرىغا ئوخشاشلا
ئېگىز بىر چوققىغا يەتكەندە بىرلىشىدۇ . ئەنە شۇ مەنىۋى يۈكسەكلىكنى
سىز ئاساس سالغان يېڭى مەسلەك دەپ ئاتىساق بولار !
ئەكبەر ئۆزىنى يېڭى بىر مەسلەكنىڭ ئاساسچىسى دەپ قىياس
قىلىدىيۇ ، تېنى جۇغۇلداپ ، ئۆزىدىن ئۆزى سەسكىنىپ كەتتى . كېچە
ئانىسىنى كۆرگىلى بارغاندا ، ھەمدە بېگىمنىڭ يەنە ئەنسىرەپ ئېيتقان
گەپلىرى قۇلىقىغا قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى :

— شەيخ مۇبارەكنىڭ سىزنى ( مەھدىي ) دەپ ئىشەندۇرۇپ ، بىھىرەدە نېمە كويلارغا سالغانلىقى يادىڭىزدىن چىقىپ قالدىمۇ ! شاھ ئوغلۇم ؟

— خاتىرجەم بولۇڭ ، ئانىجان ، ئوغلىڭىز ئۇ كوچىلارغا قايتا كىرمەيدۇ . مەن ئۆزۈمنىڭ مەھدىيمۇ ، پەيغەمبەرمۇ ئەمەسلىكىمگە ئاللىقاچان ئىمان ئېيتقانمەن . شۇڭا ، پەقەت باش فەقىھلىك - مۇجتاھىدلىك ئۇنۋانىنى قوبۇل قىلغانمەن ، خالاس .

— ئەكبەرجان ، پادىشاھلىق ، سەركەردىلىك يۇكىنى كۆتۈرۈپ يۇرۇۋاتقىنىڭىز ئاز كەلگەندەك ، شەيخ مۇبارەك يېڭى مەسلەكىنىڭ يۇكىنى سىزنىڭ يەلكىڭىزگە ئارتماقچى بولۇۋاتامدۇ - قانداق ؟

ئانىسىنىڭ كۆيۈنۈپ قويغان بۇ سوئالىغا ئەكبەر تېخىچە جاۋاب تاپالىغىنى يوق ، شۇڭا ئۇ يېڭى مەسلەكىنىڭ ئېغىر يۇكىنى يەلكىسىگە ئېلىشقا پېتىنالماي قاسىم كاھىيغا يۈزلەندى :

— مەۋلانە ، سىز كۆپنى كۆرگەن ئادەم ، بىزگە مەسلىھەت بېرىڭ .

— پېقىردىن مەسلىھەت سورىغىنىڭىز ئۈچۈن تەشەككۈر ، ھەزرىتىم ! سەلكەم يەتمىش يىل تۇران ، خۇراسان ، كابۇلدا ياشىدىم ، ئەللىك يىلدىن بېرى ھىندىستاندا ئىستىقامەت قىلماقتىمەن . ئەقلىمگە كەلگىنىمدىن بۇيان ، مەن جاھان كېزىپ گاھ ئادىشىپ ، گاھ توغرا يول تېپىپ يۈرۈپ روھىم يايرايدىغان بىر مەنىۋى مەنزىل ئىزدىدىم . ئاخىر يېشىم يۈزدىن ئاشقاندا ، يېتىپ كەلگەن ئەڭ ئالىي مەنىۋى مەنزىلىم — سىز ھازىر رەھبەرلىك قىلىۋاتقان تەۋەررۈك زامان بولدى . ئۆمۈر بويى مېنى روھانىيلار ئىستىبداتى قىيناپ كەلگەندى . سىز شۇ ئىستىبداتنى يوقاتقىنىڭىزدىن بۇيان ، روھىم يايراپ يۈرۈۋاتىدۇ . ئەمما بۇ ئىستىبداتنىڭ كۈچى بىلەن كۈن كۆرۈۋاتقان ، باي بولغان ، مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرگەن چوڭ بىر گۇرۇھ ئۆلىما ، موللا - ئىماملار بار . ئۇلار ئۈچۈن بىدئەد ۋە خۇراپات گوياكى پارتلاتقۇچ سېلىنغان ئامبار . شۇنداق بىر تەييارلىق كۆرۈش لازىمكى ، يېڭى تەلىماتىڭىز ئېلان قىلىنغاندا ، دۈش-

مەنلىرىڭىز ئۇنىڭ ئۇچقۇنلىرى بىلەن پارتلاتقۇچ قاچىلانغان ئامبارنى پارتلىتالمايدىغان بولسۇن.

— رەھمەت سىزگە، مەۋلانە. مېنىڭ دىلىمدىكى گەپنى ئېيتتى. ڭىز! — دەپ ئەكبەر كاھىنىڭ پىكرىنى داۋام ئەتتۇ. رۇشكە باشلىدى، — پەقەت ئېچكىرىدە ئەمەس، قوشنا مەملىكەتلەر. دىمۇ رەقىبلىرىمىز بىزنىڭ خۇدادىن قايتقانلىقىمىز ھەققىدە دادلاپ يۈر. مەكتە. ئىراندىن سەفەۋىيلەر، تۇراندىن شەيبانىزادىلەر بىزگە ئەلچى ئەۋەتىپ: «ئىسلامدىن ۋاز كەچكىنىڭلار راستمۇ؟» دېگەن مەنىدە سو. ئال سوراۋاتىدۇ. بىزمۇ ئۇلارغا ئەلچى ئەۋەتىپ «ئەلھەمدۇلىللا مۇسۇل. مانمىز» دېگەن مەزمۇندا جاۋاب يازدۇق. بىزگە قارشى كۆتۈرۈلگەن ئۇرۇش - تالاشلار تېخىچە بېسىلمىدى. ۋىلايەتلەردىن كېلىۋاتقان مەخ. پىي ئاخباراتلار ۋەزىيەتنىڭ ناھايىتى مۇرەككەپلىكىدىن دالالەت بەرمەك. تە. شۇڭا، يېڭى تەلىماتنى چوڭ تەييارلىق بىلەن قولاي بىر ۋەزىيەت كەلگەندە، ئاندىن يولغا قويايلى. ھازىرچە ئۇنى مانا شۇ سورۇندىكىلەر ئۆز دىلىمىزغا چوڭقۇر ئورنىتايلى. ئاخىر چىن ئىخلاس - ئېتىقاد دىلدا ياشىشى كېرەكقۇ.

— ھەق راست! — دېدى ئەبۇلفازل.

ئەمدى شەيخ مۇبارەكمۇ ئەكبەرنىڭ كېيىنكى پىكرىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى.

× × ×

ئەكبەر ئۆز مەسلەكداشلىرىغا مۇكاپات بەرگەن ئاشۇ كۈنلەردە شەيخ ئابدۇنەبى ئۇنىڭ قەھرىگە ئۇچرىدى.

بەش قولىنى تەڭلا ئاغزىغا سالغان بۇ بەدنىيەت شەيخنىڭ ۋەخە. پىلەردىن چۇشكەن ۋە ھەج قىلغۇچىلار ئۈچۈن ئاجرىتىلغان پۇللارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆز ساندۇقىغا سېلىۋالغانلىقى ئېنىقلاندى. جىنايەتلىرى بوينىغا قويۇلغاچقا، ئەكبەر ئۇنى قاماققا ئالدى. تۈرمىدىمۇ شەيخ ئابدۇ. نەبىنىڭ دۈشمەنلىرى بار ئىكەن. سەدرى جەھان ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەن

بىگۇناھ ئادەملەردىن بىرىنىڭ ئوغلى شۇ يەردە قاراۋۇل ئىكەن. باشقا قىساسكارلار شەيخنىڭ قەيەردىلىكىنى ئەنە شۇ قاراۋۇل ئارقىلىق بىلىشتى. بۇ قىساسكارلار ئارىسىدا مەسچىت ئالدىدىكى تاختايلارنى بۇتخانا قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن قەتلى قىلىنغان ۋە ئۈچ ياش خوتۇنى «سەتى» ئادىتى بويىچە ئۆزلىرىنى ئوت قويۇپ ئۆلتۈرگەن براخماننىڭ قېرىنداشلىرىمۇ بار ئىدى. قىساسكارلار ھېلىقى قاراۋۇلنىڭ ياردىمىدە كېچىسى تۈرمىگە باستۇرۇپ كىرىپ، شەيخ ئابدۇنەبىنى تاش بوران قىلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئەنسارى ۋە شەيخ ئابدۇنەبى باشقۇرۇشىدىكى ئۆلىما، قازى، مۇتەئەسسىپلەر يېپى ئۈزۈلگەن تەسۋى دانىلىرىدەك ھەر قايسى تەرەپلەرگە تارقىلىپ كەتتى، ساراسىمە ۋە غۇلغۇلا ئىچىدە قالدى. جىزىيە سېلىقى ئېلىپ بېيىشقا، مەجۇسىيلەرنى ئېلىپ سېتىشقا ئىمكان بېرىدىغان دىنىي ئىستىبدات بىنالىرى خۇددى يەر تەۋرەشكە دۇچ كەلگەن ئەسكى ئۆيلەردەك بىرمۇبىر غۇلاپ چۈشۈشكە باشلىدى.

زىلزىلە مەزگىلىدە ھەممەيلەن ئۆزىنى كۆڭۈلسىز سەزگىنىدەك شۇ ئىستىبداتلار ئارقىسىدا كۈن كۆرۈپ كېلىۋاتقان كاتتا گۇرۇھلارنىڭ يىقىلىپ-يىمىرىلىپ ۋايساشلىرى كۆپلىگەن ساراي ئەھلىدە، ھەتتا ئەكبەرنىڭ نارەسىدە ئوغۇللىرىدىمۇ ئېغىر ۋە مۇرەككەپ تۇيغۇلارنى ئويغاتتى.

ئەمدى ئون بىر ياشقا كىرگەن شاھزادە سەلىم ھەددىدىن ئارتۇق ئويچان، كەم سۆز بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ مۇئەللىمى پەرىد بۇخارىي ئەكبەرنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئەرز قىلدى:

— ھەزرىتىم شاھزادىنىڭ روھىي ھالەتلىرىدىن ئەنسىرەپ قالدىم. سائەت-سائەتلەپ يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرىدۇ. ئىلگىرى كۆپ كىتاب ئوقۇيتتى، ھازىر كىتابمۇ ئوقۇمايدۇ! ئېھتىمال شاھزادىنى ئوۋغا ئېلىپ چىقىش زۆرۈردۇر؟

— مەۋلانە، بىز ئوۋنى چەكلىگەنمىز، يادىڭىزدا باردۇ؟

— يادىمدا ھەزرىتىم! ئەمما، ئاتا-بوۋىلىرىڭىز كىچىكىدىن ئات

چىپىپ ، ئۇۋۇ قىلىپ ئۆگەنگەن . قان بىلەن ئۆتكەن بۇ ئادەتنى ئوغلى-
مىزمۇ داۋام قىلسا بولاتتى .
— مەن ئۇۋنى چەكلىدىمغۇ ؟ ئەمدى بىز چىقارغان پەرماننى ئوغلىمىز بۇزسا بۇنىڭغا نېمە دەيمىز . سەلىم يالغۇز ئولتۇرۇپ خىيال سۈرسە ، خىيالنى بۇزماڭ . دېمەك ، ئۇنىڭدا پىكىر - مۇلاھىزە ئويغان-غان . ئۆزى بىلەن ئۆزى پىكىرلىشىپ تۇرسۇن .
— خوپ ، ھەزرىتىم ، خوپ ! — دەپ پەرىد بۇخارىي تەزىم قىلغىنىچە چىقىپ كەتتى . ئەمما ، ئىچىدە : « ئاقىۋىتىگە ئۆزىڭىز جاۋاب-كار ! » دەپ قويدى .
ئەتراپىدا بولۇۋاتقان مەنىۋى زىلزىلىنى ۋە مۇرەككەپ زىددىيەت-لەرنى سەلىمنىڭ ياش ئەقلى ھەزىم قىلالمايتتى . دادىسى بولسا ئوغلى بىلەن دىلدىن سۆھبەتلىشىشكە ۋە نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇنىڭغا ياخ-شىراق چۈشەندۈرۈشكە ۋاقىت تاپالمايتتى .
— ھەزرىتىمگە مۇجتاھىدلىقنىڭ نېمە كېرىكى بار ؟ — دەپ مەۋلانە پەرىد ئېغىر ئۇھ تارتتى .
بىر چاغلاردا ئۇمۇ ئەكبەرگە بېغىشلاپ شېئىرلارنى يازغانىدى . ياخشى غەزەل ۋە رۇبائىيلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن مەۋلانە پەرىد ساھىبقە-لەم شائىر ھېسابلىناتتى . گۇجارەت يۈرۈشىدە 40 كۈنلۈك يولنى ئەكبەر بىلەن توققۇز كۈندە بېسىپ ئۆتكەن ۋە مۇزەففەر ھۈسەيىن مىرزىنىغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆزى يالغۇز تۆت دۈشمەن ئەسكىرىنى قىلىچ بىلەن ئۇ-رۇپ يوقاتقان قاپ يۈرەك ئادەم مۇشۇ پەرىد بۇخارىي ئىدى . ئەكبەر ئۇنى « ساھىبى سەيف ۋە قەلەم » دەپ ماختاپ ، پەرىد بۇخارىيغا مەۋلا-نىلىق ئۇنۋانى بەرگەن ۋە سەلىمگە تەربىيىچى ئۇستاز قىلىپ قويغان-دى .
بىراق ، مەۋلانە پەرىدنىڭ شەيخ مۇبارەك بىلەن ئېقى كېلىش-مەيتتى ، شۇڭا ئۇ سەلىمگە سىرداشلارچە شىۋىرلايتتى :
— ھەزرىتىمنى شۇ شەيخ ئىككى ئوغلى بىلەن بىللە پۈتۈنلەي ئۆزلىرىنىڭكى قىلىۋېلىۋاتىدۇ ! —

دېدى ، — « داھىي » ، « مەھدىي » ، « مۇجتاھىد » دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى شۇلار ئويلاپ چىقارغان . چوڭ ئوغلى فەيزىي فەيازىي ھەزرىتىم ھەققىدە داستان يېزىپ چوڭ مۇكاپات ئالغان . كىچىك ئوغلى ئەبۇلفازىل ئەڭ بىرىنچى ۋەزىر . شەيخ مۇبارەكنىڭ ئۆزى ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى بولغان ئەنسارىنى ھەزرىتىمنىڭ ياردىمى بىلەن يوقىتىپ ، ئىنتىقام ئالدى بولدى — ئەمدى !

بۇ گەپلەرنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ، سەلىم ئاتىسىنى شەيخ مۇبارەك بىلەن ئەبۇلفازىلدىن قىزغىنىدىغان بولۇپ قالدى .

سەلىم ئاتىسىنىڭ دىدارىغا تويماي چوڭ بولۇۋاتقان بولسا ، مەۋلانە پەرىد پەرزەنتكە زار ئىدى . ئۇ ئۈچ قېتىم ئۆيلەنگەن بولسىمۇ پەرزەنت يۈزى كۆرمىدى . ياش قىرىقتىن ئاشقاندا ، تەقدىرگە تەن بەرمەي بولمىدى . شۇڭا ئۇ ھازىر سەلىمنى ئۆز پەرزەنتىدەك كۆرۈپ ، قەلبىدە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان بارلىق ئاتىلىق مېھرىنى ئۇنىڭغا تولۇق بېرىۋاتاتتى . ئۆسمۈرلەردىكى پاك ئىشەنچ ۋە ئاتا مېھرىگە بولغان تەشنالىق تۈپەيلىدىن سەلىممۇ مەۋلانە پەرىدنىڭ مېھىر — مۇھەببىتىگە قەلب دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىۋەتكەن ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى دەپ بىلىدىغان بولۇپ كەتكەنىدى .

— ئەمىرزادەم ، بۇنىڭدىن كېيىن سىز ئەبۇلفازىلدىن ھەزەر قىلىڭ ، — دېدى ئۇ ، — ھەزرەت ئاتىڭىز شۇ ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ، كاپىر پەرەڭلەرنى سارايغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرماقچىمىش . بۇ پەرەڭلەر سىز بىلەن شاھزادە مۇرادقا ئۇستاز بولۇپ ، سىلەرگە پەرەڭ تىلى ئۆگىتەرمىش !

شەيخ پەرىد بۇ گەپلىرى ئارقىلىق سەلىمنى چۆچۈتۈپ قويماقچى ئىدى . سەلىم بولسا ، باشقا بىر ئالەمدىن كەلگەن ، كىيىنىشلىرى ، يۈرۈش — تۇرۇشلىرى ۋە گەپ — سۆزلىرىمۇ باشقىچە بولغان بو پەرەڭلەرگە بالىلارچە قىزىقىش بىلەن قارايتتى . شەيخ پەرىد ئون ئىبغىز گەپ قىلسا ، بىر ئىبغىز جاۋاب قايتۇرماي يۈرىدىغان سەلىم ئۇستازىنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، تېتىكلىنىپ قالدى — دە :

— قاچان . . . ساۋاق بېرىدىكەن ؟ — سورىدى .

— سەرمۇنىشى نەقىبخانىنىڭ ئېيتىشىچە ، ئېھتىمال ، ئەتە ـ ئۆ-گۈن ھەزرىتىم سىزنى چاقىرىپ قېلىشى مۇمكىن . . . كاپىردىن تىل ئۆگىنىشنى خالامسىز ، ئەمىرزادەم ؟

— پەرەڭلەر پارس تىلىدا سۆزلىشەرمىشقۇ . گەپلىرىنى ئاڭلاپ باقاي . ئۇلار ئاجايىپ قىسمەتلەرنى بىلەرمىش .

— ئەمما ، قىسمەت ـ سەرگۈزەشتىلەرنى سۆزلەشنى باھانە قى-لىپ ، سىزنى ئۆزلىرىنىڭ دىنىغا . . . ئۆتكۈزۈۋالسىچۇ ؟

سەلىم ئەمدى خىيالچان ھالدا كۈلۈمسىرىدى :

— سىزنىڭ تەلىملىرىڭىزنى ئېسىمدە چىڭ تۇتىمەن ، مەۋلانە . بوۋىلارنىڭ ئېتىقادىغا سادىق بولىمەن !

پەرىد بۇخارىي سەلىمگە تۈركىي تىلدىن دەرس بەرگەن ، ناۋايى ، بابۇرلارنىڭ يۈزلىگەن شېئىرلىرىنى يادقا ئالدۇرغان ، شۇنىڭ تەسىرىدە سەلىمدە ئەجدادلارغا قارىتا يۈكسەك ھۆرمەت پەيدا بولدى . ئەينى ۋاقىتتا ، پەرىد بۇخارىي سەلىمنى ھىندى ئانىسى ۋە تاغىلىرىدىنمۇ ئايرىۋېتىشكە ئۇرۇنۇپ كۆرگەنىدى . سەلىمنىڭ تاغىلىرى مەن سىنىخ ۋە بھاگۋەن داسلار باتۇر جەڭچىلەردىن بولسىمۇ ، ئۇلۇغبەگ ، بابۇرلاردەك بۈيۈك كىتابلارنى يازمىغان . شۇڭا ، سەلىم بۇلارغا قارىغاندا ئاتا ئەجداد-لىرىغا ئۆزىنى يېقىن تۇتتى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىۋى مىراسلىرىغا قەلب دەرۋازىسىنى كەڭرەك ئېچىۋەتتى . ئەگەر باشقىلار سەلىمنى « تاغىلىرىغا تارتىپتۇ » دەپ قويسا ، ئۇنىڭ غۇرۇرىغا تېگەتتى ، چۈنكى ، بۇنداق دې-يىش ئۇنىڭغا ئۆزىنى يېرىم ھىندى ، يېرىم مۇسۇلمان قىلىپ پارچىلى-ۋەتكەندەك ۋە يېرىم ئادەم قىلىپ كۆرسەتكەندەك تۇيۇلاتتى . ئۇ پەرىد بۇخارىينىڭ تەسىرى بىلەن ئەجدادى — تىمۇرىيلەرنىڭ ئۇدۇمنى ئا-تىسىدىنمۇ چىڭراق تۇتۇشقا ئىنتىلەتتى . شۇ سەۋەبلىك ، ئۇستازىمۇ ئۇنى ئۆز پەرزەنتىدەك چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرەتتى .

— ئەمىرزادەم ، مېنىڭ بايىقى گەپلىرىم ئارىمىزدىلا قالسۇن ، پە-رەڭ ئۇستازلار توغرىسىدىكى سىرنى مەندىن ئاڭلىغانلىقىڭىزنى ھەزرەت

ئاتىڭىز ھەرگىز بىلىپ قالمىسۇن .
— نېمىشقا ؟
— نېمىلا بولمىسۇن ، بۇ مەخپىي گەپلەر . مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىدى دەپ ، مېنى جازالىشى مۇمكىن . مېنىڭمۇ دۈشمەنلىرىم كۆپ . بولۇپمۇ ، مەن بىلەن بىر شەھەرلىك بولغان ئەھمەد بۇخارىي پەيتىنى تاپسىلا ، مېنى ، خۇددى مەرھۇم ئەنسارىنى يوقاتقاندەكلا ، يوقىتىشى مۇمكىن .
سەلىم ئاتىنىڭ سادىق شاگىرتى بولغان ئەھمەد بۇخارىي ھازىرمۇ شەيخ مۇبارەك ۋە ئەبۇلفازىلنىڭ ئەڭ يېقىن مەسلەكدىشىغا ئايلانغان ، پەرىد بۇخارىي بولسا ، ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن دۈشمىنى ئىدى . ئىككى بۇخارىينىڭ ئوت بىلەن سۇدەك چىقىشالمايدىغانلىقىغا سەلىممۇ ھەيران بولاتتى .
ئەتىسى ، ئەكبەر سەلىمنى ئۆزىنىڭ خاس ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ ، پەرەڭ تىلى ئۆگىنىش ھەققىدە گەپ ئاچقاندا ، شاھزادە ئۆز ئۇستازىنىڭ سىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ، ھېچ نەرسىدىن خەۋىرى يوقتەك جىم ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى .
— ئوغلۇم ، ئاڭلىشىمچە ، سەن كىتاب مۇلاھىزە قىلىش بىلەنلا بولۇپ ، خامۇش ياشاۋېتىپسەن . يىراق يۇرتلارغا بارغۇڭ كېلەمدۇ ؟ ھىندى دېڭىزلىرىدا كېمە بىلەن ساياھەت قىلغۇڭ بارمۇ ؟
سەلىم بىردىن جانلىنىپ :
— ساياھەت قىلغۇم بار ! — دېدى .
— مېنىڭ گوئا ئارىلىغا كېمە بىلەن بارغانلىقىم زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ . پەرەڭلەرنىڭ چوڭ كېمىلىرى بار ئىكەن . بىزدە بۇنداق قۇدرەتلىك قوراللار يوق . شۇڭا بىز ھازىرغىچە پەرەڭ تاجاۋۇزچىلىرىنى ھىندىستان قىرغاقلىرىدىن قوغلىۋېتىشكە ئاجىزلىق قىلىۋاتىمىز . دۈشمەندىن كۈچلۈك بولۇش ئۈچۈن ، ئۇنىڭ ئىچكى سىرلىرىنى بىلىش كېرەك ، تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىۋېلىش زۆرۈر . پەرەڭ ئۇستازلارنى مەن شۇ سەۋەبتىن سارايغا چاقىرتىپ كەلدىم . كالىتا پەم ئادەملەرنىڭ بىزنى

« ناسارا دىنىغا كىرمەكچىمىش » دەپ تېپىقسىز مىش ـ مىشلارنى تارقى-
تىپ يۈرگەنلىكىدىن قورقۇپ كەتمە . پەرەڭلەرنىڭ كىمە ياساش تەج-
رىبىلىرىنى ، پۇتكۇل ئىلىم ـ مەرىپىتىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ، ئۇلارنىڭ
تىلىنى ئۆگىنىش لازىم . شۇ مەقسەت بىلەن ئىنىڭ مۇرادنىمۇ چاقىردىم !
ئەكبەر چاۋاك چېلىپ ، سەرمۇنشىغا بۇيرۇق بەردى :
ـــ مۇراد كىرسۇن !
ئىككى ئوغلى يانمۇيان ئولتۇرغاندا ، ئەكبەر ئۇلارنىڭ پەرقلىرىگە
ئۆز خىيالى بويىچە ھەيرانلىق بىلەن نەزەر تاشلىدى . سەلىم ئانىسىدەك
قارامتۇل كەلگەن ، ئۇن ئىككى يېشىدىلا بوي تارتىپ ئاتىسى بىلەن
تەڭلىشىپ قالغان ، يەلكىلىرى تاغلىرىنىڭكىدەك ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى
كۆرۈنۈپ قالغاندى . ئۇن بىر ياشلىق مۇراد بولسا ، چاچ ۋە قاشلىرى
قىزغۇچ ئالتۇن رەڭ ، يۈزى رەنا گۈلدەك ئاق ـ سېرىق ، كۆزلىرى تىنىق
كۆك رەڭدە ئىدى . مۇراد ئانا تەرەپتىنمۇ بابۇرىي ئەۋلادى بولغانلىقتىن ،
بارلاسلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان قىزغۇچ چاچ ۋە كۆك كۆز ئۇنىڭغا مىراس
ئىدى . ئۇنىڭ مىجەزىمۇ سەلىمگە ئوخشىمايتتى . ئۇ خىيال سۈرۈپ ئول-
تۇرۇشنى خالىمايدۇ ، سىمابتەك ھەرىكەتچان ، شوخ . گاھ چەۋەنداز-
لىقنى ، گاھ قىلىچۋازلىقنى مەشىق قىلىدۇ ، مەرگەنلىكتىمۇ بار ، سۇ ئۈ-
زۈشكىمۇ ھېرىسمەن ، ئۇنىڭ جەمنە دەرياسىدىن ئۈزۈپ ئۆتكەنلىكىنى
ئەكبەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن .
ئەكبەر ئوغۇللىرىنى ئىككى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى ـ دە ، ئاۋۋال
مۇراد بىلەن تۈركىي تىلدا ، ئاندىن پارسچە ۋە ھىندىچە سۆزلىشىپ
كۆردى ھەمدە ئوغلىنىڭ ھىندىچىنى ھازىرغىچە تېخى ئەركىن سۆزلە-
يەلمەيدىغانلىقىنى سەزدى ـ دە :
ـــ ئۆگىنىش كېرەك ! ـــ دېدى ، ـــ ھىندىستان بىزنىڭ ۋەتە-
نىمىز . ھىندى خەلقىنىڭ تىلىنى بىلىش سەن ئۈچۈن قەرز ۋە پەرز .
ئۆگەنگەن ھەر بىر تىلىڭ سېنىڭ كۆڭۈل بايلىقىڭ . مانا ، بىزنىڭ ھۇ-
زۇرىمىزغا كەلگەن پەرەڭلەر پارسچە ، ھىندچە بىمالال سۆزلىيەلەيدۇ .
بىز بولساق ئۇلارنىڭ تىلىنى بىلمەيمىز . ھالبۇكى ، ئۇلاردىمۇ كىتاب

كۆپ ، مەرتىۋەت گۈللەنگەن . لېكىن ، بەزىلەر : « ناسارالار ـ كاپىرلار- دۇر ، ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىش گۇناھ » دەيدۇ . سەن بۇنىڭغا قانداق قارايسەن ، مۇراد ؟

مۇرادنىڭ تەربىيىچى ئۇستازى شائىر فەيزىي ئىدى . شاھزادە فەيزىيدىن ئادەمنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا ئالغان ساۋاقلىرىدىن سۆيۈن- گەن ھالدا :

— ناسارالارمۇ ئادەم ئاتىنىڭ ئەۋلادلىرىغۇ ، — دېدى .

— ئەلۋەتتە شۇنداق ! — خۇشاللىق بىلەن خىتاب قىلدى ئەك- بەر ، — بىز جاھاندا باش كۆتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن ، ھەممە قىتئەنىڭ ئىلىم ۋە سەنئەتلىرىگە قۇچىقىمىزنى دادىل ئېچىشىمىز كېرەك ، ئۇغۇللى- رىم ! بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن دۇنيا تىللىرىنى ئۆگىنىشىمىز زۆرۈر . ئۇستازلار بىزگە ياۋروپا دېگەن قىتئەدە قانچىلىك دۆلەت ۋە خەلق بارلى- قىنى سۆزلەپ بەردى . كۆپچىلىكىمىز ئۇلارنى بىلمىگەنلىكىمىزدىن ، ھەممىسىنى « پەرەڭلەر » دەپلا يۈرگەنىكەنمىز . ياۋروپانىڭ نېرىسىدا ئا- مېرىكا دېگەن يەنە بىر يېڭى قىتئە تېپىلىپتىمىش . دېڭىزدا كېمە بىلەن مېڭىۋەرسە ، ئۇ قىتئەگە ئالتە ئايدا بارغىلى بولىدىكەن . پەرەڭلەرنىڭ جۇغراپىيە جەھەتتىكى ئۇلۇغ كەشپىياتلىرىنى ھازىرغىچە ھېچبىر دۆلەت قىلالماپتۇ . سۆزلەپ كەلسە ، بۇ گەپلەر ئادەمنى « مىڭ بىر كېچە » ھې- كايىلىرىدەك ھەيران قالدۇرىدۇ .

ئەكبەر ئۇغۇللىرىنى شۇنداق يول بىلەن قىزىقتۇرغاندىن كېيىن ، ئۇستازلارنىڭ يېنىغا دەسلەپكى مەشقلەرنى قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى .

× × ×

ئەسلى كاتالانىيەلىك بولغان ئىسپان ئۇستاز ئانتونى مانسېررەتې قىرىق بەش ياشلاردا ، ئىتالىيانلاردىن بولغان رۇدالىق ئەكۇۋۇۋە بولسا تېخى ئوتتۇز ياشلارغىمۇ كىرمىگەن ياش يىگىت ئىدى . ئەكبەرنىڭ سا- رىيىدىكىلەر ، مانسېررەتېنى يېشى چوڭراق بولغانلىقتىن ، پەرەڭلەرنىڭ باشلىقى دەپ قاراپ ، بەكرەك ھۆرمەت قىلاتتى . ئەمەلىيەتتە بولسا ،

ئەكۋەۋىۋە بۇ يەرگە مانسېررەتېغا باشلىق قىلىپ ئەۋەتىلگەنىدى. چۈنكى، رۇدالفىنىڭ تاغىسى گوئا ئارىلىدىكى بارلىق چېركاۋلارنىڭ پېشۋاسى ئىدى. پورتۇگالىيە ئەمەلدارىمۇ ئەكۋەۋىۋەنى ھىندىستان ئىشلىرىدا ئۆزىگە سادىق دەپ قارايتتى. دىنىي جەمئىيەت ئىچىدە رۇدالفى ئەڭ ئىمتىيازلىق ئورۇنغا قويۇلغان ھەمدە پىدائىيلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغانىدى. مۇخلىسلار ئۆزىنىڭ جېنىنى كاتولىك چېركاۋسى ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا قەسەميات قىلغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆز جەمئىيىتىدە باشقىچە شاھىتلار سۈپىتىدە ئابرۇيغا ئىگە.

ئەكبەر بۇ ئەھۋالنى بىلمىسىمۇ، لېكىن ئەكۋەۋىۋەنىڭ ئۆز دىنىغا بەكمۇ بېرىلگەن، قىزىققان روھانىي ئىكەنلىكىنى سەزگەن ھەمدە «ئېھتىمال، بۇ بەك ياش بولغانلىقتىن، ئەقلى جەھەتتىن پىشىپ يېتىلمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن» دەپ ئويلاپ مۇلاھىزىچى، ئېغىر- بېسىق مانسېررەتېنى ئۇنىڭدىن ئۈستۈن كۆرۈپ، ئۇستازلىققا تەكلىپ قىلغانىدى.

مانسېررەتي شاھزادىلەرگە تىل ئۆگىتىش ئۈچۈن كېتىۋاتقاندا، ئەكۋەۋىۋە ئۇنىڭغا دىنىي جەمئىيەت نامىدىن يوليورۇق بەردى:

— سىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىڭىز، مۇسۇلمان شاھزادىلەرنى كاتولىك دىنىغا كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت.

— ئەكبەر ھەممە دىنلارنى باراۋەر دەپ ئېلان قىلىۋاتقان بىرچاغدا، بىزنىڭ ئادەملەرنى بىر دىندىن يەنە بىر دىنغا كىرگۈزۈشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى، باشلىق؟ ياۋروپالىقلار ئاسىيالىقلارنىڭ ئارقىسىدا ئەمەس، ئالدىدا مېڭىشىمىز كېرەكقۇ؟

— ئالدىدا ماڭغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇلارنى ئۆزىمىزگە ئەگەشتۇرۇشىمىز كېرەك، ئانتونى! مەن باشلىققا يازغان خېتىمدە «ئەكبەر ئىنجىلنى كۆزىگە سۈرتۇش ۋە سۆيۈش ئارقىلىق، ئۆزىنىڭ ناسارالار دىنىغا مايىللىقىنى ئىپادىلىدى» دېدىم. ئەگەر بىز پەم بىلەن ئىش قىلىدىغان بولساق، بۇ مۇسۇلمان پادىشاھنىمۇ ئۆز دىنىمىزغا كىرگۈزەلەيدىغانلىقىمىز ئېنىق!

ئانتونى رودالفىنىڭ بۇ نىيىتىنىڭ خام خىيال ئىكەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتى ، ھەتتا بۇنى تۇخۇمنى يېرىپ چىققان چۈجىنىڭ كېيىن يەنە تۇخۇم قېپىغا كىرەلمەيدىغانلىقىغا ئوخشاتقۇسى كېلەتتى . ئانتونىنىڭ تەسەۋۋۇرىچە ، قانتى قاتقان بۈركۈتتەك پەرۋاز قىلىۋاتقان ئەكبەر قانداقمۇ كاتولىك دىنىنىڭ قېپىغا كىرسۇن !

مانسېررەتې گەرچە مۇستەقىل پىكىر قىلىشنى بەك ياخشى كۆرسىمۇ ، كاتولىك چېركاۋلىرىنىڭ ئەمىر-مەرۇپلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان شەپقەتسىز ئىستىبداتلىقىدىن تولىمۇ قورقاتتى . ئەگەر ئەكۋەۋىۋە ئۇنى « كاتولىك چېركاۋىغا خىيانەت قىلغان دەھرىي » دەپ ئەيىبلەپ ، ئىنكۋىزاتسىيە ( دىنىي ھۆكۈمرانلىق ئورگىنى ) نى بۇنىڭغا ئىشەندۈرىدىغان بولسا ، ئانتونى قايتىپ بارغاندا ، ئۇلار ئۇنى ئوتقا تاشلاپ ئۆلتۈرۈشى مۇقەررەر ئىدى . شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا ئەكبەرنىڭ ئۆز يۇرتىدا ئەنە شۇنداق دىنىي ئىستىبداتلىقنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغانلىقى مەنىۋى قوزغىلاڭدەك تۇيۇلماقتا ئىدى . پورتۇگالىيە ئۈچۈن ئېيتقاندا ، بۇنداق مەنىۋى قوزغىلاڭنىڭ تېخى يىراقتىكى ئىش [1] ئىكەنلىكىنى ئانتونى كۆڭلىدە سېزىپ تۇراتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن مانسېررەتې ئاخىر ئەكۋەۋىۋەنىڭ تەلىپىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى . ئەكبەرنى ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى كاتولىك دىنىغا كىرگۈزۈش ئارقىلىق ، پۈتۈن ھىندىستاننى پورتۇگالىيەنىڭ مۇلكىگە ئايلاندۇرۇش يولىدا ئىش قىلىشنى ئەكۋەۋىۋە ئۇنىڭغا بۇيرۇق سۈپىتىدە تاپشۇردى . ئاندىن كېيىن ، ئەكۋەۋىۋە ئۇنىڭغا ئەكبەرنىڭ ھەربىي مەخپىيەتلىكلىرىنى قانداق قىلىپ بىلىۋېلىش توغرىسىدا يوليورۇق كۆرسىتىشكە باشلىدى .

مانسېررەتې جاسۇسلۇق قىلىشتىن ھەزەر قىلاتتى :

— باشلىق ، مەن ھەربىي ئادەم ئەمەس ! — دېدى ئۇ .

— ئۇنداق بولسا ، ئالبېرت پېرپېرا دائىم سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرسۇن . ئۇنى « ياردەمچى ئۇستاز » دەپ تونۇشتۇرۇڭ . داموللامنىڭ

---

[1] ھەتتا فرانسىيىدىمۇ بۇنداق دىنىي ئىستىبداتلىق تۈزۈم 18 ـ ئەسىرگىچە داۋاملاشقانلىقى تارىختىن مەلۇم .

يېنىدا خەلپەت بولىدۇ ، مۇسۇلمانلاردا شۇنداق قائىدە بار . پېرپىرا سىز بىلەن بىللە بولسا ، قالغان ئىشلارنى ئۆزى ئەپلەيدۇ .

ئوتتۇز ياشلاردىكى خۇش مۇئامىلىلىك ، چاققان يىگىت ئالبېرت پېرپىرا گوئادىن چوڭلار بىلەن بىللە كەلگەن بولۇپ ، ھازىرمۇ ئۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ يۈرەتتى . بۇ يىگىت بىرچاغلاردا ھۇمايۇننىڭ سارىيىغا كەلگەن ئالۋارۇ پاكاۋىرانىڭ جىيەنى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئالبېرت پاكاۋىرا ئىدى . لېكىن ، ئەكبەر گوئا ئارىلىغا بارغاندا ، ئالۋارۇ پاكاۋىرانى سۈيىقەستكە قاتناشتى دەپ ئەيىبلىگەنلىكى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ جىيەنى بۇ يەرگە كېلىدىغان چاغدا ، فامىلىسىنى « پېرپىرا » غا ئۆزگەرتىۋالغانىدى . ئەسلىدە ئالبېرتمۇ پاكاۋىرانىڭ تەربىيىسىنى ئالغان بولۇپ ، ئۇنىڭ مەخپىي ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ، ھىندى ۋە پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەنىدى . قىلىچۋازلىق ، مەرگەنلىك ، چەۋەندازلىق ۋە سۇ ئۈزۈشتە ، ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلەيدىغانلار گوئادا كەم تېپىلاتتى .

مانسېررەتې ئۆزى جاسۇسلۇق قىلىشنى خالىماي ، ئالبېرتنى خەلپەت سۈپىتىدە شاھزادىلەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى .

× × ×

پەرەڭ تىلىنى ئۆگىنىش شاھزادە سەلىمگە زېرىكىشلىك تۇيۇلغان بولسىمۇ ، ئالبېرت پېرپىرانىڭ دېڭىز ساياھەتلىرى توغرىسىدىكى ھېكايىلىرى ئۇنى ناھايىتى قىزىقتۇردى . پېرپىرا 16 يېشىدىن باشلاپ دېڭىزلاردا كۆپ ئۆزگەن بولۇپ ، يەر شارىنى ئايلىنىپ چىققان ماگېللاننىڭ تارىخىنى پىششىق بىلەتتى ، كولۇمبونىڭ ھىندىستانغا بارىمەن دەپ ، ئېزىپ كەتكەنلىكتىن ، ئامېرىكىغا بېرىپ ، ئامېرىكا قىتئەسىنى ئاچقانلىقىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرەتتى . پېرپىرانىڭ دېڭىز قاراقچىلىرى توغرىسىدىكى قورقۇنچلۇق ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغاندا ، سەلىمنىڭ چاچلىرى تىك تۇرۇپ كېتەتتى . ئالبېرت پېرپىرانىڭ مەرگەنلىكى ۋە چەۋەندازلىقىمۇ سەلىمگە يېقىپ قالدى . شاھزادە ئۇنى « ئەلىبېك » دەپ چاقىرىدىغان بولدى . مانسېررەتېنىڭ ساۋاقلىرى تۈگىگەندىن كېيىن ، سەلىم ئال-

بىرتنى ئۆزىنىڭ خاس خانىسىغا باشلاپ كىردى. ھىندىستانىنىڭ ئىسسىق ھاۋاسىدا سەلىمىنىڭ شۇنچە تېزلا بالاغەتكە يېتىپ قالغانلىقى ئۇنىڭ غاراڭلاپ چىقىدىغان ئاۋازى ۋە خەت تارتىپ چىقىشقا باشلىغان يۇمران بۇرۇتلىرىدىن سېزىلىپ تۇراتتى. خاس ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرغان چاغدا، ئالبېرت پەرەڭ قىزلىرىنىڭ گۈزەل بەدەنلىرى ۋە نازۇكەرەشمىلىرى توغرىسىدا ئېغىز ئاچتى. بۇ گەپلەر سەلىمنى بەكمۇ قىزىقتۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن، ئۇ:

— ئەمىرزادەم، — دېدى، — ئەگەر ھېچكىمگە دەپ قويمايدىغان بولسىڭىز، مەن سىزگە بىر رەسىم كۆرسەتكەن بولاتتىم.

— مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا قادىرمەن. بۇ يەردە پەقەت ئىككىمىزلا بارغۇ، كۆرسىتىۋېرىڭ.

ئالبېرت قويۇن يانچۇقىدىن ئالقانچە كېلىدىغان بىر رەڭلىك رەسىمنى ئالدى. بۇ رەسىمدە ئەمدىلا يۇيۇنۇپ چىقىۋاتقان بىر گۈزەل قىزنىڭ ئاپئاق يوتىلىرى، ئالمىدەك ئەمچەكلىرى شۇنداق چىرايلىق ئىپادىلەنگەنىدىكى، سەلىم رەسىمگە تىكىلگىنىچە ھاڭۋېقىپ قالدى... ئۇ ئاخىر ئالبېرت پىرپىراغا بىر ھەميان ئالتۇن بېرىپ، ھېلىقى رەسىمنى سېتىۋالدى.

پىرپىرا ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم بولغىنى، ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان يېقىنلىق ئىدى. ئۇ شاھزادىگە بۇنىڭدىنمۇ باشقىچىرەك رەسىملەرنى تېپىپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى...

× × ×

ياۋروپالىق ئانتونى مانسېررەتېنىڭ سارايغا ئىشقا ئېلىنغانلىقى ۋە شاھزادىلەرگە دەرس بېرىۋاتقانلىقى ئەتراپتىكى ۋىلايەتلەرگە: «پادىشاھىمىز ئوغۇللىرىنى ناسارالار دىنىغا كىرگۈزۈپتىمىش!» دېگەندەك ۋەھىمىلىك خەۋەر بولۇپ تارقالدى. ئەكبەر بۇ گەپلەرنى تىنجىتىش ئۇچۇن، دىپلوماتىيە دېگەننىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدىغان مەخسۇس مۇراجىئەتنامە يازدۇرۇپ، ئۇنى ھەممە شەھەر - يېزىلارغا ئاگ-

لىتىشنى بۇيرۇدى.
«بىز ھىندىستاندىكى بارلىق خەلقنىڭ ئىچكى ئۇرۇشىسىز، تىنچ ياشىشىنى مەقسەت قىلغان ھالدا، ھەر قايسى جەھەتلەردىن سۇلھى - مۇرەسسە سىياسەتلىرىنى يولغا قويدۇق، — دېيىلگەنىدى مۇراجىئەتنا- مىدا، — ئادەملەرگە تىنچلىق، ھاكىمىيەتكە خەۋپسىزلىك، بارلىق ئى- مان - ئېتىقادلارغا باراۋەر ھۆرمەت!»
ئەكبەر ئۆزىنىڭ بۇ شوئارىغا قانداق ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى كۆرستىش ئۈچۈن، ھەر كۈنى ئەتىگەندە، ئۇيقۇ كەينىدىن كۆتۈرۈ- لۈۋاتقان قۇياشنى تەزىم قىلىپ كۈتۈۋالاتتى. ئاتەشپەرەسلەرنىڭ بۇ ئا- دىتى تاغلىق رايونلاردا ياشايدىغان نۇرغۇنلىغان قەبىلىلەردە ھازىرغىچە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئاتەشپەرەس تۈركىي ئەللەردىن كەلگەن ۋە ئەكبەرگە ئېغىمۇ يېقىپ قالغان يەنە بىر ئادەت — ئاخشىمى قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاندا، چىراغلارنى «ئوت ئاغىسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئائىلە ياكى قەبىلە باشلىقىنىڭ يېقىپ بېرىدىغانلىقى ئىدى. ئەكبەر ھەر كۈنى گۇگۇم چۈشكەندە، سارايىنى يورۇتىدىغان چىراغنى ئۆزى يېقىپ بېرەتتى. سارايدىكى چىراغلارغا قارايدىغان مەخسۇس خىزمەتكارلار ئەكبەر يېقىپ بەرگەن شۇ تۇنجى ئوت بىلەن سارايدىكى يۈزلىگەن قەن- دىللەردىكى شاملارنى بىر - بىرلەپ ياندۇراتتى.
گۇجارەتلىك ئاتەشپەرەس مېخىرجى ئەكبەرگە ئۈچ پوپۇكلۇك، چىرايلىق بىر كەمەر تەقدىم قىلغانىدى. كەمەردىكى ئۈچ پوپۇك پەزى- لەتنىڭ بەلگىسى ھېسابلىناتتى. بۇنىڭ بىرى، «پىندارى خوپ»، يەنى، ياخشى ئوي نىيەت؛ ئىككىنچىسى، «گوپتارى خوپ»، يەنى ياخشى گەپ - سۆز؛ ئۈچىنچىسى، «كىرادى خوپ»، يەنى ياخشى ئىش - ئەخلاق ئىدى. بۇ ئۈچ پەزىلەت بىر كەمەرگە باغلىنىپ، ئىنسان بىلەن بىللە تۇرسا، ئوي - خىيال، گەپ - سۆز، ئىش - ئەخلاق بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كەتمىسە، مۇراد - مەقسەتكە يەتكىلى بولىدىغانلىقى ئەكبەر ئىنتىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى مەنىۋى يۈكسەكلىك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئۈچ پوپۇكلۇك كەمەرنى چارشەنبىدىن ئىبارەت بۇ مۇراد

بەخش كۈندە بىلىگە باغلاپ يۈرەتتى.

ھىندىلار پېشانىسىگە قويۇپ يۈرىدىغان تىلەك — قىزىل خالمۇ ئەڭ ئىزگۇ نىيەتلەرنىڭ تىمسالى ھېسابلىنىدۇ. ئەكبەر ھىندىلارنىڭ ئىمان - ئېتىقادلىرىنىمۇ ئەستايىدىل ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، سەيشەنبە كۈنى ھىندىچە كىيىنىپ، پېشانىسىگە قىزىل خال — تىلەك قويدۇرغان ھالدا سارايدا كۆپچىلىك بىلەن كۆرۈشىدىغان بولدى.

بۇ ئىش مەملىكەت ئاھالىسى ئىچىدە: «پادىشاھ ھىندى دىنىنى قوبۇل قىلىپتىمىش» دېگەن گەپكە ئايلىنىپ، شامالدەك تېز تارقىلىپ كەتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ھىندىلار خۇشال بولۇشۇپ، ئەكبەرنى «ماخاگورا»، يەنى، «ئۇلۇغ پىر» دەپ ئەزىزلىگەنسېرى، مۇتەئەسسىپ شەيخلەر ئۇنى مەجۇسىي بولۇپ كەتتى دەپ، خەلقنى ئىشەندۇرۇشكە ئۇرۇندى. بىرچاغلاردا شەيخ ئەنسارىنىڭ تەرەپدارى بولغان ۋە ئەگرە، جائۇنپۇرغا سۈرگۈن قىلىنغان شەيخ مۇھەممەد يەزدىي گانگ دەرياسى بويىدا ئەكبەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆلىما ۋە شەيخلەر نامىدىن پەتىۋا يېزىپ، ئەكبەرنى «دەھرىي»، «مەجۇسىي»، «ئاتەشپەرەس»، «كاپىر» دەپ، ھەرخىل مۇقامدا ئەيىبلىدى، «بۇنداق ئادەملەر مۇسۇلمان دۆلىتىگە پادىشاھ بولالمايدۇ»، دەپ جائۇنپۇردىكى مەسچىتتە ۋەز ئېيتتى. ئۇنىڭ ۋەزلىرىگە كۆپچىلىك قەۋملەرمۇ قوشۇلغاندىن كېيىن، مۇھەممەد يەزدىي ئەكبەرنىڭ كابۇلدىكى ئىنىسى مۇھەممەد ھەكىمگە ئادەم ئەۋەتتى. مۇھەممەد ھەكىممۇ ئەكبەرنىڭ «سۇلھى - مۇرەسسە» سىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئىسيانچىلار تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەنلىكتىن، مۇھەممەد يەزدىي جائۇنپۇردىكى جامە مەسچىتىدە خۇتبە ئوقۇغاندا ئەكبەرنىڭ نامىنى ئاتاشنى ئەمەلدىن قالدۇردى، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇھەممەدھەكىمنى ھىندىستان پادىشاھى دەپ ئېلان قىلىپ، نامىنى خۇتبىگە قوشۇپ ئوقۇشنى يولغا قويدى.

بىھار ۋە بەنگالەدە دۆلەت مەركىزىدىن ئايرىلىپ چىقىشقا ۋە مۇس-

تەقىل ھاكىمىيەت قۇرۇشقا تەشنا بولۇپ يۈرگەن ئافغان ئەمىرلىرى بار ئىدى. ئۇلار دەرھال مۇھەممەد يەزدىي باشلىغان ئىسيانغا قوشۇلدى.

مۇھەممەد يەزدىي بۇ خەۋەرلەرنى ئۆز تەرەپدارلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن گۇجارەتكە، مەلۋىگە، پەنجاپ ۋە كابۇلغىچە تارقاتتى. بۇ ۋىلا-يەتلەردىمۇ ئەكبەرنى دەھرىي دەپ ئىشىنىدىغانلار كۆپ ئىدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئەكبەرنى تەختتىن چۈشۈرۈش توغرىسىدىكى ۋەز-لەر، مۇسۇلمانلارنى غازاتقا چاقىرىدىغان خىتابلار ياڭراشقا باشلىدى.

گۇجارەتتە ھازىرغىچە ئەكبەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىپ يۈرگەن مۇزەففەرشاھمۇ ئەكبەرنىڭ ئورنىغا ئىنىسىنى تەختكە چىقىرىش كويىغا چۈشۈپ كابۇلغا مەخسۇس ۋەكىل ئەۋەتتى. تۇراندىكى ئابدۇللاخاننىڭ كابۇلغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىمۇ پەقەت مۇھەممەد ھەكىملا ھىندىستان پا-دىشاھى بولۇش كېرەكلىكىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا قۇيدى.

ئۇزاقتىن بۇيان مۇشۇ مەقسەتنى كۆزلەپ يۈرگەن مۇھەممەد ھە-كىم چوڭ قوشۇن توپلىدى ـ دە، دىندىن چىققان ئاكىسىغا قارشى غازات ئېلان قىلىپ، ھىندىستان تەرەپكە يۈرۈش باشلىدى.

ئەكبەر ئۆزى قوزغىغان مەنىۋى زىلزىلە ئۇنىڭ تاجۇتەختىنىمۇ تەۋرىتىشكە باشلىدى. شۇڭا ئۇ يەردە چىڭ تۇرۇش تەس بولۇپ قال-دى، سارايدا ۋەھىمە باشلاندى. ئەكبەر ئەڭ سادىق ئادەملىرىنى يىغىپ:

— كىمنىڭ ھەقىقى دوست ئىكەنلىكى ئەمدى بىلىنىدۇ! — دېدى، تادەرمال بىر قىسىم قوشۇن باشلاپ بىھارغا، ئەزىز كۆكە گۇجا-رەتكە، مەن سىنغ پەنجابقا يول ئالدى. ئەكبەرنىڭ ئۆزى بولسا، ئەڭ چوڭ خەۋپ ھېسابلىنىدىغان مۇھەممەد ھەكىمگە قارشى قوشۇن تارتىپ ئاتلاندى.

## لاھور. كابۇل. دوستتىن كۆپ دۈشمەن

ھىندىقۇش تاغلىرىدىن ئېقىپ چۈشىۋاتقان كابۇل دەرياسى تار جىلغىلاردىن ئۆتۈپ جەنۇبقا بۇرۇلىدۇ. ھىمالايا تاغلىرىدىن باشلىنىدىغان ھىند دەرياسى شەرقتە پەنجاپ تۈزلەڭلىكىگە چىقىدۇ - دە، پېشاۋۇرنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدىكى كابۇل دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ.

ئەكبەردىن تۆت ياش كىچىك ئىنىسى مۇھەممەد ھەكىم مىلادى 1581 - يىلى مانا مۇشۇ دەريالاردىن ئۆتۈپ، پەنجاپقا يىگىرمە بەش مىڭ ئەسكەر بىلەن باستۇرۇپ كىردى. بۇ يەردە ئۇنى ئەكبەرنىڭ ئىسلاھاتلىرىدىن نارازى بولغان شەيخلەر ۋە ئۇلارنىڭ قەۋملىرى قۇچاق ئېچىپ كۈتۈۋالدى. مۇھەممەد ھەكىم لاھورنى بىراقلا ئىشغال قىلىش ئارزۇسىدا ئىدى. مەسچىتلەردە شاۋقۇن - سۈرەن كۆتۈرۈلۈپ، ئەكبەرنى دىنسىزلىقتا ئەيىبلەپ يۈرگەن ئىماملار مۇھەممەد ھەكىمنى ئاللىقاچان پادىشاھ دەپ ئېلان قىلىپ، نامىنى خۇتبىگە قوشۇپ ئوقۇتماقچى بولغانىدى.

لېكىن، پەنجاپ ئاھالىسىنىڭ كۆپچىلىكى بۇ دىنىي ئىسيانغا قوشۇلماي، سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋالدى. چۈنكى، پەنجاپتىمۇ مۇسۇلمانلارغا قارىغاندا غەيرىي دىندىكىلەر كۆپ ئىدى. ئۇلار جىزيە سېلىقىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، ئەكبەرنىڭ بارلىق ئىمان - ئېتىقادلارنى باراۋەر قىلىشقا تىرىشىۋاتقانلىقى كۆپچىلىككە ماقۇل كەلگەنىدى.

رەۋى دەرياسىنىڭ ئېگىز قىرغىقىدا تۇرغان ۋە كېيىنكى ئون يىل ئىچىدە تاملىرى قايتىدىن مۇستەھكەملەنگەن لاھور قەلئەسىنى مەن سىنىخ باشلىق قورۇقچى ئەسكەرلەر ئىچكىرىدىن مەھكەم تۇسۇۋالدى.

بۇ چاغدا، ئەكبەر قىرىق بەش مىڭ ئاتلىق ئەسكەر، بەش مىڭ

پىل ، ئون مىڭ پىيادە ئەسكەر بىلەن دېھلى ۋە پەنىپەتتىن ئۆتۈپ ، پەن-
جاپقا يېقىنلىشىشقا باشلىدى .

قوشۇن سىپىدە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى سەلىم ۋە مۇراد بىلەن پەرەڭ
تىلى مۇئەللىمى ئانتونى مانسېررەتېمۇ ئۆز خەلپىسى ئالبېرت پېرپېرا
ھەمراھلىقىدا كېلىۋاتاتتى . رۇدالىق ئەكۆەۋۆۋەنى ئەكبەر فەتھۇردا قال-
دۇردى . چۈنكى بۇ پەرەڭنىڭ ناسارا دىنىنى ھەددىدىن زىيادە ماختاش-
لىرى ئۇنىڭغا ياقمىغانىدى .

ئالبېرت پېرپېرا بولسا سەلىمگە گاھى ـ گاھىدا پورتۇگال ھەربىي
كېمىلىرىنىڭ رەسىملىرىنى سىزىپ كۆرسىتەتتى ۋە ئۇنى دېڭىز ئارمىيە
قوماندانى بولۇشقا قىزىقتۇراتتى . ئالبېرت بۇ ئىشلارنى ئەتەي شاھزادىنىڭ
ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ كۆز ئالدىدا قىلاتتى . چۈنكى ئۇ كەيىنگە
مەخسۇس پايلاقچى قويۇلغانلىقىنى ، ئۆزى ۋە مانسېررەتېنىڭ نېمە
ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ ئەكبەرگە يەتكۈزىدىغان مەخپىي ئادەملەرنىڭ
بارلىقىنى بىلەتتى .

ئەكبەرنىڭ ئەسلى مەقسىتىمۇ پەرەڭنىڭ ھىيلە تاكتىكىغا ئائىت
تەجرىبىلىرىنى ئوغۇللىرىغا ئۆگىتىش بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئالبېرت پې-
رېيرانىڭ سەلىم بىلەن دېڭىز ۋە كېمە توغرىسىدا ئۇزاق ـ ئۇزاق سۆھ-
بەتلىشىشىگە يول قوياتتى .

مانسېررەتې بولسا شاھزادىلەرگە تىل ئۆگىتىشتىن كېيىن ، ۋاقىت
چىققاندا ، چېدىردا ئولتۇرۇپ ئەسلىمە يېزىپ تۇراتتى . ئۇ ھازىرغىچە
ھېچبىر پەرەڭ ئۆز ئۆمرىدە كۆرمىگەن جايلارنى كۆرۈۋاتقانلىقى ، ئەك-
بەردەك ئۇلۇغ سەركەردىنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن
ئۆز تەلىيىدىن مەمنۇن ئىدى . مانسېررەتې ياۋروپا ئۈچۈن ھېلىغىچە پۈ-
تۈنلەي نامەلۇم بولغان بۇ يەردىكى ھايات پائالىيەتلىرى ۋە ئەكبەر توغ-
رىسىدىكى تەسىراتلىرىنى يېزىۋاتاتتى . پورتۇگاللاردا ئاشۇ دەۋرلەردە
ئەسلىمىلەرنى « كامېتارىيا » يەنى « ئىزاھلار » دېگەن نام بىلەن يې-
زىش ئادەتكە ئايلانغانىدى . مانسېررەتېمۇ ئۆز خاتىرىلىرىنى شۇ نام بى-
لەن ئاتىدى . ئەكبەر ئۇستازلارنى ھەر ھەپتىدە بىر قوبۇل قىلىپ ، ئۇزاق

سۆھبەتلىشەتتى. مانسېررەتىپ ئەكبەرنىڭ قەلبى ھېسسىياتقا باي ئىكەنلىكىنى سۆھبەت جەريانىدىمۇ سەزدى. ئەكبەرنىڭ كۆزلىرى ئۇنىڭغا دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ قۇياش نۇرىدا جىلۋىلىنىشىنى ئەسلەتكەن پەيت بولدى. بۇ كۆزلەردە دېڭىزنىڭ تېرەنلىكىمۇ، باغرى كەڭلىكىمۇ ئەكس ئېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مانسېررەتىپ پەقەت بىر نەرسىنى ئەپسۇسلۇق بىلەن قەلەمگە ئالدىكى، ئەكبەر ھەزرىتى ئىسانىڭ ئۇمۇمەن دادىسى يوقلۇقىغا، بۇۋى مەريەمنىڭ ئاسماندىكى ئىلاھىي روھتىن ھامىلدار بولغانلىقىغا ئىشەنگىلى ئۇنىمىدى.

مانسېررەتىپنىڭ پۈتۈن ئېتىقادى بولسا، مۇقەددەس كۈچلۈك ئاتا، ئوغۇل ۋە ئىلاھىي - روھ بىرلىكىگە ئاساسلانغان. چوقۇنغاندا بېشىغا ۋە ئىككى يەلكىسىگە ئۈچ بارماقنى تەگكۈزۈشمۇ شۇ ئۈچلۈكنى تەن ئېلىشتىن كېلىپ چىقاتتى. بىراق، ئەكۋەۋىۋە ۋە مانسېررەتىپنىڭ ئاي - يىللاپ كاتولىك دىنىنى جان - جەھلى بىلەن تەرغىپ قىلغىنىغا قارىماي، ئەكبەر بۇ ئۈچلۈكنى «ئەپسانە» دەپ ئاتىدى ۋە ئېتىراپ قىلمىدى.

— دادىسىز پەرزەنت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! — دەپ تۇرۇۋالدى.

— لېكىن بىز كەلتۈرگەن كىتابنى كۆزىڭىزگە سۈرتۈپ، سۆيۈپ قوبۇل قىلغانىدىڭىزغۇ، ھەزرىتى ئالىيلىرى! — دېدى ئەكۋەۋىۋە ئىلتىجا بىلەن، — ئەمدى مۇقەددەس ئۈچلۈكنىمۇ تەن ئېلىپ، بىر قېتىم چوقۇنغان بولسىڭىز، بىز مۇرادىمىزغا يەتكەن بولاتتۇق.

— كىتاب — جاھالەتنى يورۇتقۇچى چىراغدۇر، — دېدى ئەكبەر، — شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئۇنى ناندىن ئەزىزلەپ كۆزۈمگە سۈردۈم. يەتتە ئىقلىمدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىزدىگۈچىلەر بىلەن ئىبادەتخانىدا يىللاپ - يىللاپ سۆھبەتلەشتىم. ھەقىقەتنىڭ تۈرلۈك ئەللەردە تۈرلۈك قىياپەت بىلەن، ئايرىم - ئايرىم ياشاۋاتقانلىقى ماڭا ئەمدى ئايان بولدى. مەن بۇ پارچە ھەقىقەتلەرنى بىر كۆڭۈلدە بىرلەشتۈرمەكچى بولۇپ، «سۈلھى كۈللى» سىياسىتىنى يولغا قويۇۋاتىمەن. چوقۇنۇش

بولسا ، پەقەت ھەقىقەتنىڭ بىر بۆلىكىنىلا ئېتىراپ قىلغانلىق ، يەنى سۇلھى كۇلدىن چېكىنگەنلىك بولىدۇ !

ئەكبەرنىڭ بۇ گەپلىرى دىندار مانسېررەتىغا گۇمانخورلۇق ۋە دەھرىيلىك بولۇپ كۆرۈندى . شۇڭا ئۇ ، ئەسلىمىلىرىدە ئۇنى لاتىنچە « ئاتېئىست ! » دېگەن سۆزلەر بىلەن چوقۇپ ، قارىلاپمۇ قويىدى .

مانسېررەتىي خاتىرىلىرىنى ئەكبەرگە ئائىت تەسىراتلىرى بىلەن تولدۇرۇپ تۇراتتى ، يېزىۋاتقان ئەسلىمىلىرى ياۋروپالىق ۋەتەنداشلىرى ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن بىر يېڭىلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، ھاياجانلىنىپ ، شېرىن ئارزۇلاردا بولاتتى .

ئانتونى بۇ يېڭى ئالەمنى غەربكە بىرىنچى بولۇپ تونۇشتۇرسا ، نامى تارىخقا قالامدۇ ؟ ئۇ ئۆزىنىڭ « ئىزاھلار » نى كىتاب قىلىپ چىقارسا ، پەقەت پورتۇگالىيىدىلا ئەمەس ، دۇنيانىڭ باشقا مەملىكەتلىرىدىمۇ كىشىلەر قىزىقىپ ئوقۇشى مۇمكىنمۇ ؟ پورتۇگالىيە ئەمەلدارلىرىمۇ ئانتونىنى ئۆز سارىيىغا چاقىرىپ سۆھبەتلىشىشى تۇرغان گەپقۇ! ①مانسېررەتىي ئۆز يۇرتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئادەملىرىدىن بىرىگە ئايلىنىشىنى خىيالىغا كەلتۈرگەندە ، ئىلھامى دولقۇنلىنىپ قەلىمىنى دەپتەر ئۈستىدە تېز - تېز ماڭدۇراتتى .

ئەكبەرنىڭ قوشۇنىدا ئۇنى « كاپىر » دەپ ياقتۇرمايدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى . لېكىن ، ئەكبەر شاھزادىلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ ئىلكىدىكى مىڭلاپ ئەسكەرلەرگە پەرەڭ مېھمانلارنى كۆز - تۈز كۆزىتىپ يۈرۈشنى تاپشۇرغانىدى . ھەربىي يۈرۈش پەيتىدە تىل مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىشمۇ ئاسان ئەمەس . شۇنداقتىمۇ ، قونالغۇلاردا ئۇزاقراق توختاپ قالغاندا ، مانسېررەتىي ئۇلارغا ئىككى - ئۈچ سائەت تىل ئۆگىتەتتى . بۇ ئىشقا مۇراد

① ئەمما A . مانسېررەتىي ھايات ۋاقتىدا بۇ ئەسلىمىلىرىنى رەتلەشكە ئۈلگۈرەلمىدى . چۈنكى ، كاتولىك چېركاۋى ئۇنىڭدىن كىتاب يېزىشنى ئەمەس ، دىن تارقىتىشنى تەلەپ قىلاتتى . « ئىزاھلار » دىن پورتۇگالىيە مەمۇرلىرى رازۋېدكا مەقسىتىدىلا پايدىلاندى ۋە مەخپىي تۇتتى . ئۈچ يۈز يىلدىن كېيىن . « ئىزاھلار » ئەسلىمە سۈپىتىدە ئاۋۋال ئىنگلىز تىلىدا ، كېيىنچە باشقا تىللاردا نەشر قىلىندى . مانسېررەتىغا ئۇ ئارزۇ قىلغان شۆھرەت ئۈچ ئەسىر كېچىكىپ كەلدى .

كۆپرەك قاتنىشاتتى. شاھزادە سەلىمنى بولسا ئالبېرت پېرپېرانىڭ سەرگۈزەشت ھېكايىلىرى ۋە «ئەتنىقە» رەسىملىرى كۆپرەك قىزىقتۇراتتى.

ئالبېرت بۇ رەسىملەرنى كۆرسىتىش باھانىسىدا، گاھى سەلىم بىلەن ئۇنىڭ خاس چېدىرىدا يالغۇز قالاتتى ۋە كېيىنكى يېڭىلىقلارنى بىلىۋېلىشقا ئىنتىلەتتى. چۈنكى، ئەكبەرنىڭ قوشۇنىدىكى ئادەت بويىچە، ھەربىي يۈرۈش جەريانىدا، چوڭ شاھزادە ئۆزىنىڭ بەگ، دوستلىرى بىلەن پادىشاھقا يېقىن ماڭاتتى. قونالغۇ تاللانغاندىمۇ، سەلىمگە ئەكبەر تۇرغان چېدىرغا يېقىن جايدىن ئورۇن بېرىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، دادىسىغا كېلىپ تۇرغان خەۋەرلەرنى سەلىم باشقىلاردىن بۇرۇنراق ئاڭلايتتى.

شەرقتىكى ئىسياننى باستۇرۇشقا ئەۋەتكەن تادەرمال چاپارمىنى بۈگۈن قانداق يېڭى گەپ ئېلىپ كەلگەنلىكىنىمۇ ئالبېرت سەلىمدىن ئاڭلىدى. جائۇنپۇر ۋە بىھاردا شەيخلەرنىڭ ئىسيانىغا قوشۇلغان ئافغان ئەسكەرلەر خەزىنىدىن بېرىلىدىغان خىراجەتنىڭ ئازلىقىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەنىدى. تادەرمال دەرھال ئۇلارنىڭ خىراجەتلىرىنى بىرىېرىم ھەسسە ئۆستۈرۈپ بېرىش ھەققىدە پادىشاھنىڭ نامىدىن پەرمان چۈشۈردى. ئەكبەر بۇ پەرماننى تەستىقلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شەرقتىكى كۆپچىلىك ئەسكەرلەر مۇھەممەد يەزدىي باشلىق بولغان خوراپاتچىلار توپىلىڭىغا قاتناشمىدى. يالغۇز قالغان خوراپاتچىلار تادەرمالنىڭ قوشۇنىغا تەك كېلەلمەي تەسلىم بولدى. قازى كالان مۇھەممەد يەزدىي ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىسى بولغان ئون نەچچە روھانىي قولغا ئېلىندى. تادەرمال ئۇلارنى كېمىلەرگە سېلىپ، سۇ يولى بىلەن ئەكبەرنىڭ ھوزۇرىغا كەچۈرۈم سوراشقا ئەۋەتتى. گانگ دەرياسىدا قانداقتۇر بىر پالاكەت يۈز بەردى ــ دە، كېمىدىكى مۇھەممەد يەزدىي بىلەن ئۇنىڭ مۇرىتلىرى سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلدى...

شۇ كۈنىڭ ئەتىسى كەچتە پېرپېرا يەنە سەلىمنىڭ خاس چېدىرىغا كىردى:

ــ ئەمىرزادەم، گانگ دەرياسىدا يۈز بەرگەن ھالاكەتنى مەن

باشقىلاردىنمۇ ئاڭلىدىم ، ـــ دېدى .
ـــ كىمە ئاغدۇرۇلۇپتىمۇ ؟ قازى كالان قانداق غەرق بوپتۇ ؟
ـــ تادەرمال ئۆزى ئۆلارنىڭ بويۇنلىرىغا تاش باغلىتىپ ، گانگىغا چۆكتۈرۈۋەتكەنمىش . بۇ ھەقتە ھەزرەت ئاتىڭىزدىن تادەرمالغا مەخپىي بەلگە بېرىلگەنىكەن .
ـــ سىزگە كىم شۇنداق دەيدۇ ؟
پېرپىرا ئاۋازىنى پەسلىتىپ :
ـــ كىملىكىنى ئېيتسام . . . ھەزرەت دادىڭىز ئۇنى جازاغا بۇيـ رۇشى مۇمكىن . . . ـــ دېدى .
ـــ دادامغا بىلدۈرمەيمىز ، گەپ شۇ يەردە قالىدۇ ... چېدىردا ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوققۇ ؟
ـــ چاپارمەن ماڭا تونۇش ئىدى ، سېكرىندە پەرەڭنىڭ سوۋغىلىـ رىنى بەرگەنىدىم . « ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم » دەيدۇ .
ـــ ھەي ، شور پېشانە يەزدىي ! . .
مۇھەممەد يەزدىي ئىلگىرى ئەگرەنىڭ داڭلىق ئۆلىمالىرى ئارىسىدا يۈرگەن چاغلىرىدا سەلىم ئۇنى بىرنەچچە قېتىم كۆرگەن ، ۋەزلىرىنىمۇ ئاڭلىغانىدى . ئەمدى يەزدىينىڭ ئاپئاق ساقاللىرى گانگ دەرياسىدىكى لاي ـ لاتقىلار ئارىسىدا قالغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەندە ، ئۇسمۇر- نىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى شۈركۈنۈپ كەتتى . « دادام شۇنچىۋالا شەپقەتـ سىزمىدۇ ؟ »
ـــ بۇ تېخى بىر باشلىنىش ، ـــ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى ئالـ بىرت ، ـــ ئەتە ـ ئۆگۈن بۇنىڭدىن دەھشەتلىكرەك ئىشلارنى كۆرىسىز ، ئەمىرزادەم .
ـــ يەنە قانداق پالاكەتلەر بولار ؟
ـــ مىر دېۋان شامەنسۇر دېگەن بىر ئادەم بار ئىدىغۇ ؟
سەلىم قىرىق ياشلاردىكى غەيرەتلىك ، خۇش مۇئامىلە ، مېھرى ئىسسىق شامەنسۇرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ئەسلى كەمبەغەل بىر ئائىـ لىدىن كېلىپ چىققان شامەنسۇرنى ئەكبەر تەربىيىلەپ ، يۇقىرى مەرتىۋە

بەرگەندى . ئۇنىڭ ھېساب ـ كىتابنى ياخشى بىلىدىغانلىقى ، مالىيە ساھەسىدە ئىستېبداتىنىڭ تەڭداشسىزلىقىنى كۆپ ئادەم بىلەتتى . ھەتتا تادەرمالمۇ ھېساب ـ كىتاب ئىشىدا ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەي قالغانلىقى ئۈچۈن ، ئەكبەر مىر دېۋانلىقنى شامەنسۇرغا بەرگەندى . بۇ ئىشتىن تادەرمالنىڭ تەرەپدارلىرى نارازى بولۇپ يۈرەتتى . سەلىم شامەنسۇرنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى . قولغا ئېلىنىشىدىكى سەۋەب ، يولدا كېلىۋاتقاندا ئۇنىڭ جاسۇسلۇقى مەلۇم بولۇپ قالغانمىش . شامەنسۇر مۇھەممەد ھەكىم بىلەن ئالاقە ئورناتقانمىش . ئۇنىڭ مەھمۇد ھەكىمگە يازغان خېتى پەنجاپتىكى جەڭلەردە ھالاك بولغان كابۇللۇق ئەمىر شارمانىنىڭ يانچۇقىدىن تېپىلغانمىش . بەزىلەر بۇ گەپكە ئىشەنسە ، يەنە بەزىلەر : « تادەرمالنىڭ تەرەپدارلىرى مىردېۋانلىق مەنسىپىنى شامەنسۇردىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن شۇ تۆھمەتنى ئويلاپ تېپىشقان » دېيىشەتتى .

ھازىر پېرېيرامۇ شاھزادە سەلىمگە شۇۋىرلاپ :

— ئەمىرزادەم ، شامەنسۇرنى قەتلى قىلىدىكەن ! — دېدى ، — لېكىن سىز ئادالەتنى ياقلايسىز ! خەتنى شامەنسۇرنىڭ دۈشمەنلىرى يېزىپ ، ئۆلگەن ئەمىرنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىنغۇ ؟

— كىم سېلىپ قويۇشى مۇمكىن ؟ — دەپ سورىدى سەلىم .

ئالبېرت پېرېيرا سەلىم بىلەن ئەبۇلفازىلنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى ، شاھزادە دائىم پادىشاھقا يېقىن يۈرىدىغان باش ۋەزىردىن دادىسىنى قىزغىنىدىغانلىقىنى ئاللىقاچان سەزگەنىدى . شۇڭا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دەز كەتكەن جايغا مىخ قاققۇسى كېلىپ پىچىرلىدى :

— شامەنسۇرنى ئەبۇلفازىل يامان كۆرىدىكەن . دادىڭىز شامەنسۇرنىڭ ئىستېبداتىغا قايىل بولۇپ ، باش ۋەزىر قىلىش خىيالىدىمۇ بولغانىكەن .

ئەبۇلفازىلنىڭ ئىسمى ئاتالغاندىن كېيىن ، سەلىمدە شامەنسۇرنى تۆھمەتتىن قۇتقۇزۇش نىيىتى پەيدا بولدى . ئالبېرت ئۇستىلىق ئىشلىتىپ يۈرۈپ بۇ ئىستەكنى ئەكبەرگە قارىتىپ توغرىلىدى . ئەتىسى كەچقۇرۇن يولدا توختىغاندا ، سەلىم دادىسىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشكە رۇخسەت ئال-

دى . ئۇ قونالغۇدا ئىدى . ئۇ شامەنسۇر توغرىسىدا گەپ قىلماقچى بولۇپ تۇرۇۋىدى ، ئەبۇلفازىل كىرىپ كەلدى - دە ، كىر ۋە يىرتىلغان بىر پارچە خەتنى ئەكبەرگە تەزىم بىلەن سۇندى :

— ھەزرىتىم ، خائىننىڭ بۇ خېتى ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن ئوقۇپ چىقىلدى .

— شامەنسۇرنىڭ ئۆزى يېزىپتىمۇ ؟

— خەت راستلا ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ، پەقەت سىر ساقلاش ئۈچۈن ھەرپلەرنى ئۆزگەرتىپ يازغان . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ، تۇزىگىزنى يەپ يۈرۈپ ، يەنە سىزنى تۇزكورلارچە يامان كۆرۈپتۇ .

— قېنى ئوقۇڭ ، — دېدى ئەكبەر ۋە ئوغلى سەلىمگە « ئاڭلاپ قويۇڭ ! » دېگەندەك قاراپ قويدى .

ئەبۇلفازىل شامەنسۇرنىڭ خېتىدىن بىر - ئىككى جايىنى ئۈنلۈك ئوقۇدى :

« پادىشاھىمىز ئەبۇلفازىل ۋە ئادەملىرىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ، دىنىدىن چە- قىپ بىشەمەل كاپىر بولدى . ئەمدى بىزنىڭ يۈشتى - پاناھىمىز ئۆزىڭىز ئەمىرزا- دەم ! پەنجلىنى قولغا چۈشۈرگەن شىل - شەرىپىڭىز بىلەن پايتەختتىكى ئىخلاسمەن- لىكىڭىزمۇ بىلىش كۆتۈرگۈسىدۇر ، ئىلاھىم ، پاك مۇسۇلمانچىلىقنى دەھرىي ئاتىگىز- نىڭ تاجاۋۇزىدىن ساقلاپ قېلىش ، سىز مۇھەممەد ھەكىم ھەزرەتلىرىگە نېسىپ بولسۇن ! »

ئەكبەر ئوغلى سەلىمگە قاراپ :

— ھېلىگەر مۇتتەھەمنىڭ تۆھمىتىنى كۆردى- ڭىزمۇ ؟ — دېدى ، — مەسكاللا ئىنىم كۈن - تۈن مەي ئىچىپ ، قۇسۇقىغا مىلىنىپ ياتسىمۇ ، مېنىڭدىن پاكراق مۇسۇلمانمىش ! ئۇ پەقەت دادامنىڭ تاشقى قىياپىتىنىلا مىراس ئالغان . . . ئۇنىڭ ئۇلپەتلىرى ئۇ- نىڭغا تازا ئىچكۈزۈپ مەست قىلغاندىن كېيىن ، ئۇنى بىزگە قارشى غازاتقا كۈندۈرگەن . مەن ئۈچ يىلدىن بېرى مەينى ئاغزىمغا ئالمىدىم . پەقەت دورا گىياھ ۋە مېۋە شەربەتلىرىدىن تەييارلانغان « ئابىھايات »

ناملىق ئىچىملىكنى ئىچىپ يۈرىمەن . ھەتتا گۆشتىن پەرھىز قىلىمەن .
جانىۋارلارنىڭ ئۆۋالىغا قالماسلىق ئۈچۈن ، ئۇۋنى مەنئى قىلدىم . قولۇم-
دىن كەلگەن بارلىق ساۋابلىق ئىشلارنى قىلسامۇ ، شامەنسۇر مېنىڭ
خىزمىتىمدە يۈرۈپ بۇنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپسا بولامدۇ ؟ بىلىپ تۇرۇپ
خىيانەت قىلغان ئادەمنى قانداق جازالايمىز . . .

— ھەزرەت دادا ، — دېدى سەلىم ، — بەلكى بۇ خەتنى شا-
مەنسۇر يازمىغاندۇ ؟ ئېھتىمال ، باشقىلار يېزىپ . . . ئۆلگەن ئەمىرنىڭ
يانچۇقىغا سېلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىنغۇ ؟

ئەكبەر يالت قىلىپ ئوغلىغا قارىدى :

— ئەجەبا ، ساڭا بۇ گۇماننى كىم ئۆگەتتى ؟

— ئۆزۈم . . . ئۆزۈمنىڭ خىيالىغا كەلدى . شېرخان شۇنداق
ئىشلارنى كۆپ قىلغان . دەپ بىزگە ئۆزىڭىز سۆزلەپ بەرگەنىدىڭىزغۇ ؟

ئەكبەر ئوغلىنىڭ چىگىش ، مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە ئەقلى يې-
تىدىغان بولۇپ قالغانلىقىدىن سەگەكلىشىپ ، ئەبۇلفازىلغا سوئال نەزەرى
بىلەن تىكىلدى :

— مەۋلانە ، شامەنسۇر ئەيىبنى بويىنىغا ئالدىمۇ ؟

— قىيىن - قىستاققا ئالغاندا بويىنىغا ئالغانىدى . كېيىن يەنە تې-
نىۋالدى ، ئەمما پوچېركا ئۇنىڭ ئىكەنلىكى ئېنىق .

ئەبۇلفازىلغا شەكسىز ئىشىنىدىغان ئەكبەر :

— پوچېركا ئەڭ ئىشەنچلىك ئىسپات ، — دېدى - دە ، ئوغلى
سەلىمگە يۈزلەندى ، — سەن شامەنسۇرغا ئىچىنىۋاتامسەن ؟

— گانگ دەرياسىغا غەرق قىلىۋېتىلگەن مويسىپىت يەز-
دىيگىمۇ . . . ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ .

— رەھىمدىل بولغىنىڭ ياخشى ، ئەمما رەقىبلىرىمىز مۇراد -
مەقسەتلىرىگە يېتىدىغان بولسا ، مېنى قانداق كويلارغا سالىدىغانلىقىنى
ئويلاپ باقتىڭمۇ ؟ پۈتۈن مەملىكەتتە ماڭا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن
جاھىللار غەلىبە قىلسا ، مېنى كاپىر ، دەھرىي دەپ يۈرۈپ ئۇن جېنىم-
دىن بىرىنىمۇ تىرىك قويمايدىغۇ !

ئەكبەر بىلىدىكى كەمىرىگە ئالماس ساپلىق قىلىچنى قىستۇرۇۋالغانىدى ، سەلىم ئۇنى ئۇزۇندىن بېرى بۇگۈنكىدەك قەتئىي ۋە جىددىي قىياپەتتە كۆرمىگەنىدى .

— رەقىبلىرىم مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس ، تاشقىرىدىمۇ بىزگە قارشى خىرىس قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ ؟ — سورىدى ئۇ سەلىمدىن ، — مەۋلانە ئەبۇلفازىل ، شاھزادىگە ئەدەندىن كەلگەن خەتنى كۆرسىتىڭ !

ئەبۇلفازىل ئەدەندە دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالغان گۈلبەدەن بېگىمنىڭ خېتىنى سەلىمگە بەردى . خەتنى ئوقۇغانسېرى شاھزادىنىڭ نارازىلىقى ئېشىشقا باشلىدى .

«دۇنيادا يېگانە نىجاتكارىم بولغان ھەزرىتى ئەكبەرجان ! — دەپ يازغانىدى گۈلبەدەن بېگىم ، — يېشىم ئاتمىش بىرگە كىرگەندە بېشىمغا بۇنداق قارا كۈنلەر چۈشەر دەپ ھېچ ئويلىمىغانىدىم . بابۇرىيلار خانىدانىنىڭ ئەڭ يېشقەدەم مويسىپىتى مەن بولغاچقا ، ئەرەبىستانغا بېرىپ ، كامالى مەرزىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلماقچى ئىدىم . ھەزرەت ئاتاڭنىڭ تەبىئىتىدىكى سayaھەتچىلىككە ھەۋەس قىلىش ماڭىمۇ ئازراق ئۆتكەنىكەن . دېڭىزدا ئۈزۈش ، كۆرمىگەن جايلارنى كۆرۈش ئارزۇسىدا يولغا چىقتىم . ئۇ چاغلاردا بۇنداق ئىسيانلار باشلانمىغانىدى . سىز بىزگە «تېزراۋ» دېگەن ياخشى دېڭىز كېمىڭىزنى بەرگەنىدىڭىز ، ئەرەب دېڭىزىدىن ئامان - ئېسەن ئۆتكەندىن كېيىن ، ھىندىستاندا سىزگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىدىم . سىزدىن زەربە يېگەن بارتاللىي دەردىن شەيخ - ئۆلىمالار ئەدەنگە پاناھلىق تىلەپ كەلگەنىكەن . ئۇلار جاھىللارنى بىزگە قارشى قوزغىتىپتۇ . ئەدەن ھاكىمى گويا بىزنى تاشقى تاجاۋۇزچىلاردىن ھىمايە قىلماقچى بولغاندەك ، كۆرۈمسىز بىر بىناغا كىرگۈزۈپ ، ئەترابىمىزغا قورۇقچىلارنى قويدى . «تېزراۋ» كېمىمىزنىمۇ ئاللىقاياققا ئېلىپ كېتىپ دېڭىز بويىدىكى بىر دالىغا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ . كۈنلەر ، ھەپتىلەر ئۆتتى . بىز رېجىمغا ئېلىنغانلىقىمىزنى سېزىپ ، ھاكىمدىن بىزنى دەرھال قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلدۇق . شۇنىڭدىن كېيىن ھاكىم بىزنىڭ يېنىمىزغا شەيخۇلئىسلامنى ئەۋەتىپ قورقۇنچلۇق گەپلەرنى قىلدى . ئۇنىڭ ئېيتىشى-

چە ، سىز كاپىر بولۇپ كېتىپتىمىشسىز ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز سىزدىن ۋاز كېچىش-
مىز لازىممىش . مۇھەممەد ھېكىمنى ھىندىستان تەختىگە ئەڭ مۇناسىپ تاجدار دەپ
شەيخۇلئىسلامغا كاپالەت بېرىشىمىز لازىممىش ! ئۇلۇغ بابۇرنىڭ پەرزەنتلىرى ئا-
رىسىدا تىرناق قالغىنى پەقەت مەن ! يېشىم ئاتمىشتىن ئاشقاندا شۇنداق خىيانەت يو-
لىغا كىرەمدىمەن ؟! خائىن بولۇپ ياشىغىنىمدىن كۆرە ، ئاتامنىڭ روھىغا سادىق بو-
لۇپ ، سىز ئۈچۈن جان بېرىشنى ئەۋزەل دەپ بىلىمەن . شەيخۇلئىسلامغا بۇ گەپنى
ئۇدۇل ئېيتتىم .
مەنغۇ يېشىمنى ياشاپ بولغان . لېكىن سىز ماڭا قوشقان قورۇقچى يىگىت-
لەرگە ، ياش كېنىزەكلەرگە ئىچىم ئاغرىيدۇ . ھەزرىتىم ئەكبەرجان ، ئاخىرقى
نەپسىم قالغۇچە سىزگە ساداقەتمەن بولىمەن . ئىلاج قىلالىسىڭىز بىزنى بۇ يا-
ۋۇزلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتقۇزۇڭ !
يىغلاپ تۇرۇپ خەت يازغۇچى : ھامىڭىز گۈلبەدەن بېگىم . »

خەتنىڭ سەلىمگە قاتتىق تەسىر قىلغانلىقىنى ئەكبەر ئۇنىڭ يال-
تىراپ كەتكەن كۆزلىرىدىن بايقىدى .
— رەقىبلىرىمىزنىڭ نائىنساپلىقىنى كۆردىڭمۇ ؟ — دېدى
ئۇ ، — كابۇلدىن ھاراقكەش ئىنىمنى ماڭا قارشى قوزغاتقانلىقىنى ئاز
دەپ ، ئەمدى ھەجگە كەتكەن ھامماممۇ دۈشمەنگە ئايلاندۇرماقچى
بوپتۇ . ئەمما بىزنىڭ تەرەپدارلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس . ئەدەندىن بۇ خەتنى
بىزگە قىلىچخان ئەنجانى ئېلىپ كەلدى . قىلىچخاننى تۈرك كېمىچىلىرى
دېڭىزدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ . بىز ئەمدى ئەنە شۇ كېمىدە سۇلتان
مۇرادقا ئەلچى ئەۋەتمەكچىمىز . ئەدەنمۇ تۈرك سۇلتانىنىڭ تەسىر دائى-
رىسىگە كىرىدىكەن . ئۈمىدىم باركى ، بىزنىڭ تۈرك سۇلتانىغا ئەۋەتكەن
ئەلچىمىز ، يوللىغان مەكتۇپىمىز بىكارغا كەتمەيدۇ ! ساداقەتتە تەڭداش-
سىز ھامىمىز گۈلبەدەن بېگىمنى ئاسارەتتىن قۇتقۇزمىغۇچە توختىماي-
مىز .
دادىسىنىڭ بۈگۈنكىدەك جىددىيلىشىشىگە سەۋەبلەرنىڭمۇ تولۇق
ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلگەن سەلىم :

— ھەزرىتى ھامىمام قايتىسىلا مەن ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالىمەن ! — دېدى .

— تەگرىم سېنى شۇ نىيىتىڭگە يەتكۈزگەي ، ئوغلۇم ! دۈشمەنلەر بىزگە ناھايىتى يىراق ئەدەندىمۇ شۇنچىلىك شەپقەتسىزلىك قىلىۋاتقانىكەن ، بىز نېمىشقا ئۇلارنى ئايايمىز ؟ ھايات ـ ماماتلىق كۈرەشتە يۇمشاقلىق قىلىشقا بولمايدۇ !

ئەكبەر ئەبۇلفازلغا يۈزلەندى :

— بارلىق ئىچكى ـ تاشقى دۈشمەنلەرگە ساۋاق بولسۇن ئۈچۈن شامەنسۇر يوغان دەرەخكە ئېسىپ ئۆلتۈرۈلسۇن ! بىزنىڭ ياخشىلىقىمىزغا يامانلىق بىلەن جاۋاب بەرگەن خائىنلار بۇنى ئۇزاققىچە يادىدا تۇتىدىغان بولسۇن ! بارلىق قوشۇن شامەنسۇر ئېسىلغان دەرەخنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈلسۇن .

ئەتىسى كۈن بويى داماما دېگەن يوغان دۇمباقلار دەھشەتلىك سادا بىلەن چېلىنىپ تۇردى . جاللات يوغان دەرەخنىڭ شېخىغا جازا سىرتمىقى سالدى . قولى باغلانغان شامەنسۇرنى سىرتماق تېگىگە ئېلىپ كېلىۋاتقاندا ئۇ جان ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى :

— مەن خائىن ئەمەس ، تۆھمەت قىلغانلارنى بىگۇناھ قېنىم تۇتسۇن !

ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدى ، لېكىن جاللاتلار ئۇنىڭ بوينىغا تېزلا سىرتماق سېلىپ ئارقانىنىڭ ئۇچىنى تارتىشتى . شامەنسۇرنىڭ گەۋدىسى يەردىن ئۈزۈلۈپ ، ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە بىر ـ ئىككى قېتىم تولغۇنۇپ قىسقىراپ كەتكەندەك كۆرۈندى . ئۇ جان بەرگەندىن كېيىن بولسا ، گەۋدىسى سوزۇلۇپ ئاۋۋالقىدىن خېلىلا ئۇزۇن كۆرۈنۈشكە باشلىدى .

سەلىمنىڭ بىغۇبار كۆڭلى بۇ ھادىسىدىن شۇنداق دەھشەتكە چۈشتىكى ، كېچىلىرى تەر بېسىپ ئويغىنىپ كېتىدىغان ، ئەبۇلفازلدىنمۇ ھېيىقىپ ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدىغان بولۇپ قالدى .

× × ×

مۇھەممەد ھەكىم ئۇتتۇرا ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، بىرەر قېتىم چوڭ جەڭلەرگە قاتنىشىپ باقمىغانىدى. ئەكبەرنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئىككى ھەسسە كۆپ قوشۇن بىلەن پەنجاپقا بېسىپ كىرگەنلىكى، شامەنسۇرنىڭ دەرەخكە ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، گانگ دەرياسىدا يەزدىنىڭ سۇغا غەرق قىلىنغانلىقى مۇھەممەد ھەكىمنى ۋەھىمىگە سالدى. كابۇلدىن ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن بەگ ـ ئۆلپەتلىرىمۇ تەشۋىشكە چۈشتى. مەسلىھەتلەردە:

ـــ تېزراق ئىلابدىن ئۆتۈپ، كابۇلغا قايتايلى، ـــ دېگەن تەكلىپلەر چۈشتى.

مۇھەممەد ھەكىم لاھۇرنى قامال قىلىشنى توختىتىپ شىمالغا قاراپ يول ئالدى. بۇخارادا ھاۋا توساتتىن ئىسسىپ تاغلاردىكى مۇزلار ۋە قارلار تەدرىجى ئېرىشكە باشلىدى. يامغۇر پەسلىمۇ ئادەتتىكىدىن نەچچە ھەپتە بالدۇر باشلاندى. تىنىق پەيتتە ئىل رەڭ قوشۇۋېتىلگەندەك كۆكۈش كۆرۈنىدىغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بىر نامى ئىلاب دېيىلىدىغان ھىند دەرياسى ئەمدى كۆل رەڭ سەلدەك ئېقىپ، يوغان تاشلارنى دومىلىتىپ ۋەھىمە بىلەن شارقىراپ ئاقاتتى. مۇھەممەد ھەكىم ئۈچ ـ تۆت كۈن دەريا سۈيىنىڭ پەسىيىشىنى كۈتتى، ئەمما ئېقىم پەسىيىش ئورنىغا كۆتۈرۈلۈپ، كېڭىيىپ كېتىۋاتاتتى. يامغۇر پەسلى ئەۋجىگە چىقسا، بىر ـ ئىككى ئاي پەنجاپتا قالماي بولمايدىغانلىقى، بۇ ئارىدا ئەكبەر يېتىپ كېلىپ ئۇنى تارمار قىلىۋېتىدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى. مۇھەممەد ھەكىمگە ئاكىسى دەريا تاشقىنىدىنمۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. شۇڭا ئۇ تەۋەككۇل قىلىپ قوشۇننى نەرە تارتىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا باشلاپ كىردى. ھىند دەرياسىنىڭ رەھىمسىز دولقۇنلىرى ئىچىدە ئۇنىڭ مىڭدىن ئارتۇق بەگ ـ ئەسكەرلىرى غەرق بولۇپ كەتتى. زور ئېقىن مۇھەممەد ھەكىمنىڭ ئۆزىنىمۇ قاينامغا تارتىپ كېتىۋاتقاندا سۇچى يە-

گىتلىرى ئۇنى مىڭ تەستە قۇتقۇزۇپ قارشى قىرغاققا ئېلىپ چىقتى.

ئەكبەر ئۇنى تەقىپ قىلىش ئۈچۈن، نىلاب دەرياسى بويىغا يېتىپ كەلگەندە، ئىنىسى ئاللىقاچان كابۇلغا بېرىپ بولغانىدى. ئەللىك مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەرنى ئاۋارە قىلىپ كابۇلغا بېرىپ يۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئەكبەر دەريا بويىدا توختىدى ـ دە، ئىنىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى شۇ يەرگە چاقىرتتى. لېكىن، گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىنى سەزگەن ئىنىسى ئۆزى كېلىشتىن قورقۇپ، ئۇن ئۈچ ياشلىق ئوغلى قەيقۇبادنى جاۋاب خەت بىلەن ئەۋەتتى. ئۇ: «مەن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ خاتا قىلدىم. ئەگەر ئەپۇ قىلسىڭىز، قالغان ئۆمرۈمنى كابۇلدا سىزگە ساداقەتمەنلىك بىلەن ئۆتكۈزسەم.» دېگەن گەپلەرنى يازغانىدى. بۇ گەپلەرنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكى سېزىلىپ تۇراتتى. مۇھەممەد ھەكىم ھازىر سەراتان ئېيىدا يامغۇر ئەۋجىگە چىقىپ، دەريا تاشقىنلاۋاتقانلىقىنى، ئەكبەرنىڭ قوشۇنى ھازىرچە شىمالىي قىرغاققا ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. يامغۇر پەسلى تۈگىگۈچە كۈز كېلىپ، ھىندىقۇش تاغلىرىغا قار چۈشەتتى، ھەيبەر داۋىنى تاقىلاتتى. ئەكبەرنىڭ كۆپچىلىك ئەسكەرلىرى سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ھىندىستانلىق يىگىتلەر بولۇپ، پىللارمۇ قارلىق يولدا ماڭالمايتتى. ئەكبەر بۇنىڭغا قارىماي، كابۇلغا قوشۇن تارتىپ كېلىدىغان بولسا، مۇھەممەد ھەكىمنىڭ ئۇنى يېڭىشى ئاسان بولاتتى.

ئىنىسىنىڭ بۇ مەككارلىق ھىيلىسىنى سەزگەن ئەكبەر:

— ياخشىلىق بىلەن يەشكىلى بولمايدىغان تۈگۈنىنى قىلىچ بىلەن كېسىشتىن باشقا يول يوق! — دېدى.

سەد ئېيىدا دەريا سۈيى سەل پەسىيىشى بىلەنلا ئۇ پۈتۈن قوشۇنىنى شىمالىي قىرغاققا ئۆتكۈزدى.

شاھزادىنى تاشقىنلاۋاتقان دەريادىن ئۆتكۈزۈشتە، ئالبىرت پېرېرا ئۆزىنىڭ سۇ ئۈزۈشكە ماھىرلىقىنى كۆرسىتىپ قويىدى. ئۇنىڭ دېڭىزچى ئىكەنلىكىگە شۇ كۈنى ئەكبەرمۇ ئىشەندى.

دەريادىن ئۆتكۈچە پەرەڭ مانسىپرەتىنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغى-

لىپ قالدى. ئۇنى ئەمدى قارلىق ھەيبەر داۋىنىدىن ئۆتكۈزۈش خەتەر-
لىك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەكبەر مانسېرروتېنى ئادىنەپۇر[1]دا قال-
دۇردى. ئالبېرت پېرېيرا بولسا ئەكبەردىن ئىلتىماس قىلدى:

— ھەزرىتى ئالىيلىرى، ئىجازەت بېرىڭ، مەنمۇ كابۇلغا كىرىشكە قاتناشاي، بوش ۋاقتىم چىقسا شاھزادىلەرگە خەلپە سۈپىتىدە تىل ئۆگىتىمەن.

— تىل بىلەن بىللە دېڭىزچىلىق، كېمسازلىقىنىمۇ ساۋاق بېرىڭ.

— جان دىلىم بىلەن، ھەزرىتىم. ئەگەر مۇناسىپ كۆرسەڭىز، ئۆمۈر بويى سىزنىڭ ۋە شاھزادىلەرنىڭ خىزمىتىدە بولماقچىمەن!

ئەكبەر ھەيران بولۇپ سورىدى:

— ئۆمۈر بويى دېدىڭىزمۇ! دېمەك، پەرەڭىستانغا قايتمايدىكەنسىز-دە؟!

— ئەلۋەتتە، تۇغۇلغان يۇرتۇم پورتۇگالىيە ماڭا ناھايىتى ئەزىز! ئەمما بىز تەرەپتە جاھالەت كۈچلۈك، سەل باشقىچە پىكىردە بولسىڭىز، گۇناھكار بولۇپ ئۆلتۈرۈلىسىز. پەرەڭ قۇلپۇرۇشلاردىنمۇ بىزارمەن. سىزنىڭ دەرگاھىڭىزدا روھىم يايرىماقتا. بۇ يەردە بارلىق ئىمان-ئېتىقادلار باراۋەر. تۈرلۈك مىللەت ۋەكىللىرى بىر نىيەت. ئىناقلىق سىياسىتى ماڭا بەك ياقتى. سىزگە سادىق پۇقرا بولماقچىمەن!

ئەكبەر پەرەڭلەرنىڭ مەخپىي ئىشلارنى قىلىشتا قانچىلىك ئىلگىرىلەپ كەتكەنلىكىنى ۋە قانداق يېڭى ئۇسۇللارنى كەشپ قىلىۋاتقانلىقىنى تېخى بىلمەيتتى. ئالبېرت ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئەلبېك قىلىپ ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئەكبەرگە ئىخلاس قىلىدىغانلىقىغا ئۇنى ئىشەندۈردى.

— پەرەڭلەر بىزنى ئۆز دىنىغا ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋىدى، ئەكسىچە بولدىغۇ! — دەپ ئەكبەر ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈندى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەلبېك سەلىمنىڭ خاس مۇھاپىزەتچىلىرى

[1] ئادىنەپۇر — كېيىنچە جەلالئاباددا ئۆزگەرتىلگەن.

قاتارىدا كابۇل ئۇرۇشىغا بىللە ئېلىپ بېرىلدى .

جەڭگى ـ جىددەللەرگە بەكرەك قىزىقىدىغان مۇراد مەن سىنىخ باشچىلىقىدىكى ئىلغار قىسىملار بىلەن ئالدىدا كېتىۋاتاتتى . مۇھەممەد ھەكىمنىڭ ئەسكەرلىرى كابۇل بوسۇغىسىدا مەن سىنىخ بىلەن مۇرادنىڭ ئون مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى . مەن سىنىخنىڭ راجپۇت يىگىتلىرى ۋە مۇرادقا تەشكىللەپ بېرىلگەن ئاتلىق جەڭچىلەر مۇھەممەد ھەكىم ئەسكەرلىرىنىڭ قارشىلىقىنى يېڭىپ كابۇلغا بىرىنچى بولۇپ كىرىپ كەلدى . ئارقىدىن ئەكبەرنىڭ ئۆزى قىرىق مىڭ ئەسكەر بىلەن كېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى سەزگەن مۇھەممەد ھەكىم قەلئەنىڭ نېرىقى دەرۋازىسىدىن چىقىپ شىمال تەرەپتىكى تاغقا قاراپ قاچتى . يولدا ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ئارقىغا قايتقان سىڭلىسى بەختىننىسا بېگىم ئېرى خوجا ھەسەن بەدەخشى بىلەن بىللە ئەكبەر كېلىپ چۈشكەن ئوتتۇرا باغقا باردى .

« ئەكبەر كاپىر بولۇپ سەللىمۇ ئورىماي يۈرۈپتىمىش ! » دېگەن گەپلەرنى بەختىننىسا بېگىممۇ كۆپ ئاڭلىغاچقا ، « ھەزرەت ئاكام براخمان كىيىمدە پېشانىسىگە قىزىل خال قويدۇرۇپ كەلگەن بولسا ، قانداق كۆرۈشەرمىز ؟ » دېگەن ئىزتىراپلىق ئوي بىلەن بېگىمنى غەم بېسىۋالغانىدى .

لېكىن ئۇنى ئايۋاندا كۈتۈۋالغان ئەكبەر ئاۋۋالقىدەكلا يىپەك تون كىيگەن ، بېشىغا سىماۋى سەللە ئورىغانىدى . بەختىننىسا بېگىم بىردىن ئۆزىنى ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلىدى ـ دە ، يىغلاپ كەتتى :

— گۇمراھ سىڭلىڭىزنى كەچۈرۈڭ ، ھەزرىتى ئاكىجان ! سىزنىڭ ئالدىڭىزغا چىقالمىدىم ! ساددا بولمىسام يامان گەپلەرگە ئىشىنەرمىدىم ؟!

ئەكبەر سىڭلىسىنى مۈرىسىدىن تۇتۇپ ئۆرە تۇرغۇزدى . ئۇنىڭ ياشلىق كۆزلىرىگە تىكىلىپ :

— خەيرىيەت ، سىز ئۆزىڭىز كەلدىڭىز ، — دېدى ، — لېكىن ئىنىمىز نېمىشقا قېچىپ يۈرىدۇ ؟ مۇھەممەد ھەكىمدە سىزچىلىكمۇ جۇر-

ئەت يوقمۇ ؟

— ئىنىڭىزنى ئۆلپەت بەگلىرى قورقۇتۇپ بىللە ئېلىپ كەتتى . « سىزنى ھەجگە ماڭغۇزۇپ ئۆلتۈرىدىكەن . كامىران مىرزىدەك كور قىلىدىكەن » دېسە ، مۇھەممەد ھەكىم شۇنىڭغا ئىشىنىپ قېچىپ كەتتى .

— ئەمما ئاشۇ بەگلەرنى تۇتقۇزۇپ تىرىپىرەن قىلىۋېتىمەن . ئىنىمىزنىڭ كەينىدىن قوشۇن ئەۋەتسەم ، ھەممىسىنى تۇتۇپ كېلىدۇ !

— ھەزرىتى ئاكىجان ، ئىنىڭىزنىڭ نىيىتى يامان . ئۇ سىزگە تۇتۇق بەرمەي بەلختىكى شەيبانىخان ئەۋلادلىرى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ . ئۇلاردىن شۇنداق تەكلىپ بىلەن ئەلچى كەلگەنىدى . توپىلاڭ سەل بېسىققۇچە قوشۇن ئەۋەتمەي تۇرۇڭ . يامان نەتىجە چىقىپ قالمىسۇن !

ئوتتۇز تۆت ياشقا كىرگەن بەختىنىسا كابۇلنىڭ ئەڭ ئەقىللىق ، پىكىرلىك ئاياللىرىدىن بىرى سانىلاتتى . چوڭ ئانىسى ماھىم بېگىمنى كۆرگەن ئادەملەر بەختىنىسانى ئاشۇ دانا ئايالغا ئوخشىتاتتى . ئانىسى نارچۇچۇك بېگىم ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى ، كابۇلنى ئىدارە قىلىشتا ھاراقكەش مۇھەممەد ھەكىمگە مۇشۇ سىڭلىسى ياردەم بېرىپ تۇرغانىدى بىراق ، كېيىنكى چاغلاردا ئۇ بەختىنىسانىڭ مەسلىھەتىنىمۇ ئاڭلىماي يۈرگەنلىكتىن ، نۇرغۇن پالاكەتلەرگە ئۇچرىغانلىقىنى ئەكبەر مەخپىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ مەلۇماتىدىن بىلگەنىدى .

— بەختىنىسا ، بۈگۈندىن باشلاپ سىز مېنىڭ ئىنىم ! — دېدى ئەكبەر ، — مۇھەممەد ھەكىم مەن ئۈچۈن ئاللىقاچان ئۆلدى . سىزنىڭ دېگىنىڭىز توغرا . ئۇنىڭ كەينىدىن قوشۇن تارتىپ ئەۋەتىشكە ئەرزىمەيدۇ .

ئەكبەر ئۆزىنىڭ كابۇلدا تۇرالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى . سۇنبۇلە ئېيى كىرىپ ، ئەتراپتىكى تاغلارغا قار چۈشتى ، كېچىلىرى سوغۇق ئىدى . داۋانلار ئېتىلىپ قېلىشتىن بۇرۇن ، تېزراق جەنۇبقا قايتىش كېرەك ئىدى . لېكىن ، ئىنىسىنىڭ ئورنىغا كىمنى كابۇلغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەش كېرەك ؟ ئاساسلىق ئىشلارنى يۈرۈشتۈرىدىغان ئەمىرلەر تې-

پىلدى . ئەمما ، پادىشاھ ئائىلىسىدىن كىم بۇ ئىشقا مۇناسىپ ؟ ئەكبەرنىڭ ئوغۇللىرى بولسا تېخى كىچىك . . .

كېچىسى خاس ھۇجرىسىدا ئەبۇلفازىل بىلەن شۇ ھەقتە مەسلىھەتلەشكەندە ، ئەكبەر بەختىنىسانى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . پەقەت ئۇنى ئايال كىشى دەپ پەسەنت قىلماسلىقى مۇمكىن .

ــ ئىراق ، جايى جەننەتتە بولغان بابۇر بوۋىڭىز ھىندىستانغا كەتكەندە ، كابۇلنى ماھىم بېگىمگە تاپشۇرغانلىقى تارىختىن مەلۇم ، ــ دېدى ئەبۇلفازىل ، ــ بەختىنىسا بېگىممۇ ئاشۇ ئۇلۇغ مومىڭىزغا ئوخشايدىكەن . مۇنىمخان شۇنداق دەيدۇ .

ــ بەختىنىسا مۇھەممەد ھەكىمدىن ئون ھەسسە ئەقىللىق ، ــ دېدى ئەكبەر ، ــ پەقەت ئۇنىڭغا قابىلىيەتلىك بىر ئەمىر ياردەمچى بولۇشى لازىم .

ئىككىيلەن كېڭىشىپ بۇ ئىشقا مەن سىنىخنى مۇناسىپ كۆردى ـ دە ، ئۇنى بەش مىڭ راجپۇت يىگىت بىلەن كابۇلدا قالدۇردى . بۇنداق بولغاندا شىمالدىكى شەيبانىخان ئەۋلادلىرىمۇ تاجاۋۇز قىلالمايتتى . مۇتەئەسسىپ شەيخلەرمۇ مەن سىنىخنى يولدىن ئازدۇرالمايتتى . مەن سىنىخ ئەكبەرنىڭ دۈشمەنلىرىگە تەك كېلەلەيتتى . ئادەملىرى ئۇنى بىكاردىن ـ بىكار « ئەكبەرنىڭ قىلىچى » دېمىگەن !

ئەكبەر سىڭلىسى بەختىنىسا بېگىمنى مۇھەممەد ھەكىمنىڭ ئورنىغا كابۇل ھۆكۈمرانى قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن ، مەن سىنىخ شەھەر باشلىقى ۋە لەشكەر بېشى بولدى . سەل بالدۇر كەلسىمۇ ئېيتىپ قويۇشقا بولىدۇكى ، ئەكبەر ھىندىستانغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ، مۇھەممەد ھەكىم تاغ ئارىسىدا سىڭلىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ كابۇلغا قايتىشقا رۇخسەت ئالدى . لېكىن مەن سىنىخ ئۇنى ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا يېقىن كەلتۈرمىدى . ئەمىلىدىن چۈشۈپ ، ھەممىنىڭ نەزەرىدىن قالغان مۇھەممەد ھەكىم ئاۋۋالقىدىن بەكرەك هاراققا بېرىلىپ كەتتى . ئاخىرقى قېتىم ئىككى كېچە ـ كۈندۈز بولۇشىچە هاراق ئىچىپ ، مەستلىكتە جان بەردى . بەختىنىسا بېگىم بېرىپ كۆرگەندە ، ئۇنىڭ جەستى

كۆمۈردەك قارىداپ كەتكەنىدى.

× × ×

كابۇلدا ئۆتكەن بىر ھەپتىنىڭ سەلىم ئۈچۈن ئەڭ ئۇنتۇلماس كۈنى — ئۇلۇغ بوۋىسى بابۇرنىڭ مەقبەرىسىگە بارغان چاغلىرى بولدى. پەنجاپتا سەلىم بىلەن دادىسىنىڭ ئارىسىدا پەيدا بولغان كۆڭۈلسىزلىكمۇ شۇ كۈنى تارقىدى. سەلىم دادىسىغا ئەبۇلفازلدىنمۇ يېقىنراق بولۇشنى ئويلايتتى. بۈگۈن ئەكبەرنىڭ ئەبۇلفازلنى پەستە قالدۇرۇپ، پەقەت ئوغۇللىرى بىلەنلا گۈزەرگاھتىكى بابۇر بېغىغا چىققانلىقى تۇنجى ئوغلىغا ناھايىتى يېقىپ كەتتى.

— مېنىڭ بۇ يەرلەرگە كەلمىگىنىمگە يىگىرمە يەتتە يىل بوپتۇ! — دېدى ئەكبەر ۋە ئاخىرقى قېتىم شۇ مەقبەرىنىڭ ئالدىدا ئەما تاغىسى كامران مىرزا بىلەن قانداق ئۇچراشقانلىقىنى ئوغۇللىرىغا ئېيتىپ بەردى. ھۇمايۇن ئۆز ئىنىلىرى بىلەن ياراشقان كۈنى تىككەن تۆت تۈپ چىناردىن ئىككىسى قاپتۇ. بابۇرنىڭ ئۆزى قازدۇرغان ئېرىقمۇ تىنىپ قاپتۇ. بابۇر بېغى تاشلاندۇق ئەھۋالدا، دەرەخلىرى سارغىيىشقا باشلاپتۇ.

— مۇھەممەد ھەكىمنى جىن ئۇرغانلىقى يالغان ئەمەس ئىكەن. مۇشۇنداق ئەزىز جاينى تاشلاپ قويۇپتۇ! — دەپ ئەكبەر ئىنىسىدىن يەنە بىر قېتىم رەنجىدى.

سەلىمنىڭ كۆزىگە مەقبەرە مۈگدىنىپ قارىغاندەك كۆرۈندى. مەقبەرە ئۈستىدىكى قارا گۈللۈك قىزىل مەرمەرگە چاڭ - توزان قونغانىدى. ئەكبەر مەرمەرنىڭ تېمىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ پېشانىسىگە سۈردى. بۇنىڭ بىلەن بوۋىسىنىڭ خاتىرىسىنى قانچىلىك مۇقەددەس بىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ روھىنى قانچىلىك ئەزىزلەيدىغانلىقىنى ئوغۇللىرىغا كۆرسەتكەندەك بولدى. ئاۋۋال سەلىم، ئاندىن مۇراد ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىكى چاڭلارنى بارماقلىرىغا ئېلىپ پېشانىلىرىگە سۈرتتى.

ئۇچەيلەن قەبرىنى زىيارەت قىلىپ قايتقاندىن كېيىن ، ئەكبەر ئوغۇللىرىغا شىمال تەرەپتىكى تاغلارنى كۆرسەتتى :

— ھەزرەت بوۋىمىز ئاشۇ تاغلار كەينىدىن كەلگەن . سەمەرقەند ، پەرغانە ، تاشكەنت تەگداشىمىز جايلار ! . .

— سىز تۇرانغا قاچان بارغان ، ھەزرەت ئاتىجان ؟ — دەپ سورىدى مۇراد .

— بالىلىقىمدا . . . چۈشۈمدە كۆرگەندىمەنمۇ ياكى قېنىمدا بارمۇ . . . بوۋىلىرىمىزنىڭ يۇرتىنى سېغىنىپ ياشاۋاتىمەن . تۇران ھازىر غېچە شەيبانىخانلارنىڭ قولىدا . كابۇل ، پەتھپۇردا قۇرغان ئابىدىلىرىمىزنى پەرغانە ، بۇخاراغىمۇ قۇرغان بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى !

— تۇراندا بىزگە خەيرخاھ ئادەملەر كۆپمىشقۇ ! — دېدى سەلىم ، — شۇلار « كېلىڭ » دەپ تەكلىپ قىلسا بولمامدۇ ؟

— تەكلىپ قىلغۇچىلار كۆپ . سەمەرقەندىن شائىر ئابدۇرەھىم مۇشقىينىڭ بىزگە ئاتاپ قەسىدە يېزىپ ئەۋەتكەنلىكىدىن خەۋىرىڭىز بارغۇ ؟

سەلىم بۇ قەسىدىنى ئوقۇغان ، ئۇنىڭ ئىككى مىسراسى ھېلىھەم يادىدا ئىدى :

سەۋادى ھىندىراقەرد ئەزلە تاقەت گۇلشەنى ھەررا ،
مۇھەممەد ئەكبەرغازىيى جالالىددىينى دۇنيا .

تەرجىمىسى :

ھىند كېڭگلەرنى ئۆلكەن بىر گۇلشەنگە ئايلاندۇردى مۇھەممەد ئەكبەرغازى جەلالىددىنى دۇنيا . ( بۇ يەردە ئەكبەرنىڭ جەلال ( نۇپ ) دېگەن ئىسمى ئاساسىغا قۇرۇلغان سۆزئويۇنى بار . )

مۇشقىينى مۇشۇ قەسىدىسى ئۇچۇن شەيبانىخانلار ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالغان ، بىچارە جەنۇبقا قېچىپ قۇتۇلغان .

— شەيبانىخانلارنى راسا بىر ئەدەپلەپ قويۇش كېرەك ! — دېدى مۇراد قىزىرىپ ، — شۇنداق قۇدرەتلىك مەملىكىتىمىز بار ، ھەزرىتى ئاتىجان ! تۇرانغا قوشۇن تارتىپ بارساق ، تەرەپدارلىرىمىز قوچاق ئېچىپ چىقالامدۇ ؟

ئەكبەر ئېغىر تىنىپ دېدى :

— تۇراندا ھازىر رەقىبلىرىمىز كۆپىيىۋاتىدۇ . ۋەزىيەت يامان . بىز ھىندىستاندا قىلغان ئىسلاھاتلارنى شەيبانىخان ئەۋلادلىرى سەمەرقەند ، پەرغانە ئاھالىسىغا پۈتۈنلەي يەتكۈزۈپتۇ . ئۇلۇغبەگنى ئۆلتۈرگەن جاھىللار تۇراندا بىزگىمۇ قىلىچ بىلەۋىتىپتۇ . بۇنىڭ ئۈستىگە ، ھىندىستاندا رەقىبلىرىمىز باش كۆتۈردى . ھەتتا ئەدەندە ھەزرەت ھامىمىزنى ئاشۇلار رېجىمگە ئاپتۇ . ئۇ كىشىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ، پايتەختكە تېزراق قايتىشىمىز كېرەك ، ئوغۇللىرىم !

شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ خىياللىرى جەنۇبقا كەتتى . ئەكبەر ئوغۇللىرىغا جەنۇب تەرەپتىكى كابۇل دەرياسىنى كۆرسەتتى :

— مانا شۇ كابۇل دەرياسى ھىند دەرياسىغا قويۇلغان جايدا ، مەن بىر ئاجايىپ - غارايىپ ھېكايە ئاڭلىغانىدىم . بوۋىمىز ھەققىدىكى بۇ ھېكايىنى ئافغانلار توقۇغانمۇ ياكى ھىندى خەلقى ياراتقانمۇ ، ئېنىق بىلمەيمەن . ئەمما بۇ ھېكايە شۇ ئىككى يۇرتنىڭ چېگرىسىدا پەيدا بولغانمىش .

— مەزمۇنى مۇنداق : رەھمەتلىك بوۋام دەريا بويىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ شېئىر يېزىۋاتقانىكەن . ئارقىدىكى ئورماندىن بوۋامنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى خەنجەرنى قولىغا ئېلىپ يېقىنلاپ كەپتۇ . بوۋام بىلەن بولغان جەڭلەردە بۇ ئادەمنىڭ ئاكىسى ئۆلگەچكە ، قىساس ئالماقچى ئىكەن . دەريا ساھىلىدا ئىككى - ئۈچ بالا سۇغا ياغاچ تاشلاپ ئويناۋاتقانىكەن . باللارنىڭ بىرى ئويۇنغا بېرىلىپ ، سۇغا چۆكۈپ كېتىپتۇ . ئىككى دەريا قوشۇلغان جايدا دەريا ئېقىنى شىددەتلىك بولۇپ ، ھېلىقى بالىنىڭ غەرق بولۇشى مۇقەررەر ئىكەن . قىرغاقتا قالغان باللار داد - پەرياد سېلىپ ، بوۋامدىن ياردەم سوراپتۇ . بابۇر بوۋىمىز دەريادا ئېقىپ كېتىۋاتقان بال-

نىڭ كەينىدىن ئۆزىنى سۇغا ئېتىپتۇ. ئۇ زات سۇدا ياخشى ئۈزىدىكەن. ئۇنىڭ گانگ دەرياسىنىڭ ئۇ قىرغىقىدىن بۇ قىرغىقىغا نەچچە قېتىم ئۇ- زۇپ ئۆتكەنلىكى ئۆمۈر كىتابىغا يېزىلغان. ئوقۇغانمۇ سىلەر؟ — ئەك- بەر ئوغۇللىرىغا سوئال نەزەرى بىلەن تىكىلدى.

كىتابنى ئاز ئوقۇيدىغان ئويۇنچى مۇراد نېمە دېيىشنى بىلەلمەي يەرگە قارىدى.

— مەن ئوقۇغان، — دېدى سەلىم، — پەقەت گانگلا ئەمەس. ئۇلۇغ بوۋىمىز يولدا ئۇچرىغان دەريالارنىڭ ھەممىسىنى ئۈزۈپ ئۆتكەنىكەن.

— ئەنە كۆردۈڭمۇ؟ — دەپ ئەكبەر مۇرادقا قارىدى، — سەنمۇ ئوقۇپ چىق. گېپىمىزگە كەلسەك، رەھمەتلىك بوۋام دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن ھېلىقى بالىنى قۇتقۇزۇپ چىقىپتۇ. خەنجىرىنى يالىڭاچلاپ، يەڭ شىمايلاپ كېلىۋاتقان قانخور دۈشمەن قارىسا، قۇتقۇزۇلغان بالا ئۇ- نىڭ كىچىك ئوغلى ئىكەن. ئۇ «ئەمدى مەن بالامنى قۇتقۇزغان ئادەمنى ئۆلتۈرەمدىمەن؟» دەپ ئۆزىدىن قاتتىق رەنجىپتۇ-دە، خەنجىرىنى بابۇر بوۋىمىزغا تۇتۇپ دەپتۇ: «بالامنى تىرىك قۇتقۇزۇپ چىقتىڭىز، ئەمدى يامان نىيىتىم ئۈچۈن شۇ خەنجەرنى ماڭا تىقىشقا ھەقلىقسىز!» بابۇر بوۋىمىز ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى سوراپ بىلگەندىن كېيىن، خەن- جەرنى دەريا ئوتتۇرىسىغا تاشلىۋېتىپ: «بۇ تىغ — ئاداۋەت تىغى ئە- كەن، سۇغا غەرق بولۇپ كەتسۇن» دەپتۇ. بالىنى دادىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ مۇنداق دەپتۇ: «بالا — كەلگۈسىمىزدۇر، بىللە ئاسرايلى»①

ئەكبەر ئوغۇللىرىغا بىرمۇبىر قاراپ قوشۇپ قويدى:

— كىم بىلىدۇ، شۇ چاغدا بوۋىمىز دەريادىن قۇتقۇزۇپ چىققان بالا ياكى مەن، ياكى سەلىم ياكى مۇرادتۇر. ئەگەر بوۋىمىز ئەگرەدە دادامنى ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتقۇزۇپ قالمىغان بولسا، مەنمۇ بولمايتتىم،

---

① بابۇر ھەققىدىكى بۇ ھېكايىنىڭ خەلق ئارىسىدا ھازىرغىچە ئېيتىلىپ يۈرگەنلىكىنى 1983 - يىلىدا ئافغانىستاننىڭ جەنۇبىدا — جەلالئاباددا بىر يىل تەرجىمان بولۇپ ئىشلەپ كەل- گەن تاشكەنتلىك ئالىم سۆزلەپ بەرگەن.

سىلەرمۇ بولمايتتىڭلار.

— راست، — دەپ باش لىڭشىتتى مۇراد.

سەلىم ئويچان ئىدى. ئەكبەر ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بوۋىمىز قوتقۇزغان ئاشۇ ئىستىقبالنى مەن سىلەرگە، سىلەر ئۆز ئەۋلادىڭلارغا خىيانەت قىلماستىن، تېخىمۇ كامال تاپقۇزۇپ يەتكۈزۇشىمىز كېرەك. مانا شۇ مەقبەرە تۇرغان جاي بىزنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ زىيارەتگاھىمىزدۇر. بۇ يەرنى تاشلاپ قويساڭلار، مۇھەممەد ھەكىمنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالىسىلەر. بۇنداق ئاقىۋەتتىن سىلەرنى خۇدا ساقلىسۇن.

ئەكبەر ئىككى ئوغلىنى ئەگەشتۈرۈپ پەستە ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغان ئەبۇلفازل ۋە باشقا بەگ - خېنىملارنىڭ ئالدىغا باردى ھەمدە كابۇل شەھىرىنىڭ باشلىقى مەن سىنخقا بۇيرۇدى:

— مەھەراجە، دەرھال بۇ تاغقا يۈزچە ئادەم ئېلىپ كېلىپ، ئىلگىرىكى ئېرىقلارنى چاپتۇرۇڭ. ئۈچ كۈندە بۇ يەرگە سۇ كەلسۇن، باغ ئاۋات قىلىنسۇن، كابۇل ئەتراپىدىكى سۇغۇرۇلىدىغان يەرلەردىن 500 جارىب يەر بابۇر بوۋىمىزنىڭ مەقبەرىسىگە ۋەخپە قىلىنسۇن، پەرمان يېزىپ. مۇشۇ يىلدىن ئېتىبارەن، مەقبەرە ۋەخپىسى بولغان 500 جارىب يەردىن كېلىدىغان دارامەتلەر بابۇر بېغىنى ئەبەدىل - ئەبەد مۇھاپىزەت قىلىشقا سەرپ قىلىنسۇن، يەنە مەقبەرە بىلەن باغقا قاراپ تۇرىدىغان تۆت ئادەمگە دۆلەت خەزىنىسىدىن دائىملىق مائاش ئاجرىتىپ بېرىلسۇن.

ئوغۇللىرى ئالدىدا بېرىلگەن بۇ پەرمانلا كەلگۈسىدە ئۇلارنىمۇ ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىدىن ئۈلگە ئېلىشقا ئۈگىتىش ئۈچۈن ئىدى.

لېكىن، غەلىبە تەنتەنىلىرى ئىچىدە قىيىنچىلىق كۆرمەي چوڭ بولغان ئەركە ئوغۇللارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئۈلگە ئېلىشقا بولمايدىغان ئادەتلىرىگىمۇ ئەگەشكەن پەيتلىرى بولدى.

مۇراد كابۇلنى ئېلىشتا جاسارەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، دادىسىدىن مۇرەسسە خەنجىرى مۇكاپات ئالدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن نورۇز بېغىدا جەڭگىۋار بەگلەر مۇرادقا مەي تۇتتى.

— بابۇر بوۋاملار مەي ئىچمەيتتىغۇ، — دەپ مۇراد دەسلەپتە ئۇ-نىمىدى.

— بوۋىڭىز مەينى قىرىق بەش ياشقا كىرگەندە تاشلىغان، — دېدى چاغاتايخان، — ئەمما كابۇلدا ياشىغاندا ئارمانسىز ئىچكەن، خا-تىرە كىتابلىرىنى ئوقۇغانمۇسىز؟ ئۇنىڭدا دالىدا، كېمىدە، بۇلاق بو-يىدا، باغدا ھەتتا غازاڭ بولغان دەرەخلەرنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ راسا كەيپ قىلغانلىقى يېزىلغانىدىغۇ؟

ئاتا-بوۋىلىرى ھەققىدىكى بۇ گەپلەر مۇرادنىڭ ھازىرقى كۆتۈ-رەڭگۈ كەيپىياتىغا ماس كېلىپ تۇراتتى. ئاشۇ ئاخشام ئۇ بىرىنچى غەلى-بىسى شەرىپىگە مەست بولغۇچە ئىچتى. ئۇنىڭدا تېخى ئەپيۇن قوشۇلغان مەجۇنمۇ بار ئىدى.

مۇرادنىڭ ئەتكەسى زەينىددىن كۆكە ئۇنىڭ نورۇز بېغىدا مەست بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— بۇنى ھەزرەت بىلسە ئىككىمىزگە جازا بېرىدۇ، — دەپ پوپوزا قىلدى، — تاغىڭىز مۇھەممەد ھەكىمنىڭ ياشلىقىدىن باشلاپ ئىچىپ يۈرۈپ قانداق كۈنگە قالغانلىقىنى بىلەمسىز؟

— كابۇلدا بابۇر بوۋاممۇ مەي بەزمىلىرى ئۆتكۈزگەن ئىكەنغۇ؟ — دېدى مۇراد.

— قېنى، ئاۋۋال تارىخنى ئۆگىنىڭ! سىزنىڭ يېشىڭىزدا بابۇر بوۋىڭىز مەينى ئاغزىغا ئالغان ئەمەس. سىزمۇ ئۇ كىشىدەك يى-گىرمە بەش-ئوتتۇزلارغىچە سەۋر قىلىڭ. كېيىن ئازراق ئىچسىڭىز يارىشىدۇ.

مۇراد باشقىلارنىڭ ئۇنى ناھايىتى ياش دەپ كەمسىتىشىنى يامان كۆرەتتى. نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ چوڭلار قاتارىدا ھىند دەرياسىدىن ئۆ-زۈپ ئۆتتىغۇ؟ ئالدىنقى سەپتە قىلىچ يالىڭاچلاپ، كابۇلغا بۆسۈپ كىر-دىغۇ؟ دادىسى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا پۈتۈن بىر نورۇز بېغىنى بەردى. مۇراد 5000 ئەسكەرگە باشلىق، قول ئاستىدىكى بەگ-ئەسكەرلەر ئۇ-نىڭغا تەزىم قىلىپ تۇرۇشىدۇ.

شۇڭا ئۇ ئۆزىنى مەي ئىچىشكە ھەقلىق دەپ ھېسابلايتتى.

غەلىبە كەينىدىن غەلىبە كېلىپ تۇراتتى. قوۋناق بەزمىلەرنى قىلىشقا سەۋەب كۆپ. ئۇلپەت بەگلەر ئۇنى نۆۋەتمۇ نۆۋەت بەزمىگە تەكلىپ قىلىشاتتى. ئۇ دادىسى ۋە ئەتكەسىگە ئوخشىماي ئىچىپ تۇراتتى.

× × ×

سەلىممۇ ئالىلقاچان مەي ئىچىپ، مەجۇن يەپ باققان، ئۇنىڭمۇ بەزمىلەرگە ئىشتىياقى بار، لېكىن كابۇلنىڭ ئوتتۇرا بېغىدا دادىسىنىڭ كۆزى ئالدىدا ياشاۋاتقانلىقىنى سەلىم تۇيۇپ يۈرەتتى. دادىسى بىلەن بىللە گۈزەرگاھتىكى مەرمەر مەقبەرىنى زىيارەت قىلغاندىن بېرى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە «بابۇرنامە» گە ئوخشاش بىر خاتىرە كىتابى يېزىش ئارزۇسى پەيدا بولدى. چوڭ بوۋىسىنىڭمۇ ئون ئىككى ياشلاردىن باشلاپ، نەسرى مەشقلەر قىلىشقا باشلىغانلىقىنى، سەلىم ئۆز ئۇستازى پەرىد بۇخارىيدىن ئاڭلىغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خىلۋەت ھۇجرىسىدا ھازىر ھېچ نەرسە يېزىلمىغان، زەر ھەل مۇقاۋىلىق دەپتىرىنى ئاچتى ـ دە، يېنىدا تۇرغان پەرىد بۇخارىيغا قاراپ:

ـــ سەرلەۋھىسى «خاتىرات» بولسۇنمۇ؟

ـــ قايسى تىلدا يازماقچىسىز، ئەمىرزادەم؟

ـــ تۈركىيچە.

ـــ لېكىن بىر مەسىلە بار. «بابۇرنامە» نى ئەللىك يىلدىن بېرى ئۈچ قېتىم تۈركىي تىلىدىن پارسچىغا تەرجىمە قىلىشتى. كۆڭۈلدىكىدەك چىقمىدى. ئاخىر ئابدۇرەھىم خانى خاناننىڭ تەرجىمىسى ھەزرىتىمگە ياردى. كەلگۈسىدە سىزنىمۇ مۇشۇ مەسىلە ئاۋارە قىلماسلىقى ئۈچۈن بىراقلا پارسچە يازسىڭىزچۇ؟

سەلىم ياشىغان مۇھىتتا پارس تىلىنى كۆپرەك ئىشلىتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭغا پارسچە يېزىش ئاسانراق تۇيۇلاتتى. پەقەت ئۇ بوۋىلىرى مەقبۇل كۆرگەن بىرەر تۈركىي سۆزنى سەرلەۋھىگە چىقىرىشنى ئويلىغانىدى.

ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى پەرىد بۇخارىيغا يېقىپ قالدى :

— ئەمىرزادەم ، « تۈزۈك » دېگەن سۆز بار . دادىڭىزنىڭ سارىيىدا قوبۇل مۇراسىملىرىنى باشقۇرىدىغان ئادەم « مىرى تۈزۈك » دەپ ئاتىلاتتى . پېقىرنىڭ ئاڭلىشىچە ، ئەڭ كاتتا بوۋىڭىز ئەمىر تىمۇر ئۆز كاتىپلىرىغا ئېيتىپ يازدۇرغان نىزاملارنى « تۈزۈكلەر » دەپ ئاتىغانىكەن . بۇ تۈزۈكلەر بىزگە يېتىپ كېلەلمەي ، يوقىلىپ كەتكەنمۇ قانداق ، ھېچ ئۇچرىتالمىدىم .

— بولمىسا مەنمۇ ئۆز خاتىرىلىرىمنى « تۈزۈك » دەپ ئاتايمەن ! سەلىم بۇ سۆزنى دەپتىرىنىڭ بىرىنچى ۋارىقىغا چوڭ قىلىپ يازدى .

— ئىنشائاللا ، بۇ دەپتەر كەلگۈسىدە چوڭ بىر كىتابقا ئاساس بولغاي ، ئېھتىمال ، ئادەملەر بۇنى « تۈزۈكى سەلىمى » دەپ ئاتىشى مۇمكىن ، — پەرىد بۇخارىي « سەلىم » سۆزىنى « سەلىمە » دېگەندەك قىلىپ ئېيتتى .

سەلىم ئۆگەي ئانىسى سەلىمە بېگىمنى ئەسلىدى ـ دە ، چىرايىنى پۈرۈشتۈردى . شاھزادىگە ئۆزىنىڭ ئىسمى ئانچە ياقمىغانلىقىنى مەۋلانە پەرىد بۇرۇنمۇ سەزگەنىدى .

— ھە ، ئەمىرزادەم ، سىز تۇغۇلغاندا پېقىرمۇ ھەزرەت ئاتىڭىز بىلەن ئۇۋدا يۈرگەنىدىم . مەن بىلەن بىر شەھەرلىك ئەھمەد بۇخارىي سەلىم ئاتىنىڭ ئىخلاسمەنلىرىدىن بىرى ئىدى . دادىڭىز شۇ ئەھمەدنىڭ مەسلىھەتى بىلەن سەلىم دېگەن ئىسمنى قويماقچى بولغانىدى . لېكىن مەن سەلىم چەشتىنىڭ تارىخىنى بىلەتتىم . ئەسلى پالاقچىلىقتىن چىققان ئادەمنىڭ نامىنى شاھزادىگە قويۇش مۇناسىپ ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەزرىتىمنىڭ خوتۇنلىرىدىن بىرى سەلىمە ئىسىملىك تۇرسا . پېقىر ئۆزرە سوراپ : « ھەزرىتىم ، تۇنجى ئوغلىڭىزغا باشقا مۇناسىپراق ئىسىم بار ئىدى » دېدىم . « قايسى ئىسىم ؟ » دەپ سورىۋىدى ، ئەڭ كاتتا بوۋىڭىزنىڭ چوڭ ئوغلىغا « جاھانگىر » دەپ ئات قويغانلىقىنى ئەسلەتتىم . ئەمما ، سۆزۈم ئۆتمىدى . ئەمىرزادەم ! نېمە قىلاي ، بىر شەھەرلىك رەقىبىم ئەھمەد بۇخارىي دادىڭىزنى سەلىم دېگەن ئىسىمنى

قويۇشقا كۆندۈردى.

سەلىم ئېغىر خورسىنىپ، ئەلەم بىلەن باش چايقىدى:

— جاھانگىر دېگەن ئىسىم مىلك مەرتىۋە ياخشى ئىدى. نېسىپ قىلسا، قاچاندۇر بىر چاغلاردا... شۇ نامغا قايتقايمەن. ①

سەلىمنىڭ دادىسى قويغان ئىسمىدىن ۋاز كەچمەكچى بولغانلىقى مەۋلانە پەرىدىنگە باشقىچە بىر جاسارەتتەك بىلىندى.

— ئەمىرزادەم، سىز ھازىر ئون ئۈچكە قەدەم باستىڭىز، دادىڭىز شۇ ياشتا تەختكە چىققانىدى. بابۇر بوۋىڭىز پادىشاھ بولغاندا، تېخى ئون ئىككىگە توشمىغانىدى. نېسىپ بولسا، بىر كۈنى سىزمۇ تەختكە چىققايسىز! شۇ كۈننى كۆرۈپ ئۆلسەم، ئارمىنىم يوق ئىدى! چۈنكى، ئەپسۇسلىنىدىغىنىم، ھەزرەت دادىڭىز دىنلارنى بىرلەشتۈرۈش يولىغا كىردى. ھالبۇكى، غەيرىي دىندىكىلەر بىزدىن بىرنەچچە ھەسسە كۆپ، بىز ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يوق بولۇپ كېتىمىز! بۇ يول خەتەرلىك!

— مەن بۇ يولغا ھەرگىز ماڭمايمەن! — دېدى سەلىم قەتئىيلىك بىلەن.

— شۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن نىجاتلىقنى بىز سىزدىن كۈتمەكچى بولۇۋاتىمىز، ئەمىرزادەم! ھەزرەت دادىڭىزغا بەيرەمخانمۇ تەڭ كېلەلمىدى. ماھىم ئىنىكئانا، ئەنسارىمۇ ھەم. ئاخىردا، مانا يالغۇز ئىنىسى مۇھەممەد ھەكىممۇ ھالاك بولدى. بىراق، ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىغان رۇستەمى داستانغا ئاخىر ئۆزىنىڭ ئوغلى — سۇھرابنىڭ تەڭ كەلگەنلىكى «شاھنامە» دىن مەلۇم بولدى. ئىلاھىم سىز بىزنىڭ سۇھرابىمىز بولۇڭ. جاھانگىر نامى بىلەن تەختكە چىقىڭ!

سەلىم، ئەگەر بۇ گەپلەر دادىسىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بارىدىغان بولسا، مەۋلانە پەرىدىنىڭ تىرىك قالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە ئەنسىرىگەندەك ئەتراپقا قاراپ قويدى. لېكىن، ئىككىيلەندىن باشقا ھېچ كىشى يوق ئىدى. ئىشىك - دېرىزىلەر مەھكەم تاقالغان. ئۆلۈم خەۋپىدىن قورقماي شۇنداق دادىل گەپلەرنى قىلىۋاتقان مەۋلانە پەرىد

---

① سەلىم ئۆزى خاتىرىلىرىنى كېيىنچە «تۈزۈكى جاھانگىرىي» دەپ ئاتايدۇ.

سەلىمگە جەسۇر ئادەم بولۇپ كۆرۈندى .

— مەلانە ، ماڭا تاجۇ تەخت نېسىپ بولغان كۈنى بى-رىنچى خۇتبىنى سىز ئوقۇيسىز !

مەۋلانە پەرىد قاتتىق تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئال-دى ، سەلىمنى سۆيۈملۈك پەرزەنتىدەك باغرىغا بېسىپ ، يەلكىلىرىنى سى-لىدى .

ئەكبەر بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى ئارىسىغا بىرىنچى پانا شۇ تەرىقىدە قېقىلدى .

## فەتھپۇر . يەشكىلى بولمايدىغان تۈگۈنلەر

ئۇن ئاي داۋاملاشقان كابۇل يۈرۈشى ئەكبەرنى ناھايىتى چار- چاتقان ، ئۇ پايتەختتىكى ئارامگاھلار، جىمجىت كۇتۇپخانا ۋە رەسىمخا- نىلارنى سېغىنغانىدى . ئۇ كابۇلدىن قايتىپ ، فەتھپۇردا توختاپ ، چالا قالغان كۆپ ئىشلىرىنى ۋە قۇرۇلۇشنىڭ بىناكارلىق ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدىغان باشقا ئۇنلاپ ئىشلىرىنى ئاخىرىغا يەتكۈزدى . ئىلگىرى قەد كۆتۈرگەن ھەيۋەتلىك بىنالار يېنىغا « پەنج مەھەل » دەپ ئاتالغان بەش قەۋەتلىك قەسىر ، قىزلار ئۈچۈن سېلىنغان يېڭى مەكتەپ ، مەرمەر كۆل ئوتتۇرىسىدىكى گۈزەل شاھ سۇپا ، ھويلىدىكى ھەر بىر كاتەكچە- سىگە ئادەم پاتىدىغان كەڭرى شاھمات مەيدانى ۋە ئەكبەرنىڭ بىناكارلىق قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدىغان باشقا ئۇنلاپ ئابىدىلەر قوشۇلدى . فەتھپۇر قەلئەسى قۇرۇلغان چاغدا ئۇنى كېلىپ كۆرگەن ئىنگلىز سەيياھى رالف فىتچىنىڭ يېزىشىچە ، ئەكبەرنىڭ يېڭى پايتەختى شۇ ۋاقىتتىكى لوندون- دىن ئىككى ھەسسە كەڭرەك بولغان . شۇنداق زور شەھەرنى مۇكەممەل بىر سەنئەت ئەسىرىگە ئوخشاش لايىھىلەپ ، ئۇن بەش - يىگىرمە يىل ئىچىدە پۈتكۈزگەن بىناكارلارنى ئۇزاق يۇرتلاردىن كەلگەن كىشىلەر بىر كۆرۈپ كېتىشكە ئىنتىلەتتى .

قىلىچخان ئەنجانى « دەربار » دەپ ئاتىلىدىغان قوبۇل كۈنىدە ئەكبەرنىڭ ھۇزۇرىغا ئاق يۈزلۈك ، قوڭۇر چاچ ، گەۋدىلىك بىر سەي- ياھنى باشلاپ كىردى . ئۆسۈك ساقىلىغا ئاق ئارىلىغان بۇ ئادەم ، موسكۋالىق سودىگەر ماتۋېي كالىتىننىڭ ئوغلى ئاكىم ئىدى . قىلىچخان ئۇنى بۇنىڭدىن قىرىق يىل بۇرۇن ئىرانىنىڭ مازەندەرانىدا ، ھەزەر دېڭىزى بويىغا كېمىدە ئۈزۈپ كەلگەن پەيتىدە كۆرگەن . شۇ چاغدا ھۇمايۇننىڭ

ماتۋېينىڭ موسكاۋىيەدىن ئەگرەگە سوۋغا قىلىپ ئېلىپ كەلگەن سۆسەر تېرىسى ۋە قارچىغىسىغا جاۋابەن ياقۇت ئىنئام قىلغىنى قىلىچخاننىڭ ئېسىدە بار ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئاكىم ماتۋېيېۋىچ ئەدەن ئارقىلىق ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، گۈلبەدەن بېگىمنىڭ تەقدىرىدىن خەۋەر تاپقان ۋە كىيىنكى يېڭىلىقلارنى ئاڭلاپ كەلگەنىدى.

قىلىچخان بۇنىڭ ھەممىسىنى ئېيتقاندا، ئەكبەر يىراق يۇرتتىن كەلگەن مېھماننى قىزىقىپ قارشى ئالدى، ئاكىم ماتۋېيېۋىچ بېشىدىن شلەپىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى ـ دە:

— ھەزرەت ئالىيلىرى! — دەپ سۆز باشلىدى. ئۇ تۈركىي تىلنى قازاندا ئۆگەنگەن بولۇپ، بۇلغار تاتارلىرىنى ئەسلىتىدىغان تەلەپپۇز بىلەن سۆزلەيتتى، — سىزنىڭ بۈيۈك قۇدرىتىڭىزگە تۈرك سۇلتانىمۇ تەن بېرىدۇ. ئۇ ئەۋەتكەن ئەلچىڭىزنى بەك ياخشى قوبۇل قىپتۇ. ئەدەن ھاكىمىغا ئەسكەر ئەۋەتىپ، گۈلبەدەن بېگىمنى ئەسىرلىكتىن بوشىتىشقا مەجبۇر قىپتۇ. مەن ئەدەنگە كەلگەندە ئەل يۇرت شۇ ھەقتە سۆزلىشىپ يۈرگەنىكەن. بېگىمنىڭ ئۇلۇغ ئاكىسى مىرزا ھۇمايۇننى ھەزەر بويىدا كۆرگەنلىكىم يادىمغا چۈشتى. بۈيۈك پەدەرىڭىز مېنىڭ ئاتامغا چوڭ بىر ياقۇت بەرگەنىكەن. رەھمەتلىك ئاتام ئۇ ياقۇتنى ماڭا مىراس قىلىپ قالدۇرغان، مەن ھازىرغىچە بۇ ياقۇتنى يۈرىكىم قېتىدا ساقلاپ يۈرمەكتىمەن.

ئاكىم ماتۋېيېۋىچ قوينىغا قول سېلىپ، يۇمىلاق خىرۇم ھەميانىنى ئالدى ـ دە، ئاغزىنى ئاچتى. توق قىزىل ياقۇت ئەكبەرنىڭ كۆزىگە چوغدەك يالتىراپ كۆرۈندى، ئۇمۇ ئاتىسى يېزىپ بەرگەن تۈت مىسرا شېئىرىي تىلەكنى ھېلىغىچە تۇمار قىلىپ، كىيىمى ئىچىدىن ئېسىپ يۈرەتتى، كۆكرىكىنىڭ سول تەرىپىنى سىلاپ، تۇمارنىڭ سالقىن يىپى بەدىنىگە تەگكەنلىكىنى سەزگەندە، يىراق يۇرتتىن ھەم ھامىسىنىڭ، ھەم ئاتىسىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەن ئاكىم كالىتىن كۆزىگە ناھايىتى ئىسسىق كۆرۈندى.

— خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەنلىكىڭىز ئۈچۈن سىزگە

رەھمەت، جانابى ئاكىم، ئەدەندە گۈلبەدەن بېگىمنىڭ ئادەملىرىدىن كىمنى كۆردىڭىز؟

— ئەھمەد بۇخارىينى كۆردۈم. ئۇنىڭ بىلەنمۇ قىرىق يىل بۇرۇن ھەزەر دېڭىزى بويىدا تونۇشقانىدىم. ئەھمەد بۇخارىي قېرىپ مويسىپىت بولۇپ قاپتۇ.

— مەن ئۇنى ھامامغا قوشۇپ ئەۋەتكەن. ھازىر ئەھۋالى قانداق ئىكەن؟ سالامەتلىكلىرىنى سورىدىڭىزمۇ؟

— تۈرك سۇلتانى ئەدەن ھاكىمىغا پەرمان بېرىپ، بېگىمنى خۇش ھاۋا بىر سارايغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ساقلىقى ياخشى ئىكەن. پەقەت «تېزراۋ» ناملىق كېمىسى يەتتە ئاي قارىغۇچىسىز قالغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئىچىدىكى نەرسىلەرنى بۇلاپ، بەزى جايلىرىنى بۇزغانىكەن. ھازىر سىز ئەۋەتكەن كىشىلەر ئەھمەد بۇخارىي باشچىلىقىدا كېمىنى تۈزەۋاتىدۇ، بىر ئايدا تۈزەپ بولۇپ، ھىندىستانغا يول ئالماقچى.

— خەيرىيەت! — دېدى ئەكبەر يەڭگىل بىر ئۇھ تارتىپ.

ئاكىم ماتۋېيېۋىچ ئۆرۈلۈپ ئارقىسىغا قارىدى. ئۇنىڭ خىزمەتكارى ئاق يىپەككە ئورالغان چوڭ كىتابنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇراتتى.

— ھەزرىتى ئالىيلىرى! سىزنىڭ ھەممە خەلقلەرنىڭ كىتابلىرىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىڭىزنى بىزمۇ ئاڭلىدۇق. ئۇلۇغ بوۋىڭىز بابۇر شاھ باشلىغان ياخشى ئىشلارنى سىزنىڭ داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىڭىزدىن چەكسىز خۇشالمىز. بابۇر بوۋىڭىز مەملىكەتلىرىمىز تارىخىدا تۇنجى بولۇپ موسكۋاغا ئەلچى ئەۋەتكەن، بۇ ئىككى تەرەپ ئۈچۈن ناھايىتى ياخشى ئىشتۇر. بوۋىڭىزنىڭ ئەلچىسى ئۈچ يىل روسىيەنىڭ مۇرام شەھىرى يېنىدا تۇرمۇش كەچۈرگەن. مەنمۇ مۇراملىقمەن، بىزنىڭ يېنىمىزدا كېيىنكى قىرىق يىل ئىچىدە بابۇرىن دېگەن يېزا بارلىققا كەلدى. بابۇرىن دېگەن ئىسىملارمۇ بار. خەلق ئارىسىدا رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھىندى

شاھى بابۇرنىڭ ئەۋلادلىرى مۇرام ئەتراپلىرىغا كېلىپ ياشىغان-كەن. [1] ئۇلۇغ ئەدىب بولغان بوۋىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بىز سىزگە روسىيەدىن كىتاب سوۋغات ئېلىپ كەلدۇق.

ئاكىم ماتۋېيېۋىچ خىزمەتكار يىگىتتىن كىتابنى ئالدى – دە، ئەكبەرگە تۇتتى. ئەكبەر كىتابنىڭ ئۈستىدىكى ئاق يىپەك رەختنى ئې-لىۋېتىپ مۇقاۋىسىغا قارىۋىدى. چەتلىرىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن قىلىن خرۇم مۇقاۋا ئۈستىدىكى ناتونۇش ئالتۇن يېزىق كۆرۈندى.

— بۇ لاتىن يېزىقىمۇ؟ — دېدى ئەكبەر.

— ياق، بۇ رۇس يېزىقى. بۇنىڭدىن بەش يۈز يىل ئىلگىرى كىرىل بىلەن مىفۇدى ئىسىملىك ئۇلۇغ ۋەتەنداشلىرىمىز مۇشۇ ئېلىپبەنى ئىجاد قىلغان.

بەش ئەسىردىن بېرى ئۆز يېزىقىدا ئىش يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان خەلقنىڭ كىتابى ئەكبەرگە ناھايىتى قىزىقارلىق بىلىندى.

— بۇ كىتابنىڭ نامى نېمە؟

— «ئاپوستول». ئىسا پەيغەمبەرنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئون ئىككى دوستى، خەلپىسى بولغان. شۇلار بىزدە ئاپوستول دەپ ئەزىزلە-نىدۇ. سىلەردىكى چاھار يارلارغا ئوخشاش.

— ئۇنداق بولسا بۇ تەۋەررۇك كىتاب ئىكەن! — ئەكبەر سوۋ-غىنى ئەزىزلاپ كۆزىگە سۈرتتى. كېيىن ئۇنى ئېچىپ كۆرمەكچى بولغا-نىدى. لېكىن، مۇقاۋا دەرھال ئېچىلمىدى.

زەرگەرلەر خاس دىت بىلەن زىننەتلىگەن كىتابنىڭ ئالدى تەرە-پىدە قۇتىغا ئوخشاش قۇلۇپلاپ قويۇلىدىغان جايى بار ئىدى. ئاكىم مات-ۋېيېۋىچ كىچىككىنە ئالتۇن قۇلۇپنى ئېچىپ بەردى. ئەكبەر ئەلا سۆپەت-

---

[1] بۇ، بابۇر ئەلچىسىنىڭ خەلق خاتىرىسىدە ئۆزگەرگەن ۋە بېيىغان ھالدا ساقلانغانلى-قىنى كۆرسەتكۈچى رىۋايەت. بابۇرنىسكى خۇتورى، بابۇرىنا دېگەن جايلار ۋە بابۇرىن دې-گەن ئىسىملار ئى. س. تۇرگېنېفنىڭ دەۋرىدىمۇ بولغان. ئۇ «پۇنىن ۋە بابۇرىن» پوۋېستىدا پارامون سېمنوۋىچ بابۇرىننىڭ ھىندى شاھى بابۇردىن چىققانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتتىن پاي-دىلانغان. سوۋېت ئالىمى گ. ف. بىلاگوۋا بابۇرىنا دېگەن يېزىنىڭ مۇرام ۋە كىرژاچ ئەترا-پىدا 1960 – يىللاردىمۇ بولغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ.

لىنىڭ يېپەك قەغەزگە چوڭ - چوڭ ھەرپلەر بىلەن يېزىلغان تېكىستلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى . ئاكىم ماتۆپىيېۋىچقا مەنىسىنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ قولاق سالدى .

رۇسچە يېزىلغان بىر جۈملىنى ئاكىم ماتۆپىيېۋىچ :

— ھەركىمگە قىلمىشىغا يارىشا نەتىجە بېرىمەن ، — دەپ تەرجىمە قىلدى .

ئەكبەر شۇنداق جۈملىنى ياۋروپالىقلار ئېلىپ كەلگەن « ئىنجىل » دىمۇ ئۇچراتقانلىقىنى ئەسلىدى - دە :

— ئەجابا ، « ئەلقىساسۇل مىنەل ھەق » باراۋىرىدىكى ھېكمەت سىلەردىمۇ بار ئىكەنغۇ ؟ — دەپ قويدى ، — سىلەر « ئىنجىل » نى ئۆز تىلىڭلارغا قاچان تەرجىمە قىلغانىدىڭلار ؟

— ئالتە يۈز يىلدىن ئاشتى . كىيېۋرۇسى دەۋرىدە تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىغان .

— ئىبرايچىدىنمۇ ؟

— ياق ھەزرىتىم ، بىز خرىستىئان دىنىنى ۋىزانتىيىلىك گرېكلار ئارقىلىق قوبۇل قىلغان . « ئىنجىل » بىزدە گرېكچىدىن تەرجىمە قىلىنغان ، دەپ ئاڭلىغانمەن . بىزمۇ گرېكلەرگە ئوخشاش خرىستىئان دىنىنىڭ ئەڭ قەدىمكى پراۋۇسلاۋىيە مەزھىپىدە .

— ياۋروپالىقلارچۇ ؟

— ئۇلار كاتولىكلار ، ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىگە ئوخشاش ، كېيىن بۆلۈنۈپ چىققانلار .

ئەكبەرنىڭ پراۋۇسلاۋلار بىلەن كاتولىكلارنىڭ پەرقىنى بىلگۈسى كەلدى . ئاكىم ماتۆپىيېۋىچ مۇراسىملاردىكى پەرقلەرنى سۆزلەشكە باشلىغانىدى ، بۇ ئەكبەرگە زېرىكەرلىك تۇيۇلدى . بىراق ، كالىتىن كاتولىك روھانىيلىرىنىڭ ئۆيلىنىش ھوقۇقى يوقلۇقىنى ، مۇرىتلىرىنىڭ ئۆمۈر بويى بويتاق ئۆتۈشكە مەجبۇر ئىكەنلىكىنى ، پراۋۇسلاۋ روھانىيلىرى ، جۈملىدىن رۇس پوپلىرى بولسا ، بىمالال ئۆيلىنىپ بالا - چاقىلىرى بىلەن ياشايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەندە ، ئەكبەر قىزىقىپ باش

لىگشىتتى ـ دە :
ــ بۇ توغرىدا سىلەرنىڭ مەزھەپىڭلار توغرىراق ئىكەن ! ــ
دەپ كۈلدى .
ئۇ كىتابنى ۋاراقلاۋاتقاندا ، ھەر بابنىڭ باش ھەرپلىرىگە مەخ-
سۇس رەسىملەر ئىشلەنگەنلىكىنى كۆردى . بىراق ، تېكىستلەرنىڭ قولدا
كۆچۈرگەنگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى سېزىپ ، تەئەججۇپلەندى . ئاكىم
ماتۋېيېۋىچ ئۆزى ئەكەلگەن كىتابنىڭ باسمىخانىدا قانداق بېسىلغانلىقىنى
ئېيتىپ بەردى .
كىتاب بېسىش تېخنىكىسى تېخى شەرق مەملىكەتلىرىگە يېتىپ
كەلمىگەچكە ، ئەكبەر بۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى ، ئاكىم ماتۋېيېۋىچ
ئۇنىڭغا ئىۋان فىدوروۋ دېگەن كىشىنىڭ موسكۋادا بىرىنچى بولۇپ
مىلادى 1563 ـ يىلىدا قۇرغان باسمىخانىسىنىڭ بىر قېتىم تىزغاندىن كې-
يىن كىتابنى تېزلىكتە ئۇلاپ نۇسخا بېسىپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ
بەرگەندە ، ئەكبەر بۇنى ئىنتايىن زور يېڭىلىق ھېس قىلدى .
ــ ئەمما بىزدىمۇ يېڭىلىقتىن ئەرۋاھى ئۇچىدىغان
روھانىيلار بار ، ــ دېدى ئاكىم ماتۋېيېۋىچ ، ــ ئىۋان فىدوروۋ
موسكۋادا بىرلا كىتابنى بېسىۋېلىشقا ئۈلگۈردى . كېيىن روھانىيلار ئۇنى
دەھرىي ــ « دىنسىز » دەپ ئەيىبلىدى . فىدوروۋنىڭ باسمىخانىسى يا-
غاچ ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن . جاھىللار بۇ ئۆيگە ئوت قويۇپ ،
ھەممىسنى كۆيدۈرۈپ تاشلىدى . ئىۋان فىدوروۋ موسكۋادىن چەت بىر
ۋىلايەتكە قېچىپ كەتتى .
ــ پادىشاھىڭلار كىم ؟
ــ پادىشاھىمىز ئىۋان گروزنىي ئۇ چاغدا قازان ، ئاستراخان
خانلىقىنى ئەل قىلىش بىلەن بەند ئىدى . كېيىنچىرەك ئۇنىڭ رۇخستى
بىلەن فىدوروۋنىڭ باسمىخانىسىدا كۆپرەك دىنىي كىتابلار بېسىلىدىغان
بولدى . ئەكبەر ئىۋان گروزنىينىڭ قازان ، ئاستراخان خانلىقلىرىنى
قانداق قىلغانلىقىنى ئەگرەگە كېلىپ كەتكەن ئىران ئەلچىسىدىن
ئاڭلىغانىدى .

— جانابى ئاكىم، بىزمۇ بىگۇناھ پەرىشتىلەر ئەمەسمىز، بىزنىڭمۇ شەپقەتسىز ئۇرۇشلارنى قىلىپ، بىھۇدە قانلارنى تۆككەن ۋاقتلىرىمىزمۇ بولدى. لېكىن، ھازىر شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، قىلىچ بىلەن كىشىلەرنىڭ دىلىنى يارا قىلىپ ئېرىشكەن غەلىبە ۋاقتلىق ئىكەن. ئۇنىڭدىن كۆرە ئادەملەرنىڭ قەلبىگە ياخشىلىق بىلەن يول ئېچىپ ئېرىشىلگەن غەلىبىنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولىدىكەن.

— سىز مېنىڭ قەلبىمدىكى گەپنى قىلدىڭىز، ھەزرىتى ئالىيلىرى. قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ. تاجدارلار قىلغان شەپقەتسىزلىكلەر ئۈچۈن خەلق ئەيىبدار ئەمەس. قازاندا مېنىڭ دوستلىرىم بار. روسىيەنىڭ ۋىجدانلىق كىشىلىرى ئىۋان گروزنىينىڭ شەپقەتسىزلىكلىرىنى ئەپسۇس بىلەن تىلغان ئالىدۇ. چۈنكى ئۇ غەزەپلەنگەندە، ھەتتا ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلىنى تۆمۈر ھاسسا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغان. لېكىن ئۇنىڭ تارىختا قالغان ياخشى ئىشلىرىمۇ بار. ئۇ تارقاق ئۆلكىلەرنى موسكۋا ئەتراپىغا بىرلەشتۈرۈپ زور دۆلەت قۇردى. يەنە بىر ياخشى ئىشى، موسكۋادا بىز كرېمل دەپ ئاتايدىغان چوڭ قىزىل قەلئە يېنىدا قازان غەلىبىسىگە بېغىشلانغان ھەشەمەتلىك بىر ئابىدە بىنا قىلدۇردى.

ئارقىدا تۇرغان خىزمەتكار يىگىت ئاكىم ماتۋېيېۋىچنىڭ ئىشارىتىگە بىنائەن ئۇزۇنچاق ياغاچ ساندۇقنى ئېلىپ كەلدى. ئۇرال تاغلىرىنىڭ رەڭمۇرەڭ تاشلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن بۇ ساندۇقچە ئىچىدە رەڭدار رەسىملەر بار ئىدى. ئەكبەر موسكۋادىكى كرېملنىڭ كۈنگىرىلىك قىزىل تاملىرىنى، گۈمبەزلىرىگە پۈتۈن ئالتۇن قاپلانغان ئېگىز قوڭغۇراق مۇنارلىرىنى شۇ رەسىملەردە كۆردى. ئۇ قازان جامەسىنىڭ تەسۋىرى سىزىلغان رەسىمنى قولىغا ئېلىپ قاراۋاتقاندا:

— دىققەت قىلىڭ، ھەزرىتى ئالىيلىرى، — دېدى ئاكىم ماتۋېيېۋىچ، — رۇس بىناكارلىرى قازاننىڭ ئۆزىگە خاس قىياپىتىنى بۇ ئابىدە ئېھتىرام بىلەن ئىپادىلەشكە ئىنتىلگەن. جامەنىڭ بەزى قۇببىلىرىنىڭ تارام - تاراملىرى ماڭا مۇسۇلمان سەللىلىرىنىڭ

ئۆرامىلىرىنى ئەسلىتىدۇ.

— سۆزىڭىز ئاساسلىق، جانابى كالىتىن، مەنمۇ بۇ ئابىدىدە مىللىي ئاداۋەت ئەمەس، ئەكسىچە، تۈرلۈك ئىمان - ئېتىقادلارغا ھۆرمەت ئىپادىسىنى كۆرمەكتىمەن. ئەل - يۇرتلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا ھۆرمەت ئوچاقتا ساقلىنىدىغان چوغقا ئوخشاش ھەمىشە مەۋجۇتتۇر. پازىل كىشىلەر شۇ چوغنى كۆل ئارىسىدىن ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنىڭ ياردىمىدە زور گۇلخانلارنى يېقىشى مۇمكىن. بىز ھازىر ئادەم ئاتا پەرزەنتلىرىنى ئەنە شۇنداق مەنىۋى گۇلخان ئەتراپىغا توپلاش ھەرىكىتىدىمىز.

— بىزمۇ شۇ گۇلخان يورۇقىنى ئۇزاقتىن كۆرۈپ كەلدۇ ق!

— قەدىمىڭىز قۇتلۇق بولسۇن! پادىشاھلىرىڭىزدا ھىندىستاندەك ئۇزاق مەملىكەتلەرگە ئەلچى ئەۋەتىشكە ھازىرچە ئىمكان بولمىسا... مەيلى.. لېكىن ئەلچىلىك ئىشىنى ياخشى كىتابلار ۋە سىزگە ئوخشاش جەسۇر سەيياھلارمۇ قىلىشى مۇمكىن.

ئەكبەر كىتابدارنى چاقىرتتى ۋە ئۇنىڭغا «بابۇرنامە» نىڭ يېڭى كۆچۈرۈلگەن بىر نۇسخىسىنى ئېلىپ كېلىشىنى بۇيرۇدى. ئۇنى ئاكىم ماتۋېيېۋىچقا بېرىپ دېدى:

— سىزنىڭ بىزنى موسكاۋىيەدىن يوقلاپ كەلگەنلىكىڭىزنىڭ ئۆزى چوڭ قەدىردانلىقتۇر. جانابى ئاكىم! ھەزرىتى بوۋىمىز مەملىكەتلىرىمىز ئارىسىدا شۇنداق قەدىردانلىق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ ئەلچى ئەۋەتكەنىكەن. رۇسلار دوستلۇقىنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان ئەل ئىكەن. بوۋىمىزنىڭ بۇ خەيرلىك ئىشىنى ئۇنتۇماستىن، ئىسمىنى ئۆز ئادەملىرىگە قويۇپتۇ، قىشلاقلارنى بابورىنا دەپ ئاتاپتۇ. بۇ ماختاشقا ئەرزىگۈدەك پەزىلەتتۇر. سىز تۈركىي تىلنى بىلىدىكەنسىز. شۇنىڭ ئۈچۈن «بابۇرنامە» نىڭ ئەسلى تۈركىيچە نۇسخىسىنى سىزگە تەقدىم قىلدۇق.

ئاكىم ماتۋېيېۋىچ ئالتۇن ھەل مۇقاۋىلىق كىتابنى ئېلىپ، ئەزىزلەپ كۆزىگە سۈرتتى - دە:

— مەن بۇ كىتابنىڭ شۆھرىتىنى پۈتۈن مەملىكىتىمىزگە يايىمەن — دېدى، — ۋەتەندىشىمىز ئافاناسى نىكىتىن يۈز يىل بۇرۇن بىر ئۈچۈن

ھىندىستاننى ئاچقانىدى . ئۇنىڭ « ئۆچ دېڭىزدىن نېرىغا ساياھەت » ناملىق كىتابىدا بىزنىڭ ھىندىستانغا بولغان خالىس قىزىقىشىمىز ، سەمىمىي ھۆرمىتىمىز ئىپادىلەنگەن . بىز بەزى ياۋروپالىقلارغا ئوخشاش ھىندىستان ئەتراپىدىكى دېڭىزلارغا خوجايىنلىق قىلمايمىز ، ئاراللارنى بېسىۋالماقچى ئەمەسمىز . پەقەت خالىس نىيەت بىلەن ھەمكارلىشىشنى خالايمىز .

— سىز ياۋروپا تىللىرىنىمۇ بىلسىڭىز كېرەك — ھە ؟

— ھەئە ، بىلىمەن . دېڭىزدىن پورتۇگالىيە كېمىسىگە چۈشۈپ كەلدىم . ئەدەندە ھەزرىتى ھامىمىزنى سىزگە قارشى قوزغاتماقچى بولغان كۆچلەر ئارىسىدا پورتۇگاللارمۇ بار ئىكەن . ئۇلار يوشۇرۇن يامانلىق قىلىشتا تەجرىبىلىك بولۇپ كېتىپتۇ ، خالىس خەيرخاھىڭىز سۈپىتىدە ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەنكى ، ئۇلار سىزنى ئۆز دىنلىرىغا كىرگۈزۈپ ، كېيىن پۈتۈن ھىندىستاننى مۇستەملىككە قىلىش ئارزۇسىدا .

ئەكبەر ئىستېھزا بىلەن كۈلدى :

— ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئارزۇ ! مەن بارلىق ئىمان — ئېتىقادلارنى باراۋەر كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ، پەرەڭلەرگە پايتەختتىن جاي بەردىم .

— ئەلۋەتتە ، پورتۇگاللار ئارىسىدا ئادالەتپەرۋەر ، ھالال ئادەملەرمۇ بار . لېكىن مەن ئۇلارنىڭ شەپقەتسىز قۇل سودىگەرلىرىنىمۇ كۆردۈم . ئۇلار ياۋروپانىڭ قۇل بازارلىرىغا بىچارە قارا تەنلىكلەرنى ئافرىقىدىن كېمىگە سېلىپ ئەكېلىپ ، ئالتۇنغا ساتماقچى . سىز ھىندىستاندا قۇل بازارلىرىنى تاقاتتۇرۇپ ، ئالىيجاناب ئىش قىپسىز . قۇللارنى ئازاد قىلىپسىز . ئەمما ، ياۋروپالىقلار يېڭى تېپىلغان ئامېرىكا قىتئەسىدىمۇ قۇل بازارلىرى ئېچىپتۇ . ھەبەشىستانلىق يۈزمىڭلىغان قارا تەنلىكلەرنى كېمىگە سېلىپ ، ئامېرىكىغا ئاپىرىپ قۇل قىلىپ سېتىپتۇ . شۇ يول بىلەن بەھەساب بايلىق توپلىشىپتۇ .

— ئادەمپۇرۇشلۇق بىلەن توپلانغان بايلىق — دۇنيادىكى ئەڭ ھارام بايلىقتۇر ! — دېدى ئەكبەر نەپرەت بىلەن ، — مەن بىلىمەن ، بىز بوش كەلسەك ھىندىلارنىمۇ « قارا تەنلىك » دېيىشىپ ، كېمىلەرگە سېلىپ كېتىپ ، قۇل قىلىپ سېتىشقا تەييار ياۋروپالىقلار بار . ئەمما بىز

تىرىك ئىكەنمىز ، ئۇلار بۇ شوم نىيەتلىرىگە يېتەلمەيدۇ !

سۆز ئارىسىدا ئەكبەر مېھمانغا سوئال قويدى :

— بىزدىن نېمە تىلىكىڭىز بار ، مېھمان ؟

ئاكىم ماتۇپېيۇچ بىر ئويلىنىۋالدى . جىزىيە ۋە تامغا سېلىقلىرىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى ، بارلىق غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ ھوقۇقلىرى مۇسۇلمانلارنىڭكى بىلەن تەڭلەشتۈرۈلگەنلىكى ئاكىم ماتۇپېيۇچقا ئوخشاش ئەجنەبىي سەيياھلارغا ئىنتايىن زور ئاسانلىق بەرمەكتە ئىدى . كالتىن ئۆزى ئۈچۈن ھېچ نەرسە سورىماقچى ئەمەس ، پەقەت شۇ يەردە ئۇچراتقان بىر ۋەتەندىشىنىڭ قېيىنچىلىقىنى ئاسان قىلغۇسى كېلەتتى .

پەرمان دېگەن كىشى ياشلىقىدا ۋولگا دەرياسى بويلىرىدا قىرىم خانلىرى بىلەن بولغان جەڭدە يارىلىنىپ ، ئەسىرگە چۈشكەندىن كېيىن ، ئۇنى قول قىلىپ ساتقانىكەن . پەلەكنىڭ گەردىشى بىلەن ھىندىستانغا كەلگەن بۇ ئادەم ئۆزىگە ئوخشاش خرىستىئان ئايالغا ئۆيلىنىپ ، ئىككى پەرزەنت كۆرگەن ، كەسپى بىناكار ئۇستا . ئەكبەرنىڭ يېڭى پايتەختىنى قۇرۇشقا ئون يەتتە يىل ئەجىر سىڭدۈرگەن . لېكىن تېخىچە ئانا تىلىنى ئۇنتۇمىغانىكەن . ئاكىم كالتىن ئۇنىڭ بىلەن رۇسچە سۆزلەشكەندە ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش چىقىپ كەتتى ۋە : « بىرگە ئېلىپ كېتىڭلار . قالغان ئۆمرۈمنى ۋەتىنىمدە ئۆتكۈزەي ! » دەپ يېلىندى . ئىش بېشى ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى . چۈنكى ، ئوغلىمۇ نەققاش ئۇستا ئىكەن . « بۇنداق ماھىر ئۇستىلارغا ھەزرىتىم ئۆزى جاۋاب بەرسۇن ، مېنىڭ ھەققىم يوق ! » دەپ تۇرۇۋالدى . ئەكبەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىلىچخانغا بۇرۇلدى ۋە سۆز قايسى ئۇستا ئۈستىدە بولۇۋاتقانلىقىنى سورىدى .

— ئۇستا پەرمان بولسا كېرەك ، — دېدى قىلىچخان ، — ئۆزى ھازىر تاشقىرىدا قوبۇلىڭىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ .

ئەكبەر خەۋەرچىگە ئۇستا پەرماننى چاقىرىشنى بۇيرۇدى . ھىندىستان ئاپتىپىدا يۈزلىرى قارىيىپ كەتكەن ئەللىك ياشلاردىكى كۆك كۆزلۈك مىقتا ئادەم ئىشىكتىن تەزىم قىلىپ كىردى :

— مېنىڭ ئەسلى ئىسمىم پەرمان ، ھەزرىتى ئالىيلىرى ! ئۆزۈم ۋولگا بويلىرىدا ئۆسكەنمەن . مېنى قۇل قىلىپ ساتقانىدى . سىزگە رەھمەت ، بىزدىن « قۇل » دېگەن ئاتاقنى ئېلىپ تاشلىدىڭىز . مېنىڭ ئارزۇيۇم ۋەتەنگە قايتىش ئىدى . ئاخىر بىزنى ۋەتەندىن زوراۋانلىق جۇدا قىلغان ! ئىجازەت بەرسىڭىز ، ئائىلەم ، ئوغلۇم بىلەن روسىيەگە كەتسەم . . .

— ئەمما بىز سىزدەك ياخشى ئۇستىلارنى قاياقتىن تاپىمىز ؟

— ھەزرىتى ئالىيلىرى ، يىگىرمە يىلدا توققۇز شاگىرت يېتىشتۇردۇم . ھېچ بىرى بىناكارلىقتا مەندىن قېلىشمايدۇ !

ئەكبەر ئەبۇلفازىلنى چاقىرتتۇردى :

— جانابى ۋەزىر ، پەرمان يېزىڭ : ئۇستا پەرماننىڭ ئائىلىسى بىلەن بىرگە ۋەتىنىگە قايتىشىغا رۇخسەت بېرىلسۇن . يېڭى پايتەختنى قۇرۇشتا ئوغلى بىلەن قىلغان كۆپ يىللىق ئەمگىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋەتىنىگە يېتىپ بارغۇچە كېتىدىغان يول خىراجەتلىرى خەزىنىدىن بېرىلسۇن .

— باش ئۇستىگە ، ھەزرىتىم ! — دەپ ئەبۇلفازىل بۇ پەرماننى دەرھال بېجىرىش ئۈچۈن ئارقىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى . ئۇستا پەرماننىڭ خۇشلۇقى ئىچىگە سىغماي قالدى . ئۇ يېنىدىكى ئاكىم ماتۋېيېۋىچنى قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلىدى . . .

شۇ كۈنلەردە ئانتونى مانسېررەتې ۋە رۇدالف ئەكۋەۋىۋە گوئاغا قايتىپ كېتىش تەييارلىقىدا ئىدى . ئەكبەر ئاكىم كالىتىن ۋە ئۇستا پەرماننى ھەمراھلىرى بىلەن بىر كارۋانغا قوشۇپ ماڭدۇردى . گوئا ئارىلىدا كالىتىنلار پورتۇگالىيە كېمىسىگە چۈشۈپ ياۋروپاغا يول ئالدى . ① ھەمراھلىرى بولسا ئارالدا قېلىشتى .

---

① پەتھپۇر – سېكرىدە ئاسارەتتىن قۇتقۇزۇلغان بىر رۇس ئائىلىسىنىڭ پورتۇگالىيە مىسسيونېرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ھىندىستاندىن يۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ئىنگلىز ئالىمى ۋ. سمىت « ئەكبەر » ناملىق كىتابىدا قەيت قىلغان .

× × ×

ئەكبەرنىڭمۇ ، ئوغۇللىرىنىڭمۇ كاتولىك دىنىغا كىرمىگەنلىكى
گوئادىكى پورتۇگال مەمۇرلىرىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلدى . ئۇلار مانـ
ـسېررەتې ۋە ئەكۋەۋىۋەنىڭ ئەكبەرنىڭ دۆلىتىدە ئېلىپ بارغان ئۈچ يىلـ
ـلىق ئىشلىرىنى « مۇۋەپپەقىيەتسىزمىسسىيە » دەپ باھالاشتى . پەقەت
ھـەمراھلىرى ئەكەلگەن ھەربىي مەلۇماتلار پايدىلىق دەپ تونۇلدى . ئا-
ساسەن ، ئالبېرت پېرېيرانىڭ ئەلبىيك دېگەن تۈركىيچە ئىسىم بىلەن
شاھزادە سەلىم مۇلازىملىرى ئارىسىغا ئېلىنغانلىقى ۋە پەتھپۇردا قالغانلىقى
گـوئا ھاكىمىنى مەمنۇن قىلدى . چۈنكى ، ئەكبەر سارىيىدا ئالبېرت پې-
رېيرادەك تەدبىرلىك پايلاقچىنىڭ ئىشلىشى پورتۇگاللار ئۈچۈن ناھايىتى
زۆرۈر ئىدى . گوئا ھاكىمى پېرېيرا بىلەن ئالاقە باغلاش ئۈچۈن سودـ
ـگەر قىياپىتىدىكى مەخسۇس ئادەمـنى گوئادىـن فەتھـپۇرغا ئەۋەتـ
ـمەكـچى بولۇپ :

— سىنئور ئالبېرتقا ئېيتىڭ ، قايتىپ كەلگەندە ، بىز ئۇنى گېـ
ـنېرال ئۇنۋانىدا تارتۇقلايمىز ، — دەپ ۋەدە بەردى ، — كېمسازلىققا
ئائىت كونا كىتابلاردىن ئۇنىڭغا كۆپرەك ئاپىرىپ بېرىڭ . ئەكبەر بىلەن
ئۇنىڭ ئوغلىغا بىزنىڭ تەجرىبىمىزنى ئىستېمالدىن قالغان كونا كېمىلەر
ئاساسىدا ئۆگەتسۇن . ئافغان يۈسۈپ زەيلەرى بىلەن ئالاقىنى ئۈزمىـ
ـسۇن . ئالبېرت ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭچى كاتتىۋاشلىرى — رەۋشەنىيلەرنى
بىلىدۇ . كابۇل يۈرۈشىگە بارغاندا ، پېشاۋۇردا ئۇلار بىلەن تونۇشقان .
رەۋشەنىيلەر ھەيبەر ئېتىكىدە ئەكبەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن . ئەمما
رەۋشەنىيلەرنىڭ پېشۋاسى شەيخ جالالىدىننى ئەكبەر پەتھـپۇردا قاماقتا
ساقلاۋاتقانمىش . رەۋشەنىيلەر بۇ شەيخنى قاماقتىن بوشىتىش ھەرىكـ
ـتىدە ئىكەن . سىز پەتھپۇرغا بارغان ھامانلا ، رەۋشەنىيلەرنىڭ پىرى
شـەيخ جالالىدىننى قاماقتىن قاچۇرۇشنىڭ ئىلاجىنى قىلىڭ . بۇ پىر قېـ
ـچىپ چىقسا ، رەۋشەنىيلەرنىڭ ئىسيانى تېخىمۇ كۈچىيىپ ، ھەيبەر داـ

ۋىـنى تۇسۇلۇپ قالدۇ . بىزگە دەل شۇ كېرەك ! ئەكبەرنىڭ كۆچلىرى شىمالىي چېگرىلارنىڭ تەشۋىشىدىن قۇتۇلالمىسۇن !

گوئا ھاكىمىنىڭ بۇ پىكرى رۇدالفى ئەكۋەۋىۋەنىڭ كۆڭلىدىكى گەپ ئىدى :

— سىز ھەقىقەتەن ھەقلىقسىز ، سىنورۋىتسى قىرال ! — دېدى ئەكۋەۋىۋە ، — بىز ئۈچ يىل ئەكبەرنىڭ سارىيىدا تۇرۇپ شۇنىڭغا ئەـشەندۇقكى ، ھازىر پۈتۈن شەرقنى لەرزىگە سېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ تۆت دۆلەت تۈركىي سۇلالىلەر قولىدىدۇر . كىچىك ئاسىيادا تۈرك سۇلتانى ، ئىـراندا بۈيۈك شاھى ئاباس نامى بىلەن ئۇلۇغلىنىۋاتقان ئەزەربەيجانلىق سەفەۋىي ، تۇراندا ئابدۇللاخان شەيبانىي بار . خەيرىيەتكى ، بۇ تۆت دۆلەت بىرلىشەلمەيدۇ . ئۇنداق بولمىسا بىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلەيدىغان كـۈچ تاپالمايتتۇق . ئەمما ، تۈركىي پادىشاھلار ئارىسىدا بىز ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىكى — ئەكبەردۇر . نېرىقى ئۈچى شىئە - سۈننىي نىزالىرى تۇ-پەيلى بىر - بىرىگە ئەشەددىي دۈشمەن . ئەمما ، ئەكبەر بۇ ئۈچ تۈرك سۇلتانى بىلەن مۇرەسسە يولىنى تېپىپ ، باردى - كەلدى قىلىشىپ تۇ-رۇپتۇ . ھەتتا تۈرك سۇلتانى مۇراد ئەكبەرنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەدەندە ئەسىر بولۇپ قالغان گۇلبەدەن بېگىمنى قۇتقۇزۇشقا ياردەم بېرىپتۇ .

— بۇ بېگىمنىڭ پەتھپۇرغا قايتىپ بارغانلىقى راستمۇ ؟

— ھەئە ، ئۇنـى تەنتەنە بىلەن كۈتۈۋالدى . ئەمدى تۈرك سۇل-تانى دېڭىز كېمىلىرى ياسايدىغان ئۇستىلارنىمۇ ئەكبەرنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتمەكچىمىش . تۈرك ھەربىي فلوتى ھازىر ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا ھۆ-كۈمران ، بىزگە ئۇياقلاردا كۈن يوق . شۇنداق زور فلوت ھىندى دېڭە-زىدىمۇ پەيدا بولسا ، گوئا بىلەن خەيرلىششكە توغرا كېلىدۇ :

— ياق بۇنىڭغا يول قويماسلىق كېرەك ! — دېدى گوئا ھاكىمى ۋە پەتھپۇرغا ماڭماقچى بولغان سودىگەر — پايلاقچىغا ئۇقتۇردى ، — شەيخ جالالىدىن قاماقتىن تېزراق قاچۇرۇلۇشى شەرت ! غەيرىي دىنىدىكى مەن سىنخنىڭ كابۇلدا ئۆز راجپۇتلىرى بىلەن ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغانـلىقى مۇسۇلمان ئافغانلارنىڭ ئىززەت - نەپسىگە تەگمەكتە . بىز سۇ يولى

ئارقىلىق پېشاۋۇرغا مەخسۇس ئادەملەر، قورال - ياراغلارنى ئەۋەتىمىز. ھىندى - مۇسۇلمان نىزالىرىنى ئوت ئالدۇرۇشىمىز زۆرۈر! شۇنى پېرپىراغا ياخشى چۈشەندۇرۇڭ!

ئالبېرت پېرپىرا پەتھپۇردا مانا مۇشۇ كۆرسەتمىلەر ئاساسىدا شەيخ جالالىددىننى قاماقتىن قاچۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولغان پەيتتە، گوئانىڭ كاتولىك چېركاۋى ئانتونىي مانسېرراتېنى ئەرەبىستان ۋە تۈركىيىگە مەخپىي تاپشۇرۇقلار بىلەن ئەۋەتتى. بىراق، تۈرك سۇلتانى ئەكبەردىن شەپقەتسىزرەك ئىدى. مانسېرراتې مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ناسارا دىنىنى تەرغىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، سىنان دېگەن جايدا قاماققا ئېلىندى ۋە يەتتە يىل قاماقتا ياتتى. ئۇ قاماقتىن قۇتۇلۇپ گوئاغا قايتقاندا، رۇدالف ئەكۋەۋىۋە ئالىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەنىدى.

مەلۇم بولۇشىچە، رۇدالف مۇقەددەس مارتىرلىق ئۇنۋانىنى ئالالاش ئۈچۈن گوئا يېنىدىكى ھىندى قىشلاقلىرىدا قەتئىي ھەرىكەتلەرنى قىلدۇ. ئۇنىڭ يېزۇيىتلارنىڭ غايىسى ئۈچۈن ئۆزىنى شېھىت قىلىشقا تەييارلىنىپ يۈرگەنلىكىنى، مارتىرلىق ئۇنۋانى شۇنى كۆتىدىغانلىقىنى مانسېرراتې بىلەتتى. ئوتتۇز ئۈچ ياشلىق رۇدالف سىلسېت قىشلىقىدا بىر كونا ئىبادەتخانىنى كاتولىك چېركاۋىغا ئايلاندۇرماقچى بولىدۇ. تۆت نەپەر كۆچلۈك پورتۇگال يىگىتىنى ئىشقا سېلىپ ئىبادەتخانىدىكى مەجۇسىي ھەيكەللىرى ئورنىغا سەلىپ ئورناتقۇزۇۋاتقاندا، يەرلىك ئاھالە بىردىن ئىسيان كۆتۈرىدۇ - دە، رۇدالفنىمۇ، ئۇنىڭ تۆت يىگىتىنىمۇ ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدۇ.

× × ×

ئەكبەرنىڭ ھاياتىنى يېقىندىن كۆزىتىپ، بۇ ھەقتە مەخسۇس ئەسەر يېزىۋاتقان ھىندىستان تارىخشۇناسلىرى ئارىسىدا ئىككى كىشى ئاۋۋال تەگتۇش دوست ئىدى، كېيىن بولسا بىر - بىرىگە غايىۋى رەقىب بولۇپ كەتتى. بۇلارنىڭ بىرى ئەبۇلفازىل بولسا، ئىككىنچىسى، ئابدۇقادىر بەدەۋنىي ئىدى. ئۇلار ئەكبەرنىڭ سارىيىغا ئاساسەن بىر ۋاقىتتا

كېلىشكەن ۋە خىزمەتنى ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن — قارىلانغانلار ئىسىملىرىنى تىزىملاشتىن باشلىغان . كېيىن ئەبۇلفازلىنىڭ ئامتى كې-لىپ ، ۋەزىرلىك خىزمىتىگە ئولتۇرۇلدى . بىراق ، ئابدۇقادىر بەدەۋنىي سارايدىكى يەتتە ئاددىي ئىمامنىڭ بىرى بولغىنىچە قالدى . لېكىن ئۇ ئو-زىنى قەلىمى ئۆتكۈر ، ئىستېداتلىق تارىخچى دەپ بىلەتتى . سارايدا ، ھەربىي يۈرۈشتە ، ئىبادەتخانىدا ئەكبەرنى مەخپىي كۆزىتىپ ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئەڭ مۇھىم ۋەقەلەرنى دەپتىرىگە يېزىپ باراتتى ، كۆنلەر-نىڭ بىرىدە ئەكبەرنىڭ نەزەرى بەدەۋنىيغىمۇ چۈشۈشى ۋە ئۇنىڭمۇ ئە-بۇلفازلدەك ئۆسۈپ كېتىشى ئېھتىمالغا يېقىن تۇيۇلاتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بەدەۋنىي « مۇنتەخەبۇت تەۋارىخ » ( تاللانغان تارىخلار ) ناملىق ئەسە-رىنىڭ باش قىسىملىرىنى ئەكبەرگە ئىخلاسمەن ئادەم سۈپىتىدە يازدى :

« ھەزرىتى ئالىيلىرى كۆپ يىللار داۋامىدا قارىمۇقارشى يېكىرلەرنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ ، ئۇلار ئارىسىدىكى ھەقىقەتنى تېپىشقا ئۆگەنگەندى . ھەزرىتىنىڭ يېڭىچە ئېتىقادلىرى خۇددى تاشقا ئويۇلغان رەسىمدەك ئۇزاق ئويلار ، مۇنازىرىلەر نەتىجىسىدە ئاستا - ئاستا شەكىللىنىپ بارىدى . بۇ ئېتىقاد بويىچە ، ئە-قىللىق ئادەملەر ھەممە مىللەت ئارىسىدا بار . ئۇلارنى تونىلاپ ، بىردىل قىلىش ساۋاب-لىق ئىش ئەمەسمۇ ؟ »

بەدەۋنىي ئەكبەر تەرىپىدە تۇرۇپ ئۆزىچە بۇ سوئالنى بەرگەن ۋاقتىدىمۇ ، تېخى مەنىۋى داۋالغۇشلار ۋە شەيخلەر ئىسيانى باشلانمىغا-نىدى . موللا ئابدۇقادىر ئەجمىردىكى مەشھۇرمويىنىددىن چەشتى مەقبە-رىسىنىڭ پېشۋاسى بولۇش ئۈمىدىدە ئىدى . بۇ مەقبەرىگە ئەكبەرنىڭ ئۆزىمۇ پىيادە زىيارەتكە باراتتى ۋە كۆپ ئېھسانلار قىلاتتى . بۇنى كۆر-گەن بەگ - ئەئيانلار ۋە باشقا ئادەملەردىن نەزىر - نىيازلار دەريادەك ئېقىپ كېلەتتى . بۇ يەردە پېشۋا بولۇشنىڭ بايلىقىدىن تاشقىرى زور نو-پۇزىمۇ بەدەۋنىينى تارتاتتى .

لېكىن ، پەتھپۇردىكى ئىبادەتخانىدا بولىدىغان مۇنازىرىدە بەدەۋ-نىي بىر نەچچە نۆۋەت ئەنسارى تەرەپتە تۇرۇپ ، شەيخ مۇبارەك بىلەن

مۇنازىرە قىلدى . بىر نۆۋەت ھەتتا قىزىق قانلىق قىلىپ ، شەيخ مۇبارەكنى دەھرىيلىكتە ئەيىبلىدى . ئەكبەرگە ئۇنىڭ شۇ ئىشلىرى ياقمىغانىكەن . ئەبۇلفازىل ئاتىسىغا يان بېسىپ ، بەدەۋنىينى پادىشاھقا يامان كۆرسەتكەن بولسا كېرەك . ئەكبەر ئەجمىردىكى مەشھۇر مەقبەرىگە شەيخ مۇبارەكنىڭ تەرەپدارى بولغان باشقا بىر ئادەمنى پېشىۋا قىلىپ تەيىنلەدى . كېيىن ئەنسارىنىڭ شەيخۇلئىسلاملىقى بىكار بولدى ـ دە ، ئۇنىڭغا يېقىن ئىماملارمۇ ئىشسىز قالدى . شۇ ئىماملاردىن بىرى بولغان ئابدۇقادىر بەدەۋنىي ساراي كۇتۇپخانىسىغا تەرجىمان بولۇپ كىردى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ روزغار تېپىش ئۈچۈن ، ئۆزى ياقتۇرمايدىغان غەيرىي دىنلارنىڭ كىتابلىرىنى پارسچە شېئىرلارغا سېلىشقا مەجبۇر بولدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەكبەردىن ناھايىتى كۆڭلى قالدى . لېكىن ، پادىشاھقا قارشى نارازىلىق بىلدۈرۈشمۇ خەتەرلىك . ئىسيان كۆتۈرگەن شەيخلەرنىڭ ياستۇقى بىكار قالغانلىقى بەدەۋنىينى ئېھتىيات قىلىشقا ئۈندىدى . ئۇ كۈندۈزى كۇتۇپخانىدا تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىپ قايتقاندىن كېيىن ، كېچىسى ئۆيىدە ئىشىكنى ئىچىدىن تاقاپ ، دېرىزىگە پەردە تارتىدۇ ۋە خىرە شام يورۇقىدا دىلىدىكى ئەكبەرگە قارشى يىغىلغان نارازىلىقلىرىنى قەغەزگە تۆكۈشكە باشلايدۇ . ئۇنىڭ نەزەرىدە ، ئەنسارى ناھەق قوغلانغاندەك ، ئەبۇلفازىل بولسا ئىماننى پادىشاھنىڭ ئىسلاھاتىغا قۇربان قىلىپ ، كاتتا مەرتىۋىگە ئېرىشكەندەك ئىدى . « مەن ئىسلامغا سادىق بولغىنىم ئۈچۈن ھازىرغىچە تۇرمۇشۇم ياخشىلانماي ، موھتاجلىقتا يۈرىمەن » ، دەيدۇ ئۇ ئىچىدە ۋە ئەكبەرنىڭ خاتالىقىنى پاش قىلىش بىلەن ئۆزىنى ئەبۇلفازىلدىن مەنەن ئۈستۈن سېزىدۇ .

چۈنكى ، ئەبۇلفازىلنىڭ ئەكبەر دەۋرى ھەققىدە كىتاب يېزىۋاتقانلىقى ساراي ئەھلىگە مەلۇم . بۇ كىتابتا ئەبۇلفازىل ئۆز ھامىيسىنى پەقەت ماختاشقا مەجبۇر . ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى پاش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمالىقى ئېنىق . ئەبۇلفازىل بايلىق ۋە شان ـ شۆھرەت ئىچىدە يۈرگەن بولسىمۇ ، ئادالەت ۋە جاسارەت بابىدا ئابدۇقادىر بەدەۋنىي ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ . مانا شۇ ئوي ئۇنىڭغا ئىلھام

بېرىدۇ . كېچىلىرى بىر چاغلارغىچە جان تىكىپ ئەسەر يازىدۇ .

ئەمما ، چالا ئۇخلاپ ئەتىسى كۇتۇپخانىغا ئىشقا بارغاندا ، ئۇ ئەكبەر توپلىغان كىتابلارنىڭ ھەيۋىتىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشقا باشلايدۇ . يىگىرمە مىڭدىن ئارتۇق كىتابنىڭ كۆپى قىممەت باھا قولىيازما نۇسخىلار . ئالاھىدە ئىشكاپتا تۇرغان يۇنانچە ۋە فرانسۇزچە كىتابلار يېنىدىن موسكۋالىق مېھمان ئەكەلگەن رۇسچە كىتابلارمۇ ئورۇن ئالغان . پارسچە ، ئەرەبچە ، تۈركىي ۋە سانسكرىت تىللىرىدىكى كىتابلارنىڭ بىر قىسمى ئەكبەرگە ئاتا - بوۋىلىرىدىن مىراس قالغان . باشقىلىرىنى بولسا ئۇنىڭ بىر - بىرلەپ يىغقانلىقىنى بەدەۋنىي بىلىدۇ . ئەكبەرنىڭ كىتابقا ئىنتايىن ئامراقلىقىنى يىراق يۇرتلاردا تۇرۇپ ئاڭلىغان كىشىلەر گاھى ئىراندىن ، گاھى تۇراندىن كەم تېپىلىدىغان كىتابلارنى ئېلىپ كېلىشىدۇ . قوبۇل كۇنلىرى « ھەزرىتىمگە نادىر كىتاب كۆرسەتمەكچىمەن » دېگەن ئادەمنى ئۇنىڭ ئالدىغا تېزراق كىرگۈزۈشىدۇ . ئەكبەر كىتابنى سىنچىلاپ كۆرگەندىن كېيىن ، نەرخ قويۇشنى خالسا بىر مۇقاۋىچىغا بۇيرۇيدۇ . شىرازلىق ھۇسەيىن ئىنجۇ دېگەن كىشى بەھزاد قولى بىلەن سەككىز پارچە رەسىم سىزىلغان شەرىپىددىن يەزدىينىڭ ئەسىرىنى ئېلىپ كەلگەندى . ئەكبەر ئۇنى مۇقاۋىچى بەلگىلىگەن نەرخ بويىچە ئۈچ مىڭ رۇپىيەگە سېتىۋالدى . بەدەخشاندىن كەلگەن فەررۇخبەگ دېگەن كىشىنىڭ ھىلالىنىڭ « سىفاتۇل ئاشىقان » ناملىق كىتابىنى ئەكبەرگە بىر مىڭ توققۇز يۈز قىرىق بەش رۇپىيەگە ساتقىنىنى بەدەۋنىي كۆرگەن . فەررۇخبەگ شۇ بىرلا كىتابنىڭ پۇلىغا باش - ئاياغ كىيىم ۋە باشقا تالاي نەرسىلەرنى ئېلىشى مۇمكىن . چۈنكى ، بازاردا بىر جۈپ ئەتلەس ئون رۇپىيە ، بىر قاپ بۇغداي يەتتە رۇپىيە ، بىر قوي ئۈچ - تۆت رۇپىيەگە توختايتتى .①

كىتابلار شۇنچىلىك قىممەت بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئەكبەر ئۇلارنى ھاشارات ۋە چاشقانلار تېگەلمەيدىغان خۇشبۇي سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان ساندۇق ۋە ئىشكاپلاردا ساقلايتتى . بەدەۋنىي بۇ خۇشبۇي سان-

① بۇ نەرخلەر ئەبۇلفازىلنىڭ « ئەكبەر ئەينىكى » دىن نەقىل كەلتۈرۈلگەن .

دۇقلار يېنىدا ئولتۇرۇپ ئىشلەشنى ياخشى كۆرەتتى . ساراي كۇتۇپخانى-سىدا شائىر فەيزىي باش كىتابدارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى . ئەكبەرنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن نەقىبخان دېگەن ئالىم بەدەۋنىيگە قوشۇلۇپ « رامايانا » نى تەرجىمە قىلماقتا . فەيزىينىڭ ئۆزى « ئىنجىل » نى يۇنانچىدىن پارسچىغا مەسنەۋى شېئىر شەكلىدە تەرجىمە قىلماقتا . ھىندىلارنىڭ تۆت مۇقەددەس كىتابىدىن بىرى سانالغان « ئەختەر ۋەۋىدە » نى سان-سكرتچىدىن پارسچىغا ئاغدۇرۇش خوجا ئىبراھىم سىرخىندىغا تاپشۇ-ـرۇلـغـان .

ئەكبەر ھەپتىدە بىر نۆۋەت كۇتۇپخانىغا كېلىپ ، قەلەم ئەھلىنى خاس خانىسىغا يىغاتتى ـ دە ، ئەڭ ياخشى تەرجىمىلەردىن نەمۇنە ئوقۇ-تاتتى . ئۇلۇغ ھىندى داستانلىرى « رامايانا » ۋە « ماھابخاراتا » گاھى فىردەۋسىنىڭ « شاھنامە » سىنى ، گاھى ناۋايىنىڭ « خەمسە » سىنى ئەسلەتكۈچى ئۇلۇغۋار ئارزۇ ۋەزىنىدە جاراڭلايتتى . ئەكبەر ئۆز قارشىسىدا ئولتۇرغان مەۋلانىلارغا زوق بىلەن قاراپ قويلاتتى . بۇ « خەمسە » دىكى چىن شاھزادىسى پەرھات ، ئەرمەن مەلىكىسى شېرىن ، يۇنان پەيلاسوپى ئارستوتېل ، ئىرانلىق شاپۇر ، ئەرەبىستانلىق قەيسكە ئوخشاش تۈرلۈك خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ناۋايى قەلبىدە ۋە ئىجادىدا بىر ـ بىرىگە يېقىن قە-دىردانلارغا ئايلانغانلىقىنى ئەسلەتمەمدۇ ؟ ئەكبەر شۇ سوئالغا جاۋاب ئىزدەپ ، قارشىسىدا ئولتۇرغان ئەبۇلفازلغا ، راجە بىربالغا ، ئەزىز كۆ-كەگە ، تادەرمالغا ، ئابدۇرەھىم خانى خانانغا ، بەدەۋنىيگە بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقتى ـ دە :

ــ ئەجابا ! ــ دەپ سۆز باشلىدى ، ــ بىرىمىزنىڭ ئەجدادىمىز ئەرەب ، بىرىمىزنىڭكى ھىندى . . . بىرىمىز ئافغان ، بىرىمىز تۈركىي ئۇلۇستىنمىز . دىنىي ئاداۋەتلەر تۈپەيلى « رامايانا » دەك ئۇلۇغ داستان مىڭ يىللاردىن بۇيان قوشنا تىللارنىڭ بىرەرىگىمۇ تەرجىمە قىلىنماپتۇ ، ھالبۇكى ، ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان ئومۇمىي بىر تىل تېپىش مۇمكىن ئىكەنغۇ ! راجە تادەرمالغا رەھمەت . ئۇ پۈتۈن دۆلەت ئىشلىرىنى پارسىي تىلىدا ئېلىپ بېرىشقا ئەگەرىنمۇ ، پەنجاپىنمۇ ، گوجارەتىنمۇ ، بىنگالىنمۇ

كۆندۈردى .

راجە بىربال سۆز قاتتى :

— ھەزرىتىم ، كۆنمىگەنلەرنى تادەرمالنىڭ قانداق دەلىل بىلەن كۆندۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغانمۇسىز ؟

— ياق ، قېنى ئاڭلايلۇق .

— تادەرمال ئۇلارغا سىزنى ئۇلگە قىلىپ كۆرسەتكەن . « سەن ئۆيۈڭدە پەنجاپچە سۆزلەشسەڭ ، پادىشاھىمىز تۈركچە سۆزلىشىدۇ . لېكىن ، دۆلەت ئىدارىسىدا ھەر ئىككى تەرەپكە باراۋەر پارسىي تىلىدا ئىش ئېلىپ بېرىشقا پادىشاھ كۆنگەن يەردە سەن كۆنمىسەڭ ، ئۆزۈڭنى ھەزرەتتىن يۇقىرى تۇتقان بولمامسەن ؟ » دېگەن . قېنى ، بۇ دەلىلدىن ھېيقماي كۆرسۇنچۇ !

شوخ ئاھاڭدا ئېيتىلغان بۇ گەپتىن كۆپچىلىك بىر كۈلۈۋالدى .

ئەكبەرمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى :

— كۆپ تىل بىلىش ، پەزىلەت ئالامىتىدۇر . بۇنى بىزنىڭ ئاتاق پەرزەنتىمىز ئابدۇرەھىمنىڭ شۆھرىتىمۇ كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ . ئابدۇرەھىم ئاتىسى بەيرەمخانغا ئوخشاش ھەزرىتى ناۋايىدىن ئۆگىنىپ ، چىرايلىق تۈركىي شېئىرلارنى يازدى . يەنە پارسچە ، ئەرەبچە يازغان شېئىرلىرىمۇ مەشھۇر بولدى . كېيىنكى يىللاردا ئابدۇرەھىمنىڭ ھىند تىلىدا يازغان داھەلىرى ① كىشىلەر ئارىسىدا ماقالىغا ئوخشاش ئېيتىلىپ يۈرگىنىگە مانا بىز گۇۋاھىمىز . تۇرلۇك ئىمان — ئېتىقادلارنى تەڭ كۆرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى سەمەرىسى شۇ ئەمەسمۇ ؟

ئەكبەر توساتتىن ئابدۇقادىر بەدەۋنىيگە مۇراجىئەت قىلدى :

— مەۋلانە ، بىر ۋاقىتلاردا سىز « رامايانا » بىلەن « ماھابخاراتا » نى « ئىمانسىزلارنىڭ كىتابى » دەپ كەمسىتكەنىدىڭىز . ئەمدى بۇ ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش داۋامىدا پىكرىڭىز ئۆزگەرگەن بولسا كېرەك ، شۇنداق بۈيۈك داستانلارنى ياراتقان خەلقنىڭ ئىمانى كۈچلۈك ، روھى قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى سەزگەندۇرسىز — ھە ؟

---

① داھە — ئىككى مىسرالىق قىسقا شېئىر .

بەدەۋنىينىڭ چىرايى قورقۇنچتىن ئاقاردى . ئەكبەر ئۆنىڭ يو-
شۇرۇن يازمىلىرىدىن خەۋەر تاپقان ئوخشىمامدۇ ؟ بەدەۋنىي قول قوش-
تۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى :
— ھەزرىتىم ، پېقىر نېنىمنى ھالال قىلىپ يېيىش
ئۈچۈن ، جان ـ جەھلىم بىلەن تەرجىمە قىلماقتىمەن . « رامايانا » بە-
لەن « ماھابخاراتا » نى پارىچە ئاروزدا يازغانىمىزى بۇ داستانلارنىڭ
شېئىرىي قۇدرىتى مېنى سېھىرلىۋالغانلىقى راست . ھەتتا ھىن-
دىلارنىڭ ئىمان ـ ئېتىقادى قەلبىمگە يول ئېچىپ كىرگەندەك بولىدۇ .
ئىسلامغا خىيانەت قىلغاندەك سەسكىنىپ كېتىمەن !
— ئەگەر ھەممە ئېتىقادلارنى تەڭ كۆرگەن بولسىڭىز ، بۇنداق
سەسكىنىپ كەتمىگەن بولاتتىڭىز . نەزەرىمدە سۈلھى كۈللى تېخىچە
دىلىڭىزدا قارار تاپقاندەك ئەمەس !
ئەكبەرنىڭ بۇ سۆزلىرى بەدەۋنىيگە « يېگانىسەن » دېگەندەك
ئاڭلاندى :
— ھەزرىتىم ، پېقىر سۈلھى كۈللىنى تەن ئالغانلىقىم ئۈچۈن ،
ھىندى داستانلىرىنى تەرجىمە قىلىۋاتىمەنغۇ ؟ ناھەتكى ، پېقىرنى ھامان
بېگانىلەر قاتارىغا قوشىسىڭىز ؟ !
— بىز ئەمەس ، ئۆزىڭىز ئۆزىڭىزنى بېگانە كۆرسەتمەكتىسىز . . .
بەدەۋنىي يەنە خاۋاتىرلىنىپ سۆزلىدى :
— مېنى ئەپۇ قىلىڭ ، پىقىر قاچان ئۆزۈمنى بېگانە كۆرسىتىپتى-
مەن ؟ . . .
— مانا ھازىرمۇ . . . — ئەكبەر ئەتراپتىكىلەرنى بىر ـ بىرلەپ
كۆرسەتتى ، — ھېچكىم ساقال قويمىغان ، پەقەت سىزلا بىزدىن نارازى
شەيخ ـ ئىماملارغا ئوخشاش ئۇزۇن ساقال بىلەن يۈرۈپسىز !
ھەقىقەتەن ، ئەكبەرنىڭ ئۆزى ساقال قويمىغان ، پەقەت بۇرۇتى
بار . ئەبۇلفازلمۇ ، بىربالمۇ ، يېڭى ئېتىقاد تەرەپدارى بولغان باشقا كى-
شىلەرمۇ ئىلگىرىكى ئۇزۇن ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ تاشلىغان بولۇپ ، پە-
قەت بۇرۇتلىرىنىلا قالدۇرغانىدى . ھازىر ئەكبەر تەرەپدارلىرىنى شۇنىڭ-

دىن تونۇۋېلىش مۇمكىن . لېكىن ، قەدىمىي مۇسۇلمانچىلىق تەرەپدارى بولغانلار ساقالنى « مويى مۇبارەك » دەپ ئۇلۇغلىشىپ ، « ئۇنى ئالدۇرغانلار دەھرىي يولىغا كىرىدۇ » دەپ تەھدىت سېلىشاتتى . بەدەۋنىي شۇ تەھدىتتىن قورققانلىقى ئۈچۈن ، ئاق ئارىلىغان چىرايلىق ساقىلىنى ھېلىغىچە ئالدۇرماي يۈرەتتى . بىراق ، ھازىر ئەكبەرنىڭ ئۇنى بېگانىلەر قاتارىغا قوشقانلىقى نىرىقى تەھدىتتىن خەتەرلىكرەك تۇيۇلدى . كېچىلىرى يوشۇرۇنچە يېزىۋاتقان ئەسىرى ۋە ئۇنىڭغا ئەكبەرنىڭ ئەيىبىنى پاش قىلىۋاتقانلىقى يادىغا چۈشتى . پادىشاھنىڭ پايلاقچىلىرى بار . ئەگەر ئۇلارغا بۇيرۇلسا ، بەدەۋنىينىڭ ئۆيىنى يوشۇرۇن ئاختۇرۇپ ، مەخپىي يازمىلارنى قولغا چۈشۈرۈشى ھېچ گەپ ئەمەس . كېيىن بەدەۋنىينىڭ بارچە ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرى يوققا چىقىدۇ ! ئۇنىڭدىن كۆرە ، بەدەنىيمۇ ئۆزىنى ئەكبەرگە سادىق كۆرسىتىپ ، ساقىلىنى ئالدۇرۇپ تاشلىغىنى ئەۋزەل ئەمەسمۇ ؟ ياخشى كۈنلەر كەلگەندە ، يەنە ساقال قويۇش مۇمكىنغۇ ؟!

شۇ پىكىر بىلەن بەدەۋنىي كېيىنكى ھەپتىسى ئەكبەر كۇتۇپخانىغا كېلىدىغان ۋاقىتقىچە ساقىلىنى ئالدۇرۇپ ، ئۇنىڭ سادىق تەرەپدارى قىياپىتىگە كىردى . ئەكبەر كۈلۈمسىرەپ :

— جاسارەت كۆرسىتىپسىز ، مەۋلانە ! — دېدى ۋە باش كاتىپ نىقىبخانىغا بۇيرۇدى ، — ھىجرىيەنىڭ مىڭ يىللىقىغا ئاتاپ تەييارلىنىۋاتقان « تارىخىي ئەلفە » نىڭ بىر بابىنى يېزىش مەۋلانە بەدەۋنىيگە تاپشۇرۇلسۇن !

« تارىخىي ئەلفە » مىڭ يىلنىڭ تارىخى دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى . شۇ مىڭ يىلدىن ئىككى ئەسىرلىك دەۋر تارىخىنى يېزىش بەدەۋنىيگە تاپشۇرۇلدى ۋە بۇ ئىشقا يارىشا مۇۋاپىق مائاشمۇ بەلگىلەندى . بەدەۋنىي بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولدى . لېكىن ، ساقال ئالدۇرغىنى تۈپەيلى ئىلگىرىكى مەسلەكداش دوستلىرىدىن كۆپ تەنە ، مەسخىرىلەرنى ئاڭلىدى . ئىسلامغا ساداقىتىنى ساقلاپ ساقىلىنى ئالدۇرماي يۈرگەن شەيخلەر بەدەۋنىينى ساتقىن ھېسابلاپ ، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى ئېلىپ

قاچىدىغان بولۇشتى . بەدەۋنىي بولسا ئەينەككە قارىمايدىغان بولدى . چۈنكى ، ئىلگىرى قويۇق ساقىلى ئۇرۇق ۋە خۇنۇك ئېڭىكىنى يېپىپ ، ئۇنى ئۆزىگىمۇ چىرايلىق ۋە سالاپەتلىك كۆرسىتەتتى . ھازىر ئەينەككە قارىسا ، يۈزى چاشقاننىڭكىدەك خۇنۇك تۇيۇلۇپ ، كۆڭلىنى پاراكەندە قىلاتتى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، بەدەۋنىي كۇتۇپخانىدا ئولتۇرۇپ تەرجىمە قىلىۋاتقان ھىندى داستانىنىڭ غەيرىي دىنلارغا خاس تەسىرى ئۇنى دەھرىي قىلىپ قويىۋاتقاندەك بولاتتى . ئۇ خۇدانىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ ، دىلىنى گۇناھتىن پاكلاش ئۈچۈن ، كەچقۇرۇن ئۆيىگە قايتقاندا ، ياخ- شىلاپ تاھارەت ئېلىپ ، ناماز ئوقۇيتتى . ئارقىدىن قۇرئان سۈرىلىرىدىن دىلىغا يېقىن تۇيۇلغانلىرىنى پاكىز ئاق قەغەزگە خەتتاتلاردەك چىرايلىق ھەرپلەر بىلەن كۆچۈرۈشكە چۈشەتتى .

ئابدۇقادىر بەدەۋنىي ئۆزىنى يەنە ئىمانى مۇستەھكەم مۇسۇلماندەك ھېس قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىنلا ، ئەكبەر ھەققىدىكى يوشۇرۇن ئەسە- رىنى يېزىشقا باشلايتتى .

ئەكبەرگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن گانگغا غەرق قىلىۋېتىلگەن قازىكالان مۇھەممەد يەزدىينى بەدەۋنىي « شېھىت » دەپ ئۇلۇغلايتتى ، ئەكبەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئون تۆت رۇپىيىلىك ئالتۇن ئەشرەفى تەڭگىسىگە كەلىمە شاھادەتنى يازدۇرمىغانلىقىنى « ئىسلامغا خىيانەت » دەپ ئەيىبلەيتتى . شەيخلەر غەليانى باستۇرۇلغاندا ، بۇ غەليانغا قاتناشقان ئىماملار جازادىن قورقۇپ قاچقان . شۇ مەزگىللەردە بەزى مەسچىتلەر چۆلدەرەپ بوشاپ قالغان . ئۇلارنىڭ ئايرىملىرىنى ھەربىي قاراۋۇللار ئىگىلىگەنىدى . بەدەۋنىي شۇنى نەزەردە تۇتۇپ ، « ئەكبەر مەسچىتلەرنى قاراۋۇلخانىغا ئايلاندۇرماقتا ، ئامبار قىلىپ قويماقتا » ، دەپ قارىدى .

كېيىنچە ، ئەكبەرنىڭ قەمەرىيە يىل ھېسابىدىن شەمسىيە ھېسا- بىغا ئۆتۈش ھەققىدە چىقارغان پەرمانى ئابدۇقادىر بەدەۋنىينى قاتتىق نارازى قىلدى . مۇقەددەس رامىزان ئېيى ئۇنتۇلۇپ كېتەمدۇ ئەمدى ؟ رەجەب ، مۇھەررەم . . . قاتارلىق كىشلەر باللىرىغا ئىسىم قىلىپ قويى- دىغان بۇ نامىلار بەدەۋنىينىڭ قۇلىقىغا ئىنتايىن سېھىرلىك ئاڭلىناتتى .

بىراق ، ئاي تولۇشقا قاراپ ھېسابلىنىدىغان قەمەرىيە ئايلىرى
شەمسىيە ئايلىرىدىن قىسقىراق . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ھەر يىلى ئون – ئون
بىر كۈن ئارتۇق چىقىدۇ . قەمەرىيە ئايلىرىمۇ ئون – ئون بىر كۈندىن
سۈرۈلۈپ – سۈرۈلۈپ رامىزان گاھى قىشتا ، گاھى يازدا كېلىدۇ . ئەك-
بەر كۈزدە تۇغۇلغان بولسىمۇ ، قەمەرىيە ئايلىرى سۈرۈلۈپ تۇرغانلىقى
ئۈچۈن تۇغۇلغان كۈننى گاھى باھاردا ، گاھى يازدا ئۆتكۈزۈشكە مەج-
بۇر . يىل پەسىللىرىنىڭ ئېنىق ھېسابىنى ئېلىپ ئىش كۆرىدىغان دېھ-
قانلار ، ھۈنەرۋەنلەر ۋە باشقا كەسىپ ئىگىلىرى ئۈچۈنمۇ دائىم ئۆزگى-
رىپ تۇرىدىغان قەمەرىيە ئايلىرى كۆپ قولايسىزلىقلارنى كەلتۈرىدۇ .
شۇنىڭ ئۈچۈن ، خەلق ئارىسىدا ئەزەلدىن بار بولغان شەمسىيە ھېس-
ابى ( ھەر يىلى ئېنىق بىر ۋاقىتتا كېلىدىغان نورۇز ، سەرەتان ، مىزان ) كۆپرەك قوللىنىلىدۇ .
بەدەۋنىي ئۈچۈن بولسا شەمسىيە ئايلىرىمۇ ، نورۇز بايرىمىمۇ ئا-
تەشپەرەسلىك دەۋرىدىن قالغان بىدئەت . ئۇ پەقەت ھىجرىيە يىل ھېسا-
بىنى مۇقەددەس بىلىدۇ . ئەكبەرنىڭ شۇ كېلىۋاتقان ھەمەل ئېيىدىن
باشلاپ پۈتۈن دۆلەت ئىشلىرىنى شەمسىيە ھېسابىغا ئۆزگەرتىش ھەققىدە
پەرمان چىقارغانلىقى بەدەۋنىيغا « كاپىرانە پەرمان » بولۇپ تۇيۇلدى .
كۈندۈزلىرى ئەكبەرنىڭ شەنىگە ماختاشلار ئېيتىپ ، « ماھاب-
خاراتا » ۋە « رامايانا » نى تەرجىمە قىلىپ پۇل تاپىدىغان بۇ ئادەم كې-
چىلىرى ئىشىك – دېرىزىلىرىنى تاقاپ ، ئەكبەرنىڭ خۇدادىن تانغانلىقىنى
ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنى قەغەز يۈزىگە بىرمۇبىر يازاتتى ۋە قولىدا بار
دىنىي ئەيىبلەرنى ئۇنىڭغا تەدبىقلايتتى . بۇ ئەيىبلەرنى ئۇ ئەكبەر ھۆ-
كۈمرانلىقىنىڭ يىلتىزىغا ئۇرۇلىدىغان پالتىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ ، دەپ
ئويلايتتى ، چۈنكى كىشىلەر پادىشاھنىڭ دىندىن قايتقانلىقىنى بىلسە ئۇنى
تەختتىن ئاغدۇرۇشقا ھەقلىق بولاتتى . ئەكبەرنىڭ ئوغلى سەلىمنىڭ
ئاتىسىنىڭ ئىسلاھاتلىرىغا يوشۇرۇن قارشى ئىكەنلىكىنى بەدەۋنىي ئاڭلى-
غان . ئۇ ئۆزىنىڭ « مۇنتەخەبۇت تەۋارىخ » نى كەلگۈسى ئەۋلاد ئۈچۈن
يازماقتا . بەدەۋنىي ئەكبەردىن ياش ، تېخى ئۇنىڭ دەۋرى تۈگىگەن

كۈننى كۆرۈشكىمۇ ئىشىنەتتى. مانا شۇ ئىشەنچ ئۇنىڭ قەلبىگە كۈچ بېرەتتى.

× × ×

ئەكبەرنىڭ تاپشۇرۇقىغا بىنائەن شۇ دەۋر ھەققىدە ئاشكارا كىتاب يېزىۋاتقان ئەبۇلفازىل بولسا پۈتۈنلەي باشقا تەرەپلەردىن روھىي ئوزۇق ئالاتتى. ئۇ ئۆز ۋەتىنى ھىندىستاننى سۆيەتتى. بۇنىڭدىن ئوتتۇز - قەرىق يىل ئىلگىرى ئۆزئارا ئۇرۇشلار ۋە مىللىي نىزالاردىن زەئىپلىشىپ كەتكەن ھىندىستاننىڭ ھازىر دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتلەر سېپىگە كىرىۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنەتتى. ئەكبەرنى غەربتىكى ئەنگلىيەدىن تارتىپ شەرقتىكى جۇڭگوغىچە ئونلاپ مەملىكەتلەر ئېتىراپ قىلىپ، ئەلچى ئەۋەتىشمەكتە. بۇ ئەلچىلەرنىڭ: «ھازىر دۇنيادا ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە ئابرۇيلۇق ئىككى مەملىكەت بولسا، بىرى ھىندىستاندۇر» دېگەن سۆزلىرىنى ھەر بىر ئاڭلىغاندا ئىپتىخارلىنىپ، كۆڭلى تاغدەك ئۆسەتتى.

ئۇ ياش ۋاقىتلىرىدا ئۆز ۋەتىنىنىڭ مانا شۇنداق يۈكسىلىشىنى ئارزۇ قىلمىغانمىدى؟ ئاتىسى بىلەن بىللە ئەڭ ئېغىر كۈنلەرنى كۆرگەندە، سۈرگۈن، ئادالەتسىزلىكلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەندە، خەلق چۆچەكلىرىدىكىدەك ئادىل بىر رەھبەرگە ئېھتىياجى چۈشمىگەنمىدى؟ شۇ ئېھتىياج سەۋەبىدىن مەھدىي ھەرىكىتىگە قاتناشقان ۋە ھىندىلارنىڭ بىھاقتى تەلىماتىنى قوبۇل قىلمىغانمىدى؟ سارايدا ۋەزىر بولغاندىن بېرى، شۇ ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئەكبەرنىڭ ياردىمىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىنتىلىۋاتقىنى شۇ سەۋەبتىندۇر. توغرا، ئەكبەرمۇ ئىچكى - تاشقى زىددىيەتلەر ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئاسىي بەندە سۈپىتىدە ئېغىر گۇناھ ۋە خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. ئەبۇلفازىل شۇنى بىلسىمۇ، بەربىر ئەكبەردىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمەيدۇ. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئەكبەر پەۋقۇلئاددە يىرىك شەخس، تەقدىر ئۇنىڭغا ئامەتنىمۇ، ئىستىبداتنىمۇ ئاتا قىلغانىكەن، ئۇ ئۆزىچە بىر سوئالغا جاۋاب ئىزدەيدۇ: كابۇلدىكى جەڭدە ئىككى مىرزىنى يىقىتقاندىن بېرى، ئەكبەرنىڭ يەلكىسى يەر كۆرمەي كېلىۋاتقانلىقىنىڭ

سەۋەبى نېمىدۇ ؟ ئەبۇلفازىل بۇنىڭ سىرىنى ئەكبەردىن سورىسا ، چاقچاق ئارىلاش جاۋاب ئالىدۇ :

— مەنمۇ كۆپ يىقىلغانمەن . . . بىر ياشتىن ئېشىپ ، مېڭىشقا باشلىغىنىمدا رەھمەتلىك تاغام مىرزا ئەسكىرىي پۇتۇمغا سەللىسى بىلەن ئۇرۇپ ، بەش - ئون قېتىم يىقىتقان . شۇ ئىش ھېلىغىچە خىرە - شىرە ئېسىمدە بار . بۇ تۈركىي ئۇدۇمنى « بالىلىقىڭدا يىقىلغانلىرىڭ پۈتۈن ئۆمرۈڭگە يېتەرلىك بولسۇن . چوڭايغىنىڭدا يەلكەڭ يەر كۆرمىسۇن » ، دېگەن تىلەك بىلەن قىلاتتىكەن . ئېھتىمال شۇ تىلەك ئىجابەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئىقبال ماڭا ياردۇر .

لېكىن ، ئەكبەرنىڭ ھاياتىنى يىگىرمە يىلدىن بېرى يېقىندىن كۆرۈپ يۈرگەن ئەبۇلفازىل غەلبىنىڭ ئۆزلۈكىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى ، ھەر بىر مۇشكۇلاتنى يېڭىشكە قانچىلىك زور كۈچ ، ئىستىبدات ، ئەمگەك كېتىدىغانلىقىنى بىلىدۇ . ئەكبەرمۇ ئاتا - بوۋىلىرىغا ئوخشاش كەم ئۇخلايتتى . يېرىم كېچىدە ياتسىمۇ ، ئەتىسى تاڭ ئاتماستىلا ئويغىناتتى ، ئادەتتە تۆت سائەت ئۇيقۇ ئۇنىڭغا بىر كېچە - كۈندۈزگە يېتەتتى . قالغان ۋاقتى دۆلەت ئىشلىرى ۋە باشقا مىڭ خىل زۆرۈرىيەتكە كېتەتتى .

كابۇل يۈرۈشىدىن كېيىن ، تەشۋىش سەل ئازايغان بولسىمۇ ، دەريادەك تىنىمسىز كېتىۋاتقان ھايات ئۆز يولىدا يېڭى - يېڭى دولقۇنلارغا دۇچ كېلىپ تۇراتتى ۋە ئۇلار ئەكبەرگە قوشۇپ ئەبۇلفازىلنىمۇ كۈتۈلمىگەن قايناملار قوينىغا تارتاتتى .

سىرتقى دۇنيادىكى ئەنە شۇنداق خەتەرلىك قايناملاردىن بىرى پېشاۋۇر ۋە ھەيبەرداۋىنى ئېتەكلىرىدە باش كۆتۈرگەن رەۋشەنىيلەر ئىسيانى تۈپەيلىدىن پەيدا بولدى . بۇ ئىسياننى شىمالدىن ئابدۇللاخاننىڭ ئادەملىرى مەخپىي قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى . گوئا ئارىلىدىكى ياۋروپالىقلار سۇ يوللىرى ئارقىلىق پېشاۋۇرغا قورال - ياراغ يەتكۈزۈپ تۇردى . فەتھپۇر - سىكرىدىكى ئالبېرت — ئەلبېكنىڭ رەۋشەنىيلەر پېشۋاسى شەيخ جالالىدىننى قاماقتىن قاچۇرغانلىقىنى سارايدا ھېچكىم بىلمەي قالدى . ئەمما بۇ شەيخ پېشاۋۇرغا قايتىپ بېرىپ ، ھەيبەرداۋىنى-

نىڭ نېرى - بېرىسىدىكى يۇسۇپ زەيلەرنى قوزغىلاڭ قايىنىمىغا تارتقان-دىن كېيىن ، رەۋشەنىيلەر ئىسيانى بىئەنەدىكى مەھدىيلەر قوزغىلىڭىغا ئوخشاش ، زور بىر خەلق ھەرىكىتىگە ئايلاندى . ئۇنىڭغا مىڭ - مىڭلاپ دېھقانلار ، چارۋىچىلارمۇ قوشۇلۇشقا باشلىدى . كابۇلدا مەن سىنىختەك راجپۇتلار ھاكىم بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ، شەيخلەر ئافغان قەبىلىلە-رىنىڭ مىللىي غۇرۇرىنى قوزغاتتى . ئۇلار مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ھەيبەر داۋىنىنى ئىككى تەرەپتىن توسۇۋېلىشتى . كابۇل مەركىزىي دۆلەتتىن بىر يىلغىچە ئايرىلىپ ، كارۋان قاتنىشى توختاپ قالدى . تۇراندىكى ئابدۇللاخان شۇ قولايلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، بەدەخشاننى ئۆزىگە قارىتىۋالدى .

ئەكبەر نۆۋەتتىكى يۈرۈشنى گويا ئارىلىدىكى ياۋروپالىقلارغا قارشى قىلماقچى بولۇپ ، ئون بەش مىڭ كىشى توپلىغانىدى . ئەمدى بۇ قوشۇننى شىمالغا ماڭدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى .

راجە بىربال ۋە زەيىنددىن كۆكەلداش سەركەردىلىكىدىكى سەككىز مىڭ قوشۇن ھەيبەرداۋىنىنى ئېچىش ۋە كابۇلدىكى مەن سىنىخ بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى .

تاشقى ئالەمدە مۇشكۈلات كۆپەيگەندە ، ئىچكى قارشىلىقلارنىڭمۇ كۈچىيىدىغانلىقىنى ئەبۇلفازل مۇشۇ كۈنلەردە ئېنىقراق ھېس قىلدى . ئەكبەرنىڭ كۈشەندىلىرى ئۇنى ئوغلى سەلىمنىڭ ياردىمىدە غۇلىتىشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى قاتتىق سىر تۇتاتتى . لېكىن ، گاھى - گاھىدا پەرىد بۇخارىي سەلىمنى « شاھنامە » قەھرىمانى سوھرابقا ئوخشىتىپ ماختى-غاندا ، ئەلىبېك ۋە ئابدۇقادىر بەدەۋنىيلەر بۇنىڭدىن ئۆزلىرىچە چوڭقۇر مەنە تېپىپ ، مەمنۇنىيەت بىلەن كۆز قىسىشىۋالاتتى . ھېچكىمدىن يېڭىل-مىگەن رۇستەمنى ئوغلى سوھرابنىڭ يەڭگەنلىكى ئەبۇلپفازلنىڭمۇ يادىغا كېلەتتى - دە ، « بۇلار ئەكبەرنىمۇ سەلىمنىڭ يىقىتىشىغا شۇنچىلىك ئۈ-مىد باغلامدىغاندۇ ؟ » دەپ ئىزتىراپقا چۈشەتتى . بۇ مۇدھىش نىيەتتىن سەلىمنىڭ خەۋرى بارمدۇ ؟ ئۇ تېخى ئەمدىلا ئون تۆتكە كىرگەن ئۆسمۈرغۇ !

لېكىن، ھىندىستاننىڭ ئىسسىق ئىقلىمىدا سەلىم تېز بالاغەتكە يېتىۋاتاتتى. ئەلىبېك پېرپىرا ئېيتىپ بەرگەن شەھۋانىي ھېكايىلەر ۋە يوشۇرۇنچە كۆرسەتكەن ھاياسىز رەسىملەر شاھزادىنىڭ چۈشلىرىگە كىرىپ قالاتتى. ئاپئاق بەدەنلەرنىڭ سۈرىتى كېچىسى گاھى تىرىك قىزغا ئايلىنىپ شاھزادىنىڭ قوينىغا كىرەتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ ئويغىنىپ كېتەتتى. كېيىنكى چاغلاردا ئەلىبېك ئۇنى تېزراق ئۆيلىنىشكە ئۈندىدى.

بىراق، ئەكبەر بالاغەتكە يەتمىگەن ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆيلىنىشىنى چەكلەيدىغان مەخسۇس قانۇن چىقارغان. چۈنكى، ھىندىستاندا ئون-ئون بىر ياشلاردىكى قىزلارنىمۇ ئەرگە بېرىش ئادىتى بار. بالاغەتكە يەتمەي قۇرۇلغان ئائىلىلەردە كۆڭۈلسىز ھادىسىلەر يۈز بېرىدۇ. «سەتى» دېگەن بىدئەت قانچىلىك بىگۇناھ ئاياللارنىڭ ئۆلگەن ئەرلىرىنىڭ جەسىتىگە قوشۇلۇپ ئوتتا كۆيۈپ كېتىشلىرىگە سەۋەب بولماقتا ئىدى. ئەكبەر مەخسۇس پەرمان بىلەن «سەتى» ئادىتىنى، ئون-ئون ئىككى ياشلىق قىزلارنى ئەرگە بېرىشنىمۇ قاتتىق مەنئى قىلدى. ئوغۇللارنى ئون ئالتە ياشتىن بۇرۇن ئۆيلەش، قىزلارنى ئون تۆتكە تولماستىن ئەرگە بېرىش قانۇن تەرىپىدىن چەكلەندى. بىر بال، ئەبۇلفازىلغا ئوخشاش ئالىملارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن چىقىرىلغان بۇ قانۇن شاھزادە سەلىمنىڭ ئەلىبېك تەرىپىدىن ئويغىتىلغان ئىستەكلىرىگە قارشى كېلىپ قالدى. سەلىم ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى بۇ قانۇندىن چەتلەپ ئۆتۈش ئۈچۈن قولاي پۇرسەت كۈتۈشەتتى.

نورۇز بايرىمى ھىندىستاندىكى بارلىق ئىمان-ئېتىقاد ۋەكىللىرى ئۈچۈن باراۋەر بولغان ئومۇم خەلق بايرىمى سۈپىتىدە ئۆتكۈزۈلەتتى. بارلىق ساراي ئىمارەتلىرى، كوچا-مەيدانلار، بازار رەستىلىرى چوغدەك بېزىلىپ، تۈرلۈك شېرىنلىكلەر، سۇمۇلەك ۋە ئىسمى «ش» بىلەن باشلىنىدىغان يەتتە خىل تاڭسۇق نەرسىلەر تەييارلىناتتى. نورۇزغا بىر كۈن قالغاندا، ئەكبەر ئەڭ يېقىن بەگ-ئەئيانلىرىنى دىۋانى ئامغا يىغدى-دە:

— ھەر بىرىڭلار كۆڭلۈڭلەرگە پۈكۈپ يۈرگەن بىر ياخشى تىلەكنى ئېيتىڭلار، — دېدى، — دەل شۇ قۇتلۇق كۈندە بىز ئۇنى بەجا كەلتۈرگەيمىز.

بەگلەر تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، پادىشاھنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سەلىمگە كۆز تىكىشتى. ئۇ بارلىق ئەئيانلاردىن ياشراق — ئەمدى ئون تۆتكە كىرگەن. لېكىن، تۇنجى شاھزادە بولغانلىقى ئۈچۈن، ياشانغان ئەمىر - ۋەزىرلەردىنمۇ يۇقىرىدىراق — ئەكبەردىن كېيىنكى ئىككىنچى ئورۇندا ئولتۇرۇپتۇ. بابۇرمۇ، ھۇمايۇنمۇ تۇنجى ئوغۇللىرىنى مانا شۇنداق ئەزىزلەپ ئۈستۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئەكبەر ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ قەرزىنى ئوغلىغا قالدۇرماقتا. ئۇ بىرىنچى تىلەك ئېيتىش ھوقۇقىنى سەلىمگە بېرىپ:

— قېنى، ئەمىرزادەم، — دېدى.

سەلىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتىسىغا سەممىي تەزىم قىلىپ:

— ھەزرىتىم، سىزدەك ئۇلۇغ كىشىگە ئوغۇل بولغانلىقىم ئۈچۈن تەڭرىمگە شۈكۈرلەر ئېيتىمەن! — دېدى، — ئەگەر مۇۋاپىق بولسا، كۆڭلۈمدىكى بىر تىلەكنى ئېيتىمەن.

— مۇۋاپىق، مۇۋاپىق! — دېدى ئەكبەر كۈلۈمسىرەپ.

سەلىم ئاتىسىدىن سورىماقچى بولغان تىلىكىنى مەۋلانە پەرىد ياردىمىدە ئالدىن تەييارلىغانلىقى ئۈچۈن ياخشى ياد ئالغان دەرسنى ئېيتىۋاتقان ئوقۇغۇچىدەك راۋان سۆزلەشكە باشلىدى:

— غەزنە ياكى بەدەخشانغا ئوخشاش سوغۇق تاغلار ئارىسىدىكى يىگىتلەر ئېھتىمال ئون ئالتە ياشلارغىچە بالاغەتكە يەتمەس. ئۇ ياقتىكى قىزلارنى ئون تۆت ياشقىچە ئەرگە بەرمەسلىك توغرا... ئەمما ھىندىستان ئىقلىمىدا ياشلار تېز بالاغەتكە يېتىدۇ... ئەزەلدىن... ئادەت بار... ئوغلىڭىزنىڭ تىلىكى شۇكى، ئون ئالتە ياشتا ئۆيلىنىش ھەققىدىكى پەرمان شىمالىي ئۆلكىلەردە يولغا قويۇلسا، بۇ يەردە ئون تۆت ياشتا ئۆيلىنىشكە رۇخسەت بېرىلسە... قىزلار ئون ئىككى ياشتا ياتلىق قىلىنسا...

بەگلەر شاھزادىنىڭ ھېلىتىن ئۆيلىنىشىنى خالاپ قالغانلىقىنى سېزىشتى - دە، بىر - بىرىگە كۆلۈمسىرەپ قاراپ قويۇشتى. بىراق، ئەكبەرگە بىرىنچى بولۇپ تىلەك ئېيتقان ئوغلىنىڭ بۇنىڭدىنمۇ مۇھىمراق ئەرسىلەرنى ئويلىمىغانلىقى ۋە ئاتىسى چىقارغان قانۇننى بۇزۇشتىن ئەيمەنمىگەنلىكى ئىنتايىن ئېغىر تۇيۇلدى. لېكىن، ئوغلىنى بەگلەر ئالدىدا ئىزا تارتقۇزماسلىق ئۈچۈن ھېچنېمە دېمىدى ۋە سەلىمگە «ئولتۇرۇپ تۇر!» دېگەن ئىشارەتنى قىلدى. كېيىن ئەبۇلفازىلغا يۈزلەندى:

— مەۋلانە، سىزنىڭ تىلىكىڭىز نېمىدۇ؟

— ھەزرىتىم، ھازىرغىچە ئېتىباردىن چەتتە كېلىۋاتقان بىر زۆرۈر ئىش بار، — دېدى ئەبۇلفازىل ئاھالىنىڭ سانى ھەققىدە سۆزلەپ، — بىز پۇلنى ھېسابلايمىز، مالنى ھېسابلايمىز، بىراق ئادەملىرىمىز قانچە؟ ئاھالىنىڭ قانچىسى ئەر؟ قانچىسى ئايال؟ قانچە ئادەم قايسى ئەلگە، قايسى ئېتىقادقا مەنسۇپ؟ شۇنى ھېلىغىچە ئېنىق بىلمەيمىز. ھالبۇكى بۇنى بىلمەي تۇرۇپ، خاتاسىز سىياسەت يۈرگۈزگىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پېقىر پۈتۈن مەملىكەتتە ئاھالىلەر رويخىتى تۇرغۇزۇلسا، دېگەن تىلەكتىمەن.

ئەكبەر بۇ تىلەكنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، باش لىڭشىتتى. باشقا ئەئيانلار چوڭ كۆۋرۈكلەرنى ياساش، ئېرىق چېپىپ سۇ چىقىرىش ھەققىدە مۇھىم - مۇھىم ئارزۇلىرىنى ئېيتىشتى. ئەكبەر دۆلەت ۋە ئەل - يۇرت مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەپ ئېيتىلغان ھەممە تىلەكلەرنى قوبۇل قىلدى. بۇلارنىڭ ئەكسىچە، ئوغلى سەلىمنىڭ پەقەت ئۆزىنى ئويلاپ بىلدۈرگەن تىلىكى تېخىمۇ بىمەنە ۋە ئەرزىمەس تۇيۇلدى.

ئەكبەر ئەئيانلىرىغا جاۋاب بەردى - دە، سەلىمنى ئۆزىنىڭ خاس خانىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇنى ئالدىدا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ:

— ئوغلۇم، سەن بۈگۈن مېنىمۇ، ئۆزۈڭنىمۇ خىجالەتكە قالدۇردۇڭ، — دېدى، — پۈتۈن مەملىكەتكە ئېلان قىلىنغان پەرماننى مەن نېمە ئۈچۈن بىكار قىلىشىم كېرەك؟ سېنىڭ تېزراق ئۆيلەنگىڭ كەلگەنلىكى ئۈچۈنمۇ؟

سەلىم رەڭگى ئۆچكەن هالدا قاراپ تۇرۇپ قالدى . ئۇنىڭ ئۆزرە سورىماي جىم تۇرغىنى ئەكبەرگە نارازىلىقتەك بىلىندى .

— سەندە هېلىتىن نەپس غالىب كەلسە ، ئاقىۋىتى نېمە بولىدىغانلىقىنى ئويلىدىڭمۇ ؟ ئاخىر نىكاھنىڭ مۇقەددەس مەقسىتى پەرزەنت كۆرۈشقۇ ، پەقەت كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن ئۆيلىنىدۇ ، دەپ ساڭا كىم ئۆگەتتى ؟

كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەلىبېك سەلىمگە ئەكبەرنىڭ ھەرىمىدە قانداق گۈزەل قىزلار بارلىقىنى پىچىرلاپ ئېيتىپ بەرگەن ۋە ئۇنى ھەزرەتتىن ئۆلگە ئېلىشقا ئۈندىگەنىدى . لېكىن ، سىر ساقلاشقا ئۆگەنگەن سەلىم هازىر بۇنى ئاتىسىدىن يوشۇردى .

سەلىمنىڭ بېشى ئېگىك بولسىمۇ ، لېۋىنىڭ بىر چېتى ئېچىلىپ ئىستىھزالىق كۈلگەندەك بولدى . ئۇ ئاتىسىنىڭ مۇتئە نىكاھ بىلەن ئۆيلەنگەن ئاياللىرى كۆپلۈكىنى ئەسلىتىپ ، « ئۆزىڭىزمۇ ئۆگىتىۋاتىسىز ! » دېمەكچى ئىدى .

ئەكبەرنىڭ ھەرىمىدە سەلىمە بېگىم ، رەنى جادەبەيگە ئوخشاش ئوغۇل تۇغقان ئاياللاردىن سىرت ، ئىستامبۇلى بېگىم دېگەن يىگىرمە ياشلىق تەڭداشسىز چىرايلىق تۈرك جۇۋانمۇ بار . يەنە ئۇنىڭ ياۋروپالىق مارىيە دېگەن سۇتكە چىلىغاندەك ئاپئاق بىر گۈزەلنى نىكاھىغا ئالغانلىقىنى سەلىم يېقىندا ئەلىبېكتىن ئاڭلىدى . ئاتىسى قىرىقتىن ئاشقاندىن بۇيان ، شۇ ئىككى ياش خوتۇنىنىڭ ئۇنىڭغا قانچىلىك سۆيۈملۈك بولۇپ قالغانلىقىنى ئەلىبېك پۈتۈن تەپسىلاتى بىلەن ئېيتىپ بەردى . ئاخىر سەلىمنىڭ ئانىسى جادەبەيمۇ ئەمدىلا ئوتتۇز ياشقا كىرگەن گۈزەل جۇۋانغۇ ، ئانىسى ھەپتىلەپ ئەكبەرنىڭ يولىغا قاراپ ، كۈنداشلىق ئەلەمدىن يىغلىغان چاغلىرىدا ، ئاتىسىنىڭ باشقا سۆيۈملۈك ئاياللىنىڭ ھەرىمدە كۆڭۈل ئېچىۋاتقانلىقىنى سەلىم بىلمەمدۇ ؟

ئەكبەر ئوغلىنىڭ ھىجىيىشىدىن شۇ مەنىنى بايقىدى — دە ، ئاچچىقلىنىش ئورنىغا ئوڭايسىزلاندى . چۈنكى ئۇ ئۆز ھاياتىنىڭ ئوغۇللىرىغا ئۆلگە بولالمايدىغان ئەڭ مۇرەككەپ قىسمى ھەرەمدە ئۆتىدىغانلىقىنى بى-

لەتتى . نەپەس ۋە جۇشقۇن ھېس - تۇيغۇلار دەرياسىدا غۇلاچ
تاشلاپ ئۈزگەنلىرى ، جادەھەبەينىڭ قەسرىدە شاھمات ئوينىغانلىرى ،
سەلىمە بېگىم سارىيىدىكى شېئىرخانلىقلار ، باشقا ئاياللىرى ئۈچۈن يا-
سالغان ھەشەمەتلىك ئۆيلەردە بولىدىغان ئويۇن - كۈلكە ، ناخشا -
ئۇسسۇل ، خۇشاللىقلار — ھەممىسى ئۇنىڭ ئېغىر جەڭلەردە ۋە ھاكىمى-
يەت دولقۇنلىرىدا تارتقان ئازابلىرى بەدىلىگە تەقدىر تەرىپىدىن ئەۋە-
تىلگەن مۇكاپات ، پەقەت شۇلىمۇ ؟ ياق ، كۆڭۈل خۇشلۇقلىرى ئۆتكەن-
دىن كېيىن باشلىنىدىغان دىلخەستىلىكلەر ئەكبەرگە بۇ مۇكاپاتنىڭ
ئىچى جازا بىلەن تولغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ . سۆيۈپ ئۆيلەنگەن
جۈپتى ھالالى جادەھەبەينىڭ مۇھەببىتىگە يارىشا ۋاپا كۈتۈپ تەلمۈرگەن
ياشلىق كۆزلىرىنى كۆرگەندە ، ئەكبەر ئۆزىدىن - ئۆزى نەپرەتلىنىدۇ .
باشقا ئاياللىرىمۇ دائىم ئۇنىڭ دىدارىغا زار . شاھانە ئۆي - جايلار ، زىبۇ-
زىننەتلەرمۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە كۆرۈنمەيدۇ . گۈلدەك ئۆمۈرلىرى ھەر
زامان بىر كېلىپ كېتىدىغان ئەرنىڭ دەستىدىن خازان بولۇۋاتقىنى ،
خۇسۇسەن ، پەرزەنت كۆرمەي ئۆتۈۋاتقان ياش ئاياللىرى ئۈچۈن دەھ-
شەتلىك پاجىئە ئىكەنلىكىنى ئەكبەر ئۇلارنىڭ دىل يىرىپ يىغلاپ ئېيتقان
سۆزلىرىدىن بىلىپ قالىدۇ . روھىي ئازابلارغا چىدىيالماي ، ھەتتا ساراي-
دىن باش ئېلىپ كەتكۈسى كېلىدۇ .
بۇلتۇر يىرىم كېچىدە ئاتىسى ھەرەمدىن روھىي سۇنغان ھالدا
چىقىپ ، ئۆزى يالغۇز پەنجاپ تەرەپكە يول ئالغانلىقىنى سەلىمۇ ئاڭلى-
غان . ئىككى قوغدىغۇچى يىگىت ئۇنىڭغا يېقىنلىششقا جۈرئەت قىلالماي ،
ئارقىدىن ئەگەشكەن . قۇرچىبەگ ، « بۇنداق پەيتتە ئەكبەرگە سۆزى
ئۆتىدىغان بىردىنبىر ئادەم راجە بىربال » دەپ ئۇنى ئويغاتتى . ئىككىسى
قاراڭغۇ كېچىدە پىيادە توختىماي كېتىۋاتقان ئەكبەرگە يېقىن بېرىپ
ئاتتىن چۈشتى ، بىربال قورقۇمسىراپ يېنىغا بارغاندا ، ئەكبەر ئۇنىمۇ
سىلكىپ تاشلىدى :
— مېنى ئۆز ھالىمغا قويۇڭ ، كېتىڭ !
— ھەزرىتى شاھىنشاھ ، بۇ قاراڭغۇ كېچىدە قاياققا بارماقچىسىز ؟

— مېنى تەختكە چىقارغان جايلارغا بارىمەن ، پادىشاھلىقنى قاي-تۇرۇپ بېرىپ ، بۇ گۇناھلاردىن ساقىت بولماقچىمەن . كېتىلىڭ ، ئەگەشمەڭ .

« ھوشى جايىدا ئەمەس ، ئىستامبۇلى بېگىم ھۇزۇرىدا كۆپرەك ئىچىپ قويغاندىمۇ ؟ » دەپ ئويلىدى بىربال . كېيىن تاڭ ئاتقۇچە ئەك-بەر بىلەن قارا كۆرە كېتىۋەردى . ئەتراپ يورۇپ كەتكەندىن كېيىنلا ، يولدا ئۇچرىغان كىشىلەر ئۇنى تونۇۋالدى . كۆپ كۆتۈرۈلگەندە ئەكبەر-نىڭ ئەتراپىدا ئادەم كۆپىيىپ كەتتى .

ئەكبەر پەنجاپقىچە پىيادە يېتىپ بارالمايدىغانلىقىنى ئەمدى پەم-لىدى بولغاي ، ئات كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى . بىربالمۇ ئاتلىنىپ ، ئوتتۇز مىلچە يولنى بىرگە بېسىپ ئۆتتى . ئۇياقتىن – بۇياقتىن سۆزلەپ ، ھەر خىل ھېكايەت ، رىۋايەت ۋە لەتىپىلەرنى ئېيتىپ بېرىپ ، ئاخىر ئەكبەرنى كۆلۈشكە مەجبۇر قىلدى . ئاچچىقى سەل بېسىلغاندىن كېيىن ، بىربال ئۇنى سارايغا قايتىشقا كۆندۈردى .

بۇ يىل باھاردا ئەكبەر يەنە ھەرەمدىكى روھىي قىيناقلاردىن بې-زىپ ، سارايدىن سەھەردە يالغۇز چىقتى – دە ، سېكرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئورمانلارغا كىرىپ كەتتى . ئىككى كۈنگىچە تۇز تېتىمىدى . ھېچكىمنى يېنىغا يولاتمىدى . بۇ نۆۋەت ھەتتا ئانىسى ھەمىدە بېگىم بىلەنمۇ سۆز-لەشكۈسى كەلمىدى . ئۇنىڭ ھەرەمگە ئائىت نازۇك ، چىگىش سىرلىرىنى پەقەت راجە بىرباللا بىلەتتى . يەنە شۇ دوستى ئەكبەرنىڭ ئالدىغا بې-رىپ ، قوغلىسىمۇ كەتمەي ، ئاخىر ئۇنى كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ سۆز-لەشكە مەجبۇر قىلدى :

— پەرەڭ ئايالىم مارىيە يىغلاپ « ھەتتا قۇللارنىمۇ ئازاد قىلىسىز ، قۇل ئەمەس ، چاكار دەپ ئاتاشنى بۇيرۇپسىز ، لېكىن ھەرەمدە سىزنى ياخشى كۆرىدىغان ئاياللىرىڭىزنى نېمىشقا بۇنچىلىك قاتتىق تۇتىسىز ؟ » دەپ ماڭا ئېشىكنى كۆرسىتىپ : « بۇنى پەقەت تاشقىرىدىن قۇلۇپلايدۇ ، قۇلۇپ ئىچكىرىدىن ئېچىلمايدىغان قىلىپ ئورنىتىلغان ! » يەنى ھەرەم-دىكى ئايال بوسۇغا ئاتلاپ تاشقىرىغا چىقمىسۇن ، ئۇنىڭ ھەربىر قە-

دىمى نازارەت ئاستىدا بولسۇن ، دەپ شۇنداق قىلنىغان ! دېدى .
— بۇنداق ھەرەم تۇتۇش قائىدىسىنى سىز ئويلاپ چىقارغانمۇ
ھەزرىتىم ؟ نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان شاھلىق ئۇدۇمى
شۇنداق تۇرسا ، بۇنىڭغا نېمە چارە ؟
— لېكىن ، شۇ شەپقەتسىز ئۇدۇمنى يوقاتقىلى بولماسمۇ ؟ بىچارە
مارىيە . . . باشقىچە ھاياتقا ئۆگەنگەن . . . ياكى ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەيمۇ ؟
— ئۆزى شۇنى خالامدۇ ؟
— ياق ئۇ ماڭا كۆڭۈل بەرگەن . مەنمۇ بىرلا ئۇنى دەيمەن .
رەھمەتلىك سەلىم ئاتامۇ شىرغا ئوخشاش تاللىغان بىرلا جۇپتۇم بىلەن
ياشىشىمنى مەسلىھەت بەرگەنىدى . نېمە قىلاي ؟ باشقا ئاياللىرىمنى تالاق
قىلىپ ھەرەمدىن چىقارسام . . .
راجە بىربال قورقۇپ كەتتى :
— بۇ پەقەت مۇمكىن ئەمەس ! ئوغۇللىرىڭىزنىڭ ئانىلىرىنى تالاق
قىلىپ ھەرەمدىن چىقىرىش . . . ياق ! ياق ! ئېيتىشقا تىل بارمايدۇ .
ئەكبەرنىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى سېزىپ تۇراتتى
بېشى بىر يەرگە كەلمىگەن كوچىلار ، يەشكىلى بولمايدىغان سىرلار
بىربال ئىككىيلەن بىر كىچە ئورماندا گۈلخان يېقىپ بىللە تۈنەپ چىق
تى . كۆپنى كۆرگەن بىربال ئۆزى كۆرگەن ھەرخىل - ھەر ياڭزا ۋەقە-
لەردىن ، ئوقۇلغان ھەرخىل كىتابلاردىن مىسال كەلتۈردى ھەمدە :
— ئىنسان ھاياتىدا تەكشى بولمايدىغان سىرلار دېگەن تولا
گەپ ، ئۇلار ھەربىر كىشىنىڭ دىلىدا بار ، — دەپ ئەكبەرنى ئىشەن-
دۈردى . . .
ئورماندا ئېزىپ كەتكەن كۈننىڭ ئەتىسى ئۇنىڭ رەڭگىرويى
ئۆچكەن ، ئاجايىپ بىر ھالەتتە بىربال بىلەن سارايغا قايتىپ كەلگىنىنى
سەلىممۇ كۆرگەنىدى . ئەكبەر بۇ ۋەقەلەرنىڭ سەۋەبىنى ئوغلىدىن سىر
تۇتاتتى . ھازىرمۇ ئۇ سەلىمگە يوشۇرۇن مەنىدە گەپ قىلدى :
— مەن كۆرگەن روھىي قىيىنچىلىقلارنى ئىلاھىم كۆرمىگىن ،
ئوغلۇم ! شۇ سەۋەبلىك ساڭا سەلىم ئاتىدەك ئىنساپلىق ، پاك بىر ئا-

دەمنىڭ ئىسمىنى قويغانمەن .
سەلىم بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە مىدىر - سىدىر قىلماي جىم تۇراتتى . ئەمما ، لىۋىنىڭ يەنە بىر بۇرجىكى كۆتۈرۈلۈپ كىنايىلىك ھىجايدى . ئۇ سەلىم ئاتىنىڭ ئوتتۇز ياشتا سۆگەكلىرى سوندۇرۇلۇپ ، مېيىپ ئادەمگە ئايلىنىپ ھاسىسغا چۆشۈپ قالغانلىقىنى مەۋلانە پەرىددىن ئاڭلىغانىدى . بۇنىڭ نېمىسىگە ھەۋەس قىلىدۇ ! سەلىم يىگىتلىك كۆچىنىڭ چەكسىزلىكى جەھەتتە ئاتىسىغا يېتىشىشىنى ، ھەتتا ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشىنى ئويلايتتى .
ئەكبەر ئوغلىنىڭ ھالىتىدىن كېيىنكى گېپىنىڭ بىكار كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە ، ئاتا - بالىنىڭ تەجرىبىسىنى گۇۋاھلىققا تارتتى :
— سەنمۇ ئۆزۈڭدەك ياخشى ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈش ئۈچۈن ، تولۇق بالاغەتكە يېتىشىڭ كېرەك ! مانا ، قارا : سەن تۇغۇلغاندا مەن يىگىرمە يەتتە ياشتا ئىدىم . بابۇر بوۋىمىز تۇغۇلغاندا دادىسى ئۆمەر شەيخ مىرزىمۇ يىگىرمە يەتتە ياشتا ئىكەن . مەن تۇغۇلغاندا ، ھەزرەت ئاتام ئوتتۇز ئۈچ ياشتا ئىكەن .
سەلىم ئەمدى بېشىنى كۆتۈرۈپ ، دادىسىغا مەيۇس بىر نەزەر تاشلىدى . دادىسى ئۇنى يىگىرمە - ئوتتۇز ياشقىچە بويتاق يۈرگىن دېمەيدىغاندۇ ؟
— ھېچ بولمىسا ئون ئالتىدىن ئاشقىن ، — دېدى ئەكبەر ، — مېنىڭچە ، ھازىرقى ئۇستازلىرىڭ سېنى توغرا يولغا سالمايۋاتقان ئوخشايدۇ . ئەمدى ئەبۇلفازىلنى ساڭا باش تەربىيىچى قىلىپ تەيىنلەيمەن .
سەلىمگە ئەگرەدە ئالاھىدە قەسىر قۇرۇپ بېرىلگەن ، شاھزادىلىك ئۇدۇمىغا بىنائەن ، يۈزلەپ ئادەم ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى .
ئەبۇلفازىل شاھزادە سەلىمنىڭ قەسرىگە بېرىپ ، ئۇنىڭغا تارىختىن ، پەلسەپەدىن دەرس بېرىپ يۈرگەن كۈنلەردە ، ئەكبەر ئۆزىنىڭ يېڭى مەسلىكىنى ئېلان قىلدى . ئەبۇلفازىل بىرىنچى بولۇپ ئۇنى قوبۇل قىلدى ۋە سەلىمنى دادىسىنىڭ يولىغا كىرگۈزۈشكە ھەرىكەت قىلدى .

سەلىم يەنە كىنايىلىك كۈلۈمسىرىدى:

— بىراق مەن تېخى ياش، يېڭى مەسىلەكنى بالاغەتكە يەتكەنلەر قوبۇل قىلسۇن.

— بەللى، ھەزرىتىمنىڭ ئۆيلىنىشكە ئالدىرىما دېگەن گېپىگە تېخىچە ئاچچىقلاپ يۈرەمسىز؟ ئەمما، ھوشيار بولۇڭ. تاجىدار دادا بىلەن ۋارىس ئوغۇل ئارىسىدا كىچىككىنە بىر جاي دەز كەتسە، شۇ يەرگە دەرھال پانا قېقىپ چوڭ يېرىققا ئايلاندۇرىدىغانلار بار!

— ئۇلار كىملەر؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى سەلىم، — تاغىلىرىممۇ؟ تاغىلىرىم مەن سىنىخ بىلەن بىھاگۇمەن داسمۇ؟

— خۇدا ساقلىسۇن! — خىتاب قىلدى ئەبۇلفازىل.

— ئۇلارمۇ دىنىي ئىلاھىينى قوبۇل قىلماپتۇغۇ؟

— ئەمىرزادەم، يېڭى مەسىلەكنى قوبۇل قىلىش ئىختىيارى. ئەگەر مەجبۇر بولغاندا، تاغىلىرىڭىز قوبۇل قىلاتتى. ئەمما، ھەزرىتىمنىڭ يېڭى ئېتىقادلىرىنى «بىھاقتى» تەرەپدارلىرى بولغان دېھقان ۋە كاسىپلار، ئەسكەرلەر ۋە مېھنەتكەشلەر ئىختىيارىي قوبۇل قىلىۋاتىدۇ. بۇ توغرىدا ھەرخىل يېزا - قىشلاقلاردىن كەلگەن ئاخباراتلارنى سىزگە كۆرسىتىپ قويالايمەن. ئابدۇقادىر بەدەۋنىينى بىلسىڭىز كېرەك. بەدقاۋاق ئىماملاردىن بولغان شۇ ئادەممۇ «مەملىكەتتىكى، ئاۋام خەلقنىڭ يېرىمى يېڭى مەسىلەككە ئۆتۈشى مۇمكىن»① دەپ قورقۇپ يۈرۈپتۇ.

— مەۋلانە، ماڭا ئاۋاملارنى ئىبرەت قىلىپ كۆرسەتمەڭ. ئۇنىڭدىن كۆرە تەسۋىرخانىغا باشلاپ بېرىڭ.

سەلىمدە رەسساملىققا قىزىقىشنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان ئەبۇلفازىل ئۇنى تەسۋىرخانىغا باشلاپ كەلدى. بۇ يەردە خوجا ئابدۇسەمەد، بەسەۋەن، كېسۇ، گۇجارەتى، پەررەھبېك قالماقى، جەگەن ناتھ دېگەن تۈرلۈك ئەللەرگە مەنسۇپ رەسساملار «بابۇرنامە» ۋەقەلىرى ئاساسىدا خىلمۇخىل رەسىملەرنى سىزىۋاتاتتى. ئەكبەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن رەسساملار ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «خەمسە» سىنىمۇ چىرايلىق سۈرەتلەر بىلەن

① بەدەۋنىينىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭ «مۇنتەخەبۇت تەۋارىخ» دېگەن ئەسىرىدىمۇ بار.

بېزىگەنىدى . يېگىدىن كۆچۈرۈلگەن « خەمسە » سەھىپىلىرىدىن بىرىدە پەرھات ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك يارى شېرىنىنى ئېتى بىلەن بىللە كۆتۈرۈپ ، دەريادىن ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقى سىزىلغانىدى . ئەكبەرنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئىشلەنگەن يەنە بىر رەسىمدە ناۋايىنىڭ ئۆز « خەمسە » سىنى تۈگىتىپ ، ھۈسەيىن بايقاراغا تەقدىم قىلىۋاتقان ھالىتى ئىپادىلەنگەنىدى . ئۇلۇغ خەمسەچى شائىرلاردىن نىزامى ۋە خىسراۋ دېھلەۋىيلارنىڭ ئۇلارغا زوق بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىمۇ رەسىمدە ئېنىق كۆرسىتىلگەنىدى .

سەلىم « ماھابخاراتا » ۋە « رامايانا » غا ئىشلىنىۋاتقان ئەپسانىۋى رەسىملەرنىمۇ قىزىقىپ تاماشا قىلغاندىن كېيىن ، خوجا ئابدۇسەمەد ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ رەسىملىرىنى كۆرسەتتى . قەلەم بىلەن سىزىلغان خام بىر رەسىمدە ئەكبەرنىڭ كۆزلىرى يېرىم يۇمۇق ، قاتتىق ئۇيغا پاتقان ھالدا ئولتۇرغانلىقى خۇددى راستتەك ئېنىق كۆرسىتىلگەن . يەنە بىر رەسىمدە ئەكبەر ياۋروپادىن كەلگەن قارا كىيىملىك روھانىيلارنى قوبۇل قىلغان پەيت ، گىلەم ئۈستىدە سىناي تېغىدىن كەلتۈرۈلگەن مۇقەددەس تاشلار نەپىس بوياقلار بىلەن تەسۋىرلەنگەنىدى . شاھزادە سەلىمنىڭ رەساملارنىڭ ئىشىغا ئەستايىدىل قىزىقىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەبۇلفازىل ئۇنى تەسۋىرخانا ئارقىلىق ئاتىسىغا روھىي جەھەتتىن يېقىنلاشتۇرۇپ مەسلەكداش قىلىش نىيىتىگە كەلدى .

— ئەمىرزادەم ، ئەگەر خالىسىڭىز سەنئەتكارلار سىزنىڭمۇ رەسىمىڭىزنى سىزىپ چىقالايدۇ ، — دېدى .

— روھىي قىياپەتلىرى دادىلىرىغا ئوخشايدۇ ، — دېدى خوجا ئابدۇسەمەد .

بىراق ، سەلىم ئۆزىنىڭ رەسىمىنىڭ پۈتۈنلەي دادىسىنىڭكىدىن باشقىچە ھالەتتە سىزىلىشىنى ئويلايتتى . ئەكبەرنىڭ رەسىملىرى ئۇنىڭغا ھاياتىدا بار نەرسىلەردىن نۇسخا كۆچۈرۈلگەندەك تەبىئىي كۆرۈنەتتى . سەلىم بولسا ئەپسانىۋى كۆتۈرەڭگۈلۈكنى ياخشى كۆرەتتى . ئۇ « ماھابخاراتا » نىڭ ئەپسانىۋى ۋەقەلىرىنى تەسۋىرلىگەن رەساملارغا ئۆزنىڭ شۇ ھەقتىكى ئارزۇسىنى ئېيتتى :

— چۈشۈمدە خوجەئى خىزىرغا ئوخشايدىغان نۇرانە بىر مويسە-
پىت ماڭا كىتاب بەرگەنمىش . شۇ چاغدا مەن ناھايىتى ئېگىز بىر جايدا
ئولتۇرغانىكەنمەن . پەس تەرەپتە قاناتلىق ئادەملەرنىڭ ئۇچۇپ يۈرگەن-
لىكىنى كۆردۈم . پەرىشتە بولسا كېرەك . شۇنداق ئىشنى تەسۋىرلەپ
چىققىلى بولارمۇ ؟

رەسساملاردىن بىرى شاھزادىنىڭ بۇ ئارزۇسىنى دەرھال بەجا
كەلتۈرۈشكە كىرىشتى . يەنە بىر رەسسام سەلىمنىڭ ئانىسىنىڭ راج-
پۇتلاردىن ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ تاغا ئەۋلادلىرىدا سىنىخ ، يەنى شىر
دېگەن ناملارنىڭ كۆپلۈكىنى نەزەردە تۇتۇپ ، شاھزادىنى پۇكلىنىپ
ياتقان بىر شىرنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرغان ھالدا ياۋلارغا كاماندىن ئوق
ئېتىۋاتقان ئەپسانىۋى باتۇر جەڭچى قىياپىتىدە تەسۋىرلىدى .

سەلىمگە بۇ رەسىملەر ناھايىتى بەك ياققاچقا ، ئۇلارنى سىزغان
رەسساملارغا چوڭ ئىنئام بەردى . ئەبۇلفازل بولسا شاھزادىنىڭ تاشقى قى-
ياپىتى دادىسىغا ئوخشىسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە باشقىچە ئادەم ئىكەنلىكىنى بۇ
رەسىملەردىن بىلىپ ئەقلى ھەيران قالدى .

ئەكبەر ئۆزى ھەققىدىكى رەسىملەرنىڭ مۇمكىنقەدەر تەبىئىي بو-
لۇشىنى ئويلايتتى . ئۇ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ رەسىملىرىنى سىزدۇرغاندىمۇ
بىرەرىگىمۇ خوجەئى خىزىر ياكى پەرىشتىلەرنىڭ رەسىمىنى قوشتۇرغان
ئەمەس . ھالبۇكى ، « ئەكبەرنىڭ چىرايىغا خىزىرنىڭ نەزەرى چۈش-
كەن » دەپ ئىشەنگەنلەر كۆپ . بىراق ، ئۆزىنى نەزەرگە يولۇققان قىلىپ
تەسۋىرلىتىش تولىمۇ مەغرۇرلۇق ھېسابلىناتتى .

سەلىم بولسا ھېلىتىن ئۆزىنى خىزىرنىڭ نەزەرى چۈشكەن ، پە-
رىشتىلەر ئامراق بولغان ، شىر يەلكىسىگە مىنگەن ئەپسانىۋى باتۇر قىلىپ
تەسۋىرلەتسە ، كېيىن نېمە بولماقچى ؟

ئەبۇلفازل ئۆزىنىڭ مانا شۇ ئەندىشىسىنى بىرىپ
ئەكبەرگە ئېيتتى .

— مۇشەققەت چەكمەي چوڭ بولغان بالا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى
بىلەلمەيدىكەن ، — ئەكبەر ئۇھ تارتتى ، — قاتتىق گەپ قىلاي دېسەك ،

دىلى نازۇك ، دەررۇ كۆڭلى بۇزۇلىدۇ . بىز شۇ ياشتا قانچە ئازابلارنى باشتىن كەچۈردۇق . بۇلارنىڭ زامانىسى باشقا . دادىسىنىڭ دۆلىتى سايىسىدا راھەت ـ پاراغەتتە ياشاشنى ئويلايدۇ ، نېمە چارە ؟ بىز ياشلىقىمىزدا كۆرمىگەن راھەتلەرنى خۇدايىم ئوغۇللىرىمىزغا نېسىپ قىلغانىكەن . سەلىمنىڭ تومۇرىدا راجپۇت قېنىمۇ بار ، ناھايىتى تېز ئۇسۇۋاتىدۇ . ئۆيلىنىشكە ئالدىرىشىمۇ شۇنىڭدىن بولسا كېرەك . قېيناغىمىز بھاگۋەن داسنىڭ چىرايلىق قىزى بار . ئىسمى مەن بەي . سەلىمنىڭ شۇنىڭغا ئىشقى چۈشكەنمىش . ھازىرچە ماقۇللىشىپ قويايلى ، ئون ئالتىگە توشقاندا نىكاھلاپ بېرەرمىز .

— بەلكى ئۆيلەنسە ياخشى بولۇپ قالار ، — دەپ ئۇمىد قىلدى ئەبۇلفازىل .

لېكىن ، سەلىم ئۆيلىنىپمۇ ئۆزىنى باسالمىدى . ئون ئالتە يېشىدا خوتۇن ئېلىپ ، ئون يەتتىگە توشماستا ئوغۇل كۆردى ـ دە ، دادىسىغا : « ھازىرقى ياشلار سىلەردىن تېزراق بالاغەتكە يېتىدىغانلىقىنى بىلىپ قويۇڭ ! » دېگەندەك ، غالىبانە كۈلۈمسىرەپ قارىدى .

ئون بەش ياشلىق مەن بەينىڭ كۈچتۈڭگۈر ، ساغلام بالا تۇغقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئەكبەرنىڭ ئۆزىمۇ ھەيران قالدى . بالىغا خىسراۋ دەپ ئات قويىدى . مەن بەينى ئەكبەر شاھ بېگىم دەپ ئۇلۇغلاشقا باشلىدى . سەلىم بولسا ئون سەككىز يېشىدا زەيىنددىن كۆكەنىڭ قىز جىيەنىگە ئاشىق بولۇپ قالدى . ھەممە بېگىم ئارىغا چۈشۈپ : « نەۋرەم ئەمدى مۇسۇلمان ئائىلىسىگە كۈيئوغۇل بولسۇن » دېدى . شۇ سەۋەبلىك ئەكبەر ئون سەككىز ياشلىق سەلىمگە ئىككىنچى قىزنىمۇ ئېلىپ بەردى . ئاردىن بىر يىل ئۆتمەي ، بۇ كېلىنىمۇ ئوغۇل تۇغدى ، ئېتىنى پەرۋاز قويۇشتى .

ئەكبەر ئەبۇلفازىلنى چاقىرىپ :

— شاھزادىگە ئەمدى بىرەر ۋىلايەتنى بېرەيلى ، — دېدى ۋە كۈلدى ، — باشقا ئىشى بولمىغاندىن كېيىن پۈتۈن كۈچىنى ھەرەمگە بېرىپ ، يەنە ئۆيلەنگۈسى كېلىپ قالمىسۇن .

— توغرا، « خاتىرە يازىمەن » دېگەن، ئۇنىمۇ قىلمىدى. ماڭا بىرەر ۋاراق يېزىپ كۆرسىتىپ باقمىدى.

ئەكبەر سەلىمنى پايتەختتكە يېقىن ئەجمىرگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتمەي، ئەجمىردە ئۇ يەنە ئەپسانىۋى گۈزەل قىزغا ئاشىق بولۇپ قالدى. رەنى بەلمەتى ئىسىملىك بۇ قىز بابۇر بىلەن جەڭ قىلغان مەشھۇر راجپۇت سەركەردىسى رەنى سەكرەم سىنىخنىڭ چەۋرە ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، قىزنىڭ بوۋىسى ئۇداي سىنىخ ئاۋۋالقى ئاداۋەتلەرنى ئۇنتۇپ، گۇجارەت يۇرۇشىدە ئەكبەرگە ئىتتىپاقداش بولغانىدى. لېكىن شۇ خانىداندىن چىققان پرەتەپ سىنىخ ئىسىملىك باشقا بىر باتۇر يىگىت ھېلىغىچە ئەكبەرنى تەن ئالماي، تاغلىق ئورمانلاردا ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى جەڭ قىلىپ يۈرەتتى. ئەمدى ئەكبەر ئوغلىنى ئۇداي سىنىخنىڭ چەۋرىسى ۋە پرەتەپ سىنىخنىڭ قېرىندىشىغا ئۆيلەندۈرسە، پۈتۈن مەملىكەت تونۇيدىغان مەشھۇر ئائىلىنى ئۆزىگە ئەل قىلىش مۇمكىنلىكىنى ئويلىدى - دە، سەلىمگە رەنى بەلمەتىنى ئېلىپ بەردى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، بۇ ئۈچىنچى كېلىن ئەكبەرنىڭ ئاۋۋالقى نەۋرىلىرىدىنمۇ ساغلام ۋە كۈچلۈك ئوغۇل تۇغدى. بۇ ئوغۇلغا خۇررام دەپ ئات قويۇشتى.

ئەكبەر نەۋرىلىرى كۆپىيىپ، يېشى ئەللىككە يېقىنلاشقانسېرى كۆز نۇرى ئاجىزلىغان، خېلى قورساق سېلىپ قالغان، يۈزىگە قورۇق چۈشكەن، چېچىغا ئاق سانجىغان بوۋاي قىياپىتىگە كىرىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا شەپقەتسىز ۋاقىت ئەمدى پۈتۈن مەرھەمىتىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى.

يىگىرمە ئىككى يېشىدا ئۈچ ئوغۇلغا دادا بولغان شاھزادىنىڭ كۆڭلى ئۆسۈپ، يىگىتلىك گۈلى كۇنسايىن بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھەرقانداق قىزنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلالايدىغان زەبەردەس كۈچلۈك يىگىت ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سېزىپ مەغرۇرلىناتتى.

سەلىمنىڭ خاس نۆكىرى ئەلىبېك پىرپىرامۇ بۇ ئارىدا ئەگرەلىك بىر ھىندى قىزىغا ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭدىن پەرزەنتلىك بولدى. ئەلىبېكنىڭ

ئەمدى ئۈمۈرۋايەت ھىندىستان پۇقراسى بولۇپ قالغانلىقىغا شەيخ پە-
رىدمۇ ئىشەندى. دەسلەپتە، « بۇ پەرەڭ شاھزادىنى دىنىدىن چىقارمىسا
ياخشى بولاتتى ! » دەپ خاۋاتىرلىنىپ يۈرگەن شەيخ پەرىد بارا-بارا
ئەلبېك بىلەن تېپىشىپ، ئىناقلىشىپ كەتتى. چۈنكى ئەلبېكمۇ شەيخ
پەرىدگە ئوخشاش، ئەبۇلفازلنى يامان كۆرەتتى ۋە ئەكبەرنىڭ ئورنىغا
تېزراق شاھزادىنىڭ — سەلىمنىڭ چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئالبېرت پېرپېرا ئەكبەر بىلەن سەلىم ئارىسىدا نىزا پەيدا قىلىش
توغرىسىدا گوئادىن مەخپىي تاپشۇرۇپ ئالغان، شۇ مەقسەتتە ئەلبېك
شاھزادە سەلىمنىڭ دادىسىغا ياقمايدىغان خوتۇنبازلىقىغا ئىلاجىنىڭ با-
رىچە كۆپرەك ياردەم بېرەتتى.

سەلىم ئەلبېكنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مېھرىنىسا ئىسىملىك گۈزەل
بىر ئىران قىزى بىلەن تونۇشتى. بۇ قىزغا ئاشىقى بىقارار بولۇپ،
ئاۋۋالقى ياش خوتۇنلىرىغا قارىماي قويدى. ئېرىنىڭ بىۋاپالىقلىرى ئەك-
بەرنىڭ سۆيۈملۈك كېلىنى شاھ بېگىمنىڭ ئۆلۈمىگە سەۋەب بولدى.
ئەمدى يىگىرمە ياشقا كىرگەن بۇ چوكان ئەپيۇننى كۆپ ئىچىپ ئۆزىنى
ئۆلتۈرۈۋالدى.

ئاستانىگە باش قويغىنىچە ئەبەدىي ئۇيقۇغا كەتكەن ياش جۇۋان-
نىڭ بېشىدا ئالتە ياشلىق ئوغلى خىسراۋ يىغلاپ تۇراتتى. تېخى ئۆلۈم-
نىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان بىچارە بالا ئانىسىنى ئويغاتماقچى بولاتتى.
ئەكبەر بۇنى كۆرۈپ تىترەپ كەتتى. سەلىمگە نەپرەت ۋە غەزەپ بىلەن
ۋارقىراپ:

— مۇشۇ پاجىئەنىڭ سەۋەبچىسى سەن ! — دېدى، — پەرىش-
تىدەك چوكاننىڭ ئۇۋالى سېنىڭ بوينۇڭدا ! تاغىلىرىڭنىڭ ئالدىدا بىز-
نىڭمۇ يۈزىمىزنى تۆكتۈڭ ! بۇ ئېغىر گۇناھنى پەقەت پىدائىيلىق بىلەن
يۇيۇشۇڭ مۇمكىن. شەيبانىزادىلەر بەدەخشانغا باستۇرۇپ كەپتۇ. ھەيبەر
داۋىنىدا يۇسۇپ زەيلەر بىزگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشۈپتۇ. ئەمدى
شۇلارغا قارشى قوشۇن تارتقىن ! جەڭدە ئۆلۈم بىلەن ئېلىشىپ پاكلە-
نارسەن ! بار، يول تەييارلىقىنى قىل !

سەلىم ئېتىراز بىلدۈرۈشكە ئېغىز ئاچالماي، تەزىم قىلغىنىچە چە-قىپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ يۈسۈپ زەيلەر بىلەنمۇ، شەيبانىزادىلەر بىلەنمۇ جەڭ قىلغۇسى يوق ئىدى. شەيخ پەرىد بىلەن ئەلىبېكمۇ:

— ھەيبەر داۋىنىغا زىنھار بارماڭ! — دەپ شىۋىرلىدى.

— راجە بىربالنىڭ ئۆلۈمى ئازمۇ، سىزنى ئاتىگىز شۇنداق خە-تەرلىك يەرگە ئەۋەتمەكچى!

راجە بىربال قارەكەر داۋىنىدا ھالاك بولغانىدى، رەۋشەنىيلەر تاغۇ تاشلار ئارىسىدىن تىنىمسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئەكبەرنىڭ قوشۇنىغا چوڭ تالاپەت يەتكۈزگەن. قارلىق تاغلار ئارىسىدا سەركەردىسىز قالغان قوشۇن ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولغانىدى. بۇنى ياخشى بىلىدىغان سەلىم ھەيبەر داۋىنىغا مېڭىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرمەي، ئەگرەدىكى قەلئەسىگە قايتىپ باردى - دە، ئۆزىنى كېسەلگە چىقىرىپ يېتىۋالدى.

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئەبۇلفازىل سەلىمنىڭ جەمنە بويىدىكى ھەشت جەننەت بېغىدا يەنە مېھرىنىسا بىلەن ئۇچرىشىپ، ۋىسال زوقىنى سۈرۈپ يۈرگەنلىكىنى بىلىپ كەلدى.

ئەكبەر ئەمدى غەزىپىنى باسالمىدى. مېھرىنىسانىڭ دادىسى ئەھ-تىمادخان ئەكبەر قوشۇنىدا مىڭ بېشى ئىدى. ئەكبەر ئۇنى چاقىرتتى - دە:

— قىزىڭىزنى كىمگە بېرەيلى؟ — دەپ سورىدى، — سەلىمدىن باشقا كىمنى كۈيئوغۇللۇققا مۇناسىپ كۆرىسىز؟

ئەھتىمادخان پادىشاھنىڭ ئەلپازىنىڭ يامانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ رايىغا قارىدى:

— قىزىمىزغا ئەلىقۇل ئىستاجلى دېگەن ئەزەربەيجان يىگىتىنىڭ كۆڭلى بار، — دېدى، — شىرنى يىقىتقىنى ئۈچۈن ئەلىقۇل شىرئەفكەن دېگەن لەقەم ئالغان. ئۆزى مەندە يۈز بېشى.

ئەكبەرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مېھرىنىسا ئەتىسى شۇ شىرئەفكەن بەگكە نىكاھلاپ بېرىلدى. ئەكبەر بۇ يىگىتنى بىھاردىن نېرى بەنگالەدىكى

ۋىلايەت ھاكىمى قۇتبىددىننىڭ قولىغا مىڭ بېشى قىلىپ ئەۋەتتى ، مېھ-
رىنىسامۇ بىر كېچىدە ئېرى بىلەن بەنگالەگە كېتىپ كۆزدىن غايىب
بولدى . ئەگرەدىن بەنگالەگىچە ئاتلىق بىر ئايلىق يول ئىدى . سەلىم
مېھرىنىسادىن پۈتۈنلەي ئايرىلدى . ئەكبەر ئۇنى ئەگرەدىن ئۆز ھوزۇرىغا
چاقىرتۋالدى ـ دە ، پەس ئاۋاز بىلەن :
ـــ نېمىشقا بۇيرۇقنى بەجا كەلتۈرمىدىڭىز ، ئەمىرزادەم ! ـــ دەپ
سىزلەپ گەپ قىلدى . ئۇنىڭ مۇلايىم قىلىپ « سىز » لىشىدىن قورققۇ-
لۇق ئىدى . سەلىم ئاۋازى تىترىگەن ھالدا :
ـــ مىجەزىم يوق . . . ـــ دېدى ، ـــ شۇ ئەھۋالدا جەڭگە بار-
سام . . . كۆڭلۈم سېزىپ تۇرۇپتۇ . . . مەنمۇ راجا بىربالدەك ھالاك بو-
لىمەن ! . . .
ئەكبەر كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتىپ ھال ـ مۇڭ بولىدىغان سۆ-
يۈملۈك دوستى راجە بىربالنى يۇسۇپ زەيلەرگە قارشى جەڭگە ئەۋەت-
كەنلىكىدىن مىڭ ـ مىڭ پۇشايمان قىلاتتى . قاراكەر داۋنىدا ئىسيانچىلار
بىلەن جەڭگە كىرىپ ، قايتىپ چىقمىغان بىربال نام ـ نىشانسىز يوقالغا-
نىدى . قىشتا قاراكەر ۋە ھەيبەر داۋانلىرى ئېتىلىپ قالاتتى . ياز بولۇپ
داۋانلار ئېچىلغاندىن كېيىن ، ئەكبەر ئەۋەتكەن ئالتە مىڭ كىشلىك قو-
شۇن شەيخ جالالىددىننى غەزنە تەرەپلەرگە قېچىشقا مەجبۇر قىلدى .
ئەكبەر ئافغان قەبىلىلىرىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ، مەن سىنخنى كابۇلدىن
چاقىرىپ ، ئۆزىنىڭ كۆكەلدىشى ، ئەسلى ئافغانىستانلىق تاجىك زەيند-
دىن كۆكەنى كابۇلغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى . يۇسۇپ زەيلەر ئۇنىڭ
بىلەن تېز سۆھبەتلىشىپ ، مۇرەسسە يولىغا ئۆتتى . شۇنىڭدىن كېيىن
داۋانلار ئېچىلىپ ، كارۋانلار قاتناشقا باشلىدى .
پەقەت راجە بىربالنى ئىككى ئاي ئىزدەپ ، ھېچ يەردىن جەس-
تىنى تاپالمىدى . بۇ ھادىسىدىن ئەكبەر ئۇزاق ۋاقىت مۇسىبەت چېكىپ
يۈردى .
ئوغلىنىڭ كېيىنكى گېپى ئۇنىڭغا ئاشۇ قايغۇسىنى ئەسلەتتى . ئۇ
قەھرىنى سەل باستى .

— كېسەلمىش ! . . . — دەپ ئەكبەر پەس ئاۋازدا كىنايە قىلدى . — ھەشت جەننەت بېغىدا يېڭى مەشۇقۇڭ بىلەن كەيپ ـ ساپا قىلىپ يۈرگىنىڭنى بىز بىلمەيمىزمۇ ؟ سەندىكى كېسەللەر ـ شەھۋەتپەرەسلىكتۇر ! مەنمۇ پەرىشتە ئەمەس ، كۆپ خوتۇن ئېلىپ ئېغىر گۇناھ قىلغانمەن ! ئېھتىمال شۇنىڭ قىساسى ماڭا ئوغلۇمنىڭ شەھۋەتپەرەسلىكىدىن قايتقاندۇ ! لېكىن بىز قىلغان ياخشىلىقلار نېمىشقا قايتمايدۇ ؟ بىز تارتقان ئازابلار ، بىز قىلغان جاپالىق ئىشلار سەندە نېمىشقا يوق ؟ ئەتىگىچە كۆچ توپلا . تاغاڭ مەن سىنىخ كابۇلدىن قايتىپ كەلدى . سەن ئۇنىڭ بىلەن رەجەستخان ۋىلايىتىگە ماڭىسەن ! مەن بالىلىقىمدا كۆرگەن تار سەھراسىنى سەنمۇ بىر كۆرۈپ ، ئىسسىق ـ سوغۇقلاردا تاۋلىنىپ ، ئادەم بولغىن !

سەلىم ئاتىسىنىڭ بۇ بۇيرۇقىنى بىجىرمىسە بولمايتتى . تاغىسى مەن سىنىخمۇ بەك قاتتىق قول ئادەم . بولۇپمۇ جىيەنى شاھ بېگىمنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇنىڭ سەلىمگە تېخىمۇ شەپقەتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ئېنىق . رەجەستخان بولسا پايتەختتىن يىراقتىكى ئىسيانكار ، تىنچسىز ئۆلكە ، سەلىمنىڭ ئەگرەدىكى خىلۋەت باغلاردىن ، سېكرىدىكى چىرايلىق ياتاقلاردىن ئايرىلىپ چەت ـ ياقا جايلارغا بېرىشقا كۆڭلى قويمايتتى . ئەبۇلفازل ئۇنى يولغا سېلىش ئۈچۈن كەلگەن چاغدا ، سەلىم ئەلبېكىنىڭ ئالدىدىلا ئاتىسىنىڭ بۇ دوستىغا پۈتۈن زەھرىنى چاچتى :

— سىز مېنى ئاتامغا يامان كۆرسىتىپ ، مېھرىننىسا[1]نى ئايرىۋەتتىڭىز ! رەجەستخانىنىمۇ ئويلاپ تاپقان سىز ! ئەمما بىلىپ قويۇڭكى ، مەۋلانە ، سىزگىمۇ قىساس قايتىدۇ !

بۇ گەپلەر ئەبۇلفازلغا قانچىلىك قاتتىق تەگكەن بولسا ، ئەلبېك بىلەن پەرىدكە شۇنچىلىك خۇش يېقىپ كەتتى . چۈنكى ، سەلىم قەست قىلىدىغان بولسا ، ئەبۇلفازلنى ئۆلتۈرۈۋېتىش قولىدىن كېلىدۇ ـ دە !

---

[1] سەلىم مېھرىننىسا بىلەن پەقەت ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىنلا قايتا تېپىشتى . سەلىمگە ياتلىق بولغان بۇ ئايال تارىختا نۇرجاھان دېگەن ئىسىم بىلەن داڭق چىقاردى .

## كەشمىر . لاھور . ئەگرە ۋە كېيىنكى قەدەملەر

بىر ـ بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئون ئىككى سۇزۇك كۆلنىڭ ئەينەكتەك تىنىق يۈزىدە قارلىق ھىمايالايا تاغلىرى ھەمدە ئۇنىڭ ئارچىلىق ۋە قارىغايلىق يان باغىرلىرى ، قىرغاقتىكى سۇۋادان تىرەكلەر ، چىنارلار ، سەنەبەر دەرەخلىرى تېخمۇ كۆپ كۆرۈنەتتى . ئۇستۈپشى گۈل ـ چېچەكلەر بىلەن بېزەلگەن كېملەر كارۋىنى دال [1] كۆلىدىن گۈلار ۋە دېگىن كۆلىگە ئۆزۈپ ئۆتكەندە ، ئۇلاردىن ھاسىل بولغان دولقۇنلار قىرغاقتىكى پورەكلەپ ئېچىلغان نىلۇپەر گۈللىرىنىڭ شاخلىرىنى يەلپۈتەتتى . كېمىنىڭ ئاستىنقى بۆلمىسىدە ئەكبەر دەۋرىنىڭ مەشھۇر سازەندىسى تەنسېن باشلىق سەنئەتكارلار كەشمىرنىڭ ئەڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىگە ماس گۈزەل ۋە نەپىس مۇزىكىلارنى چېلىۋاتاتتى . كېمىنىڭ راۋاقىدا ئوخشاش بالىخانىسىدا ئەكبەر ، ئۇنىڭ ئانىسى ھەمدە بانۇ ۋە ھامىسى گۈلبەدەن بېگىم يۇمشاق زەرباپ كۆرپە سېلىنغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ ئەتراپنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن ھوزۇر ئېلىۋاتاتتى . كەينىدىكى كېملەرنىڭ بىرىدە جادەبەي نەۋرىسى خىسراۋ ۋە خىزمەتچىلىرى بىلەن كېلىۋاتاتتى . سەلىمە بېگىمۇ ھەم كېلىنلىك ، ھەم نەۋرىلىك بولدى . شاھزادە مۇراد ئەزىز كۆكەنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ ئوغۇل پەرزەنت كۆردى ۋە ئىسمىنى رۇستەم قويىدى . ئۈچىنچى كېمىدە سەلىمە بېگىم رۇستەمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ كەشمىر تاغلىرىنى كۆرسىتىۋاتاتتى .

ــ ئەنە ئۇ زەبارۋەن تېغى .

ــ ئۇچۇ ؟ ــ بەش ياشلىق رۇستەم ئىككىنچى تاغنى كۆرسەتتى .

ــ خەرى پەرۋان تېغى ، ــ دەپ چۈشەندۈردى سەلىمە

---

[1] دال ــ كەشمىر تىلىدا « مىڭ بەرگلىك نىلۇپەر » دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ .

بېگىم ، — بۇ تاغنىڭ ئۈستىدىكى قەلئەنى ھەزرەت بوۋىڭىز ياساتقان .

— ئاۋۇ نە ؟ — قىرغاقتىكى باغنى كۆرسەتتى رۇستەم .

— بۇ نەسىمباغ ، ئىچىدە فونتانلار بار . ئۇنىمۇ بوۋىڭىز بىنا قىلدۇرغان .

كەشمىرنىڭ كۆللىرىدە نەچچە يۈزلەپ چوڭ - كىچىك كېمىلەر ئۈزۈپ يۈرۈشەتتى . تېخىمۇ نۇرغۇنلىرى قىرغاققا لەڭگەر تاشلاپ توختىتىپ قويۇلغانىدى . كۆل سۈيى تېپتىنچ ، ھاۋا ئىللىق ھەم مەيىن . يىل بويى كېمىلەردە ياشايدىغان كەشمىرلىكلەر بار . تاغدىكى ئورمانلاردا بولسا ، كېمىسازلىق ئۈچۈن ياخشى ياغاچ ماتېرىياللىرى بولىدىغان خىل دەرەخلەر ئۈسىدۇ . ئەكبەر كەشمىر كېمىسازلىرىغا بۇيرۇپ بەش يۈزدىن ئارتۇق كېمە ياساتتى . ئۇنىڭ بۇ تەدبىرى كەشمىرلىكلەرنىڭ بۇ يىلقى تەبىئىي ئاپەتلەردىن قۇتۇلۇشىغا زور ياردەم بولدى .

ئاپتاپ چېقىپ تۇرغان ئىللىق ۋە قۇرغاق سۇنبۇلە ئېيىدا باھاردىكى قېلىن قارلارنى قىياس قىلىش قىيىن . كەشمىردە بادام ئوخشايتتى . بۇ يەرنىڭ باغلىرى پۈتۈن ھىندىستاننى بادام بىلەن تەمىنلىيەلەيتتى . كەشمىر يەنە قوشنا مەملىكەتلەرگىمۇ بادام ئېكسپورت قىلىپ ساتاتتى . لېكىن بۇ يىل نورۇز كۈنلىرىدە ، كەشمىر بادامزارلىقلىرى ئاق - قىزغۇچ بادام چېچەكلىرىگە پۈركەنگەندە ، ئىككى كېچە - كۈندۈز توختىماي قار ياغدى . قارنىڭ قېلىنلىقى ئادەمنىڭ بېلىگە كەلدى . يوللار توسۇلۇپ قالدى . چېچەكلەرگە پۈركەنگەن بادام شاخلىرى قېلىن قارنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمەي ، قاراسلاپ سۇنۇپ كەتتى . يۈز مىڭلاپ بادام دەرەخلىرىنى ئىككى كۈندىلا شۇنداق بۇزۇپ ، چېچەك قاپلىغان شاخلىرىنى قويماي سۇندۇرۇۋېتىش ھېچقانداق ياۋۇز كۈچ ۋە جىن ئالۋاستىنىڭ قولىدىن كەلمىگەن بولاتتى ، بادام ھەسلى بىلەن مەشھۇر بولغان كەشمىرلىكلەرنىڭ تىرىكچىلىكى قىيىنلىشىپ ، ئاچارچىلىق باشلاندى .

سودا كارۋانلىرىنىڭ بۇ يەرگە گۈرۈچ ، بۇغداي ۋە باشقا يېمەكلىكلەرنى كۆپ توشۇپ كېلىشى بىلەن ، بازارلاردا قىممەتچىلىك پەسىيىپ قالدى . ئەمما ، تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغان كۆپلىگەن كەشمىرلىك-

لەردە بازاردىن ئاشلىق ئېلىشقا پۇل يوق ئىدى . ئاھالىنىڭ ئەمگەك قى-
لىپ پۇل تېپىۋېلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ ، ئەكبەر خارى پەرۋەت تېغىدىكى
قەلئەنى ۋە كۆللەردە ئۆزۈپ يۈرگەن كېمىلەرنى ياساتتى . كەشمىردە سۇ
كۆپ ، كۆللەردىن تاشقىرى جېلام دەرياسىمۇ سۇغا تولۇپ ئاقىدۇ . ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە ،قار – مۇز سۇلىرى قوشۇلسا ، باغلار ۋە ئېكىنزارلارنى سۇ
بېسىۋالاتتى . بۇ ئاپەتلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئەكبەر چوڭ ئېرىق
ئۆستەڭلەرنى قازدۇردى ، بۇ ئېرىق – ئۆستەڭلەر يەر سۇغۇرۇش ئۈچۈنلا
ئەمەس ، بەلكى ، دالىلاردىكى ئارتۇقچە سۇلارنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن
خىزمەت قىلىشقا باشلىدى .

شۇنداق قىلىپ ، كەشمىرلىكلەرنىڭ ئاچارچىلىق ۋە قەھەتچىلىك
بالايىئاپەتلىرىدىن قۇتۇلۇشى خېلى ئاسانلاشتى . ئەكبەر بۇ يەردىمۇ قۇ-
رۇلۇش ۋە كۆللەندۇرۇش ئىشلىرىنى يولغا قويغاچقا ، كەشمىردە ئۇنىڭ
قوللىغۇچىلىرى كۆپەيدى . ئەكبەر بۇلارنى بۇگۇن ئائىلە ئەزالىرى بىلەن
قىرغاققا كېلىپ كېمىلەرگە چىقىۋاتقاندا ، ئۆزى ، ئانىسى ۋە ھامىسىنىڭ
ئايىغى ئاستىغا چىرايلىق گۈل بەرگىلىرى چاچقان كەشمىرلىكلەرنىڭ
ئىللىق مۇئامىلىلىرىدىن كۆردى .

ھازىر كۆل يۈزىدە كۆرۈنۈۋاتقان ئۇلۇغۋار مەنزىرىلەر كېمىدىكى-
لەرنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ كۆتۈردى . تەبىئەتنى ھېسسىياتچان گۈلبە-
دەن بېگىم زوق – شوقىنى ئېچىگە سىغدۇرالماي خىتاب قىلدى :

— ھەزرىتى ئەكبەرجان ، سىزگە رەھمەت ، قېرىپ قالغان ھام-
مىڭىزنى ئەدەندىكى جەھەننەم ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ، جەننەتتەك گۈ-
زەل كەشمىرگە ئېلىپ كەلدىڭىز ! تاغ – داۋانلاردىن گويا ئالىقىنىڭىزغا
ئېلىپ ئۆتكەندەك بولدىڭىز !

— تارتقان ئازابلىرىڭىزنىڭ راھىتىنى كۆرۈڭ دېدىم – دە ! سىز
بابۇرىيلار خانىدانىنىڭ ئەڭ پېشقەدىمى ، تەۋەررۇكى بولۇپ قالدىڭىز ئە-
مەسمۇ ؟

— راست ، ھەمىدە بېگىم ، پېشىم ئاتمىشتىن ئاشتى ، ئەدەندە
يەتتە ئاي ئاغرىپ ياتقان چېغىمدا ، ئەسلىمىلەر بىلەن جان ساقلىدىم .

جەننەتماكان ئاتام ، رەھمەتلىك ئاكام ھۇمايۇن . . . ئۇلارنىڭ باشلىرىغا
كەلگەن كۈلپەتلەر . . . بىللە ئۆتكۈزگەن ياخشى كۈنلىرىم . . . نىڭ
ھەممىسىنى تېنىمدە ئازغىنە جېنىم قالغان چاغلاردا قەغەزگە يازدىم .
— سىزدىمۇ ھەزرەت بوۋىمىزدىكى ئەدەبىي قابىلىيەتنىڭ بارلى-
قىنى مەن ئاشۇ يازغانلىرىڭىزدىن بىلدىم ، — دېدى ئەكبەر ، — تا-
رىختىكى نى - نى ئۇلۇغ ۋەقەلەر گۇۋاھ - شاھىتلار تەرىپىدىن يې-
زىپ قالدۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن ، پۈتۈنلەي ئەستىن چىقىپ كېتىدۇ .
ئىستىبدات نۇرى بىلەن يوغۇرۇلغان قەلب ھارارىتىدە ئىللىتىلغان تارىخىي
ۋەقەلەر ئەۋلادلارنىڭ خاتىرىسىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ . شۇنىڭ
ئۈچۈن مەن ھەتتا شىرخان تارىخىنىمۇ ئەھمەد سەرەنگەنى ئىسمىلىك
ئاففان تارىخچىغا سوۋغات - ئىنئام بېرىپ يۇرۇپ ، مەخسۇس يازدۇردۇم .
ئەھمەد سەرەنگەنى شىرخان ئەسكەرلىرىنىڭ سېپىدە خىزمەت قىلغانى-
كەن ، ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى راسا ماختاپتۇ . مەيلى ، شىرخاننىڭ مول
تەجرىبىلىرى ، باشتىن كەچۈرگەن ھادىسلىرى ئەۋلادلارغا ساۋاق بول-
سۇن . ئەگەر ھەقىقەتنىڭ زەررىلىرى بىزنىڭ رەقىبلىرىمىزنىڭ قولىدا
بولغان تەقدىردىمۇ ، ئۇلارنى ئاشۇ جايدىن تېپىپ قەدىرلەپ ، ئىنسانلار-
نىڭ ئورتاق مەنىۋىيتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بىزنىڭ ئورتاق
بۇرچىمىز .
— بۇ بۇرچنى پەقەت مەرد ، دانىشمەن ئادەملەرلا شۇنداق ھېس
قىلالايدۇ ، — دېدى گۈلبەدەن بېگىم ئەكبەرگە ، — سىزنىڭ مېنى شۇ
بۇرچ يولىدا خىزمەت قىلدۇرغانلىقىڭىز ئۈچۈن بېشىم كۆككە يەتتى . مانا
ھازىر كەشمىرنىڭ ئەپسانىۋى گۈزەللىكلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ ئۆزۈمنى
بەختىيار سەزمەكتىمەن .
كەشمىرگە كېلىشتىن بۇرۇن گۈلبەدەن بېگىم ئەكبەرنىڭ ئىلتى-
ماسىغا ئاساسەن ، « ھۇمايۇننامە » دېگەن كىتابنى يېزىپ پۈتتۈرگەنى-
دى . ھۇمايۇن دەۋرىنىڭ بارلىق ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى بىرلىكتە
باشتىن ئۆتكۈزگەن ھەمدە بانۇ گۈلبەدەن بېگىمگە ئۆزى ياخشى بىلى-
دىغان ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بېرىپ ، كىتابنىڭ مۇكەممەل چىقىشىغا يار-

دەملەشكەنىدى . ئەكبەرگە بابۇر بوۋىسىنىڭ ئۆلمەس خاتىرىلىرىدەك سەمىمىي ۋە ھەقىقىي تۇيۇلغان بۇ كىتابتا پەقەت ئاياللار شەرھىيلەپ بې-رەلەيدىغان شۇنداق گۈزەل ۋە نازۇك نۇقتىلار بار ئىدىكى ، ئۇلارنى ئو-قۇغان ئادەم گۈلبەدەن بېگىمنىڭ ئىستىتىك دىتىغىمۇ ، ئەدەبىيلىك دىتى-غىمۇ تەن بەرمەي تۇرالمايدۇ . ئەكبەر ھاممىسىنى شۇنداق بىر كىتابنى يازغانلىقى ئۈچۈن ، ئەستايىدىل رەھمەت ئېيتماقچى بولۇپ . كەشمىرگە ئېلىپ كەلگەنىدى .

— ھاما ، سىز كەشمىردىن قانچىلىك زوقلانغان بولسىڭىز ، مەن سىز يازغان كىتابتىن شۇنچىلىك زوق ئالدىم .

ئەكبەرنىڭ باھاسىنى ئاڭلىغان گۈلبەدەن بېگىمنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى .

— ئىلاھىم ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈڭ ، ئەكبەرجان . كەشمىرنىڭ بادامزارلىرى ، ئانارزارلىرى ، ئۈجمىزارلىرى ، مىرزا تېرەكلىرى خۇددى پەرغانە ۋادىسىنى ئەسلىتىدىكەن . مەن ئۆزۈم پەرغانە ۋادىسىنى كۆرمە-گەن . لېكىن ، قىلىچخان ئەنجانى كەشمىرگە كەلگەندىن بېرى تۇغۇلغان جايلارنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېزىلىپ كېتىپتۇ .

ھەممىدە بانۇ ئېغىر خورسىنىپ :

— مېنىڭ رەھمەتلىك دادام تاشكەنت ۋە سەمەرقەندنى كۆرەلمەي ئارمان بىلەن ئۆتۈپ كەتتى ، — دېدى .

بۇ گەپلەر تەسىرىدە ئەكبەرنىڭ خىيالى تاغلار ئېشىپ سىر دەريا ۋە ئامۇ دەريا بويلىرىغا كەتتى . كەشمىر ئارقىلىق قەشقەرگە ، ئاندىن ئوش ئارقىلىق ئەنجانغا ۋە پەرغانىگە ئېلىپ بارىدىغان تاغ يوللىرىنىڭ خەرىتىسىنى بۈگۈن كېچىسى ئىنچىكە كۆرۈپ چىققانلىقى ئېسىگە چۈشتى . ھىمالايا ۋە پامىر تاغلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن ئۆتىدىغان بۇ يول كابۇل ۋە تىرمىز ئارقىلىق بارىدىغان يولدىن بىر نەچچە باراۋەر يېقىن . دېھلىدا پولات ۋەسۋەس ئاتقان كامانى شاشىنىڭ ئوقى ، بۇ جاراھەتنىڭ ئاچچىق ئاغرىقى ئۇنى تۇراندىكى غانىملاردىن ئۆچ ئېلىشقا ئۈندەيتتى . ئەمما ، ئىككى ئارىدا ئەكبەر ئۈچۈن ھىمالايا تاغلىرىدىن ئېگىزرەك تو-

سالغۇلار بار ئىدى.
ماۋەرائۇننەھردە ھېلىھەم ئابدۇللاخان ھۆكۈمرانلىق قىلماقتا.
ئابدۇللاخان ئۈچۈن ئەڭ خەتەرلىك رەقىب ئەكبەر بولغانلىقى سەۋەبلىك
ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ سەرخىل قوشۇنلىرىنى كابۇل ۋە كەشمىرگە چېگرىداش
جەنۇب ئۆلكىلەرگە تۇرغۇزغانىدى. ئەكبەر دادىسىنىڭ بەلختە شەيبا-
نىزادىلەردىن قانداق يېڭىلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. ئۇلار بىلەن
بىرلىشىش ئۈچۈن ئاۋۋال ھىندىستاندىكى ئىچكى پاراكەندىچىلىكنى تۈ-
گىتىپ، بارلىق كۈچلەرنى بىر تۇغ ئاستىغا توپلاپ ئۇيۇشتۇرۇشنى
ئويلايتتى. ئۇ مانا شۇ مەقسەتتە كەشمىرنى مەركىزىي دۆلەتكە قو-
شۇۋالدى. ئابدۇرەھىم خانى خانان سىند ۋە بېلۇجىستانغا قوشۇن تار-
تىپ كەتتى.
قېنى، ئەكبەرنىڭ ئۆز ئوغلى سەلىممۇ ئابدۇرەھىم كەبى سادىق
ۋە قابىل پەرزەنت بولسا يۇ، دادىسىنىڭ يۈكىنى يەڭگىل قىلسا! سەلىم-
نىڭ تەشۋىشى ئازلىق قىلغاندەك، ئىككىنچى ئوغلى مۇراد ئىچكۈزلۈققا
بېرىلىپ ئۆمرىنى بەزمىدە ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئەكبەر ئۇنى پايتەختتىكى
ئۇلپەتداشلىرىدىن يىراق تۇتۇش ئۈچۈن جەنۇبتىكى مەلۋەگە ھاكىم قى-
لىپ ئەۋەتتى. ئۈچىنچى ئوغلى دانىيال ھازىر قەندەھاردا. ئۇن سەك-
كىزگە كىرىپ ئۇمۇ كۆپ ئىچىدىغان بولۇۋالدى. ئۈچ ئوغلىدىن بىرە-
رىگە ئەكبەردىكى ئىرادە ئۆتكەن بولسا كاشكى؟ بۇ جاۋابسىز سوئال
ھەتتا كەشمىر كۆللىرىدە ئۈزۈپ يۈرگەن ئەڭ خۇشال پەيتلەردىمۇ ئۇنىڭ
كۆڭلىگە سايە تاشلاپ تۇراتتى.
سىرتتىن قارىغاندا ھاممىسى گۈلبەدەن بېگىم ناھايىتى خۇشال-
دەك، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئارمانلار كۆپ.
— ئانام سەمەرقەندتە، دادام ئەنجاندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسى-
مۇ، مەن ئۇلارنىڭ يۇرتىنى كۆرۈپ باقمىسام - ھە! — دېدى ئۇ.
ئەجەبا، ئەكبەر پەرغانە ۋە سەمەرقەندلەرنى كۆرمەي ئۆتۈپ
كەتسە؟ ئۇنىڭ ھىندىستاندا قىلغان ئىشلىرىنى ماۋەرائۇننەھردىن كەل-
گەن خەيرخاھ ئادەملەر كۆرگەندە: «ھەي، ئاشۇ ياخشىلىق ۋە ئىسلا-

ھاتلار بىزدىمۇ ئەمەلگە ئاشسا ـ ھە ! » دەپ ئارمان قىلىشتى . بۇخارادا ھېلىھەم قۇل بازارلىرى مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ، چوڭ سۇلتانلارنىڭ مۇسۇلمان ئىرانلىقلارنى « رافىزى ، شىئە » دەپ بويىندىن باغلاپ ، ھەتتا بۇرنىدىن تېشىپ چۇلۋۇر ئۆتكۈزۈپ ، قۇل بازارلىرىغا ھەيدەپ كېلىپ سېتىشلىرىنى ئېچىنىپ سۆزلەپ بېرەتتى . شەيبانىزادىلەر دۆلىتىدە ناھايىتى ئەتىۋارلىق قۇشقۇلاقبەگ ، بۇلدۇرىقبەگ ، چۇلتەنبەگ ، بۇزاھۇر سۇلتان دېگەن بەگلەرنىڭ سەمەرقەند ۋە تاشكەنتتەك قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مەركەزلەرگە خوجايىن بولۇپ ، ئىلىم ـ مەرىپەتنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىۋاتقانلىقى ئەكبەرگە ئېغىر كۆرگۈلۈكتەك تۇيۇلاتتى . « ماۋەرائۇننەھرنى بۇ چوڭ جاھىللاردىن قۇتقۇزۇڭ » دەپ كەلگۈچىلەرگە « ھازىر پۇرسەت پىشىپ يېتىلمىدى ، سەۋر قىلىش كېرەك » دەپ جاۋاب بېرەتتى .

لېكىن ئەكبەر سەۋر قىلىپ يېشى ئەللىكتىن ئاشتى . ئەمدى ئۇنىڭغا سەمەرقەندتىكى گۆرى مىرنى ، شاھىزىندانىنى ، پەرغانە باغلىرىنى ، تاشكەنتنىڭ بوسۇغىسىنى بىرەر قېتىم كۆرۈش نېسىپ بولسا ـ ھە !

بۇ سوئال كەشمىردىكى مىرزا تېرەكلەر ۋە چىنارزارلارنى سەيلە قىلىۋاتقان چاغدا ، يۈرەكنى ئەزگۈچى بىر مۇڭ بىلەن كۆڭۈلدىن ئۆتمەكتە ئىدى . شۇ تاپتا ئۇ ماۋەرائۇننەھرگە بىمالال بېرىپ كېلىۋاتقان ئەلچىلەر ۋە سودا كارۋانلىرىنى ھەۋەس بىلەن ئەسلىدى . بابۇر دەۋرىدە باشلانغان ئالاقىلەر ھازىرغىچە ئۈزۈلگىنى يوق . يىگىرمە يىلدىن بېرى ئابدۇللاخاندىن ئەكبەر سارىيىغا ئۈچ تۆركۈم ئەلچىلەر ئۆمىكى كېلىپ كەتتى . ئەكبەرمۇ بۇخاراغا ئۈچ تۆركۈم ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ ، ئابدۇللاخاننىڭ سوۋغا ـ سالاملىرىغا يارىشا قىممەت باھالىق ئىنئاملارنى ھەدىيە قىلدى .

بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت پەقەت مۇرەسسە قىلىش ئەمەس ، بەلكى بىر ـ بىرىنىڭ ئەھۋالىدىن ياخشىراق خەۋەردار بولۇش ۋە قولاي پەيت كەلگەندە يانپاشقا ئېلىپ ، يەرگە ئۇرۇش ئىدى . سودا كارۋانلىرى بىلەن ھەر يىلى ماۋەرائۇننەھرگە بېرىپ كېلىۋاتقان مەخپىي كىشىلەر

يېڭى ـ يېڭى گەپلەرنى ئېلىپ كېلىشەتتى. ئەكبەرنىڭ ھىندىس-
تاندا دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بارغانلىقى بۇخارادىكى جۇيبار شەيخلىر-
نىڭ قويقا چىچىنى تىك تۇرغۇزۇۋەتتى. ئۇلار ئەكبەرنى شىئەلەردىنمۇ
يامان كاپىر دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ نامىنى تىلغا ئالدۇرمىدى. ئابدۇللا-
خاننى بولسا مۇسۇلمان ئالىمىنىڭ ئىمانى پاك، ئىسلامغا سادىق
تاجدار دەپ ئۇلۇغلاشتى.

خوجا ئىسلام ئىسىملىك دىنىي پېشۋا مۇتەئەسسىپ شەيخلەرنى
بۇخاراغا يىغىپ، ئۇلارنىڭ نامىدىن ئەكبەرگە قارشى غەزەپلىك پە-
تىۋالارنى چىقىرتىۋاتقان بولسىمۇ، ئابدۇللاخان تېخى ھىندىستان بىلەن
مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋەتمىدى. ئۇ يەنىلا ئەكبەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ، مەك-
تۇپ يېزىپ تۇراتتى. چۈنكى، ئاۋادا خان ئەكبەر بىلەن مۇناسىۋەتنى
ئۈزسە، بۇنىڭدىن ئىران پادىشاھى شاھ ئابباس پايدىلىنىپ كېتەتتى.
ئەكبەر دۆلىتىنىڭ قۇدرەتلىكلىكى ئۇنىڭغا مەلۇم، ئەگەر ئۇنى ئىران ئۇ-
زىگە قارىتىۋالسا، ئابدۇللاخان ئىككى چوڭ رەقىبكە دۇچ كېلىپ، غولاپ
كېتىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئابدۇللاخان ئەكبەر يۈرگۈزگەن يېڭىچە
سىياسەتنى قانچە يامان كۆرسىمۇ، ئەكبەرنىڭ ئەلچىلىرىنى يەنىلا زور
تەنتەنە بىلەن قارشى ئالاتتى. ئەكبەر بۇخارادىكى جۇيبار شەيخلىرىنىڭ
قەھرلىك پەتىۋالىرى ئۈستىدىن كۈلۈپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن
مەسلەكداشلىرى — ھاكىم ھۇمۇم ۋە سەدرى جاھانلارنى ئابدۇللاخان
سارىيىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. قېنى، خان يېڭى ئىمان ـ ئېتىقاد ۋە-
كىللىرىگە بىرەر يامانلىق قىلىپ باقسۇنچۇ! ياكى جۇيبار شەيخلىرى
ئۇلارنى «كاپىر» دەپ تاشبوران قىلدۇرسۇنچۇ قېنى! ياق،
ئۇلار بەش ـ ئالتە يىلدىن بېرى ئەكبەرنىڭ پۈتۈن كۈچلىرىنى شىمالىي
ۋىلايەتلەرگە يىغىۋاتقانلىقىدىنمۇ خەۋەردار. ھازىر يېشى ئاتمىشتىن ئې-
شىپ، كېسەلمەن بولۇپ قالغان ئابدۇللاخان ئەكبەرنىڭ يېڭىلمەس
سەركەردە دەپ شۆھرەت قازانغانلىقىنى، ئاجىز ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ ۋە
ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇشقا نىيەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇللاخان
ئۆزىنىڭ ئىدىيە دۈشمەنلىرى بولغان ئەكبەر ئەلچىلىرىگە كاتتا زىياپەت-

لەرنى بەردى . سەيلە ـ سایاھەتلەرگە بىرگە ئېلىپ چىقتى . زەرباپ تون
ۋە ئۈچقۇر ئاتلارنى ئىنئام قىلدى . ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتتى .
ماۋەرائۇننەھردە بىر يىلدىن ئارتۇق تۇرۇپ قايتىپ كەلگەن ئەك-
بەر ئەلچىلىرى سەمەرقەند ۋە بۇخارادا خان زۇلۇمىدىن بىزار بولغان ئا-
دەملەر بارا ـ بارا كۆپىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خاننىڭ
چوڭ ئوغلى ئابدۇمۆمىننىڭ دادىسىنىڭ تەختىنى تېززەك ئىگىلەش ئىس-
تىكىدە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش باشلىغانلىقىنى بىلىپ قايتىشتى . ئاب-
دۇللاخاننىڭ خۇراسانغا كۆكەلداش قۇلبابانى ھاكىم قىلىپ تالليغىنى
ئابدۇمۆمىننى قاتتىق نارازى قىلغانىدى . چۈنكى ئۇ ھېراتنى ئۆزىگە پاي-
تەخت قىلماقچى ۋە مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇپ چىقماقچى ئىدى . شۇ
مەقسەت بىلەن ئۇ ھەتتا تۈرك پادىشاھى سۇلتان سەلىمگە دادىسىدىن
بىسوراق ئەلچىلەر ئەۋەتكەنىدى . ئوغلىنىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى
سەزگەن ئابدۇللاخان ئۇنى ھېراتتىن ، بۇخارادىن يىراقراقتا تۇتقۇسى
كېلىپ ، بەلخكە ھاكىم قىلىپ يولغا سالدى . بەلخ پەنجاپقا يېقىنراق
ئىدى . ئابدۇمۆمىن ئەمدى لاھوردا تۇرغان ئەكبەرگە دادىسىنىڭ مەسلى-
ھەتىسىز ئەلچى ئەۋەتتى . ئۇنىڭ سارىيىدىكى مەخپىي ئادەملەرنىڭ مەلۇ-
ماتى ئەكبەرگە بۇ ئەلچىدىن بالدۇر يېتىپ كەلدى : ئابدۇمۆمىن ئۆز
ئەلچىسىگە قىز سوراش ۋەزىپىسىنىمۇ يۈكلەپتۇ . يەنى ئەكبەرنىڭ قىزىغا
ئۆيلىنىش ئىستىكىنى بىلدۈرۈپتۇ ۋە شۇ يول بىلەن ئۆز دادىسىدىن غالىب
كەلمەكچى بوپتۇ .
نىيە قىلارنى بىلمەي ھودۇقۇپ يۈرگەن ئابدۇمۆمىننىڭ ئۆزىنى
ئەكبەرگە تەڭ تۇتۇپ ئەلچى ماڭدۇرغىنى ، ئۇنى ئاز دەپ ئۇنىڭ قىزىنى
خوتۇنلۇققا سورىماقچى بولغىنى ئەكبەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى . ئۇ
ھەيبەرداۋىنى ئېتىكىدە ئەلچىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مەخسۇس ئادەم
ئەۋەتتى ۋە :
— بۇ ئەبلەخنى شۇ جايدىلا بەند قىلىڭلار ، ھىند دەرياسىنىڭ بۇ
قېشىغا ئۆتمىسۇن ! — دەپ بۇيرۇدى .
ئابدۇمۆمىننىڭ قىز سوراش ۋەزىپىسىنى ئۆتىگىلى كەلگەن ئەل-

چىلەر ھىند دەرياسىنىڭ ئۇلۇغ سۈيىدە غەرق بولۇپ كەتتى. ئابدۇمۆ-
مىننىڭ ئەكبەرگە كۆيئوغۇل بولۇش ئىستىكىدە يازغان مەكتۇپى، ماڭ-
دۇرغان سوۋغا - سالاملىرىنىڭ سوغا چۆكۈپ نام - نىشانسىز يوقالغانلى-
قىنى بۇخارادا تۇرۇپ ئاڭلىغان ئابدۇللاخان:

— ئوبدان بوپتۇ! — دەپ سۆيۈندى.

شەيبانىزادىلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىققان بۆلۈنمىچىلىكتىن قار-
غاندا، ئابدۇللاخان ئۇزاققا بارالماسلىقى ئېنىق. چۈنكى ئۇنىڭ جىگەر
كېسىلى كۈچىيىپ، ئاتقا مىنەلمەيدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ئەكبەر ئاڭ-
لىغانىدى.

شۇ ئىشتىن كېيىن، ئابدۇمۆمىن دادىسىنىڭ كېسىلىنى ئېي-
غىرلاشتۇرۇۋەتتى. لېكىن، ئابدۇمۆمىننىڭ ئۆزىگە قارشى باش كۆتۈر-
گەن كۈچلەر كۆپ، ئەكبەر ئەنە شۇ كۈچلەر ياردىمىدە ئابدۇمۆمىننى
يېڭىشى مۇمكىن.

ئەكبەر ھامىسى گۈلبەدەن بېگىمنىڭ سەمەرقەند ۋە پەرغانىنى
كۆزلەپ ئېيتقان گەپلىرى تەسىرىدە پەيدا بولغان مۇرەككەپ ئويلارنى
ئاشۇ پىكىر بىلەن يەكۈنلىدى - دە:

— جېنىم ھاما، مانا كەشمىرگە كەلدۇق، ئامان بولساق ئاز
كۈندە سەمەرقەند ۋە پەرغانىلەرگىمۇ بارىمىز! — دېدى.

— ئىلاھىم مۇرادىڭىزغا يېتىڭ.

ھەمىدە بېگىم بۇ گەپلەردىن خۇش بولۇش ئورنىغا، نېمە
ئۈچۈندۇر جىددىيلىشىپ قالدى.

— شاھ ئوغلۇم، تۇرانغا سىز پەقەت قوشۇن تارتىپ جەڭ قىلىپ
بېرىشىڭىز مۇمكىن. شەيبانىزادىلەرنىڭ بىھېساب كۆپ قوشۇنى بارمىش.
ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرىدىغان جەڭلەرنى، قانچىلىغان ئادەمنىڭ قىرىلىدى-
غانلىقىنى ئويلىسام، قورققۇم كېلىدۇ!

— نېمە چارە! بىز ساياھەتچى ياكى ئەلچى بولساق ئىدۇق، بە-
رەر كارۋانغا قوشۇلۇپ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ۋەتىنىگە بېرىپ كېلەت-
تۇق. لېكىن، شەيبانىزادىلەر بابۇرىيلارنى يېقىن يولاتمايدۇ. ھەتتا بىز-

نىڭ توغرىمىزدىكى راست گەپلەردىنمۇ قورقىدۇ . ماۋەرائۇننەھردىن
ھىندىستانغا كەلگەن ئادەملەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن قورۇلۇشلىرى-
مىز ، تەسۋىرخانىلىرىمىز ، يېڭىچە سىياسىتىمىز ھەققىدە سەمەرقەند ،
بۇخاراغا بېرىپ ھەقىقەتنى سۆزلىسە ، ئۇلارنى « دىندىن قايتقان ئەكبەر-
نىڭ تەرەپدارلىرى » ، « خائىن » ، « كاپىر » دېيىشىپ جازاغا تارتىدۇ .
— نېمىشقا شۇنچىلا بولۇپ كېتىدۇ ؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى
ھەمىدە بېگىم . — ئابدۇللاخان بۇخارادا مەدرىسىلەرنى ، كارۋان
سارايلارنى قۇرغانمىش . يەنە ئۆتەڭ - قونالغۇلارنى سالدۇرغانلىقى ئۈ-
چۈن ، ئەل ئارىسىدا بىر گەپ پەيدا بوپتۇ ، مەزمۇنى : « ئابدۇللاخان بىر
كېچە يېتىش ئۈچۈن رابات ( قونالغۇ ) سالدۇرغان ، سەنمۇ بەش كۈنلۈك
دۇنيادا ئۆي - جاي ياساپ ياشاپ قال » ئىكەن .
— توغرا ، شەيبانىزادىلەر ئارىسىدا ئەڭ ئىستىبداتلىقى ئابدۇللا-
خان . بۇنداق قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كې-
لىۋەرمەيدۇ . لېكىن ، چوڭ سۇلتانلارغا خاس ئىچى تارلىق ئۇنىڭدىمۇ بار
ئىكەن . بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئاۋۋال سەمەرقەندلىك ئابدۇرەھىم
مۇشقىي دېگەن شائىر ئەگرەگە بىزدىن پاناھلىق تىلەپ كەلدى . شۇ
چاغدا ، ئۇنىڭ ماڭا ھەسرەت بىلەن ئېيتىپ بېرىشىچە « بابۇرنامە » نى
ماختىغانلىقى ئۈچۈن ، ئابدۇللاخان ئۇنى « سەن بىزگە قارىغاندا تىمۇ-
رىيلەرنى ياخشى كۆرىدىكەنسەن » دەپ ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ . مۇشقىي
ساراي كىتابخانىسىنىڭ مەشھۇر كىتاب - ماتېرىيال باشقۇرغۇچىسى ،
كاتتا شائىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئابدۇللاخاننىڭ ۋەزىرى قولبابا كۆ-
كەلداش ئارىغا چۈشۈپ شاپائەت سوراپتۇ ھەمدە : « مۇشقىي سىزنى
تىمۇرىيلەردىن يۇقىرى قويۇپ شېئىر يازغان » دەپتۇ . « قېنى ئۇ شې-
ئىرلار » دەپتۇ خان . ۋەزىر شېئىرنى ئوقۇپ بېرىپتۇ . « مەن قىلىچ يا-
لىڭاچلاپ ئات چاپتۇرۇپ ماڭاي ، مۇشقىي ئۆزەڭگىنى تۇتۇپ ، مېنى
ماختىغان ئاشۇ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ يۈگۈرسۇن . ئەگەر شۇ شەرتنى ئادا
قىلمىسا ، ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرىمەن ، كالللىسىنى ئالىمەن ! » دەپتۇ . بىچارە
شائىر نېمە قىلالىسۇن ؟ ئابدۇللاخان قىلىچ يالىڭاچلاپ ئاتنى دۈشىتىپ

چاپتۇرۇپتۇ. مۇشقىي ئاتنىڭ ئۇزەڭگىسىدىن تۇتقانچە، خاننى ئۇلۇغلاي-
دىغان شېئىرلارنى ئوقۇپ چىقىپتۇ.

— ئاھ بىچارە! — دەپ قويدى گۇلبەدەن بېگىم.

مۇشقىينىڭ زېھنى ئۆتكۈر ئىكەن. ئازماستىن، توختىماستىن،
مەررەگە يەتكۈچە شېئىر ئوقۇپتۇ. شۇ تەرىقىدە تىرىك قالغاندىن كې-
يىن، ئۇ ئابدۇللاخاندىن ئىخلاسى قايتىپ، بۇخارادىن باش ئېلىپ چى-
قىپتۇ-دە، سودا كارۋانلىرى بىلەن ئەگرەگە كەپتۇ.

— ھازىرمۇ ئەگرەدىمۇ؟

— ياق، ئىككى-ئۈچ يىل تۇرغاندىن كېيىن كېتىشكە رۇخسەت
سورىدى. كېيىن بىلسەم، بىزنىڭ ساراي شائىرلىرى ئۇنى خاپا قىلىپ
قويغانىكەن. «ھەرقانچە ئازاب چەكسەممۇ ۋەتىنىمگە قايتاي، شائىر
يۇرتىدىن ئايرىلسا، تۇپراقتىن ئايرىلغان دەرەختەك، ئىجادىيىتى توختاپ
قالىدىكەن» دېدى. رۇخسەت بەردۇق، قايتىپ كەتتى.

ئەكبەر بۇ سۆزلەرنى مۇشقىيغە ئاللاھىدە ھەۋەسى كەلگەن ھالدا
ئېيتتى. چۈنكى ئاشۇ شائىر قايتىپ بارغان سەمەرقەندكە ئۇ ھازىرغىچە
يېتىپ بارالمايۋاتاتتى. بىراق، بوۋا-كالانلىرى مەقبەرىسى جايلاشقان
بۇ شەھەرنى شەيبانىزادىلەردىن تارتىۋېلىش، ماۋەرائۇننەھردە ئۇلۇغبەگ
ۋە ناۋايىلار دەۋرىدىكى مەنىۋى يۈكسىلىشلەرنى قايتا تىكلەش ئىستەك-
لىرى يىللاپ دىلىغا چوڭقۇر يىلتىز تارتتى. بۇ ئىستەكلەرنى ھىندىستان-
نىڭ شىمالىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇش قولايلىقراق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەكبەر
مىلادى 1585-يىلدىن باشلاپ پايتەختنى فەتھپۇردىن لاھورغا كۆچۈر-
گەنىدى. پايتەختنى لاھورغا كۆچۈرۈشنىڭ يەنە بىر سە-
ۋەبى، فەتھپۇر-سىكرىلەر دەريادىن يىراق، ئۇنىڭ يېنىدىكى كۆللەر
بولسا، ئاھالە كۆپەيگەنسېرى تېيىزلىشىپ، سۈيى شورلىشىپ كەتتى.
فەتھپۇر-سىكرىدە ئاھالە ئىككى يۈز ئەللىك مىڭغا يەتتى. بۇنچە كۆپ
ئادەم كۆل سۈيىنى يەنە ئوتتۇز-قىرىق يىل ئىچىدە، تامامەن قۇرۇتۇ-
ۋېتىشى مۇمكىن. ئەكبەر يەنە بىر تەرەپتىن شۇنى ئويلاپ پايتەختنى
سۈيى ئەلۋەك لاھورغا كۆچۈرۈپ كەلگەنىدى.

× × ×

ئون بەش يىلدىن بېرى لاھور پايتەختكە ئايلىنىپ، رەۋى دەر-ياسى بويىدا سەمەرقەند ئابىدىلىرىدەك رەڭمۇرەڭ كاھىشلار بىلەن بې-زەلگەن يېڭى قەسىرلەر، مەدرىسىلەر پەيدا بولدى. پادىشاھ سارىيى قە-يەرنى پايتەخت قىلسا، شۇ جايدا پۇلدارلار كۆپىيىدىغانلىقى ۋە سودىنىڭ گۈللىنىدىغانلىقىنى بىلىدىغان سودا مەمۇرىيلىرى لاھوردا يېڭى - يېڭى رەستىلەر ۋە بازارلارنى ئاچتى.

جاھاننىڭ بۇلۇڭ - بۇلۇڭلىرىدىن يولغا چىققان سودا كارۋانلىرى شىمالدىكى كابۇل، غەربتىكى قەندەھار، جەنۇبتىكى ئەگرە ۋە دېھلى ئارقىلىق لاھورغا كېلىشەتتى. چوڭ يوللار ئۈستىدە ئەڭ مەشھۇر شەھەر — ئەگرە، فەتھپۇر ۋە لاھورنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان ئۈچ يۈز مىل ئۇزۇنلۇقتىكى شەھەرۋە شەھىرى بار ئىدى. مەخسۇس بۇيرۇق بىلەن كېڭەيتىلگەن ۋە ئەتراپى ئاۋاتلاشتۇرۇلغان بۇ يولدا تۆت - بەش هارۋا ياندىشىپ ماڭالايتتى. بۇ يولغا سىلىق تاشلار ياتقۇ-زۇلغان بولۇپ، ھەر يەتتە - سەككىز مىل جايغا توختاپ دەم ئالىدىغان، ئوقەت قىلىشىدىغان ۋە ئات ئالماشتۇرىدىغان يەمخانا - بېكەتلەر قۇرۇل-غان. شۇنچە ئۇزاق مۇساپىلىك بۇنداق كاتتا يولنىڭ شۇ دەۋردە دۇنيادا كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغانلىقىنى مىلادى 1591 - يىلى لاھورغا كەلگەن ئىنگلىز ئەلچىسى لورد ئېدۋارد لاياتون ئۆز خاتىرىسىگە يېزىپ قالدۇرغا-نىدى.

ئەكبەر شىمالىي چېگرىلاردىكى تەشۋىش بىلەن قانچىلىك ئاۋارە بولسىمۇ، يەنىلا پورتۇگال ئىستېلاچىلىرىنىڭ جەنۇبتىكى ھەرىكەتلىرىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. كېيىنكى يىللاردا، ھىندى دېيا-رىدا ئىنگلىزلار پورتۇگاللار بىلەن قاتتىق جەڭلەر قىلغانىدى. ئەكبەر بۇ ئىككى رەقىبنىڭ ئۆزئارا نىزالىرىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئىنگلىز ئەل-چىسى ئېدۋارد لاياتوننى قوبۇل قىلدى. مۇئامىلىگە ئۈستا بۇ لورد ئەنگ-لىيەنى پەقەت ھىندى سودىسى قىزىقتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەكبەرنى ئىشەن-

دۇردى . ئۇ پورتوگاللارغا قارشى كۇرەشتە ئەكبەرگە ياردەم بېرىش
شەرتى بىلەن گانگ دەرياسىنىڭ ئېغىزىغا چىقىدىغان كالكۇتتا دېگەن
جايدا « ئوست ـ ھىندى » شىركىتىنىڭ بىر شۆبىسىنى ئېچىشقا رۇخ-
سەت ئالدى . 1600 ـ يىلى ئەنگلىيە ئايال پادىشاھى ئېلىزابېت بۇ شىر-
كەتنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان مەخسۇس قارار چىقاردى . لې-
كىن ، « ئوست ـ ھىندى » شىركىتىنىڭ كېلەچەكتە پۈتۈن ھىندىس-
تاننى مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرىدىغان بىر كۈچكە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى
ئۇ چاغدا ئەكبەرمۇ ، ئېلىزابېتنىڭ ئۆزىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىغان بولسا
كېرەك . . .

بىراق ، دەريا ئېغىزلىرىدىن كىرىپ كېلىۋاتقان پەرەڭلەر كېيىنكى
رىنىڭ ھىندىستاننىڭ جەنۇبىي قىرغاقلىرىدا بارا ـ بارا كۆپىيىپ بېرىۋات-
قانلىقى ئەكبەرنى خاتىرجەمسىزلەندۇردى . پايدا كۆزلەيدىغان ھىيلىگەر
پەرەڭلەر ئېغىز ئەتراپىدىكى بىجاپۇر ، گولكاندا ، ئەھمەدنەگار ۋە خان-
دىش دېگەن ئۇششاق مۇسۇلمان دۆلەتلەرنى بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشقا
سېلىپ قويۇپ ، ئۆزلىرى ئېغىز قىرغاقلىرىدا يېڭى ـ يېڭى قارارگاھلارنى
بەرپا قىلىۋاتاتتى . ئەكبەر بولسا ، بۇ مۇسۇلمانلارنى پەرەڭلەرگە قارشى
بىرلەشتۈرۈشكە ئىنتىلەتتى . شۇ مەقسەت بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەن-
گەن ئادەملىرىدىن فەيزىي ۋە ئەبۇلفازللارنى جەنۇبتىكى سۇلتانلىقلارغا
بىر ئەمەس تۆت قېتىم ئەلچىلىككە ئەۋەتتى . ئاخىر خاندېش سۇلتانىنىڭ
ئەلىخان دېگەن ھۆكۈمدارى ئەكبەرنىڭ دۆلىتىگە ئىختىيارى ھالدا قو-
شۇلدى ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىگە ئۆز دۆلىتىنىڭ چېگرالىرىنى ئېچىپ
بەردى .

خاندېشنىڭ بۇرھانپۇر شەھىرىگە ئەكبەر ئۆزىنىڭ يىگىرمە
سەككىز ياشلىق ئوغلى مۇرادنى زور قوشۇن بىلەن يولغا سالدى .

مۇرادقا تەجرىبىلىك سەركەردە ئابدۇرەھىم خانى خانانى باش
مەسلىھەتچى قىلىپ تەيىنلىدى . ئەكبەر ئۇلارغا پەرەڭلەرنى مەلابەر قىر-
غاقلىرىدىن ۋە گوئادىن قوغلىۋېتىشنى باش ۋەزىپە قىلىپ قويدى . ئۇ-
نىڭ نەزەرىدە ، مۇرادنىڭ پەرەڭلەرنىڭ تىلىنى بىلىدىغانلىقى بۇ ۋەزىپە-

نىڭ سۆزسىز ئادا بولۇشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك ئىدى.

مۇراد بۇرھانپۇردا تۇرۇپ پەرەڭلەردىن بىرقانچە زەمبىرەكلەرنى سېتىۋالدى. ئەمما بۇ زەمبىرەكلەر بەكمۇ كونىرىغان بولۇپ، ئالللىقاچان ئىستېمالدىن قالغاچقا، ئۇلارنى پەرەڭلەرنىڭ توپچىلىرىنىڭ ياردىمىسىز ئاتقىلى بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇراد پەرەڭ توپچىلىرىدىن بىرىنى ئۆز يېنىغا تەكلىپ قىلدى. بۇ پەرەڭ توپچى ناھايىتى خوش مۇئامىلىلىك ئۇلپەتچى يىگىت ئىكەن. ئۇ مۇرادنىڭ ئىچىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن تاڭ ئاتقۇچە بەزمىدە مەيخورلۇق قىلىشقا باشلىدى. ئەكبەر ئوغلىنى مەيخورلۇقتىن توسۇشنى ئابدۇرەھىمغا تاپىلىغانىدى. ئابدۇرەھىم شاھزادىنىڭ بۇنداق بەزمىلەرنى توختىتىشىغا، پۈتۈن دىققىتىنى ئەكبەرگە تاپشۇرغان ۋەزىپىگە قارىتىشىغا كۆپ ھەرىكەت قىلدى. ئەمما، شاھزادە ئۇنىڭ گېپىگە ئەمەس، مەيخور ئۇلپەتداشلىرىنىڭ گېپىگە بەكرەك قۇلاق سالاتتى. ئابدۇرەھىم بىلەن شاھزادىنىڭ ئارىسىنى شۇلار بۇزدى. شىر ـ كەيپ مۇراد ئابدۇرەھىمنى: « سەن شىئە، بىزگە يات مەزھەپتىسەن! » دەپ ھاقارەت قىلدى. يەنە ئابدۇرەھىمنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت يېزىپ، خەۋەرچى ئارقىلىق لاھۇردىكى دادىسىغا ئەۋەتتى.

شۇ چاغدا سەمەرقەندىن ئەكبەر ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم بولغان يېڭى خەۋەرلەر كېلىۋاتاتتى. ئابدۇللاخان قارشى ئەتراپلىرىدا قىشلاۋاتقان پەيتتە، ئابدۇمۆمىن بەلخ تەرەپتىن دادىسىغا قارشى يوشۇرۇنچە قوشۇن تارتتى. ئۇ ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتكەندە، ئابدۇللاخان بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، ئالدىراپ ـ تېنەپ سەمەرقەندكە چېكىندى.

جىگىرى ئاجىزلاپ قالغان خانغا قىشنىڭ يول ئازابى يامان تەسىر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇللاخان سەمەرقەندە 1598 ـ يىلى ھوت ئېيىدا ۋاپات بولدى.

ئابدۇمۆمىن تۇنجى ئوغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن دەرھال دادىسىنىڭ تەختىنى ئىگىلىدى. ئۇنىڭ قىلغان بىرىنچى ئىشى، دادىسى ياخشى كۆرگەن ساراي كىشىلىرىنى رەھىم قىلماي قىرىش بولدى. شۇلارنىڭ

ئىچىدە ئابدۇللاخان دۆلىتىنىڭ ئەڭ ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك ۋەزىرى بول-
غان قۇلبابا كۆكەلداش « دۈشمەن » سۈپىتىدە دەھشەتلىك ئىسكەنجىگە
ئېلىنىپ ، قىيىن - قىستاقلار بىلەن ئۆلتۈرۈلدى . ئابدۇمۆمىن خان ئاتى-
لىسىنىڭ تەختىگە دەۋا قىلىش ئېھتىمالى بولغان ۋەكىللەرنى بىرمۇبىر
قىلىچتىن ئۆتكۈزدى . ئابدۇللاخان ئەۋلادىدىن پەقەت پىرمۇھەممەد
كۆكنارى قانداقتۇر بىر جايدا كەيپ بولۇپ يېتىپ قالغان بولسا كېرەك ،
ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئەۋەتىلگەنلەر ئۇنى تاپالمىدى . كېيىن ئابدۇمۆمىنگە
قارشى ئىسيان كۆتۈرۈلگەندە ، باشقىلار ئەنە شۇ پىرمۇھەممەد كۆكنارىنى
ئۆزلىرىگە خان قىلىپ مەيدانغا چىقاردى . شۇنىڭ بىلەن ئىچكى ئۇرۇش
باشلاندى .
ئەكبەرنىڭ ماۋەرائۇننەھردىكى تەرەپدارلىرى « ئەمدى سىزنىڭ
تۇرانغا كېلىشىڭىز ئۈچۈن پۇرسەت تېپىلدى ، ئابدۇمۆمىن بىلەن پىر-
مۇھەممەد كۆكنارى ، ئىلاھىم ، بىر - بىرىنىڭ بېشىنى يېگەي ! » دېگەن
مەزمۇندا مەكتۇپلارنى ئەۋەتتى .
ئەكسىچە ، شۇ كۈنلەردە ئەكبەرنىڭ ھۇزۇرىدا بىر - بىرىدىن
ئېغىر مۇسىبەتلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى ، ئۇنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك سەر-
كەردىلىرىدىن بىھاگۋەن داس ۋە تادەرمال ئارقىمۇ ئارقا كېسەلگە گىرىپتار
بولۇپ ۋاپات بولدى . ئۇلاردىن كېيىن شائىر فەيزىي فەيازىي ئالەمدىن
ئۆتتى . مۇرادنىڭ ئوغلى رۇستەم توققۇزغا كىرگەندە ، بوغما كېسىلى
بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى . بۇ شۇم خەۋەرلەر بۇرھانپۇردا ئابدۇرەھىم بىلەن
بىرلىككە كېلەلمەي ، مەست بولغان مۇرادقا يەتكۈزۈلدى ، ئىسسىقنى
ئۇنتۇش ئۈچۈن ئۇ مەي ئىچىپ يۈرەتتى . ئەمدى ئوغلىنىڭ ئىچ ئاغرى-
قىدا يىغلاپ كېچە - كۈندۈز مەست بولۇپ يۈردى ۋە ئاخىر ئاق تۇتقاللاق
كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ۋاپات بولدى .
بۇرھانپۇردىن لاھورغىچە ئاتلىق بىر يېرىم ئايلىق يول ئىدى .
ئەكبەرگە خەۋەر بېرىپ ئۇ يېتىپ كەلگۈچە ھىندىستان ئىسسىقىدا
مۇرادنىڭ جەسىتىنى ساقلاپ تۇرۇش مۇمكىن بولمىدى . شۇڭا ئۇنى
ئاتا - ئانىسىنىڭ قاتنىشىشىسىزلا يەرلىككە قويۇشتى . بۇنى

ئىگىلىغان سەلىمە بېگىم :

— ئاھ خۇدا ! يالغۇز ئوغلۇمنىڭ جەسىتىنىمۇ كۆرەلمىسەم ! بۇ نېمە كۆرگۈلۈك ، — دەپ دادلاپ يىغلىدى . يۈزلىرىنى تاتىلاپ قان قىلىۋەتتى ، — ياق ، مېنى مۇرادخاننىڭ يېنىغا ئاپىرىڭلار ! مەن ئۇنىڭ قەبرىسىگە باش ئۇرۇپ ۋىدالىشاي !

لېكىن ئۇ تەرەپلەردە ئۇرۇش توختىمىغان بولۇپ ، خەتەرلىك ئىدى .

— خەتەرلىك بولسا مەيلى ، ئۆلسەم ئوغلۇمنىڭ يېنىدا ياتىمەن !

يىگىرمە توققۇز ياشلىق مۇراد ئەكبەرنىڭ يۈرىكىدىن چوڭ بىر ئوتنى يۇلۇپ ئېلىپ كەتكەندەك بولدى . ئابدۇرەھىم بۇرھانپۇردىن كېلىپ ، پاجىئەنىڭ تەپسىلاتىنى ئېيتىپ بەردى . مۇرادنىڭ دائىملىق مەيخورلۇقلىرىدا ئۇنىڭ يېقىن ئۆلپەتدىشىغا ئايلانغان پەرەڭ توپچىنىڭ خىزمىتى بارلىقىنى ئەكبەر سەزدى . دېھلىدا ئەكبەرگە سۈيىقەست قىلغان پولات ۋەسۋەس ۋە ئۇنىڭ ئۆيىدىن تېپىلغان پەرەڭ قورالى خىيالىدا قايتا گەۋدىلەندى . ئەينى چاغدا ، پاكاۋىرا ئەكبەرگە قارشى ئېتىشقا ئۆلگۈرمىگەن قورالنى ئەمدى ئۇلارنىڭ پەرەڭ توپچى ئەسكىرىگە ئايلاندۇرۇپ ، ئۇنىڭ ياردىمىدە مۇرادنى ھالاك قىلغانلىقى ئېنىق تۇرمامدۇ ؟

ئەجەبا ئەكبەر دېڭىز سىرتىدىن كەلگەن شۇ بىرنەچچە مىڭ باسقۇنچى پەرەڭنى ھىندىستاندا ھالاك قىلالمامسۇ ؟ سەلىمە بېگىم جەنۇبقا بېرىشقا تەقەززا بولۇپ تۇراتتى . تۇرانغا قوشۇن تارتىش ئىلاجىسىز كەينىگە سۈرۈلدى ، ئەكبەر شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن تەييارلىغان قوشۇننى ئەمدى جەنۇب تەرەپكە ماڭدۇردى .

لېكىن ، پۈتۈن نىجاتلىقنى ئۇنىڭدىن كۈتۈۋاتقان بۇخارالىق ۋە سەمەرقەندلىك تەرەپدارلار ئەكبەرنىڭ كەينىدىن يەنە مەكتۇپ يوللاپ ، ئابدۇمۆمىننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ، شەيبانىزادىلەر سۇلالىسى تۈگەش ھارپىسىدا ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى .

ئابدۇمۆمىن خۇددى ئاتىسىغا قارشى قىلىچ كۆتۈرگەن تىمۇرىزادە ئابدۇللەتىپكە ئوخشاش ، پەقەت ئالتە ئايلا پادشاھ بولدى . ئۇ

تومۇز كۈنلىرىدە زامىنىنىڭ سالقىن سۇلىرى بويىدا دەم ئالغاندىن كېيىن ، سەمەرقەندكە قايتىدىغان چاغدا . ئۇنىڭ ئۆتىدىغان يولىغا دۇشمەنلىرى چوڭقۇر خەندەك قېزىپ ئۇستىنى بىلىنمىگۇدەك قىلىپ يېپىپ قويىدى . ئابدۇمۇمىن ئېتى بىلەن شۇ خەندەككە چۇشۇپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇنى پىر مۇھەممەد كۆكنارنىڭ تەرەپدارىدىن بولغان بەگلەر تۇتۇۋېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتتى ۋە جەسىتىنى بۇخاراغا ئېلىپ بېرىپ ، خان سارىيى ئالدـ دىكى جازا مەيدانىغا ئېسىشتى . ھازىر خان بولغان ئىياۋەند پىرمۇھەمـ مەدنى ئادەملەر كۆزگە ئىلمايتتى . شەيبانىزادىلەرنىڭ كۈنى شۇ زەئىپ كۆكنارنىڭ قولىغا قالغانلىقتىن ، باشقا چوڭ بايلار يېڭى سۇلالىگە ئاساس سېلىش كويىغا چۇشتى . بۇ بايلار ئارىسىدا ھەزەر دېڭىزنىڭ شىمالدىكى ئاستراخاندىن چىققان ئالتۇن ئوردا قالدۇقى سۇپىتىدە ئۇۋان گىروزنىي ئەسكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ يېڭىلگەن ۋە بۇخاراغا قېچىپ كېلىپ جان ساقلاۋاتقان مىڭقىشلاق خانىنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ بار ئىدى . ئەنە شۇ ئاستراخانلاردىن ئاكا ـ ئۇكا ئىمام قۇلى خان بىلەن تاھىر مۇـ ھەممەد سەمەرقەندنى ئىشغال قىلىپ ، بۇخارادىكى پىرمۇھەممەد كۆكناـ رىدىن تەختنى تارتىۋېلىش ئۇچۇن تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى .

ئەكبەرگە بۇ ۋەقەلەر خەۋرىنى يەتكۈزگەن سەمەرقەندلىك تەـ رەپدارلىرى : « تېزراق كېلىپ ئەجدادلار پايتەختىنى ئىگىلىمىسىڭىز ، ماۋەرائۇننەھر شەيبانىزادىلەردىنمۇ زالىمراق ۋە جاھىلراق ئاستراخانلارـ نىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ ! » دەپ نالە قىلىشتى .

ملك چاقىرىلماپ جايدىن يېتىپ كەلگەن بۇ نالە ئەكبەرنىڭ ئاۋۋالقى ئوي ـ ئىستەكلىرىنى يەنە قوزغاتتى . ئۇ ئەگرەگە بارغاندا مۇرادنىڭ يىگىرمە نەزىرىسىگە كەلگەن شاھزادە سەلىمنى بۇخارالىق ئۇسـ تازى مەۋلانە پەرىد بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا چاقىرتتى . ئۇلارنى ئەبۇلفازل باشلاپ كىردى . تۆتەيلەن يۇزمۇيۇز ئولتۇرۇشتى . ئەكبەر سەمەرقەنددىن كەلگەن خەۋەرلەرنى ئېيتىپ بەردى .

ـــ ئەمىرزادەم ، بىر قېتىم سىزنى شەيبانىزادىلەرگە قارشى جەڭگە چىقارماقچى بولغىنىمدا بارمىغانىدىڭىز ، ـــ دېدى ئەكبەر سەلىمگە

سالقىن كۆز تاشلاپ ، — ئۇ چاغدا راستتىنلا ۋەزىيەت جىددىي بولۇپ ، يۇسۇپ زەيلەر ھەيبەر داۋىنىنى بىسىپ ياتقانىدى . لېكىن ، كېيىنكى ياخشى مۇئامىلە بىلەن يۇسۇپ زەيلەرنى تىنجىتتۇق . تىنجىمىغان سەر- كەشلەرنى زەيىنىدىن كۆكە كابۇلدىن كېلىپ تارمار قىلدى . ھەيبەر دا- ۋىنى ئەمدى بىخەتەر ، يول ئوچۇق ، شەيبانىزادىلەرمۇ ئۆلۈپ قىرىلىپ ، پۇتۇنلەي كۆكنارنىڭ قولىدا قاپتۇ .

ئەكبەر بىر توختىۋالدى . ئوتتۇز ياشقا كىرگەن ، يەلكىسى تو- لۇپ ، ساقال - بۇرۇتى چىرايلىق يىگىتكە ئايلانغان ئوغلىغا مەمنۇنلۇق بىلەن نەزەر تاشلاپ سۆزىنى داۋام قىلدى :

— سىزدەك بىر پالۋان بابۇرزادە كۆكنارىغا تەك كېلەلمەسىز- مۇ ؟ — دېدى ، — ئەجابا ، ئالتۇن ئوردا خارابىيلىرىنىڭ ئىچىدىن بۇ- خاراغا قېچىپ كەلگەن نەدىكى ئاستراخانلار ئاتا - بوۋىمىزنىڭ شەھرى سەمەرقەندنى ئاياغ ئاستى قىلسا ، بىز بۇ يەردە ھېچ ئىش بولمىغاندەك قاراپ تۇرساق ؟

سەلىم ماۋەرائۇننەھرگە دادىسىنىڭ كېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى ، ئۆزى بولسا ھىندىستاندا قېلىشنى ئويلايتتى . ئۇ بۇنى ئوچۇق ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماي گەپنى ئايلاندۇرۇۋەتتى .

— ھەزرىتىم دېگەنلىرىڭىز ھەق ، مەن پەقەت رەكەن يۈرۈشنى ئەسلەتمەكچىمەن . جەنۇبتىكى ئۇرۇشنى توگەتمەي تۇرۇپ شىمالغا يۇ- رۇش باشلىساق . . . قانداق بولاركىن ؟

ئەكبەر پەرىد بۇخارىينىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى بىلگۈسى كې- لىپ :

— مەۋلانە ، سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق ؟ — دېدى ، — سىز ئەسلى بۇخارالىق . ئاتا - بوۋىلىرىڭىزنىڭ شەھرىگە قايتىشنى ئويلىما- سىز ؟

پەرىد بۇخارىي ئاتا - بالىنىڭ بىرىگە يان باسسا ئىككىنچىسىدىن بالاغا قېلىشى مۇمكىنچىلىكىنى ھېس قىلىپ تەڭقىسلىقتا قالدى :

— ھەزرىتىم ، پىقىر دېھلىدا تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇم . . . بۇ-

خارانى ھېچبولمىسا بىر قېتىم كۆرۈپ كەلسەم ئارمىنىم قالمايتتى . . . پە-
قەت . . . تۇرانغا يۈرۈش قىلىش جەھەتتە . . . مەۋلانە ئەبدۇلفازىل پېقىر-
دىن كۆرە داناراق ۋەزىردۇر . . . ئاۋۋال شۇ كىشىنىڭ پىكرىنى ئاڭلايلى ،
ئاندىن كېيىن مېنىڭ كەم ئەقىل مۇلاھىزەمنى ئېيتىشقا ھەزرىتىمدىن ئى-
جازەت سورايمەن .

ئەكبەر پەرىد بۇخارىينىڭ قۇۋۇلۇقىنى سېزىپ ، كىنايىلىك كۇ-
لۇمسىرىدى ۋە ئەبۇلفازىلغا سۆز بەردى .

— تارىخنىڭ ئادالەتلىك ھۆكۈمچى ئىكەنلىكىنى سەمەرقەنددىن
كەلگەن خەۋەرلەر يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاۋاتىدۇ ، — دەپ تەمكىن سۆز
باشلىدى ئەبۇلفازىل ، — شەيبانىخان بىلەن ئۇنىڭ ۋارىسلىرى بىر ئە-
سىردەك نى - نى ئىستىپداتلىق كىشىلەرنى ۋەتەندىن جۇدا قىلىشتى .
مىرزا بابۇردەك نى - نى زاتلار ۋەتەنگە قايتىش ئۈچۈن ، شەيبانىزادىلەر
بىلەن كۆپ يىل ئېلىشتى ، ئەمما ئۇلارنى يېڭەلمىدى ، لېكىن ئالاھىدە
ئادەملەر قىلالمىغان ئىشنى ۋاقىت ، تارىخ ئۆزى قىلدى . شەيبانىزادىلەر
دۆلىتى ئىچىدىن چىرىدى ، تېگى تېشىلگەن ، ئۇزاققا قالماي چۆكۈپ
كېتىشى مۇقەررەرلىشىپ قالغان كېمىگە ئوخشاپ قالدى . ئەمما بۇ كېمىدە
نـاھايىتى كۆپ بىگۇناھ ئادەملەر ، ئاق كۆڭۈل ، مەرىپەتلىك زاتلار بار .
ئۇلار بىر ئەسىر داۋامىدا شەيبانىخاننىڭ تۇراندىكى ئەۋلادلىرى بىلەن
مىرزا بابۇرنىڭ ھىندىستاندىكى ئەۋلادلىرى ئارىسىدىكى مەنىۋى مۇسابى-
قىنى خالىس كۆزىتىپ تۇردى . تارىخ بۈگۈن شۇ مۇسابىقىنىڭ غەلىبى-
سىنى ئادىل ئېنىقلىدى ، ھەزرىتىم كامالىغا يەتكۈزگەن ھىندى دۆلىتى
دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ، ئەڭ مۇستەھكەم دۆلەتلەرنىڭ بىرىنچى سې-
پىدە تـۇرۇۋاتـىدۇ . ھـەزرىـتىمـىنىڭ تـۇرانـدىكى خەيـرخاھـ-
لىـرى بىـزدىـكى ئىـلىم - مەرىپەتتىن باشقا ئىمكانىيەتلەردىنمۇ بەھرى-
مەن بـولۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ . جاھىل بايلار زۇلۇمىدىن ئۇلارنى قۇتقۇ-
زۇش سىزنىڭ ئالىيجاناب بۇرچىڭىز . ئەمرزادەم ! ھىندىستاننىڭ ئىمكا-
نىيەتلىرى چەكسىز ، ئەگەر ئەللىك مىڭ قوشۇن ھەزرىتىم بىلەن جە-
نـۇبقا يول ئالسا ، يەنە شۇنچە قوشۇن سىز بىلەن تۇران يۈرۈشىگە چىقا-

لىشى مۇمكىن.

— دېمەك، ھەم شىمالغا، ھەم جەنۇبقا بىراقلا قوشۇن تارتىمىزمۇ؟ — نارازى بولۇپ سورىدى سەلىم ئەبۇلفازلدىن.

ئۇنىڭ گېپىگە ئەكبەر قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— ۋەزىيەت شۇنى تەلەپ قىلماقتا!

سەلىم دادىسىغا جاۋاب قايتۇرالماي جىم بولدى. ئەبۇلفازل مۇلايىملىق بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى.

— ئەمىرزادەم، سىز جەننەتماكان ئۇلۇغ بوۋىڭىز بابۇر ھەزرەتلىرىدەك خاتىرىلەر يېزىۋاتىسىز. سىزدە شۇنىڭغا مۇناسىپ ئىقتىدار بار، قەلىمىڭىز ئۆتكۈر. ئەمدى بابۇر ھەزرەتلىرىدەك ئاجايىپ جاسارەت كۆرسىتىشىڭىز كېرەك. ئەگەر سىز سەمەرقەند ۋە بۇخارانى جاھىللار زۇلۇمىدىن قۇتقۇزالىسىڭىز، ئۇ يەردە ئىلىم، سەنئەتكە كەڭ يول ئېچىلسا، بۇ نەق ئىشىڭىز ئۆمۈر كىتابىڭىزنىڭ ئەڭ يارقىن بابىغا ئايلىنىپ قەغەزگە پۈتۈلىدۇ. «بابۇرنامە» دەك كىتاب يېزىش ئۈچۈن، شۇ كىتابتا قەلەمگە ئېلىنغاندەك ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلىش كېرەكقۇ ئاخىر!

بۇ گەپلەردىن سەلىمنىڭ رەڭگى ئاقىرىپ، لەۋلىرى كۆكۈش تۇسكە كىردى. ئەبۇلفازل گەپنى ئۇنىڭ ئەڭ ئاغرىيدىغان جايىغا تەگكۈزگەنلىكىنى ئەكبەر شۇندا سەزدى. سەلىم دادىسىدىن رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن:

— جانابىي ۋەزىر ئەزىم، — دەپ ئەبۇلفازلغا ئالىيىپ قارىدى، — سىز بىزگە ۋەدە قىلغان ئەللىك مىڭ قوشۇننىڭ يېرىمى راجپۇتلار، شۇنداقمۇ؟

— تەخمىنەن شۇنداق.

— تۇرانىنىڭ پۈتكۈل ئاھالىسى مۇسۇلمانلار ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانسىز، — سەلىم ئەمدى ئۆزىنى سەل بېسىپ ۋەزمىنلىك بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى، — تارىخنى بىر ئەسلەڭ، جەننەتماكان ئۇلۇغ بوۋىمىز قىزىلباشلارنى باشلاپ بارغاندا، نەخشبەندە شەيخلەر پۈتۈن تۇرانىنىڭ ئادەملىرىنى ئۇلارغا قارشى قوزغاتقان. قىزىلباشلارغۇ مۇسۇلمان ئىدى.

ئۇلارنى « كەلگىندى شىشەلەر » دەپ رەھىم قىلماي قىرىپ تاشلىغان تۇرانلىقلار غەيرىي دىندىكى راجپۇتلارنى ئاياپ قويارمۇ ؟ ئەگەر بىزمۇ ئەللىك مىڭ قوشۇن بىلەن جەڭگە كىرىپ تۇرانلىقلارنىڭ قېنىنى ھىندىستانلىقلارنىڭ قىلىچى بىلەن تۆكسەك ، تارىخ بۇنى كەچۈرەمدۇ ؟ ئەۋلادلار بىزنى باسقۇنچى دەپ ئەيىبلىمەمدۇ ؟

ئەكبەرنىڭ ئۆزىمۇ مۇشۇ خەۋپ ئۈستىدە كۆپ ئويلىناتتى . ئانىسى ھەمىدە بېگىم بۇنداق قىرغىنلارنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقۇپ ، ئەكبەرنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە قوشۇن تارتىشىغا ئېتىراز بىلدۈرگەنىدى . ئەكبەر ئانىسىنىڭ ئېتىرازىغا قارشى ئېيتقان سۆزلىرىنى ھازىر ئوغلى ئالدىدا كەسكىن تەكرارلىدى :

— نەدىكى بىر ئاستراخاندىن كەلگەن مىڭقىشلاق خانىنىڭ ئەۋلادلىرى تۇرانلىقلارنىڭ قېنىنى تۆكسە ، باسقۇنچىلىق بولمايدىكەنۇ ، بىز ئاتا ماكانىمىز سەمەرقەند ئۈچۈن جەڭ قىلساق باسقۇنچىلىق بولامدىكەن !

— ھەزرىتىم ، — سەلىم دادىسىغا يەڭگىلرەك گەپ قىلىشقا باشلىدى ، — مىڭقىشلاق خانىنىڭ ئۆرۈلۈپ - چۆرۈلۈپ ئاستراخاندىن كەلگىنى راست . ئەمما ئۇنىڭ ئوغلى يارمەتخان ئابدۇللاخانىنىڭ سىڭلىسى زۆھرە خانىمغا ئۆيلەنگەنىكەن . ھازىر بۇخارا تەختىگە دەۋا قىلىۋاتقان باقى مۇھەممەد ئەنە ئاشۇ زۆھرە خانىم تۇغقان دىنمۇھەممەدنىڭ ئوغلى ئىكەن . بىز ھىندىستاندا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغىنىمىزغا ئوخشاش ، ئۇلارمۇ تۇراندا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغانىكەن . بىز ئۆزىمىزنى ھىندىستانلىق دەپ بىلگىنىمىزگە ئوخشاش ، دىنمۇھەممەدنىڭ ئوغۇللىرىمۇ ئۆزىنى تۇرانلىق دەپ ھېسابلاشقا ھەقلىقتۇر . . .

سەلىمنىڭ ھەممە نەرسىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكى ۋە كۆپنى كۆرگەن ئادەملەردەك ۋەزمىنلىك گەپ قىلىشى دادىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشتى .

— خوش ، ئەمىرزادەم ، بۇخارادا تەختنى ئاستراخانلار ئىگىلىۋالسا ، بىز جىم قاراپ تۇرامدۇق ، ئۇنداقتا نىجاتلىقنى بىزدىن كۈتۈپ

ۋەكىل ئەۋەتىدىغان، مەكتۇپ يېزىۋاتقان تۇرانلىق خەيرخاھلىرىمىز نا ئۈمىد بولۇپ قالىدۇغۇ؟
— ئوغلىڭىزنىڭ رايىغىمۇ بېقىپ قويۇڭ، ھەزرىتىم، — سەلىم ئاچچىق بىلەن گەپ قىلدى، — تۇرانلىق تەرەپدارلىرىمىز يەنە بىر ئىككى يىل كۈتسە، ھېچ گەپ بولماس. شەيبانىزادىلەر بىلەن ئاستراخانلارنىڭ ئېلىشىشى ئۇزاق داۋام قىلسا كېرەك، تۇرانلىقلارنىڭ ئىككى تەرەپتىن بىزار بولۇپ، تويۇقسىز قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى ئېھتىمالغا يىراق ئەمەس. ئۇ چاغقىچە داكان يۇرۇشىمۇ غەلىبە بىلەن ئاياغلىشىپ قالار. ئەنە شۇ چاغدا بارلىق كۈچنى يىغساق، ئۆزىڭىز باش بولۇپ تۇرانغا بارساق، خانلار زۇلۇمىغا قارشى قوزغالغان ئەل - ئاۋام بىزنىڭ تەرەپپە. مىزگە ئۆتسە، سەمەرقەند ۋە بۇخاراغا جەڭسىز كىرىشىمىز مۇمكىن. بۇ. سىزنىڭ سۇلھى قىلىش سىياسىتىڭىزگىمۇ ماس كېلىدۇ.
ئەكبەردىمۇ شۇنداق بىر ئىستەك يوق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ پۈ. تۈن ھەرىكىتى دىنىي ئاداۋەتلەرنى تىنچ يول بىلەن يوقىتىشقا قارىتىلغان پەيتتە، ئاتا يۇرتى تۇراندا قانلىق غازات باشلىنىشقا يول قويغىلى بولامدۇ؟ ياق، سەلىم بۇ جەھەتتە توغرا. لېكىن، ئەكبەر ئوغلىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى مەغلۇپ كۆرسەتكۈسى كەلمىدى.
— ئامال قانچە، ئەمىرزادەم! بۇنداق كەيپىيات بىلەن سىز ماڭا تۇراندىن غەلىبە كەلتۈرەلمەيسىز، مەغلۇبىيەتتىن خۇدا ساقلىسۇن، تۇران يۇرۇشىنى كېيىنگە قالدۇرغىنىمىز تۈزۈك ئوخشايدۇ.
مۇنازىرىدە سەلىمنىڭ دادىسىغا سۆزىنى ئۆتكۈزەلىگەنلىكى پەرىد بۇخارىينى ناھايىتى سۆيۈندۈردى. ئەكبەر ئۇنىڭ سەلىمگە ئېيتىشلىق تويغۇسى بىلەن زوقلىنىپ قاراپ قويغىنىنى كۆردى. سەلىمگە «پاي-تەختتىن يىراق كەتمەڭ، ئاتىڭىز ئاتمىشقا بېرىپ قالدى، بىرەر ھادىسە بولسا دەرھال تاجۇتەختنى ئىگىلىشىڭىز لازىم» دەيدىغان مەسلىھەتچى جان كۆيەرلەر خېلى كۆپەيگەن، زىياۋۇل مۈلك، شەيخ روكنىددىن، سەئىدخان چاغاتايلارمۇ شۇلار قاتارىغا قوشۇلغانىدى. شاھزادىگە ھەممىدىن بەكرەك پەرىد بۇخارىينىڭ تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئەبۇل-

ﻫﺎﺯﻝ ﺳﻪﺯﮔﻪﻥ ۋﻩ ﺑﯘﻧﻰ ﺋﻪﻛﺒﻪﺭﮔﻪ ﺋﯧﻴﺘﯩﭗ : « ﺳﯩﺰ ﺋﯘﺯﺍﻕ ﺩﺍﻛﺎﻧﻐﺎ ﻛﻪﺗـ
ﻛﻪﻧﺪﻩ، ﺷﺎﻫﺰﺍﺩﻩ ﺳﻪﻟﯩﻢ ﭘﻪﺭﯨﺪ ﺑﯘﺧﺎﺭﯨﻴﻨﯩﯔ ﮔﯧﭙﯩﮕﻪ ﻛﯩﺮﯨﭗ، ﭘﺎﻳﺘﻪﺧﺘﻨﻰ
ﺋﯩﮕﯩﻠﯩﺸﻰ ﻣﯘﻣﻜﯩﻦ . » ﺩﯨﮕﻪﻧﯩﺪﻯ . ﺋﻪﻛﺒﻪﺭ ﺑﯘﻧﺪﺍﻕ ﭘﯩﺘﻨﯩﻠﻪﺭﻧﯩﯔ ﺋﺎﻟﺪﯨﻨﻰ
ﺋﯧﻠﯩﺶ ﻫﻪﻡ ﺳﻪﻟﯩﻢ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﭘﻪﺭﯨﺪ ﺑﯘﺧﺎﺭﯨﻴﻨﻰ ﺑﯩﺮ - ﺑﯩﺮﯨﺪﯨﻦ ﺋﺎﺟﺮﯨﺘﯩﯟﯦﺘﯩﺶ
ﺋﯜﭼﯜﻥ ﺑﯘﻳﺮﯗﻕ ﺋﺎﮪﺎﮔﺪﺍ :

— ﺋﻪﻣﯩﺮﺯﺍﺩﻩﻡ، ﺳﯩﺰ ﺋﻪﺗﻪ ﻳﻪﻧﻪ ﺭﻩﺟﻪﺳﺘﺨﺎﻧﻐﺎ ﻛﯧﺘﯩﯔ، — ﺩﯦﺪﻯ . — ﺗﺎﻏﯩﯖﯩﺰ ﻣﻪﻥ ﺳﯩﻨﯩﯔ ﺗﯧﺨﯩﭽﻪ ﺳﻪﺭﻛﻪﺵ ﻣﯧﯟﻩﺭﻟﯩﻜﻠﻪﺭ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺋﯧﻠﯩﺸﯩﯟﺍﺗﯩﺪﯗ . ﭘﺮﺍﺗﻪﭖ ﺳﯩﻨﯩﯔ ﺋﯚﻟﮕﻪﻥ ﺑﻮﻟﺴﯩﻤﯘ، ﺋﯘﻧﯩﯔ ﺋﻮﻏﻠﻰ ﺋﻪﻣﻪﺭ ﺳﯩﻨﯩﯔ ﻫﺎﻣﺎﻥ ﺑﯩﺰﻧﻰ ﺗﻪﻥ ﺋﺎﻟﻤﺎﻳﺪﯗ . ﺳﯩﺰ ﺋﺎﺷﯘ ﺧﺎﻧﺪﺍﻧﻐﺎ ﺑﯧﺮﯨﯔ، ﺋﯘﻻﺭﻧﻰ ﺗﯩﻨﭽﻼﻧﺪﯗﺭﯗﺷﻨﯩﯔ ﻳﻮﻟﯩﻨﻰ ﺗﯧﭙﯩﯔ .

ﺳﻪﻟﯩﻤﻨﯩﯔ ﻗﺎﭘﯩﻘﻰ ﭼﯜﺷﯜﭖ ﻛﻪﺗﺘﻰ . ﺋﻪﻛﺒﻪﺭ ﺑﯘﻧﯩﯖﻐﺎ ﺋﯧﺘﯩﺒﺎﺭ ﺑﻪﺭﻣﻪﻱ، ﺳﯚﺯﯨﻨﻰ ﺩﺍۋﺍﻡ ﻗﯩﻠﺪﻯ :

— ﻣﻪۋﻻﻧﻪ ﺋﻪﺑﯘﻟﻔﺎﺯﯨﻠﻤﯘ ﺋﻪﻣﺪﻯ ﺑﯧﻠﯩﮕﻪ ﻗﯩﻠﯩﭻ ﺋﺎﺳﺪﻯ، ﺋﯜﭺ ﻣﯩﯔ ﻧﻮﻛﻪﺭﮔﻪ ﺳﻪﺭﻛﻪﺭﺩﻩ ﺑﻮﻟﯘﭖ ﺩﺍﻛﺎﻧﻐﺎ ﺑﺎﺭﯨﺪﯗ .

ﻛﯧﻴﯩﻨﻜﻰ ﮔﻪﭘﻠﻪﺭﻧﯩﯔ ﺳﻪﻟﯩﻤﮕﻪ، ﭘﻪﺭﯨﺪ ﺑﯘﺧﺎﺭﯨﻴﻐﺎ ﻳﯧﻘﯩﭗ ﻛﻪﺗﻜﻪﻧﻠﯩﻜﯩﻨﻰ ﺋﻪﻛﺒﻪﺭ ﺋﯘﻻﺭﻧﯩﯔ ﻣﻪﻣﻨﯘﻧﻠﯘﻕ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﻛﯚﺯ ﺑﯧﻘﯩﺸﯩﯟﯦﻠﯩﺸﯩﺪﯨﻦ ﺑﯩﻠﺪﻯ . ﺧﻪﺗﻪﺭﻟﯩﻚ ﺟﻪﯓﻠﻪﺭﺩﻩ ﺋﻪﺑﯘﻟﻔﺎﺯﯨﻞ ﻫﺎﻻﻙ ﺑﻮﻟﯘﭖ ﻛﻪﺗﺴﻪ، ﺋﯘﻻﺭ ﺧﯘﺵ ﺑﻮﻟﯘﺷﻰ ﻣﯘﻣﻜﯩﻦ ﺋﯩﺪﻯ . ﺋﻪﻣﻤﺎ، ﺋﻪﻛﺒﻪﺭ ﺋﯘﻻﺭﺩﯨﻜﻰ ﺋﯩﭽﻜﻰ ﻗﺎﺭﯨﻠﯩﻖ ﻣﻪﻣﻨﯘﻧﯩﻴﻪﺗﻨﻰ ﻳﻮﻗﻘﺎ ﭼﯩﻘﺎﺭﻏﯘﺳﻰ ﻛﯧﻠﯩﭗ ﭘﻪﺭﯨﺪ ﺑﯘﺧﺎﺭﯨﻴﻐﺎ ﻗﺎﺭﺍﭖ ﺋﯧﻴﺘﺘﻰ :

— ﻣﻪۋﻻﻧﻪ، ﮔﯘﺟﺎﺭﻩﺕ ﻳﯜﺭﯛﺷﯩﺪﻩ ﻳﺎﺧﺸﻰ ﺟﻪﯓ ﻗﯩﻠﻐﺎﻧﯩﺪﯨﯖﯩﺰ . ﺋﻪﻣﺪﻯ ﺩﺍﻛﺎﻧﺪﯨﻤﯘ ﺟﺎﺳﺎﺭﻩﺕ ﻛﯚﺭﺳﻪﺗﻤﯩﺸﯩﯖﯩﺰﮔﻪ ﺋﯩﻤﻜﺎﻥ ﺑﻪﺭﻣﻪﻛﭽﯩﻤﯩﺰ . ﺩﺍﻛﺎﻧﻐﺎ ﺑﯩﺰ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﺑﯩﻠﻠﻪ ﺑﺎﺭﯨﺴﯩﺰ، ﺗﻪﻳﻴﺎﺭﻟﯩﻨﯩﯔ .

ﺋﻪﻛﺒﻪﺭﻧﯩﯔ ﺋﯧﺘﯩﺮﺍﺯﻏﺎ ﻳﻮﻝ ﺑﻪﺭﻣﻪﻳﺪﯨﻐﺎﻥ ﺑﯘﻳﺮﯗﻕ ﺋﺎﮪﺎﮔﺪﺍ ﺋﯧﻴﺘﻘﺎﻥ ﭘﻪﺭﻣﺎﻧﯩﻨﻰ ﺳﻪﻟﯩﻤﻤﯘ، ﭘﻪﺭﯨﺪ ﺑﯘﺧﺎﺭﯨﻴﻤﯘ ﺳﺎﻻﻡ ﺑﯩﻠﻪﻥ ﻗﻮﺑﯘﻝ ﻗﯩﻠﯩﺸﻘﺎ ﻣﻪﺟﺒﯘﺭ ﺑﻮﻟﺪﻯ .

× × ×

ﺳﻪﻟﯩﻤﻨﯩﯔ ﻛﯚﯕﻠﻰ ﺑﯘﺯﯗﻟﺪﻯ . ﺩﺍﺩﯨﺴﯩﻨﯩﯔ ﺋﯚﺯﯨﻨﻰ ﭘﻪﺭﯨﺪ ﺑﯘ ﺧﺎ-

رىيدىن مەجبۇرىي ئايرىۋەتكەنلىكى ۋە رەجەستخانىغا ئەۋەتكەنلىكى شاھزادىگە بېرىلگەن سۇرگۈن جازاسىدەك بىلىندى . ئەگەر سەلىم رەجەستخان تاغلىرىدا ئەمەر سىنىخ بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆلۈپ كەتسە ، دادىسى ئۇنىڭغا ئېچىنمايدىغاندەك كۆرۈندى . چۈنكى ، نېرىياقتا كىچىك ئوغلى — دانىيال بار . سەلىمنى دوزاختەك تار سەھراسى تەرەپكە ئەۋەتكەن دادا دانىيالغا گانگ دەرياسى بويىدىكى جەننەتتەك جاي ئالاھئابادنى بېرىپتۇ . ئاخىر ئۇدۇم بويىچە تۇنجى ئوغۇل كۆپرەك ئەزىزلىنىشى كېرەك ئىدىغۇ ؟ ئەكسىچە ، ئۇنىڭ قىلمىشلىقنى ھەر خىل مىشمىشلەرگە سەۋەب بولماقتا . ئادەملەر : « تەخت ۋارىسى سەلىم ئەمەس ، دانىيال بولارمىش ! » دەپ گەپ تارقىتىشماقتا . ئەگەر دادىسىدا بۇنداق ئادالەتسىزلىك بولسا ، سەلىم ئۆزىنىڭ ۋارىسلىق ھوقوقىنى قىلىچ بىلەن ھىمايە قىلىشقا تەييار !

دادا بىلەن ئوغۇل ئوتتۇرىسىدا پەيدا بولغان ئاداۋەت مانا شۇ تەرزدە بارا ـ بارا چوڭقۇرلىشىپ ، چوڭىيىپ بارماقتا ئىدى . سەلىمنىڭ نەزەرىدە ، ئۇنى دادىسىغا ئەبۇلفازل يامان كۆرسەتمەكتە . بۇ ئادەمنىڭ ئەكبەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا سەلىمنى كەمسىتىپ : « سىز بابۇر بوۋىڭىزدەك كىتاب يازالمايسىز ، بۇنىڭغا يارىشا جاسارەت كۆرسەتكىنىڭىز يوق » دېگەن مەنىدە قىلغان گەپلىرى سەلىمگە تۇرۇپ ـ تۇرۇپ بەكمۇ ئەلەم قىلاتتى . « تۈزۈكى جاھانگىرىي » دەپ ئاتىماقچى بولغان خاتىرە كىتابىنى ئۇ داۋام ئەتتۇرەلمەي تاشلاپ قويىدى . ئەبۇلفازلنىڭ « ئىقبالنامە » [1] دەپ ئاتالغان ئۈچ جىلدلىق كىتابىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، ئۆزى يازغان خاتىرىلەر كۆزىگە ناھايىتى پۇچەك كۆرۈندى ـ دە ، قولى قەلەمگە بارمىدى . پەرىد بۇخارىي سەلىمنى سۇھرابقا ئوخشىتىپ ، « ئاتىڭىز رۇستەمى داستاندەك زور بولسىمۇ ، سىز ئۇنى ئەلۋەتتە ، يېڭەلەيسىز ! » دەپ ئىشەندۇرگەندىن بېرى ، ئۇنىڭ ئۆزى توغرىسىدىكى پىكىر ـ خىياللىرى ناھايىتى يۈكسەك ئىدى .

[1] « ئىقبالنامە » ، « ئەكبەرنامە » دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولدى . « ئەكبەر ئەيىنكى » شۇ كىتابقا ئىلاۋە تەرزدە يېزىلغان .

ئەبۇلفازىلنىڭ كىتابىدا بولسا ئەكبەرنىڭ ئەللىك يىلدىن بېرى نى - نى
كۆرەشلەرنى غەلىبە بىلەن تاماملاپ كېلىۋاتقان ئىش ئىزلىرى يىلمۇيىل،
نام ۋە ھەممە دەلىللىرى بىلەن يېزىلغان. ئەمما، سەلىم ئوتتۇزدىن ئې-
شىۋاتقىنىغا قارىماي، بىرەر قېتىم چوڭ جەڭ قىلىپ دادىسىدەك جاسارەت
كۆرسەتمىگەنمۇ؟ ئەبۇلفازىل ئۆز كىتابىدا بۇ سوئالغا «ياق!» دەپ
جاۋاب بەرگەنىدى. «ئەكبەرنامە» سەھىپىلىرىدە دادىسىنىڭ جاسارەت-
لىرى ئۇلۇغۋار ھىمالايا تېغىنىڭ قارلىق تىزمىلىرىدەك كۆرۈنسە، سە-
لىمگە ئائىت ۋەقەلەر شۇ تاغ ئېتىكىدىكى كىچىك تۆپىلىكلەرگە
ئوخشاپ تۇراتتى. ئۇ پەقەت «تۇغۇلدى»، «ئۆيلەندى»، «ئوغۇل
كۆردى»، «ئەجمىرگە ھاكىم بولدى» دېگەن گەپلەر بىلەن تەرىپلە-
نەتتى.

سەلىمنى شۇنچىلىك تۆۋەن چۈشۈرگەن «ئىقبالنامە» نى ساراي
ئەھلى، جۈملىدىن ئەكبەر ئاجايىپ ماختايدۇ. بىرلىرى: «جانابى ئە-
بۇلفازىل <بابۇرنامە> ئەنئەنىلىرىنى داۋام ئەتتۈرۈپتۇ، مۇرەككەپ تە-
كەللۇپلاردىن ۋاز كېچىپتۇ. ئۇنىڭ راۋان ئۇسلۇبتا ئەسەر يازغانلىقى
ماختاشقا لايىقتۇر!» دەيدۇ. يەنى بىر ئەبۇلفازىل يازغان ئۈچ جىلدلىق
ئەسەرنىڭ «بابۇرنامە» غا ئوخشاش جەمئىيەت، تەبىئەت توغرىسىدا
قامۇس خاراكتېرلىق مەلۇماتلار بەرگەنلىكىدىن مەمنۇن بولۇشىدۇ. لې-
كىن جۇغراپىيە، تارىخ، دۆلەت تەرتىپى تۈرلۈك كەسىپ، ھۈنەرلەر
تەرتىپى ھەتتا بازاردىكى نەرخ - ناۋالارغا ئائىت تۈرلۈك - تۈمەن قامۇ-
سىي مەلۇماتلارنىڭ بىر جىلدقا سىغىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەبۇل-
فازىل بابۇرنامە ئەنئەنىلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ ئىجاد قىلغان يې-
ڭىلىق شۇ بولدىكى، قامۇسىي مەلۇماتلار «ئەكبەر ئەيىنىكى» دەپ ئاتال-
غان ئالاھىدە جىلدقا جەملەندى. ئەبۇلفازىل يىگىرمە يىل داۋامىدا ئەك-
بەرنىڭ نامىدىن تۈرلۈك مەملىكەتلەرگە ۋە ۋىلايەتلەرگە يازغان مەكتۇپ-
لىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىنى «مۇنشائەت» دەپ ئاتالغان ئۈچىنچى
جىلدقا توپلىدى.

ئەكبەر بۇ ئۈچ كىتابنى ھىندىستاننىڭ شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەت

خەزىنىسىگە قوشۇلغان ئۈچ چوڭ گۆھەر دەپ ئاتىدى . ئەبۇلفازىلغا مەم-لىكەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئالىمى — ئەللامىي دېگەن ئۇنۋاننى بەردى .

— ئەللامىينىڭ ئىجادىي جاسارىتى تارىخقا يېزىلىشى كېرەك ، — دېدى ئەكبەر ۋە ئەڭ ياخشى رەسساملارغا تاپشۇرۇق بەردى ، — ئەبۇلفازىل ئەللامىي ئەسىرىنى پۈتكۈزۈپ بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن كۈنگە ئاتاپ مەخسۇس بىر رەسىم سىزىڭ ، بۇ رەسىم ئەلىشىر ناۋايى ئۆز « خەمسە » سىنى تۈگىتىپ ، ھۈسەيىن بايقاراغا ئەكېلىپ تاپشۇرغان پەيتنى ئەسلىتىدىغان دەرىجىدە مۇكەممەل بولسۇن .

ئەكبەر ئېيتقاندەك ئەڭ نەپىس ۋە ئەڭ گۈزەل بوياقلار بىلەن سىزىلغان بۇ رەسىمنى كۆرگەندە ، سەلىمنىڭ رەشىك ئوتى لاۋۇلداپ ياندى . رەسىمدە ئەبۇلفازىل ئۆزى يازغان ئىككى جىلد كىتابنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ . كىتابنىڭ ئۈچىنچى جىلدى گىلەم ئۈستىدە نۇۋەت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ .

تەخت ئۈستىدىكى ئەكبەرنىڭ پۈتۈن دىققەت - ئېتىبارى ئەبۇلفازىلغا قارىتىلغان . ئۇ ئوڭ قولىنىڭ ئىككى بارمىقىنى ئەبۇلفازىلغا كۆرسىتىپ ، نېمىنىدۇر دېمەكچى بولاتتى . سەلىمنىڭ پىكرىچە ئەكبەرنىڭ ئىككى بارمىقىنى ئېچىپ كۆرسەتكىنى « سارايدا ئەبۇلفازىل بىلەن ئىككەمىزدىن يېقىن دوست يوق » دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى . دادىسىنىڭ سەلىمدىن كۆرە كەمبەغەل ئائىلىدىن كېلىپ چىققان نەدىكى بىر ئەبۇلفازىلنى ئوبدان كۆرۈشىنى بۇ رەسىم ھەممىگە ئوچۇق نامايان قىلىپ تۇراتتى . سەلىم گويا ئەبۇلفازىلدىن كېيىنكى ئۈچىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانىدى . بۇ ھادىسە ئۇنىڭ سىرداش جان كۆيەرى شەيخ پەرىدكىمۇ ئېغىر كەلدى . ھازىر مەرتىۋىسى ئۆسۈپ ، سەلىمنىڭ ئىچكى بەگلىرى قاتارىغا ئۆتكەن ئەلبېك — ئالبېرت پېرپىرامۇ شاھزادىگە كۆيۈنەتتى . مانا ئەمدى ئەكبەر ئاشۇ ئەبۇلفازىلنىڭ گېپىگە كىرىپ ، سەلىمدىن پەرىد بۇخارىينى تارتىۋالماقچى ۋە داكانغا بىللە ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ .

شاھزادە غەزەپ ۋە ئەلەمدىن تولغىنىپ ئەگرەدىن رەجەستخانىغا مېڭىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان كۈنى كېچىسى ، ئۇنىڭ خاس ھۇجرە-

سىغا ئەلىبېك بىلەن پەرىد بۇخارىيلار ئاستا كىرىپ كېلىشتى. ئەلىبېك پېرىپىرانىڭ قولتۇقىدا كۆك بەلۋاقىقا ئورالغان ئېغىر قوليازما بار ئىدى. ئۇچەيلەن خاس ھۇجرىدا خالىي قالغىنىدا شەيخ پەرىد قوليازمىنى ئەلىبېكتىن ئېلىپ بەلۋاغ ئېچىدىن يېشىپ چىقاردى:

— ئەمىرزادەم، بۇ نەرسىنى ھازىرچە سىزدىن باشقا ھېچكىم ئوقماسلىقى كېرەك.

— ئۆزىڭىز يازغانمۇ؟

— ياق، ئابدۇقادىر بەدەۋنىي دېگەن مۇئەررىخ (تارىخشۇناس) يوشۇرۇن ھالدا يازغانىكەن. بۇنى سادىق بېگىمىز ئەلىبېك بىلىدىكەن، سىز تەختكە چىققىنىڭىزدا بەدەۋنىي بۇنى سىزگە تەقدىم قىلماقچى ئىكەن. ئەمما، بىچارە مۇرادىغا يېتەلمەپتۇ. ئۇ، كۈندۈزلىرى كۇتۇپخانىدا ئولتۇرۇپ «رامايانا» بىلەن «ماخاپخاراتا» نى تەرجىمە قىلىپ كېچىلىرى مانا شۇ مەخپىي كىتابنى يېزىپ، كېچە - كۈندۈز تىنىم تاپماي ئىشلەۋەرگەنلىكى ئۈچۈن، مېڭىسىگە قان قۇيۇلۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئەلىبېك ئۇنىڭ يازمىلىرىنى دەرھال قولغا چۈشۈرۈپتۇ.

— نېمىشقا مەخپىي يازغان؟

— چۈنكى، بەدەۋنىينىڭ بۇ ئەسىرى ئەبۇلفازلنىڭ «ئىقبالنامە» سىگە قارشى يېزىلغان، — دېدى ئەلىبېك، — مەلۇم بولغايكى، ئەبۇلفازل ھەزرەت دادىڭىزنىلا ئۇلۇغلايدۇ ۋە ماختايدۇ، ئۇنىڭ خاتالىرىنى ئېيتمايدۇ.

— بەدەۋنىي دادىڭىزنىڭ تۇتقان سىياسىتىگە قارشى ئىدى، — ئەلىبېكنىڭ سۆزىنى شەيخ پەرىد داۋام ئەتتۇردى، — بەدەۋنىي خۇسۇسەن ئەبۇلفازلنى، بىربالنى، شائىر فەيزىينى يامان كۆرەتتى. بىربال ئۆلگەندە دادىڭىزنىڭ قانچىلىك قايغۇرۇپ كۆز يېشى قىلغانلىقىنى كۆرگەنسىز، قاراڭ، بەدەۋنىي قورقماستىن مۇنداق يېزىپتۇ. «بىربال جەھەننەمنىڭ ئىتلار تۇرىدىغان جايىغا كەتتى...»

شائىر فەيزىي يۈرىكى پارتلىغاندەك بولۇپ، تۇساتتىن ۋاپات بولغان. ھاۋا بەك ئىسسىق بولغاچقا، ئۇنى دەپنە قىلىپ بولغۇچە، جە-

سىتى بىرئاز قارىيىپ قالغانىدى.

بەدەۋنىي بۇنىمۇ ئۆزىچە تەھلىل قىلىپ، «فەيزىي ئىسلامدىن قايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى پەيغەمبەرلىرىمىزنىڭ ئەرۋاھلىرى ئۇرۇپ قارايتىپ قويدى» دەپ يېزىپ قالدۇرغانىدى.

پەرىد بۇخارىي بەدەۋنىي قولىيازمىسىنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش جايلىرىنى تېپىپ سەلىمگە ئوقۇپ بەرگەنىدى، شاھزادىنىڭ دىل يارىلىرىغا مەلھەم قويۇلغاندەك بولدى. ئەبۇلفازلنىڭ «ئەكبەرنامە» سىدىن تاپقىلى بولمايدىغان ئىمان - ئېتىقاد كۈرەشلىرىنىڭ تەپسىلاتلىرى بەدەۋنىينىڭ «مۇنتەخەبۇت تەۋارىخ» ىدا ئېرىنمەي يېزىپ كېلىنگەنىدى. سەلىم ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى بەدەۋنىينىڭمۇ پەرىد بۇخارىي ۋە ئەلىبېككە ئوخشاش ئۆزى تەرەپتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن ئىسپات - دەلىللەر كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئوقۇغان سەلىم: «مۇسۇلمان دۆلىتىدە پادىشاھ دىنىدىن قايتسا، ئۇنى تەختتىن چۈشۈرۈش ساۋابتۇر» دېگەن ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتنى ئەسلىدى. بۇ ئاداۋەت ئۇنى دادىسىغا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىشقا ھەقلىق قىلىپ كۆرسەتتى.

— دىلىم سىزنىپ تۇرۇپتۇ، ئەمىرزادەم، — دېدى شەيخ پەرىد ئاۋازىنى پەسەيتىپ سىرداشلارچە، — ئۇزاققا قالماي دۆلەت تىزگىنى سىزنىڭ قولىڭىزغا ئۆتكەي. دادىڭىزنىڭ داكان ئۇرۇشى سوزۇلۇپ كەتسە، سىز رەجەستخاندا ئازاب تارتىپ يۈرمەڭ، ئەگرەگە قايتىڭ.

— بىراق، رەجەستخاندا مەن تاغىمىز مەن سىنىڭنىڭ نازارىتى ئاستىدا بولىمەن. ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز ئەگرەگە قايتالمايمەن!...

— ھە، مەنمۇ ئاڭلىدىم، — دەپ ئەلىبېك سۆز قاتتى، — كوتۋالى قۇلجاھاننىڭ يېقىنلىرىغا ماختىنىپ ئېيتىشىچە، ھەزرەت داكاندىن قايتىپ كەلمىگۈچە ئەمىرزادەمنى ئەگرە قەلئەسىگە كەلتۈرمەسلىك ھەققىدە مەخسۇس بۇيرۇق بېرىلگەنمىش.

سەلىمنىڭ يەنە ئاچچىقى كەلدى:

— كۆردىڭىزمۇ، دادىمىز بىزگە شۇ دەرىجىدە ئىشەنمەيدۇ.

ھەممە دۆلەت سىرلىرىنى بىلىۋېلىشقا ئۇستا بولغان ئەلىبېك سەلىمگە تەسەللى بېرىدىغان باشقا بىر يېڭىلىقنى ئېيتىپ بەردى:

— شاھزادە دانىيالمۇ داكان ئۇرۇشىغا بارارمىش، ھازىر ئاللاھئابادتىن جەنۇبقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

— مانا بۇ ياخشى بوپتۇ، — دېدى سەلىم، — ئەگەر كىرگۈزمىسە، ئاللاھئابادقا كېتىمىز. ئۇ ياخشى جاي، ئەلىبېك، ئەمدى مېنىڭ تايىنىدىغان مەسلىھەتچىم بولىدۇ. مەۋلانە پەرىد، سىز بىزنى داكان ۋەقەلىرىدىن خەۋەردار قىلىپ تۇرۇڭ.

— جېنىم بىلەن! تا ئۆلگۈچە مەن سىزگە سادىق بولىمەن...

شۇ ۋەدىگە بىنائەن، پەرىد بۇخارىي مەخپىي كىشىلەر ئارقىلىق سەلىمگە داكان ئۇرۇشىنىڭ بىر يىلدىمۇ تۈگىمەيدىغانلىقىنى، ئەسىرگەرھ قەلئەسىنى ئېلىش ناھايىتى مۇشكۈل بولۇۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى.

«ستيۇر تىزما تېغىنىڭ تۆپىسىدە تۇرغان بۇ قەلئەنىڭ ئەتراپىدا بىر-بىرىدىن مۇستەھكەم ئۈچ قاتار ئىستىھكاملار بار، — دەپ يازغانىدى پەرىد بۇخارىي، — بۇ ئىستىھكاملارنى ئېلىشتا ئەبۇلفازل بىلەن شاھزادە دانىيال ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. ھەزرەت دادىڭىز ئەبۇلفازلغا ئالتۇن سېلىق خەنجەر ئىنئام قىلدى. دانىيالغا بولسا قىممەت باھالىق جاۋاھىر بېزەكلىك شاھانە تونىنى كىيدۈردى. ئەھمەد نەگەر بىلەن بېرەر قولغا كىرگۈزۈلگەندىن كېيىن، بۇ يەردە يېڭى تەشكىلات تۈزۈلمەكچى ۋە ئۇجىلىسىگە شاھزادە دانىيال باشلىق بولماقچى، خانىنىڭ كۆيئوغلى ئابدۇرەھىم خانىنى تەخت ۋارىسى قىلىش نىيىتى بارلىقىنى سېزىپ قالدىم. سىزنى يامان كۆرىدىغان ئەبۇلفازلمۇ دانىيال بىلەن ناھايىتى ئىناق بولۇپ كەتتى. بىر يولنى تېپىڭكى، ئۇلار سىزنى تەخت ۋارىسلىقىدىن مەھرۇم قىلىپ قويمىسۇن.»

بۇنىڭسىزمۇ دادىسىدىن نارازى بولۇپ يۈرگەن سەلىم شەيخ پەرىدنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇغاندىن كېيىن پۈتۈنلەي ئۆزىنى يوقاتتى. ئەلىبېككە بۇ ھال ناھايىتى يېقىپ كەتتى. پىرپىراغا گويا ئارىلىدىن كېلىۋات-

قان مەخپىي بۇيرۇقلاردا سەلىمنىڭ دادىسىغا قارشى ئىسيانىنى تېزلىتىش تەلەپ قىلىنماقتا ئىدى. چۈنكى، ئەكبەرنىڭ قوشۇنى جەنۇبتا ئەسىرگەرە قەلئەسىنى ئالغاچقا، پەرەڭلەرنىڭ قىرغاق بويىدىكى ئىستىھكاملىرى خەۋپ ئاستىدا قالماقتا. ئەگەر مەيلىگە قويۇپ بېرىلسە، ئەكبەر ئۇلارنى جەنۇبىي ھىندىستان قىرغاقلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىشى مۇمكىن. گوئادىكىلەر بۇنىڭغا يول بەرمەسلىك ئۈچۈن ئەكبەرنى ئەگرەگە قايتىشقا مەجبۇر قىلىدىغان چارىلەرنى ئىزدىمەكتە ئىدى.

پەرىد بۇخارىيىنىڭ خېتى سەلىمنى دادىسىغا قارشى قوزغاتقىنىنى سەزگەن پېرپىرا:

— ئەمىرزادەم، ئادالەت سىزنىڭ قولىڭىزدا، — دېدى، — سىز تەخت ۋارىسلىق ھوقۇقىڭىزنى ئەمدى قىلىچ بىلەن ھىمايە قىلىدىغان پەيت كەلدى! سىز ئۈچۈن جان بېرىشكە تەييار تۇرغان مىڭلاپ مەندەك سادىق جەڭچىلىرىڭىز بار! ئەگرەنى ئىگىلىشىڭىز كېرەك!

— ئەمما، تاغىمىز مەن سىنىخنىڭ قوشۇنى مېنىڭكىدىن كۆپ، ئۇنىڭ نازارىتىدىن قانداق قۇتۇلىمىز؟

ئالبېرت پېرپىرا سەلىمنى مەن سىنىخ نازارىتىدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن، بەنگالە تەرەپتە، خوگلا دېگەن جايدا ئىش قىلىۋاتقان ۋەتەنداشلىرىغا يوشۇرۇن مۇراجىئەت قىلدى. ئەكبەرنىڭ بىر يىلدىن بېرى جەنۇب ئۇرۇشى بىلەن بەند بولۇپ قالغانلىقى ئۇنىڭ شەرقتىكى رەقىبلىرىنى دادىللاشتۇرۇۋەتكەن. بىھار ۋە گائۇردىكى ئافغان قەبىلىلىرى ئوسمانخاننىڭ باشچىلىقىدا ئىسيان كۆتۈرگەنىدى. پەرەڭلەر خوگلا ئارقىلىق ئىسيانچىلارغا قورال يەتكۈزۈپ بېرىپ، مەسلىھەتچى ئەۋەتىپ، شەرقتىكى ۋىلايەتلەرنىڭ ئەكبەرنىڭ دۆلىتىدىن ئايرىلىپ چىقىش خەۋپىنى كۈچەيتىۋەتتى. شۇنچە ھەرىكەتلەر بىلەن بىرلەشتۇرۇلگەن مەملىكەتنىڭ يەنە پارچىلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئەكبەر داكاندىن رەجەستخاندىكى مەن سىنىخقا جىددىي خەۋەرچى ئەۋەتىپ، دەرھال بىھاردىكى ئوسمانخانغا قارشى قوشۇن تارتىشنى بۇيرۇدى.

مەن سىنىخ بىھارغا قوشۇن تارتىپ كەتكەچكە، سەلىم قىنىغا پاتـ

ماي قالدى . ئەزىز كۆكە بولسا گۇجارەتتە . ئەگرە قەلئەسىدە قۇلجانخان دېگەن قەشقەرلىك بەگ يالغۇزلا ئىدى . سەلىمنىڭ رەجەستخاندىن ئون مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئەگرەگە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان قۇلجانخان شاھزادىنىڭ نىيىتىنىڭ بۇزۇلغىنىنى بىلىپ، قەلئەنى مەھكەم تاقىۋالدى . ئەگرە خېلى ئۇزۇنغىچە قامالدا قالدى ۋە بۇنىڭ خەۋىرى داكاندىكى ئەكبەرگە يېتىپ باردى . ئەكبەر ئەمدى پەرەگلەرنىڭ ئۈمىد قىلغىنىدەك ئەگرەگە قايتىشى كېرەك ئىدى .

مىلادى 1601 ـ يىلىنىڭ جەۋزا ئېيىدا ، ئەكبەرنىڭ ئون بەش مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن داكاندىن قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سەلىمگە يەنە پەرىد بۇخارىي خەۋەر قىلدى :

«سىنمۇ شۇ قوشۇن بىلەن بىرگە ئاتىمەن ، ــ دېيىپ يازغانىدى پەرىد بۇخارىي ، ــ ھازىر دادىڭىز بىلەن جەڭ قىلىشىڭىز يېڭىلىشىڭىز مۇمكىن . . . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئەگرەدىن يىراقراق بېرىپ ، كۈزىرەك كۈچ توپلىغىنىڭىز تۈزۈك . دادىڭىزنىڭ تايىنىدىغان كىشىسى ئەبۇلفازل دا كاندا قالدى . ئۇنىڭ بىلەن ئىلبۇرەھىم خانى خانان شاھزادە دانىيالنىڭ يېنىدا تۇرۇپ داكان ئىشلىرىنى ئىزىغا سېلىۋاتىدۇ . مەن سىزنى ناھايىتى سېغىنىدىم . ئەمىرزادەم ، قىرىدە بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر ، يېنىڭىزغا يېتىپ بېرىش ئىشتىياقىدىمەن .»

سەلىمنىڭ يېنىدا ئەلىبېكتىن باشقا مەسلىھەتچىلەرمۇ كۆپىيىپ قالغانىدى . ئۇ دادىسىغا قارشى ئوچۇق ـ ئاشكارا كۈرەش باشلىغاندىن بېرى ، ئەكبەردىن نارازى بولغانلارنىڭ ھەممىسى سەلىم تەرەپكە ئۆتۈشكە باشلىدى . سەلىم ئۇلارنىڭ ياردىمىدە ئاللاھئابادنى ئىگىلىدى .

ئەكبەر ئۆزىنى ئايىمىغانغا ئوخشاش ، ساراي ئەھلىنىمۇ ناھايىتى قاتتىق تۇتاتتى . كاتتا مەنسەپدارلارنى بىر ۋىلايەتتە ئۈچ ـ تۆت يىلدىن ئارتۇق تۇرغۇزمايتتى . « كۆپ تۇرسا يارىغا ئۆگىنىپ ، تەرەپدارلىرى كۆپىيىپ ، پىتنە چىقىرىدۇ » دەپ ئەمەلدارلارنىڭ ئورنىنى تېز ـ تېز ئالماشتۇراتتى . پەنجاپتىكىلەرنى گۇجارەتكە ، گۇجارەتتىكىلەرنى بىھارغا ، بىھاردىكىلەرنى يەنە بىر ۋىلايەتلەرگە ئىشقا تەيىنلەپ ، يۆتكەپ تۇراتتى .

بۇنداق يۈتكەشلەردىن بۇندەلا دېگەن جايىنىڭ ھاكىمى بىر سىنخ قاتتىق نارازى بولغاندا، ئەكبەر ئەبۇلفازىلغا بۇيرۇپ، سەركەش راجەنىڭ يەر - مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىپ، دۆلەت ئىختىيارىغا ئالغانىدى. شۇنىڭدىن بېرى، ئەكبەردىن قېچىپ يۈرگەن ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئەبۇلفازىلدىن قىساس ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بىر سىنخنى ئالبىرت پىرپىرا سەلىمنىڭ ھۇ-زۇرىغا باشلاپ كەلدى.

— شاھزادە، سىز دادىڭىزغا ئوخشىمايسىز، — دېدى بىر سىنخ، — تومۇرىڭىزدا بىزنىڭ راجپۇت قېنىمىزمۇ بار. ئەبۇلفازىل-نىڭ سىزگىمۇ كۆپ ئەلەم قىلغانلىقىنى جاناب ئەلبىك ئېيتىپ بەردى. ئەگەر كەلگۈسىدە مېنىڭ ئاتا مۈلكۈم بولغان بۇندەلانى ئۆزۈمگە قايتۇ-رۇپ بەرسىڭىز، مەن ئەبۇلفازىلنى دەپنە قىلىشىم مۇمكىن.

سەلىم سەل ئويلىنىۋالدى - دە:

— قانداق دەپنە قىلماقچىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئەبۇلفازىل داكاندىن ئەگرەگە قايتىۋاتقانمىش، — دېدى ئەل-بىك گەپ قىستۇرۇپ، — يولدا — ئورمان ئىچىدە بىر سىنخ ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشى مۇمكىن. شاھزادە، بىر ۋاقىتلاردا سىز ئەبۇلفازىلغا قىساس قايتىشى مۇقەررەرلىكىنى ئېيتقانىدىڭىز: ئەمدى شۇ بېشارىتىڭىز روياپقا چىقسۇن!

— بىر ئېغىز «ماقۇل» دېسىڭىزلا بولدى! — دېدى بىر سىنخ.

سەلىم شۇنچە يىلدىن بېرى ئەبۇلفازىلغا قارشى دىلىدا ئۆلغىيىپ كېلىۋاتقان دەرد ۋە نارازىلىقلارنى بىر يەرگە يىغدى - دە:

— ماقۇل! — دېدى. ئەلبىك بىلەن بىر سىنخقا شۇ يېتەرلىك ئىدى.

ئەبۇلفازىل يىگىرمە نەچچە ئادەم بىلەن كېلىۋاتقان پەيتتە، سىرانج دېگەن جاي يېنىدىكى ئورمانزاردا بىر سىنخ ئىككى يۈز راجپۇت يىگىتى بىلەن ئۇلارنى قورشىۋالدى... ئەبۇلفازىلنىڭ مۇلازىملىرىدىن ئەسەدبېك دېگىنى ئەگرەگە تېزلىك قايتىپ كېلىپ ۋەقەنى ئېيتىپ بەردى...

ئەبۇلفازىل ئىككى يىل داۋام قىلغان داكان ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئا-

ئىلىسىنى ۋە ئىجادخانىسىنى ناھايىتى سېغىنغانىدى. تېززەك ئۆيىگە قايتىش ۋە چالا قالغان ئەسەرلىرىنى يېزىپ تۈگىتىش ئىشتىياقى بىلەن ئالدىرىغانىدى. بىر سىنىخ ئۇنىڭدىن ئۇن باراۋەر كۆپ ئەسكەر بىلەن قورشاۋغا ئالغاندا، ئەبۇلفازىل قىلىچ يالىڭاچلاپ، ئاتتىن يىقىلغۇچە جەڭ قىلدى. جان بەرگەندىن كېيىن قارىسا، ئۇن ئىككى جايدىن زەخمىلەنگەنىكەن. بىر سىنىخ ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، قانلىق سەللىسىگە ئورىدى ـ دە، ئاللاھئاباد قەلئەسىگە دادىسىغا قارشى قوشۇن توپلاۋاتقان سەلىمگە كۆرسەتكىلى ئېلىپ كەتتى.

× × ×

ئوتتۇز ئىككى يىل بۇرۇن ئەكبەر بىلەن فەتھپۇر — سىكرىگە، ئاندىن لاھورغا كۆچكەن پايتەخت مىلادى 1601 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا يەنە ئەگرەگە كۆچۈپ كەتتى. جەنۇبتا ھەربىي ھەرىكەتلەر تېخى ئاخىرلاشمىغانىدى. يېڭى قوشۇۋېلىنغان بىرەر، ھەمدېش، ئەھمەد نىگار ۋىلايەتلىرىنى مەركەزدە تۇتۇپ باشقۇرۇش ئۈچۈن، ئەگرە قولايلىق ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاللاھئابادتىكى سەلىمنىڭ ئىسيانىنى باستۇرۇش ئۈچۈنمۇ، شەرقتىكى ۋىلايەتلەر بىلەن سۇ يولى ئارقىلىق باغلانغان ئەگرە مۇۋاپىقراق ئىدى.

داكاندىن غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەن ئەكبەرنى ئەگرەلىكلەر داقا ـ دۇمباق، رەڭمۇرەڭ گۈلدەستىلەر بىلەن كۈتۈۋېلىشتى. ئىلگىرى پايتەخت كۆچۈرۈپ كېتىلگەندە، بوران ھۇۋۇلاپ قالغان قەلئە ئەتراپلىرى، جەننەتباغ، زەرەفشان ۋە گۈلەفشان باغلىرى ئەمدى قايتىدىن بېزىلىپ، يېڭى تۈس ئالدى. شەھەردە بىردىنلا ئادەم ئاۋۇپ، كوچا ھويلىلار، رەستە بازارلار كۆپىيىپ كەتتى.

پايتەختنىڭ قايتىپ كەلگىنىدىن ئەگرەلىكلەر ناھايىتى خۇش، لېكىن ئەكبەر يوشۇرۇن كۆڭۈل يارىسى باردەك كۆڭلى يېرىم ۋە ئىنزىتىراپلىق ئىدى. ياش ئاتمىشقا بېرىپ قالدى، گويا بىردىنلا قېرىلىق باشلانغاندەك، ئۇ ئېگىلىپرەك ماڭاتتى.

قابىلىيەتسىز پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا قەددىنى قانداق پۈكىدىغانلىقىنى، يۈزمۇيۈز ئېلىشىشلاردا يېڭىلگەن دۈشمەنلەرنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ تەنتەكلىكىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا قانچىلىك قاقشاتقۇچ زەربىلەرنى بېرەلەيدىغانلىقىنى ئەكبەر ئەمدى بىلمەكتە ئىدى.

مۇرادنىڭ مەيخورلۇققا بېرىلىپ، يىگىت يېشىدا ئۆلۈپ كېتىشى مۇسىبەت ئۈستىگە قوشۇلغان مالامەت بولدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ يۈرەك پارىسى - دە. ئەكبەر مۇرادنىڭ جەسىتىنى ئۇزاق بۇرھانپۇردىن ئەگرەگە ئېلىپ كېلىپ، ئىسكەندەر دېگەن جايغا قايتىدىن دەپنە قىلدۇردى ۋە قەبرىنى قۇچاقلاپ ۋىدالاشتى.

ئۇنىڭ ئەمدى قالغان ئوغۇللىرىدىنمۇ ئۈمىدى ئۈزۈلدى. چۈنكى دانىيالمۇ ھەركۈنى ئىچمىسە تۇرالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. دادىسىنىڭ دۆلىتىنىڭ سايىسىدا ئەركە ئۆسكەن بالىلارنىڭ يارامسىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئەكبەر مۇرادنىڭ بىۋاقىت ئۆلۈمىدىن بىلدى. داكاندا قالغان كۆيئوغۇل ئابدۇرەھىم دانىيالغا قاچانغىچە كۆز - قۇلاق بولىدۇ؟ ئۆز ئوغۇللىرىدىن چەندان سادىقراق، ئىرادىلىكرەك بولۇپ چىققان ئابدۇرەھىم ئەكبەرنىڭ باشقا تەشۋىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىغا يار - يۆلەك بولاتتى. ئۇنى دانىيالنىڭ يېنىدىن چاقىرىۋالسا، كىچىك ئوغلى قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالار؟ سەلىمغۇ دادىسىغا قارشى ئوچۇق - ئاشكارا ئىسيان كۆتۈردى.

ئەكبەر ھېلى شىمالغا، ھېلى جەنۇبقا قوشۇن تارتىپ، دۆلەت ئىشلىرىغا بۇنچە بېرىلىپ كەتمەي، ئوغۇللىرىنىڭ تەربىيىسىگە كۆپرەك ۋاقىت ئاجراتقان بولسا بوپتىكەن. ئەگەر مۇراد داكانغا ئەۋەتىلمىگەن، ئاتا - ئانىسىغا يېقىنراق بىر جايدا ياشىغان بولسا، بەلكى ئۇنى قۇتقۇزۇپ قېلىش مۇمكىن بولارمىدىكىن. ئەكبەر بۇ ئاچچىق ھەقىقەتتىن ساۋاق ئېلىشى ۋە قالغان ئۆمرىنى تىنچ ئۆتكۈزۈشى كېرەكتۇر - ھە؟ ئۇنىڭ ئەبەدىي ئۇيقۇغا كېتىدىغىنىغا ئۇزاق ۋاقىت قالمىدى... ئەكبەر شۇ ئوي - خىياللار بىلەن ئىسكەندەر دېگەن جايدىكى كەڭ، تۈز مەيداننىڭ ئەتراپىغا قاشا قىلدۇرۇپ، يىل بويى كۆكلۈرۈپ تۇرىدىغان دەرەخلەرنى

تىكتۇردى . كېيىن ئايالى جادەبەيگە بۇ جاينى ئاللاھنىڭ كۆرسەتتى :

— مەريەمى زامان ، بۇ دۇنياغا ھەممىمىز مېھمان ، ئۆمرۈم ئاخىرلاشسا ، ئەبەدىي جايىم شۇ يەر بولسۇن . . .

ئوغلى سەلىم دادىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندىن كېيىن ، جادەبەيى ناھايىتى ئېزىلىپ يۈرگەنىدى . ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ، ئۇ كۆزىگە بىردىنلا ياش ئالدى :

— سىز سەلىمنىڭ تۆپەيلىدىن مۇشۇنداق غەمكىن گەپلەرنى قىلىۋاتىسىز ، ھەزرىتىم . ئەمما ، سەلىمنى مەن تۇغقان ! ئوغۇل تۆپەيلى بۇ دۇنيادىن كېچىشكە توغرا كەلسە ، ئاۋۋال مەن كېچەي ! ماڭا رۇخسەت بېرىڭ . ئاللاھئابادقا ئۆزۈم باراي ! ئەگەر سەلىم سىزگە قارشى قىلىچ كۆتۈرسە ، ئاشۇ قىلىچقا ئالدى بىلەن مەن ئۆزۈمنى تۇتاي ! مەيلى مېنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن بىلگىنىنى قىلسۇن !

يىغا بىلەن پىغان ئىچىدە ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر ئەكبەرنى لەرزىگە سالدى . . . ئۇ جادەبەيىنى باغرىغا باستى ـ دە ، ئېزىلگەن ھالدا كۆڭلىدىكى گەپلەرنى تۆكتى :

— مەريەمى زامان ، مېنىڭ گۇناھلىرىم سىزنىڭكىدىن كۆپرەك ! شاھلىق ئۇدۇملىرى قۇرۇپ كەتسۇن . ئۇ سىز بىلەن مېنى ئائىلىۋى بەختتىن مەھرۇم قىلدى . شۇ ئۇدۇمغا بويسۇنۇپ ، ئوغۇلنى تۆت يېشىدا سىزدىن ئايرىدىم ، پەرد بۇخارىيغا ئوخشاش مۇرەببىيلەرگە ئېشىنىپ بەردىم ! ئوغۇل تەربىيىسىگە كۆپرەك كۆڭۈل بۆلمىگىنىمگە ئەمدى مىڭ ـ مىڭ پۇشايمەندىمەن ! بالىغا قانچىلىك مېھىر ـ ئېتىبار بەرسەڭ ، ئۇمۇ سېنى ئۇيلايدىكەن . بىز بېرەلمىگەن مېھرنى باشقىلار بەرسە ، بالىمۇ شۇلارنىڭ بولۇپ كېتىدىكەن ! مەن بۇ ئاچچىق ھەقىقەتنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن . قايسى گۇناھىمنى ئېيتىمەن . سەلىم ھەممىنى يىغىپ ، ئۆزۈمگە قارشى زەربىگە ئايلاندۇرماقتا ! « نېمە تېرىساڭ ، شۇنى يىغىسەن » دېگەن گەپ راست ئىكەن . شەخسىي ھاياتتا قانداق گۇناھلارنى ئۆتكۈزگەن بولسام ، ئەمدى ئوغلۇم ئارقىلىق شۇلارنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى كۆرۈۋاتىمەن . مەريەمى زامان ! ماڭا قوشۇلۇپ ، سىزمۇ

قىلمىغان گۇناھلىرىڭىزنىڭ ئازابىنى تارتىۋاتىسىز . بۇ نېمە كۆرگۈلۈك ! روھىم گۇناھلارغا تولغان تېنىمدىن بىزار بولدى ! شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بەش كۈنلۈك دۇنيادىن تېزرەك كەتكۈم كېلىۋاتىدۇ !

رەنى جادەھبەي ئەكبەرنىڭ قۇچىقىدا ھۆگرەپ يىغلاپ :

— يۆلىنىدىغان تېغىمىزسىز ، بىزگە رەھىم قىلىڭ ! — دېدى ، — ھېلىمۇ ماڭا ئىجازەت بېرىڭ ، سەلىمنى باشلاپ كېلەي ! . . .

— سەلىمگە راجە رام داسنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتىم . جاۋابىنى بىلەيلى ! . . .

ئەكبەر داكاندىن قايتىدىغان ئەبۇلفازلنى كۈتۈۋاتاتتى . ئارىلىق ئۇزاق . يەنى قىرىق كۈنلۈك يول . ئەبۇلفازلنىڭ كېچىكىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئەكبەر شۇنىڭدىن كۆرەتتى . ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى .

لېكىن ، ئېغىر خىياللار ۋۇجۇدىنى بېسىپ ئۇنى روھى چۈشكۈن ، قەبرىدىن باشقا نەرسىنى ئويلىمايدىغان قىلىپ قويغانىدى .

ئۇ ئۇيقۇسىز تۈندە ئۆزى ياتىدىغان مەقبەرىنىڭ ئومۇمىي خەرىتىسىنى سىزدى ۋە باش بىناكارنى مەسلىھەتكە چاقىردى :

— مەۋلانە ، ئۆلۈم ھەق . ئەس - ھوشۇمنىڭ بارىدا ئىشكىنى ياپماقچىمەن . زامان ئۆزگەردى . بۇ ئابىدە ئاتا - بوۋىلىرىمىز قويۇلغان مەقبەرىلەردىن ئىستىغراق بولۇشى كېرەك .

نازۇك تەبىئەتلىك بىناكار تىرىك ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ياتىدىغان قەبرىسى ھەققىدە گەپلىشىشنى ناھايىتى ئار ئۇچراتقانىدى . لېكىن ، ئەكبەر ئۆز مەقبەرىسىنىڭ ئېگىز پەشتاقلىرىنىڭ سەمەرقەند ئابىدىلىرىدەك رەڭمۇ رەڭ بولۇشىنى ، پەقەت كاھىشلار ئورنىغا رەڭلىك تاشلارنى ياساپ ، گۈل - نەقىش قىلىشنى ئېيتقاندا ، بىناكارنى ئۇنىڭ قىياسىدىكى يېڭىلىق ئۆزىگە تارتتى - دە ، ئوڭايسىزلىنىش يوقىلىپ كەتتى .

دېھلىدىكى ھۇمايۇن مەقبەرىسىنىڭ مۇنارلىرى يوق ئىدى . ئەكبەر ئۆز مەقبەرىسىنىڭ تۆت تەرىپىگە ئاق مەرمەردىن مۇنار ياساشنى بۇيرۇدى . ھۇمايۇن مەقبەرىسى قۇرۇلغاندا ، ئەكبەرگە ھايات ھازىرقىدىن

بىخەتەر تۇيۇلاتتى . شۇڭا ، دېھلىدىكى ئابىدىنىڭ ئەتراپى ئوچۇق بو-
لۇپ ، ئۇنىڭغا بىراقلا ئونلاپ ئادەم كىرىپ - چىقالايتتى . يېڭى مەسلەك
ئېلان قىلىنغاندىن بېرى ، ئەكبەرنىڭ غايىۋى دۈشمەنلىرى كۆپەيدى .
ھەتتا تۇنجى ئوغلى ئۇلار تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى . ئۆزى تىرىك ۋاقتىدا
شۇنچىلىك قىلىۋاتقان ئوردا ئەھلى ئەكبەر كۆز يۇمغاندا ، قەبرىنى بۇزۇ-
ۋېتىشتىنمۇ يانمايتتى . مەقبەرنى ھىمايە قىلىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن ،
ئۇ يەرگە كىرىدىغان ئۇزۇن كارىدورنى ئىككى ئادەملا ياندىشىپ ما-
ڭالايدىغان دەرىجىدە تار پىلانلىدى . ئۇ بەشىنچى قەۋەتكە قويۇلىدىغان
قەبرە تېشى يېنىغا قولىدىكى ئۇنچە - جاۋاھىراتلارنى يىغىپ ئورنىتىش
نىيىتىدە ئىدى . بۇ نادىر جاۋاھىراتلارنى قوغداش[1] ئاسان بولسۇن
ئۈچۈن ، يۇقىرىقى قەۋەتكىدەم سىغىدىغان دەرىجىدە تار قىلىپ سىزدۇ-
رۇلدى .

ئەكبەرنىڭ ئۆزىگە مەقبەرە ياساتماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىغان
ھەمىدە بانۇ ئوغلىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىردى - دە ، ئۇنىڭ لايىھە
سىزىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ئاچچىقى كەلدى :

— سىزگە نېمە بولدى ، شاھ ئوغلۇم ؟ تېخى مەن — ئانىڭىز
تىرىك تۇرۇپتىمەن . تەڭرىمگە شۈكۈر ، يەتمىش توققۇزغا كىردىم ، سىز
ئاۋۋال مېنىڭ يېشىمغا يېتىڭ . . . مەريەمى زامانىغا ۋەسىيەتنامە ئېيتىپ
سىز ، ئاڭلىغاندىن بېرى يىغلاۋاتىمەن ! . . . مېنىڭمۇ ئىچىم ئاغ-
رىدى ! . . .

— بۇ ئۆتنە دۇنيا ، ئۇنىڭدا ھېچكىم ئارتۇق تۇرالمايدۇ ، قەدىر-
لىك ئانا . ۋەزىيەتنى كۆرۈپ تۇرۇپسىز ، لايىھە سىزىشقا باشقا ۋاقتىم
چىقامدۇ - چىقمامدۇ ، ئۇقمايمەن !

بۇ مەقبەرە ئەكبەرنىڭ ئاخىرقى بىناكارلىق ئەسىرى بولۇپ قال-
دىغانلىقىنى ئۇنىڭ كۆڭلى سېزىپ تۇراتتى .

— نىيەتنى ياخشى قىلىڭ ، بالام . ئاخىر ، سەكسەن - توقسانغا

---

[1] كېيىنچە ، ئەكبەرنىڭ قەبرىسىدىكى بۇ جاۋاھىراتلارنى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى پىچاق بىلەن چىقىرىپ ئېلىپ كەتكەن .

بارىدىغانلار يوقمۇ ؟ نەۋرىڭىز خىسراۋ ئۇن بەشكە كىردى . كېيىنكى يىلى ئۆيلەيمىز . ئەزىز كۆكەنىڭ كىچىك قىزىغا كۆڭلى بار ئىكەن ، ماقۇللىشىپ قويايلى . خۇررامجانمۇ ئۇن بىرگە كىردى . توي قىلىڭ ، سىزمۇ ماڭا ئوخشاش نەۋرە ـ چەۋرە كۆرۈڭ !

بەدىنىدىن گۆش قېچىپ ، كىچىككىنە بولۇپ قالغان ھەممە بېگىمنىڭ روھى ھېلىمۇ تېتىك ئىدى ، ھاسىغا تايانماستىن ، گەۋدىسىنى تىك تۇتۇپ يۈرەتتى . ئۇ نەۋرىلەر توغرىسىدا ، توي توغرىسىدا گەپ قىلىپ ، ئاخىر ئەكبەرنىڭ خىيالىنى ئېغىر ئويلاردىن يىراق قىلدى .

تەڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن سادىق تەگدىشى ئەزىز كۆكە بىلەن قۇدا بولۇش ئەكبەرگە تولىمۇ يېقىملىق تۇيۇلدى . داكان ئۇرۇشىدا ئىككى يىل بۇۋىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا شۇنداق ئىچكىپ قالغان خىسراۋ بىلەن خۇررام دادىسىدىن كۆرە ئەكبەرگە يان باساتتى . خىسراۋنى ئەزىز كۆكەنىڭ تۆتىنچى خوتۇنىدىن تۇغۇلغان كىچىك قىزىغا ماقۇللاشقان كۈنىدىكى زىياپەت ئۈستىدە ، قىلىچخان ئەنجانى :

— جانابى خانى ئەزەم ، — دەپ ئەزىز كۆكەنىڭ چىشىغا تەگدى ، — ھەزرىتىم نەۋرىسىنى ئۆيلىمەكچى بولۇۋاتسا ، سىز تەگدىشى تۇرۇپ ، تىخىچە قىز چىقىرىپ يۈرىسىزغۇ ؟

— سەل كېچىكتۇق ـ دە ، جانابى قىلىچخان ، بولمىسا ، بىزدىمۇ ئالتە ئوغۇل ، ئالتە قىز ، ئەللىكتىن ئارتۇق نەۋرە بار . ھىندى ئاياللىنىڭ شۇنچە بالىجانلىق ئىكەنلىكىنى ياش قىرىقتىن ئاشقاندا بىلىپ قالدۇق . كەنجى قىزىمىز ھىندى خوتۇنۇمدىن تۇغۇلغان .

— بىرىنچى ئاياللىڭىز ئىرانلىق ئىدىغۇ ؟

— ھەئە ، ئىرانلىق خوتۇنىنىڭ تىلى ناھايىتى شېرىن . سۆھبەتلىشىپ راھەتلىنىمەن . ماۋرائۇننەھرلىك خوتۇنۇم ھەممىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ ، ھۆكۈمران بېكە بولۇپ تۇرىدۇ . ئۇنىڭدىن ئۆزۈممۇ ھېيىقمەن !

بۇ گەپكە ئەكبەرمۇ كۈلۈپ كەتتى . يار ـ دوستلارنىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى ھەزىل ـ چاقچاقلىرىدىن ، نەۋرىلىرى خىسراۋ ۋە خۇررامنىڭ

بىغۇبار ، مەسۇم مېھرىدىن ئەكبەرنىڭ كۆڭلى يايراپ ، غەملىرىنى ئۇنـ تۇشقا باشلىغان كۈنلەردە ، يەنە بىر شۇم خەۋەر ئەسەدىنىڭ قىياپىتىدە ئىشىكنى قېقىپ كىردى . ئۇ ، ئەبۇلفازىلنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئەكبەرگە قانداق ئېيتىشنى بىلەلمىدى . سارايىنىڭ ھاجى جاھان ئىسمىلىك ئەڭ نۇرانە مويسىپىتى يەلكىسىگە كۆك پوتا تاشلاپ ، ئۇنىڭ ھوزۇرىغا غەمكىن كىرىپ كەلدى . ئۇنىڭ :

— سىزگە ئاللا قۇۋۋەت بەرسۇن ، ھەزرىتىم ! — دەپ باشلىغان سۆزىدىن ۋە كۆك پوتىدىن يەنە بىر بەختسىزلىك بولغانلىقىنى سەزگەن ئەكبەرنىڭ يۈرىكى « جىغ » قىلدى :

— نېمە ئىش بولدى ، مەۋلانە ؟ . . .

— جانابى ئەبۇلفازىل . . . خۇدا رەھمىتى . . .

— ئەبۇلفازىل ؟! قاچان ؟! كىم دەيدۇ ؟!

ئەسەدىبېكنى ئەكبەرنىڭ ھوزۇرىغا چاقىرىپ كېلىشتى . ئەبۇلفازىلـ نىڭ ئۆلگەن جايىدا پەقەت تېنى قالغانلىقى ، بېشى كېسىلىپ ئاللاھئابادقا ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا ، ئەكبەرنىڭ بەدىنىدىن « شۇر ! » قىـ لىپ جان چىقىپ كەتكەندەك بولدى :

— ھۇ نامەردلەر ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ ، — سەلىمگە تەخت كېرەك بولسا ، مېنى ئۆلتۈرسە بولاتتىغۇ ، ئەبۇلفازىلدا نېمە گۇناھ ! ھۇ نامەردلەر ! . . .

ئوتتۇز يىل داۋامىدا ھاياتىنىڭ بارچە ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى بىـللە تېتىغان دوستى ، ھەم خېيىمخەتەرلەرنى بىرگە باشتىن كەچۈر- گەن سەبدىشى ئەمدى يوق ! ئەكبەر قاتتىق ئېچىنغان ھالدا ئۈن سېلىپ يىغلىدى :

— تىلەپ تاپقان ئوغلۇم ! . . . ئېچىمدىن چىققان بالام ! . . . بۇنىڭغا نەدىن داۋا ئىزدەيمەن ! . . .

× × ×

ئەسەفخان باشلىق ئۈچ مىڭ خىللانغان ئەسكەر سېرانج تەرەپ

لەرگە بېرىپ، ئورمانىنى قېدىرىپ بىر سىنىخنى ئىزدىدى. ئەمما تاپالمىدى. «ئۇنى سەلىم ئاللاھئابادقا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ» دېگەن مەخپىي ئاخبارات كەلدى.

— ئوغلۇم بىلەن جەڭ قىلىش تەقدىرىمگە پۈتۈلگەنكەن! — دېدى ئەكبەر سەركەردىلەرنى مەسلىھەتكە يىغىپ، — ئىككى يۈزچە ھەربىي كېمە تەييار قىلىنسۇن. ئاللاھئابادقا ھەم سۇ يولىدىن، ھەم قۇرۇقلۇقتىن ھۇجۇم قىلىمىز. مىڭچە پىل، ئوتتۇز مىڭ ئاتلىق ئەسكەر ئىككى ئاي ئىچىدە تەخ قىلىنسۇن!

سەلىمنىڭ ھەربىي كۈچلىرى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ ئىدى. ئەكبەرگە قارشى كۆپ قېتىم ئىسيان كۆتۈرگەن جائۇنپۇر، بىھار ۋە باشقا شەرقىي ۋىلايەتلەر ھازىر سەلىمنى پادىشاھ دەپ ئېتىراپ قىلدى. ئېلىق - سېلىقتىن كېلىدىغان ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى ئۇنىڭ ئاللاھئابادتىكى خەزىنىسىگە تاپشۇرۇپ، تۆگە ھەم يۈزلەپ پىللارنى، ئات - ئۇلاغلار ۋە باشقا سوۋغىلارنى سەلىمگە تارتۇق قىلىشتى. شاھزادە ھازىر بېيىپ كەتكەن، ئەسكەرلىرىنىڭ سانىمۇ قىرىق مىڭدىن ئاشقانىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، دادىسىدىن تەپ تارتمايتتى.

ئاتا - بالا بۇنداق چوڭ كۈچلەرنى مەيدانغا چىقىرىپ، ئۇرۇش قىلسا ئاقىۋىتىنىڭ قانچىلىك يامان بولىدىغانلىقى ئانىلارنى قورقۇنچقا سالدى. ھەمىدە بانۇ بىتاب بولۇپ يېتىپ قالدى. ئەكبەر ئانىسىنى كۆرگىلى بارغاندا، سەلىمە بېگىم بىلەن مەريەمى زامان جادھەبەي قېينانىسىنىڭ تۆشىكى يېنىدا ئولتۇراتتى.

— ئانا، سىزگە نېمە بولدى؟

— ئۇيقۇم كەلمەيدۇ، پۇت - قولۇمدا دەرمان يوق، تۇرالمايۋاتىمەن.

— ھېكىم مىسرى دەرمانغا كەلتۈرىدىغان داۋالارنى قىلسۇن، ياخشى بولۇپ كېتىسىز.

— شاھ ئوغلۇم، ماڭا ھېكىم مىسرى ئەمەس، پەقەت سىز شىپاھلىق بېرەلەيسىز.

— مەن ؟ ئېيتىڭ قېنى . . .

— شۇنچە يىل ئۇمۇر كۆرگىنىم ئاۋۋال خۇدادىن ، ئاندىن سىز-نىڭ ياخشى بالا بولغانلىقىڭىزدىن بولدى . لېكىن ، ئەمدى ئاللاھئابادقا قوشۇن تارتماقچى بولۇۋېتىپسىز . شۇنى ئاڭلىغاندىن بېرى كۆڭلۈم يې-رىم ، ۋۇجۇدۇم ۋەيران بولدى . ئويلاپ بېقىڭ : ئاتا ـ بالا ئۇرۇشىدا غا-لىب بولامدۇ ؟ قايسى تەرەپ يېڭىلىشىدىن قەتئىينەزەر ، بەختسىزلىك بولامدۇ ؟ سەمەرقەندتىكى ئۇلۇغبەگنىڭ ئۆز ئوغلى ئابدۇللەتىپ بىلەن قىلغان ئۇرۇشىنىڭ قانداق ئاقىۋەت ئېلىپ كەلگەنلىكىنى بىر ئەسلەپ بېقىڭ !

— ئۇنداقتا ، بۇ تۇزكور ئوغۇل گەپكە كىرمىسە قانداق قىلىمەن ، ئاتا ؟ ياخشىلىقچە ھوزۇرۇمغا قايتسۇن ؛ گۇناھى بولمىسا ، ئىسپات قىل-سۇن ، دەپ راجە رام داسنى ئاللاھئابادقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتىم ، رەت قىلىپ جاۋاب ئېلىپ كەلدى . قىرىق يىل جان تىكىپ دۆلەت قۇرسام ، نەۋرىڭىز ئۇنى ئىككىگە بۆلۈپ پارچىلىماقچى ! بىگۇناھ ئەللامىينى قەس-تەن ئۆلتۈرۈشسە ، ئۇ قاتىلنى يوشۇرۇپ يۈرسە ! . . . ياق ، مەن ئۇ-نىڭغا جازا بەرمىگۈچە تىنچلانمايمەن ! . . .

مەريەمى زامان ئەكبەرنىڭ ئۇدۇلىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، قولىنى كۆكسىگە قويدى :

— ھەزرىتىم ، يامان ئادەملەر ئارىڭىزلارغا نىزا سېلىۋاتىدۇ . سە-لىمنىڭ ئەبۇلفازلنى ئۆلتۈرگىنىگە مەن ئىشەنمەيمەن ! سەلىمنىڭ بۇنداق قىلىشى ئەقلىمگە سىغمايدۇ ! مانا سەلىمە بېگىممۇ سۆزلەپ باقسۇن !

مۇرادنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن چاچلىرى ئاپئاق ئاقىرىپ ، نۇرانە كەمپىرگە ئايلىنىپ قالغان سەلىمە بېگىم ئەكبەرگە يۈزلەندى :

— مەن يالغۇز ئوغلۇمدىن جۇدا بولدۇم ، بېشىمغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە ، مەريەمى زامان ئۆز سىڭلىمدەك يېنىمدا تۇردى . شاھزادە سەلىممۇ : « مەن سىزنىڭ ئوغلىڭىز ئەمەسمۇ ؟ » دەپ نەچچە قېتىم دى-لىمغا تەسەللىي بەردى . رەھمەتلىك چوڭ ئانىمىز ماھىم بېگىم ئۆگەيلىك بالاسىدىن يۈكسەك تۇرغانىكەن ۋە ھىندال مىرزىنى ئۆز ئوغلىدەك تەر-

بىيىلىگەنىكەن . ھەزرەت ئانىگىزمۇ ئاشۇ ئۇلۇغ ئانىدىن ئۆگىنىپ بىزنى ئىللىق بولۇشقا ئۆگەتكەن . مەنمۇ شاھزادە سەلىمگە مېھرىمنى بەرگەنمەن . شېئىر ئۆگەتكەنمەن . ئۇنى ئۆز ئوغلۇمدىن بەكرەك تەربىيىلىگەنمەن .

ـــ بۇ راست ! ـــ دېدى مەريەمى زامان ، ـــ شەيخ بابا ① مۇ بېگىمنى مەندىن بەكرەك ھۆرمەت قىلاتتى .

ـــ شۇنىڭ ئۈچۈن ، ـــ دەپ سەلىمە بېگىم ئەكبەرگە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى ، ـــ ئەگەر ۋاكالەت بەرسىڭىز ، مەن ئاللاھئابادقا ئەلچىلىككە باراي . ئىمانىم كامىلكى ، ئەبۇلفازلنىڭ ئۆلۈمىدە شاھزادە سەلىمنىڭ شېرىكچىلىكى يوق . ئاتا ـ بالىنى ئۇرۇشتۇرۇپ ، ئارىدىن نەپ ئالغۇچى كۈچلەرنىڭ تۆھمىتى بۇ !

ئەكبەرنىڭ ئۆزىمۇ بۇنىڭ تۆھمەت بولۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلاتتى . شۇندىلا ئۇنىڭ بىر دەردى ئىككى بولۇپ كەتمەيتتى .

ئوغلىنىڭ ئويلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ھەممىدە بېگىم سەلىمگە يان بېسىشقا باشلىدى :

بىر ۋاقىتلاردا رەھمەتلىك خانزادە بېگىم ئەگرەدىن لاھورغا ئەلچى بولۇپ بېرىپ ، ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ ئۇرۇشىنى بىرتەرەپ قىلغانىكەن . سەلىمەمۇ ھازىر ئاشۇ دانا كايۋانىنىڭ يېشىدا . ئۆزىمۇ يىلسىرى خانزادە بېگىمگە ئوخشاپ كېتىۋاتىدۇ . ئەپۇچان بولۇڭ ، شاھ ئوغلۇم . بابۇر بوۋىڭىز « ئۇلۇغلار كۆتۈرۈشلۈك كېلىدۇ » دەپ بىكار ئېيتمىغان .

ئاللاھئاباد جەمنە بىلەن گانگ دەرياسى قوشۇلىدىغان جايدا ، ئەگرەدىن ئاتلىق سەل كەم بىر ئايلىق يول . سەلىمە بېگىمنىڭ شاھزادىنى ئۆگەي كۆرمەي ، شۇنداق ئۇزاق سەپەرنى ۋە مۇشكۈل ئەلچىلىكنى ئۆز زىممىسىگە ئالماقچى بولغانلىقى ئەكبەرگە بىر پىداكارلىق بولۇپ تۇيۇلدى . ئەكبەر ئانىسىنىڭ كېسىلىگە ، مەريەمى زامانىنىڭ دەردىگە بۇنىڭدىن باشقا شىپا يوقلۇقىنى ھېس قىلدى . ئۇ سەلىمە بېگىمگە ئۈچ يۈز كىشىلىك مۇھاپىزەتچى ئەسكەر ۋە باشقا ھەممە كېرەكلىك

---

① شەيخ بابا ـــ شاھزادە سەلىمنىڭ ئۆيدە ئاتىلىدىغان ئىسمى .

نەرسىلەرنى بېرىپ، ئۇنى ئاللاھئابادقا يولغا سالدى.

ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتى. سەۋر ئېيى كىرىپ ھىندىستاننىڭ ئىسسىقلىرى ئەۋجىگە چىقىشقا باشلىغان كۈنلەردە، ئاللاھئابادتىن خۇش خەۋەر كەلدى. كاتتا ئەمىر ۋە سەركەردىلەر بېرىپ گەپكە كىرگۈزەلمىگەن شاھزادىنى سەلىمە بېگىم ئەگرەگە دادىسى بىلەن يارىشىشقا كۆندۈرۈپ ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. كېلىنىڭ دەھشەتلىك ئۇرۇش خەۋپىنى بىر تەرەپ قىلغىنىغا خۇش بولغان ھەممە بېگىمنىڭ كېسىلمۇ يادىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ كېلىنى ۋە خىزمەتكارلىرىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئەگرەدىن مەيدە يولغا چىقىپ، سەلىمە بېگىمنى شەھەردىن ئۇن مىل يىراقتا كۈتۈۋالدى.

شاھزادە سەلىم دادىسىغا ئاتاپ 800 پىل، بىر كارۋان تۆگىگە يۈك بولغۇدەك ئالتۇن ۋە تۈرلۈك سوۋغا ـ سالاملارنى ئېلىپ كەلدى. ئوغلىنىڭ باش ئۇرۇپ تەزىم قىلغانلىقىدىن ۋە ھەددى ھېسابسىز سوۋغا ـ سالاملارنى كەلتۈرگەنلىكىدىن كۆڭلى ئېرىگەن ئەكبەر ئۇنى باغرىغا بېسىپ كۆرۈشتى. لەئل ۋە گۆھەر قادالغان قىممەت باھالىق سەللىلەردىن بىرنى سەلىمنىڭ بېشىغا كىيدۈردى. يارىشىشنىڭ ئاخىرى تويغا ئۇلىنىپ كەتتى. سەلىمنىڭ تۇنجى ئوغلى خىسراۋنى ئەزىز كۆكەنىڭ قىزىغا ئۆيلەندۈردى.

ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئالغان ئانىلار ۋە باشقا خەيرخاھلار، «ئەبۇلفازلنىڭ ئۆلۈمىگە پەقەت بىر سىنخ ئەيىبلىك»، دەپ ئەكبەرنى ئىشەندۇرگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ بىر يېرىدە تاشتەك تۈگۈن ھامان يېشىلمەي تۇراتتى. ئەكبەر تەسۋىرخانىغا سەلىم بىلەن كىرگەن كۈنى ئۇنىڭغا ئەبۇلفازلنىڭ رەسىمىنى كۆرسەتتى. سەلىمگە ئىككى قولىدا ئىككى كىتابنى تۇتۇپ تۇرغان ئەبۇلفازلنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ، لەۋلىرى مىدىرلىغاندەك، ئۇ ھامان تىرىكتەك ۋە گەپ قىلىپ ئالدىغا كېلىدىغاندەك كۆرۈندى.

شۇ چاغدا ئۇنىڭ قانلىق سەللىسىگە ئورالغان بېشى، قىلىچ تەگكەن پېشانىسى سەلىمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ كەتتى. رەسىمدىكى

ئەبۇلفازىل قەغەز يۈزىدىن قوپۇپ شاھزادىنىڭ ياقىسىدىن ئالدىغانىدەك ۋە ئۇنى ئەكبەرگە تۇتۇپ بېرىدىغانىدەك تۇيۇلدى. سەلىمنىڭ رەڭگى تامدەك ئاقاردى.

— ياق، ياق، بىرسىنىخ قىلغان، بىرسىنىخ ئۆزى قىلغان! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

— ئۇنداق بولسا... نېمىشقا بىرسىنىخنى ئاللاھئابادقا يوشۇرۇپ يۈرىسىز؟

— بىرسىنىخ مېۋەرگە قېچىپ كەتتى. كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، تاغلاردا سىزگە قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن ئەمەر سىنىخ ئۇنى ئۆز پاناھىغا ئاپتىمىش.

— لېكىن، سىزنىڭ بىرسىنىخ بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىڭىز ھەققىدىكى گەپ - سۆزلەر ھېلىغىچە بېسىققىنى يوق. ئەگەر بۇ راستلا تۆھمەت بولسا، پاش قىلىش لازىم. نەچچە مىڭ قوشۇن لازىم بولسا بېرەي، مېۋەردىكى ئىسيانچىلارغا قوشۇلغان بىرسىنىخنى تۇتۇپ كېلىڭ.

دادىسىنىڭ ئەبۇلفازىلنى ئۇنتۇمايدىغانلىقى، ئۇنىڭ روھى ۋە خاتىرىسى ھەمىشە ئارىغا ئىختىلاپ سېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى سەلىم ناھايىتى ئاغرىنغان ھالدا ھېس قىلدى. دادىسى ئۇچۇن سەلىمنىڭ ئاللاھئابادتىن كېلىپ ئۆزرە سورىغىنى يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئەمدى يەنە مېۋەر تاغلىرىغا قوشۇن تارتىپ بېرىپ ئەبۇلفازىلنىڭ قاتىلىنى تۇتۇپ كېلىشى قالغانمىدى؟ لېكىن ئۇ كۆڭلىدىكى بۇ نارازىلىقنى دادىسىدىن يوشۇردى ۋە تىلىنىڭ ئۇچىدا:

— پەرمانىڭىز باش ئۈستىگە! — دەپ تەزىم قىلدى، — پەقەت ئىجازەت بەرسىڭىز، ئاۋۋال ئاللاھئابادقا بىر بارسام. ئاساسىي كۈچلىرىم ئاشۇ ياقتا قالغان. ھەممىسىنى يىغىپ كېلىپ مېۋەرگە قوشۇن تارتسام...

ئەكبەر ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردى. سەلىم ئاللاھئابادقا بېرىۋالغاندىن كېيىن مېۋەرگە يۈرۈش قىلىشتىن باش تارتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئۆز سارىيى ۋە چوڭ قوشۇنى بار ئىدى. كىمكى ئەكبەر بىلەن چىقىشالمىسا،

ئاللاھئابادقا بېرىپ سەلىمدىن پاناھلىق تىلەيتتى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي سەلىمنىڭ ئاللاھئابادتىكى تەرەپدارلىرى مەسچىتتە جۈمە نامىزىدىكى خۇتبىدىن ئەكبەرنىڭ نامىنى چىقىرىپ تاشلىدى.
شەيخ رۇكنىددىن سەلىمنىڭ نامىنى خۇتبىگە قوشۇپ ئوقۇغاندىن كېيىن، ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ ئەكبەرنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ كەلدى.

× × ×

دادا ـ بالا ئىزاسى كۈنسېرى ئۆتكۈرلىشىپ، تاغدەك يوغىناپ كەتتى.
ئەكبەرنىڭ جىزيە سېلىقىنى بىكار قىلغانلىقى، تۈرلۈك ئېتىقادلارنى باراۋەرلەشتۈرگەنلىكى، قىرىق يىل داۋامىدا جارى قىلدۇرۇلغان باشقا ئىسلاھاتلىرى ناھايىتى كۆپ دىندار ۋە ئەمەلدارلارنى بۇرۇنقى ئىمتىيازلىرىدىن مەھرۇم قىلغانىدى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە، ئەكبەرنىڭ يېڭىچە سىياسىتى تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىگە ئوخشاش جەزىرە، گىياھ ئۈنمەيدىغان سۇسىز چۆل بولۇپ تۇيۇلاتتى. موللا ـ ئىماملارنىڭ بۇرۇنقى ئىمتىيازلىرىنى تىكلەۋاتقان سەلىم گويا تاغنىڭ يامغۇر كۆپ ياغىدىغان كۆكلەمزارى، سۇلۇق زېمىن بولۇپ بىلىنەتتى. شۇڭا ئۇلار توپ ـ توپ بولۇپ سەلىم تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. تەرەپدارلىرىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن سەلىمنىڭ يۈرىكى چوڭىيىپ، ئۆز نامىغا ئالتۇن تەڭگىلەرنى قۇيدۇرۇشقا باشلىدى ھەمدە بۇ تەڭگىلەردىن ئاللاھنىڭ، دىنىنىڭ تىمسالى بولغان «ئاللاھۇ ئەكبەر» ئىبارىسىنى ئالدۇرۇپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئەكبەردىن بۇرۇنقى دەۋردە ئالتۇن تەڭگىلەرگە ئويۇلىدىغان كەلىمە شاھادەتلەرنى قايتا ئويدۇردى. سودىگەرلەر بىلەن بىللە پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىلىۋاتقان بۇ تەڭگىلەر كونا مۇسۇلمانئابادنى قورشاپ يۈرگەن ئەكبەرنىڭ دۈشمەنلىرىنى جانلاندۇرۇپ قويىدى. ئەگەر قويۇپ بېرىلسە، بۇ ئىشلارنىڭ ئاللاھئابادتىن چىقىپ، پەنجاپ ۋە گۇجارەتكە، كابۇلغا ھەم سىنىگ تەرەپلەرگە تارقىلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

ئەكبەر بۇ پالاكەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بۇلتۇر توختىتىپ قويۇلغان ئاللاھئاباد يۈرۈشىنى قايتىدىن باشلاشقا مەجبۇر بولدى. بېنگالدىن قايتقان مەن سىنىخ ۋە داكاندىن چاقىرىلغان ئابدۇرەھىم خانى خانان قىرىق مىڭ ئاتلىق ئەسكەر، بەش مىڭ پىلنى قۇرۇقلۇقتىن شەرققە باشلاپ ماڭدى. ئەكبەرنىڭ ئۆزى جەمنەدە سەپ تۈزۈپ تۇرغان ئىككى يۈز ھەربىي كېمە بىلەن باردىغان بولدى. ئادەتكە بىنائەن، ئۇ ئۇزاق يۈرۈشكە مېڭىشنىڭ ئالدىدا، ئانىسىدىن ئاق يول تىلەش ئۈچۈن ھەمىدە بېگىم تۇرىدىغان كۆشۈككە يول ئالدى.

سەلىمە بېگىمنىڭ ئەلچىلىكى ئاتا - بالا ئۇرۇشىنى پەقەت بىر يىل ئارقىغا سۈرگەنىدى. ئارىدىكى ئىختىلاپلار يىلتىزىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى، ئەكبەرنىڭ ئاللاھئاباد ئىسيانىنى بىر تەرەپ قىلىشى لازىملىقىنى ئەمدى ئانىسى ۋە خوتۇنلىرىمۇ چۈشىنىپ قېلىشقانىدى. ئەمما ئۇنى توسۇۋېلىشقا كۈچى يەتمەيتتى، پەقەت كۆيۈنۈپ يىغلايتتى. ھەمىدە بېگىم يەنە مۆكۈلىنىپ قالدى. ئەكبەر كىرگەندە ئارقىسىغا ياستۇق قويۇپ، سىرتقا ھالسىز قاراپ ئولتۇرۇپ. ئوغلىنى يېنىدا كۆپرەك تۇتۇپ تۇرغۇسى كېلىپ ئۇزاق خىياللارغا بېرىلدى. جەمنە دەرياسى بويلىرىدا قانداق خۇشال ئوينىغانلىقىنى، تار سەھراسىدا قانچە ۋاقىت سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنلىكىنى، قەزۋىن ۋە كابۇل، بھار ۋە كەشمىر — ھەممىسىنى توختاپ - توختاپ، بىرمۇبىر ئەسلەپ چىقتى.

— شاھ ئوغلۇم، بابۇرىيلار خانىدانىدا ئەڭ قېرىسىدىن پەقەت مەن قالدىم، — دېدى، — گۈلبەدەن بېگىمنىڭ بۇلتۇرقى ياخشى كۈنلەردە ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىگە مېنىڭ ھەۋىسىم كېلىۋاتىدۇ . . . سەككىسەنگە كىرگەندە، ئۆمرۈمنىڭ ئەڭ قىيىن دەۋرى باشلىنار دەپ ھېچ ئويلىمىغانىدىم، بىراق . . .

ھەمىدە بېگىم كۆز يېشىنى ئاق داكا رومىلىنىڭ ئۇچى بىلەن يەڭگىل ئېرتىپ قويدى.

— ئاللاھ نېسىپ قىلسا، بۇ قىيىن كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر. جېنىم ئانا، يەنە ئوبدان كۈنلەرگە ئۇلىشالايمىز . . .

— ئەكبەرجان، مەن سىزگە بىر ئۆمۈر ئامەت تىلىدىم. مەغلۇبىيىتىڭىزنى كۆرمەي دېدىم، ئىلاھىم، ئاتا - بالا ھەر ئىككىڭلار قېشىمدا قىلىڭلار، ياتچىلىقنى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولمىسۇن، شۇتاپتا كۆڭلۈم ناھايىتى پەرىشان بولۇۋاتىدۇ...

ئەكبەر ئانىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى:

— كۆپ ئەنسىرىمەڭ، يەنە كۆرۈشىمىز! — دېدى.

ئۇ تۇغۇلغاندىن بېرى، يېنىدىكى ئانىسى ھەرگىز ئۆلمەيدىغاندەك، ئەبەدىي تىرىك يۈرىدىغاندەك بىلىنەتتى. لېكىن، ئەكبەر كېمىگە چۈشۈپ، ئاللاھئاباد تەرەپكە ئىككى كۈن ماڭا - ماڭماي شۇم خەۋەر يېتىپ كەلدى.

قۇرۇقلۇق يولى بىلەن چېپىپ كەلگەن خەۋەرچى ئۇنىڭغا سەلىمە بېگىمنىڭ مەكتۇپىنى تۇتقۇزدى.

《 ھەزرەت ئالىم كۆپ جىلا چېكىپ، ھالسىزلىنىپ يىقىلدى. ئاخىر ئېيتقان سۆزلىرى سىزنىڭ ئىسمىڭىز بولدى. كېچىدىن بېرى سۆزدىن قالدى. بەقەت كۆزى ئوچۇق، ئەترايىغا قاراپ سىزنى ئىزدەيدۇ. ھەزرىتىم، جان بېرەلمەي قىينىلىۋاتقان ئۇلۇغ ئانىڭىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن تېزراق يېتىپ كېلىڭ.

سەلىمە بېگىم. 》

ئەكبەر دەرھال كېمىدىن چۈشۈپ ئاتلاندى - دە، ئەگرەگە قايتتى. شۇ چاغدا جادەبەيمۇ ئاللاھئابادتىكى سەلىمىگە مەكتۇپ يوللىدى:

《 ھەزرەت دادىڭىز ھەربىي يۈرۈشنى توختىتىپ ئەگرەگە قايتتى. مېنىڭ سىزگە بەرگەن ئاق سۈتۈمگە رازى بولۇشۇمنى ئىستىسىڭىز، سىزمۇ ئۇلۇغ مومىڭىز بىلەن ۋىدالىشىش ئۈچۈن تېز ئەگرەگە كېلىڭ. بۇ ئۆتكۈنچى دۇنيادا ياخشى نام قالدۇرۇڭ، جېنىم بالام! ياشقا تولغان كۆزلىرىم بىلەن يولىڭىزغا ئىنتىزارمەن.

ئانىڭىز رەنى جادەبەي. 》

ئەكبەر يېرىم كېچىدە سارايغا كېلىپ، ھەمىدە بېگىم ياتقان ئۆيگە كىردى ۋە رەڭگى قانسىز، كۆزلىرى يۇمۇق ئانىسىنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئۇنىڭ جانسىز تېنىنى قۇچاقلىدى ـ دە:

ـــ جېنىم ئانا! ـــ دەپ بوش چاقىردى.

يالغۇز ئوغلىنىڭ ئاۋازى ھەمىدە بېگىمنى گويا باقىي دۇنيادىن قايتۇرۇپ كەلگەندەك بولدى. ئۇ كۆزىنى ئاستا ئاچتى ـ دە، ئۈستىدە ئەكبەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇئان خىرە كۆزلىرى نۇرلىنىپ چوڭ ئېچىلدى. ئەمما، تىلى گەپكە كەلمىدى. ئەكبەرنى تىرىكلىكىدە كۆر-گەنلىكى ئۈچۈن ئانا زور تەسەللى تاپتى. ئۇنى ۋاقىتلىق تۇتۇپ تۇرغان جان بېغى ئەمدى ئۈزۈلدى. ئوچۇق كۆزلەر ئاستا ـ ئاستا يۇمۇلدى.

ئاللاھئابادتىكى سەلىمنىڭمۇ ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى توختىتىپ، مومىسىنى يەرلىككە قويۇشقا ئۈلگۈرۈش ئۈچۈن تېز مېڭىپ كېلىۋاتقان-لىقى ئەتراپتىكى ۋىلايەتلەرگە مەلۇم بولدى. ئۆز ئۆلۈمى بىلەن پالاكەت ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئالغان ھەمىدە بېگىمگە پۈتۈن مەملىكەت ھازا تۇتتى. ئۇنىڭ تاۋۇتىنى ئەگرەدىن دېھلىغا يۆز مىڭلىغان ئادەملەر ئۈزىتىپ قويدى. بېگىمنىڭ جەستى ئۆزى قۇرغان مىرزا ھۇمايۇن قەبرىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە دەپنە قىلىندى. ئادەت بويىچە ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە قويۇلغان مەرمەر تاشقا مۆتىۋەرلىك بەلگىسى ئويۇلدى. بۇ، ھەمىدە بانۇ-نىڭ تۆت پەرزەنت كۆرگەن ئانا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.

ئاللاھئاباد يىراق بولغانلىقى ئۈچۈن سەلىم ئارىدىن ئون بەش كۈن ئۆتكەندە، ئاندىن دېھلىغا يېتىپ كەلدى. ھىندىستان ئادىتىگە ئا-ساسەن، ماتەمدارلار ئاق كىيىمنى كىيىپ ئۇلۇغ بوۋىسى ۋە بوۋىسىنىڭ مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلدى. كېيىن ھەمىدە بېگىمنىڭ ئەگرەدە ئۆتكۈ-زۈلىدىغان يىگىرمە نەزىرىسىگە ماڭدى.

سەلىمنىڭ قوشۇنىسىز كەلگەنلىكى ئەكبەرگە ياخشىلىقنىڭ ئالامە-تىدەك تۇيۇلدى. ھەمىدە بېگىمنىڭ يىگىرمە نەزىرىسىگە كەلگەنلەر تار-قىغاندىن كېيىن، ئۇ ئوغلىنى خاس ھۇجرىسىغا تەكلىپ قىلدى ـ دە، يۈزمۇيۈز ئولتۇرۇپ:

— خەيرىيەتكى، دىلىڭىزدا مېھر-سۆيگۈ ئاقىۋەت غالىب كەپتۇ، — دېدى، — ئانام رەھمەتلىك ئۆز ئۆلۈمى بىلەن سىزنىڭ ئىستىقبالىڭىزنى قۇتقۇزدى، ئەمىرزادەم!

سەلىم كىنايىلىك كۈلۈمسىرىدى:

— ھەزرىتىم، نېمە ئۈچۈن پەقەت مېنىڭلا؟... سىز ئۆمۈر بويى ئەپسانىلەردىكى رۇستەمدەك مەغلۇپ بولماي كېلىۋاتىسىز... ئەگەر رۇستەمنىڭ شۇنداق كۆيۈمچان ئانىسى بولغان بولسا، ئېھتىمال ئوغلى سۇھرابمۇ ئۇنى يېڭەلمىگەن بولاتتى!...

ئەكبەر ئوغلىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى-دە، ئاۋازىنى پەسەيتىپ سورىدى:

— ھەي ئوغلۇم، سىز تېخى سۇھراب بولۇپ مېنى يېڭىشىڭىزگە ئىشەنگەنمىدىڭىز؟ ئەپسۇسكى، سىز بىلەن سۇھرابنىڭ ئارىسىدا قانچىلىك چوڭ پەرقنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىكەنسىز-ھە؟ سۇھراب ئۆمۈر بويى دادىسىنى كۆرمەي چوڭ بولغان، ئۇنى تونۇماي-بىلمەي ھالال ئېلىشقان! ئەمما، دادىسىنىڭ ئەركە ئوغلى بولۇپ، كۆزىنىڭ يېغىنى يەپ چوڭ بولغان شاھزادىلەرنىڭ بىلەرمەنلىك بىلەن دادىسىغا قارشى تىغ كۆتۈرگەندە، ئالتە ئايدىن ئارتۇق پادىشاھ بولالمىغانلىقى تارىختا قايتا-قايتا ئىسپاتلاندىغۇ. ئەڭ ئاخىرقى دەلىل — دادىسىغا قارشى تاجاۋۇز قىلغان تۇرانلىق ئابدۇمۇمىننىڭمۇ ئابدۇللاخاندىن كېيىن ئالتە ئاي پادىشاھلىق قىلا-قىلماي بېشى كېسىلگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟

— ئاڭلىغانمەن. كۆپ رەنجىمەڭ، ھەزرىتىم. دادىسىغا قارشى قىلىچ كۆتۈرگەن ئوغۇلنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىغا مەنمۇ ئەمدى ئىشەندىم.① شۇنىڭ ئۈچۈن مانا قوشۇنسىز، قورالسىز ھۇزۇرىڭىزغا باش ئېگىپ كەلدىم.

— خوش، قېنى نېمە تىلىكىڭىز بار؟

— ھەزرەت ئاتا، مەنمۇ ئوتتۇز بەشكە كىردىم، ئوغلۇم خىسراۋ

---

① سەلىم مۇشۇ سۆزلەرنى كېيىن ئۆزى يازغان «تۈزۈكى جاھانگىرى» ناملىق كىتابىغا كىرگۈزگەن.

پەرزەنت كۆردى . مەن ئەمدى نەۋرىلىك بولدۇم . سىز چەۋرىلىك بول-
دىڭىز . مەملىكەت ناھايىتى خاراب بولۇپ كەتتى . ئۇنى باشقۇرۇش
سىزگىمۇ قىيىن . بۇ جەھەتتە شاھرۇھ مىرزا بىلەن ئۇلۇغبەگنىڭ تەج-
رىبىلىرى بىزگە ماس كېلىشى مۇمكىن . دادىسى ھىراتتا ، ئوغلى سەمەر-
قەندتە تۇرغىنىغا ئوخشاش ، سىز ئەگرەدە باش بولۇپ تۇرسىڭىز ، پەقىر
ئوغلىڭىز ئاللاھئابادنىڭ شەرقىدىكى ۋىلايەتلەرنى ئىدارە قىلسام .
— دېمەك ، سىز مىرزا ئۇلۇغبەگدەك مۇستەقىل پادىشاھ بولماق-
چىمۇسىز ؟ يېشىڭىز شۇنچىگە كىرىپ ، نەۋرىلىك بولۇپ ، ئۇلۇغبەگ
قىلغان ئىشلارنىڭ قايسى بىرىنى قىلالىدىڭىز ؟ رەسەتخانا ، مەدرىسلەرنى
قۇردىڭىزمۇ ؟ « زىچى كۆرەگانى » دەك كەشپىياتلارنى ئىجاد قىلدى-
ڭىزمۇ ؟ بىلىپ قويۇڭ ، ئاللاھئابادتا سىز ئۆزىڭىزگە ساراي قىلغان قە-
رىق ئايۋانلىق ئۇلۇغۋار قەسرىنىمۇ بىز قۇرغان ! سىز بولسىڭىز تەييارغا
ئىگە بولۇپ كەيپ ـ ساپا قىلىپ يۈرۈپسىز !
ئەكبەر ئۆز دىلىدا ئۇزۇن يىللار داۋامىدا ئوغلىغا قارشى توپلاپ
يۈرگەن دەرد ـ ئەلەملىرىنى بىراقلا تۆكۈپ تاشلىدى .
— ئەگەر سىز توسقۇنلۇق قىلمىغان بولسىڭىز . مەن پەرەڭلەرنى
جەنۇبتىكى گوئا ۋە دەمەندىن قوغلاپ چىقىراتتىم ! ئۇلار بىزنىڭ ئىچكى
نىزالىرىمىزدىن پايدىلىنىپ ، ئەمدى بېنگالنىڭ جەنۇبىدا پەيدا بولدى .
خۇگلا دېگەن جاينى ئىگىلىۋېلىشتى . ئەگەر سىز ماڭا ياردەم بەرگەن
بولسىڭىز ، تۇراندىكى خەيرخاھلىرىمىزنىڭ ئىستىقبالى باشقىچە بولغان
بولاتتى ! بىز بۇ يەردە ئۆزىمىز بىلەن ئۆزىمىز ئاۋارە بولۇپ يۈرگەنلىكى-
مىز ئۈچۈن ، نەدىكى بىر ئاستىراخانلار بۇخارا ۋە سەمەرقەند تەختىنى
ئىگىلىۋالدى . شۇنچە يامانلىق قىلغىنىڭىز ئازدەك ، مانا ئەمدى بۇ تەڭگە-
لەردىن مېنىڭ نامىمنى ئېلىپ تاشلاپسىز !
ئەكبەر زەرباپ كۆرپىنىڭ تېگىدىن بىر سىقىم ئالتۇن تەڭگىنى
ئېلىپ ئوغلىنىڭ بېشىغا چېچىپ سۆزىنى داۋام قىلدى :
— مەن ئەللىك يىل جان تىكىپ ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىشلارنى
مېنىڭ ئاللاھتىن تىلەپ ئالغان ئوغلۇم شۇنچە ئىنساپسىزلىق بىلەن بەر-

بات قىلدى ! بۇنىڭ ئۈستىگە ئەبۇلفازلدەك ئەڭ سۆيۈملۈك دوستۇمنىڭ كاللىسىنى ئالدى !

سەلىم كېيىنكى گەپتىن دىر - دىر تىترەشكە باشلىدى . ئەكبەر ئۇنىڭ گۇناھكار ئىكەنلىكىنى شۇنىڭدىن سەزدى - دە ، قاتتىق چاۋاك چالدى . ئىشىك ئالدىدا تۇرغان ئىككى قامەتلىك يىگىت تېزدىن كىرىپ كەلدى .

— يوقىتىڭ بۇنى ! — ئەكبەر يىگىتلىرىگە بۇيرۇدى ، — غۇسۇلخانىغا ئاپىرىپ سولاپ قويۇڭ ، جازاسىنى تارتسۇن !

لاتىدەك بوشىشىپ كەتكەن سەلىمنى خىزمەتكارلار ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەپ ، قەسىرنىڭ جەنۇبىدىكى غۇسۇلخانىغا ئاپىرىپ قويدى .

پادىشاھ ئائىلىسىنىڭ يۇيۇنىدىغان ئورنى بولغان غۇسۇلخانىنىڭ ئىچى نەم ، دېرىزىسى يوق ، تاملىرى مەرمەردىن ، تېگى رەڭلىك تاشلارنى چىرايلىق تىزىش ئارقىلىق تەكشى قىلىنغان . دەم ئالىدىغان خانىسىگە خۇشبۇي ئەتىرلەر سېپىلگەن ، گۈللۈك گىلەم ۋە كىمخاب كۆرپىلەر سېلىنغانىدى . لېكىن ، ھازىر يامغۇر پەسلى بولغاچقا ، غۇسۇلخانا ئىچىدىكى ھەممە نەرسە نەم تارتىپ ، يۇندا يوللىرى زەيلىشىپ كەتكەنىدى . بەدبۇي مۇنچىدا كېچە - كۈندۈز قاملىپ ئولتۇرۇش تەبىئىتى نازۇك شاھزادە ئۈچۈن چىدىغۇسىز ئازاب ئىدى .

ئەكبەر ئىچكىرىگە ھېچكىمنى ، ھەتتا ئائىلىرىنىمۇ كىرگۈزمەسلىكنى ، سەلىمگە سۇ ۋە ناندىن باشقا ھېچنېمە بەرمەسلىكنى بۇيرۇدى . نۆكەرلەر بۇ بۇيرۇقنى قاتتىق ئىجرا قىلدى .

ھەر كۈنى ئىپسىل تاماقلارنى يەيدىغان ، ھەر ئاخشىمى خۇشبۇي ئىچىملىك ئىچىپ تۇرىدىغان ، ئىككى - ئۈچ كۈندە بىر ئەيپۇن قوشۇلغان مەجۇن يەپ كەيپ قىلىشقا ئۆگەنگەن سەلىم توققۇز كۈن نان - سۇ بىلەن زەي غۇسۇلخانىدا ئولتۇرغاچقا ، ئاجىزلىشىپ ئۆلەر ھالغا چۈشۈپ قالدى . ئۇ ئىشىكلەرنى تاراقشىتىپ داد سالدى :

— مەن ئاغرىپ قالدىم ، ئىشىكنى ئېچىڭ ، ماڭا ئىچىملىك بېرىڭ ! بولدى قىلىڭ ، مېنى بوشىتىڭ ! قويۇۋېتىڭ !

ئوغلىنى كۆرۈشكە كەلگەن، لېكىن ئىچكىرىگە كىرەلمەيۋاتقان رەنى جادەبەي يىغلاپ تۇرۇپ:

— مەن قانداق قىلاي، بالام؟ دادىڭىز غەزەپتىن يانمايۋاتىدۇ.

— مېنى مۇرادقا ئوخشاش ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟ بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى، ماڭا ئىچىملىك بېرىڭلار، بىر خۇماردىن چىقىۋالاي! بولمىسا ئۆلىمەن!

مەريەمى زامان ئەكبەرنىڭ ئالدىغا باردى:

— شەپقەت قىلىڭ! مېنى بالا دەردىگە گىرىپتار قىلماڭ!

— قورقماڭ! مەريەمى زامان، ئىچىملىك سورىغان بولسا ھېلىلا ئوبدان بولۇپ قالىدۇ، شۇ جايدا يېتىپ تۇرسۇن! توۋا قىلسۇن!

ئون ئۇچىنچى كۈنى سەلىم يەنە ئىشىك تاراقشىتىپ دادلاشقا باشلىدى. گاھ ئەپيۇننى كۆپ يەۋېلىپ ئەبەدىي ئۇيقۇغا كەتكەن بىرىنچى خوتۇنى مەن بەي، گاھ ئەبۇلفازلنىڭ كېسىلگەن بېشى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. ئۇ غۇسۇلخانىدىكى دەھشەتلىك شەپىلەردىن قورقۇپ يۈرەتتى. ئۇ سەت ۋارقىرىدى، ھۆكرەپ يىغلىدى:

— مېنى قويۇۋېتىڭلار! كۆزۈمگە ئەرۋاھلار كۆرۈنۈۋاتىدۇ! مېنىڭ جىن بولۇپ كېتىشىمنى ئۈمىد قىلامسىلەر! ئىشىكنى ئېچىڭلار!

ھىم يېپىلغان ئىشىكنىڭ ئالدىغا جادەبەي بىلەن سەلىمە بېگىم كەلدى.

— مەن ئەلچى بولۇپ ئارىغا چۈشتۈم، بالام! — دېدى سەلىمە بېگىم، — سىز باشباشتاقلىق قىلدىڭىز! نېمىشقا ئىچىملىك سورايسىز؟ شاپائەت سوراڭ! بىر ئېغىز «توۋا قىلدىم» دەڭ!

ھالىدىن كەتكەن سەلىم زەئىپ ئاۋاز بىلەن:

— خوپ ئانىلىرىم، ماڭا شاپائەت قىلىڭلار!...دېدى، — مېنى دادامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭلار!... ئەپۇ سوراي.

ئون نەچچە كۈنلۈك سولاق داۋامىدا سەلىم ئۈچ - تۆت ئاي كېسەل ياتقان ئادەمدەك رەڭگىنى يوقاتقان، كۆزلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشقان، پۇتىدا ماغدۇر يوق ئىدى. زورىغا قەدەم بېسىپ ماڭاتتى. ئىككى

ئانا ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ دادىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى .

— توۋا قىلدىم ! — دېدى سەلىم تىزلىنىپ .

ئەكبەر دەرمانىدىن كېتىپ قالغان ئوغلىنى ئالدىغا ، ئانىلارنى ئىككى يېنىغا ئولتۇرغۇزدى .

— ئۇن نەچچە كۈن غۇسۇلخانىدا تۇرۇش سىزنىڭ تاغدەك گۇناھىڭىز ئالدىدا زىغىردەك جازا ، خالاس ، — دېدى سەلىمگە ، — ئۆزىڭىز كەلگىنىڭىز ئۈچۈن سىزنى ئايىدىم ، ئانىڭىزنىڭ يۈزىنى قىلدىم . . . يامانلىقنىڭ جازاسىغا هاياتلىقىدا دۇچار بولۇش ئەڭ ئېغىردۇر ! زەھهاكى ماران دېگەن ئەپسانە ئېسىڭىزدىمۇ ؟ يامانلىقنى كۆپ قىلغانلىقى ئۈچۈن زەھهاكىنىڭ ئىككى مۈرىسىدىن ئىككى يىلان ئۆسۈپ چىقىپتۇ . ئەنە شۇنداق يىلانلار ھەر قانداق پادىشاھنىڭ يەلكىسىدىن ئۆسۈپ چىقىشقا ئىنتىزاردۇر . بۇ يىلانلارنىڭ بىرى زالىملىق ، بىرى بىدئەت ۋە خۇراپات . بىرى تەختپەرەسلىك ، بىرى روھپەرەسلىك ! مەن ئۆز يەلكەمدىن ئۆسۈپ چىقماقچى بولغان بۇ يىلانلارنى يوق قىلدىم دەپ ئويلىغانىدىم . كېيىن قارىسام ، بۇ يىلانلار سىزنىڭ يەلكىڭىزدىن ئۆملەپ چىقىۋېتىپتۇ . ئەمدى بۇ يىلانلار مەندىن قۇربانلىق تەلەپ قىلىدۇ ! سۆيۈملۈك يارىڭىز شاھ بېگىم ، مېنىڭ دوستۇم ئەبۇلفازل ئەنە شۇ يىلاننىڭ قۇربانى بولمىدىمۇ ؟ بۇ يىلانلار شۇ ئۆملىشىدە سىزنىڭ بېشىڭىزغا چىقماسمۇ ؟

كېيىنكى گەپلەر بىلەن غۇسۇلخانىدا سەلىمنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەن دەھشەتلىك يىلانلار ئېسىگە چۈشتى . ئۇ سەسكىنىپ كەتتى :

— ئىشىنىڭ ، ھەزرىتىم ، مەن ئەمدى ئۆز نامىمغا خۇتبە ئوقۇتمايمەن ، پۇل قۇيدۇرمايمەن . يەلكەمدىن ئۆسۈپ چىقماقچى بولغان يىلانلارنىڭ بېشىنى كېسىمەن !

— ئىلاھىم ، شۇ نىيىتىڭىزگە يېتىڭ ، ئوغلۇم ! بۇ يىلانلاردىن مەن ھازىرغىچە قۇتۇلغىنىم يوق . تاجۇتەخت ، مۇتلەق ھاكىمىيەت بار جايدا ئۇلار ھامان بار . ياخشىلىق ئىزدىسەڭ ، ئۆمۈر بويى بۇ يىلانلار بىلەن ئېلىشىپ ياشاشقا مەجبۇر بولىسەن . لېكىن ، دۇنيادا ياخشى نام

قالدۇرالمساڭ ، ياشاشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار ؟ بابۇر بوۋىڭىزنىڭ تۆركىي مىسرالىرى يادىڭىزدىمۇ ؟

باری ئەلگە ياخشىلىق قىلغۇلۇقكى ، بۇندىن ياخشى يوق ،
تا دىگەيلەر دەھرىيلەرمۇ قالدى پالاندىن ياخشىلىق .

— مەن بۇ غەزەلنى باشتىن - ئاخىر ياد بىلىمەن ! — دېدى سەلىم .

— ئەگەر ياد بىلسىڭىز ، ئەمدى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىڭ ! ئەۋلادلار ئالماشقاندا ، ئېگىز - پەسلىك يۈز بېرىشى ، ئاتىلار بىلەن بالىلار ئارىسىدا نىزا چىقىشى تارىختا كۆپ ئۇچرايدىغان ھادىسە . ئەمما ، بىزنىڭ بابۇر بوۋىمىز بىلەن دادىمىز بۇ پالاكەتتىن يىراق تۇرغان ئوغۇللار ئىدى . ئۇلاردىن قالغان مېھىر ، ئەۋلادلارنىڭ بىر - بىرىگە پىدائىيلىقى — بىباھا قىممەت بىر گۆھەر ئىكەن . ئەمدى سىز بىلەن مەن شۇ گۆھەرنى يوقىتىپ قويمايلى ، ئوغلۇم ! گۆھەر ھايات دېگىزنىڭ ئاستىغا قايتىدىن چۆشۈپ كەتسە ، كېيىن ئۇنى تاپقىلى بولماي قالمىسۇن . بولمىسا كېيىن ماڭا قىلغانلىرىڭىز سىزنىڭ ئوغلىڭىزدىن ئون ھەسسە كۆپىيىپ قايتىدۇ . ئاخىر بۇ ئىللەت ئۇلارنى گۇمراھلىققا ئېلىپ بارىدۇ ! بۇنى زىنھار ئۇنتۇ-ماڭ !

ئەكبەرنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى سەلىمگە ۋەسىيەتتەك ئاڭلىنىپ ، كۆزلىرىگە لىققىدە ياش كەلدى . ئوغلىنىڭ دىلى يۇمشاپ ئىنساپقا كەل-گەن شۇ سائەتتە رەنى جادەھبەيي ئۇنىڭ دادىسىغا چىن ئىخلاسمەن ھەمدە مەنىۋى ۋارىس بولۇشنى ئۈمىد قىلدى . ئەكبەردىن سۆزلەشكە رۇخسەت ئالدى - دە ، سەلىمگە يۈزلەندى :

— شەيخ بابا ، گۆھەر يوقالمىسۇن دېسەڭ ئۇنى ئالتۇن ئۈزۈك-نىڭ كۆزىدە ئاسراش كېرەك . پەرزەنتلىك بۇرچى گۆھەر بولسا ئۇنى ئۆز باغرىدا ئاسرايدىغان ئالتۇن ئىمان - ئېتىقادتۇر . جەننەتماكان بوۋ-ىڭىز ھۇمايۇن ھەزرەتلىرى ئۆز دادىلىرىغا كۆڭلىدە مەسلەكداش بول-غىنى ئۈچۈن شۇ قەدەر ياخشى كۈن كۆرگەنىدى . سىزمۇ ئىمان - ئې-

تىقادىدا ھەزرەت دادىڭىزنىڭ سادىق مەسلەكدىشى بولۇشىڭىز لازىم.

بۇ سۆزلەر سەلىمگە دادىسى كەشىپ قىلغان دىنىي ئىلاھىينى ئەسلىتىپ بىردىن ۋۇجۇدىنى سەگەكلەشتۈردى:

ــ ھەزرەت دادا، ئۈستىمىزدە خۇدا تۇرۇپتۇ. راستىنى ئېيتاي، ئالتۇن تەڭگىلەرگە كەلىمە شاھادەتنى قايتا ئويدۇرغىنىمدىن رەنجىمەڭ. بىراق مەن سىزنىڭ ئاللاتائالانىڭ قەھرىدىن ساقلاش نىيىتىدە شۇنداق قىلدىم. كەلىمە شاھادەت «خۇدا بىردۇر، ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغۇ، بىز باشقا دىنلار، باشقا خۇدالارنى ئېتىراپ قىلساق، ئاللانىڭ ئىرادىسىگە قارشى تۇرغان بولمايمىزمۇ؟

ــ ئۇنداق بولمايدۇ. چۈنكى مەن ئالتۇن تەڭگىلەرگە «ئاللاھۇ ئەكبەر» ئىبارىسىنى ئويدۇرغانىدىم. دىنىي ئىلاھ «ئاللا ئۇلۇغدۇر» دېگەن شۇ ئېتىقادقا ئاساسلانغانىدىم. مەنپەئەتپەرەس ئۆلىمالار، زالىم ھۆكۈمرانلار كەلىمە شاھادەتنى تار مەھەللىۋىي مەنىدە تەلقىن قىلىپ، دىنىي باسقۇنچىلارغا يول ئېچىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلار «ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوق» دېگەن ئىبارىنى «باشقا خەلقلەرنىڭ ئىلاھلىرى يوق، دىنلىرى يالغان، شۇڭا بىز غەيرىي دىنلارنى قۇل قىلىشقا ھەقلىقمىز، ئۇلاردىن ئالۋان ــ سېلىق ئېلىپ بېيىشىمىز كېرەك» دېگەن مەنىدە چۈشەندۈرۈپ، بەندىنى ئەمەس، تەمەگەرلەرنى رىغبەتلەندۈردى. بۇنداق زوراۋانلىقلار ئىسلام ئالىمىنى باشقا خەلقلەرگە يامان كۆرسەتتى. ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى.

ــ لېكىن، باشقا دىنلار ئىسلامنى ئېتىراپ قىلمىسا، بىز ئۇلار بىلەن نېمىشقا ئىناق بولىمىز، ھەزرەت دادا؟

ــ ئۇلار ئىسلامنى ئېتىراپ قىلمىغان بىلەن خۇدانى ئېتىراپ قىلىدۇ. دۇنيادا خۇدا دېمەيدىغان بىرەر دىن بارمۇ؟ قاچقانمۇ خۇدا دەيدۇ، قوغلىغانمۇ ھەم! خۇدا بىردۇر. پەقەت تۈرلۈك قەبىلىلەر ئۇنى تۈرلۈك ناملار بىلەن ئاتىشىدۇ. ئۇنىڭغا تۈرلۈك سۈپەتلەرنى بېرىشىدۇ. بۇ خىلمۇ خىللىق مۇقەددەس يۈكسەكلىككە ئېلىپ بارغۇچى يوللارنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما، ئىنسان زاتىنىڭ ئەڭ

مۇقەددەس تۇيغۇلىرى ئاخىرىدا يۈكسەك بىر ھەقىقەت ئەتراپىغا مەركەزلىشىدۇ. مەن بۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىمەن. چۈنكى، بارلىق ئەللەر بىر قۇياشتىن بەھىر ئالىدۇ، ئاسمىنىمىز بىر، تەبىئىتىمىز بىر، ئىستىقبالىمىز بىر، كائىناتتا بىزدىن باشقا بەشەرىيەت يوق. دېمەك، ئادەمزاتمۇ يېگانە. ئىنسانىيەت ئۇلغايماقتا، ئىمان - ئېتىقاد يوللىرى بارا - بارا يۈكسەك داۋانلاردىن ئېشىپ ئۆتۈۋاتىدۇ. مۇقەددەس تۇيغۇلىرىمىز ئالىي يۈكسەكلىكتە بىر - بىرىگە تۇتاشقاندا، بىز ھەممىمىز ئادەمزاتنىڭ تەقدىرىمۇ، پەرۋەردىگارىمۇ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمىز. شۇ چاغدا: «دۇنيادا بىزدىن باشقا ئىنسانىيەت يوقتۇر. يېگانە پەرۋەردىگاردىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر» دەپ ئېيتالايمىز. كەلىمەئى شاھادەتنى مانا مۇشۇنداق ئومۇمىي ئىنسانىي مەۋقە دەپ چۈشىنىشىلىك، دىن ئىلاھى دىلىڭىزغا يول تاپقاي، ئوغلۇم!

سەلىم بىر ھازاغىچە دادىسىنىڭ مەنتىق كۈچىگە تەن بېرىپ، ئۇنىڭ ھەقلىقىگە ئىمان كەلتۈرگۈسى كەلدى. ئەمما، بىردىن پەرىد بۇخارىيغا ئوخشاش كونا مۇسۇلمان تەرەپدارلىرى بارلىقى ئېسىگە چۈشتى. ئۇلار مىڭ - مىڭلاپ ئادەم بولۇپ، ھەممىسى سەلىمدىن نىجاتلىق تىلەيدۇ. ئۈمىد كۆزى بىلەن قارايدۇ. ھالبۇكى، سەلىم بىردىنلا شۇنچە ئادەملەرنى نائۈمىد قىلىپ ئىمان - ئېتىقادىنى ئۆزگەرتسە بولارمۇ! «بۇنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولغاي» دېدى ئۇنىڭغا ئىچكى بىر ئاۋاز.

— سۇلھى قىلىش مېنىڭمۇ ئارزۇيۇم، ئەمما بۇ يۈكسەكلىككە ھەركىم ئۆز ئەقلى، قەلب كۈچى، ئۆز ئىمان - ئېتىقادى بىلەن كۆتۈرۈلۈشى كېرەك. دۇئا قىلىڭ، شۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈش ماڭىمۇ نېسىپ بولسۇن.

سەلىم ھامان ئۆز بىلگىنىدىن قالمايۋاتقان بولسىمۇ، دادىسى ئالدىدا خۇشامەت قىلماي، سەممىي سۆزلەشنى ئەۋزەل كۆردى. ئەكبەر:

— ئامىن، شۇ مەقسەتكە يېتىڭ، — دەپ يۈزىگە قولىنى سۈردى. شۇنىڭ بىلەن، ئاتا - ئوغۇل ئۇرۇش - يۇرۇشسىز تىنىچ ياشاشقا باشلىدى.

سەلىم دادىسىنىڭ ھۆرمىتىنى جايىدا قىلىپ، ياخشى مۇئامىلىدە

بولاتتى . ئەمما ، ئىمان ـ ئېتىقاد توغرىسىدا باشقا سۆز قىلمايتتى . ئەكبەر ئۇنىڭ ئۆزى ياقتۇرىدىغان مۇھىتى ۋە ئىخلاسمەنلىرى تەسىرىدىن چىقىپ كېتەلمەسلىكىگە ئىشەنگەچكە :« ئاقىۋىتى نېمە بولاركىن ؟ » دېگەن ئويغا كېلىپ قالدى . ئۈچ ئوغۇل چوڭ قىلىپ بىرەرىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمە-سە . . . ياكى داكاندىكى كىچىك ئوغلى دانىيال ئېچىشنى تاشلاپ ئەقلىنى يىغىۋالارمىكىن ؟ شۇنداق بولسا ئەكبەر دانىيالنى تەخت ۋارىسى قىلىشى مۇمكىن . سەلىم نارازى بولسا ، دانىيالنىڭ يېنىدا تەدبىرلىك ئابدۇرەھىم خانى خانان بار . مەن سىنخىنىڭ ئۇلارغا ياردەم بېرىشى ئېنىق . ئۇلار بىرلىشىپ سەلىمنى تىنجىتار ، « ئەجەب بىر دۇنيا ! — كېيىنكى خىيال-لىرى ئۇنى ھەيران قىلدى ، — شۇنداق چوڭ دۆلەتنى باشقۇرغان ئادەم ، تىلەپ ئالغان ئوغۇللىرىمنى يولغا سالالمىسام ـ ھە ! . . . بۇ نېمىدېگەن ئاچچىق نېسىۋە ؟ »

## خاتىمە

ئەكبەرگە بېرىلگەن ھايات جامىنىڭ ئىچىدىن يەنە بىر ئوغا چىقتى. ئوتتۇز ئۈچ ياشلىق دانىيال داكاندا خۇددى مۇرادقا ئوخشاش توختىماي ئىچىپ، مەيخورلۇق نەتىجىسىدە ئاق تۇتقاقلىق كېسىلىگە گەرىپتار بولۇپ ۋاپات بولدى. ئاۋۋالقى جۇدالىقلار ئۈستىگە قوشۇلغان مالامەتلىك ئۆلۈم ئەكبەرگە نۆۋەتتىكى قاقشاتقۇچ روھىي زەربە بولۇپ تەگدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆمرىنىڭمۇ ئاخىرلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاخىرقى قېتىم دېھلىگە باردى. دادىسى قويۇلغان مەقبەرىدە بىر نەچچە سائەت ئولتۇرۇپ، مەرھۇملارنىڭ روھى بىلەن ۋىدالاشتى. دېھلىدىن پەتھپۇر، سىكرىگە ئۆتۈپ ئۆزى سالدۇرغان سارايلار، ئىبادەتخانا ۋە تەسۋىرخانا، بىنالارنى بىرمۇ بىر ئايلىنىپ چىقتى.

ئەزىز كۆكە، مەن سىنىخ ۋە ئابدۇرەھىم ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا كېتىپ باراتتى. تۆتەيلەن سەلىم ئاتا مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلدى. راجە بىربال ۋە ئەبۇلفازىل تۇرغان ئۆيلەرگە كىرىپ كۆردى. پايتەخت كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن بوش قېلىپ بوران ھۇۋلاپ قالغان پەنج مەھەل قەسىرى، دىۋانىئام، دىۋانىخاس ئەكبەردە مەيۈس خاتىرىلەرنى ئويغاتتى. ئۇ ھاياتىنىڭ ئەڭ جۇشقۇن يىللىرى ئۆتكەن بىنالارغا قاراپ:

— ئەلۋىدا! — دېگەندە، تاش تاملاردىن بوغۇق ئەكس سادا قايتتى، — ھەيھات، مەن ئىشەنگەن كۆپ نەرسىلەر يالغان بولۇپ چىقتى. دىنىي ئاداۋەت تېخى تۈگىگىنى يوق! سۇلھ قىلىشنى ئېلان قىلغان بولساقمۇ، ئەمما ئۇرۇشتىن بېشىمىز تىنجىمىدى! دادام رەھمەتلىك تەبىئەتتىكى ئويغۇنلۇق، مۇۋازىنەتنى دۆلەت تەرتىپىگە تەدبىق قىلماقچى بولغانىدى. لېكىن، بۇنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغان خىيال ئىكەنلىكىنى

ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ھېس قىلدى . مەن پۈتۈن ئادەمزاتنى روھىي جە-
ھەتتە بىرلەشتۈرمەكچى بولغانلىقىمنىڭمۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان خىيال ئە-
كەنلىكىنى ئەمدى چۈشىنىپ ئۇلتۇرۇپتىمەن . بەلكى بۇنىڭ ئۈچۈن ئە-
سىرلەر كېرەكتۇر . ئەپسۇسكى ، ئىنساننىڭ ئۆمرى شۇنچىلىك قىسقا !

ئەكبەر سېكرى تۆپىلىكى ئۈستىدىن شىمال تەرەپكە تىكىلىپ
يىراقلاردىكى كەشمىر كۆللىرى ئىچىدە ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەرنى ، كا-
بۇل دەرياسى بويىدىكى باغلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى .

— بىر ئارمىنىم — ماڭا سەمەرقەند ، پەرغانىلارنى كۆرۈش نې-
سىپ بولمىدى ، — دەپ قويدى ئۇ ، — لېكىن شۈكۈر قىلىشىم كېرەك .
مانا شۇ بىنالارنى قۇردۇق . يېنىمدا ئاتمىش تۆت يىلدىن بېرى سادا-
قەتنى بۇزماي كېلىۋاتقان ئەزىزدەك كۆكەلدىشىم بار . راجە مەن سىنىخ
بىلەن قىرىق يىلدىن بېرى ئىناقمىز . پەرزەنتلىرىمىزدىن كۆرمە-
گەن مېھىر- ۋاپانى ئابدۇرەھىمدىن كۆرمەكتىمەن . ئۈچىڭلاردىن مىڭ
مەرتە رازىمەن .

ئەكبەر ئەگرە قەلئەسىگە قايتقاندا ، نەۋرىلىرى خىسراۋ بىلەن
خۇررام ئۇنى قارشى ئالدى . ئەكبەر ئىككىيلەننى پىلخانىغا باشلاپ
كىردى . ئۇ بۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئەڭ ياقتۇرىدىغان پىللارنى تەقدىم
قىلماقچى ئىدى .

پىلخانىدا ئەكبەرنىڭ كونا قەدىردانى بىھشان چاند باشلىق ئە-
دى . ئون سەككىز ياشلىق خىسراۋ نامۇدار دېگەن يوغان بىر پىلنى ياق-
تۇرۇپ قالدى . ئۇ ئانىسى شاھ بېگىمنىڭ ئۆلۈمىگە دادىسى سەۋەب بول-
غانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ، سەلىمنى ياخشى كۆرمەيتتى . شۇڭا ،
ئەكبەر ئاللاھئابادقا قوشۇن تارتقاندا ، خىسراۋمۇ دادىسىغا قارشى ئۇرۇشقا
قاتناشماقچى بولۇپ بىرگە ئاتلانغانىدى .

مەن سىنىخ بىلەن ئەزىزكۆكە خىسراۋنى سەلىمنىڭ ئورنىغا تەخت
ۋارىسى دەپ ئېلان قىلىش تەرەپدارى ئىدى . لېكىن ، ئەكبەر ئاتا - بالا
ئوتتۇرىسىدىكى دۈشمەنلىكنى ئۇلغايتىپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇ پىكىردىن
قايتتى . ھازىر ئۇ خىسراۋغا نامۇدارنى تەقدىم قىلىپ :

— نەۋرىلىرىم ، سىلەرمۇ شۇ پىلدەك قۇدرەتلىك ، بەرداشلىق بولۇڭلار ! — دېدى ، — بەھشان چاند مېنىڭ قىرىق بەش يىللىق قەدىردانىم . باغرى كەڭ ھىندى خەلقىنىڭ جاپاكەش پەرزەنتى . بابۇر بوۋىمىزنىڭ تاھىر دېگەن جاپاكەش قەدىردانى بار ئىكەن . سىلەرمۇ ھالال مېھنەتكەشلەر ئارىسىدىن تاھىردەك ، سەلىم ئاتىدەك ، بەھشان چاندتەك قەدىردانلارنى تېپىڭلار . بېشىڭلارغا ئەگ ئېغىر كۈنلەر چۈشكەن چاغلاردا ، شۇلاردەك غەرەزسىز ، ھالال ئادەملەرگە تايىنىڭلار .

بۇ يىل ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن ۋە دادىسىدىنمۇ كۈچلۈك يىگىت بولۇپ ئۆسۈۋاتقان خۇررام ئەڭ بۇرۇن قارا پىلنى ياقتۇرۇپ قالدى . ئەكبەر بۇ پىلنى نەۋرىسىگە تەقدىم قىلغاندىن كېيىن :

— بۇنىڭ ئىسمى — زىنھار ! — دەپ چۈشەندۈردى ، — پىل ناھايىتى زېرەك جانىۋار ، ياخشىلىقنىمۇ ، يامانلىقنىمۇ ئۇنتۇمايدۇ . پىلغا زىنھار يامانلىق قىلماڭلار ، ئاتا - بوۋىلاردىن پەقەت ياخشى پەزىلەتلەرنى ئۆگىنىڭلاركى ، نۇقسانلارغا زىنھار ئەگەشمەڭلار ! . . .

ئەكبەر مىلادى 1605 - يىلىنىڭ كۈز كۈنلىرىدە ، بىر ئايچە كېسەل بولۇپ يېتىپ قالدى . ۋاپاتىدىن سەل ئاۋۋال سەلىمنى ھوزۇرىغا چاقىرىپ ، بېشىغا ئۆزىنىڭ نۇرلۇق ئالماس قادالغان سەللىسىنى ، ئۇستىگە تونىنى كىيدۈردى . ئۆزى ئەللىك يىل تاقاپ يۈرگەن خەنجەرنىمۇ ئەمدى يالغۇز ئوغلى بولۇپ قالغان سەلىمنىڭ بېلىگە تاقاپ قويدى .

سەلىم بولسا پەرىند بۇخارىيغا ياشلىقىدا بەرگەن سۆزىنىڭ ئۈستىدىن چىقتى . ئەكبەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، بەگ - ئايىملار يېڭى ھۆكۈمرانغا ساداقەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن دىۋانئامغا يىغىلدى . شۇ چاغدا سەلىمنىڭ نۇرىددىن مۇھەممەد جاھانگىر دېگەن نام بىلەن تەختكە چىققانلىقىنى بىرىنچى بولۇپ ئېلان قىلىشنى پەرىند بۇخارىيغا تاپشۇرۇشتى . مەۋلانە پەرىند ئەڭ چوڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقانلىقتىن ، ئاۋازى سۈرلۈك ھالدا جاراڭلاپ ، بەختىيارلىق تۇيغۇسىنى يوشۇرالماي قالدى ۋە بۇ تاپشۇرۇقنى بەجانىدىل ئادا قىلدى . . . ئالبېرت پېرېيرا بولسا ، قېرىپ ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەتتى . ئۇ ئەكبەرگە قارشى ئېلىپ بارغان ئىشلىرى

ئۇچۇن كاتتا مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتى.

ئەكبەرنى ئەگرەدىن بەش مىل بېرىدىكى ئىسكەندەر دېگەن جايغا — ئۆزى خەرىتىسىنى سىزغان مەقبەرىگە دەپنە قىلدى. مەقبەرىنى ئۇلۇغۋار بىر ئابىدە شەكلىدە قۇرۇپ پۈتتۈرۈشكە مەريەمى زامان جاد ھەبەي بىلەن سەلىمە بېگىمنىڭ كۆپ مېھنەتلىرى سىڭدى. ھەر ئىككىلىسى سەكسەن ياشتىن ئېشىپ، ئاچا - سىڭىللاردەك ئىناق ياشىدى. ۋاپات بولغاندىن كېيىن بولسا، ئەكبەر مەقبەرىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئەبەدىي ئورۇن ئالدى.

بۇ ئارىدا خىسراۋ دادىسىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ يېڭىلدى - دە، كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى. بوۋىسىغا بەكرەك تارتقان خۇررام بابۇرىيلار خانىدانلىقىنىڭ ئەڭ ئىستىبداتلىق ۋەكىلى بولۇپ يېتىلدى. كېيىنچە شاھجاھان نامى بىلەن تونۇلۇپ، مەشھۇر تاجمەھەلنى قۇردى. ئەمما ئۇ چاغقىچە ئەكبەر فەتھپۇر، سىكرىدە قۇردۇرغان مۇستەھكەم ئېتىقاد ئۆيىنى جاھىل خوراپاتچىلار تېگىگىچە بۇزۇپ ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەكبەرنىڭ تۈرلۈك ئەللەر ۋە ئېتىقادلارنى بىرلەشتۈرۈشكە قاراتقان غايىلىرىنى تارىخ سەھىپىسىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىماقچى بولۇشتى.

لېكىن، ئارىدىن ئۆتكەن 400 يىل داۋامىدا ئەكبەرنىڭ مەنىۋى ئىزدىنىشلىرى ۋە ئومۇمىي ئىنسانىي غايىلىرى ئۇنتۇلمىدى. ئۇنىڭ نامىنىڭ ھىندىچە، رۇسچە، ئىنگلىزچە، پارسچە، ئىسپانچە ۋە باشقا تىللاردا بېسىلغان كىتابلارنىڭ ماۋزۇلىرىدا ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقى بىكار ئەمەس.

فەتھپۇر - سىكرىنىڭ دۇنيا تونۇيدىغان مىمارلىق ئابىدىلىرى ئەكبەرنىڭ ئىجادكار روھىنىڭ ھامان تىرىك ئىكەنلىكىنى ۋە ھېلىمۇ ئادەملەرگە بەدىئىي زوق بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىسكەندەردىكى ئەكبەر مەقبەرىسىگە بولسا ھىندىستاننىڭ يىراق - يېقىن ئۆلكىلىرىدىن ۋە جاھاننىڭ ھەر قايسى ئەللىرىدىن ھەر خىل ئادەملەر كېلىپ تۇراتتى.

ئەكبەر مەقبەرىسىگە كېلىپ گۈل قويغانلار ئارىسىدا ھىندى خەلقىنىڭ ئۇلۇغ پەرزەنتى جەۋاھەرلال نېھرۇمۇ بار ئىدى. جەۋاھەرلال نېھرۇ

ئىنگلىز مۇستەملىكىچىلىرى قاماقخانىسىدىن ئۆز قىزى ئىندىرا گەندىگە يازغان خەتلىرىدە ئەكبەرنى ھىندىستاننى بىرلەشتۈرگەن ۋە ھىندى مىللىتىگە ئاتا بولغان ئۇلۇغ سىمالار قاتارىدا قەلىمىگە ئالغانىدى. «شاھلىق مەرتىۋىسىدىن باشقا ھېچقانداق پايدىسى بولمىغان بىھېساب كۆپ تاجدارلار ئارىسىدا پەقەت ئەكبەرنىڭ مەردانە قىياپىتىنىڭ يۈكسەكلىككە بوي سوزۇپ ھازىرغىچە بىزنى قايىل قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى ھەيران قالارلىق ھال ئەمەسمۇ!» دەپ يازغانىدى جەۋاھەرلال.

كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە بىر ھادىسە بابۇر ۋە ئەكبەر مەنسۇپ بولغان سۇلالىنىڭ ئەسىردىن - ئەسىرگە ۋە مەملىكەتتىن - مەملىكەتكە ئۆتۈپ بەش ئەسىردىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرەلىگەنلىكىدۇر. «ئىستېدات مىراس بولۇپ ئۆتمەيدۇ» دېگەن ئەقىدە بار. لېكىن، ئەمىر تىمۇرنىڭ ئۇلۇغ ئىستېداتى كىچىك ئوغلى شاھروھ ئارقىلىق ئۇلۇغبەگكە يەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ئەمىرانشاھنىڭ بولسا دادىسىنىڭ ئۆلمەس ئۇدۇمىنى چەۋرىسى مىرزا بابۇرغا يەتكۈزۈپ بەرگەنلىكى تارىخ تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ھادىسىلەردۇر. بولۇپمۇ، ئەمىر تىمۇرنىڭ ئۇلۇغ دۆلەت ئەربابى ۋە يېڭىلمەس سەركەردە سۈپىتىدىكى ئىستېداتى ئىككى ئەسىردىن كېيىن ئەكبەردە يېڭى بىر شەكىلدە قايتا تىرىلگەنلىكى شەرقنىڭ بارلىق مەشھۇر تارىخچىلىرى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان. ئەكبەرنىڭ مىمار سۈپىتىدىكى ئىستېداتى بولسا، ئۇنىڭ نەۋرىسى شاھجاھاندا يېڭى بىر يۈكسەك باسقۇچقا كۆتۈرۈلگەنلىكى بۇ سۇلالىگە خاس ئىرسىي ئۇدۇمنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان بىر قۇدرەت ۋە ئۆمۈر باقىيلىق بىلەن ھەيران قالارلىق مۆجىزىلەرنى ياراتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

بۇ ئۇلۇغ سۇلالىنىڭ ئانا زېمىنى بىزنىڭ قەدىمكى تۈركىستان ئىكەنلىكىنى كۆپ مەملىكەتلەر تېخى بىلمەيدۇ. چۈنكى، بابۇر ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنى «ئۇلۇغ موغۇللار» دەپ ئاتاش ئاجايىپ مەشھۇر بىر ئادەت سۈپىتىدە كۆپلىگەن مەملىكەتلەردە ساقلىنىپ كەلمەكتە. ھالبۇكى، بابۇرمۇ، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ تۈركىي قەبىلىسىدىن

ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ يازغان ۋە تىمۇرىيزادە بولغانلىقلىرى بىلەن ئىپتىخارلانغان.

يېقىن ۋاقىتلارغىچە ئۆزبېكىستاننى بىلمىگەن يۈزدىن ئارتۇق مەملىكەتلەر ھازىر بىزنى ئېتىراپ قىلىپ ئەلچىلەر ئەۋەتمەكتە. ئىشىنىمىزكى، ئۆزبېكىستان مۇستەقىللىقىغا خەيرخاھ مەملىكەتلەر ئۇنىڭدىن سۇنئىي ھالدا ئايرىۋېتىلگەن بۇ ئۇلۇغ تارىخىي سىمالارنىڭ ئانا يۇرتى بىزنىڭ بۇگۈنكى ۋەتىنىمىز ئىكەنلىكىنى جاھان مىقياسىدا ئېتىراپ قىلىدىغان كۈنلەر كېلىدۇ.

1983 ـ 1993 ـ يىللار

بۇ كىتاب تاشكەنت ئۆزبېكىستان نەشرىياتىنىڭ 1993-يىل 1-ئاي بىرىنچى نەشرى، 1993- يىل 7- ئاي 1- نەشرى 1- باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据塔什干乌孜别克斯坦出版社 1993 年 1 月第一版，1993 年 7 月第 1 次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەريەم مەمتىمىن

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: لىيۇ شىنخەي

ئەكبەر

(ھۇمايۇن ۋە ئەكبەر)

ئاپتورى: پىرىمقۇل قادىروف (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى)

تەرجىمە قىلغۇچى: تاھىر تالىپ

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى، شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

ئۈرۈمچى پاراۋانلىق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر 1/32

باسما تاۋىقى: 12.875 قىستۇرما ۋارىقى: 2

1999-يىل 1-ئاي 1- نەشرى

1999-يىل 1-ئاي 1- بېسىلىشى

تىراژى: 1 — 5000

ISBN7—228—04990—X/I·1867

باھاسى: 14.60 يۈەن

责任编辑：玛丽亚木·买买提明
封面设计：刘堪海

艾克拜(维吾尔文)
——霍马勇和艾克拜
(前苏)普里库勒·哈德尔　著
塔依尔·塔黎甫　译

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐福利印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本　12.875 印张　2 插页
1999 年 1 月第 1 版　1999 年 1 月第 1 次印刷
印数：1—5000

---

ISBN7—228—04990—X/I·1867　定价：14.60 元